# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

مۇئەللىپ

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

8 ـ جىلد (8312 ـ ھەدىستىن 9107 ـ ھەدىسقىچە)

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

تەشكىللىگۈچى: دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر)
مۆمىنجان سىدىق

مۇھەررىرى: سابىرجان

بەتچىك: ئا. روزى توختى

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

# بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە تۇتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** ـ بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر ـ بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاستە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** ـ سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان ”پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى“ بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** ـ ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ، يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر

تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسقىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** - ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ**- ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** - سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ. (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ”دېدى... ئېيتتى...“ دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ”دېيىلدى... ئېيتىلدى...“ دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاستە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** ـ سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** ـ سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** ـ سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبىنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** - بىر - بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** - ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** - پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** - بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** - بىرەر تابىئىنگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** - سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. الله تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2009 - يىل

# گۈزەل سۈپەتلەر ۋە پەزىلەتلەر بۆلۈمى

## بەزى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە بايانلار ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرى

8312 _ عَنْ أَبِي مُوسَى، رَفَعَهُ، قَالَ: لَما أُخْرِجَ آدَمُ مِنَ الْجَنةِ، زُودَ مِنْ ثِمَارِ الْجَنةِ، وَعَلَمَهُ صَنْعَةَ كُل شَيْءٍ، فَثِمَارُكُمْ هَذِهِ مِنْ ثِمَارِ الْجَنةِ، غَيْرَ أَن هَذِهِ تَغَيرُ وَتِلْكَ لاَ تَغَيرُ.

8312 ــ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(ئۆز ۋاقتىدا) الله تائالا ئادەمنى جەننەتتىن چىقارغاندا، ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ مېۋىلىرىنى ئوزۇق ـ تۈلۈك قىلىپ بەردى، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسىنى ياساشنى ئۆگەتتى. سىلەرنىڭ بۇ مېۋەڭلەر جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىندۇر، لېكىن، بۇ (يەنى دۇنيانىڭ مېۋىلىرى) ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ھالبۇكى، ئۇ (يەنى جەننەتنىڭ مېۋىلىرى) ئۆزگەرمەيدۇ»[1].

(بەززار: 2344)

8313 ـ عن بريدة يرفعه قال: لو كان بكاء داود وبكاء جميع أهل الأرض جميعا يعدل ببكاء آدم ما عدله. للأوسط:143.

8313 ــ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (13748): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

«ئەگەر داۋۇدنىڭ يىغىسى بىلەن پۈتۈن زېمىن ئەھلىنىڭ يىغىسى ئادەمنىڭ يىغىسىغا سېلىشتۇرۇلسا، (يەنىلا) ئۇنىڭ يىغىسىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 143)

8314 ـ عن أبي بن كعب قال قال رسول الله ﷺ إن آدم غسلته الملائكة ηـاء وسدر وكفنوه وألحدوا له ودفنوه وقالوا هذا سنتكم يا بـ‡ آدم في موتاكم. للأوسط.

8314 ــ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەتەن پەرىشتىلەر ئادەمنى چىلان دەرىخىنىڭ سۈيى بىلەن يۇدى ۋە كېپەنلىدى، ئاندىن ئۇنى لەھەتكە قويدى ۋە دەپنە قىلدى. ئۇلار: ”ئى ئادەم بالىلىرى! بۇ، سىلەرنىڭ (مېيىتلارنى تەييارلاشتىكى) قائىدەڭلەردۇر“ دېدى»[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 9259)

8315 ـ لو رحم الله من قوم نوح أحدا, لرحم أم الصبى، كان نوح مكـث فى قومه ألف سنة إلا Rسين عاما يدعوهم حتى كان آخر زمانه غرس شـجرة فعظمـت وذهبت كل مذهب ثم قطعها، وجعل يعملها سفينة، ويمرون عليه فيسألونه فيقول: أعملها سفينة، فيسخرون منه، ويقولون: تعمل سفينة فى الE، وكيف θرى فى البحـر؟ قـال: سوف تعلمون، فلما فرغ وفار التنور وكثر الماء فى السكك، خشيت أم الصـبى عليـه، وكانت Ôبه حبا شديدا، فخرجت إلى الجبل حتى بلغت ثلثه فلما بلغها الماء خرجت حتى بلغت ثلثى الجبل فلما بلغها الماء خرجت به حتى استوت به على الجبل، فلما بلـغ المـاء رقبتها رفعته بيديها حتى ذهب بما الماء، فلو رحم الله منهم أحدا، رحم أم الصبى.

① ھەيسەمى (13749): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (13754): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. تەبەرانى مۇشۇ مەزمۇندىكى يەنە بىر ھەدىسنى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى سەنەدىدە ھەرخىل باھا بېرىلگەن كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

8315 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر الله تائالا نۇھ قەۋمىنىڭ بىرەرسىگە رەھمەت قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بوۋاقنىڭ ئانىسىغا رەھمەت قىلغان بولار ئىدى. نۇھ (ئەلەيھىسسالام) ئۆز قەۋمى ئارىسىدا 50 يىل كەم مىڭ يىل دەۋەت قىلىپ تۇردى. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بىر دەرەخ تىكتى. ئۇ دەرەخ يوغىناپ ئۆسۈپ، تەرەپ ـ تەرەپكە شاخ چىقاردى. ئاندىن نۇھ ئۇنى كېسىپ، كېمە ياساشقا باشلىدى. قەۋمى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سورايتتى. ئۇ: كېمە ياساۋاتىمەن، ـ دېسە، ئۇلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: قۇرۇقلۇقتا كېمە ياسامسەن؟ ئۇ دېڭىزدا قانداق ماڭىدۇ؟ ـ دەيتتى. نۇھ: كېلەچەكتە بىلىپ قالىسىلەر، ـ دەيتتى. نۇھ كېمىنى ياساپ بولغاندا، يەر يۈزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ يوللارنى سۇ بېسىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن، بوۋاقنىڭ ئانىسى بوۋىقىدىن ئەنسىرىدى. چۈنكى، ئۇ بوۋىقىغا ئامراق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ تاغقا يامىشىپ تاغنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغىچە چىقىپ تۇردى، سۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋىدى، ئۇ تاغنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىغىچە چىقىپ تۇردى. سۇ ئۇنىڭغا يېتىشىۋىدى، ئۇ بوۋىقىنى تاغ چوققىسىغىچە ئېلىپ چىقتى. سۇ ئۇنىڭ بوينىغا چىقىپ، تاكى ئۇ ئىككىسىنى ئېقىتىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇ بوۋاقنى قولىدا كۆتۈرۈپ تۇردى. ئەگەر الله تائالا ئۇلارنىڭ بىرىگە مەرھەمەت قىلغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، بوۋاقنىڭ ئانىسىغا (مەرھەمەت) قىلغان بولار ئىدى»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

8316 ـ عن أَنسٍ بن مَالِكٍ قال جاء رَجُلٌ إلى رسول اللهِ ﷺ فقال يا خَيْرَ البَرِيَّةِ فقال رسول اللهِ ﷺ ذَاكَ إِبْرَاهِيمُ عليه السلَام.

[①] ھەيسەمى (13758): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسا ئىبنى يەئقۇب زەمئىي ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى مەئىن ئۇنى ئىشەنچلىك كىشى دەپ قارىسا، مەدىنى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8316 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ ئى مەخلۇقاتلارنىڭ ياخشىسى! ـــ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ (يەنى مەخلۇقلارنىڭ ياخشىسى) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2369)

8317 ـ عن ابن عُمَرَ رضي الله عنهما عن النبي ﷺ قال: الْكَرِيمُ بن الْكَرِيمِ بن الْكَرِيمِ بن الْكَرِيمِ يُوسُفُ بن يَعْقُوبَ بن إِسْحَاقَ بن إبراهيم عليهم السلَام.

8317 ـــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزىمۇ، ئاتىسىمۇ، بوۋىسىمۇ، چوڭ بوۋىسىمۇ ئېسىل زات: يۇسۇف ئىبنى يەئقۇب ئىبنى ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر».

(بۇخارى: 3390)

8318 ـ عن سَعِيدِ بن جُبَيْرٍ قال بن عَبَّاسٍ أَولَ ما اتخَذَ النسَاءُ الْمِنْطَقَ من قِبَلِ أُمِّ إِسْمَاعِيلَ اتخَذَتْ مِنْطَقًا لِتُعَفيَ أَثَرَهَا على سَارَةَ ثُم جاء بها إِبْرَاهِيمُ وَبِابْنِهَا إِسْمَاعِيلَ وَهِيَ تُرْضِعُهُ حتى وضعها عِنْدَ الْبَيْتِ عِنْدَ دَوْحَةٍ فَوْقَ زَمْزَمَ في أَعْلَى الْمَسْجِدِ وَلَيْسَ بِمَكةَ يَوْمَئِذٍ أَحَدٌ وَلَيْسَ بها مَاءٌ فَوَضَعَهُمَا هُنَالِكَ وَوَضَعَ عِنْدَهُمَا جِرَابًا فيه تَمْرٌ وَسِقَاءً فيه مَاءٌ ثُم قفي إِبْرَاهِيمُ مُنْطَلِقًا فَتَبِعَتْهُ أُمُّ إِسْمَاعِيلَ فقالت يا إِبْرَاهِيمُ أَيْنَ تَذْهَبُ وَتَتْرُكُنَا بهذا الْوَادِي الذي ليس فيه إِنْسٌ ولا شَيْءٌ فقالت له ذلك مِرَارًا وَجَعَلَ لَا يَلْتَفِتُ إِلَيْهَا فقالت له آلله الذي أَمَرَكَ بهذا قال نعم قالت إِذَنْ لَا يُضَيِّعُنَا ثُم رَجَعَتْ فَانْطَلَقَ إِبْرَاهِيمُ حتى إذا كان عِنْدَ الثنِيةِ حَيْثُ لَا يَرَوْنَهُ اسْتَقْبَلَ بِوَجْهِهِ الْبَيْتَ ثُم دَعَا بِهَؤُلَاءِ الْكَلِمَاتِ وَرَفَعَ يَدَيْهِ فقال (ربنا إني أَسْكَنْتُ من ذُرِّيتي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ) حتى بَلَغَ (يَشْكُرُونَ) وَجَعَلَتْ أُمُّ إِسْمَاعِيلَ تُرْضِعُ إِسْمَاعِيلَ وَتَشْرَبُ من ذلك الْمَاءِ حتى إذا نَفِدَ ما في السقَاءِ عَطِشَتْ وَعَطِشَ ابْنُهَا وَجَعَلَتْ تَنْظُرُ إليه يَتَلَوى أو قال يَتَلَبطُ فَانْطَلَقَتْ كَرَاهِيَةَ أَنْ تَنْظُرَ إليه فَوَجَدَتْ الصفَا أَقْرَبَ جَبَلٍ في

الأرض يَلِيهَا فَقَامَتْ عليه ثُم اسْتَقْبَلَتْ الْوَادِيَ تَنظُرُ هل تَرَى أَحَدًا فلم تَرَ أَحَدًا فَهَبَطَتْ من الصفَا حتى إذا بَلَغَتْ الْوَادِيَ رَفَعَتْ طَرَفَ دِرْعِهَا ثُم سَعَتْ سَعْيَ الْإِنسَانِ الْمَجْهُودِ حتى جَاوَزَتْ الْوَادِيَ ثُم أَتَتْ الْمَرْوَةَ فَقَامَتْ عليها وَنظَرَتْ هل تَرَى أَحَدًا فلم تَرَ أَحَدًا فَفَعَلَتْ ذلك سَبْعَ مَراتٍ قال بن عَباسٍ قال النبي ﷺ فَذَلِكَ سَعْيُ الناسِ بَيْنَهُمَا فلما أَشْرَفَتْ على الْمَرْوَةِ سَمِعَتْ صَوْتًا فقالت صَهٍ تُرِيدُ نَفْسَهَا ثُم تَسَمعَتْ فَسَمِعَتْ أَيضًا فقالت قد أَسْمَعْتَ إن كان عِنْدَكَ غِوَاثٌ فإذا هِيَ بِالْمَلَكِ عِنْدَ مَوْضِعِ زَمْزَمَ فَبَحَثَ بعقبة أو قال بِجَنَاحِهِ حتى ظَهَرَ الْمَاءُ فَجَعَلَتْ تُحَوضُهُ وَتَقُولُ بِيَدِهَا هَكَذَا وَجَعَلَتْ تَغْرِفُ من الْمَاءِ في سِقَائِهَا وهو يَفُورُ بَعْدَ ما تَغْرِفُ قال بن عَباسٍ قال النبي ﷺ يَرْحَمُ الله أُم إِسْمَاعِيلَ لو تَرَكَتْ زَمْزَمَ أو قال لو B تَغْرِفْ من الْمَاءِ لَكَانَتْ زَمْزَمُ عَيْنًا مَعِينًا قال فَشَرِبَتْ وَأَرْضَعَتْ وَلَدَهَا فقال لها الْمَلَكُ لَا تَخَافُوا الضيْعَةَ فإن هَا هُنَا بَيتَ اللهِ يَبْنِي هذا الْغُلَامُ وَأَبُوهُ وَإِن اللهَ لَا يُضِيعُ أَهْلَهُ وكان الْبَيتُ مُرْتَفِعًا من الأرض كالرابِيَةِ تَأْتِيهِ السيُولُ فَتَأْخُذُ عن يَمِينِهِ وَشِمَالِهِ فَكَانَتْ كَذَلِكَ حتى مَرتْ بِهِمْ رُفْقَةٌ من جُرْهُمَ أو أَهْلُ بَيْتٍ من جُرْهُمَ مُقْبِلِينَ من طَرِيقِ كَدَاءٍ فَنَزَلُوا في أَسْفَلِ مَكةَ فَرَأَوْا طَائِرًا عَائِفًا فَقَالُوا إن هذا الطائِرَ لَيَدُورُ على مَاءٍ لَعَهْدُنَا بذا الْوَادِي وما فيه مَاءٌ فَأَرْسَلُوا جَرِيا أو جَرِيينِ فإذا هُمْ بِالْمَاءِ فَرَجَعُوا فَأَخْبَرُوهُمْ بِالْمَاءِ فَأَقْبَلُوا قال وَأُم إِسْمَاعِيلَ عِنْدَ الْمَاءِ فَقَالُوا أَتَأْذَنِينَ لنا أَنْ نَنْزِلَ عِنْدَكِ فقالت نعم وَلَكِنْ لَا حَق لَكُمْ في الْمَاءِ قالوا نعم قال بن عَباسٍ قال النبي ﷺ فَأَلْفَى ذلك أُم إِسْمَاعِيلَ وَهِيَ تُحِب الأنس فَنَزَلُوا وَأَرْسَلُوا إلى أَهْلِيهِمْ فَنَزَلُوا مَعَهُمْ حتى إذا كان با أَهْلُ أَبْيَاتٍ منهم وَشَب الْغُلَامُ وَتَعَلمَ الْعَرَبِيةَ منهم وَأَنْفَسَهُمْ وَأَعْجَبَهُمْ حين شَب فلما أَدْرَكَ زَوجُوهُ امْرَأَةً منهم وَمَاتَتْ أُم إِسْمَاعِيلَ فَجَاءَ إِبْرَاهِيمُ بعد ما تَزَوجَ إِسْمَاعِيلُ يُطَالِعُ تَرِكَتَهُ فلم يَجِدْ إِسْمَاعِيلَ فَسَأَلَ امْرَأَتَهُ عنه فقالت خَرَجَ يَبْتَغِي لنا ثُم سَأَلَهَا عن عَيْشِهِمْ وَهَيْئَتِهِمْ فقالت نَحْنُ بِشَر نَحْنُ في ضِيقٍ وَشِدةٍ فَشَكَتْ إليه قال فإذا جاء زَوْجُكِ فَاقْرَئِي عليه السلَامَ وَقُولِي له يُغَيرْ عَتَبَةَ بَابِهِ فلما جاء إِسْمَاعِيلُ كَأَنهُ آنَسَ شيئا فقال هل جَاءَكُمْ من أَحَدٍ قالت نعم جَاءَنَا شَيْخٌ كَذَا وَكَذَا فَسَأَلَنَا عَنْكَ فَأَخْبَرْتُهُ وَسَأَلَنِي كَيْفَ عَيْشُنَا فَأَخْبَرْتُهُ أنا في جَهْدٍ وَشِدةٍ قال فَهَلْ أَوْصَاكِ بِشَيْءٍ قالت نعم أَمَرَنِي أَنْ أَقْرَأَ عَلَيْكَ السلَامَ

وَيقُولُ غَيرْ عَتَبةَ بَابِكَ قال ذَاكِ أبي وقد أَمرَنِي أَنْ أُفَارِقَكِ الْحَقِي بِأَهْلِكِ فَطَلقَهَا وَتَـزَوجَ منهم أُخْرَى فَلَبِثَ عَنْهُمْ إِبرَاهِيمُ ما شَاءَ الله ثُم أَتاهُمْ بَعْدُ فلم يَجِدْهُ فَدَخَلَ على امْرَأَتِـهِ فَسَأَلَهَا عنه فقالت خَرَجَ يبْتَغِي لنا قال كَيْفَ أَنْتُمْ وَسَأَلَهَا عن عَيْشِهِمْ وَهَيْئَـتِهِمْ فقالـت نَحْنُ بِخَيْرٍ وَسَعَةٍ وَأَثْنَتْ على اللهِ فقال ما طَعَامُكُمْ قالت اللحْمُ قال فما شَرَابُكُمْ قالـت الْمَاءُ قال اللهم بَارِكْ لهم في اللحْمِ وَالْمَاءِ قال النبي ﷺ وB يَكُنْ لهم يَوْمَئِذٍ حَب وَلَوْ كان لهم دَعَا لهم فيه قال فَهُمَا لَا يَخْلُو عَلَيْهِمَا أَحَدٌ بِغَيْرِ مَكةَ إلا B يُوَافِقَاهُ قال فَـإذا جـاء زَوْجُكِ فَاقْرَئِي عليه السلَامَ وَمُرِيهِ يُثْبِتُ عَتَبةَ بَابِهِ فلما جاء إِسْمَاعِيلُ قال هل أَتاكُمْ مـن أَحَدٍ قالت نعم أَتانَا شَيْÑ حَسَنُ الْهَيْئَةِ وَأَثْنَتْ عليه فَسَأَلَنِي عَنْكَ فَأَخْبَرْتُهُ فَسَأَلَنِي كَيْـفَ عَيْشُنَا فَأَخْبَرْتُهُ أنا بِخَيْرٍ قال فَأَوْصَاكِ بِشَيْءٍ قالت نعم هو يَقْرَأُ عَلَيْكَ السلَامَ وَيَـأْمُرُكَ أَنْ تُثْبِتَ عَتَبةَ بَابِكَ قال ذَاكِ أبي وَأَنتِ الْعَتَبةُ أَمرَنِي أَنْ أُمسِكَكِ ثُم لَبِثَ عَنْهُمْ ما شَاءَ الله ثُم جاء بَعْدَ ذلك وَإِسْمَاعِيلُ يبْرِي نَبْلًا له تَحْتَ دَوْحَةٍ قَرِيبًا من زَمْزَمَ فلما رَآهُ قام إليه فَصَنَعَا كما يَصْنَعُ الْوَالِدُ بِالْوَلَدِ وَالْوَلَدُ بِالْوَالِدِ ثُم قال يا إِسْمَاعِيلُ إن اللهَ أَمرَنِي بِأَمْرٍ قال فَاصْنَعْ ما أَمرَكَ رَبكَ قال وَتُعِينُنِي قال وَأُعِينُكَ قال فإن اللهَ أَمرَنِي أَنْ أَبنِيَ هَا هُنَا بَيْتًا وَأَشَارَ إلى أَكَمَةٍ مُرْتَفِعَةٍ على ما حَوْلَهَا قال فَعِنْدَ ذلك رَفَعَا الْقَوَاعِدَ من الْبيْتِ فَجَعَلَ إِسْمَاعِيلُ يَأْتِي بِالْحِجَارَةِ وَإِبْرَاهِيمُ يَبْنِي حتى إذا ارْتَفَعَ الْبِنَاءُ جاء بذا الْحَجَرِ فَوَضَعَهُ له فَقَامَ عليه وهـو يَبْنِي وَإِسْمَاعِيلُ يُنَاوِلُهُ الْحِجَارَةَ وَهُمَا يَقُولَانِ (رَبنَا تَقَبلْ مِنا إنكَ أنت السمِيعُ الْعَلِيمُ) قال فَجَعَلَا يَبْنِيَانِ حتى يَدُورَا حَوْلَ الْبيْتِ وَهُمَا يَقُولَانِ (رَبنَا تَقَبلْ مِنا إنـكَ أنـت السـمِيعُ الْعَلِيمُ).

8318 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير رىۋايەت قىلىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈن يوپكا كىيگەن ئايال ئىسمائىلنىڭ ئانىسى (ھاجەر)دۇر، ئۇ سارەدىن يوشۇر9نۇش ئۈچۈن ئىزىنى ئۆچۈرۈپ ماڭىدىغان يوپكا كىيىۋالغانىدى. كېيىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلنى بەيتۇللاھنىڭ يېنىدىكى يوغان دەرەخ تۈۋىگە (زەمزەم بۇلىقىنىڭ ئۈستى، مەسجىدنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە) ئەكىلىپ قويدى. ئۇ چاغلاردا مەككىدە ھېچكىم يوق بولۇپ، ئەتراپتىن سۇمۇ تېپىلمايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا بىر

خالتا خورما بىلەن بىر تۇلۇم سۇ بېرىپ، شۇ يەردە قويۇپ قويدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام (يۇرتىغا) قايتىپ ماڭغان چاغدا، ئىسمائىلنىڭ ئانىسى (ئۇنىڭ كەينىدىن) ئەگىشىپ بېرىپ:

ــ ئى ئىبراھىم! بىزنى ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەر يوق بۇ ۋادىغا تاشلاپ قويۇپ نەگە بارىسەن؟ ـ دېدى. ئۇ بۇ سۆزنى نەچچە قېتىم تەكرارلىغان بولسىمۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئاخىرى ئۇ:

ــ الله سېنى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ھاجەر:

ــ ئۇنداق بولسا، الله بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ. ـ دەپ قايتىپ كەتتى. ئىبراھىم يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئايالى ۋە بالىسىنىڭ كۆزىدىن يىراقلىشىپ بىر داۋانغا كەلگەندە، قىبلىگە يۈزلىنىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكۈر قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن [①] دەپ دۇئا قىلدى.

ھاجەر ئىسمائىلنى ئېمىتتى، ئۆزى تۇلۇمدىكى سۇنى ئىچتى. تۇلۇمدىكى سۇ تۈگەپ، ئانا ــ بالا ئىككىيلەن ئۇسساشقا باشلىدى. ئۇ بالىسىنىڭ ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ بەرداشلىق بېرەلمەي، تولغىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا (ياكى پۇت ـ قوللىرى بىلەن يەرنى ئۇرۇۋاتقانلىقىغا) قاراپ تۇرۇشقا چىدىيالماي ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ سەفانى ئەڭ يېقىن تاغ دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، بىرەرسىنى كۆرۈپ قالارمەن دېگەن ئۈمىدتە ۋادىغا قارىدى. ھېچكىمنى

---

[①] سۈرە ئىبراھىم، 37 ـ ئايەت.

كۆرەلمىگەنــدىن كېــيىــن، تاغــدىن چۈشــۈپ ۋادىغــا يېتــىــپ كەلــدى. كۆيـنـكـنـنــڭ بــىــر تەرىپىنــى كۆتــۈرگەن ھالــدا جاپــاكەش ئادەمــدەك مېڭىــپ، ۋادىدىن ئۆتـۈپ مەرۋە تېغىغا كەلدى - دە، بىرەرسىنى كۆرەرمەن دېگەن ئۈمــدتە ئەتراپقــا قاربــدى. يەنە ھــېچكىم كــۆرۈنمەيتتى. ئــۇ شــۇ تەرىقــدە (سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا) يەتتە قېتىم قاتنىدى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمــا پەيغەمــبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەمنىڭ: «كىشــىلەرنىڭ ســەفا بىــلەن مەرۋەنىــڭ ئارىســىدا يۈگۈرۈشى مۇشۇنىڭدىن قالغان» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ھاجەر مەرۋەگە كەلگەندە، بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۆز - ئۆزىگە جىملىدى. ئاندىن دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، بۇ ئاۋازنى قايتا ئاڭلاپ:

ـــ ئــاۋازىڭنى ئاڭلاتتىــڭ، ئەگەر قۇتقۇزالايــدىغان بولســاڭ، مېنــى قۇتقۇزۇۋالغىن! - دېدى. ئۇشتۇمتۇت زەمــزەم يېنىــدا بىــر پەرىشــتە پەيــدا بولدى. ئۇ پۇتى (ياكى قانىتى) بىلەن يەرنى جىججىغان ئىدى، يەردىن سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ھاجەر سۇنىڭ ئەتراپىنى قولى بىلەن توراپ تۇرۇپ، تۇلۇمغا ئۇچۇمــداپ سۇ ئېلىشقا باشلىدى. ئــۇ ئالغانســېرى، سۇ ئــۆرلەپ تۇراتتى.

ئىبنــى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا يەنە پەيغەمــبەر ســەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «الله ئىسمائىلنىڭ ئانىسىغا رەھمەت قىلسۇن، ئەگەر ئــۇ ســۇنى ئــۆز ھالىغــا قويــۇپ بەرگەن (يــاكى ئۇچــۇملاپ ئالمىغــان) بولســا، زەمــزەم ئەلــۋەتتە ئېقىــپ تۇرغــان بۇلاققــا ئايلانغــان بــولاتتى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

شــۇنداق قىلىــپ، ھــاجەر ســۇنى ئىچتــى ۋە بالىســىنى ئېمىتتــى. پەرىشتە ئۇنىڭغا:

ـ سۇنىڭ تۈگەپ كېتىــپ، ھــالاك بولۇشــتىن قورقمــاڭلار. ئەنە ئــاۋۇ يەردە بەيتۇللاھ بار. ئۇنى مۇشۇ بالا بىلەن ئاتىسى (ئىبــراھىم) ياسايدۇ، الله ئۆز ئەھلىنى ھالاك قىلمايدۇ، - دېدى. بەيتۇللاھ (اللهنىــڭ ئــۆيى)نىــڭ ئــورنى تــۆپىلىككە ئوخشــاش ئېگىــز بىــر جايــدا بولــۇپ، ئــوڭ ۋە ســول تەرەپلىرىنى كەلكۈن يالاپ كەتكەنىدى. جۇرھۇم قەبىلىسىدىن بىر توپ

كىشى كەدائىدىن كېلىۋېتىپ، بۇ يەردىن ئۆتتى ۋە مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە چۈشتى. ئۇلار ئاسماندا بىر قۇشنىڭ ئەگىپ ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

ـ بۇ قۇش چوقۇم سۇ بار يەرگە چۈشىدۇ، بۇ ۋادىدا سۇ يوق ئىدى، ـ دەپ ئويلىشىپ، بىر ـ ئىككى كىشىنى چارلاپ بېقىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا، بىر يەردىن سۇ ئېتىلىپ چىقىۋاتقۇدەك، قايتىپ بېرىپ، كارۋاندىكىلەرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئۇلار كېلىپ، سۇنىڭ يېنىدا ھاجەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار:

ـ سېنىڭ يېنىڭغا ماكانلىششىمىزغا ئىجازەت قىلامسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ھاجەر:

ـ بولىدۇ، لېكىن سىلەرنىڭ سۇدا ھەققىڭلار يوق، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ شۇنداق بولسۇن، ـ دېيىشتى.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇلارنىڭ ئىجازەت سورىشى ھاجەرنىڭ يالغۇزلۇق تارتىپ قالماي كىشىلەر بىلەن بىللە تۇرۇشنى بەكمۇ خالايدىغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىدى» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئائىلىسىدىكىلەرنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇلارمۇ بۇ يەرگە چۈشۈپ ماكانلاشتى. ئاخىرى بۇ يەردە بىر نەچچە ئۆيلۈك جۇرھۇم كىشىلىرى ئولتۇراقلاشتى. بالا چوڭ بولۇپ، ئۇلاردىن ئەرەب تىلىنى ئۆگەندى. جۇرھۇملۇقلار ئۇنى كۆيئوغۇل قىلىۋېلىش ئۈچۈن قىزىقىپ قېلىشتى. ئىسمائىل بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇنى ئۆز قەۋمىدىن بولغان بىر قىزغا ئۆيلەندۈرۈپ قويىدى. ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ۋاپات بولدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئۆيلىنىپ بولغاندىن كېيىن (ئۆزى قويۇپ كەتكەن بالا ـ چاقىلىرىنى كۆرگىلى) كەلدى ۋە ئىسمائىلنى تاپالماي، ئايالىدىن سورىدى. ئىسمائىلنىڭ ئايالى:

ـ بىزگە رىزىق ئىزدەپ چىقىپ كەتتى، ـ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى سورىغان ئىدى، ئىسمائىلنىڭ ئايالى:

— تۇرمۇشىمىز قاتتىق غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈۋاتىدۇ، ئەھۋالىمىز بەكمۇ ناچار، - دەپ ئىبراھىمغا شىكايەت قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

— يولدىشىڭ قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن. ئۇ ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىنى يۆتكىۋەتسۇن! — دېدى. ئىسمائىل قايتىپ كېلىپ خۇددى بىر نەرسىنى سەزگەندەك:

- بىرسى كەلدىمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئايالى:

- ھەئە، مۇنداق - مۇنداق بىر قېرى كەلدى. سىنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىغانىدى، ئېيتىپ بەردىم. تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنى سورىغانىدى، تۇرمۇشىمىزنىڭ غۇربەتچىلىكتە ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم، - دېدى. ئىسمائىل:

— ئۇ كىشى ساڭا بىرەر ئىشنى تەۋسىيە قىلدىمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئايالى:

— ھەئە، ئۇ ساڭا سالام ئېيتتى، ئاندىن ئىشىك بوسۇغىسىنى يۆتكىۋېتىشىڭنى تەۋسىيە قىلدى، - دېدى. ئىسمائىل:

- ئۇ مېنىڭ ئاتام بولىدۇ. ئۇ سېنى قويۇپ بېرىشىمنى تاپىلاپتۇ. سەن ئۆيۈڭگە قايتىپ كەتكىن! - دەپ، ئايالىنى تالاق قىلىۋەتتى ۋە جۇرھۇم قەۋمىدىن باشقا بىرىگە ئۆيلەندى. ئارىدىن مەلۇم مۇددەت ئۆتتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەنە كېلىپ، ئىسمائىلنى تاپالماي ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن سورىدى. ئايالى:

— بىزگە يېمەكلىك تېپىپ كېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى، - دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى سوراپ:

- قانداق تۇرۇۋاتىسىلەر؟ - دېدى. ئايال:

- ياخشى، كەڭتاشا ياشاۋاتىمىز، - دەپ اللهقا ھەمدۇ سانا ئوقۇدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

- نېمە يەۋاتىسىلەر؟ - دەپ سورىۋىدى، ئايال:

- گۆش، - دېدى.

ــ نېمە ئىچىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئايال:

ــ سۇ، ـ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى اللە! ئۇلارنىڭ گۆش ۋە سۈيىگە بەرىكەت بەرگىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئاشلىقى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئاشلىقى بولغان بولسا، ئاشلىقىغىمۇ دۇئا قىلىپ قويغان بولاتتى. مەككىدىن باشقا جايدا گۆش بىلەن سۇنىلا ئىستېمال قىلسا، ئىنسانغا خىل كەلمەيدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ــ يولدىشىڭ قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويغىن ۋە ئېيتىپ قويغىنكى، ئۇ ئىشىكىنىڭ بوسۇغۇسىنى مەھكەم ساقلىسۇن، ـ دېدى. ئىسمائىل قايتىپ كېلىپ:

ــ بىرەرسى كەلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئايالى:

ــ ھەئە، سالاپەتلىك بىر مويسىپىت كەلدى، ـ دەپ، ئۇ كىشىنى ماختاپ بەردى. ئاندىن:

ــ سىنى سورىغان ئىدى، ئەھۋالىڭنى ئېيتىپ بەردىم. تۇرمۇشىمىزنى سورىغان ئىدى، ياخشى تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئېيتتىم، ـ دېدى. ئىسمائىل:

ــ ئۇ كىشى ساڭا بىرەر ئىشنى تەۋسىيە قىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئايالى:

ــ ھەئە، ئۇ كىشى ساڭا سالام ئېيتتى ۋە ئىشىكىڭنىڭ بوسۇغىنى مەھكەم ساقلىشىڭنى تەۋسىيە قىلدى، ـ دېدى. ئىسمائىل:

ــ ئۇ كىشى مېنىڭ ئاتام بولىدۇ. بوسۇغا دېگىنى سەن بولىسەن. ئاتام مېنى سەن بىلەن ئۆي تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ، ـ دېدى.

ئارىدىن يەنە مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىسمائىل زەمزەمگە يېقىن جايدىكى يوغان دەرەخ تۈۋىدە يا ئوقى ياساۋاتاتتى، ئۇ ئاتىسىنى كۆرۈپ

ئورنىدىن تۇردى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئىسمائىل، الله مېنى بىر ئىشقا بۇيرىدى، ـ دېدى. ئىسمائىل:

ـ الله سېنى بۇيرىغان ئىشنى قىل! ـ دېدى. ئىبراھىم:

ـ ماڭا ياردەم قىلامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئىسمائىل:

ـ ياردەم قىلىمەن، ـ دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ـ الله مېنى ئەنە ئاۋۇ يەرگە ئۆي سېلىشقا بۇيرىدى، ـ دەپ ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ ئەتراپىنى ئىشارەت قىلدى. ئەنە شۇندىن ئېتىبارەن، ئىككىسى بەيتۇللاھنىڭ ئۇلىنى سېلىشقا باشلىدى. ئىسمائىل تاش ئەكېلىپ بەرسە، ئىبراھىم تامنى قوپۇراتتى. تام ئېگىزلىگەندە، ئىسمائىل بىر تاشنى ئېلىپ كېلىپ، ئىبراھىمغا قويۇپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تامنى شۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قوپۇردى. ئىسمائىل داۋاملىق تاش سۇنۇپ بەردى. ئىككىسى بىر تەرەپتىن: ئى رەببىمىز، ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەنمۇ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇرسەن [1] دەپ دۇئا قىلاتتى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىنمۇ، بەيتۇللاھنى ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇ دۇئانى ئوقۇغانىدى.

(بۇخارى: 3364)

8319 ـ وفي رواية: خَرَجَ بِإِسْمَاعِيلَ وَأُم إِسْمَاعِيلَ، وَمَعَهُمْ شَـنةٌ فِيهَـا مَـاءٌ، فَجَعَلَتْ أُم إِسْمَاعِيلَ تَشْرَبُ من الشنةِ فَيدِر لَبُنَهَا على صَبِيهَا حتى قَدِمَ مَكةَ فَوَضَعَهَا تَحْتَ دَوْحَةٍ ثُم رَجَعَ إِبْرَاهِيمُ إلى أَهْلِهِ فَاتبَعَتْهُ أُم إِسْمَاعِيلَ حتى لَما بَلَغُوا كَدَاءً نَادَتْهُ من وَرَائِهِ يا إِبْرَاهِيمُ إلى من تَتْرُكُنَا قال إلى اللهِ قالت رَضِيتُ بِاللهِ قال فَرَجَعَتْ فَجَعَلَتْ تَشْرَبُ مـن الشنةِ وَيدِر لَبُنَهَا على صَبِيهَا حتى لَما فَنِيَ الْمَاءُ قالت لو ذَهَبْتُ فَنظَرْتُ لَعَلي أُحِس أَحَدًا قال فَذَهَبَتْ فَصَعِدَتْ الصفَا فَنظَرَتْ وَنظَرَتْ هل تُحِس أَحَدًا فلم تُحِس أَحَدًا فلما بَلَغَتْ الْوَادِيَ سَعَتْ وَأَتتْ الْمَرْوَةَ فَفَعَلَتْ ذلك أَشْوَاطًا ثُم قالت لو ذَهَبْتُ فَنظَرْتُ ما فَعَلَ تَعْنِي

[1] سۈرە بەقەرە، 172 ـ ئايەت.

الصبي فَذَهَبَتْ فَنظَرَتْ فإذا هو على حَالِهِ كَأَنَّهُ يَنْشَغُ لِلْمَوْتِ فلم تُقِرهَا نَفْسُهَا فقالت لو ذَهَبْتُ فَنظَرْتُ لَعَلي أُحِس أَحَدًا فَذَهَبَتْ فَصَعِدَتْ الصفَا فَنظَرَتْ وَنظَرَتْ فلم تُحِس أَحَدًا حتى أتمتْ سَبْعًا ثُم قالت لو ذَهَبْتُ فَنظَرْتُ ما فَعَلَ فإذا هِيَ بِصَوْتٍ فقالت أَغِثْ إن كان عِنْدَكَ خَيْرٌ فإذا جِبْرِيلُ قال فقال بِعَقِبِهِ هَكَذَا وَغَمَزَ عَقِبَهُ على الأرض قال فَانْبَثَقَ الْمَـاءُ فَدَهَشَتْ أم إِسْمَاعِيلَ فَجَعَلَتْ تَحفر قال فقال أبو الْقَاسِمِ ﷺ لو تَرَكَتْهُ كان الْمَاءُ ظَاهِرًا.

8319 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر بىلەن ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ يولغا چىقتى، ئۇلار بىر تۇلۇم سۇ ئېلىۋالغانىدى، ھاجەر شۇ تۇلۇمدىكى سۇنى ئىچسە، كۆكسى سۈتكە تولاتتى. ئىبراھىم مەككىگە يېتىپ كېلىپ، ھاجەرنى يوغان بىر تۇپ دەرەخ تۈۋىدە قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتتى. ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. كەدائقا كەلگەندە، ئۇنىڭ كەينىدىن:

ـ ئى ئىبراھىم! بىزنى كىمگە قويۇپ قويىسەن؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى، ئىبراھىم:

ـ اللهقا، ـ دېدى. ھاجەر:

ـ اللهقا تاپشۇرساڭ مەن رازى، ـ دېدى. ھاجەر قايتىپ كەلدى ۋە تۇلۇمدىكى سۇنى ئىچىپ، بالىسىنى ئېمىتتى. سۇ تۈگىگەندە، بىرەرسىنى كۆرۈپ قالارمەن دېگەن ئۈمىدتە سەفاغا چىقىپ، يېنىش ـ يېنىش قارىغان بولسىمۇ، ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ۋادىغا يېنىپ چۈشۈپ، مەرۋەگە چىقتى. ئۇ نەچچە قېتىم مۇشۇنداق قىلدى. ئارىدا بېرىپ، بالىسىغا قاراپ باققانىدى، بالىسى خۇددى ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ئىڭغىر ـ ئىڭغىر نەپەس ئېلىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھاجەر جايىدا تۇرالماي، يەنە يۈگۈرگەن پېتى سەفاغا چىقتى ۋە بىرەرسىنى كۆرەرمەن دېگەن ئۈمىدتە، ئەتراپقا تەكرار ـ تەكرار قارىدى، لېكىن يەنە ھېچكىمنى كۆرەلمىدى. بۇ ئىش يەتتە قېتىم تەكرارلاندى. يەنە بىر قېتىم قاراپ بېقىشقا تەمشىلىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ھاجەر:

ـ ئەگەر ياخشى كىشى بولساڭ، بىزنى قۇتقۇزىۋالغىن! ـ دېدى. قارىسا، ئۇ جىبرىئىل ئىكەن. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام تاپىنى بىلەن

يەرنى كولىغان ئىدى، سۇ ئېتىلىپ چىقتى. ھاجەر دەرھال سۇنىڭ ئەتراپىنى توسىدى. ئەبۇلقاسىم سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئۇ سۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بەرگەن (ياكى ئۇچۇملاپ ئالمىغان) بولسا، زەمزەم ئەلۋەتتە يەر ئۈستىدە ئاقىدىغان بۇلاق بولۇپ كېتەتتى» دېدى.

(بۇخارى: 3365)

8320 ـ أبو هريرة رفعه: إن فى الجنة قصرا لا صدع فيه ولا وهن أعده الله لخليله إبراهيم نزلا. للبزار وللأوسط.

8320 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەتەن جەننەتتە ھېچقانداق يوچۇق ياكى چاك بولمىغان بىر قەسىر بولۇپ، الله ئۇنى دوستى ئىبراھىمغا مەنزىل قىلىپ تەييارلىغان»[1].

(بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»: 8114)

8321 ـ العباس رفعه: الذبيح إسحاق. رواه البزار: 2350 بلين. ومر فى الحج أنه إسماعيل.

8321 ـ ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قۇربانلىق قىلىنغىنى ئىسھاقتۇر» دېگەن[2].

(بەززار: 2350)

«ھەج» بابىدا ئۇنىڭ ئىسمائىل ئىكەنلىكى بايان قىلىنغانىدى.

---

[1] ھەيسەمى (13763): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13771): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ سەنەدىدىكى مۇبارەك ئىبنى فەزالە ئىسىملىك كىشىنىڭ ھەدىسى زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

8322 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قال أُرْسِلَ مَلَكُ الْمَوْتِ إلى مُوسَى عَلَيْهِمَا السلام فلما جَاءَهُ صَكَّهُ فَرَجَعَ إلى رَبِّهِ فقال أَرْسَلْتَنِي إلى عَبْدٍ لَا يُرِيدُ الْمَوْتَ فَرَد الله عليه عَيْنَهُ وقال ارْجِعْ فَقُلْ له يَضَعُ يَدَهُ على مَتْنِ ثَوْرٍ فَلَهُ بِكُل ما غَطتْ بِهِ يَدُهُ بِكُل شَعْرَةٍ سَنَةٌ قال أَيْ رَب ثُم مَاذَا قال ثُم الْمَوْتُ قال فَالْآنَ فَسَأَلَ اللهَ أَنْ يُدْنِيَهُ من الأرض الْمُقَدسَةِ رَمْيَةً بِحَجَرٍ قال قال رسول اللهِ ﷺ فَلَوْ كنت ثَم لَأَرَيْتُكُمْ قَبْرَهُ إلى جَانِبِ الطريق عِنْدَ الْكَثِيبِ الْأَحْمَرِ.

8322 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەۋەتىلگەندە، پەرىشتىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتتى. پەرىشتە اﷲقا قايتىپ: ”مېنى ئۆلۈمنى خالىمايدىغان بەندەڭگە ئەۋەتىپسەن“ دېدى. اﷲ پەرىشتىنىڭ كۆزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ: ”ئۇنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ئېيتقىنكى، ئۇ كالىنىڭ دۈمبىسىگە قولىنى قويسۇن. كالىنىڭ ھەر بىر تال تۈكى ئۇچۇن ئۇنىڭغا بىر يىل ئۆمۈر بېرىمەن“ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ”ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟“ دېگەندى. اﷲ: ”ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلۈم بار“ دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: ”ئى اﷲ! ئۇنداق بولسا، جېنىمنى ھازىرلا ئالغىن. لېكىن سېنىڭدىن سورايدىغىنىم مۇقەددەس زېمىنغا (بەيتۇلمۇقەددەسكە) بىر تاش ئېتىم مىقدارى كېلىدىغان يېقىن جايغا دەپنە قىلىنسام“ دېدى. مۇسانىڭ قەبرىسى يولنىڭ چېتىدىكى قىزىل قۇملۇقنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئەگەر مەن شۇ يەردە بولغان بولسام، سىلەرگە كۆرسىتىپ قوياتتىم».

(بۇخارى: 1339)

8323 ـ وزاد أحمد والبزار: كان ملك الموت يأتي الناس عيانا قال فأتى موسى فلطمه.

8323 ـ بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بىلەن بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنۇ ئىبارىلەر كەلگەن: «ئۆلۈم پەرىشتىسى (يەنى

ئەزرائىل) كىشىلەرنىڭ يېنىغا ئاشكارا كېلەتتى. مۇسانىڭ يېنىغىمۇ شۇنداق كېلىۋىدى، مۇسا ئۇنى كاچاتلىدى»[①].

(ئەھمەد: 10521)

8324 ـ ابن مسعود رفعه: كان طول موسى اثنى عشر ذراعا وعصاه اثنى عشر ذراعا ووثبته اثنى عشر ذراعا فضرب ابن عنقه فما أصاب إلا كعبه.

8324 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسانىڭ ئېگىزلىكى ئون ئىككى گەز، ھاسىسى ئون ئىككى گەز بولۇپ، بىر سەكرىسە ئون ئىككى گەز سەكرەيتتى. بىر بالا ئۇنىڭ گەدىنىگە ئۇرماقچى بولۇۋىدى، ئوشۇقىغا ئاران تەگكۈزەلىدى»[②].

(«ئەلكەبىر»: 8903)

8325 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قال بَيْنَمَا يَهُودِي يَعْرِضُ سِلْعَتَهُ أُعْطِيَ بها شيئا كَرِهَهُ فقال لَا وَالذِي اصْطَفَى مُوسَى على الْبَشَرِ فَسَمِعَهُ رَجُلٌ من الْأَنصَارِ فَقَامَ فَلَطَمَ وَجْهَهُ وقال تَقُولُ وَالذِي اصْطَفَى مُوسَى على الْبَشَرِ وَالنبي ﷺ بين أَظْهُرِنَا فَذَهَبَ إليه فقال أَبَا الْقَاسِمِ إِن لي ذِمةً وَعَهْدًا فما بَالُ فُلَانٍ لَطَمَ وَجْهِي فقال لِمَ لَطَمْتَ وَجْهَهُ فَذَكَرَهُ فَغَضِبَ النبي ﷺ حتى رؤى في وَجْهِهِ ثُم قال لَا تُفَضلُوا بين أَنبِيَاءِ اللهِ فإنه يُنفَخُ في الصورِ فَيَصْعَقُ من في السماوات وَمَنْ في الأرض إلا من شَاءَ الله ثُم يُنفَخُ فيه أُخْرَى فَأَكُونُ أَولَ من بُعِثَ فإذا مُوسَى آخِذٌ بِالْعَرْشِ فلا أَدْرِي أَحُوسِبَ بِصَعْقَتِهِ يوم الطورِ أَمْ بُعِثَ قَبْلِي ولا أَقُولُ إِن أَحَدًا أَفْضَلُ من يُونُسَ بن مَتى.

8325 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر يەھۇدىي بازاردا مال سېتىۋاتاتتى، بىرى كېلىپ مېلىغا ئەرزان باھا قويدى. يەھۇدىي:

---

① ھەيسەمى (13783): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (13781): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مەسئۇدى دېگەن كىشى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېلىشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالغان، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

ـ مۇسانى پۈتۈن ئىنسانلاردىن تاللاپ پەيغەمبەر قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، (بۇ باھاغا) بولمايدۇ. ـ دېۋىدى، ئەنسارىلاردىن بىرى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قېلىپ، كاچىتىغا بىرنى سالدى ـ دە:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا تۇرسا، سەن مۇسانى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچىۋاتامسەن؟! ــ دېدى. يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى ئەبۇل قاسىم! مەن ئامانلىق ئالغان زىممىي تۇرسام، پالانى نېمە ئۈچۈن كاچىتىمغا ئۇرىدۇ؟ ـ دەپ دەۋا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەنسارىدىن:

ــ بۇنىڭ كاچىتىغا نېمە ئۈچۈن ئۇردۇڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەنسارى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا سادىر بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق غەزەپلەندىكى، غەزىپى چىرايىغا چىقتى. ئاندىن مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەرلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئەۋزەل دېمەڭلار، چۈنكى سۇر چېلىنغاندا، الله خالىغان كىشىلەردىن باشقا بارلىق ئىنسان ھوشىدىن كېتىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قېتىم سۇر چېلىنىدۇ، ئەڭ ئاۋۋال ھوشىغا كېلىدىغان كىشى مەن بولىمەن. ھوشۇمغا كېلىپ، مۇسانىڭ ئەرشنىڭ بىر تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمەن. مۇسا كىشىلەر بىلەن ھوشىدىن كېتىپ، مەندىن بۇرۇن ھوشىغا كەلگەنمۇ ياكى تۇر كۈنى بىھۇش قىلىنغىنى ھېساب بولۇپ، ھوشىدىن كەتمىگەنمۇ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. مەن ھېچبىر كىشىنى يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ياخشى دېمەيمەن.

(بۇخارى: 3415)

8326 ـ عن ابن عَباسٍ رضي الله تعالى عنهما عن النبي ﷺ قال ما يَنْبَغِي لِعَبْدٍ أنْ يَقُولَ إني خَيْرٌ مِنْ يُونُسَ بن مَتى وَنَسَبَهُ إلى أبِيهِ.

8326 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر

كىشىنىڭ: ”مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ئەۋزەل“ دېيىشى ياخشى ئەمەس» دەپ، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئىسمى بىلەن تىلغا ئالغان.

(بۇخارى: 3395)

8327 ـ عن عبد اللهِ بن جَعْفَرٍ قال كان رسول اللهِ ﷺ يقول ما يَنْبَغِي لِنَبِيٍ أَنْ يَقُولَ إني خَيْرٌ من يُونُسَ بن مَتى.

8327 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«پەيغەمبەرلەرنىڭ: ”ھەقىقەتەن مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ئەۋزەل“ دېيىشى ياخشى ئەمەس» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4670)

8328 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ عن النبي ﷺ أنَّهُ قال يَعْنِي اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَا يَنْبَغِي لِعَبْدٍ لي وقال بن الْمُثَنى لِعَبْدِي أَنْ يَقُولَ أنا خَيْرٌ من يُونُسَ بن مَتى عليه السلَام.

8328 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەرقانداق بەندەمنىڭ ئۆزىنى يۇنۇس ئىبنى مەتتادىن ياخشى دەپ قارىشى توغرا ئەمەس».

(مۇسلىم: 2376)

8329 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه عن النبي ﷺ قال خُفِفَ على دَاوُدَ عليه السلَام الْقُرْآنُ فَكَانَ يَأْمُرُ بِدَوَابِهِ فَتُسْرَجُ فَيَقْرَأُ الْقُرْآنَ قبل أَنْ تُسْرَجَ دَوَابُهُ ولا يَأْكُلُ إلا من عَمَلِ يَدِهِ.

8329 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (3904): سەھىھ ـ دېگەن.

«داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا كىتابنى ئوقۇش شۇنداق يەڭگىللىتىپ بېرىلگەنكى، ئۇ ئۇلىغىنى توقۇشقا بۇيرۇپ قويۇپ، ئۇلاغنىڭ ئىگەر - توقۇملىرى توقۇلۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى كىتابنى ئوقۇپ بولاتتى. ئۇ پەقەت ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايتتى».

(بۇخارى: 3417)

8330 ـ وعنه رفعه: كانت ٱمْرَأَتانِ مَعَهُمَا ٱبْناهُمَا جاء الـ ذئْبُ فَـ ذَهَبَ بِـ ٱبْنِ إِحْدَاهُمَا فقالت صَاحِبُتهَا إنما ذَهَبَ بِٱبْنِكِ وَقَالَتْ الْأُخْرَى إنما ذَهَبَ بِٱبْنِكِ فَتحَاكَمَتا إلى دَاوُدَ فَقَضَى بِهِ لِلْكُبْرَى فَخَرَجَتا على سُلَيْمَانَ بن دَاوُدَ فَأَخْبَرَتاهُ فقال ٱئْتُـونِي بِالسـكين أَشُقُّهُ بَيْنَهُمَا فقالت الصغْرَى لَا تَفْعَلْ يَرْحَمُكَ الله هو ٱبْنُهَا فَقَضَى بِهِ لِلصغْرَى.

8330 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى ئايالنىڭ ئىككى بالىسى بولۇپ، بىرىنىڭ بالىسىنى بۆرە ئېلىپ كەتكەن ئىدى، يەنە بىر ئايال: ”بۆرە بالاڭنى ئېلىپ كەتتى“ دېسە، ئۇ ئايال: ”بۆرە سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ كەتتى“ دەپ جېدەللىشىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بالىنى ئۇلارنىڭ ياشتا چوڭىغا بۇيرۇپ بەردى. ئۇلار بۇ يەردىن چىقىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمانغا بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشۇدى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: ”ماڭا پىچاق ئەكېلىپ بېرىڭلار. بۇ بالىنى ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلىپ بېرەي“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ياش ئايال: ”اللە ساڭا رەھىم قىلسۇنكى، ئۇنداق قىلمىغىن. بالا ئۇنىڭ بولسۇن“ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلايمان بالىنى يېشى ياش ئايالغا بۇيرۇپ بەردى».

(بۇخارى: 3427)

8331 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه عن النبي ﷺ قال بَيْنَمَا أيوبُ يَغْتَسِلُ عُرْيَانًا خَرَ عليه رِجْلُ جَرَادٍ من ذَهَبٍ فَجَعَلَ يَحْثِي في ثَوْبِهِ فَنَادَاهُ رَبُهُ يا أيوبُ أَلَمْ أَكُنْ أَغْنَيْتـكَ عَما تَرَى قال بَلَى يا رَب وَلَكِنْ لَا غِنَى لي عن بَرَكَتِكَ.

8331 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەييۇب (ئەلەيھىسسالام) يالىڭاچ يۇيۇنىۋاتقاندا، ئۈستىگە بىر توپ ئالتۇن چېكەتكە چۈشكەن ئىدى، ئەييۇب ئۇلارنى كىيىمىنىڭ ئىچىگە ئۇسۇشقا باشلىدى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: ''ئەي ئەييۇب! سېنى بۇ ئالتۇن چېكەتكىدىن بىھاجەت قىلمىدىممۇ'' دەپ نىدا قىلغان ئىدى، ئەييۇب: ''ئى رەببىم! شۇنداق قىلدىڭ، بىراق مەن سېنىڭ بەرىكىتىڭگە موھتاجمەن'' دېدى».

(بۇخارى: 3391)

8332 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه سمعت رَسُولَ اللهِ ﷺ يقول ما من بَنِي آدَمَ مَوْلُودٌ إلا يَمَسهُ الشيْطَانُ حين يُولَدُ فَيَسْتَهِل صَارِخًا من مَس الشيْطَانِ غير مَرْيَمَ وَابْنِهَا.

8332 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق ئادەم بالىسى تۇغۇلغان ۋاقتىدا، شەيتان ئۇنى نوقۇپ قويىدۇ. ئۇ بالا شەيتاننىڭ نوقۇشىدىن قاتتىق يىغلاپ كېتىدۇ. شەيتان پەقەت مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى نوقۇمىغان».

(بۇخارى: 3431)

8333 ـ ثُم يقول أبو هُرَيْرَةَ (وَإِني أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِيتَهَا من الشيْطَانِ الرجِيمِ).

8333 ـ ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇچۇن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن [1].

(بۇخارى: 3431)

[1] سۈرە ئال ئىمران 37 ـ ئايەت.

8334 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه قال قال النبي ﷺ كُلُّ بَنِي آدَمَ يَطْعُنُ الشَّيْطَانُ في جَنْبَيْهِ بِإِصْبَعِهِ حين يُولَدُ غير عِيسَى بن مَرْيَمَ ذَهَبَ يَطْعُنُ فَطَعَنَ في الْحِجَابِ.

8334 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئادەم باللىرى تۇغۇلغان چاغدا شەيتان (ئۇ بالىنىڭ) ئىككى بېقىنىغا بارمىقىنى سانجىۋېتىدۇ. لېكىن مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭ بېقىنىغا بارمىقىنى سانجىيمەن دەپ بېرىپ، بالا ھەمرىيىگە سانجىپ سالغاندى».

(بۇخارى: 3286)

8335 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال تلقى عِيسَى حُجَّتَهُ ولقاه الله في قَوْلِهِ (وَإِذْ قال الله يا عِيسَى ابْنَ مَرْيَمَ أَأَنتَ قُلْتَ لِلناسِ اتخِذُونِي وَأُمِّيَ إِلَهَيْنِ من دُونِ اللهِ) قال أبو هُرَيْرَةَ عن النبي ﷺ فَلَقَّاهُ الله (سُبْحَانَكَ ما يَكُونُ لي أَنْ أَقُولَ ما ليس لي بِحَقٍّ) الْآيَةَ كُلَّهَا.

8335 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا قىيامەت كۈنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن: ئى مەريەم ئوغلى ئىيسا! سەن كىشلەرگە اللهنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار دېدىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا: (رەببىم!) شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ئېيتمايمەن، ئەگەر مەن بۇ سۆزنى ئېيتقان بولسام، ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن (يەنى مېنىڭ ئۇنداق دېمىگەنلىكىم ساڭا مەلۇملۇق). سەن غەيبلەرنى ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن [1] دېگەن جاۋابنى تەلقىن قىلىپ بېرىدۇ» [2].

(تىرمىزى: 3062)

[1] سۈرە مائىدە، 116 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەلبانى (2450): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

8336 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال قال رسول اللهِ ﷺ أنا أَوْلَى الناس بِعِيسَى بن مَرْيَمَ في الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ وَالْأَنْبِيَاءُ إِخْوَةٌ لِعَلَّاتٍ أُمَّهَاتُهُمْ شَتَّى وَدِينُهُمْ وَاحِدٌ.

8336 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەريەم ئوغلى ئىيساغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ يېقىن كىشى مەندۇرمەن، پەيغەمبەرلەر ئانا باشقا قېرىنداشلار بولۇپ، گەرچە ئانىلىرى باشقا ـ باشقا بولسىمۇ، دىنى بىردۇر».

(بۇخارى: 3443)

8337 ـ عن أبى هريرة عن النبى صلى الله عليه وسلم أنه قال: إنى لأرجو إن طال بى عمر أن ألقى عيسى بن مريم عليه السلام فإن عجل بى موت فمن لقيه منكم فليقرئه منى السلام.

8337 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر مېنىڭ ئۆمرۈم ئۇزۇن بولۇپ قالسا، ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەگەر ماڭا ئۆلۈم بالدۇر كېلىپ قالسا، سىلەردىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن كىشى ئۇنىڭغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزسۇن»[①].

(ئەھمەد: 7910)

8338 ـ عن سَالِمٍ عن أبيه قال لَا والله ما قال النبي ﷺ لِعِيسَى أَحْمَرُ وَلَكِنْ قال بَيْنَمَا أنا نَائِمٌ أَطُوفُ بِالْكَعْبَةِ فإذا رَجُلٌ آدَمُ سَبْطُ الشعَرِ يُهَادَى بين رَجُلَيْنِ يَنْطِفُ رَأْسُهُ مَاءً أو يُهَرَاقُ رَأْسُهُ مَاءً فقلت من هذا قالوا بن مَرْيَمَ فَذَهَبْتُ أَلْتَفِتُ فإذا رَجُلٌ أَحْمَرُ جَسِيمٌ جَعْدُ الرأْسِ أَعْوَرُ عَيْنِهِ الْيُمْنَى كَأَنَّ عَيْنَهُ عِنَبَةٌ طَافِيَةٌ قلت من هذا قالوا هذا الدجالُ وَأَقْرَبُ الناس بِهِ شَبَهًا بن قَطَنٍ قال الزهْرِي رَجُلٌ من خُزَاعَةَ هَلَكَ في الْجَاهِلِيَةِ.

[①] ھەيسەمى (13787): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد مەرفۇئ ۋە مەۋقۇف رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى سەنەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8338 ـــ سالىم ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئىيسانىڭ ئۆڭنى قىزغۇچ دېمىدى، بەلكى مۇنداق دېدى: «مەن چۈشۈمدە كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقان چېغىمدا، چاچلىرى تۈز، بۇغداي ئۆڭ، چېچىدىن سۇ تېمىپ تۇرغان بىرەيلەننىڭ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ: ''كىم بۇ؟'' دەپ سورىسام، ماڭا: ''بۇ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىيسا'' دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئاندىن ماڭدىم، بۇرۇلۇپ قارىسام، توساتتىن قىزغۇچ ئۆڭ، قاۋۇل، بۇدۇر چاچ، ئوڭ كۆزى كور، كۆزى خۇددى پولتىيىپ چىققان ئۈزۈمگە ئوخشاش بىر كىشىنى كۆرۈپ: ''بۇ كىم؟'' دەپ سورىسام، ماڭا: بۇ دەججال'' دەپ جاۋاب بېرىلدى. ئاراڭلاردىن ئىبنى قەتەن ئۇنىڭغا بەك ئوخشايدۇ». زۇھرىي مۇنداق دېگەن: ئىبنى قەتەن خۇزائە قەبىلىسىدىن بىرى بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاپ ئۆلگەنىدى.

(بۇخارى: 3441)

8339 ـ عن ابن عُمَرَ رضي الله عنهما قال قال النبي ﷺ رأيت عِيسَى ومُوسَى وَإِبْرَاهِيمَ فَأَما عِيسَى فَأَحْمَرُ جَعْدٌ عَرِيضُ الصدْرِ وَأَما مُوسَى فَآدَمُ جَسِيمٌ سَبْطٌ كَأَنَّهُ مِن رِجَالِ الزط.

8339 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ئىيسا، مۇسا، ئىبراھىملارنى كۆردۈم. ئىيسانىڭ ئۆڭى قىزغۇچ، چېچى قارا، دولىسى كەڭ ئىدى. مۇسا بولسا بۇغداي ئۆڭ، قاۋۇل، چاچلىرى تۈز، خۇددى (ئافرىقىلىق دارازا) زۇتتىلىكلەردەك كىشى ئىدى».

(بۇخارى: 3438)

8340 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ـ رضى الله عنه ـ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِهِ لَقِيتُ مُوسَى ـ قَالَ فَنَعَتَهُ ـ فَإِذَا رَجُلٌ ـ حَسِبْتُهُ قَالَ ـ مُضْطَرِبٌ رَجِلُ الرأْسِ، كَأَنَّهُ مِنْ رِجَالِ شَنُوءَةَ ـ قَالَ ـ وَلَقِيتُ عِيسَى ـ فَنَعَتَهُ النبي صلى الله عليه وسلم فَقَالَ ـ رَبْعَةٌ أَحْمَرُ كَأَنَّمَا خَرَجَ مِنْ دِيمَاسٍ ـ يَعْنِي الْحَمَّامَ ـ وَرَأَيْتُ إِبْرَاهِيمَ، وَأَنَا أَشْبَهُ وَلَدِهِ بِهِ.

8340 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىسرا كېچىسى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغىنىمدا مۇسانى كۆردۇم» دېدى ۋە ھەزرىتى مۇسانى مۇنداق سۈپەتلەپ بەردى: «ئۇ بويى ئۇزۇنراق، چېچى تارالغان، خۇددى شەنۇئەلىك (دارازا) كىشىگە ئوخشايتتى. ئىيسانى كۆردۇم، ئۇ ئوتتۇرا بوي، تېنى قىزغۇچراق، خۇددى ھېلىلا مۇنچىدىن چىققاندەك يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان پاكىز كىشى ئىدى. ئىبراھىمنىمۇ كۆردۇم، مەن ئىبراھىمغا (ئۇنىڭ) ئەۋلادى ئىچىدىن ئەڭ ئوخشايدىغىنىمەن».

(بۇخارى: 3437)

8341 ـ وفى رواية: وإذا عِيسَى بن مَرْيَمَ عليه السلام قَائِمٌ يُصَلي أَقْرَبُ الناس بِهِ شَبَهًا عُرْوَةُ بن مَسْعُودٍ الثقَفِي.

8341 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇد سەقەفىي ئۇنىڭغا ھەممىڭلاردىن بەك ئوخشايدۇ» دېگەن.

(مۇسلىم: 172)

8342 ـ عن ابْن عَباسٍ: وَذَكَرَ النبِي صلى الله عليه وسلم لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِهِ فَقَالَ: مُوسَى آدَمُ طُوَالٌ كَأَنَّهُ مِنْ رِجَالِ شَنُوءَةَ.

8342 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىسرا كېچىسى توغرۇلۇق

(بۇخارى: 3396)

توختىلىپ يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسا بۇغداي ئۆڭ، خۇددى شەنۇئەلىكلەردەك ئېگىز بوي بىرى ئىدى».

8343 ـ عَنْ أَبِي الدَّرْدَاءِ رفعه: لَقَدْ قَبَضَ اللهُ دَاوُدَ مِنْ بَيْنِ أَصْحَابِهِ فَمَا فُتِنُوا وَلا بَدلُوا وَلَقَدْ مَكَثَ أَصْحَابُ الْمَسِيحِ عَلَى سُنتِهِ وَهَدْيِهِ مِئَتَيْ سَنَةٍ.

8343 ــ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا داۋۇدنى ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدىن قەبزى روھ قىلدى، ئۇلار پىتنە ـ پاسات قىلمىدى ياكى (زەبۇرنى) ئۆزگەرتىۋەتمىدى. ئىيسانىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىيسانىڭ سۈننىتى ۋە يولىنى ئىككى يۈز يىل داۋام قىلدۇردى»[1].

(«ئەلكەبىر»)

8344 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: لا يَنْبَغِي لأَحَدٍ أَنْ يَقُولَ أَنا خَيْرٌ مِنْ يَحْيَى بْنِ زَكَرِيا مَا هم بِخَطِيئَةٍ أَحْسِبُهُ قَالَ وَلاَ عَمِلَهَا.

8344 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ: "مەن يەھيا ئىبنى زەكەرىيادىن ياخشى" دېيىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇ ھېچبىر گۇناھنى قىلمىدى ۋە قىلىشقىمۇ نىيەت قىلمىدى»)[2].

(بەززار: 2360)

[1] ھەيسەمى (13797): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىك، لېكىن بەزى راۋىيلىرى ھەققىدە پەرقلىق كۆز قاراشلار مەۋجۇت، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13803): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8345 ـ أبو هريرة رفعه: كل بنى آدم يلقى الله يوم القيامة بذنب قد أذنبه يعذبه عليه إن شاء أو يرحمه إلا يحيى بن زكريا فإنه كان سيدا وحصورا ونبيا من الصالحين وأهوى صلى الله عليه وسلم إلى قذاة من الأرض فأخذها فقال: ذكره مثل هذه القذاة.

8345 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىر ئادەم بالىسى قىيامەت كۈنى الله تائالاغا ئۆزى قىلغان گۇناھ بىلەن مۇلاقات بولىدۇ، الله خالىسا ئۇنى جازالايدۇ، خالىسا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىدۇ. پەقەتلا يەھيا ئىبنى زەكەرىيا ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇ ئېسىل، پەرھىزكار ۋە سالىھ نەبىلەردىن ئىدى». كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەرگە ئېڭىشىپ، كىچىككىنە چاۋارنى قولىغا ئالدى ـ دە: «بەلكى مۇشۇنچىلىك خاتالىقى بولۇشى مۇمكىن» دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 6556)

8346 ـ أبو أمامة: أن رجلا قال: يارسول الله, أنبيا كان آدم؟ قال: نعم, قال: كم كان بينه وبين نوح؟ قال: عشرة قرون. قال: كم كان بين نوح وبين إبراهيم؟ قال: عشرة قرون. قال: من كانت الرسل؟ قال: ثلاثمائة وثلاثة عشر.

8346 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ھەزرىتى ئادەم پەيغەمبەرمىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـ ئۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى نۇھنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك (زامان) ئۆتكەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئون ئەسىر، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

---

① ھەيسەمى (13804): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى سۇلايمان رەئىنى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئەبۇ زۇرئە قاتارلىقلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

— نۇھ بىلەن ئىبراھىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك (زامان) ئۆتكەن؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
— ئون ئەسىر، - دېدى. ئۇ كىشى:
— پەيغەمبەرلەر جەمئىي قانچە كىشى؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
— 313 كىشى، - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 7545)

8347 ـ عن أنس رفعه: الأنبياء أحياء فى قبورهم يصلون.

8347 — ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەرلەر قەبرىلىرىدە ھايات بولۇپ، ئۇلار ناماز ئوقۇيدۇ»[2].

(مەۋسىلى: 3425؛ بەززار)

8348 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ ـ رضى الله عنه ـ عَنِ النبِي صلى الله عليه وسلم قَـالَ إِنمَا سُميَ الْخَضِرُ أَنهُ جَلَسَ عَلَى فَرْوَةٍ بَيْضَاءَ فَإِذَا هِيَ تَهْتَز مِنْ خَلْفِهِ خَضْرَاءَ.

8348 — ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خىزىرنىڭ خىزىر دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ بىرەر داق يەردە ئولتۇرۇپ قوپسا، ئۇ يەر يېشىللىقتا ئايلىنىپ كېتەتتى».

(بۇخارى: 3402)

8349 ـ عَن ابنِ عباس رَضِي الله عنهما، قال: ذكر خالد بن سنان عنـد الـنبي صلى الله عليه وسلم فقال: ذاك نبي ضيعه قومه.

[1] ھەيسەمى (13807): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەھمەد ئىبنى خالىد ھەلەبىيدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (13812): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

8349 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا خالىد ئىبنى سىنان تىلغا ئېلىنىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ، قەۋمى قەدرىنى بىلمىگەن پەيغەمبەردۇر» دېدى[①].

(بەززار: 2361)

8350 ـ وللكبير بلين: جَاءَتْ بنتُ خَالِدِ بن سِنَانَ إلى النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَبَسَطَ لها ثَوْبَهُ وقال بِنْتُ نَبِي ضَيَعَهُ قَوْمُهُ.

8350 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: خالىد ئىبنى سىناننىڭ قىزى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا كىيىمىنى سېلىپ بېرىپ: «بۇ، قەۋمى قەدرىنى بىلمىگەن پەيغەمبەرنىڭ قىزى (بولىدۇ)» دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»: 12250)

8351 ـ عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رضي الله عنه قال بَيْنَمَا رسول اللهِ ﷺ لَا تُخَيِّرُوا بين الْأَنْبِيَاءِ.

8351 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پەيغەمبەرلەرنىڭ بەزىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن كۆرمەڭلار!» دېگەن[③].

(ئەبۇ داۋۇد: 4668)

[①] ھەيسەمى (13818): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززار بۇ ھەدىسنى "مۇرسەل" دەپ باھالىغان. تەبەرانىنىڭ سەنەدىدىكى قەيس ئىبنى رەبىيئ دېگەن كىشىنى بەزىلەر ئىشەنچلىك، يەنە بەزىلەر زەئىپ دەپ قارىغان، لېكىن بۇ ھەدىس: «مەن بىلەن ئىيسانىڭ ئوتتۇرىدا پەيغەمبەر يوق» دېگەن سەھىھ ھەدىسكە زىت كېلىدۇ. ئىمام ئەينى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە شەرىئەت بىلەن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر كەلمىگەن بولسىمۇ، بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان سالىھ بەندىلەر كېلىشى مۇمكىن. خالىد ئىبنى سىنان ئەنە شۇلاردىن بىرىدۇر.

[②] ھەيسەمى (13818): بۇ ھەدىسكىمۇ يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش باھا بېرىلگەن، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (3902): سەھىھ ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەزىلەتلىرى

8352 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ جَلَسَ نَاسٌ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْتَظِرُونَهُ قَالَ فَخَرَجَ حَتى إِذَا دَنَا مِنْهُمْ سَمِعَهُمْ يَتَذَاكَرُونَ فَسَمِعَ حَدِيثَهُمْ فَقَالَ بَعْضُهُمْ عَجَبًا إِن اللهَ عَز وَجَل اتخَذَ مِنْ خَلْقِهِ خَلِيلًا اتخَذَ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلًا وَقَالَ آخَرُ مَاذَا بِأَعْجَبَ مِنْ كَلَامِ مُوسَى كَلمَهُ تَكْلِيمًا وَقَالَ آخَرُ فَعِيسَى كَلِمَةُ اللهِ وَرُوحُهُ وَقَالَ آخَرُ آدَمُ اصْطَفَاهُ اللهُ فَخَرَجَ عَلَيْهِمْ فَسَلمَ وَقَالَ قَدْ سَمِعْتُ كَلَامَكُمْ وَعَجَبَكُمْ إِن إِبْرَاهِيمَ خَلِيلُ اللهِ وَهُوَ كَذَلِكَ وَمُوسَى نَجِي اللهِ وَهُوَ كَذَلِكَ وَعِيسَى رُوحُ اللهِ وَكَلِمَتُهُ وَهُوَ كَذَلِكَ وَآدَمُ اصْطَفَاهُ اللهُ وَهُوَ كَذَلِكَ أَلَا وَأَنَا حَبِيبُ اللهِ وَلَا فَخْرَ وَأَنَا حَامِلُ لِوَاءِ الْحَمْدِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَا فَخْرَ وَأَنَا أَولُ شَافِعٍ وَأَولُ مُشَفعٍ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلَا فَخْرَ وَأَنَا أَولُ مَنْ يُحَركُ حِلَقَ الْجَنةِ فَيَفْتَحُ اللهُ لِي فَيُدْخِلُنِيهَا وَمَعِي فُقَرَاءُ الْمُؤْمِنِينَ وَلَا فَخْرَ وَأَنَا أَكْرَمُ الْأَولِينَ وَالْآخِرِينَ وَلَا فَخْرَ.

8352 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر نەچچە ساھابە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ساقلىغاچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى. بىرەيلەن:

ــ الله تائالانىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن ئىبراھىمنى دوست تۇتۇشى بەكمۇ ئەجەبلىنەرلىك، ـ دېگەنىدى، يەنە بىرى:

ــ مۇسانىڭ الله تائالا بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟! چۈنكى الله مۇساغا (بىۋاسىتە) سۆز قىلدى، ـ دېدى. يەنە بىرى:

ـ ھەزرىتى ئىيسا اللهنىڭ كەلىمىسى ۋە (الله تەرىپىدىن كەلگەن) روھتۇر، ـ دېدى. يەنە بىرى:

ـ الله تائالا مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن ھەزرىتى ئادەمنى تاللىدى، ـ دېدى. شۇ ئارىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا سالام بەردى ۋە مۇنداق دېدى:

ــ سىلەرنىڭ سۆھبىتىڭلانى ۋە ئەجەبلەنگىنىڭلارنى ئاڭلىدىم. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن اللهنىڭ دوستى، بەرھەق ئۇ شۇنداق. ھەزرىتى مۇسا اللهنىڭ سىردىشى، بەرھەق ئۇ شۇنداق. ھەزرىتى ئىيسا اللهنىڭ كەلىمىسى ۋە روھى، بەرھەق ئۇ شۇنداق. الله مەخلۇقاتلىرى ئىچىدىن ھەزرىتى ئادەمنى تاللىدى، بەرھەق ئۇ شۇنداق. شۇنى بىلىڭلاركى، مەن اللهنىڭ (يېقىن) دوستىمەن. مەن قىيامەت كۈنى ھەمدۇ سانا بايرىقىنى كۆتۈرىمەن، قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ شاپائەت قىلىمەن ۋە شاپائىتىم ھەممىدىن بۇرۇن قوبۇل قىلىنىدۇ. جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئەڭ ئاۋۋال مەن قاقىمەن. شۇنىڭ بىلەن، الله ماڭا (جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى) ئېچىپ بېرىدۇ، (ئاندىن) مۇئمىنلەرنىڭ پېقىر ـ مىسكىنلىرى مەن بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ. مەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكىدۇرمەن[1].

(تىرمىزى: 3616)

8353 ـ عن أُبيِّ بن كعبٍ عن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال إذا كان يَوْمُ الْقِيَامَةِ كنت إِمَامَ النبِيينَ وَخَطِيبَهُمْ وَصَاحِبَ شَفَاعَتِهِمْ غَيْرُ فَخْرٍ.

8353 ــ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامى ۋە خاتىبى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شاپائەتچىسى بولىمەن، ئەمما بۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەتمەيمەن»[2].

(تىرمىزى: 3613)

[1] ئەلبانى (742): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2858): سەھىھ ـ دېگەن.

8354 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ الْأَنصَارِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُعْطِيتُ خَمْسًا لَمْ يُعْطَهُن أَحَدٌ قَبْلِي كَانَ كُل نَبِي يُبْعَثُ إِلَى قَوْمِهِ خَاصةً وَبُعِثْتُ إِلَى كُل أَحْمَرَ وَأَسْوَدَ وَأُحِلتْ لِيَ الْغَنَائِمُ وَلَمْ تُحَل لِأَحَدٍ قَبْلِي وَجُعِلَتْ لِيَ الْأَرْضُ طَيبَةً طَهُورًا وَمَسْجِدًا فَأَيمَا رَجُلٍ أَدْرَكَتْهُ الصلَاةُ صَلى حَيْثُ كَانَ وَنُصِرْتُ بِالرعْبِ بَيْنَ يَدَيْ مَسِيرَةِ شَهْرٍ وَأُعْطِيتُ الشفَاعَةَ.

8354 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەندىن ئىلگىرى بىر كىمگە بېرىلمىگەن بەش خۇسۇسىيەت ماڭا ئاتا قىلىندى. ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە خاس ئەۋەتىلەتتى، مەن ھەممىگە (ئومۇم قىلىپ) ئەۋەتىلدىم. ماڭا ئولجا ــ غەنىمەتلەر ھالال قىلىندى، ئولجا مەندىن ئىلگىرى بىر كىمگە ھالال قىلىنمىغان ئىدى. ماڭا زېمىن پاك ۋە مەسجىد قىلىپ بېرىلدى. ھەرقانداق بىر كىشى ناماز ۋاقتى بولغان يەردىلا ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. بىر ئايلىق مۇساپىدىن (كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىنىش ئارقىلىق) نۇسرەت ئاتا قىلىندى ۋە شاپائەت ھوقۇقى بېرىلدى».

(مۇسلىم: 521)

8355 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بُعِثْتُ بِجَوَامِعِ الْكَلِمِ وَنُصِرْتُ بِالرعْبِ فَبَيْنَا أَنَا نَائِمٌ أُتِيتُ بِمَفَاتِيحِ خَزَائِنِ الْأَرْضِ فَوُضِعَتْ فِي يَدِي قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ وَقَدْ ذَهَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنْتُمْ تَنْتَثِلُونَهَا.

8355 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن مول مەزمۇنلۇق سۆزلەر بىلەن ئەۋەتىلدىم. دۈشمەننىڭ قەلبىگە قورقۇنچ چۈشۈش بىلەن نۇسرەت بېرىلدىم. چۈشۈمدە ماڭا زېمىننىڭ خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچلىرى بېرىلىپ، قولۇمغا قويۇلدى». ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئالەمدىن ئۆتتى. سىلەر مانا ئەمدى زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى قېزىۋاتىسىلەر.

(بۇخارى: 2977)

8356 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ الْأَنبِيَاءِ نَبِي إِلا أُعْطِيَ مَا مِثْلُهُ آمَنَ عَلَيْهِ الْبَشَرُ وَإِنمَا كَانَ الذِي أُوتِيتُ وَحْيًا أَوْحَاهُ اللهُ إِلَـي فَـأَرْجُو أَنْ أَكُونَ أَكْثَرَهُمْ تَابِعًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8356 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق پەيغەمبەرگە كىشىلەرنى قايىل قىلغۇدەك مۆجىزە ئاتا قىلىنغان. ماڭا ئاتا قىلىنغان (ئەڭ چوڭ) مۆجىزە الله ماڭا ۋەھىي قىلغان قۇرئاندۇر. مەن قىيامەت كۈنى ئەگەشكۈچىسى ئەڭ كۆپ بولغان پەيغەمبەر بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن».

(بۇخارى: 4981)

8357 ـ وَيُذْكَرُ عن بن عُمَرَ عن النبي ﷺ جُعِلَ رِزْقِي تَحْتَ ظِل رُمْحِي وَجُعِلَ الذلةُ وَالصغَارُ على من خَالَفَ أَمْرِي.

8357 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن زىكرى قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسى ئاستىدا قىلىندى، دىنىمغا قارشى چىققانلار خار ـ زەبۇنلۇقتا قالىدۇ».

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

8358 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن مَثَلِي وَمَثَلَ الْأَنبِيَاءِ مِنْ قَبْلِي كَمَثَلِ رَجُلٍ بَنَى بَيْتًا فَأَحْسَنَهُ وَأَجْمَلَهُ إِلا مَوْضِعَ لَبِنَةٍ مِـنْ زَاوِيَةٍ فَجَعَلَ الناسُ يَطُوفُونَ بِهِ وَيَعْجَبُونَ لَهُ وَيَقُولُونَ هَلا وُضِعَتْ هَذِهِ اللبِنَةُ قَالَ فَأَنَا اللبِنَةُ وَأَنَا خَاتِمُ النبِيينَ

8358 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ مىسالى مۇنداق: بىر ئادەم چىرايلىق بىر ئۆي ياساپ، بىر بۇرجىكىدە بىر كېسەكنىڭ ئورنىنى بوش قالدۇرىدۇ. ئۆي ئىچىگە كىرىپ ئايلانغانلار ئەجەبلىنىپ: مۇشۇ بىر پارچە كېسەك قويۇلۇپ كەتكەن بولسىچۇ؟! ــ دېيىشىدۇ. مەن ئەنە شۇ بوش قالغان يەرگە قويۇلىدىغان بىر تال كېسەكتۇرمەن. مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىدۇرمەن».

(بۇخارى: 3535)

8359 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ آتِي بَابَ الْجَنةِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَأَسْتَفْتِحُ فَيَقُولُ الْخَازِنُ مَنْ أَنتَ فَأَقُولُ مُحَمدٌ فَيَقُولُ بِكَ أُمِرْتُ لَا أَفْتَحُ لِأَحَدٍ قَبْلَكَ.

8359 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ، (ئۇنىڭ) ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن. قاراۋۇل: سەن كىم؟ ـ دەپ سورايدۇ. مەن: مۇھەممەد، ـ دەيمەن، ئۇ: دەرۋازىنى سەندىن بۇرۇن بىر كىمگە ئاچماسلىققا بۇيرۇلغانمەن، ـ دەيدۇ».

(مۇسلىم: 197)

8360 ـ عن أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَلُوا اللهَ لِـيَ الْوَسِيلَةَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا الْوَسِيلَةُ قَالَ أَعْلَى دَرَجَةٍ فِي الْجَنةِ لَا يَنَالُهَا إِلا رَجُلٌ وَاحِدٌ أَرْجُو أَنْ أَكُونَ أَنَا هُوَ

8360 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەن ئۈچۈن ۋەسىلە تىلەڭلار، ـ دېدى. ساھابىلار:

ـ ۋەسسەللە دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ۋەسسەللە دېگەن، جەننەتتىكى ئەڭ ئالىي مەرتىۋەدۇر. ئۇنىڭغا پەقەتلا بىر كىشى ئېرىشەلەيدۇ، ئۇنىڭ مەن بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 3612)

8361 ـ عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْعِشَاءَ ثُم انْصَرَفَ فَأَخَذَ بِيَدِ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ حَتى خَرَجَ بِهِ إِلَى بَطْحَاءِ مَكةَ فَأَجْلَسَهُ ثُم خَط عَلَيْهِ خَطًّا ثُم قَالَ لَا تَبْرَحَن خَطكَ فَإِنهُ سَيَنْتَهِي إِلَيْكَ رِجَالٌ فَلَا تُكَلمْهُمْ فَإِنهُمْ لَا يُكَلمُونَكَ قَالَ ثُم مَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَيْثُ أَرَادَ فَبَيْنَا أَنَا جَالِسٌ فِي خَطي إِذْ أَتَانِي رِجَالٌ كَأَنهُمْ الزط أَشْعَارُهُمْ وَأَجْسَامُهُمْ لَا أَرَى عَوْرَةً وَلَا أَرَى قِشْرًا وَيَنْتَهُونَ إِلَي وَلَا يُجَاوِزُونَ الْخَط ثُم يَصْدُرُونَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى إِذَا كَانَ مِنْ آخِرِ الليْلِ لَكِنْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ جَاءَنِي وَأَنَا جَالِسٌ فَقَالَ لَقَدْ أَرَانِي مُنْذُ الليْلَةَ ثُم دَخَلَ عَلَي فِي خَطي فَتَوَسدَ فَخِذِي فَرَقَدَ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا رَقَدَ نَفَخَ فَبَيْنَا أَنَا قَاعِدٌ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُتَوَسدٌ فَخِذِي إِذَا أَنَا بِرِجَالٍ عَلَيْهِمْ ثِيَابٌ بِيضٌ اللهُ أَعْلَمُ مَا بِهِمْ مِنْ الْجَمَالِ فَانْتَهَوْا إِلَي فَجَلَسَ طَائِفَةٌ مِنْهُمْ عِنْدَ رَأْسِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَطَائِفَةٌ مِنْهُمْ عِنْدَ رِجْلَيْهِ ثُم قَالُوا بَيْنَهُمْ مَا رَأَيْنَا عَبْدًا قَط أُوتِيَ مِثْلَ مَا أُوتِيَ هَذَا النبِي إِن عَيْنَيْهِ تَنَامَانِ وَقَلْبُهُ يَقْظَانُ اضْرِبُوا لَهُ مَثَلًا مَثَلُ سَيدٍ بَنَى قَصْرًا ثُم جَعَلَ مَأْدُبَةً فَدَعَا الناسَ إِلَى طَعَامِهِ وَشَرَابِهِ فَمَنْ أَجَابَهُ أَكَلَ مِنْ طَعَامِهِ وَشَرِبَ مِنْ شَرَابِهِ وَمَنْ لَمْ يُجِبْهُ عَاقَبَهُ أَوْ قَالَ عَذبَهُ ثُم ارْتَفَعُوا وَاسْتَيْقَظَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ ذَلِكَ فَقَالَ سَمِعْتَ مَا قَالَ هَؤُلَاءِ وَهَلْ تَدْرِي مَنْ هَؤُلَاءِ قُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ هُمْ الْمَلَائِكَةُ فَتَدْرِي مَا الْمَثَلُ الذِي ضَرَبُوا قُلْتُ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ

[1] ئەلبانى (2857): سەھىھ ـ دېگەن.

الْمَثَلُ الذِي ضَرَبُوا الرحْمَنُ تَبارَكَ وَتَعَالَى بَنَى الْجَنةَ وَدَعَا إِلَيْهَا عِبَادَهُ فَمَنْ أَجَابَهُ دَخَـلَ الْجَنةَ وَمَنْ لَمْ يُجِبْهُ عَاقَبَهُ أَوْ عَذَبَهُ.

8361 ــ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مېنى بەتھا دېگەن جايغا ئېلىپ باردى. ئاندىن چەمبەرسىمان سىزىق سىزىپ، مېنى ئىچىگە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن:

ــ سىزىقتىن چىقىپ كەتمە. سېنىڭ يېنىڭغا بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىدۇ، ئۇلارغا گەپ قىلما، چۈنكى ئۇلار ساڭا گەپ قىلمايدۇ، ــ دېدى. ئاندىن ئۆزى بارماقچى بولغان يەرگە كەتتى. كۆپ ئۆتمەي، سىياقىدىن زەڭگىلەرگە ئوخشايدىغان بىر توپ ئادەم كەلدى. ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ـ يۇ، سىزىقتىن ھالقىپ ئۆتمىدى. مەن ئۇلارنىڭ نە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، نە ئەۋرەتلىرىنى كۆرەلمىدىم. كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەن شۇ پېتى ئولتۇردۇم. كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېتىپ كېلىپ، سىزىقنىڭ ئىچىگە كىردى ۋە يوتامغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇشۇلداپ ئۇخلايتتى. تۇساتتىن ئاق كىيىملىك بىر توپ كىشى پەيدا بولدى، مەن ئۇنداق كېلىشكەن ئادەملەرنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇلار بىزگە يېقىنلاپ كېلىپ، بەزىلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باش تەرىپىدە، بەزىلىرى ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇردى. ئاندىن ئۆز ئارا پىچىرلىشىپ:

ــ بىز ھازىرغىچە بۇ پەيغەمبەرگە بېرىلگەنلەرنىڭ باشقا بىر پەيغەمبەرگە بېرىلگىنىنى كۆرۈپ باقمىدۇق. بۇ ئۇخلاپ قالغان بولسىمۇ، قەلبى ئويغاقتۇر. ئۇنىڭ ھەققىدە بىر مىسال كەلتۈرەيلى، ـ دېيىشتى ۋە مۇنداق مىسال كەلتۈرۈشتى:

ــ بىر خوجىدار قەسىر سالىدۇ، ئاندىن داستىخان تەييارلاپ، كىشىلەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ. كىمكى ئۇنىڭ (تەكلىپىنى)

قوبۇل قىلسا، ئۇ خوجىدارنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولالايدۇ. كىمكى (ئۇنىڭ تەكلىپىنى) قوبۇل قىلمىسا، خوجىدار ئۇنى جازالايدۇ.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئويغاندى ۋە:

— ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن:

— الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئۇلار پەرىشتىلەردۇر. ئۇلار كەلتۈرگەن مىسالنىڭ مەنىسىنى بىلدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن يەنە:

— الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ، - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنىڭ مەنىسى مۇنداق: الله تائالا جەننەتنى بىنا قىلدى، ئاندىن بەندىلىرىنى ئۇنىڭغا چاقىردى. كىمكى ئۇنى قوبۇل قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى ئۇنى قوبۇل قىلمىسا، الله ئۇنى جازالايدۇ ياكى ئازابلايدۇ، - دېدى[①].

(تىرمىزى: 3021)

8362 - ولهوه عن جَابِر: إنمَا مَثَلُكَ وَمَثَلُ أُمتِكَ كَمَثَلِ مَلِكٍ اتخَذَ دَارًا ثُم بَنَى فِيهَا بَيْتًا ثُم جَعَلَ فِيهَا مَائِدَةً ثُم بَعَثَ رَسُولًا يَدْعُو الناسَ إِلَى طَعَامِهِ فَمِنْهُمْ مَنْ أَجَابَ الرسُولَ وَمِنْهُمْ مَنْ تَرَكَهُ فَاللهُ هُوَ المَلِكُ وَالدارُ الْإِسْلَامُ وَالْبَيتُ الْجَنةُ وَأَنتَ يَا مُحَمدُ رَسُولٌ فَمَنْ أَجَابَكَ دَخَلَ الْإِسْلَامَ وَمَنْ دَخَلَ الْإِسْلَامَ دَخَلَ الْجَنةَ وَمَنْ دَخَلَ الْجَنةَ أَكَلَ مَا فِيهَا

8362 - ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: (ئى مۇھەممەد) سېنىڭ ۋە ئۇممىتىڭنىڭ مىسالى مۇنداق: بىر پادىشاھ بىر يەرنى ماكان

[①] ئەلبانى (2296): ھەسەن ۋە سەھىھ - دېگەن.

قىلىپ، ئۇ يەرگە تۇرالغۇ ياسايدۇ. ئاندىن داستىخان تەييارلاپ، كىشىلەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. (تەكلىپ قىلىنغان) كىشىلەردىن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، قوبۇل قىلمايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ. (بۇ مىسالدىكى) پادىشاھ ـ الله؛ زېمىن ـ ئىسلام؛ ئەلچى ـ (ئى مۇھەممەد!) سەن بولىسەن. كىم سېنىڭ تەكلىپىڭنى قوبۇل قىلسا، ئىسلامغا كىرىدۇ. كىم ئىسلامغا كىرسە، جەننەتكە كىرىدۇ. كىم جەننەتكە كىرسە، جەننەتتىكى نازۇ ـ نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولىدۇ[1].

(تىرمىزى: 3020)

8363 ـ عن عَبْد اللهِ بْنَ هِشَامٍ قَالَ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ آخِذٌ بِيَدِ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ يَا رَسُولَ اللهِ لَأَنتَ أَحَب إِلَي مِنْ كُل شَيْءٍ إِلا مِنْ نَفْسِي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ حَتى أَكُونَ أَحَب إِلَيْكَ مِنْ نَفْسِكَ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ فَإِنهُ الْآنَ وَاللهِ لَأَنتَ أَحَب إِلَي مِنْ نَفْسِي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْآنَ يَا عُمَرُ.

8363 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۆمەر:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ماڭا ئۆز نەپسىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈكسەن، ـ دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاكى مەن ساڭا ئۆز جېنىڭدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك بولمىغىچە (ئىمانىڭ كامىل) بولمايدۇ، ـ دېدى. ئۆمەر دەرھال:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن شەكسىز قەسەم قىلىمەنكى، سەن ھازىر ماڭا ئۆز نەپسىمدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (537): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى ئۆمەر! مانا ئەمدى (ئىمانىڭ كامىل) بولدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6632)

8364 ـ عن أُبي هُرَيْرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ أَحَادِيثَ مِنْهَا وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ فِي يَدِهِ لَيَأْتِين عَلَى أَحَدِكُمْ يَوْمٌ وَلَا يَرَانِي ثُم لَأَنْ يَرَانِي أَحَب إِلَيْهِ مَنْ أَهْلِهِ وَمَالِهِ مَعَهُمْ.

8364 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن مۇنداق قەسەم قىلىمەن: سىلەرگە شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلىدۇكى، مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشىڭلار سىلەرگە ئائىلەڭلار ۋە پۇل ـ مېلىڭلاردىنمۇ سۆيۈملۈكرەك بولىدۇ».

(مۇسلىم: 2364)

8365 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ إِلا وَقَدْ وُكلَ بِهِ قَرِينُهُ مِنْ الْجِن قَالُوا وَإِياكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ وَإِيايَ إِلا أَن اللهَ أَعَانَنِي عَلَيْهِ فَأَسْلَمَ فَلَا يَأْمُرُنِي إِلا بِخَيْرٍ

8365 ــ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەر بىرىڭلارغا بىردىن جىن ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن مۇئەككەل قىلىنغان، ـ دېدى. ساھابىلار:

ــ سىزگىمۇ شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ماڭىمۇ شۇنداق. لېكىن الله ماڭا ياردەم بەرگەچكە ئۇ مۇسۇلمان بولدى. شۇڭا ئۇ مېنى پەقەت ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2814)

8366 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله ﷺ فضلت على الأنبياء بخصلتين كان شيطاني كافرا فأعانني الله عليه حتى أسلم ونسيت الخصلة الأخرى.

8366 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ باشقا پەيغەمبەرلەردىن ئىككى خىسلەتتە ئارتۇقچىلىقىم بار: بىرى، ماڭا مۇئەككەل قىلىنغان شەيتان كاپىر ئىدى، ئۇ مۇسۇلمان بولغۇچە الله ماڭا ياردەم بېرىپ تۇردى». راۋىي: يەنە بىر خىسلەتنى ئۇنتۇپ قالدىم، ـ دېگەن[1].

(بەززار: 2384)

8367 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا مِنْ أَحَدٍ يُسَلمُ عَلَي إِلا رَد اللهُ عَلَي رُوحِي حَتى أَرُد عَلَيْهِ السلَامَ.

8367 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ماڭا سالام يوللايدىكەن، مېنىڭ ئۇنىڭغا سالام قايتۇرۇشۇم ئۈچۈن الله مېنىڭ روھىمنى قايتۇرىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2041)

8368 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ لَما كَانَ الْيَوْمُ الذِي دَخَلَ فِيهِ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ أَضَاءَ مِنْهَا كُل شَيْءٍ فَلَما كَانَ الْيَوْمُ الذِي مَاتَ فِيهِ أَظْلَمَ مِنْهَا كُل شَيْءٍ وَلَما نَفَضْنَا عَنْ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْأَيْدِي وَإِنا لَفِي دَفْنِهِ حَتى أَنْكَرْنَا قُلُوبَنَا.

8368 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كىرگەن كۈنى، ھەممە نەرسە يورۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ۋاپات بولغان كۈنى، ھەممە نەرسە قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

[1] ھەيسەمى (14009): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبراھىم ئىبنى سىرمە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1795): ھەسەن، ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنى تېخى دەپ نە قىلماي تۇرۇپ، دىللىرىمىز ئۆزگىرىشكە باشلىدى[1].

(تىرمىزى: 3697)

8369 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَلَا قَوْلَ اللهِ عَز وَجَل فِي إِبْرَاهِيمَ رَب إِنهُن أَضْلَلْنَ كَثِيرًا مِنْ الناسِ فَمَنْ تَبِعَنِي فَإِنهُ مِني الْآيَةَ وَقَالَ عِيسَى عَلَيْهِ السلَام إِنْ تُعَذبْهُمْ فَإِنهُمْ عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ فَرَفَعَ يَدَيْهِ وَقَالَ اللهُم أُمتِي أُمتِي وَبَكَى فَقَالَ اللهُ عَز وَجَل يَا جِبْرِيلُ اذْهَبْ إِلَى مُحَمدٍ وَرَبكَ أَعْلَمُ فَسَلْهُ مَا يُبْكِيكَ فَأَتَاهُ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلَام فَسَأَلَهُ فَأَخْبَرَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَا قَالَ وَهُوَ أَعْلَمُ فَقَالَ اللهُ يَا جِبْرِيلُ اذْهَبْ إِلَى مُحَمدٍ فَقُلْ إِنا سَنُرْضِيكَ فِي أُمتِكَ وَلَا نَسُوءُكَ.

8369 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبراھىم ھەققىدىكى: الله پەرۋەردىگارىم! ئۇلار (يەنى بۇتلار) نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازدۇردى، كىمكى ماڭا ئەگەشكەن ئىكەن، ئۇ مېنىڭ دىنىمدىدۇر [2] دېگەن ئايەت بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى: ئى الله! ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن [3] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى الله! ئۇممىتىم، ئۇممىتىم» دەپ يىغلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن الله تائالا:

[1] ئەلبانى (2861): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئىبراھىم، 36 ـ ئايەت.

[3] سۈرە مائىدە، 118 ـ ئايەت.

ــ ئى جىبرىئىل! مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بارغىن. ھالبۇكى، الله ئۇنىڭ ھالىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن نېمىشقا يىغلاۋاتقىنىنى سورىغىن؟ ـ دېدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىلغا يۇقىرىقى سۆزىنى ئېيتتى. الله تائالا:

ـ ئى جىبرىئىل! مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: ”بىز سېنى ئۈممىتىڭ ھەققىدە رازى قىلىمىز، سېنى غەم ــ قايغۇدا قالدۇرمايمىز“ دېگىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 202)

8370 ـ عن عمار بن ياسر قال قلت يا رسول الله هل قارفت شيئا مما قارف أهل الجاهلية قال لا وقد كنت على موعدين أما أحدهما فغلبتني عيني وأما الآخر فشغلتني عنه سامر القوم ولفظ الأوسط: أنهم سألوا رسول الله ﷺ هل أتيت من النساء حراما في الجاهلية.

8370 ـ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن جاھىلىيەت دەۋرىدە ھارام ئىش قىلىپ باققانمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن (بۇ ھەقتە) ئىككى قېتىم ۋەدىلەشكەن، بىرىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن، يەنە بىرىدە قۇرەيشنىڭ كېچىلىك سورۇنى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قاپتىمەن، ـ دېدى[1].

(«ئەلسەغىر»: 921؛ «ئەلئەۋسەت»: 7615)

[1] ھەيسەمى (13865): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغانلار بار، ـ دېگەن.

8371 ـ عن عمر بن الخطاب رضي الله عنه قال قال رسول الله ﷺ لما أذنب آدم ﷺ الذنب الذي أذنبه رفع رأسه إلى العرش فقال أسألك بحق محمد ألا غفرت لي فأوحى الله إليه وما محمد ومن محمد فقال تبارك اسمك لما خلقتني رفعت رأسي إلى عرشك فإذا فيه مكتوب لا إله إلا الله محمد رسول الله فعلمت أنه ليس أحد أعظم عندك قدرا ممن جعلت اسمه مع اسمك فأوحى الله عز وجل إليه يا آدم إنه آخر النبيين من ذريتك وإن أمته آخر الأمم من ذريتك ولولاه يا آدم ما خلقتك.

8371 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەزرىتى ئادەم گۇناھ سادىر قىلىپ سالغاندا (يەنى چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ سېلىپ، جەننەتتىن چىقىرىلغاندا)، بېشىنى ئەرش تەرەپكە كۆتۈرۈپ: ”ئى الله! سەندىن مۇھەممەدنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن سورايمەنكى، مېنى كەچۈرىۋەتكىن!“ دېدى. الله ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ: ”مۇھەممەد دېگەن كىم؟“ دېگەنىدى، ھەزرىتى ئادەم: ”سەن نامى ئۇلۇغ زاتسەن. مېنى ياراتقاندا، بېشىمنى ئەرش تەرەپكە كۆتۈرىۋىدىم، ئۇنىڭدا: لائىلاھە ئىللاللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ ـ دېگەن يېزىقنى كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن، دەرگاھىڭدا ئىسمى سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن بىللە يېزىلغان بىر زاتنىمۇ ئۇلۇغ شەخسنىڭ يوقلۇقىنى بىلدىم“ دېدى. الله ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ: ”ئى ئادەم! ئۇ سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن بولغان ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر، ئۇنىڭ ئۇممىتى سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن بولغان ئاخىرقى ئۇممەتتۇر. ئۇ بولمىغان بولسا، سېنى ياراتمىغان بولاتتىم“ دېدى»[①].

(«ئەلسەغىر»: 992: «ئەلئەۋسەت: 6502)

8372 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ أَتانِي جِبْرِيلُ فَقَالَ إِن رَبي وَرَبكَ يَقُولُ لَكَ كَيْفَ رَفَعْتُ ذِكْرَكَ قَالَ اللهُ أَعْلَمُ قَالَ إِذَا ذُكِرْتُ ذُكِرْتَ مَعِي.

[①] ھەيسەمى (13917): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغانلار بار، ـ دېگەن.

8372 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جىبرىئىل يېنىمغا كېلىپ، مۇنداق دېدى: ”مېنىڭ (پەرۋەردىگارىم) ۋە سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ساڭا: سېنىڭ نامىڭنى قايسى مەرتىۋىگە كۆتۈردۈم؟ ـ دېدى“. مەن: ”الله ئۆزى بىلگۈچىدۇر“ دېگەنىدىم، جىبرىئىل مۇنداق دېدى: ”الله: مەن زىكىر قىلىنسام، سەنمۇ زىكىر قىلىنىسەن (يەنى شۇ مەرتىۋىگە كۆتۈردۈم)، ـ دېدى“»[1].

(مەۋسىلى: 1380)

---

[1] ھەيسەمى (13922): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرى، چاچلىرى، پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى، سۆزلىرى، تەرلىشى، شىجائىتى ۋە ئەخلاقلىرى

8373 ـ عن إِبْرَاهِيم بْنُ مُحَمدٍ مِنْ وَلَدِ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ كَانَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ إِذَا وَصَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَمْ يَكُنْ بِالطوِيلِ الْمُمغِطِ وَلَا بِالْقَصِيرِ الْمُتَرَددِ وَكَانَ رَبْعَةً مِنْ الْقَوْمِ وَلَمْ يَكُنْ بِالْجَعْدِ الْقَطَطِ وَلَا بِالسبِطِ كَانَ جَعْدًا رَجِلًا وَلَمْ يَكُنْ بِالْمُطَهمِ وَلَا بِالْمُكَلْثَمِ وَكَانَ فِي الْوَجْهِ تَدْوِيرٌ أَبيض مُشْرَبٌ أَدْعَجُ الْعَيْنَيْنِ أَهْدَبُ الْأَشْفَارِ جَلِيلُ الْمُشَاشِ وَالْكَتَدِ أَجْرَدُ ذُو مَسْرُبَةٍ شَثْنُ الْكَفيْنِ وَالْقَدَمَيْنِ إِذَا مَشَى تَقَلعَ كَأَنمَا يَمْشِي فِي صَبَبٍ وَإِذَا الْتَفَتَ الْتَفَتَ مَعًا بَيْنَ كَتِفَيْهِ خَاتَمُ النُبوةِ وَهُوَ خَاتَمُ النبِيينَ أَجْوَدُ الناسِ كَفا وَأَشْرَحُهُمْ صَدْرًا وَأَصْدَقُ الناسِ لَهْجَةً وَأَلْيَنُهُمْ عَرِيكَةً وَأَكْرَمُهُمْ عِشْرَةً مَنْ رَآهُ بَدِيهَةً هَابَهُ وَمَنْ خَالَطَهُ مَعْرِفَةً أَحَبهُ يَقُولُ نَاعِتُهُ لَمْ أَرَ قَبْلَهُ وَلَا بَعْدَهُ مِثْلَهُ.

8373 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەك ئېگىزمۇ ئەمەس، بەك پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي ئىدى. چېچى بەك بۇدۇرمۇ ئەمەس، بەك تۈزمۇ ئەمەس ئىدى. يۈزى بەك گۆشلۈكمۇ ئەمەس، يۇمىلاق، رەڭگى قىزغۇچراق، نۇرانە، كۆزىنىڭ قارىچۇقى تۇم قارا، قېشى قويۇق، پېشانىسى كەڭ، بەستلىك، بەدىنى تۈكلۈك، پۇت ــ قوللىرىنىڭ ئالقانلىرى چوڭ ئىدى. يولدا خۇددى ئېگىز بىر يەردىن چۈشۈۋاتقاندەك ئالدىغا ئېگىلىپ ماڭاتتى. بۇرۇلسا بىراقلا بۇرۇلاتتى. ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار ئىدى. سېخىي،

ئەپۈچان، كەڭ قورساق، تىلى پاساھەتلىك، ئەڭ راستچىل، ئەڭ مۇلايىم ۋە خۇشپېئىل ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئادەمنى سۈر باساتتى. ئەمما ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئالاقە قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دوست تۇتۇپ قالاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك ئادەمنى بۇرۇنمۇ، كېيىنمۇ كۆرۈپ باقمىدىم[①].

(تىرمىزى: 3638)

8374 ـ عن أَنس بْنَ مَالِكٍ يَصِفُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَانَ رَبْعَةً مِنْ الْقَوْمِ لَيْسَ بِالطوِيلِ وَلَا بِالْقَصِيرِ أَزْهَرَ اللوْنِ لَيْسَ بِأَبْيَضَ أَمْهَقَ وَلَا آدَمَ لَيْسَ بِجَعْدٍ قَطَطٍ وَلَا سَبْطٍ رَجِلٍ أُنزِلَ عَلَيْهِ وَهُوَ ابْنُ أَرْبَعِينَ فَلَبِثَ بِمَكةَ عَشْرَ سِنِينَ يُنْزَلُ عَلَيْهِ وَبِالْمَدِينَةِ عَشْرَ سِنِينَ وَقُبِضَ وَلَيْسَ فِي رَأْسِهِ وَلِحْيَتِهِ عِشْرُونَ شَعَرَةً بَيْضَاءَ

8374 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بويى ھەددىدىن ئارتۇق ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي ئىدى. رەڭگى ئاپئاقمۇ ئەمەس، بۇغداي ئۆڭمۇ ئەمەس، نۇرلۇق ئىدى. چېچى بۇدۇرمۇ ئەمەس، تۈپتۈزمۇ ئەمەس، دولقۇنسىمان ئىدى. 40 يېشىدا الله ئۇنىڭغا ۋەھىي قىلدى، مەككىدە ئون يىل، مەدىنىدە ئون يىل تۇردى. اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن 60 ياشتىن ئاشقاندا، ئالەمدىن ئۆتتى. ۋاپات بولغان چاغدا، چاچ ۋە ساقىلىدىكى ئاق 20 تالمۇ چىقمايتتى.

(بۇخارى: 3547)

8375 ـ عن جَابِر بْنَ سَمُرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَلِيعَ الْفَمِ أَشْكَلَ الْعَيْنِ مَنْهُوسَ الْعَقِبَيْنِ قَالَ قُلْتُ لِسِمَاكٍ مَا ضَلِيعُ الْفَمِ قَالَ عَظِيمُ الْفَمِ قَالَ قُلْتُ مَا أَشْكَلُ الْعَيْنِ قَالَ طَوِيلُ شَق الْعَيْنِ قَالَ قُلْتُ مَا مَنْهُوسُ الْعَقِبِ قَالَ قَلِيلُ لَحْمِ الْعَقِبِ.

[①] ئەلبانى (748): زەئىپ. ـ دېگەن.

8375 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېغىزى چوڭ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن ۋە سونچىقى ۋىجىك ئىدى.

(مۇسلىم: 2339)

8376 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ كَانَ فِي سَاقَيْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُمُوشَةٌ وَكَانَ لَا يَضْحَكُ إِلا تَبسمًا وَكُنتُ إِذَا نَظَرْتُ إِلَيْهِ قُلْتُ أَكْحَلُ الْعَيْنَيْنِ وَلَيْسَ بِأَكْحَلَ.

8376 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پاچىقى ئىنچىكە ئىدى. ئۇ پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا تۇراتتى. ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا، خۇددى سۈرمە تارتقاندەك كۆرۈنەتتى. ھالبۇكى، ئۇ سۈرمە تارتمىغانىدى[1].

(تىرمىزى: 3645)

8377 ـ عن أنسٍ قال كان رسول اللهِ ﷺ أزْهَرَ اللوْن كأن عَرَقَهُ اللؤْلُؤُ إذا مَشَى تَكَفأ ولا مَسِسْتُ دِيبَاجَةً ولا حَرِيرَةً ألْيَنَ من كف رسول اللهِ ﷺ ولا شَمِمْتُ مِسْكَةً ولا عَنْبَرَةً أطْيَبَ من رَائِحَةِ رسول اللهِ ﷺ

8377 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى نۇرلۇق بولۇپ، بەدىنىدىن چىققان تەر خۇددى مەرۋايىتتەك ئىدى. ماڭغاندا ئالدىغا ئېگىلىپرەك ماڭاتتى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالقىنىدىنمۇ يۇمشاق يىپەكنى تۇتۇپ باقمىدىم، ئۇنىڭ ھىدىدىنمۇ خۇشپۇراقلىق ئەنبەرنى ياكى ئىپارنى ۋەياكى باشقا پۇراقنى پۇراپ باقمىدىم.

(مۇسلىم: 2330)

---

[1] ئەلبانى (749): زەئىپ، ـ دېگەن.

8378 ـ عن أنس بْنَ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ شَعَرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَقَالَ كَانَ شَعَرُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجِلًا لَيْسَ بِالسبِطِ وَلَا الْجَعْدِ بَيْنَ أُذُنَيْهِ وَعَاتِقِهِ.

8378 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چېچى بۇدۇرمۇ ئەمەس، تۈزمۇ ئەمەس (دولقۇنسىمان بولۇپ)، مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

(بۇخارى: 5905)

8379 ـ حَدثَنَا أَنَسٌ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَضْرِبُ شَعَرُهُ مَنْكِبَيْهِ

8379 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى ئىككى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

(بۇخارى: 5903)

8380 ـ وفي رواية: إلى أنصاف أذنيه.

8380 ـ بىر رىۋايەتتە: قۇلىقىنىڭ يېرىمىغىچە كېلەتتى، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 2330)

8381 ـ وفي رواية: إِلَى شَحْمَةِ أُذُنَيْهِ.

8381 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە كېلەتتى، ـ دېيىلگەن[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4185)

8382 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ شَعْرُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوْقَ الْوَفْرَةِ وَدُونَ الْجُمةِ.

[①] ئەلبانى (3525): سەھىھ ـ دېگەن.

8382 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى قۇلىقىغىچە كېلەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4187)

8383 ـ عَنْ أُم هَانِئٍ قَالَتْ قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَكةَ وَلَهُ أَرْبَعُ غَدَائِرَ.

8383 ـ ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كەلگەندە، تۆت ئۆرۈم چېچى بار ئىدى[2].

(تىرمىزى: 1781)

8384 ـ عن ابن عَباسٍ قال كان أَهْلُ الْكِتَابِ يَسْدِلُونَ أَشْعَارَهُمْ وكان الْمُشْرِكُونَ يَفْرُقُونَ رؤوسهم وكان رسول اللهِ ﷺ يُحِب مُوَافَقَةَ أَهْلِ الْكِتَابِ فِيمَا لم يُؤْمَرْ بِهِ فَسَدَلَ رسول اللهِ ﷺ نَاصِيَتَهُ ثُم فَرَقَ بَعْدُ.

8384 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھلى كىتاب چاچلىرىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇزۇن قويۇپ بېرەتتى. مۇشرىكلار بولسا، چاچلىرىنى (ئوتتۇرىدىن) ئىككىگە ئايرىۋالاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم الله تەرىپىدىن (مەلۇم شەكىل) بەلگىلەنمىگىچە ئەھلى كىتابقا مۇۋاپىق بولۇشنى ياقتۇراتتى. شۇڭا ماڭلاي چېچىنى دەسلەپ (ئەھلى كىتابلاردەك) قويۇپ بەردى، كېيىن ئىككىگە ئايرىيدىغان بولدى.

(مۇسلىم: 2336)

8385 ـ عَنْ أَنسٍ أَنهُ سُئِلَ عَنْ شَيْبِ النبِى ـ صلى الله عليه وسلم ـ فَقَالَ مَا شَانَهُ اللهُ بِبَيْضَاءَ.

---

[1] ئەلبانى (3527): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1456): سەھىھ ـ دېگەن.

8385 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاق چېچى توغرۇلۇق سورالغاندى، ئۇ مۇنداق دېدى: الله ئۇنىڭ چېچىغا ئاق چۈشۈرمىدى.

(مۇسلىم: 2341)

8386 ـ عن أنس بن مَالِكٍ قال يُكْرَهُ أَنْ يَنْتِفَ الرجُلُ الشعْرَةَ الْبَيضَاءَ من رَأْسِهِ وَلِحْيَتِهِ قال ولم يَخْتَضِبْ رسول اللهِ ﷺ إنما كان الْبَيَاضُ في عَنْفَقَتِهِ وفي الصدْغَيْنِ وفي الرأْسِ نَبْذٌ.

8386 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىشى چاچ ۋە ساقىلىدىكى ئاقنى يۇلۇۋەتسە، يامان بولىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (چېچىنى) بويىمىغان. ئۇنىڭ لېۋىنىڭ ئاستىدا، چېكىسىدە ۋە بېشىدا ئازغىنە ئاق بار ئىدى.

(مۇسلىم: 2341)

8387 ـ عَنْ ابْنِ سِيرِينَ قَالَ قُلْتُ لِعَبِيدَةَ عِنْدَنَا مِنْ شَعَرِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَصَبْنَاهُ مِنْ قِبَلِ أَنسٍ أَوْ مِنْ قِبَلِ أَهْلِ أَنسٍ فَقَالَ لَأَنْ تَكُونَ عِنْدِي شَعَرَةٌ مِنْهُ أَحَب إِلَي مِنْ الدنْيَا وَمَا فِيهَا.

8387 ـ ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبىدەگە:

ـ بىزدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى بار. ئۇ بىزگە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالغان، ـ دېگەنىدىم، ئەبىدە:

ـــ مەن ئىلكىمدە دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ بولغىنىدىن كۆرە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر تال چېچى بولۇپ قېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 170)

8388 ـ جَابِرَ بن سَمُرَةَ يقول كان رسول اللهِ ﷺ قد شَمِطَ مُقَدمُ رَأْسِهِ وَلِحْيَتِهِ وكان إذا أدهن لم يَتَبينْ وإذا شَعِثَ رَأْسُهُ تَبينَ وكان كَثِيرَ شَعْرِ اللحْيَةِ فقال رَجُلٌ وَجْهُهُ

مِثْلُ السَّيْفِ قال لَا بَلْ كان مِثْلَ الشَّمْسِ وَالْقَمَرِ وكان مُسْتَدِيرًا وَرَأَيْتُ الْخَاتَمَ عِنْدَ كَتِفِهِ مِثْلَ بَيْضَةِ الْحَمَامَةِ يُشْبِهُ جَسَدَهُ.

8388 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچىنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان ئىدى. مايلىسا كۆرۈنمەيتتى، چاچلىرى چۇۋۇلسا كۆرۈنۈپ قالاتتى، ساقىلى قويۇق ئىدى. بىر كىشى:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى قىلىچتەكمىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، جابىر:

ـ ياق، قۇياش ۋە ئايدەك يۇمىلاق ئىدى، ـ دېدى. جابىر يەنە مۇنداق دېگەن: مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرگەنىدىم، مۆھۈرنىڭ رەڭگى تېنىنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش ئىدى.

(مۇسلىم: 2344)

8389 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ سَرْجِسَ قَالَ رَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَكَلْتُ مَعَهُ خُبْزًا وَلَحْمًا أَوْ قَالَ ثَرِيدًا قَالَ فَقُلْتُ لَهُ أَسْتَغْفَرَ لَكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نَعَمْ وَلَكَ ثُم تَلَا هَذِهِ الْآيَةَ وَاسْتَغْفِرْ لِذَنْبِكَ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَالْمُؤْمِنَاتِ قَالَ ثُم دُرْتُ خَلْفَهُ فَنَظَرْتُ إِلَى خَاتَمِ النُبوةِ بَيْنَ كَتِفَيْهِ عِنْدَ نَاغِضِ كَتِفِهِ الْيُسْرَى جُمْعًا عَلَيْهِ خِيلَانٌ كَأَمْثَالِ الثآلِيلِ.

8389 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سەرجىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە گۆش ۋە نان (ياكى شورپىغا چىلانغان نان) يېدىم. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! الله ساڭا مەغپىرەت قىلسۇن! ـ دېگەنىدىم، ئۇمۇ:

ـ الله ساڭىمۇ مەغپىرەت قىلسۇن! ـ دېدى. راۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھتىن:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ ھەئە، سەن ئۈچۈنمۇ تىلىدى، ـ دېدى ۋە بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر ــ ئايال مۆئمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن [1]. ئاندىن يەنە مۇنداق دېدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئارقا تەرىپىدە توختىدىم ۋە ئىككى مۈرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان پەيغەمبەرلىك مۆھۈرنى كۆردۈم. ئۇ سول تاغىقىغا يېقىنراق بولۇپ، مۇشتتەك چوڭلۇقتا ئىدى، بەدىنىدە سۆگەلگە ئوخشاش مەڭلەر بار ئىدى.

(مۇسلىم: 2346)

8390 ـ عن جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَلِيعَ الْفَمِ أَشْكَلَ الْعَيْنِ مَنْهُوسَ الْعَقِبَيْنِ.

8390 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېغىزى چوڭ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن، سونچىقى ۋىجىكرەك ئىدى.

(مۇسلىم: 2339)

8391 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ مَا رَأَيْتُ شَيْئًا أَحْسَنَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَأَن الشمْسَ تَجْرِي فِي وَجْهِهِ وَمَا رَأَيْتُ أَحَدًا أَسْرَعَ فِي مِشْيَتِهِ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَأَنمَا الْأَرْضُ تُطْوَى لَهُ إِنا لَنُجْهِدُ أَنْفُسَنَا وَإِنهُ لَغَيْرُ مُكْتَرِثٍ.

8391 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن چىرايلىقراق ئادەمنى كۆرۈپ باقمىدىم. قۇياش گويا ئۇنىڭ يۈزىدە ئاققاندەك بىلىنەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تېز ماڭىدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم. ئۇ ماڭسا، يەر

[1] سۈرە مۇھەممەد، 19 ـ ئايەت.

ئۇنىڭ ئۇچۇن قاتلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىز قىينىلىپ مېڭىۋاتساق، ئۇ (يولنىڭ قىيىنچىلىقىغا) پىسەنت قىلىپمۇ قويمايتتى[1].

(تىرمىزى: 3728)

8392 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا مَشَى كَأَنَّهُ يَتَوَكأُ.

8392 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇددى دۆڭدىن چۈشۈۋاتقان ئادەمدەك ئالدىغا ئېگىلىپرەك ماڭاتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4863)

8393 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَانَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا مَشَى مَشَى أَصْحَابُهُ أَمَامَهُ وَتَرَكُوا ظَهْرَهُ لِلْمَلَائِكَةِ.

8393 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ساھابىلەر يول يۈرگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقا تەرىپىنى پەرىشتىلەرگە بوشىتىپ بېرىپ، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭاتتى[3].

(ئىبنى ماجە: 246)

8394 ـ عن عَائِشَةَ رضي الله عنها أن النبي ﷺ كان يحدث حَدِيثًا لو عَدَّهُ الْعَادُّ لَأَحْصَاهُ.

8394 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىرىنى دانە ـ دانە قىلىپ ئېيتاتتىكى، ئەگەر بىرەر ئادەم (ئۇنىڭ سۆزلىرىنى) سانىۋالاي دېسە، بىمالال سانالايتتى.

(بۇخارى: 3567)

[1] ئەلبانى (750): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4070): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (200): سەھىھ ـ دېگەن.

8395 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا قَالَتْ أَلَا يُعْجِبُكَ أَبو فُلَانٍ جَاءَ فَجَلَسَ إِلَى جَانِبِ حُجْرَتِي يُحَدثُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُسْمِعُنِي ذَلِكَ وَكُنتُ أُسَبحُ فَقَامَ قَبلَ أَنْ أَقْضِيَ سُبحَتِي وَلَوْ أَدْرَكْتُهُ لَرَدَدْتُ عَلَيْهِ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَكُنْ يَسْرُدُ الْحَدِيثَ كَسَرْدِكُمْ.

8395 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ پالانىغا قارىمامسەن! ھۇجرامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن توختىماي ھەدىس بايان قىلدى، مەن نەفلە ناماز ئوقۇۋاتاتتىم. نامىزىمنى ئوقۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى كېتىپ قالدى. ئۇلگۇرگەن بولسام، ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگەن بولاتتىم. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى سىلەرگە ئوخشاش ئارقا ـ ئارقىدىن قىلمايتتى.

(بۇخارى: 3568)

8396 ـ وفي رواية أخرى: كان أبو هُرَيرَةَ يحدث وَيَقُولُ اسْمَعِي يا رَبةَ الْحُجْرَةِ اسْمَعِي يا رَبةَ الْحُجْرَةِ وَعَائِشَةُ تُصَلي فلما قَضَتْ صَلَاتَهَا قالت لِعُرْوَةَ....

8396 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەدىس سۆزلەپ بېرىپ:

ــ ئەي ھۇجرا ئىگىسى (يەنى ئائىشە)، سۆزۈمنى ئاڭلىغىن! ئەي ھۇجرا ئىگىسى، سۆزۈمنى ئاڭلىغىن! ـ دەيتتى. ئائىشە ئۇ چاغدا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۋەگە مۇنداق دېدى: ... (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن ئوخشاش).

(مۇسلىم: 2493)

8397 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعِيدُ الْكَلِمَةَ ثَلَاثًا لِتُعْقَلَ عَنْهُ.

8397 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن بىر سۆزنى ئۈچ قېتىم قايتىلايتتى[1].

(تىرمىزى: 3640)

8398 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَحِمَهَا اللهُ قَالَتْ كَانَ كَلَامُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَلَامًا فَصْلًا يَفْهَمُهُ كُل مَنْ سَمِعَهُ.

8398 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى ئوچۇق بولۇپ، ئاڭلىغانلىكى ئادەم چۈشىنەلەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4839)

8399 ـ عَنْ يُوسُفَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَلَامٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا جَلَسَ يَتَحَدثُ يُكْثِرُ أَنْ يَرْفَعَ طَرْفَهُ إِلى السمَاءِ.

8399 ـ يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىمەكچى بولۇپ ئولتۇرغاندا، پات ـ پات ئاسمانغا قاراپ قوياتتى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 4837)

8400 ـ عن رَجُل مِنْ بَنِي حُرَيْشٍ قَالَ كُنتُ مَعَ أَبِي حِينَ رَجَمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَاعِزَ بْنَ مَالِكٍ فَلما أَخَذَتْهُ الْحِجَارَةُ أُرْعِبْتُ فَضَمنِي إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَالَ عَلَي مِنْ عَرَقِ إِبْطِهِ مِثْلُ رِيحِ الْمِسْكِ.

8400 ـ ھۇرەيش ئايمىقىدىن بىر كىشى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مائىز ئىبنى مالىكنى رەجىم قىلغاندا،

[1] ئەلبانى (2879): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (4051): ھەسەن، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1030): زەئىپ، ـ دېگەن.

مەن دادام بىلەن بىللە ئىدىم. چالما ـ كېسەكلەر ئېتىلىشقا باشلانغاندا قورقۇپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى باغرىغا باستى. ئۇنىڭ قولتۇقىدىن مېنىڭ ئۈستىمگە ئىپاردەك خۇش پۇراقلىق تەر ئېقىپ چۈشتى.

(دارىمى: 63)

8401 ـ عَنْ أَنسٍ أن أم سُلَيْمٍ كَانَتْ تَبْسُطُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نِطَعًا فَيَقِيلُ عِنْدَهَا عَلَى ذَلِكَ النطَعِ قَالَ فَإِذَا نَامَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخَذَتْ مِنْ عَرَقِهِ وَشَعَرِهِ فَجَمَعَتْهُ فِي قَارُورَةٍ ثُم جَمَعَتْهُ فِي سُك قَالَ فَلَما حَضَرَ أَنسَ بْنَ مَالِكٍ الْوَفَاةُ أَوْصَى إِلَي أَنْ يُجْعَلَ فِي حَنُوطِهِ مِنْ ذَلِكَ السك قَالَ فَجُعِلَ فِي حَنُوطِهِ.

8401 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، (ئۇنىڭ ئانىسى) ئۇممۇ سۇلەيم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تېرە سېلىنچا سېلىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئاشۇ تېرىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ، چۈشلۈك ئارام ئالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا، ئۇممۇ سۇلەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېلىنچا ئۈستىگە تۆكۈلۈپ قالغان چاچ ۋە تەرلىرىنى يىغىپ، بىر شىشىگە سالاتتى ۋە ئۆزىنىڭ مۇشكى ـ ئەنبىرىگە ئارىلاشتۇراتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا، ئۆز مېيىتىغا ئىشلىتىلىدىغان خۇشبۇي ماددىغا (ئانىسىنىڭ) ئەشۇ مۇشكى ـ ئەنبەرنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇشىنى ۋەسىيەت قىلدى. ئۇنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇندالدى، يەنى ئۇ مۇشكى ـ ئەنبەر سۈرۈلۈپ كېپەنلەندى.

(بۇخارى: 6281)

8402 ـ عن أنسٍ بن مَالِكٍ قال كان النبي ﷺ يَدْخُلُ بَيْتَ أم سُلَيْمٍ فَيَنَامُ على فِرَاشِهَا وَلَيْسَتْ فيه قال فَجَاءَ ذَاتَ يَوْمٍ فَنَامَ على فِرَاشِهَا فَأُتِيَتْ فَقِيلَ لها هذا النبي ﷺ نَامَ في بَيْتِكِ على فِرَاشِكِ قال فَجَاءَتْ وقد عَرِقَ وَاسْتَنْقَعَ عَرَقُهُ على قِطْعَةِ أَدِيمٍ على الْفِرَاشِ

فَفَتَحَتْ عَتِيدَتَهَا فَجَعَلَتْ تُنَشِفُ ذلك الْعَرَقَ فَتَعْصِرُهُ في قَوَارِيرِهَا فَفَزِعَ النبي ﷺ فقال ما تَصْنَعِينَ يا أُم سُلَيْمٍ فقالت يا رَسُولَ اللهِ نَرْجُو بَرَكَتَهُ لِصِبْيَانِنَا قال أَصَبْتِ.

8402 ــ ئەنەس ئىبنىي مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئانام) ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆيىگە كىرەتتى ۋە ئۇ بولماي قالسا، (ئانامنىڭ) ئورنىدا يېتىپ ئۇخلاپ قالاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئۇممۇ سۇلەيم ئۆيدە يوق ئىدى. بىرىپ ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇخلاپ قالدى. ئۇممۇ سۇلەيمگە: ''پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىنىڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ، ئورنىڭدا ئۇخلاپ قالدى'' دېگەن خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ئۇممۇ سۇلەيم دەرھال ئۆيگە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاستىدىكى تېرىنىڭ بىر تەرىپى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇممۇ سۇلەيم تېرىنى ئاستا ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىنى ئەينەك شىشىگە سىقىشقا باشلىدى. چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەي ئۇممۇ سۇلەيم! نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇممۇ سۇلەيم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! تەرىڭنىڭ بالىلىرىمىزغا بەرىكەتلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، بۇ شىشىگە يىغىۋاتىمەن، - دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياخشى قىلىپسەن، - دېدى.

(مۇسلىم: 23331)

8403 - وفي رواية: قالت: هَذَا عَرَقُكَ نَجْعَلُهُ فِي طِيبِنَا وَهُوَ مِنْ أَطْيَبِ الطيبِ.

8403 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، (ئۇممۇ سۇلەيم) مۇنداق دېگەن: بۇ سىنىڭ تەرىڭ. بۇنىڭ ھىدى بەكمۇ ئوبدان بولغاچقا، مۇشكى - ئەنبەرلىرىمىزگە قېتىپ ئىشلىتىمىز.

(مۇسلىم: 2331)

8404 ـ عَنْ قَتَادَةَ قَالَ سَمِعْتُ أَنَسًا يَقُولُ كَانَ فَزَعٌ بِالْمَدِينَةِ فَاسْتَعَارَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَسًا مِنْ أَبِي طَلْحَةَ يُقَالُ لَهُ الْمَنْدُوبُ فَرَكِبَ فَلَما رَجَعَ قَالَ مَا رَأَيْنَا مِنْ شَيْءٍ وَإِنْ وَجَدْنَاهُ لَبَحْرًا.

8404 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەدىنىدە تۇيۇقسىز قورقۇنچلۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تەلھەنىڭ مەندۇپ دەپ ئاتىلىدىغان ئېتىنى ئۆتنە ئېلىپ، (ئەتراپنى چارلاپ كېلىش ئۈچۈن) مىنىپ كەتتى. قايتىپ كېلىپ: «ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق ئىكەن. لېكىن بۇ ئات (خۇددى شامالدەك) بەكمۇ ئۇچقۇر ئىكەن» دېدى.

(بۇخارى: 2627).

8405 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْسَنَ الناسِ وَكَانَ أَجْوَدَ الناسِ وَكَانَ أَشْجَعَ الناسِ وَلَقَدْ فَزِعَ أَهْلُ الْمَدِينَةِ ذَاتَ لَيْلَةٍ فَانْطَلَقَ نَاسٌ قِبَلَ الصوْتِ فَتَلَقاهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَاجِعًا وَقَدْ سَبَقَهُمْ إِلَى الصوْتِ.

8405 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ كېلىشكەن، ئەڭ سېخىي، ئەڭ باتۇر كىشى ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى، مەدىنە خەلقى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. بىر توپ كىشى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى ۋە يولدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن بۇرۇن (ئاۋاز چىققان تەرەپكە) بېرىپ، قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

(مۇسلىم: 2307)

8406 ـ عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْسَنَ الناسِ وَأَشْجَعَ الناسِ وَلَقَدْ فَزِعَ أَهْلُ الْمَدِينَةِ لَيْلَةً فَخَرَجُوا نَحْوَ الصوْتِ فَاسْتَقْبَلَهُمْ النبِي

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ اسْتَبْرَأَ الْخَبَرَ وَهُوَ عَلَى فَرَسٍ لِأَبِي طَلْحَةَ عُرْيٍ وَفِي عُنُقِهِ السيْفُ وَهُوَ يَقُولُ لَمْ تُرَاعُوا لَمْ تُرَاعُوا ثُم قَالَ وَجَدْنَاهُ بَحْرًا أَوْ قَالَ إِنهُ لَبَحْرٌ.

8406 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ باتۇرى ئىدى، بىر كېچىسى، مەدىنە خەلقى تۇيۇقسىز چىققان ئەنسىز ئاۋازدىن قورقۇپ كېتىپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئالدىقاچان بېرىپ، قايتىپ كېلىۋاتاتتى. يولدا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

ـــ ئەنسىرىمەڭلار، ئەنسىرىمەڭلار! ـــ دەپ ۋارقىرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتىغا ياۋىداق مىنىۋالغان بولۇپ، قىلىچىنى بويىنىغا ئېسىۋالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ):

ـ بۇ بەكلا ئۇچقۇر ئات ئىكەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2908)

8407 ـ وفي رواية: فَمَا سُبِقَ بَعْدَ ذَلِكَ الْيَوْمِ.

8407 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: شۇ كۈندىن كېيىن، ھېچكىمنىڭ ئېتى ئۇ ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىدى.

(بۇخارى: 2969)

8408 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنهَا قَالَتْ مَا خُيرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ أَمْرَيْنِ قَط إِلا أَخَذَ أَيْسَرَهُمَا مَا لَمْ يَكُنْ إِثْمًا فَإِنْ كَانَ إِثْمًا كَانَ أَبْعَدَ الناسِ مِنْهُ وَمَا انْتَقَمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِنَفْسِهِ فِي شَيْءٍ قَط إِلا أَنْ تُنْتَهَكَ حُرْمَةُ اللهِ فَيَنْتَقِمَ بِهَا لِلهِ.

8408 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاشتا گۇناھ بولمايدىغانلا بولسا، ئەڭ ئاسىنىنى تاللايتتى.

گۇناھ بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدىن ھەممىدىن بەك يىراق تۇراتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىپ باقمىغان ئەمەس، پەقەت ئاللاھنىڭ چەكلىمىسى دەپسەندە قىلىنسىلا، ئۇ ئىشتا ئاللاھ ئۈچۈن ئۆچ ئالاتتى.

(بۇخارى: 3560)

8409 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا ضَرَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَيْئًا قَـطُّ بِيَدِهِ وَلَا امْرَأَةً وَلَا خَادِمًا إِلا أَنْ يُجَاهِدَ فِي سَبِيلِ اللهِ.

8409 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھ يولىدا جىھادتىن باشقا ۋاقىتتا ئۆز قولى بىلەن بىر نەرسىنى ياكى ئايالى كىشىنى ۋە ياكى خىزمەتچىنى ئۇرۇپ باقمىغان.

(مۇسلىم: 2328)

8410 ـ عن أَنس بن مَالِكٍ قَالَ إِنْ كَانَتْ الْأَمَةُ مِنْ إِمَاءِ أَهْلِ الْمَدِينَةِ لَتَأْخُذُ بِيَـدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَنْطَلِقُ بِهِ حَيْثُ شَاءَتْ.

8410 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنىلىكلەرنىڭ دېدەكلىرىمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنى (بىرەر ئىشىنى ھەل قىلدۇرىۋېلىش ئۈچۈن) خالىغان يېرىگە ئېلىپ بارالايتتى.

(بۇخارى: 6072)

8411 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ إِذَا اسْـتَقْبَلَهُ الرجُلُ فَصَافَحَهُ لَا يَنْزِعُ يَدَهُ مِنْ يَدِهِ حَتى يَكُونَ الرجُلُ يَنْزِعُ وَلَا يَصْرِفُ وَجْهَهُ عَنْ وَجْهِهِ حَتى يَكُونَ الرجُلُ هُوَ الذِي يَصْرِفُهُ وَلَمْ يُرَ مُقَدِّمًا رُكْبَتَيْهِ بَيْنَ يَدَيْ جَلِيسٍ لَهُ.

8411 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، قارشى تەرەپ قولىنى تارتمىغۇچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى تارتمايتتى. شۇنداقلا، قارشى تەرەپ يۈزىنى ئۆرۈمىگۈچە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىنى ئۆرۈمەيتتى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا پۇتىنى سۇنۇپ ئولتۇرمايتتى[①].

(تىرمىزى: 2490)

8412 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ مَا رَأَيْتُ أَحَدًا كَانَ أَرْحَمَ بِالْعِيَالِ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ كَانَ إِبْرَاهِيمُ مُسْتَرْضِعًا لَهُ فِي عَوَالِي الْمَدِينَةِ فَكَانَ يَنْطَلِقُ وَنَحْنُ مَعَهُ فَيَدْخُلُ الْبَيْتَ وَإِنَّهُ لَيُدخَنُ وَكَانَ ظِئْرُهُ قَيْنًا فَيَأْخُذُهُ فَيُقَبِّلُهُ ثُم يَرْجِعُ.

8412 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بالىلارغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ رەھىمدىلرەك بىرىنى كۆرۈپ باقمىدىم. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى) ئىبراھىم (ئانىسى مارىيە بىلەن بىللە) مەدىنىنىڭ بىر يېزىسىدا (تۇراتتى ۋە شۇ يەردە) ئېمىتىلەتتى. بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە باراتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيگە كىرگىنىدە، ئۆي ئىسقا تولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئىبراھىمنىڭ ئىنىكئانىسى تۆمۈرچى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيگە كىرىپلا، ئىبراھىمنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ كېتەتتى، ئاندىن قايتىپ كېلەتتۇق.

(مۇسلىم: 2316)

8413 ـ عَنْ الْأَسْوَدِ قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ مَا كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَصْنَعُ فِي بَيْتِهِ قَالَتْ كَانَ يَكُونُ فِي مِهْنَةِ أَهْلِهِ تَعْنِي خِدْمَةَ أَهْلِهِ فَإِذَا حَضَرَتْ الصلَاةُ خَرَجَ إِلَى الصلَاةِ.

8413 ـ ئەسۋەد ئىبنى يەزىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

---

[①] ئەلبانى (444): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆي ئىچىدە نېمە ئىشلارنى قىلاتتى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى، ئەزان ئاڭلىغان ھامان (مەسجىدكە) چىقىپ كېتەتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 676)

8414 ـ عن ابن عَباسٍ قال كان رسول اللهِ ﷺ لَا يَكِلُ طُهُـورَهُ إلى أحَـدٍ ولا صَدَقَتَهُ التي يَتَصَدقُ بها يَكُونُ هو الذي يَتَوَلاهَا بِنَفْسِهِ.

8414 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارىتىنى ھېچكىمگە ئالدۇرماي، ئۆزى ئالاتتى. سەدىقىلىرىنىمۇ بىرسىگە تاپىلىماي، ئۆزى بىۋاستە قىلاتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 362)

8415 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ جَزْءٍ قَالَ مَا رَأَيْتُ أَحَدًا أَكْثَرَ تَبَسمًا مِـنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

8415 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ئىبنى جەزئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىنمۇ كۆپرەك تەبەسسۇم قىلىدىغان بىرىنى كۆرمىدىم، ـ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ[2].

(تىرمىزى:3641)

8416 ـ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ وَهُوَ يُحَدثُنا كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَجْلِسُ مَعَنَا فِي الْمَجْلِسِ يُحَدثُنَا فَإِذَا قَامَ قُمْنَا قِيَامًا حَتى نَرَاهُ قَدْ دَخَلَ بَعْضَ بُيُوتِ أَزْوَاجِهِ فَحَـدثَنَا يَوْمًا فَقُمْنَا حِينَ قَامَ فَنَظَرْنَا إِلَى أَعْرَابِي قَدْ أَدْرَكَهُ فَجَبَذَهُ بِرِدَائِهِ فَحَمرَ رَقَبَتَهُ قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ وَكَانَ رِدَاءً خَشِنًا فَالْتَفَتَ فَقَالَ لَهُ الْأَعْرَابِي احْمِلْ لِي عَلَى بَعِيرَيَّ هَذَيْنِ فَإِنكَ لَا تَحْمِلُ لِي

[1] ئەلبانى (81): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2880): سەھىھ ـ دېگەن.

مِنْ مَالِكَ وَلَا مِنْ مَالِ أَبِيكَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا وَأَسْتَغْفِرُ اللهَ لَا وَأَسْـتَغْفِرُ اللهَ لَا وَأَسْتَغْفِرُ اللهَ لَا أَحْمِلُ لَكَ حَتى تُقِيدَنِي مِنْ جَبْذَتِكَ الَتِي جَبَذْتَنِي فَكُل ذَلِكَ يَقُولُ لَهُ الْأَعْرَابِي وَاللهِ لَا أُقِيدُكَهَا فَذَكَرَ الْحَدِيثَ قَالَ ثُم دَعَا رَجُلًا فَقَالَ لَهُ احْمِلْ لَهُ عَلَى بَعِيرَيْهِ هَذَيْنِ عَلَى بَعِيرٍ شَعِيرًا وَعَلَى الْآخَرِ تَمْرًا ثُم الْتَفَتَ إِلَيْنَا فَقَالَ انْصَرِفُوا عَلَى بَرَكَةِ اللهِ تَعَالَى

8416 ــ ئەبــۇ ھــۈرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىز بىلەن سورۇندا بىللە ئولتۇرۇپ، سۆز قىلىپ بېرەتتى. ئورنىدىن تۇرسا، بىزمۇ تۇرۇپ تاكى ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكىچە قاراپ تۇراتتۇق. بىر كۈنى، بىزگە سۆز قىلىپ بېرىپ، ئورنىدىن تۇردى، بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇردۇق. قارىساق، بىر ئەئرابى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، تونىنى قاتتىق تارتىپ، مۇبارەك بوينىنى قىزارتىۋەتتى. ئۇ تون قېلىن ھەم يىرىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ئەئرابى:

ـ ماۋۇ تۆگەمگە ئاشلىق يۈكلەپ بەرگىن. سەن ئۇنى ماڭا ئۆزەڭنىڭ ياكى ئاتاڭنىڭ مېلىدىن يۈكلەپ بەرمەيسەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ــ ياق، اللهتىن مەغپىرەت تىلەيمەن. ياق، اللهتىن مەغپىرەت تىلەيمەن. ياق، اللهتىن مەغپىرەت تىلەيمەن. سەن مېنىڭ تونۇمنى تارتىپ بوينۇمنى قىزارتىۋەتكەندەك، مەنمۇ سېنىڭ تونۇڭنى تارتمىغىچە ساڭا ئاشلىق يۈكلەپ بەرمەيمەن، ـ دېدى. ئەئرابى:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۆچ ئېلىشىڭغا يول قويمايمەن، ـ دەپ تۇرىۋالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى چاقىرىپ:

ــ بۇنىڭ تۆگىلىرىدىن بىرىگە ئارپا، يەنە بىرىگە خورما ئارتىپ بەرگىن! ـ دەپ بۇيرىدى، ئاندىن بىزگە بۇرۇلۇپ:

ــ سىلەرمۇ اللهنىڭ بەرىكىتى بىلەن قايتىپ كېتىڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4775)

[1] ئەلبانى (1022): زەئىپ، ـ دېگەن.

8417 ـ عَنْ رَجُلٍ مِنْ الْعَرَبِ قَالَ زَحَمْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ حُنَيْنٍ وَفِي رِجْلِي نَعْلٌ كَثِيفَةٌ فَوَطِئْتُ بِهَا عَلَى رِجْلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَفَحَنِي نَفْحَةً بِسَوْطٍ فِي يَدِهِ وَقَالَ بِسْمِ اللهِ أَوْجَعْتَنِي قَالَ فَبِت لِنَفْسِي لَائِمًا أَقُولُ أَوْجَعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَبِت بِلَيْلَةٍ كَمَا يَعْلَمُ اللهُ فَلَما أَصْبَحْنَا إِذَا رَجُلٌ يَقُولُ أَيْنَ فُلَانٌ قَالَ قُلْتُ هَذَا وَاللهِ الذِي كَانَ مِني بِالْأَمْسِ قَالَ فَانْطَلَقْتُ وَأَنَا مُتَخَوفٌ فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنكَ وَطِئْتَ بِنَعْلِكَ عَلَى رِجْلِي بِالْأَمْسِ فَأَوْجَعْتَنِي فَنَفَحْتُكَ نَفْحَةً بِالسوْطِ فَهَذِهِ ثَمَانُونَ نَعْجَةً فَخُذْهَا بِهَا

8417 ـ بىر ئەئرابىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇنەيىن غازىتىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قىستاپ قويدۇم. پۇتۇمدا قېلىن بىر كەش بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى قولىدىكى قامچا بىلەن يەڭگىل ئۇرۇپ:

ـ بىسمىللاھ، پۇتۇمنى ئاغرىتىۋەتتىڭ، ـ دېدى. شۇ كېچىنى ئۆز ـ ئۆزەمگە كايىغان ھالدا ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزدۇم. كېچىچە قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىر مەن، بىر الله بىلىدۇ. تاڭ ئاتقاندا، بىرەيلەننىڭ:

ـــ پالانى قەيەردە؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چاقىرىۋاتىدۇ، ـ دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم ـ دە:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوقۇم تۈنۈگۈنكى ئىش ئۈچۈن چاقىرىۋاتىدۇ، ـ دېدىم ۋە قورقۇمسىرىغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـــ تۈنۈگۈن پۇتۇمغا دەسسىۋەتكىنىڭدە، مەن سېنى قامچا بىلەن ئۇرغان ئىدىم. شۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن بۇ 80 تۇياق قوينى ئالغىن! ـــ دېدى.

(دارىمى: 72)

8418 ـ عَنْ عِكْرِمَةَ قَالَ قَالَ الْعَباسُ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ لَأَعْلَمَن مَا بَقَاءُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِينَا فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إني رَأَيْتُهُمْ قَدْ آذَوْكَ وَآذَاكَ غُبَارُهُمْ فَلَوْ اتخَذْتَ عَرِيشًا تُكَلمُهُمْ مِنْهُ فَقَالَ لَا أَزَالُ بَيْنَ أَظْهُرِهِمْ يَطَئُونَ عَقِبِي وَيُنَازِعُونِي رِدَائِي حَتى يَكُونَ اللهُ هُوَ الذِي يُرِيحُنِي مِنْهُمْ قَالَ فَعَلِمْتُ أَن بَقَاءَهُ فِينَا قَلِيلٌ.

8418 ـ ئىكرىمە رىۋايەت قىلىدۇكى، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارىمىزدا قانچىلىك ياشايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قوشۇن سېنى بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ چاڭ ـ توزاڭلىرى سېنى قىيناپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭا كەپىدىن بىرنى ياسىتىپ، ئۇلارغا شۇ كەپىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سۆز قىلىپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇلار مېنىڭ پۇتلىرىمغا دەسسەپ، تونلىرىمنى تارتىسىمۇ، تاكى الله مېنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن بىللە تۇرىۋېرىمەن، ـ دېدى. مەن بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئارىمىزدا ئۇزۇن تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدىم.

(دارىمى: 75)

8419 ـ حَدثَنَا سَعِيدُ بْنُ مَنْصُورٍ وَأَبو الربيع قَالَا حَدثَنَا حَمادُ بْنُ زَيْدٍ عَنْ ثَابِتٍ الْبُنَانِي عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ خَدَمْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَشْرَ سِنِينَ وَاللهِ مَا قَالَ لِي أُفا قَط وَلَا قَالَ لِي لِشَيْءٍ لِمَ فَعَلْتَ كَذَا وَهَلا فَعَلْتَ كَذَا.

8419 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمىتىنى ئون يىل قىلدىم. ئۇ ماڭا بىر قېتىممۇ ۋايساپ باقمىدى. ياكى قىلغان ئىشىمغا: «نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟» ۋەياكى: «مۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى؟» دەپ باقمىدى.

(مۇسلىم: 2309)

8420 ـ وفي رواية: قَالَ أَنسٌ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أَحْسَنِ الناس خُلُقًا فَأَرْسَلَنِي يَوْمًا لِحَاجَةٍ فَقُلْتُ وَاللهِ لَا أَذْهَبُ وَفِي نَفْسِي أَنْ أَذْهَبَ لِمَا أَمَرَنِي بِهِ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَخَرَجْتُ حَتى أَمر عَلَى صِبْيَانٍ وَهُمْ يَلْعَبُونَ فِي السوقِ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ قَبضَ بِقَفَايَ مِنْ وَرَائِي قَالَ فَنظَرْتُ إِلَيْهِ وَهُوَ يَضْحَكُ فَقَالَ يَا أُنَيسُ أَذَهَبْتَ حَيْثُ أَمَرْتُكَ قَالَ قُلْتُ نَعَمْ أَنا أَذْهَبُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أَنسٌ وَاللهِ لَقَدْ خَدَمْتُهُ تِسْعَ سِنِينَ مَا عَلِمْتُهُ قَالَ لِشَيْءٍ صَنَعْتُهُ لِمَ فَعَلْتَ كَذَا وَكَذَا أَوْ لِشَيْءٍ تَرَكْتُهُ هَلا فَعَلْتَ كَذَا وَكَذَا

8420 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دېـگەن: پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام ئەخلاق جەھەتتىن ئەڭ ئېسىلى ۋە ئەڭ كامىلى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتتى. مەن:

ـــ ئاللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بارمايمەن، ـ دېدىم. لېكىن كۆڭلۈمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرىغان ئىشقا بارغۇم بار ئىدى. كوچىدا ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ يېنىغا چىقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقامدىن چىقىپ، قولىنى بېشىمغا قويدى. ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانىكەن، ماڭا:

ـ ئەي ئەنەس! مەن بۇيرىغان ئىشقا باردىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ مانا ھازىر ماڭدىم، ـ دېدىم. ئاللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا توققۇز يىل خىزمەت قىلدىم. لېكىن ئۇنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ، مەن قىلغان بىر ئىشقا: «نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟» دېگىنىنى، ياكى قىلمىغان ئىشقا: «بۇنى نېمىشقا قىلمىدىڭ؟» دېگىنىنى بىلمەيمەن.

(مۇسلىم: 2310)

8421 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا صَلى الْغَدَاةَ جَاءَ خَدَمُ الْمَدِينَةِ بِآنِيَتِهِمْ فِيهَا الْمَاءُ فَمَا يُؤْتَى بِإِنَاءٍ إِلا غَمَسَ يَدَهُ فِيهَا فَرُبمَا جَاءُوهُ فِي الْغَدَاةِ الْبَارِدَةِ فَيَغْمِسُ يَدَهُ فِيهَا.

8421 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مەدىنە ئاھالىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى سۇ تولدۇرۇلغان قاچىلارنى كۆتۈرۈپ كېلىشەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن قاچىلارنىڭ ھەممىسىگە (بىر ـ بىرلەپ) قولىنى سېلىپ، ئاندىن تارتىۋالاتتى. ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا ئەتىگەنلىك سوغۇق ھاۋادا كەلسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سوغۇققا قارىماي، قولىنى سۇغا چىلايتتى.

(مۇسلىم: 2324)

8422 ـ عَنْ أَنَسٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْسَنَ الناسِ خُلُقًا وَكَانَ لِي أَخٌ يُقَالُ لَهُ أَبو عُمَيْرٍ قَالَ أَحْسِبُهُ فَطِيمًا وَكَانَ إِذَا جَاءَ قَالَ يَا أَبَا عُمَيْرٍ مَا فَعَلَ النغَيْرُ نُغَرٌ كَانَ يَلْعَبُ بِهِ فَرُبمَا حَضَرَ الصلَاةَ وَهُوَ فِي بَيْتِنَا فَيَأْمُرُ بِالْبِسَاطِ الذِي تَحْتَهُ فَيُكْنَسُ وَيُنْضَحُ ثُم يَقُومُ وَنَقُومُ خَلْفَهُ فَيُصَلي بِنَا.

8422 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەر ئىچىدە ئەخلاقى ئەڭ ياخشى كىشى ئىدى. مېنىڭ ئەبۇ ئۇمەير دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇكام بار بولۇپ، ئۇ دائىم تۇمۇچۇقنىڭ بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئوينايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالسا:

ـ ئەي ئەبۇ ئۇمەير! (تۇمۇچۇقنىڭ بالىسى) نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ ـ دەپ قوياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ ئۆيدىكى چاغلاردا (نەپلە) ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئاستىدىكى بېساتنى تازىلاشقا بۇيرۇيتتى، بېسات تازىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، نامازغا تۇراتتى. بىزمۇ ئۇنىڭ كەينىدە تۇراتتۇق، ئۇ بىزگە ئىمام بولاتتى.

(بۇخارى: 6203)

8423 ـ عَنِ الْحَسَنِ بن عَلِي قال سَأَلْتُ خَالِي هِنْدَ بن أبي هَالَةَ التمِيمِي وكان وَصافًا عن حِلْيَةِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم وأنا اشتهي أَنْ يَصِفَ لي منها شيئا أَتَعَلقُ بِهِ

فقال كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَخْمًا مُفَخمًا يَتلألأُ وَجْهُهُ تَلألُؤَ الْقَمَرِ لَيْلَـةَ الْبَدْرِ أطْوَلَ مِنَ الْمَرْبوعِ وَأَقْصَرَ مِنَ الْمُشَذبِ عَظِيمَ الْهَامَةِ رَجِـلَ الشـعْرِ أن انفَرَقَـتْ عَقِيصَتُهُ فَرَقَ وَإلا فَلا يُجَاوِزُ شَعْرُهُ شَحْمَةَ أذُنَيْهِ إذا هو وفره أزْهَرُ اللوْنِ وَاسِعُ الْجَـبِينِ أزَج الْحَوَاجِبِ سَوَابِغَ في غَيْرِ قَرَنٍ بَيْنَهُمَا عِرْقٌ يُدِرهُ الغضب أقْنى الْعِرْنِينَ له نُورٌ يَعْلُـوهُ يَحْسِبُهُ من يَتَأملْهُ أشَم كَث اللحْيَةِ سَهْلَ الْخَديْنِ ضَلِيعَ الْفَمِ أشْنَبَ مُفَلجَ الأسْنَانِ دَقِيـقَ الْمَسْرُبَةِ كَأن عُنُقَهُ جِيدُ دمية في صَفَاءِ الْفِضةِ مُعْتَدِلَ الْخَلْقِ بَادِنَ مُتَمَاسِكَ سَوَاءَ الْـبَطْنِ وَالصدْرِ عَرِيضَ الصدْرِ بَعِيدَ ما بين الْمَنْكِبَيْنِ ضَخْمَ الْكَرَادِيسِ أنْوَرَ الْمُتَجَرِدِ مَوْصُولَ مـا بين اللبةِ وَالسرةِ بِشَعْرٍ يَجْرِي كالْخَط عَارِيَ الثدْيَيْنِ وَالْبَطْنِ مِما سِـوَى ذلـك أشْـعَرَ الذرَاعَيْنِ وَالْمَنْكِبَيْنِ وأعَالِي الصدْرِ طَوِيلَ الزنْدَيْنِ رَحْبَ الراحَةِ سَـبْطَ الْقَصَـبِ شَـثْنَ الْكَفيْنِ وَالْقَدَمَيْنِ سَائِلَ الأطْرَافِ خُمْصَانَ الأخْمَصَيْنِ مَسِيحَ الْقَدَمَيْنِ يَنْبو عنهما الْمَاءُ إذا زَالَ زَالَ قُلْعًا يَخْطُو تَكَفيًا وَيَمْشِي هَوْنًا ذَرِيعَ الْمِشْيَةِ إذا مَشَى كَأنمَا يَنْحَط من صَـبَبٍ وإذا الْتَفَتَ الْتَفَتَ جميعا خَافِضَ الطرْفِ نَظَرُهُ إلى الأرْضِ أطْوَلُ من نَظَرِهِ إلى السمَاءِ جُل نَظَرِهِ الْمُلاحَظَةُ يَسُوقُ أصْحَابَهُ يَبْدُرُ من لَقِيَ بِالسلامِ قلت صِفْ لي مَنْطِقَهُ قـال كـان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم متواصل الأحْزَانِ دَائِمَ الْفِكْرَةِ لَيْسَتْ له رَاحَةٌ لا يَتَكلمُ في غَيْرِ حَاجَةٍ طَوِيلَ السكت يَفْتَتِحُ الْكَلامَ وَيَخْتِمُهُ بِأشْدَاقِهِ وَيَتَكَلمُ بِجَوَامِعِ الْكَلِمِ فَصْلٌ لا فُضُولَ وَلا تَقْصِيرَ دَمِثَ ليس بِالْجَافِي وَلا الْمُهِينِ يُعَظمُ النعْمَةَ وَإنْ دَقتْ لا يَذِم منها شيئا لا يَذِم ذَوَاقًا وَلا يَمْدَحُهُ وَلا تُغْضِبُهُ الدنْيَا وَلا ما كان لها فإذا تُعُوطِيَ الْحَق B يَعْرِفْهُ أحَدٌ وB يَقُمْ لِغَضَبِهِ شَيْءٌ حتى يَنْتَصِرَ له لا يَغْضَبُ لِنَفْسِهِ وَلا يَنْتَصِرُ لها إذا أشَارَ أشَارَ بِكَفـهِ كُلهَا وإذا تَعَجبَ قَلَبَهَا وإذا تَحَدثَ اتصَلَ بها فَيَضْرِبُ بِبَاطِنِ رَاحَتِهِ الْيُمْنَى بَاطِنَ إبْهَامِـهِ الْيُسْرَى وإذا غَضِبَ أعْرَضَ وَأشَاحَ وإذا فَرِحَ غَض طَرْفَهُ جُل ضَحِكِهِ التبَسم وَيَفْتُرُ عـن مِثْلِ حَب الْغَمَامِ قال فَكَتَمْتُهَا الْحُسَيْنَ زَمَانًا ثُم حَدثْتُهُ فَوَجَدْتُهُ قد سَبَقَنِي إليه فَسَألَهُ عَما سَألْتُهُ عنه وَوَجَدْتُهُ قد سَألَ أبَاهُ عن مَدْخَلِهِ وَمَجْلِسِهِ وَمَخْرَجِهِ وَشَكْلِهِ فلم يَدَعْ منه شيئا قال الْحُسَيْنُ سَألْتُ أبي عن دُخُولِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فقال كـان دُخُولُـهُ لِنَفْسِهِ مَأذُونًا له في ذلك فَكَانَ إذا أوَى إلى مَنْزِلِهِ جَزأ نَفْسَهُ دُخُولِهِ ثَلاثَةَ أجْزَاءٍ جُزْءٌ لِلـهِ

وجزْءٌ لأَهْلِهِ وجزءٌ لِنفْسِهِ ثُم جُزْءٌ جَزءَهُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الناس فَيَرُد ذلك على الْعَامةِ بِالْخَاصـةِ فَلا يَدخِرُ عَنْهُمْ شيئا فَكَانَ من سِيرَتِهِ في جُزْءِ الأُمةِ إِيثَارُ أَهْلِ الْفَضْلِ بِأُذُنِهِ وَقَسمَهُ علـى قَدْرِ فَضْلِهِمْ في الدينِ فَمِنهُمْ ذُو الْحَاجَةِ وَمِنْهُمْ ذُو الْحَاجَتَيْنِ وَمِنْهُمْ ذُو الْحَوَائِجِ فَيَتَشَاغَلُ بِهِمْ فِيمَا أَصْلَحَهُمْ وَالأُمةَ عن مَسْأَلَتِهِ عنه وَإِخْبَارِهِمْ بِالذِي يَنْبَغِي لهم وَيَقُولُ لِيُبَلغَ الشاهِدُ الْغَائِبَ وأَبْلِغُونِي حَاجَةَ من لا يَسْتَطِيعُ إِبْلاغَهَا إِيايَ فإنه من أَبْلَغَ سُلْطَانًا حَاجَةَ مـن لا يَسْتَطِيعُ إِبْلاغَهَا إِياهُ ثَبتَ اللهُ قَدَمَيْهِ يوم الْقِيَامَةِ لا يُذْكَرُ عِنْدَهُ إلا ذَاكَ وَلا يَقْبَلُ من أَحَـدٍ غَيْرِهِ يَدْخُلُونَ رُوادًا وَلا يَفْتَرِقُونَ إلا عن ذَوَاقٍ وَيَخْرُجُونَ أَدِلةً قال فَسَأَلْتُهُ عن مَخْرَجِـهِ كَيْفَ كان يَصْنَعُ فيه فقال كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يَخزن لِسَـانَهُ إلا مِمـا يَعْنِيهِمْ وَيُؤَلفُهُمْ وَلا يُفَرقُهُمْ أو قال يُنَفرُهُمْ فَيُكْرِمُ كَرِيمَ كل قَوْمٍ وَيُوَليهِ عليهم وَيُحَـذرُ الناس وَيَحْتَرِسُ منهم من غَيْرِ أَنْ يَطْوِيَ عن أَحَدٍ بَشَرَهُ وَلا خُلُقَهُ يَتَفَقدُ أَصْحَابَهُ وَيَسْـأَلُ الناس عَما في الناس وَيُحَسنُ الْحَسَنَ وَيُقَويهِ وَيُقَبحُ الْقَبِيحَ وَيُوهِنُهُ مُعْتَـدِلَ الأَمْـرِ غَـيْر مُخْتَلِفٍ لا يَغْفُلُ مَخَافَةَ أَنْ يَغْفُلُوا وَيَمِيلُوا لِكُل حَالٍ عِنْدَهُ عَتَادٌ لا يَقْصُرُ عَنِ الْحَـق وَلا يُجَوزُهُ الذِينَ يَلُونَهُ مِنَ الناس خِيَارُهُمْ أَفْضَلُهُمْ عِنْدَهُ أَعَمهُمْ نَصِيحَةً وَأَعْظَمُهُمْ عِنْدَهُ مَنْزِلَةً أَحْسَنُهُمْ مُوَاسَاةً وَمُؤَازَرَةً فَسَأَلْتُهُ عن مَجْلِسِهِ فقال كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم لا يَجْلِسُ وَلا يَقُومُ إلا على ذِكْرِ اللهِ لا يُوَطنُ الأَمَاكِنَ وينهي عن إِيطَانِهَا وإذا انْتَهَى إلى قَوْمٍ جَلَسَ حَيْثُ يَنْتَهِي بِهِ الْمَجْلِسُ وَيَأْمُرُ بِذَلِكَ وَيُعْطِي كُل جُلَسَائِهِ بنصِيبِهِ لا يَحْسِـبُ جَلِيسُهُ أَن أَحَدًا أَكْرَمُ عليه منه من جَالَسَهُ أو قَاوَمَهُ في حَاجَةٍ صابرة حتى يَكُـونَ هـو الْمُنْصَرِفُ وَمَنْ سَأَلَهُ حَاجَةً B يَرُدهُ إلا با أو بِمَيْسُورٍ مِنَ الْقَوْلِ قد وَسِعَ الناس منه بَسْطُهُ وَخُلُقُهُ فَصَارَ لهم أَبًا وَصَارُوا عِنْدَهُ في الْحَق سَوَاءً مَجْلِسُهُ مَجْلِسُ حِلْمٍ وَحَيَـاءٍ وَصَـبْرٍ وَأَمَانَةٍ لا تُرْفَعُ فيه الأَصْوَاتُ وَلا تُؤْبَنُ فيه الْحُرُمُ وَلا تُثْنَى فَلَتَاتُهُ مُتَعَادِلِينَ يَتَفَاضَلُونَ فيـه بِالتقْوَى مُتَوَاضِعِينَ يُوَقرُونَ الْكَبِيرَ وَيَرْحَمُونَ الصغِيرَ وَيُؤْثِرُونَ ذَوِي الْحَاجَةِ وَيَحْفَظُـونَ الْغَرِيبَ قال قلت كَيْفَ كانت سِيرَتُهُ في جُلَسَائِهِ قال كان رسول اللهِ صلى اللـهُ عليـه وسلم دَائِمَ الْبِشْرِ سَهْلَ الْخَلْقِ لَينَ الْجَانِبِ ليس بِفَظ وَلا غَلِيظٍ وَلا صَخابٍ وَلا فَحـاشٍ وَلا عَيابٍ وَلا مَداحٍ يَتَغَافَلُ عَما لا يَشْتَهِي وَلا يوئس منه وَلا يَخِيبُ فيه قد تَرَكَ نَفْسَهُ من

ثَلاثٍ الْمِرَاءِ وَالإِكْثَارِ وَمِما لا يَعْنِيهِ وَتَرَكَ نَفْسَهُ من ثَلاثٍ كان لا يَذِم أَحَدًا وَلا يُعِيرُهُ وَلا يَطْلُبُ عَوْرَتَهُ وَلا يَتكلمُ إلا فِيمَا رَجَا ثَوَابَهُ إذا تَكلَمَ أَطْرَقَ جُلَسَاؤُهُ كَأَنما على رؤوسهم الطَّيْرُ وإذا سَكَتَ تَكلمُوا وَلا يَتَنَازَعُونَ عِنْدَهُ من تَكلَمَ أَنصَتُوا له حتى يَفْرُغَ حَدِيثُهُمْ عِنْدَهُ حَدِيثُ أَولِيُتُهمْ يَضْحَكُ مِما يَضْحَكُونَ منه وَيَتَعَجبُ مِما يَتَعَجبُونَ منه وَيَصْبِرُ لِلْغَرِيبِ على الْجَفْوَةِ من مَنْطِقِهِ وَمَسْأَلَتِهِ حتى إذا كان أَصْحَابُهُ لَيَسْتَجْلِبُونَهُمْ وَيَقُولُ إذا رَأَيْتُمْ طَالِبَ الْحَاجَةِ يَطْلُبُهَا فَأَرْشَدُوهُ وَلا يَقْبَلُ الثَنَاءَ إلا من مُكَافِئٍ وَلا يَقْطَعُ على أَحَدٍ حَدِيثَهُ.

8423 ــ ھەسەن ئىبنى ئەلى مۇنداق دېگەن: مەن تاغام ھىند ئىبنى ئەبۇھالە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توغرۇلۇق سورايتتىم. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىراي ـ شەكلىنى ئەڭ ياخشى سۈپەتلەپ بېرەلەيدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىراي ـ شەكلىنى سۈپەتلەپ بېرىشىنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن كېلىشكەن، ھەيۋەتلىك، قەدىرلىك زات ئىدى. يۈزى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئوتتۇرا بوي، يۇمىلاق باش، چېچى يۇمشاقمۇ ئەمەس، بۇدۇرمۇ ئەمەس ئىدى. چېچى ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىپ تۇرمىسا، ئۆزى ئايرىمايتتى. چېچى قۇلىقىنى يېپىپ تۇراتتى. نۇرانە، كەڭ پېشانىلىك، ئۆسكىلەڭ قاشلىق ئىدى. ئاچچىقلانسا قاشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تومۇرى بۇرتۇپ چىقاتتى. بۇرنى ئۇزۇن ۋە قاڭشارلىق بولۇپ، پارقىراپ تۇراتتى. كىشى دىققەت قىلمىسا، بۇرنىنىڭ ئۇزۇنلىقى بىلىنمەيتتى. قويۇق ساقاللىق، ئىككى مەڭزى تۈز، ئېغىزى چوڭ، چىشلىرى ئاق، لېكىن سەل ئاراچ، مەيدىسى تۈز، بوينى خۇددى كۈمۈشتەك پارقىراق، كېلىشكەن، بەدەن قۇرۇلمىسى راۋۇرۇس، تېنى چىڭ، قورسىقى ئورۇقراق، كۆكرىكى كەڭ، غوللۇق، بەدىنى پارقىراق، مەيدىسىدە تۆۋەنگە سوزۇلغان يۇمران تۈكلەر بار ئىدى. كۆكرىكى ۋە قورسىقى تۈكسىز، بىلەكلىرى ۋە مۈرىلىرى تۈكلۈك، بىلەكلىرىنىڭ سۆڭەكلىرى ئۇزۇن، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئالىقانلىرى كەڭ، بەدەن ئەزالىرى نۇقسانسىز،

تاپىنىنىڭ ئوتتۇرىسى ئېگىز، پۇتى گۆشسىزرەك، سىلىق ئىدى. چەبدەس ۋە سالماقلىق بىلەن چوڭ - چوڭ قەدەم ئېلىپ، خۇددى ئېگىز يەردىن دۆپۈرلەپ چۈشۈۋاتقاندەك ماڭاتتى. باشقىلارغا ئوغرىلىقچە قارىمايتتى. كۆپىنچە ھاللاردا يەرگە قارايتتى، ئويچان ئىدى، ساھابىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭاتتى. ئۇچرىغان كىشىگە ئاۋۋال سالام بېرەتتى. مەن تاغامغا:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىنى سۈپەتلەپ بەرگىن! — دېگەنىدىم، ئۇ:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە غەمكىن، ئويچان، كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق ئىدى. ئورۇنسىز گەپ قىلمايتتى، كەمسۆز ئىدى. گەپ قىلغاندا، ئېنىق، ئىخچام ئىبارە بىلەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەرنى قىلاتتى. سۆزى دانىمۇ دانە بولۇپ، چۈشىنىشلىك ئىدى. گۈزەل ئەخلاقلىق ئىدى، توڭ، قوپال، ئەدەبسىز ئەمەس ئىدى. ئەڭ كىچىك نازۇ — نېمەتنىمۇ قەدىرلەيتتى. بىر نەرسىنى ھەددىدىن زىيادە ئەيىبلىمەيتتى ياكى مەدھىيىلىمەيتتى. ھەق نۇسرەت تاپمىغۇچە غەزىپى بېسىقمايتتى، لېكىن ئۆزى ئۈچۈن غەزەپلەنمەيتتى. بىر نەرسىگە ئىشارەت قىلغاندا، پۈتۈن ئالقىنى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى. بىر نەرسىدىن تەئەججۈپلەنگەندە، ئالقىنىنى ئۆرۈيتتى. ئاچچىقلانغاندا يۈزىنى باشقا تەرەپكە ئۆرۈۋالاتتى. خۇشال بولغاندا، كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى. كۆپىنچە تەبەسسۇم قىلاتتى، - دېدى.

ئەبۇ ھالە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇش مۇئامىلىسىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان نەرسىدىن ئۆزىنى تارتاتتى. كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتىكى، يىراقلاشتۇرمايتتى. ھەر بىر قەۋمنىڭ ياخشى ئادىمىنى ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇنى باشلىق قىلىپ قوياتتى. كىشىلەرنى تەرىنى تۇرمەي ئاگاھلاندۇراتتى. ساھابىلىرىنى ئىزدەپ تۇراتتى، كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى سوراپ تۇراتتى. ياخشىنى مەدھىيىلەيتتى ۋە ئۇنى

يېتەكلەيتتى. قەبىھ نەرسىنى ياقتۇرمايتتى ۋە ئۇنى تۈۋەن كۆرەتتى. رىئايە قىلاتتىكى، خىلاپلىق قىلغۇچى ئەمەس ئىدى. كىشىلەرنىڭ غەپلەتتە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆزى غەپلەتتە قالمايتتى. ھەرقانداق ئەھۋالغا تەييارلىقى بار ئىدى. ھەقتىن ئۆزىنى تارتمايتتى ۋە ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان كىشىلەر ئەڭ ياخشىلار بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ نەزىرىدە ئەڭ پەزىلەتلىك، ئەڭ ياخشى نەسىھەتچى، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئەڭ ياخشى ھەمدەمچى ۋە ياردەمچى كىشىلەر ئىدى.

ئاندىن ئەبۇھالە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەقەت زىكرى — تەسبىھ بىلەن ئولتۇرۇپ، زىكرى - تەسبىھ بىلەن تۇراتتى. سورۇندا ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە ئورۇن تاللىمايتتى. سۆھبەتكە كەلگەندە، سورۇننىڭ بىكار يېرىدە ئولتۇراتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى. ھەر بىر سۆھبەتدىشىغا ئۆزىگە لايىق ئورۇن بېرەتتى. سۆھبەتداشلىرىنىڭ ھەر بىرى: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ھەممىدىن بەك ھۆرمەتلىدى“ دېگەن تۇيغۇدا بولاتتى. ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن كىشى ئۆزى قايتىپ كەتمىگۈچە، ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى. بىر كىم ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىسا، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى ياكى سىلىق گەپ بىلەن قايتۇراتتى. ئۇنىڭ خۇلقى - مىجەزى ھەممىگە ياققانلىقتىن، ئۇ كىشىلەرگە ئاتىدەك تۇيۇلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەممە كىشى ھەقتە ئالدىدا باراۋەر» دەپ بىلەتتى. كىشىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ نەزىرىدە پەقەت تەقۋالىقى بىلەنلا پەرقلىنەتتى. ئۇنىڭ سۆھبىتى مۇلايىملىق، شەرمى - ھايالىق، سەۋرچانلىق ۋە ئەمىنلىك سۆھبىتى ئىدى. سورۇندا ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولمايتتى، قىلچىلىك يامان گەپلەر قىلىنمايتتى. كىشىلەر بىر - بىرىگە تەقۋالىق بىلەن مېھرى — شەپقەت يەتكۈزەتتى. چوڭلارنى ھۆرمەتلەيتتى، كىچىكلەرگە

شـەپقەتلىك بـولاتتى. ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى چىقاتتى. غېرىپ ــ بىچارىلەرگە ھەمدەمدە بولاتتى.

ئەبـۇ ھـالە يەنە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەرجىمىھالىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېدى:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئوچۇق چىراي، يېقىملىق، مۇلايىم ئىدى. توڭ، قوپال، سۇرەن سالىدىغان، ئەدەبسىز، ھەددىدىن زىيادە ئەيىبلىگۈچى ياكى مەدھىيىلىگۈچى ئەمەس ئىدى. كۆڭلى تارتمىغان نەرسىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ئۆزىنى رىيادىن، كۆپ نەرسە يېغىۋېلىشتىن ۋە ئۆزىگە مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئىشتىن تارتاتتى. شۇنداقلا كىشىلەرنى بىھۇدە ئەيىبلەشتىن، ئۇلارنىڭ ئار ـ نومۇسىغا تېگىشتىن ۋە ساۋابى يوق ئىش توغرۇلۇق سۆزلەپ سېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆز قىلغاندا، ساھابىلەر باشلىرىغا قۇش قونغاندەك جىم تۇرۇشاتتى. رەسۇلۇللاھ توختىغاندا، ئۇلار سۆزلەيتتى. ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا گەپ تالاشمايتتى. كىم رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا سۆزلىسە، ساھابىلەر ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقۇچە سۈكۈتتە تۇراتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرى سۆزلەيتتى. رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنىڭ خۇشاللىقىدىن خۇشال بولاتتى. ئۇلار تەئەججۈبلەنگەن ئىشتىن رەسۇلۇللاھمۇ تەئەججۈبلىنەتتى. غېرىب ــ غۇرۋانىڭ سۆزىدىكى قوپاللىقىغا سەۋر قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىڭلار!» دەيتتى. بىر كىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتمەيتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 155/22)

8424 ـ عَن أَنسٍ، قال: كان رسول الله صلى الله عليه وسلم إذا مر في طريق المدينة وجدوا منه رائحة الطيب وقالوا: مر رسول الله صلى الله عليه وسلم في هذا الطريق.

[1] ھەيسەمى (14026): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

8424 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ يوللىرىدا ماڭسا، كوچىلار مۇشكى ـ ئەنبەرنىڭ ھىدى بىلەن تولۇپ كېتەتتى. (شۇنىڭغا ئاساسەن) بىز: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كوچىدىن ئۆتۈپتۇ“ دەيتتۇق[1].

(مەۋسىلى: 3125؛ بەززار ۋە «ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (14053): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ”بىز رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭ خۇشپۇراق ھىدىدىن بىلىۋالاتتۇق“. ئەبۇ يەئلانىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقا سۈپەتلىرى

8425 ـ عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ قَالَ لَقِيتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قُلْتُ أَخْبِرْنِي عَنْ صِفَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي التوْرَاةِ قَالَ أَجَلْ وَاللهِ إِنهُ لَمَوْصُوفٌ فِي التوْرَاةِ بِبَعْضِ صِفَتِهِ فِي الْقُرْآنِ يَا أَيهَا النبِي إِنا أَرْسَلْنَاكَ شَاهِدًا وَمُبَشرًا وَنَذِيرًا وَحِرْزًا لِلْأُميينَ أَنتَ عَبْدِي وَرَسُولِي سَميْتُكَ المتَوَكلَ لَيْسَ بِفَظ وَلَا غَلِيظٍ وَلَا سَخابٍ فِي الْأَسْوَاقِ وَلَا يَدْفَعُ بِالسيئَةِ السيئَةَ وَلَكِنْ يَعْفُو وَيَغْفِرُ وَلَنْ يَقْبِضَهُ اللهُ حَتى يُقِيمَ بِهِ الْمِلةَ الْعَوْجَاءَ بِأَنْ يَقُولُوا لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَيَفْتَحُ بِهَا أَعْيُنًا عُمْيًا وَآذَانًا صُما وَقُلُوبًا غُلْفًا.

8425 ـ ئەتا ئىبنى يەساردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتىنى ماڭا سۆزلەپ بەرسەڭ، ـ دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ بولىدۇ، ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، تەۋراتتا چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بەزى سۈپەتلىرى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ تەۋراتتىكى سۈپىتى مۇنداق: «ئى پەيغەمبەر! بىز سېنى ھەقىقەتەن گۇۋاھچى، بېشارەتچى، ئاگاھلاندۇرغۇچى ۋە ئەرەبلەرنىڭ دىنىنى قوغدىغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. سەن مېنىڭ بەندەم ۋە رەسۇلۇمسەن، سېنى مۇتەۋەككىل (ﷲقا تەۋەككۇل قىلغۇچى) دەپ ئاتىدىم. (مەن ئەۋەتكەن) ئۇ پەيغەمبەر ئەخلاقسىز، قوپال، بازارلاردا سۈرەن سالغۇچى ئەمەس. ئۇ يامانلىق قىلغانلارغا يامانلىق قىلماي، ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ، ئۇلارنى كەچۈرىۋېتىدۇ. تاكى ئازغۇن خەلق: ”بىر ﷲتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق“ دەپ ئىمان ئېيتىپ، ھەقىقەتنى

كۆرمەس كۆزلىرى، ئاڭلىماس قۇلاقلىرى، پېچەتلەنگەن دىللىرى ئاشۇ سۆز بىلەن ئېچىلمىغۇچە، الله ئۇنى ۋاپات قىلدۇرمايدۇ».
(بۇخارى: 2125)

8426 ـ عن عبد اللهِ بن مَسْعُودٍ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم صِفَتِي أَحْمَدُ الْمُتَوَكلُ ليس بفظ وَلا غَلِيظٍ يجزي بِالْحَسَنَةِ الْحَسَنَةَ وَلا يُكَافِيءُ السيئة مَوْلِدُهُ بِمَكةَ وَمُهَاجَرُهُ طَيْبَةَ وامته الْحَمادُونَ يَأْتزِرُونَ على أَنْصَافِهِمْ وَيُوضُونَ أَطْرَافَهُمْ أَناجِيلُهُمْ في صُدُورِهِمْ يَصُفونَ لِلصلاةِ كما يَصُفونَ لِلْقِتَال قُرْبَانُهُمُ الذي يَتقَرَّبُونَ بِهِ إِلي دِمَاؤُهُمْ رُهْبَانٌ بِاللَّيْلِ لُيوثٌ بِالنهَارِ.

8426 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ سۈپىتىم ئەھمەد مۇتەۋەككىلدۇر. مەن توڭ، قوپال ئەمەسمەن. ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىمەن، يامانلىققا يامانلىق قايتۇرمايمەن. مەككىدە تۇغۇلدۇم، مەدىنىگە ھىجرەت قىلدىم. مېنىڭ ئۈممىتىم ھەمىشە ھەمدۇ سانا ئېيتىدۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ياردەمدە بولىدۇ، ئەتراپىغا ھىدايەت نۇرىنى چېچىپ تۇرىدۇ. قۇرئان ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن ئورۇن ئالغان. ئۇلار نامازدا خۇددى جەڭگە تىزىلغان (ئەسكەرلەر)دەك سەپراس بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ اللهقا يېقىنلىشىدىغان ئىبادىتى جانلىرىنى قۇربان قىلىشتۇر. ئۇلار كېچىلىرى تائەت ـ ئىبادەت قىلىدۇ، كۈندۈزلىرى شىردەك جەڭگىۋارلىق كۆرسىتىدۇ»[1].
(«ئەلكەبىر»: 10046)

8427 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ يُوسُفَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَلَامٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ مَكْتُوبٌ فِي التوْرَاةِ صِفَةُ مُحَمدٍ وَصِفَةُ عِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ يُدْفَنُ مَعَهُ فَقَالَ أَبو مَوْدُودٍ وَقَدْ بَقِيَ فِي الْبَيتِ مَوْضِعُ قَبْرٍ.

---

[1] ھەيسەمى (14018): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

8427 ـ مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇف چوڭ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: تەۋراتتا مۇھەممەد بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ سۈپەتلىرى يېزىلغان بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن دەپنە قىلىنىدۇ. ئەبۇ مەۋدۇد مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە بىر كىشىلىك قەبرە ئورنى بار[①].

(تىرمىزى: 3617)

8428 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ مَا سَمِعْتُ عُمَرَ لِشَيْءٍ قَطُّ يَقُولُ إِنِّي لَأَظُنُّهُ كَذَا إِلَّا كَانَ كَمَا يَظُنُّ بَيْنَمَا عُمَرُ جَالِسٌ إِذْ مَرَّ بِهِ رَجُلٌ جَمِيلٌ فَقَالَ لَقَدْ أَخْطَأَ ظَنِّي أَوْ إِنَّ هَذَا عَلَى دِينِهِ فِي الْجَاهِلِيَّةِ أَوْ لَقَدْ كَانَ كَاهِنَهُمْ عَلَيَّ الرَّجُلَ فَدُعِيَ لَهُ فَقَالَ لَهُ ذَلِكَ فَقَالَ مَا رَأَيْتُ كَالْيَوْمِ اسْتُقْبِلَ بِهِ رَجُلٌ مُسْلِمٌ قَالَ فَإِنِّي أَعْزِمُ عَلَيْكَ إِلَّا مَا أَخْبَرْتَنِي قَالَ كُنْتُ كَاهِنَهُمْ فِي الْجَاهِلِيَّةِ قَالَ فَمَا أَعْجَبُ مَا جَاءَتْكَ بِهِ جِنِّيَّتُكَ قَالَ بَيْنَمَا أَنَا يَوْمًا فِي السُّوقِ جَاءَتْنِي أَعْرِفُ فِيهَا الْفَزَعَ فَقَالَتْ أَلَمْ تَرَ الْجِنَّ وَإِبْلَاسَهَا وَيَأْسَهَا مِنْ بَعْدِ إِنْكَاسِهَا وَلُحُوقَهَا بِالْقِلَاصِ وَأَحْلَاسِهَا قَالَ عُمَرُ صَدَقَ بَيْنَمَا أَنَا نَائِمٌ عِنْدَ آلِهَتِهِمْ إِذْ جَاءَ رَجُلٌ بِعِجْلٍ فَذَبَحَهُ فَصَرَخَ بِهِ صَارِخٌ لَمْ أَسْمَعْ صَارِخًا قَطُّ أَشَدَّ صَوْتًا مِنْهُ يَقُولُ يَا جَلِيحْ أَمْرٌ نَجِيحْ رَجُلٌ فَصِيحْ يَقُولُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ فَوَثَبَ الْقَوْمُ قُلْتُ لَا أَبْرَحُ حَتَّى أَعْلَمَ مَا وَرَاءَ هَذَا ثُمَّ نَادَى يَا جَلِيحْ أَمْرٌ نَجِيحْ رَجُلٌ فَصِيحْ يَقُولُ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ فَقُمْتُ فَمَا نَشِبْنَا أَنْ قِيلَ هَذَا نَبِيٌّ.

8428 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: (ئاتام) ئۆمەر بىرەر ئىش توغرۇلۇق پەرەز قىلسىلا، پەرىزى چوقۇم توغرا چىقاتتى. بىر كۈنى، ئۆمەر (بىر يەردە) ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يېنىدىن كېلىشكەن بىر ئادەم ئۆتتى. ئۆمەر:

— پەرىزىم خاتا چىقمىسىلا، بۇ ئادەم يا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى دىنىدا ئىكەن ياكى ھازىر جاھىلىيەت دىنىدا بولمىسىمۇ، ئىلگىرى جاھىلىيەت دىنىدىكىلەرنىڭ كاھىنى ئىكەن. ئۇ ئادەمنى ئېلىپ

[①] ئەلبانى (743): زەئىپ، ـ دېگەن.

كېلىڭلار! - دېدى. ئۇ ئادەم چاقىرىپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇ ئادەمگە يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىۋىدى. ئۇ ئادەم ئاچچىقلىنىپ:

ـ مۇسۇلمان بىر ئادەمگە بۇنداق سۆزلەرنىڭ قىلىنغانلىقىنى ھېچ كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، - دېدى. ئۆمەر:

ـ ساڭا كەسكىن بۇيرۇق قىلىمەن، ئوچۇق گەپ قىل! ـ دېگەنىدى، ئۇ ئادەم:

ـ (ھەقىقەتەن) مەن جاھىلىيەتتە ئۇلارنىڭ كاھىنى ئىدىم، - دېدى. ئۆمەر ئۇ ئادەمگە:

ـ جىنىڭ ساڭا ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ ئەڭ ھەيران قالارلىقى قايسى ئىدى؟ - دېۋىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ بىر كۈنى بازاردا تۇراتتىم، جىنىم كەلدى. ئۇنى بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقاندەك كۆردۈم. ئاندىن مۇنداق دېدى:

قارىمامسەن جىنلارنىڭ گاڭگىراپ قېلىۋاتقىنىنى،
پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ ئۈمىد ئۈزىۋاتقىنىنى،
تۆگە بىلەن توقۇملىرىنى جابدۇپ (ئىسلامغا) كېتىۋاتقىنىنى؟

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر مۇنداق دېدى:

ـ بۇ ئادەم راست ئېيتتى. مەن ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتاتتىم، بىر ئادەم موزايدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ، بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلىدى. دەل شۇ چاغدا، مەن ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان بىر چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ (ئاۋاز) مۇنداق دېگەنىدى: ھەي ئۇياتسىز! بۇ، نىجاتلىقتا ئېرىشتۈرىدىغان ئىش. پاساھەتلىك بىر ئادەم: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» (بىر اللەتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق) دەۋاتىدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم. نېمە ئىش بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغىچە: ”بۇ ئادەم پەيغەمبەردۇر“ دېگەن گەپ پەيدا بولدى.

(بۇخارى: 3866)

8429 ـ عن جُبَيْرِ بن مُطْعِمٍ قال خَرَجْتُ تَاجِرًا إلى الشامِ في الْجَاهِلِيةِ فلما كنت بِأَدْنَى الشامِ لَقِيَنِي رَجُلٌ من أَهْلِ الْكِتَابِ فقال هل عِنْدَكُمْ رَجُلٌ تَنبأَ قلت نعم قال هـل تَعْرِفُ صُورَتَهُ إذا رَأَيْتَهَا قلت نعم فَأَدْخَلَنِي بَيْتًا فيه صُوَرٌ فلم أَرَ صُورَةَ النبي صلى اللّهُ عليه وسلم فَبَيْنَا أنا كَذَلِكَ إِذْ دخل رَجُلٌ منهم عَلَيْنَا فقال فِيمَ أَنْتُمْ فَأَخْبَرْنَاهُ فَـذَهَبَ بنـا إلى مَنْزِلِهِ فَسَاعَةَ ما دَخَلْتُ نَظَرْتُ إلى صُورَةِ النبي صلى اللّهُ عليه وسلم وإذا رَجُلٌ آخِذٌ بِعَقِبِ النبي صلى اللّهُ عليه وسلم قلت من هذا الرجُلُ الْقَائِمُ على عَقِبِهِ قال إنه B يَكُنْ نَبِـي إلا كان بَعْدَهُ نَبِي إلا هذا فإنه لا نَبِي بَعْدَهُ وَهَذَا الْخَلِيفَةُ بَعْدَهُ وإذا صِفَةُ أبي بَكْرٍ رَضِي اللـهُ عنه

8429 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە تىجارەت قىلىش مەقسىتىدە شامغا باردىم ۋە شامنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئەھلى كىتاب كىشىلىرىدىن بىرىگە ئۇچراپ قالدىم. ئۇ:

ــ ئاراڭلاردا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلغان بىرى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ ئۇنىڭ رەسىمىنى كۆرسەڭ تونۇيالامسەن؟ ـ دېدى. مەن يەنە:

ــ ھەئە، ـ دېدىم. ئۇ مېنى بىر قانچە پارچە رەسىم بار بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىمى يوق ئىدى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇلارنىڭ ئادىمىدىن بىرى يېنىمىزغا كىرىپ كەلدى ۋە:

ــ نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقانىدۇق، ئۇ بىزنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۆيىگە كىرەر ـ كىرمەيلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىمىنى كۆردۈم. لېكىن رەسىمدە بىرەيلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالغانىدى، مەن:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشىنى تۇتۇپ تۇرغان كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇلار:

ـ ئۈنىڭدىن (يەنى رەسۇلۇللاھتىن) كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئەگەر كېلىدىغان بولسا، (پېشىگە ئېسىلىۋالغان) بۇ ئادەم پەيغەمبەر بولاتتى. بۇ ئادەم پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىسى بولىدۇ، ـ دېيىشتى. ئىنچىكىلەپ قارىغۇدەك بولسام، ئۇ ئادەم ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆزى ئىكەن[①].
(«ئەلكەبىر»: 1537؛ «ئەلئەۋسەت»)

8430 ـ عن عبد اللهِ بن سَلامٍ قال إن اللهَ لَما أَرَادَ هُدَى زَيْدِ بن سَعْنَةَ قال زَيْدُ بن سَعْنَةَ ما من عَلامَاتِ النُبوةِ شَيْءٌ إلا وقد عَرَفْتُهَا في وَجْهِ مُحَمدٍ صلى اللهُ عليه وسلم حين نَظَرْتُ إليه إلا اثْنَتَيْنِ B أَخْبُرْهُمَا منه يَسْبِقُ حِلْمُهُ جَهْلَهُ وَلا تَزِيدُ شِدةُ الْجَهْلِ عليـه إلا حِلْمًا فَكُنتُ أَلْطُفُ له لأَنْ أُخَالِطَهُ فَأَعْرِفَ حِلْمَهُ من جَهْلِهِ قال زَيْدُ بن سعنة فَخَـرَجَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يَوْمًا مِنَ الْحُجُرَاتِ وَمَعَهُ عَلِي بن أبي طَالِبٍ رضي اللـهُ عنه فَأَتاهُ رَجُلٌ على رَاحِلَتِهِ كَالْبَدَوِي فقال يا رَسُولَ اللهِ إن بُصْرَى قَرْيَةَ بـ+ فُـلانٍ قـد أَسْلَمُوا وَدَخَلُوا في الإِسْلامِ وَكُنتُ حَدثْتُهُمْ إن أَسْلَمُوا أَتاهُمُ الرزْقُ رَغَدًا وقد أَصَـابَتْهُمْ سَنَةٌ وَشِدةٌ وقُحُوطٌ مِنَ الْغَيْثِ فَأَنا أَخْشَى يا رَسُولَ اللهِ أَنْ يَخْرُجُوا مِنَ الإِسْلامِ طَمَعًـا كما دَخَلُوا فيه طَمَعًا فَإِنْ رَأَيتَ أَنْ تُرْسِلَ إِلَيْهِمْ بِشَيْءٍ تُعِينُهُمْ بِهِ فَعَلْتَ فَنظَرَ إلى رَجُلٍ إلى جَانِبِهِ أُرَاهُ عَلِيا رضي اللهُ عنه فقال يا رَسُولَ اللهِ ما بَقِيَ منه شَيْءٌ قال زَيْدُ بـن سَـعْنَةَ فَدَنَوْتُ إليه فقلت يا ]مد هل لك أَنْ تَبِيعَنِي تَمْرًا مَعْلُومًا من حَائِطِ بـ+ فُلانٍ إلى أَجْـلِ كَذَا وَكَذَا فقال لا يا يَهُودِي وَلَكِني أَبِيعُكَ تَمْرًا مَعْلُومًا إلى أَجْلِ كَذَا وَكَذَا وَلا تُسَـمي حَائِطَ بـ+ فُلانٍ قلت بَلَى فَبَايَعَنِي فَأَطْلَقْتُ هِمْيَانِي فَأَعْطَيْتُهُ ثَمَانِينَ مِثْقَالا من ذَهَبٍ في تَمْرٍ مَعْلُومٍ إلى أَجْلِ كَذَا وَكَذَا فَأَعْطَاهَا الرجُلَ فقال اعْدُ عليهم فَأَغِثْهُمْ بـا فقال زَيْدُ بن سَعْنَةَ فلما كان قبل مَحَل الأَجَلِ بِيَوْمَيْنِ أو ثَلاثٍ أَتيْتُهُ فَأَخَذْتُ بِمَجَامِعِ قَمِيصِهِ وَرِدَائِهِ وَنظَرْتُ إليه بِوَجْهٍ غَلِيظٍ فقلت له أَلا تَقْضِيَنِي يا ]مد حَقي فَوَاللهِ ما عَلِمْتُكُمْ بـ+ عبد الْمُطلِـبِ لَمطُلٌ وَلَقَدْ كان لي بِمُخَالَطَتِكُمْ عَلِمٌ وَنظَرْتُ إلى عُمَرَ وإذا عَيْنَاهُ تَـدُورَانِ في وَجْهِـهِ

[①] ھەيسەمى (13890): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

كالْفَلَكِ الْمُسْتَدِيرِ ثُم رَمَانِي بِبَصَرِهِ فقال يا عَدُو اللهِ أَتقُولُ لِرَسُولِ اللهِ صلى اللهُ عليـه وسلم ما أَسْمَعُ وَتصْنَعُ بِهِ ما أَرَى فَوَالذِي بَعَثَهُ بِالْحَق لَوْلا ما أُحَاذِرُ فوته لَضَرَبْتُ بِسَيْفِي رَأْسَكَ وَرَسُولُ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يَنظُرُ إلى عُمَرَ في سُكُونٍ وَتُؤَدَةٍ ثُم قال يا عُمَـرُ أنا وهو كنا أَحْوَجَ إلى غَيْرِ هذا أَنْ تَأْمُرَنِي بِحُسْنِ الأَدَاءِ وَتَأْمُرَهُ بِحُسْنِ التَبَاعَةِ اذْهَبْ بِهِ يا عُمَرُ واعطه حَقهُ وَزِدْهُ عِشْرِينَ صَاعًا من تَمْرٍ مَكَانَ ما روعته قال زَيْدٌ فَذَهَبَ بِي عُمَـرُ رضي اللهُ عنه فَأَعْطَانِي حَقي وَزَادَنِي عِشْرِينَ صَاعًا من تَمْرٍ فقلت ما هذه الزِيَادَةُ يا عُمَرُ فقال أَمَرَنِي رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَنْ أَزِيدَكَ مَكَانَ ما روعتك قلت وَتَعْرِفُنِي يا عُمَرُ قال لا من أنت قلت أنا زَيْدُ بن سَعْنَةَ قال الْحَبْرُ قلت الْحَبْرُ قال فما دَعَاكَ أَنْ فَعَلْتَ بِرَسُولِ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم ما فَعَلْتَ وَقُلْتَ له ما قُلْتَ قلت يا عُمَرُ B تكُـنْ مـن عَلامَاتِ النُبوةِ شَيْءٌ إلا وقد عَرَفْتُهُ في وَجْهِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم حين نَظَرْتُ إليه إلا اثْنَتَيْنِ B أَخْبُرْهُمَا منه يَسْبِقُ حِلْمُهُ جَهْلَهُ وَلا يَزِيدُهُ الْجَهْلُ عليه إلا حِلْمًـا فَقَـدْ أَخْبَرْتُهُمَا فَأُشْهِدُكَ يا عُمَرُ أني قد رَضِيتُ بِاللهِ رَبا وَبِالإِسْلامِ دِينًا وَبِمُحَمدٍ نَبِيا وَأُشْهِدُكَ أَن شَطْرَ مَالِي وَإِني أَكْثَرُهَا مَالا صَدَقَةٌ على أُمةِ مُحَمدٍ فقال عُمَرُ رضي اللهُ عنه أو على بَعْضِهِمْ فَإِنكَ لا تَسَعُهُمْ قلت أو على بَعْضِهِمْ فَرَجَعَ عُمَرُ وَزَيْدٌ إلى رسول اللهِ صلى اللـهُ عليه وسلم فقال زَيْدٌ أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إلا اللهُ وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ صلى اللـهُ عليه وسلم وَآمَنَ بِهِ وَصَدقَهُ وَبَايَعَهُ وَشَهِدَ معه مَشَاهِدَ كَثِيرَةً ثُم تُوُفي زَيْدٌ في غَزْوَةِ تَبُوكَ مُقْبِلا غير مُدْبِرٍ رَحِمَ اللهُ زَيْدًا.

8430 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەيد ئىبنى سۇئنە اللهنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدە پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەممە ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم، پەقەت ئىككى ئالامەتنى كۆرەلمىدىم. ئۇ بولسىمۇ، تەمكىنلىك تەنتەكلىكنى بېسىپ چۈشۈش ۋە تەنتەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلارغا تېخىمۇ تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىدى. بىر كۈنى، ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھۇجرىلاردىن چىقىپ كەلدى. بىر ئەئرابى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ قەۋمىم ئىسلامغا كىرگەنىدى، مەن ئۇلارغا: ”ئىسلامغا كىرسەڭلار، رىزقىڭلار مول بولىدۇ“ دېگەن ئىدىم. لېكىن ئۇلار قەھەتچىلىككە ئۇچرىدى. ئۇلار ئىسلامغا تەمە قىلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، قەھەتچىلىكنى كۆرۈپ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن. ئۇلارغا ياردەم بولىدىغان بىر نەرسە بەرسەڭ، مەن ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتىم، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنىڭ يۈزىگە قارىدى، مەنچە ئۇ ئەلى بولسا كېرەك، ئۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بەرگۈدەك بىر نەرسە قالمىدى، - دېدى. مەن:

— ئى مۇھەممەد! پالانچىنىڭ بېغىدىن چىقىدىغان خورمىنىڭ مەلۇم مىقدارىنى ماڭا ئالدىن ساتامسەن؟ - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بولىدۇ، بىراق پالانچىنىڭ بېغىدىن چىقىدىغان خورما دەپ باغنى مۇئەييەنلەشتۈرمەيلى، - دېدى. مەن:

— بولىدۇ، - دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، مەن كېلىشكەن خورما ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا 80 مىسقال ئالتۇننى ئالدىن بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇننى مەندىن ئېلىپ ھېلىقى ئادەمگە تۇتقۇزدى ۋە:

— بۇنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقىڭگە ئادىللىق بىلەن تارقىتىپ ھەم ئۇلارغا ياردەم قىلغىن! - دېدى.

مۆھلەت توشۇشتىن ئىككى - ئۈچ كۈن بۇرۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە باشقا بىر تۈركۈم ساھابىلىرى بىلەن بىللە چىقىپ كەلدى. جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئولتۇرۇش ئۈچۈن تام تۈۋىگە كەلدى. مەن ئۇنىڭ يەكتىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ، قاتتىق ھومايدىم - دە:

— ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ھەققىمنى بەرمەمسەن؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئابدۇلمۇتتەلىپ جەمەتى ھەممىشە كىشىلەرنىڭ ھەققىنى بېرىشتە مۇشۇنداق سۆرەلمىلىك قىلىدۇ، - دېدىم. ئاندىن

ئۆمەرگە قارىدىم. ئۇ ماڭا ئۆپكىدەك قىزارغان ھالدا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! پەيغەمبەرگىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلامسەن؟ ئەگەر (بۇ يەردە) ئاللاھنىڭ رەسۇلى بولمىغان بولسا، قىلىچ بىلەن كاللاڭنى چېپىۋەتكەن بولاتتىم، - دېدى.

ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن تەمكىن ۋە سالماق ئىدى. ئۇ ئۆمەرگە:

- ئى ئۆمەر! بىز بۇنىڭدىن باشقىچىرەك مۇئامىلىگە موھتاجمىز. مەسىلەن، مېنى خەقنىڭ ھەققىنى ۋاقتىدا ۋە تولۇق بېرىشكە بۇيرۇغىن، بۇ ئادەمنىمۇ ھەققىنى چىرايلىقچە سوراشقا ئۈندىگىن! ئەي ئۆمەر! بېرىپ ئۇنىڭ ھەققىنى بەرگىن، ئۇنى قورقۇتقانلىقىڭ ئۈچۈن 20 سا خورما ئارتۇق بەر! - دېدى. ئۆمەر مېنى ئېلىپ بېرىپ، ھەققىمنى تولۇق بەرگەندىن سىرت، 20 سا ئارتۇق خورما بەردى. مەن:

- ئەي ئۆمەر! نېمىشقا ئارتۇق بېرىسەن؟ - دەپ سورىسام، ئۆمەر:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارتۇق بېرىشىمنى بۇيرىغان ئىدى، - دېدى. مەن:

- ئەي ئۆمەر! مېنى تونۇمسەن؟ - دېدىم. ئۆمەر:

- ياق، - دېدى.

- مەن زەيد ئىبنى سۇئنە بولىمەن، - دېدىم. ئۆمەر:

- يەھۇدىيلارنىڭ ئالىمى (زەيد)مۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ھەئە، - دېدىم. ئۆمەر:

- ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

— پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ يۈزىدە كۆرۈۋالغانىدىم، پەقەت ئىككى ئالامەتنى كۆرەلمىگەنىدىم. ئۇ بولسىمۇ، تەمكىنلىك تەنتەكلىكنى بېسىپ چۈشۈش ۋە تەنتەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغانلارغا تېخىمۇ تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىمۇ كۆردۈم، ئى ئۆمەر! سېنى گۇۋاھچى قىلىمەنكى، مەن ئاللاھ نىڭ پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە، ئىسلامنىڭ

(ھەقىقىي) دىن ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردىم. مەن سېنى گۇۋاھچى قىلىمەنكى، مال - بايلىقىمنىڭ يېرىمىنى مۇھەممەد ئۇممىتىگە ئاتىۋەتتىم، - دېدىم. ئۆمەر:

- ئۇممەتنىڭ بىر قىسمىغا ئاتىغىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزۈپ بولالمايسەن، - دېدى. مەن:

- ئۇنداقتا، بىر قىسمىغا ئاتاي، - دېدىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاندىن ئۆمەر بىلەن زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "مەن اﷲتىن باشقا ھېچ مەبۇدنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەدنىڭ اﷲنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن" دەپ شاھادەت ئېيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈردى ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشتى. شۇندىن كېيىن، زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن نۇرغۇن غازاتلارغا قاتنىشىپ، تەبۇك غازىتىدا قەھرىمانلارچە شېھىد بولدى. اﷲ زەيدكە رەھمەت قىلغاي[1]!

(«ئەلكەبىر»: 5147)

8431 - عن مُحَمدِ بن كَعْبٍ الْقُرَظِي قال بينا عُمَرُ بن الْخَطابِ رضي اللّهُ عنه قاعد في الْمَسْجِدِ مَر رَجُلٌ في مُؤَخرِ الْمَسْجِدِ فقال رَجُلٌ يا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَتَعْرفُ هذا الْمَار قال لا فَمَنْ هو قال هذا سَوَادُ بن قَارِبٍ وهو رَجُلٌ من أَهْلِ الْيَمَنِ له فِيهِمْ شَرَفٌ وَمَوْضِعٌ وهو الذي أَتاهُ رئية بِظُهُورِ رسول اللهِ صلى اللّهُ عليه وسلم فقال عُمَرُ رضي اللّهُ عنه عَلَي بِهِ فَدُعِيَ له بِهِ قال أنت سَوَادُ بن قَارِبٍ قال نعم قال فَأَنتَ الذي أَتاكَ رِئيُكَ بِظُهُورِ رسول اللهِ صلى اللّهُ عليه وسلم قال نعم قال فَأَنتَ على ما كُنتَ عليه من كِهَانَتِكَ فَغَضِبَ غَضَبًا شَدِيدًا وقال يا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ ما اسْتَقْبَلَنِي بهذا أَحَدٌ مُنْذُ أَسْلَمْتُ فقال عُمَرُ يا سُبْحَانَ اللهِ وَاللهِ ما كنا عليه مِنَ الشرْكِ أَعْظَمُ مِنَ كِهَانَتِكَ أَخْبِرْنِي باتيانك

[1] ھەيسەمى (13898): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

رِئيكَ يِظْهُورِ رسول اللِهِ صلى اللهُ عليه وسلم قال نعم يا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ بَيْنَا انا ذَاتَ لَيْلَةٍ بين النائِمِ وَالْيَقْظَانِ إذْ أَتانِي رِئي فَضَرَبَنِي بِرِجْلِهِ وقال قُمْ يا سَوَادُ بن قَارِبٍ فافْهَمْ وَاعْقِلْ إن كُنتَ تَعْقِلُ إنه قد بُعِثَ رَسُولٌ من لُؤَي بن غَالِبٍ يَدْعُو إلى اللهِ عز وجل وَإِلَى عِبَادَتِهِ ثُم أَنشَأَ يقول:

عَجِبْتُ لِلْجِن وθساسها
وَشَدهَا الْعِيسَ بِأَحْلاسِهَا
تَهْوِي إلى مَكةَ تَبْغِي الْهُدَى
ما خَيرُ الْجِن كَأَنجَاسِهَا
فأرحل إلى الصفْوَةِ من هَاشِمٍ
وَاسْمُ بِعَيْنَيْكَ إلى رَأْسِهَا

قال فلم أَرْفَعْ لِقَوْلِهِ رَأْسًا وَقُلْتُ دَعْنِي أَنَمْ فَإِني أَمْسَيْتُ نَاعِسًا فلما أَنْ كَانَتِ اللَّيْلَةُ الثانِيَةُ أَتانِي فَضَرَبَنِي بِرِجْلِهِ وقال أَلَمْ أَقُلْ لك يا سَوَادُ بن قَارِبٍ قُمْ فَافْهَمْ وَاعْقِلْ إن كُنتَ تَعْقِلُ إنه قد بُعِثَ رَسُولٌ من لُؤَي بن غَالِبٍ يَدْعُو إلى اللهِ عز وجل وَإِلَى عِبَادَتِهِ ثُم أَنشَأَ الْجِني يقول:

عَجِبْتُ لِلْجِن وَتطْلابِهَا
وَشَدهَا الْعِيسَ بِأَقْتَابِهَا
تَهْوِي إلى مَكةَ تَبْغِي الْهُدَى
ما صَادِقُ الْجِن كَكَذابِها
فَارْحَلْ إلى الصفْوَةِ من هَاشِمٍ
ليس قُدَامَاهَا كَأَذْنَابِهَا

قال فلم أَرْفَعْ بِقَوْلِهِ رَأْسًا فلما أَنْ كان اللَّيْلَةُ الثالِثَةُ أَتانِي فَضَرَبَنِي بِرِجْلِهِ وقال أَلَمْ أَقُلْ لك يا سَوَادُ بن قَارِبٍ افْهَمْ وَاعْقِلْ إن كُنتَ تَعْقِلُ إنه قد بُعِثَ رَسُولٌ من لُؤَي بن غَالِبٍ يَدْعُو إلى اللهِ عز وجل وَإِلَى عِبَادَتِهِ ثُم أَنشَأَ الْجِني يقول:

عَجِبْتُ لِلْجِن وَأَخْبَارِهَا

وَشَدهَا الْعِيسَ بِأَكْوَارِهَا
تَهْوِي إلى مَكةَ تَبْغِي الْهُدَى
ما مُؤْمِنُ الْجِن كَكُفارِهَا
فَارْحَلْ إلى الصفْوَةِ من هَاشِمٍ
بين رَوَابِيهَا وأَحْجَارِهَا

فَوَقَعَ في نَفْسِي حُب الإِسْلامِ وَرَغِبْتُ فيه فلما أَصْبَحْتُ شَـدَدْتُ علـى رَاحِلَتِـي فَانْطَلَقْتُ مُتَوَجِّهًا إلى مَكةَ فلما كنت بِبَعْضِ الطريقِ أُخْبِرْتُ أن النبي صلى اللهُ عليه وسلم قد هَاجَرَ إلى الْمَدِينَةِ فَأَتَيْتُ الْمَدِينَةَ فَسَأَلْتُ عَنِ النبي صلى اللهُ عليه وسـلم فَقِيـلَ لي في الْمَسْجِدِ فَانْتَهَيْتُ إلى الْمَسْجِدِ فَعَقَلْتُ نَاقَتِي وإذا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَالناسُ حَوْلَهُ فقلت اسْمَعْ مَقَالَتِي يا رَسُولَ اللهِ فقال أبو بَكْرٍ رضي اللهُ عنه ادْنُهْ ادْنُهْ فلم يَزَلْ بِي حتى صِرْتُ بين يَدَيْهِ فقال هَاتِ فَأَخْبِرْنِي بِإِتْيَانِكَ رِئِيكَ فقلت أَتانِي Ŋي بَعْدَ هُدْءٍ وَرَقْدَةٍ وBَيكُ فِيمَا قد بَلَوْتُ بِكَاذِبِ ثَلاثَ لَيَالٍ قَوْلُهُ كُل لَيْلَةٍ:

أَتاكَ رَسُولٌ من لُؤَي بن غَالِبِ
فَشَمرْتُ من ذَيْلِ الإِزَارِ ووَسطَتْ
بِيَ الذعْلِبُ الْوَجْنَاءُ بين السباسِبِ
فَأَشْهَدُ أَن اللهَ لا رَب غَيْرُهُ
وَأَنكَ مَأْمونٌ على كل غَائِبِ
وَأَنكَ أَدْنَى الْمُرْسَلِينَ وَسِيلَةً
إلى اللهِ يا بن الأَكْرَمِينَ الأَطَايِبِ
فَمُرْنَا بِمَا يَأْتِيكَ يا خَيْرَ من مَشَى
وَإِنْ كان فِيمَا جاء شَيْبُ الذوَائِبِ
وَكُنْ لي شَفِيعًا يوم لا ذُو شَفَاعَةٍ
سِوَاكَ بِمُغْنٍ عن سَوَادِ بن قَارِبِ

قال فَفَرِحَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَأَصْحَابُهُ بِإِسْلامِي فَرَحًا شَدِيدًا حتى رُؤِيَ في وُجُوهِهِمْ قال فَوَثَبَ عُمَرُ رضي اللهُ عنه إليه وَالْتَزَمَهُ قال قد كنت أُحِب أَنْ أَسْمَعَ هذا مِنْكَ.

8431 ــ مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەسجىدتە ئولتۇراتتى، بىر ئادەم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىرەيلەن:

ــ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمنى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۆمەر:

ــ كىم ئۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ ئادەم:

ــ ئۇ سەۋاد ئىبنى قارىب بولىدۇ. ئۇ يەمەنلىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىسىدۇر. بۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېلىشىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەنىدى، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ ئۇنى يېنىمغا ئەكىلىڭلار، ـ دېدى. ئۇ ئادەم چاقىرىپ كېلىندى. ئۆمەر:

ــ سەن سەۋاد ئىبنى قارىبمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. سەۋاد:

ــ ھەئە، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگەن سەنمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، سەۋاد:

ــ شۇنداق، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ يەنە كاھىنلىق قىلىۋاتامسەن؟ ـ دېگەنىدى، سەۋاد بەكمۇ ئاچچىقلاندى ۋە:

ــ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى، ھېچكىم ماڭا بۇنداق گەپنى قىلىپ باقمىغانىدى، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ سۇبھانەللاھ! بىزنىڭ (جاھىلىيەت دەۋردىكى) شېرىك ئەقىدىمىز سېنىڭ كاھىنلىقىڭدىنمۇ ئېغىر (ئەھۋال) ئىدى. بۇ سۆزنىڭ ئاچچىقلىنىپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟ قېنى ئېيتقىنە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن قانداق خەۋەر تاپقانىدىڭ؟ ـ دېدى. سەۋاد:

— بولىدۇ (ئىيتىپ بېرەي). بىر كېچىسى مۇگدەپ ئولتۇرسام، جىنىم يېنىمغا كەلدى ۋە يۈتى بىلەن مېنى تۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئى سەۋاد! ئورنۇڭدىن تۇرغىن. ئەگەر ئەقىلىڭ بولسا، سۆزلىرىمنى ئوبدان ئويلانغىن. لۇئەي ئىبنى غالىب جەمەتىدىن بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلدى. ئۇ الله ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، - دېدى. ئاندىن مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

هەيران قالدىم جىنلارنىڭ ئوغۇرلۇقچە تىڭشىغىنىغا،

ئاق تۆگىلەرنىڭ توقۇملىرىنى توقۇغىنىغا،

مەككىگە ھىدايەت ئۈچۈن ئىنتىلگىنىگە،

جىنىنىڭ ئوبدىنى ئوخشىمايدۇ نىجىسلىرىغا،

ئاتلانغىن سەنمۇ ھاشىمنىڭ ساپ ئەۋلادىغا،

كۆزلىرىڭنى تىككىن ئۇنىڭ چوققىسىغا.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدىم ۋە:

— بەكمۇ ئۇيقۇم بار، مېنى ئۇخلىغىلى قوي! — دېدىم. ئۇ جىن ئىككىنچى كېچىسىمۇ كەلدى ۋە مېنى پۇتى بىلەن تۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئى سەۋاد! مەن ساڭا: ”ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئەگەر ئەقلىڭ بولسا، گېپىمنى ئوبدان ئويلانغىن!“ دېمىگەنمىدىم؟ - دېدى — دە، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

هەيران قالدىم جىنلارنىڭ ئىزدىگىنىگە،

ئاق تۆگىلەرنىڭ توقۇملىرىنى توقۇغىنىغا،

مەككىگە ھىدايەت ئۈچۈن ئىنتىلگىنىگە،

جىنىنىڭ راستچىلى ئوخشىمايدۇ كاززاپلىرىغا،

ئاتلانغىن سەنمۇ ھاشىمنىڭ ساپ ئەۋلادىغا،

باش بولغىنى ئوخشىمايدۇ ئارقىدا قالغىنىغا.

مەن يەنە ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي، بېشىمنى چۆمكەپ ئۇخلاۋەردىم. ئۈچىنچى كېچىسى يەنە كەلدى ۋە مېنى پۇتى بىلەن تۈرتۈپ تۇرۇپ:

ــ ئى سەۋاد! مەن ساڭا: ”ئورنۇڭدىن تۇرغىن، ئەگەر ئەقلىڭ بولسا، گېپىمنى ئوبدان ئويلانغىن!“ دېمىدىممۇ؟ ـ دېدى ــ دە، مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

هەيران قالدىم جىنلارنىڭ ئۈچۈرلىرىغا،
ئاق تۆگىلەرنىڭ توقۇملىرىنى توقۇغىنىغا،
مەككىگە ھىدايەت ئۈچۈن ئىنتىلگىنىگە،
جىننىڭ مۆئمىنى ئوخشىمايدۇ كاپىرلىرىغا،
ئاتلانغىن سەنمۇ ھاشىمنىڭ ساپ ئەۋلادىغا،
قەدەم بېسىپ تۆپىلىكلىرىگە ھەم سايلىرىغا.

شۇنىڭ بىلەن، قەلبىمدە ئىسلام مۇھەببىتى ئويغاندى. زوق ۋە ھاياجان پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چىرمىۋالغانىدى. تاڭ يورۇغاندا، ئۇلىغىمنى تەييارلاپ، مەككىگە قاراپ يول ئالدىم. يېرىم يولدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇدۇل مەدىنىگە يېتىپ كەلدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سورىدىم. ئۇنىڭ مەسجىدتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. مەسجىدكە كىرىپ، تۆگەمنى بىر بۇلۇڭغا توختىتىپ قويدۇم. قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغانىكەن. مەن:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! سۆزلىرىمگە قۇلاق سالغىن! ــ دېدىم. ئەبۇ بەكرى:

ــ رەسۇلۇللاھقا يېقىنراق كەلگىن! ــ دېدى. مەن يېقىنلىشىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قېنى ئېيتە، جىننىڭ ساڭا نېمىلەرنى دېدى؟ ـ دېدى. مەن ئۇنىڭغا مۇنۇ شېئىر بىلەن جاۋاب بەردىم:

تۇرسام چالا ئۇيقىدا كەلدى ماڭا جىنىم،
بۇندىن بۇرۇن سۆزلىمىگەن ئىدى ئۇ ھېچ يالغان،

كەلدى ئۇ ئۇدا ئۈچ كېچە،
لۇئەي ئىبنى غالىپ يۈشتىدىن،
چىقتى بىر پەيغەمبەر دەپ خىتاب قىلىپ،
شۇئان پەشلىرىمنى تۈرۈپ،
ئاتلاندىم يولغا چۆل ـ باياۋانلار ئارا،
گۇۋاھلىــق بېرىمەنكــى اللهتىـــن ئــۆزگە پەرۋەردىگــار يوقتۇر،
ســـەن ھەمـــــمە غەيـــب تاپشـــۇرۇلغان ئەمـــــن پەيغەمبەرسەن،
سەن ھەممە پەيغەمبەرلەرنىڭ اللهقا ئەڭ يېقىنىسەن،
ئى پاك، ئېسىل زاتلارنىڭ پەرزەنتى،
پەرمان قىلغايسەن بىزگە ساڭا كەلگەن ۋەھيىنى،
ئى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى،
بۇيرىۋەرگىن گەر چاچلىرىمىزنى ئاقارتىۋەتسىمۇ،
سەندىن باشقا شاپائەتچىلەر يوق كۈندە،
قىلغايسەن ماڭا شاپائەت، ئى رەسۇل!

پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالام ۋە ســاھابىلەر مېنىــڭ مۇســۇلمان بولغانلىقىمــدىن ئىنتــايىن خۇشــال بولۇشــتى، ئۇلارنىــڭ خۇشــاللىقى يۈزلىرىدىن ئېپادىلىنىپ تۇراتتى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھەزرىتــى ئــۆمەر ئورنىــدىن دەس تــۇرۇپ، ئــۇنى قۇچاقلىدى ۋە:

ـ بۇ سۆزلەرنى سەندىن ئاڭلاشنى بەكمۇ خالايتتىم، ـ دېدى[1].
(«ئەلكەبىر»: 6475)

8432 ـ عن ابن عباس قال حدثني أبو سفيان من فيه إلى في قال انطلقت في المدة التي كانت بيني وبين رسول الله صلى الله عليه وسلم قال فبينا أنا بالشأم إذ جيء

[1] ھەيسەمى (13912): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

بِكِتَابٍ مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى هِرَقْلَ قَالَ وَكَانَ دَحْيَةُ الْكَلْبِي جَاءَ بِهِ فَدَفَعَـهُ
إِلَى عَظِيمِ بُصْرَى فَدَفَعَهُ عَظِيمُ بُصْرَى إِلَى هِرَقْلَ قَالَ فَقَالَ هِرَقْلُ هَلْ هَا هُنَا أَحَدٌ مِنْ قَوْمِ
هَذَا الرجُلِ الذِي يَزْعُمُ أَنهُ نَبِي فَقَالُوا نَعَمْ قَالَ فَدُعِيتُ فِي نَفَرٍ مِنْ قُرَيْشٍ فَـدَخَلْنَا عَلَـى
هِرَقْلَ فَأُجْلِسْنَا بَيْنَ يَدَيْهِ فَقَالَ أَيكُمْ أَقْرَبُ نَسَبًا مِنْ هَذَا الرجُلِ الذِي يَزْعُمُ أَنهُ نَبِي فَقَـالَ
أَبُو سُفْيَانَ فَقُلْتُ أَنَا فَأَجْلَسُونِي بَيْنَ يَدَيْهِ وَأَجْلَسُوا أَصْحَابِي خَلْفِي ثُم دَعَا بِتَرْجُمَانِهِ فَقَالَ
قُلْ لَهُمْ إِني سَائِلٌ هَذَا عَنْ هَذَا الرجُلِ الذِي يَزْعُمُ أَنهُ نَبِي فَإِنْ كَذَبَنِي فَكَذبُوهُ قَالَ أَبُـو
سُفْيَانَ وَايْمُ اللهِ لَوْلَا أَنْ يُؤْثِرُوا عَلَي الْكَذِبَ لَكَذَبْتُ ثُم قَالَ لِتَرْجُمَانِهِ سَلْهُ كَيْفَ حَسَـبُهُ
فِيكُمْ قَالَ قُلْتُ هُوَ فِينَا ذُو حَسَبٍ قَالَ فَهَلْ كَانَ مِنْ آبَائِهِ مَلِكٌ قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ فَهَلْ كُنْتُمْ
تَتهِمُونَهُ بِالْكَذِبِ قَبْلَ أَنْ يَقُولَ مَا قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ أَيَتبِعُهُ أَشْرَافُ الناسِ أَمْ ضُعَفَاؤُهُمْ قَالَ
قُلْتُ بَلْ ضُعَفَاؤُهُمْ قَالَ يَزِيدُونَ أَوْ يَنْقُصُونَ قَالَ قُلْتُ لَا بَلْ يَزِيدُونَ قَالَ هَلْ يَرْتَد أَحَـدٌ
مِنْهُمْ عَنْ دِينِهِ بَعْدَ أَنْ يَدْخُلَ فِيهِ سَخْطَةً لَهُ قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ فَهَلْ قَاتَلْتُمُوهُ قَالَ قُلْتُ نَعَـمْ
قَالَ فَكَيْفَ كَانَ قِتَالُكُمْ إِياهُ قَالَ قُلْتُ تَكُونُ الْحَرْبُ بَيْنَنَا وَبَيْنَهُ سِجَالًا يُصِيبُ مِنا وَنُصِيبُ
مِنْهُ قَالَ فَهَلْ يَغْدِرُ قَالَ قُلْتُ لَا وَنَحْنُ مِنْهُ فِي هَذِهِ الْمُدةِ لَا نَدْرِي مَا هُوَ صَانِعٌ فِيهَا قَـالَ
وَاللهِ مَا أَمْكَنَنِي مِنْ كَلِمَةٍ أُدْخِلُ فِيهَا شَيْئًا غَيْرَ هَذِهِ قَالَ فَهَلْ قَالَ هَذَا الْقَوْلَ أَحَـدٌ قَبْلَـهُ
قُلْتُ لَا ثُم قَالَ لِتُرْجُمَانِهِ قُلْ لَهُ إِني سَأَلْتُكَ عَنْ حَسَبِهِ فِيكُمْ فَزَعَمْتَ أَنهُ فِيكُمْ ذُو حَسَبٍ
وَكَذَلِكَ الرسُلُ تُبْعَثُ فِي أَحْسَابِ قَوْمِهَا وَسَأَلْتُكَ هَلْ كَانَ فِي آبَائِهِ مَلِكٌ فَزَعَمْتَ أَنْ لَا
فَقُلْتُ لَوْ كَانَ مِنْ آبَائِهِ مَلِكٌ قُلْتُ رَجُلٌ يَطْلُبُ مُلْكَ آبَائِهِ وَسَأَلْتُكَ عَنْ أَتْبَاعِهِ أَضُعَفَاؤُهُمْ
أَمْ أَشْرَافُهُمْ فَقُلْتَ بَلْ ضُعَفَاؤُهُمْ وَهُمْ أَتْبَاعُ الرسُلِ وَسَأَلْتُكَ هَلْ كُنْتُمْ تَتهِمُونَهُ بِالْكَـذِبِ
قَبْلَ أَنْ يَقُولَ مَا قَالَ فَزَعَمْتَ أَنْ لَا فَعَرَفْتُ أَنهُ لَمْ يَكُنْ لِيَدَعَ الْكَذِبَ عَلَى الناسِ ثُم يَذْهَبَ
فَيَكْذِبَ عَلَى اللهِ وَسَأَلْتُكَ هَلْ يَرْتَد أَحَدٌ مِنْهُمْ عَنْ دِينِهِ بَعْدَ أَنْ يَدْخُلَ فِيهِ سَـخْطَةً لَـهُ
فَزَعَمْتَ أَنْ لَا وَكَذَلِكَ الْإِيمَانُ إِذَا خَالَطَ بَشَاشَةَ الْقُلُوبِ وَسَأَلْتُكَ هَلْ يَزِيدُونَ أَمْ يَنْقُصُونَ
فَزَعَمْتَ أَنهُمْ يُزِيدُونَ وَكَذَلِكَ الْإِيمَانُ حَتى يَتِم وَسَأَلْتُكَ هَلْ قَاتَلْتُمُوهُ فَزَعَمْـتَ أَنكُـمْ
قَاتَلْتُمُوهُ فَتَكُونُ الْحَرْبُ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ سِجَالًا يَنَالُ مِنْكُمْ وَتَنَالُونَ مِنْهُ وَكَذَلِكَ الرسُلُ تُبْتَلَى
ثُم تَكُونُ لَهُمْ الْعَاقِبَةُ وَسَأَلْتُكَ هَلْ يَغْدِرُ فَزَعَمْتَ أَنهُ لَا يَغْدِرُ وَكَذَلِكَ الرسُلُ لَـا تَغْـدِرُ

وَسَأَلْتُكَ هَلْ قَالَ أَحَدٌ هذَا الْقَوْلَ قَبْلَهُ فَزَعَمْتَ أَنْ لَا فَقُلْتُ لَوْ كَانَ قَالَ هَذَا الْقَوْلَ أَحَدٌ
قَبْلَهُ قُلْتُ رَجُلٌ ائْتَم بِقَوْلٍ قِيلَ قَبْلَهُ قَالَ ثُم قَالَ بِمَ يَأْمُرُكُمْ قَالَ قُلْتُ يَأْمُرُنَا بِالصلَاةِ وَالزكَاةِ
وَالصلَةِ وَالْعَفَافِ قَالَ إِنْ يَكُ مَا تَقُولُ فِيهِ حَقّا فَإِنهُ نَبِي وَقَدْ كُنتُ أَعْلَمُ أَنهُ خَارِجٌ وَلَمْ أَكُ
أَظُنهُ مِنْكُمْ وَلَوْ أَني أَعْلَمُ أَني أَخْلُصُ إِلَيْهِ لَأَحْبَبْتُ لِقَاءَهُ وَلَوْ كُنتُ عِنْدَهُ لَغَسَلْتُ عَنْ قَدَمَيْهِ
وَلَيَبْلُغَن مُلْكُهُ مَا تَحْتَ قَدَمَي قَالَ ثُم دَعَا بِكِتَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَرَأَهُ
فَإِذَا فِيهِ بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ مِنْ مُحَمدٍ رَسُولِ اللهِ إِلَى هِرَقْلَ عَظِيمِ الرومِ سَلَامٌ عَلَى
مَنْ اتبَعَ الْهُدَى أَما بَعْدُ فَإِني أَدْعُوكَ بِدِعَايَةِ الْإِسْلَامِ أَسْلِمْ تَسْلَمْ وَأَسْلِمْ يُؤْتِكَ اللهُ أَجْرَكَ
مَرتَيْنِ فَإِنْ تَوَليْتَ فَإِن عَلَيْكَ إِثْمَ الْأَرِيسِيينَ وَ يَا أَهْلَ الْكِتَابِ تَعَالَوْا إِلَى كَلِمَةٍ سَوَاءٍ بَيْنَنَا
وَبَيْنَكُمْ أَنْ لَا نَعْبُدَ إِلا اللهَ إِلَى قَوْلِهِ اشْهَدُوا بِأَنا مُسْلِمُونَ فَلَما فَرَغَ مِنْ قِرَاءَةِ الْكِتَابِ
ارْتَفَعَتْ الْأَصْوَاتُ عِنْدَهُ وَكَثُرَ اللغَطُ وَأُمِرَ بِنَا فَأُخْرِجْنَا قَالَ فَقُلْتُ لِأَصْحَابِي حِينَ خَرَجْنَا
لَقَدْ أَمِرَ أَمْرُ ابْنِ أَبِي كَبْشَةَ إِنهُ لَيَخَافُهُ مَلِكُ بَنِي الْأَصْفَرِ فَمَا زِلْتُ مُوقِنًا بِأَمْرِ رَسُولِ اللهِ
صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ سَيَظْهَرُ حَتى أَدْخَلَ اللهُ عَلَي الْإِسْلَامَ قَالَ الزهْرِي فَدَعَا هِرَقْلُ
عُظَمَاءَ الرومِ فَجَمَعَهُمْ فِي دَارٍ لَهُ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ الرومِ هَلْ لَكُمْ فِي الْفَلَاحِ وَالرشَدِ آخِرَ
الْأَبَدِ وَأَنْ يَثْبُتَ لَكُمْ مُلْكُكُمْ قَالَ فَحَاصُوا حَيْصَةَ حُمُرِ الْوَحْشِ إِلَى الْأَبْوَابِ فَوَجَدُوهَا قَدْ
غُلقَتْ فَقَالَ عَلَي بِهِمْ فَدَعَا بِهِمْ فَقَالَ إِني إِنمَا اخْتَبَرْتُ شِدتَكُمْ عَلَى دِينِكُمْ فَقَدْ رَأَيْتُ
مِنْكُمْ الذِي أَحْبَبْتُ فَسَجَدُوا لَهُ وَرَضُوا عَنْهُ.

8432 — ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ئۇنىڭغا ئۆز ئاغزى بىلەن مۇنداق دەپ بەرگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئارىمىزدا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى تۈزۈلگەندىن كېيىن، تىجارەت ئۈچۈن شامغا باردىم. دەل شۇ كۈنلەردە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇمنىڭ پادىشاھى ھىرەقلىگە ئەۋەتكەن مەكتۇبى يېتىپ كەلدى. ئۇ مەكتۇبنى دىھيە ئەلكەلبىيدىن يوللىغانىكەن، مەكتۇب ئاۋۋال بۇسرا ئەمىرىگە، ئۇ يەردىن ھىرەقلىگە يەتكۈزۈلۈپتۇ. مەكتۇبنى كۆرگەن ھىرەقلى:

— بۇ يەردە ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان ئادەمنىڭ قەۋمىدىن بىرەرسى بارمۇ؟ - دەپ سوراپتۇ. قول ئاستىدىكىلىرى:

— بار، - دەپتۇ ۋە مېنى بىر نەچچە قۇرەيشلىك بىلەن ئوردىغا چاقىردى. ھىرەقلىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردۇق، ئۇ بىزنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

- قايسىڭلارنىڭ نەسەبى پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان ئۇ ئادەمگە ئەڭ يېقىن؟ - دەپ سورىدى. مەن:

— مېنىڭ نەسەبىم ئەڭ يېقىن، - دېدىم. ئۇ مېنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ھەمراھلىرىمنى مېنىڭ ئارقامدا ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن تەرجىمانغا مۇنداق دېدى:

- ئۇلار (يەنى ھەمراھلىرىم)غا ئېيتقىنكى، مەن بۇنىڭدىن (يەنى مەندىن) ئۆزىنى پەيغەمبەر دەۋالغان ئۇ ئادەم توغرۇلۇق بەزى سوئاللار سورايمەن. ئەگەر بۇ ئادەم يالغان ئېيتسا، بۇلار ماڭا دەرھال بىلدۇرسۇن، - دېدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يالغانچى دەپ نام ئېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، ئۇ كۈنى ئەلۋەتتە يالغان ئېيتاتتىم. شۇنداق قىلىپ، ھىرەقلى مەندىن سوئال سوراشقا باشلىدى:

- ئۇ (پەيغەمبەر)نىڭ نەسەبى قانداقراق؟

- ئۇنىڭ نەسەبى ئېسىل.

- ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىچىدە پادىشاھ بولغانلار بارمۇ؟

- يوق.

— ئۇ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنى يالغانچىلىق بىلەن قارىلاپ باققانمىدىڭلار؟

- ياق.

— ئۇنىڭغا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئەگىشىۋاتامدۇ ياكى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرمۇ؟

- تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر (ئەگىشىۋاتىدۇ).

- ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ سانى كۆپىيىۋاتامدۇ، ئازىيىۋاتامدۇ؟

- كۆپىيىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئىچىدە دىنىنى ياقتۇرماي يېنىۋالغانلار بارمۇ؟

— يوق.

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟

— قىلدۇق.

— قايسىڭلار غالىب كەلدىڭلار؟

— بەزىدە ئۇ غالىب كەلدى، بەزىدە بىز.

— ئۇ ئەھدىنى بۇزامدۇ؟

— بۇزمايدۇ. ئەمما ھازىر ئارىمىزدا كېلىشىم بار، بۇ قېتىم ئۇنىڭ كېلىشىمنى بۇزىدىغان ياكى بۇزمايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئەبۇ سوفيان مۇنداق دەيدۇ: پۈتۈن سۆھبەت ئىچىدە پەقەت مۇشۇ بىر جۈملە سۆزنىلا قىستۇرالىدىم.

— ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئاراڭلاردا پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلغان بىرەر كىشى بولغانمۇ؟

— ياق.

...

ھىرەقلى تەرجىمانىغا مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭغا ئېيتقىنكى، مەن سەندىن ئۇنىڭ نەسەبىنى سورىسام، سەن ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ ئېسىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتىڭ. پەيغەمبەرلەر شۇنداق ئېسىل نەسەبلىك بولىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن پادىشاھ چىققان ياكى چىقمىغانلىقىنى سورىسام، پادىشاھ چىقمىغانلىقىنى ئېيتتىڭ. ئەگەر چىققانلىقىنى ئېيتقان بولساڭ، مەن: ”ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى تەلەپ قىلىۋېتىپتۇ“ دېگەن بولاتتىم. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتقانلارنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى سورىسام، سەن تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ ئەگىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىڭ. ھەرقانداق پەيغەمبەرگە ئەڭ دەسلەپ ئەنە شۇنداق تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى ئەگىشىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنى يالغانچى دەپ قارىلىغان ياكى قارىلىمىغانلىقىڭلارنى سورىسام، ئۇنداق قىلمىغانلىقىڭلارنى ئېيتتىڭ. ئىنسانلارغا يالغانچىلىق

قىلىپ باقمىغان بىرى، ﷲقا ئەلۋەتتە يالغانچىلىق قىلمايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ دىنىغا ئەگەشكەنلەر ئارىسىدا دىندىن يېنىۋالغانلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىسام، سەن يوقلۇقىنى ئېيتتىڭ. ئىمان دېگەن كۆڭۈل قانائىتى بىلەن قەلبكە سىڭىپ كىرسىلا، ئاسانلىقچە قايتىپ چىقمايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ كۆپىيىۋاتقان ياكى ئازىيىۋاتقانلىقىنى سورىدىم، سەن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ (كۈندىن كۈنگە) كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىڭ. ئىمان دېگەن ئەنە شۇنداق كۈچىيىپ ماڭىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىڭلارنى ۋە ئۇرۇش نەتىجىسىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورىدىم، سەن ئۇرۇش قىلغانلىقىڭلارنى ۋە بىردە يېڭىپ، بىردە يېڭىلگەنلىكىڭلارنى ئېيتتىڭ. پەيغەمبەرلەر ئەنە شۇنداق سىناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن نەتىجىدە ئۇلار يېڭىپ چىقىدۇ. سەندىن يەنە ئۇنىڭ ئەھدىنى بۇزىدىغان ياكى بۇزمايدىغانلىقىنى سورىدىم، سەن ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتىڭ. پەيغەمبەرلەر شۇنداق ئەھدىگە ۋاپادار كېلىدۇ. ئاخىرىدا سەندىن ئاراڭلاردىن بۇرۇن پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان بىرەرسىنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى سورىغاندىم، سەن ئۇنداق بىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقمىغانلىقىنى ئېيتتىڭ. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، مەن ئۇنى شۇ (بۇرۇنقى) ئادەمنى دوراپ ئوتتۇرىغا چىققان ئادەم ئىكەن دەيتتىم.

ئاندىن ھىرەقلى مەندىن:

ـ ئۇ سىلەرنى نېمىلەرنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، مەن:

ـ ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە، خىش ـ ئەقرىبالارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، ئىپپەتلىك بولۇشقا بۇيرۇيدۇ، ـ دېدىم. ئۇ:

ـــ ئېيتقانلىرىڭ راست بولىدىغان بولسا، ئۇ چوقۇم پەيغەمبەر ئىكەن. ئۇنىڭ (يەنى پەيغەمبەرنىڭ) كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ سىلەردىن چىقىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدىم. ئەگەر ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ بارالىسام، چوقۇم يۈز كۆرۈشەتتىم. ئەگەر يۈز كۆرۈشەلىسەم، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى يۇيۇپ قويغان بولاتتىم. شۇنىسى

مۇھەققەقكى، ئۇنىڭ سەلتەنىتى مېنىڭ ئايىغىم (ئاستىدىكى تۇپراقلار)غىچە يېتىپ كېلىدۇ. ـ دېدى.

ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەكتۇبىنى ئەكىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، مەكتۇبتا مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«ناھايىتى مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك اللهنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەدتىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە، توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك: مەن سېنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىمەن. مۇسۇلمان بولساڭ، ئامان قالىسەن. الله ساڭا قوشلاپ ساۋاب بېرىدۇ. مۇسۇلمان بولمىساڭ، پۈتكۈل خەلقىڭنىڭ گۇناھى ئۆز گۇناھىڭ بىلەن بىللە ساڭا يۈكلىنىدۇ. "ئى ئەھلى كىتاب! پەقەت اللهقىلا ئىبادەت قىلىش، اللهقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللهنى قويۇپ بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى" دېگىن. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): "(ئى يەھۇدىي ۋە ناسارالار!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار" دېگىن »[1].

مەكتۇب ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوردىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. بىز ھىرەقلىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتتۇق. سىرتقا چىققاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىمغا:

ـ ئۇنىڭ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دېمەكچى) ئىشى چىڭىغا چىققىلى تۇردى. بۇ سېرىقلارنىڭ پادىشاھى (ھىرەقلى)مۇ ئۇنىڭدىن قورقۇشقا باشلاپتۇ. ـ دېدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى الله مېنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدىم.

زۇھرىي مۇنداق دەيدۇ: كېيىن ھىرەقلى رىمنىڭ ئەربابلىرىنى بىر سارايغا يىغىپ:

[1] سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەت.

— ئى رىم كاتتىلىرى! تا ئەبەدكىچە نىجاتلىققا ئېرىشىپ، توغرا يولغا مېڭىشنى، مۈلكۈڭلارنىڭ ئامان - ئېسەن قېلىشىنى خالامسىلەر؟ - دەپ سورىۋىدى، ئۇلار خۇددى ياۋا ئېشەكلەردەك ئىشىك تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، ئىشىكلەر تاقاقلىق ئىدى. ھىرەقلى ئۇلارنىڭ ياقتۇرمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىمان ئېيتىشىدىن ئۈمىدسىزلەندى - دە:

— مەن ئۇ سوئالنى سىلەرنىڭ ئۆز دىنىڭلاردا چىڭ تۇرىدىغان ياكى تۇرمايدىغانلىقىڭلارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئېيتقانىدىم. ئەمەلىيەتتە دىنىڭلاردا چىڭ تۇرىدىغىنىڭلارنى كۆردۈم. - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھىرەقلىگە ئېگىلىپ تازىم قىلدى ۋە ئۇنىڭغا بولغان مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈردى.

(بۇخارى: 4553)

8433 - وفي رواية: فَمَا زِلْتُ مُوقِنًا أَنَّهُ سَيَظْهَرُ حَتى أَدْخَلَ اللهُ عَلَيَّ الْإِسْلَامَ وَكَانَ ابْنُ النَاظُورِ صَاحِبُ إِيلِيَاءَ وَهِرَقْلَ سُقُفًّا عَلَى نَصَارَى الشَأْمِ يُحَدثُ أَن هِرَقْلَ حِينَ قَدِمَ إِيلِيَاءَ أَصْبَحَ يَوْمًا خَبِيثَ النفْسِ فَقَالَ بَعْضُ بَطَارِقَتِهِ قَدْ اسْتَنْكَرْنَا هَيْئَتَكَ قَالَ ابْنُ النَاظُورِ وَكَانَ هِرَقْلُ حَزَاءً يَنظُرُ فِي النجُومِ فَقَالَ لَهُمْ حِينَ سَأَلُوهُ إِني رَأَيْتُ اللَيْلَةَ حِينَ نَظَرْتُ فِي النجُومِ مَلِكَ الْخِتَانِ قَدْ ظَهَرَ فَمَنْ يَخْتَتِنُ مِنْ هَذِهِ الْأُمةِ قَالُوا لَيْسَ يَخْتَتِنُ إِلَا الْيَهُودُ فَلَا يُهِمنكَ شَأْنُهُمْ وَاكْتُبْ إِلَى مَدَايِنِ مُلْكِكَ فَيَقْتُلُوا مَنْ فِيهِمْ مِنْ الْيَهُودِ فَبَيْنَمَا هُمْ عَلَى أَمْرِهِمْ أُتِيَ هِرَقْلُ بِرَجُلٍ أَرْسَلَ بِهِ مَلِكُ غَسانَ يُخْبِرُ عَنْ خَبَرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما اسْتَخْبَرَهُ هِرَقْلُ قَالَ اذْهَبُوا فَانْظُرُوا أَمُخْتَتِنٌ هُوَ أَمْ لَا فَنَظَرُوا إِلَيْهِ فَحَدثُوهُ أَنهُ مُخْتَتِنٌ وَسَأَلَهُ عَنْ الْعَرَبِ فَقَالَ هُمْ يَخْتَتِنُونَ فَقَالَ هِرَقْلُ هَذَا مُلْكُ هَذِهِ الْأُمةِ قَدْ ظَهَرَ ثُم كَتَبَ هِرَقْلُ إِلَى صَاحِبٍ لَهُ بِرُومِيَةَ وَكَانَ نَظِيرَهُ فِي الْعِلْمِ وَسَارَ هِرَقْلُ إِلَى حِمْصَ فَلَمْ يَرِمْ حِمْصَ حَتى أَتَاهُ كِتَابٌ مِنْ صَاحِبِهِ يُوَافِقُ رَأْيَ هِرَقْلَ عَلَى خُرُوجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنهُ نَبِي فَأَذِنَ هِرَقْلُ لِعُظَمَاءِ الرومِ فِي دَسْكَرَةٍ لَهُ بِحِمْصَ ثُم أَمَرَ بِأَبْوَابِهَا فَغُلقَتْ ثُم اطلَعَ فَقَالَ يَا مَعْشَرَ الرومِ هَلْ لَكُمْ فِي الْفَلَاحِ وَالرشْدِ وَأَنْ يَثْبُتَ مُلْكُكُمْ فَتُبَايِعُوا هَذَا النبِي فَحَاصُوا حَيْصَةَ حُمُرِ الْوَحْشِ إِلَى الْأَبْوَابِ فَوَجَدُوهَا قَدْ غُلقَتْ فَلَما رَأَى هِرَقْلُ نَفْرَتَهُمْ

وَأَيِسَ مِنْ الْإِيمَانِ قَالَ رُدُّوهُمْ عَلَيَّ وَقَالَ إِنِّي قُلْتُ مَقَالَتِي آنِفًا أَخْتَبِرُ بِهَا شِدَّتَكُمْ عَلَى دِينِكُمْ فَقَدْ رَأَيْتُ فَسَجَدُوا لَهُ وَرَضُوا عَنْهُ فَكَانَ ذَلِكَ آخِرَ شَأْنِ هِرَقْلَ.

8433 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: (ئەبۇ سۇفيان مۇنداق دېگەن) شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى الله مېنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مۇيەسسەر قىلغانغا قەدەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەلدىم.

زۇھرىي مۇنداق دېگەن: قۇدۇسنىڭ ئەمىرى، ھىرەقلىنىڭ دوستى ۋە شام ناسارالىرىنىڭ دىنىي رەئىسى ئىبنى نازۇر مۇنداق دېدى: ھىرەقلى قۇدۇسقا كەلدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئورنىدىن كەيپى ئۇچقان ھالدا تۇردى. نوپۇزلۇق قوماندانلىرىدىن بىر نەچچىسى:

— كەيپىڭ بەكمۇ ناچار كۆرۈنىدىغۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ھىرەقلى يۇلتۇزلارغا قاراشقا ۋە كاھىنلىققا خۇشتار ئادەم بولغاچقا:

— كېچە يۇلتۇزلارغا قارىغانىدىم، خەتنە قىلىدىغانلارنىڭ پادىشاھىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆردۈم، ـ دېدى ۋە: بۇ دىياردا كىملەر خەتنىسىنى قىلىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

— يەھۇدىيلاردىن باشقىسى قىلمايدۇ. لېكىن يەھۇدىيلار تىلغا ئەرزىمەس خەلق. ھۆكۈمرانلىقىڭ ئاستىدىكى شەھەرلەرنىڭ ئەمىرلىرىگە خەۋەر يوللىساڭ، ئۇلار ئۆز شەھەرلىرىدە تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىلا بولمىدىمۇ؟! — دەپ مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە، غەسسان پادىشاھىنىڭ ھىرەقلىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى يېتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ھىرەقلى يېنىدىكىلەرگە:

— بۇ ئادەمنىڭ (يەنى ئەلچىنىڭ) خەتنە قىلىنغان ياكى قىلىنمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭلار! — دېدى. ئۇنىڭ خەتنە قىلىنغانلىقى بىلىندى. ھىرەقلى ئۇنىڭدىن ئەرەبلەر توغرۇلۇق سورىغانىدى، ئۇ ئادەم ئەرەبلەرنىڭ خەتنە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھىرەقلى:

ــ مەن يۇلتۇزدا كۆرگەن پادىشاھ ئەرەبلەرنىڭ پادىشاھى ئىكەن، ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ، ـ دېدى. ئاندىن ھىرەقلى ئىلىمدا ئۆزىگە تەڭداش بولغان رىملىق دوستىغا مەكتۇپ يوللىۋېتىپ، ھىمس شەھىرىگە كېلىپ چۈشتى. ئۇ تېخى ھىمستىن چىقماي تۇرۇپ، دوستىنىڭ مەكتۇبى يېتىپ كەلدى. دوستىمۇ ئۇنىڭ پىكرىنى قوللاپ، شۇنداق بىر پەيغەمبەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھىرەقلى رىم دۆلىتىنىڭ ئەكابىرلىرىنى ھىمستىكى ئوردىسىغا يىغدى. (ھەممىسى كەلگەندىن كېيىن) ئوردا ئىشىكىنى تاقىتىۋېتىپ:

ــ ئى رىملىقلار! نىجاتلىقنى، توغرا يولنى ۋە ھۆكۈمرانلىقىڭلارنىڭ داۋاملىشىشىنى خالىساڭلار، ئۇ پەيغەمبەرگە بەيئەت قىلىڭلار! ـ دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كاتتىلار خۇددى ياۋا ئېشەكلەردەك ئىشىك تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، ئىشىكلەر تاقاقلىق ئىدى. ھىرەقلى ئۇلارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىمان ئېيتىشىدىن نائۈمىد بولدى ـ دە، ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

ــ مەن بايىقى سۆزۈمنى سىلەرنىڭ دىنىڭلاردا چىڭ تۇرىدىغان ياكى تۇرمايدىغانلىقىڭلارنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئېيتقانىدىم. سىلەرنىڭ چىڭ تۇرىدىغانلىقىڭلارنى كۆردۈم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ھىرەقلىگە ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى ۋە ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. مانا بۇلار، مېنىڭ ھىرەقلى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم.

(بۇخارى: 7)

8434 ـ حَدثَنا مُحَمدُ بْنُ يَحْيَى حَدثَنا مُحَمدُ بْنُ يُوسُفَ حَدثَنا إِسْرَائِيلُ حَدثَنا أُبو إِسْحَقَ عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبْيرٍ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ الْجِن يَصْعَدُونَ إِلَى السمَاءِ يَسْتَمِعُونَ الْوَحْيَ فَإِذَا سَمِعُوا الْكَلِمَةَ زَادُوا فِيهَا تِسْعًا فَأَما الْكَلِمَةُ فَتكُونُ حَقًّا وَأَما مَا زَادُوهُ فَيكُونُ بَاطِلًا فَلَما بُعِثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُنِعُوا مَقَاعِدَهُمْ فَذَكَرُوا ذَلِكَ لِإِبْلِيسَ وَلَمْ تَكُنْ النجُومُ يُرْمَى بِهَا قَبْلَ ذَلِكَ فَقَالَ لَهُمْ إِبْلِيسُ مَا هَذَا إِلا مِنْ أَمْرٍ قَدْ

حَدَثَ فِي الْأَرْضِ فَبَعَثَ جُنُودَهُ فَوَجَدُوا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَائِمًا يُصَلي بَيْنَ جَبَلَيْنِ أُرَاهُ قَالَ بِمَكةَ فَلَقُوهُ فَأَخْبَرُوهُ فَقَالَ هَذَا الذِي حَدَثَ فِي الْأَرْضِ.

8434 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: جىنلار ۋەھيىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقاتتى. ئۇلار بىر سۆزنى ئاڭلىۋالسا، ئۇنىڭغا توققۇزنى قوشاتتى. شۇ بىرلا سۆز ھەق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قوشۇۋالغانلىرى باتىلدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك بېرىلگەندە، ئۇلار ئاسماندىكى جايلىرىغا چىقىشتىن مەنئى قىلىندى. جىنلار ئىبلىسقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. بۇندىن ئىلگىرى بۇنچىلىك كۆپ يۇلتۇز ئېتىلىپ باقمىغانىدى. ئىبلىس ئۇلارغا:

ــ بۇ، زېمىندا بىر ئىش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، ـ دېدى ۋە دەرھال ئەسكەرلىرىنى زېمىننىڭ ھەر تەرىپىگە ئەۋەتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئەسكەرلەر قايتىپ بېرىپ، كۆرگەنلىرىنى ئېيتقانىدى، ئىبلىس:

ــ مانا بۇ، زېمىندا يۈز بەرگەن ئىشتۇر، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2380)

8435 ـ عن ابن عَباسٍ أن قُرَيْشًا أَتَوْا امْرَأَةً كَاهِنَةً فَقَالُوا لها أَخْبِرِينَا أَشْبَهَنَا أَثَرًا بِصَاحِبِ الْمَقَامِ فقالت إن أَنْتُمْ جَرَرْتُمْ كِسَاءً على هذه السهْلَةِ ثُم مَشَيْتُمْ عليها أَنْبَأْتُكُمْ قال فَجَرُوا كِسَاءً ثُم مَشَى الناس عليها فَأَبْصَرَتْ أَثَرَ رسول اللهِ ﷺ فقالت هذا أَقْرَبُكُمْ إليه شَبَهًا ثُم مَكَثُوا بَعْدَ ذلك عِشْرِينَ سَنَةً أو ما شَاءَ الله ثُم بَعَثَ الله مُحَمدًا ﷺ

8435 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيش خەلقى بۇرۇنقى چاغلاردا بىر كاھىن ئايالنىڭ قېشىغا كېلىپ:

[1] ئەلبانى (2648): سەھىھ ـ دېگەن.

— بىزگە ماقامى ئىبراھىمدىكى ئىزغا ئىزى ئەڭ ئوخشايدىغىنىمىزنى ئېيتىپ بەرگىن، - دېگەندى، كاھىن ئايال:

— ئەگەر مۇشۇ يەرگە بىر پالاس سېلىپ ئۈستىدە ماڭساڭلار، سىلەرگە ئېيتىپ بېرىمەن، - دېدى. ئۇلار بىر پالاسنى سېلىپ، ئۈستىدە ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ:

- مانا بۇنىڭ ئاياغ ئىزى ئۇ ئىزغا ئەڭ ئوخشايدىكەن، - دېدى. شۇ ئىش بولۇپ، ئارىدىن 20 يىل ياكى مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، الله مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 2350)

---

[1] كەتتانى: سەنەدى سەھىھ راۋىيلىرى ئىشەنچلىك، - دېگەن. ئەمما ئەلبانى: مۇنكەر ھەدىس، - دېگەن.

## ئىسرا ۋەقەسى

8436 ـ قَتَادَة عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ مَالِكِ بْنِ صَعْصَعَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدثَهُمْ عَنْ لَيْلَةِ أُسْرِيَ بِهِ بَيْنَمَا أَنا فِي الْحَطِيمِ وَرُبمَا قَالَ فِي الْحِجْرِ مُضْطَجِعًا إِذْ أَتَانِي آتٍ فَقَد قَالَ وَسَمِعْتُهُ يَقُولُ فَشَق مَا بَيْنَ هَذِهِ إِلى هَذِهِ فَقُلْتُ لِلْجَارُودِ وَهُوَ إِلى جَنْبِي مَا يَعْنِي بِهِ قَالَ مِنْ ثُغْرَةِ نَحْرِهِ إِلى شِعْرَتِهِ وَسَمِعْتُهُ يَقُولُ مِنْ قَصهِ إِلى شِعْرَتِهِ فَاسْتَخْرَجَ قَلْبِي ثُم أُتِيتُ بِطَسْتٍ مِنْ ذَهَبٍ مَمْلُوءَةٍ إِيمَانًا فَغُسِلَ قَلْبِي ثُم حُشِيَ ثُم أُعِيدَ ثُم أُتِيتُ بِدَابةٍ دُونَ الْبَغْلِ وَفَوْقَ الْحِمَارِ أَبْيَضَ فَقَالَ لَهُ الْجَارُودُ هُوَ الْبُرَاقُ يَا أَبَا حَمْزَةَ قَالَ أَنسٌ نَعَمْ يَضَعُ خَطْوَهُ عِنْدَ أَقْصَى طَرْفِهِ فَحُمِلْتُ عَلَيْهِ فَانْطَلَقَ بِي جِبْرِيلُ حَتى أَتى السمَاءَ الدنْيَا فَاسْتَفْتَحَ فَقِيلَ مَنْ هَذَا قَالَ جِبْرِيلُ قِيلَ وَمَنْ مَعَكَ قَالَ مُحَمدٌ قِيلَ وَقَدْ أُرْسِلَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ قِيلَ مَرْحَبًا بِهِ فَنِعْمَ الْمَجِيءُ جَاءَ فَفَتَحَ فَلَما خَلَصْتُ فَإِذَا فِيهَا آدَمُ فَقَالَ هَذَا أَبُوكَ آدَمُ فَسَلمْ عَلَيْهِ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ فَرَد السلَامَ ثُم قَالَ مَرْحَبًا بِالِابْنِ الصالِحِ وَالنبِي الصالِحِ ثُم صَعِدَ بِي حَتى أَتى السمَاءَ الثانِيَةَ فَاسْتَفْتَحَ قِيلَ مَنْ هَذَا قَالَ جِبْرِيلُ قِيلَ وَمَنْ مَعَكَ قَالَ مُحَمدٌ قِيلَ وَقَدْ أُرْسِلَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ قِيلَ مَرْحَبًا بِهِ فَنِعْمَ الْمَجِيءُ جَاءَ فَفَتَحَ فَلَما خَلَصْتُ إِذَا يَحْيَى وَعِيسَى وَهُمَا ابْنَا الْخَالَةِ قَالَ هَذَا يَحْيَى وَعِيسَى فَسَلمْ عَلَيْهِمَا فَسَلمْتُ فَرَدا ثُم قَالَا مَرْحَبًا بِالْأَخِ الصالِحِ وَالنبِي الصالِحِ ثُم صَعِدَ بِي إِلَى السمَاءِ الثالِثَةِ فَاسْتَفْتَحَ قِيلَ مَنْ هَذَا قَالَ جِبْرِيلُ قِيلَ وَمَنْ مَعَكَ قَالَ مُحَمدٌ قِيلَ وَقَدْ أُرْسِلَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ قِيلَ مَرْحَبًا بِهِ فَنِعْمَ الْمَجِيءُ جَاءَ فَفُتِحَ فَلَما خَلَصْتُ إِذَا يُوسُفُ قَالَ هَذَا يُوسُفُ فَسَلمْ عَلَيْهِ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ فَرَد ثُم قَالَ مَرْحَبًا بِالْأَخِ الصالِحِ وَالنبِي الصالِحِ ثُم صَعِدَ بِي حَتى أَتى السمَاءَ الرابِعَةَ فَاسْتَفْتَحَ قِيلَ مَنْ هَذَا قَالَ جِبْرِيلُ قِيلَ وَمَنْ مَعَكَ قَالَ مُحَمدٌ قِيلَ أَوَقَدْ أُرْسِلَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ قِيلَ مَرْحَبًا بِهِ فَنِعْمَ الْمَجِيءُ جَاءَ فَفُتِحَ فَلَما خَلَصْتُ إِلَى إِدْرِيسَ قَالَ هَذَا إِدْرِيسُ فَسَلمْ

عَلَيْهِ فَسَلَمْتُ عَلَيْهِ فَرَد ثُم قَالَ مَرْحَبًا بِالْأَخِ الصالِحِ وَالنبِي الصالِحِ ثُم صَعِدَ بِي حَتى أَتى السمَاءَ الْخَامِسَةَ فَاسْتَفْتَحَ قِيلَ مَنْ هَذَا قَالَ جِبْرِيلُ قِيلَ وَمَنْ مَعَكَ قَالَ مُحَمدٌ قِيلَ وَقَـدْ أُرْسِلَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ قِيلَ مَرْحَبًا بِهِ فَنِعْمَ الْمَجِيءُ جَاءَ فَلَما خَلَصْتُ فَإِذَا هَارُونُ قَالَ هَـذَا هَارُونُ فَسَلمْ عَلَيْهِ فَسَلَمْتُ عَلَيْهِ فَرَد ثُم قَالَ مَرْحَبًا بِالْأَخِ الصالِحِ وَالنبِي الصالِحِ ثُم صَعِدَ بِي حَتى أَتى السمَاءَ السادِسَةَ فَاسْتَفْتَحَ قِيلَ مَنْ هَذَا قَالَ جِبْرِيلُ قِيلَ مَنْ مَعَكَ قَالَ مُحَمدٌ قِيلَ وَقَدْ أُرْسِلَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ قَالَ مَرْحَبًا بِهِ فَنِعْمَ الْمَجِيءُ جَاءَ فَلَما خَلَصْتُ فَإِذَا مُوسَى قَالَ هَذَا مُوسَى فَسَلمْ عَلَيْهِ فَسَلَمْتُ عَلَيْهِ فَرَد ثُم قَالَ مَرْحَبًا بِالْأَخِ الصالِحِ وَالنبِي الصالِحِ فَلَما تَجَاوَزْتُ بَكَى قِيلَ لَهُ مَا يُبْكِيكَ قَالَ أَبْكِي لِأَن غُلَامًا بُعِثَ بَعْدِي يَدْخُلُ الْجَنةَ مِنْ أُمتِـهِ أَكْثَرُ مِمنْ يَدْخُلُهَا مِنْ أُمتِي ثُم صَعِدَ بِي إِلَى السمَاءِ السابِعَةِ فَاسْتَفْتَحَ جِبْرِيلُ قِيلَ مَنْ هَذَا قَالَ جِبْرِيلُ قِيلَ وَمَنْ مَعَكَ قَالَ مُحَمدٌ قِيلَ وَقَدْ بُعِثَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ قَالَ مَرْحَبًا بِـهِ فَـنِعْمَ الْمَجِيءُ جَاءَ فَلَما خَلَصْتُ فَإِذَا إِبْرَاهِيمُ قَالَ هَذَا أَبُوكَ فَسَلمْ عَلَيْهِ قَالَ فَسَلَمْتُ عَلَيْهِ فَـرَد السلَامَ قَالَ مَرْحَبًا بِالِابْنِ الصالِحِ وَالنبِي الصالِحِ ثُم رُفِعَتْ إِلَي سِدْرَةُ الْمُنْتَهَى فَإِذَا نَبِقُهَـا مِثْلُ قِلَالِ هَجَرَ وَإِذَا وَرَقُهَا مِثْلُ آذَانِ الْفِيَلَةِ قَالَ هَذِهِ سِدْرَةُ الْمُنْتَهَى وَإِذَا أَرْبَعَةُ أَنْهَارٍ نَهْرَانِ بَاطِنَانِ وَنَهْرَانِ ظَاهِرَانِ فَقُلْتُ مَا هَذَانِ يَا جِبْرِيلُ قَالَ أَما الْبَاطِنَانِ فَنَهْرَانِ فِي الْجَنةِ وَأَمـا الظاهِرَانِ فَالنيلُ وَالْفُرَاتُ ثُم رُفِعَ لِي الْبَيْتُ الْمَعْمُورُ ثُم أُتِيتُ بِإِنَاءٍ مِنْ خَمْرٍ وَإِنَاءٍ مِنْ لَبَنٍ وَإِنَاءٍ مِنْ عَسَلٍ فَأَخَذْتُ اللبَنَ فَقَالَ هِيَ الْفِطْرَةُ التِي أَنْتَ عَلَيْهَا وَأُمتُكَ ثُم فُرِضَتْ عَلَـي الصلَوَاتُ خَمْسِينَ صَلَاةً كُل يَوْمٍ فَرَجَعْتُ فَمَرَرْتُ عَلَى مُوسَى فَقَالَ بِمَا أُمِرْتَ قَالَ أُمِرْتُ بِخَمْسِينَ صَلَاةً كُل يَوْمٍ قَالَ إِن أُمتَكَ لَا تَسْتَطِيعُ خَمْسِينَ صَلَاةً كُل يَوْمٍ وَإِني وَاللهِ قَـدْ جَرَبْتُ الناسَ قَبْلَكَ وَعَالَجْتُ بَنِي إِسْرَائِيلَ أَشَد الْمُعَالَجَةِ فَارْجِعْ إِلَـى رَبـكَ فَاسْـأَلْهُ التخْفِيفَ لِأُمتِكَ فَرَجَعْتُ فَوَضَعَ عَني عَشْرًا فَرَجَعْتُ إِلَى مُوسَى فَقَالَ مِثْلَهُ فَرَجَعْتُ فَوَضَعَ عَني عَشْرًا فَرَجَعْتُ إِلَى مُوسَى فَقَالَ مِثْلَهُ فَرَجَعْتُ فَوَضَعَ عَني عَشْرًا فَرَجَعْتُ إِلَى مُوسَى فَقَالَ مِثْلَهُ فَرَجَعْتُ فَأُمِرْتُ بِعَشْرِ صَلَوَاتٍ كُل يَوْمٍ فَرَجَعْتُ فَقَالَ مِثْلَهُ فَرَجَعْـتُ فَـأُمِرْتُ بِخَمْسِ صَلَوَاتٍ كُل يَوْمٍ فَرَجَعْتُ إِلَى مُوسَى فَقَالَ بِمَ أُمِرْتَ قُلْتُ أُمِرْتُ بِخَمْسِ صَلَوَاتٍ كُل يَوْمٍ قَالَ إِن أُمتَكَ لَا تَسْتَطِيعُ خَمْسَ صَلَوَاتٍ كُل يَوْمٍ وَإِني قَدْ جَربْتُ الناسَ قَبْلَـكَ

وَعَالَجْتُ بَنِي إِسْرَائِيلَ أَشَد الْمُعَالَجَةِ فَارْجِعْ إِلَى رَبكَ فَاسْأَلْهُ التخْفِيفَ لِأُمتِكَ قَالَ سَأَلْتُ رَبي حَتى اسْتَحْيَيْتُ وَلَكِني أَرْضَى وَأُسَلمُ قَالَ فَلَما جَاوَزْتُ نَادَى مُنَادٍ أَمْضَيْتُ فَرِيضَتِي وَخَففْتُ عَنْ عِبَادِي.

3836 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مالىك ئىبنى سەئسەئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئىسرا كېچىسى توغرۇلۇق مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن:

«مەن ھەتىم (كەئبىنىڭ بېقىنىدىكى پاكار تام سوقۇلغان كىچىك ھويلا)دىكى چېغىمدا، بىر پەرىشتە كېلىپ، بۇ يەردىن بۇ يەرگىچە ئارىلىقنى يېرىپ (قەتادە مۇنداق دېدى: يېنىمدا جارۇد بار ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ سۆزىدىن قانچىلىك مىقدارنى مەقسەت قىلغان؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، جارۇد: كېكىرتەكتىن كىندىكىنىڭ ئاستىغىچە، ـ دەپ جاۋاب بەردى)، يۈرىكىمنى چىقاردى. ئاندىن ئىمان توشقۇزۇلغان بىر ئالتۇن قاچا ئېلىپ كېلىندى. يۈرىكىم يۇيۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىمان قاچىلىنىپ جايىغا سېلىپ يەملىنىپتىلدى. ئاندىن ماڭا قېچىردىن كىچىك، ئېشەكتىن چوڭراق، ئاق رەڭلىك بىر ئۇلاغ كەلتۈرۈلدى (جارۇد ئەنەستىن: ئەي ئەبۇ ھەمزە! ئۇ ئۇلاغ بۇراقمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەنەس: شۇنداق. ئۇ قەدىمىنى چوڭ ئالىدىغان ھايۋان بولۇپ، ھەر بىر قەدىمىنى كۆز يەتكۈدەك يىراقلىققا تاشلايدۇ، ـ دېدى). ئاندىن مەن ئۇنىڭغا مىندۈرۈلدۇم. جىبرىئىل مېنى ئېلىپ مېڭىپ بىرىنچى ئاسمانغا كەلدى ۋە ئاسماننىڭ دەرۋازىسىدىن بىرنى قاقتى. ئىچىدىن: ”كىمسەن؟“ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل: ”مەن جىبرىئىل بولىمەن“ دېدى. ”يېنىڭدا كىم بار؟“ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. ”ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟“ دەپ سورالدى، جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. ”ئۇنى قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئەجەپ ياخشى بولدى“ دېيىلدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. بىرىنچى ئاسمانغا چىقىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم. جىبرىئىل: ”بۇ سېنىڭ ئاتاڭ ئادەم

ئەلەيھىسسالام بولىدۇ، ئۇنىڭغا سالام قىلغىن!“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام قىلدىم، ئۇ ماڭا سالام قايتۇردى. ئاندىن ئۇ: ”سالىھ ئوغلۇمنى ۋە سالىھ پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمەن“ دېدى. ئاندىن جىبرىئىل بىلەن ئىككىنچى ئاسمانغا قاراپ ئۆرلىدۇق. ئىككىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن: ”كىمسەن؟“ دەپ سورالدى. ”مەن جىبرىئىل بولىمەن“ دېدى. ”يېنىڭدا كىم بار؟“ دەپ سورىغاندى: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. ”ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟“ دەپ سورالدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. ”قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئەجەب ياخشى بولدى“ دېيىلدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. ئىككىنچى ئاسمانغا چىقىپ، يەھيا بىلەن ئىيسانى كۆردۈم. ئۇلار ئاچا - سىڭىلنىڭ باللىرى ئىدى. جىبرىئىل: ”بۇلار يەھيا بىلەن ئىيسا بولىدۇ، ئۇلارغا سالام بەرگىن!“ دېدى. مەن سالام بەردىم، ئۇلار سالىمىمنى قايتۇرۇپ بولۇپ: ”سالىھ قېرىندىشىمىزنى ۋە سالىھ پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمىز“ دېدى. ئاندىن يەنە يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىدۇق. ئۈچىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن: ”كىمسەن؟“ دەپ سورالدى. ”مەن جىبرىئىل بولىمەن“ دېدى. ”يېنىڭدا كىم بار؟“ دەپ سورىغاندى: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. ”ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟“ دەپ سورالدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. ”قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئەجەب ياخشى بولدى“ دېيىلدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. ئۈچىنچى ئاسماندا يۇسۇفنى كۆردۈم. جىبرىئىل: ”بۇ يۇسۇف بولىدۇ، ئۇنىڭغا سالام بەرگىن!“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئۇمۇ ماڭا سالام قايتۇرۇپ: ”سالىھ قېرىندىشىمنى ۋە سالىھ پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمىز“ دېدى. ئاندىن يەنە يۇقىرى ئۆرلىدۇق. تۆتىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن: ”كىمسەن؟“ دەپ سورالدى. ”مەن جىبرىئىل بولىمەن“ دېدى. ”يېنىڭدا كىم بار؟“ دەپ سورىغاندى: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. ”ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟“ دەپ سورالدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“

دېدى. ”قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئەجەب ياخشى بولدى“ دېيىلدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. تۆتىنچى ئاسمانغا چىقىپ، ئىدرىسنى كۆردۈم. جىبرىئىل: ”بۇ ئىدرىس بولىدۇ، ئۇنىڭغا سالام بەرگىن!“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئۇمۇ ماڭا سالام قايتۇرۇپ: ”سالىھ قېرىنداشنى ۋە سالىھ پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمىز“ دېدى. ئاندىن يەنە يۇقىرىغا ئۆرلىدۇق. بەشىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن: ”كىمسەن؟“ دەپ سورالدى. ”مەن جىبرىئىل بولىمەن“ دېدى. ”يېنىڭدا كىم بار؟“ دەپ سورىغاندى: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. ”ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟“ دەپ سورالدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. ”قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئەجەب ياخشى بولدى“ دېيىلدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. بەشىنچى ئاسمانغا چىقىپ ھارۇننى كۆردۈم. جىبرىئىل: ”بۇ ھارۇن بولىدۇ، ئۇنىڭغا سالام بەرگىن!“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئۇمۇ ماڭا سالام قايتۇرۇپ: ”ياخشى قېرىنداشنى ۋە ياخشى پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمىز“ دېدى. ئاندىن يەنە يۇقىرى ئۆرلىدۇق. ئالتىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن: ”كىمسەن؟“ دەپ سورالدى. ”مەن جىبرىئىل بولىمەن“ دېدى. ”يېنىڭدا كىم بار؟“ دەپ سورىغاندى: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. ”ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟“ دەپ سورالدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. ”قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئەجەب ياخشى بولدى“ دېيىلدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. ئالتىنچى ئاسمانغا چىقىپلا مۇسانى كۆردۈم. جىبرىئىل: ”بۇ مۇسا بولىدۇ، ئۇنىڭغا سالام بەرگىن!“ دېدى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم، ئۇمۇ سالامنى قايتۇرۇپ: ”ياخشى قېرىنداشنى ۋە ياخشى پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمىز“ دېدى. مۇسادىن ئايرىلىپ ماڭغان چېغىمدا، ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن: ”نېمىگە يىغلايسەن؟“ دەپ سورالغاندى، ئۇ: ”مەندىن كېيىن پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەن بىر ياشنىڭ ئۈممىتىدىن جەننەتكە كىرىدىغانلارنىڭ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن جەننەتكە كىرىدىغانلاردىن

جىق بولىدىغانلىقىغا يىغلاۋاتىمەن“ دېدى. ئاندىن جىبرىئىل مېنى يۇقىرىغا ئۆرلەتتى. يەتتىنچى ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل ئىشىكنى قاقتى. ئىچىدىن: ”كىمسەن؟“ دەپ سورالدى. ”مەن جىبرىئىل بولىمەن“ دېدى. ”يېنىڭدا كىم بار؟“ دەپ سورىغانىدى: ”مۇھەممەد بار“ دېدى. ”ئۇ ئاسمانغا ئۆرلەشكە چاقىرىلدىمۇ؟“ دەپ سورالدى. جىبرىئىل: ”ھەئە“ دېدى. ”قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭ كەلگەنلىكى ئەجەب ياخشى بولدى“ دېيىلدى. ئاندىن ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى. يەتتىنچى ئاسمانغا چىقىپلا ئىبراھىمنى كۆردۈم. جىبرىئىل: ”بۇ سېنىڭ ئاتاڭ ئىبراھىم بولىدۇ، ئۇنىڭغا سالام بەرگىن!“ دېدى. مەن سالام بەردىم، ئۇمۇ سالامنى قايتۇرۇپ: ”سالىھ ئوغلۇمنى ۋە سالىھ پەيغەمبەرنى قارشى ئالىمىز“ دېدى. ئاندىن سىدرەتۇل مۇنتەھاغا ئېلىپ چىقىلدىم. قارىغۇدەك بولسام، ئۇنىڭ مېۋىسى خۇددى كۈپتەك يوغان، يوپۇرمىقى پىللارنىڭ قۇلىقىدەك چوڭ ئىكەن. جىبرىئىل: ”مانا بۇ سىدرەتۇل مۇنتەھا“ دېدى. ئۇ يەردە تۆت دەريا بار بولۇپ، ئىككىسى ئاشكارا، ئىككىسى مەخپىي ئىكەن. مەن: ”ئى جىبرىئىل! بۇ قانداق دەريالار؟“ دەپ سورىسام، جىبرىئىل: ”مەخپىي ئىككىسى جەننەت دەريالىرى، ئاشكارىسى نىل بىلەن فىرات دەريالىرى“ دېدى. ئاندىن ماڭا بەيتۇل مەئمۇر كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر قاچا مەي، بىر قاچا سۈت ۋە بىر قاچا ھەسەل كەلتۈرۈلىۋېدى، مەن سۈتنى تاللىدىم. جىبرىئىل: ”بۇ، سەن ۋە ئۈممىتىڭ ماڭىدىغان توغرا يولدۇر“ دېدى. ئاندىن ماڭا ۋە ئۈممىتىمگە بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 50 ۋاقىت ناماز پەرز قىلىندى. مەن قايتىپ، مۇسانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مۇسا: ”رەببىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىلەرنى پەرز قىلدى؟“ دەپ سورىدى. مەن: ”50 ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم“ دېدىم. مۇسا: ”ئۈممىتىڭنىڭ تاقىتى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 50 ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا يەتمەيدۇ. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سەندىن بۇرۇن بەنى ئىسرائىلنى سىناپ كۆردۈم. رەببىڭگە قايتىپ، يېنىكلىتىپ بېرىشنى سورىغىن!“ دېدى. رەببىمگە قايتىپ بېرىپ، ئۈممىتىم ئۈچۈن يېنىكلىتىپ بېرىشنى سورىدىم. رەببىم مەندىن

10 ۋاقىتنى يەڭگىللەتتى. مەن قايتىپ مۇساغا كەلدىم. مۇسا ئىلگىرىكىدەك دېدى. مەن رەببىمنىڭ ئالدىغا قايتا باردىم. رەببىم مەندىن يەنە 10 ۋاقىتنى يېنىكلەتتى. قايتىپ مۇسانىڭ ئالدىغا كەلسەم، يەنە ئىلگىرىكىدەك گەپ قىلدى. مەن يەنە رەببىمنىڭ ئالدىغا قايتتىم. رەببىم مەندىن يەنە 10 ۋاقىتنى يېنىكلەتتى. مۇسانىڭ ئالدىغا قايتتىم، ئۇ يەنە ئىلگىرىكىدەك گەپ قىلدى. مەن يەنە رەببىمنىڭ ئالدىغا قايتىپ باردىم. رەببىم يەنە 10 ۋاقىتنى يەڭگىللىتىپ، مېنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 10 ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. مەن قايتىپ مۇساغا كەلدىم، ئۇ يەنە شۇنداق گەپ قىلدى. يەنە رەببىمگە قايتتىم. بۇ قېتىم رەببىم مېنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى. مەن قايتىپ مۇساغا كەلدىم. مۇسا ماڭا: ”رەببىڭ سېنى نېمىگە بۇيرىدى؟“ دېدى. ”رەببىم مېنى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا بۇيرىدى“ دېدىم. مۇسا: ”ئۈممىتىڭ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا تاقەت قىلالمايدۇ. مەن سەندىن ئىلگىرى بەنى ئىسرائىلنى سىناپ كۆردۈم. رەببىڭگە قايتىپ، ئۈممىتىڭ ئۈچۈن يېنىكلىتىپ بېرىشىنى سورىغىن!“ دېدى. مەن: ”رەببىمدىن سوراۋېرىپ سوراشتىن ھايا قىلىدىغان يەرگە كېلىپ قالدىم، مەن بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنىڭ پەرز قىلىنغانلىقىغا رازى بولدۇم ۋە قوشۇلدۇم“ دېدىم. مەن مۇسادىن ئايرىلىپ ماڭغان چېغىمدا، بىر جاكارچى: ”بەندىلىرىمدىن يەڭگىللەتتىم ۋە پەرزىمنى مۇقىملاشتۇردۇم“ دەپ توۋلىدى».

(بۇخارى: 3887)

8437 ـ عَنْ شَرِيكِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَنَّهُ قَالَ سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِرَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ مَسْجِدِ الْكَعْبَةِ أَنَّهُ جَاءَهُ ثَلَاثَةُ نَفَرٍ قَبْلَ أَنْ يُوحَى إِلَيْهِ وَهُوَ نَائِمٌ فِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ فَقَالَ أَوَّلُهُمْ أَيُّهُمْ هُوَ فَقَالَ أَوْسَطُهُمْ هُوَ خَيْرُهُمْ فَقَالَ آخِرُهُمْ خُذُوا خَيْرَهُمْ فَكَانَتْ تِلْكَ اللَّيْلَةَ فَلَمْ يَرَهُمْ حَتَّى أَتَوْهُ لَيْلَةً أُخْرَى فِيمَا يَرَى قَلْبُهُ وَتَنَامُ عَيْنُهُ وَلَا يَنَامُ قَلْبُهُ وَكَذَلِكَ الْأَنْبِيَاءُ تَنَامُ أَعْيُنُهُمْ وَلَا تَنَامُ قُلُوبُهُمْ فَلَمْ يُكَلِّمُوهُ حَتَّى

احْتَمَلُوهُ فَوَضَعُوهُ عِنْدَ بِئْرِ زَمْزَمَ فَتَوَلَاهُ مِنْهُمْ جِبْرِيلُ فَشَقَ جِبْرِيلُ مَا بَيْنَ نَحْرِهِ إِلَى لَبَتِهِ
حَتى فَرَغَ مِنْ صَدْرِهِ وَجَوْفِهِ فَغَسَلَهُ مِنْ مَاءِ زَمْزَمَ بِيَدِهِ حَتى أَنْقَى جَوْفَهُ ثُم أُتِيَ بِطَسْتٍ
مِنْ ذَهَبٍ فِيهِ تَوْرٌ مِنْ ذَهَبٍ مَحْشُوا إِيمَانًا وَحِكْمَةً فَحَشَا بِهِ صَدْرَهُ وَلَغَادِيدَهُ يَعْنِي عُرُوقَ
حَلْقِهِ ثُم أَطْبَقَهُ ثُم عَرَجَ بِهِ إِلَى السمَاءِ الدنْيَا فَضَرَبَ بَابًا مِنْ أَبْوَابِهَا فَنَادَاهُ أَهْلُ السمَاءِ مَنْ
هَذَا فَقَالَ جِبْرِيلُ قَالُوا وَمَنْ مَعَكَ قَالَ مَعِيَ مُحَمدٌ قَالَ وَقَدْ بُعِثَ قَالَ نَعَمْ قَالُوا فَمَرْحَبًا بِهِ
وَأَهْلًا فَيَسْتَبْشِرُ بِهِ أَهْلُ السمَاءِ لَا يَعْلَمُ أَهْلُ السمَاءِ بِمَا يُرِيدُ اللهُ بِهِ فِي الْأَرْضِ حَتى
يُعْلِمَهُمْ فَوَجَدَ فِي السمَاءِ الدنْيَا آدَمَ فَقَالَ لَهُ جِبْرِيلُ هَذَا أَبُوكَ آدَمُ فَسَلمْ عَلَيْهِ فَسَلمَ عَلَيْهِ
وَرَد عَلَيْهِ آدَمُ وَقَالَ مَرْحَبًا وَأَهْلًا بِابْنِي نِعْمَ الِابْنُ أَنْتَ فَإِذَا هُوَ فِي السمَاءِ الدنْيَا بِنَهَرَيْنِ
يَطرِدَانِ فَقَالَ مَا هَذَانِ النهَرَانِ يَا جِبْرِيلُ قَالَ هَذَا النيلُ وَالْفُرَاتُ عُنْصُرُهُمَا ثُم مَضَى بِهِ فِي
السمَاءِ فَإِذَا هُوَ بِنَهَرٍ آخَرَ عَلَيْهِ قَصْرٌ مِنْ لُؤْلُؤٍ وَزَبَرْجَدٍ فَضَرَبَ يَدَهُ فَإِذَا هُوَ مِسْكٌ أَذْفَرُ قَالَ
مَا هَذَا يَا جِبْرِيلُ قَالَ هَذَا الْكَوْثَرُ الذِي خَبَأَ لَكَ رَبكَ ثُم عَرَجَ بِهِ إِلَى السمَاءِ الثانِيَةِ فَقَالَتْ
الْمَلَائِكَةُ لَهُ مِثْلَ مَا قَالَتْ لَهُ الْأُولَى مَنْ هَذَا قَالَ جِبْرِيلُ قَالُوا وَمَنْ مَعَكَ قَالَ مُحَمدٌ صَلى
اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا وَقَدْ بُعِثَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ قَالُوا مَرْحَبًا بِهِ وَأَهْلًا ثُم عَرَجَ بِهِ إِلَى السمَاءِ
الثالِثَةِ وَقَالُوا لَهُ مِثْلَ مَا قَالَتْ الْأُولَى وَالثانِيَةُ ثُم عَرَجَ بِهِ إِلَى الرابِعَةِ فَقَالُوا لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ ثُم
عَرَجَ بِهِ إِلَى السمَاءِ الْخَامِسَةِ فَقَالُوا مِثْلَ ذَلِكَ ثُم عَرَجَ بِهِ إِلَى السمَاءِ السادِسَةِ فَقَالُوا لَهُ
مِثْلَ ذَلِكَ ثُم عَرَجَ بِهِ إِلَى السمَاءِ السابِعَةِ فَقَالُوا لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ كُل سَمَاءٍ فِيهَا أَنْبِيَاءُ قَدْ
سَماهُمْ فَأَوْعَيْتُ مِنْهُمْ إِدْرِيسَ فِي الثانِيَةِ وَهَارُونَ فِي الرابِعَةِ وَآخَرَ فِي الْخَامِسَةِ لَمْ أَحْفَظْ
اسْمَهُ وَإِبْرَاهِيمَ فِي السادِسَةِ وَمُوسَى فِي السابِعَةِ بِتَفْضِيلِ كَلَامِ اللهِ فَقَالَ مُوسَى رَب لَمْ
أَظُن أَنْ يُرْفَعَ عَلَي أَحَدٌ ثُم عَلَا بِهِ فَوْقَ ذَلِكَ بِمَا لَا يَعْلَمُهُ إِلا اللهُ حَتى جَاءَ سِدْرَةَ الْمُنْتَهَى
وَدَنَا لِلْجَبارِ رَب الْعِزةِ فَتَدَلى حَتى كَانَ مِنْهُ قَابَ قَوْسَيْنِ أَوْ أَدْنَى فَأَوْحَى اللهُ فِيمَا أَوْحَى
إِلَيْهِ خَمْسِينَ صَلَاةً عَلَى أُمتِكَ كُل يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ ثُم هَبَطَ حَتى بَلَغَ مُوسَى فَاحْتَبَسَهُ مُوسَى
فَقَالَ يَا مُحَمدُ مَاذَا عَهِدَ إِلَيْكَ رَبكَ قَالَ عَهِدَ إِلَي خَمْسِينَ صَلَاةً كُل يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ قَالَ إِن
أُمتَكَ لَا تَسْتَطِيعُ ذَلِكَ فَارْجِعْ فَلْيُخَفِفْ عَنْكَ رَبكَ وَعَنْهُمْ فَالْتَفَتَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ
وَسَلمَ إِلَى جِبْرِيلَ كَأَنهُ يَسْتَشِيرُهُ فِي ذَلِكَ فَأَشَارَ إِلَيْهِ جِبْرِيلُ أَنْ نَعَمْ إِنْ شِئْتَ فَعَلَا بِهِ إِلَى

الْجَبارِ فَقَالَ وَهُوَ مَكَانَهُ يَا رَب خَففْ عَنا فَإِن أُمتِي لَا تَسْتَطِيعُ هَذَا فَوَضَعَ عَنْهُ عَشْرَ صَلَوَاتٍ ثُم رَجَعَ إِلَى مُوسَى فَاحْتَبَسَهُ فَلَمْ يَزَلْ يُرَددُهُ مُوسَى إِلَى رَبهِ حَتى صَارَتْ إِلَى خَمْسِ صَلَوَاتٍ ثُم احْتَبَسَهُ مُوسَى عِنْدَ الْخَمْسِ فَقَالَ يَا مُحَمدُ وَاللهِ لَقَدْ رَاوَدْتُ بَنِي إِسْرَائِيلَ قَوْمِي عَلَى أَدْنَى مِنْ هَذَا فَضَعُفُوا فَتَرَكُوهُ فَأُمتُكَ أَضْعَفُ أَجْسَادًا وَقُلُوبًا وَأَبْدَانًا وَأَبْصَارًا وَأَسْمَاعًا فَارْجِعْ فَلْيُخَففْ عَنْكَ رَبكَ كُل ذَلِكَ يَلْتَفِتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى جِبْرِيلَ لِيُشِيرَ عَلَيْهِ وَلَا يَكْرَهُ ذَلِكَ جِبْرِيلُ فَرَفَعَهُ عِنْدَ الْخَامِسَةِ فَقَالَ يَا رَب إِن أُمتِي ضُعَفَاءُ أَجْسَادُهُمْ وَقُلُوبُهُمْ وَأَسْمَاعُهُمْ وَأَبْصَارُهُمْ وَأَبْدَانُهُمْ فَخَففْ عَنا فَقَالَ الْجَبارُ يَا مُحَمدُ قَالَ لَبيْكَ وَسَعْدَيْكَ قَالَ إِنهُ لَا يُبَدلُ الْقَوْلُ لَدَي كَمَا فَرَضْتُهُ عَلَيْكَ فِي أُم الْكِتَابِ قَالَ فَكُل حَسَنَةٍ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا فَهِيَ خَمْسُونَ فِي أُم الْكِتَابِ وَهِيَ خَمْسٌ عَلَيْكَ فَرَجَعَ إِلَى مُوسَى فَقَالَ كَيْفَ فَعَلْتَ فَقَالَ خَففَ عَنا أَعْطَانَا بِكُل حَسَنَةٍ عَشْرَ أَمْثَالِهَا قَالَ مُوسَى قَدْ وَاللهِ رَاوَدْتُ بَنِي إِسْرَائِيلَ عَلَى أَدْنَى مِنْ ذَلِكَ فَتَرَكُوهُ ارْجِعْ إِلَى رَبكَ فَلْيُخَففْ عَنْكَ أَيْضًا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا مُوسَى قَدْ وَاللهِ اسْتَحْيَيْتُ مِنْ رَبي مِما اخْتَلَفْتُ إِلَيْهِ قَالَ فَاهْبِطْ بِاسْمِ اللهِ قَالَ وَاسْتَيْقَظَ وَهُوَ فِي مَسْجِدِ الْحَرَامِ.

8437 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەرەمدىن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان ئىسرا كېچىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تېخى ۋەھيي كەلمىگەن چاغلار ئىدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرەم مەسجىدىدە ئۇخلاۋاتقاندا، يېنىغا ئۈچ كىشى (پەرىشتىلەر) يېتىپ كەلدى. بىرىنچىسى:

ــ ئۇ (يەنى مۇھەممەد) قايسىسى؟ ـ دەپ سورىدى. ئىككىنچىسى:

ــ ئوتتۇرىدا ياتقىنى شۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولىدۇ، ـ دېدى. ئۈچىنچىسى:

ــ ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى ئېلىپ مېڭىڭلار! ــ دېدى، ئۇ كېچىسى مۇشۇ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. يەنە بىر كېچىسى، ئۇلار يەنە يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ئويغاق بولۇپ، ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەنە شۇنداقتۇر،

گەرچە كۆزلىرى ئۇخلىسىمۇ، قەلبى ئويغاق بولىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ - سۆز قىلماستىنلا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ، زەمزەم قۇدۇقىنىڭ قېشىغا قويدى. جىبرىئىل دەرھال ئىشقا كىرىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسىنى كېكىردىكىگىچە ياردى ۋە ئىچىنى بوشاتتى. ئاندىن ئۆز قولى بىلەن زەمزەم سۈيىدە يۇيۇپ تازىلىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئالتۇن لېگەن كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭدا ئالتۇن جام بار بولۇپ، لېگەن ئىمان ۋە ھېكمەت بىلەن تولدۇرۇلغانىدى. جىبرىئىل ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆكسى ۋە بويۇن تومۇرلىرىنى تولدۇرۇپ، ئاندىن يۈرىكىنى جايىغا سالدى ۋە كۆكرىكىنى يەملىۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېلىپ، بىرىنچى ئاسمانغا چىقتى ۋە ئاسماننىڭ دەرۋازىسىدىن بىرنى قاقتى... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭدا يەنە مۇنداق دەپ كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارىغۇدەك بولسا، بىرىنچى ئاسماندا ئىككى دەريا ئېقىۋاتقان ئىكەن. جىبرىئىلدىن: ”بۇ ئىككىسى نېمە دەريا؟“ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل: ”بۇلار نىل بىلەن فىرات دەريالىرىنىڭ مەنبەسى بولىدۇ“ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن جىبرىئىل بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىدى. قارىغۇدەك بولسا، ئۇ يەردىمۇ بىر دەريا بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مەرۋايىت بىلەن زەبەرجەدتىن سېلىنغان بىر قەسىر تۇرغۇدەك. قولىنى دەرياغا تىقىپ، سۈيىنىڭ مۇشكى - ئەنبەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە: ”ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە؟“ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل: ”بۇ ساڭا رەببىڭ ساقلاپ قويغان كەۋسەردۇر“ دېدى. ئاندىن ئۇلار ئىككىنچى ئاسمانغا چىقىپ، ئاسمان ئىشىكلىرىدىن بىرىنى قاقتى... داۋامى يۇقىرىقى رىۋايەتكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەرقى شۇكى، بۇ رىۋايەتتە ئىككىنچى ئاسماندا ئىدرىسنى، تۆتىنچى ئاسماندا ھارۇننى، ئالتىنچى ئاسماندا ئىبراھىمنى، يەتتىنچى ئاسماندا مۇسانى، بىرىنچى ئاسماندا ھەزرىتى ئادەمنى كۆرگەنلىكى بايان قىلىنغان. ھەزرىتى مۇسا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ): ”ئى رەببىم! ھېچكىم مەندىن ئۈستۈن

مەرتىۋىگە نائىل قىلىنمايدۇ دەپ ئويلايتتىم“ دېدى. ئاندىن جىبرىئىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەتتى. قانچىلىك ئۆرلىگەنلىكىنى اللهتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئاخىرى، سىدرەتۇل مۇنتەھاغا بېرىپ يەتكەندە، ئىززەت ئىگىسى بولغان جەببار پەرۋەردىگارىغا يانىڭ ئىككى ئۇچىدەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ قىسقا ئارىلىق قالغۇچە يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، الله رەسۇلىغا مۇنداق ۋەھيي قىلدى: ”ساڭا ۋە ئۈممىتىڭگە بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 50 ۋاقىت ناماز پەرز قىلدىم“. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەسكە چۈشۈپ، ھەزرىتى مۇسانىڭ قېشىغا كەلدى. مۇسا ئۇنى توختىتىپ: ”ئى مۇھەممەد! رەببىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىلەرنى تاپشۇردى؟“ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 50 ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇدى“ دېۋىدى مۇسا: ”ئۈممىتىڭ بۇنىڭغا تاقەت قىلالمايدۇ. رەببىڭگە قايتىپ يېنىكلىتىپ بېرىشىنى سورىغىن!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلغا خۇددى مەسلىھەتكە سالغاندەك قارىۋىدى، جىبرىئىل: ”خالىساڭ، ماقۇل دېگىن“ دەپ ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى يەنە جاببارنىڭ ھۇزۇرىغا ئۆرلەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ: ”ئەي رەببىم، بىزدىن يەڭگىللەتكىن، ئۈممىتىم بۇنى قىلالمايدۇ“ دېۋىدى، الله ئۇنىڭدىن 10 ۋاقىت نامازنى يەڭگىللەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەسكە چۈشۈپ، مۇسانىڭ قېشىغا كەلدى، مۇسا ئۇنى توختىتىپ سورىدى. مۇشۇ تەرىقىدە، مۇسا بىلەن رەببىنىڭ ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ، ئاخىرى بەش ۋاقىت نامازغا چۈشۈرۈلدى. مۇسا يەنە توختىتىۋېلىپ: ”ئى مۇھەممەد! مەن قەۋمىم بەنى ئىسرائىلنى بۇنىڭدىنمۇ ئاز ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان بولساممۇ، ئۇلار تاقەت قىلالماي تاشلىۋەتكەن. ئۈممىتىڭ جىسمانىي، ئەقلىي ۋە كۆرۈش ـ ئاڭلاش جەھەتتە تېخىمۇ ئاجىز، يەنە قايتىپ بارغىن، رەببىڭ تېخىمۇ يەڭگىللىتىپ بەرسۇن!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلغا قارىۋىدى، جىبرىئىلمۇ بۇنى رەت قىلماي، ئۇنى بەشىنچى قېتىم يۇقۇرىغا ئۆرلەتتى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: ”ئى رەببىم! ئۈممىتىمنىڭ جىسمى، بەدەنلىرى، ئەقىل - ھوشى، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارى ئاجىز، شۇڭا بىزگە يەڭگىللىتىپ بەرگىن“ دەپ ئىلتىجا قىلىۋىدى، جاببار الله: ”ئى مۇھەممەد!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”لەببەيك، پەرمانبەردارمەن“ دېدى. الله: ”سۆزۈم ئۆزگەرمەيدۇ، ساڭا لەۋھۇلمەھپۇزدا پەرز قىلىۋەتكىنىم ھېساب. ھەر بىر ياخشى ئىش ئون ھەسسىسى بىلەن ھېسابلىنىدۇ. ساڭا پەرز قىلىنغان بەش ۋاقىت ناماز لەۋھۇلمەھپۇزدا 50 ۋاقىت بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ“ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسانىڭ يېنىغا قايتىپ باردى، مۇسا: ”قانداق قىلدىڭ؟“ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”بىزدىن يەڭگىللەتتى، ھەر بىر ياخشى ئىشقا ئون ھەسسە ساۋاب بېرىدىغان بولدى“ دېدى، مۇسا: ”اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن قەۋمىم بەنى ئىسرائىلنى بۇنىڭدىنمۇ ئاز ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلغان بولساممۇ، ئۇلار بولالماي تاشلىۋەتكەن، يەنە قايتىپ بارغىن، رەببىڭ يەنە يەڭگىللىتىپ بەرسۇن!“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”ئى مۇسا! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، رەببىمنىڭ ھۇزۇرىغا قايتا ــ قايتا چىقىۋېرىپ ئۇيۇلۇپ قالدىم“ دېدى. جىبرىئىل: ”اللهنىڭ ئىسمى بىلەن چۈشكىن!“ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى ھەرەمدە ئويغاندى.

(بۇخارى: 7517)

8438 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أُتِيتُ بِالْبُرَاقِ وَهُوَ دَابةٌ أَبْيَضُ طَوِيلٌ فَوْقَ الْحِمَارِ وَدُونَ الْبَغْلِ يَضَعُ حَافِرَهُ عِنْدَ مُنْتَهَى طَرْفِهِ قَالَ فَرَكِبْتُهُ حَتى أَتَيْتُ بَيْتَ الْمَقْدِسِ قَالَ فَرَبَطْتُهُ بِالْحَلْقَةِ التِي يَرْبِطُ بِهِ الْأَنْبِيَاءُ قَالَ ثُم دَخَلْتُ الْمَسْجِدَ فَصَلَّيْتُ فِيهِ رَكْعَتَيْنِ ثُم خَرَجْتُ فَجَاءَنِي جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلَام بِإِنَاءٍ مِنْ خَمْرٍ وَإِنَاءٍ مِنْ لَبَنٍ فَاخْتَرْتُ اللبَنَ فَقَالَ جِبْرِيلُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اخْتَرْتَ الْفِطْرَةَ ثُم عَرَجَ بِنَا إِلَى السمَاءِ بنحو حديث قتادة.

وفيه: فَإِذَا أَنا بِإِبْرَاهِيمَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُسْنِدًا ظَهْرَهُ إِلى الْبَيتِ الْمَعْمُورِ وَإِذَا هُوَ يَدْخُلُهُ كُل يَوْمٍ سَبْعُونَ أَلْفَ مَلَكٍ لَا يَعُودُونَ إِلَيْهِ ثُم ذَهَبَ بِي إِلَى السدْرَةِ الْمُنْتَهَى وَإِذَا وَرَقُهَا كَآذَانِ الْفِيَلَةِ وَإِذَا ثَمَرُهَا كَالْقِلَالِ قَالَ فَلَما غَشِيَهَا مِنْ أَمْرِ اللهِ مَا غَشِيَ تَغَيرَتْ فَمَا أَحَدٌ مِنْ خَلْقِ اللهِ يَسْتَطِيعُ أَنْ يَنْعَتَهَا مِنْ حُسْنِهَا.

وفيه: قَالَ فَلَمْ أَزَلْ أَرْجِعُ بَيْنَ رَبي تَبَارَكَ وَتَعَالَى وَبَيْنَ مُوسَى عَلَيْهِ السلَام حَتى قَالَ يَا مُحَمدُ إِنهُن خَمْسُ صَلَوَاتٍ كُل يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ لِكُل صَلَاةٍ عَشْرٌ فَذَلِكَ خَمْسُونَ صَلَاةً.

8438 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ماڭا بىر دۇلدۇل كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئېشەكتىن چوڭراق، خېچىردىن كىچىكرەك، قەدىمىنى چوڭ ئالىدىغان ھايۋان ئىدى. دۇلدۇلغا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە باردىم ۋە ئۇنى پەيغەمبەرلەر ئۇلاغلىرىنى باغلايدىغان ھالقىغا باغلىدىم. ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ مەسجىدتىن چىقتىم. جىبرىئىل ماڭا بىر قاچا مەي بىلەن بىر قاچا سۈت ئېلىپ كەلدى، مەن سۈتنى تاللىدىم. جىبرىئىل ماڭا: ''توغرا يولنى تاللىدىڭ'' دېدى. ئاندىن ئاسمانغا ئۆرلىدۇق... (داۋامى قەتادەنىڭ ھەدىسىگە ئوخشاش بولۇپ) بۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ يەردە ئىبراھىمنىڭ بەيتۇلمەئمۇرغا يۆلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بەيتۇلمەئمۇرغا ھەر كۈنى 70 مىڭ پەرىشتە كىرىپ تۇراتتى، بىر كىرگەنلىرى قايتا كىرمەيتتى. ئاندىن كېيىن سىدرەتۇلمۇنتەھا دەرىخىگە باردۇق. بۇ دەرەخنىڭ ياپراقلىرىنىڭ چوڭلۇقى پىلنىڭ قۇلاقلىرىدەك، مېۋىلىرىنىڭ چوڭلۇقى كۈپلەردەك ئىدى. رەببىمنىڭ بۇيرۇقى چۈشكەندە، بۇ دەرەختە ئۆزگىرىش پەيدا بولاتتى. اللهنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچ بىر ئادەم بۇ دەرەخنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلىيەلمەيدۇ... رەببىم بىلەن مۇسانىڭ ئارىسىدا كۆپ قېتىم ماڭدىم. ئاخىرىدا، الله تائالا: ''ئى مۇھەممەد! بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدىم. ھەر بىر ۋاقىت ناماز ئون ۋاقىت نامازنىڭ ئورنىدا، بەش ۋاقىت ناماز 50 نامازنىڭ ئورنىدا بولىدۇ'' دېدى».
(مۇسلىم: 162)

8439 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ أَبُو ذَرٍ يُحَدِثُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فُرِجَ عَنْ سَقْفِ بَيْتِي وَأَنَا بِمَكةَ فَنَزَلَ جِبْرِيلُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَفَرَجَ صَدْرِي ثُم غَسَلَهُ بِمَاءِ زَمْزَمَ ثُم جَاءَ بِطَسْتٍ مِنْ ذَهَبٍ مُمْتَلِئٍ حِكْمَةً وَإِيمَانًا فَأَفْرَغَهُ فِي صَدْرِي ثُم أَطْبَقَهُ ثُم أَخَذَ بِيَدِي فَعَرَجَ بِي إِلَى السمَاءِ الدنْيَا فَلَما جِئْتُ إِلَى السمَاءِ الدنْيَا قَالَ جِبْرِيلُ لِخَازِنِ السمَاءِ افْتَحْ قَالَ مَنْ هَذَا قَالَ هَذَا جِبْرِيلُ قَالَ هَلْ مَعَكَ أَحَدٌ قَالَ نَعَمْ مَعِي مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أُرْسِلَ إِلَيْهِ قَالَ نَعَمْ فَلَما فَتَحَ عَلَوْنَا السمَاءَ الدنْيَا فَإِذَا رَجُلٌ قَاعِدٌ عَلَى يَمِينِهِ أَسْوِدَةٌ وَعَلَى يَسَارِهِ أَسْوِدَةٌ إِذَا نَظَرَ قِبَلَ يَمِينِهِ ضَحِكَ وَإِذَا نَظَرَ قِبَلَ يَسَارِهِ بَكَى فَقَالَ مَرْحَبًا بِالنبِي الصالِحِ وَالِابْنِ الصالِحِ قُلْتُ لِجِبْرِيلَ مَنْ هَذَا قَال هَذَا آدَمُ وَهَذِهِ الْأَسْوِدَةُ عَنْ يَمِينِهِ وَشِمَالِهِ نَسَمُ بَنِيهِ فَأَهْلُ الْيَمِينِ مِنْهُمْ أَهْلُ الْجَنةِ وَالْأَسْوِدَةُ التِي عَنْ شِمَالِهِ أَهْلُ النارِ فَإِذَا نَظَرَ عَنْ يَمِينِهِ ضَحِكَ وَإِذَا نَظَرَ قِبَلَ شِمَالِهِ بَكَى حَتى عَرَجَ بِي إِلَى السمَاءِ الثانِيَةِ فَقَالَ لِخَازِنِهَا افْتَحْ فَقَالَ لَهُ خَازِنِهَا مِثْلَ مَا قَالَ الْأَولُ فَفَتَحَ قَالَ أَنَسٌ فَذَكَرَ أَنهُ وَجَدَ فِي السمَوَاتِ آدَمَ وَإِدْرِيسَ وَمُوسَى وَعِيسَى وَإِبْرَاهِيمَ صَلَوَاتُ اللهِ عَلَيْهِمْ وَلَمْ يُثْبِتْ كَيْفَ مَنَازِلُهُمْ غَيْرَ أَنهُ ذَكَرَ أَنهُ وَجَدَ آدَمَ فِي السمَاءِ الدنْيَا وَإِبْرَاهِيمَ فِي السمَاءِ السادِسَةِ قَالَ أَنسٌ فَلَما مَر جِبْرِيلُ بِالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِإِدْرِيسَ قَالَ مَرْحَبًا بِالنبِي الصالِحِ وَالْأَخِ الصالِحِ فَقُلْتُ مَنْ هَذَا قَالَ هَذَا إِدْرِيسُ ثُم مَرَرْتُ بِمُوسَى فَقَالَ مَرْحَبًا بِالنبِي الصالِحِ وَالْأَخِ الصالِحِ قُلْتُ مَنْ هَذَا قَالَ هَذَا مُوسَى ثُم مَرَرْتُ بِعِيسَى فَقَالَ مَرْحَبًا بِالْأَخِ الصالِحِ وَالنبِي الصالِحِ قُلْتُ مَنْ هَذَا قَالَ هَذَا عِيسَى ثُم مَرَرْتُ بِإِبْرَاهِيمَ فَقَالَ مَرْحَبًا بِالنبِي الصالِحِ وَالِابْنِ الصالِحِ قُلْتُ مَنْ هَذَا قَالَ هَذَا إِبْرَاهِيمُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ فَأَخْبَرَنِي ابْنُ حَزْمٍ أَن ابْنَ عَباسٍ وَأَبَا حَبةَ الْأَنْصَارِي كَانَا يَقُولَانِ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم عُرِجَ بِي حَتى ظَهَرْتُ لِمُسْتَوَى أَسْمَعُ فِيهِ صَرِيفَ الْأَقْلَامِ قَالَ ابْنُ حَزْمٍ وَأَنسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَفَرَضَ اللهُ عَز وَجَل عَلَى أُمتِي خَمْسِينَ صَلَاةً فَرَجَعْتُ بِذَلِكَ حَتى مَرَرْتُ عَلَى مُوسَى فَقَالَ مَا فَرَضَ اللهُ لَكَ عَلَى أُمتِكَ قُلْتُ فَرَضَ خَمْسِينَ صَلَاةً قَالَ فَارْجِعْ إِلَى رَبكَ فَإِن أُمتَكَ لَا تُطِيقُ ذَلِكَ فَرَاجَعْتُ فَوَضَعَ شَطْرَهَا فَرَجَعْتُ إِلَى مُوسَى قُلْتُ وَضَعَ شَطْرَهَا فَقَالَ رَاجِعْ رَبكَ فَإِن أُمتَكَ لَا تُطِيقُ

فَرَاجَعْتُ فَوَضَعَ شَطْرَهَا فَرَجَعْتُ إِلَيْهِ فَقَالَ ارْجِعْ إِلَى رَبِّكَ فَإِنَّ أُمَّتَكَ لَا تُطِيقُ ذَلِكَ فَرَاجَعْتُهُ فَقَالَ هِيَ خَمْسٌ وَهِيَ خَمْسُونَ

8439 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ زەر ئۆزىنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەن: «مەككىدىكى چېغىمدا ئۆينىڭ ئۆستى ئېچىلىپ، ئىچىگە جىبرىئىل چۈشتى. ئۇ مېنىڭ كۆكرىكىمنى يېرىپ، زەمزەم سۈيى بىلەن يۇدى، ئاندىن ھېكمەت ۋە ئىمان توشقۇزۇلغان ئالتۇن قاچىنى ئەكىلىپ، مەيدەمگە قويدى. ئاندىن يېرىقنى ئېتىپ، قولۇمدىن تۇتۇپ بىرىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. بىرىنچى ئاسمانغا كەلگىنىمىزدە، جىبرىئىل ئاسمانغا مۇئەككەل پەرىشتىگە: "ئىشىكنى ئاچ!" دېدى. پەرىشتە: "سەن كىم؟ يېنىڭدا كىم بار؟" دەپ سورىدى. جىبرىئىل: "مەن جىبرىئىل بولىمەن، يېنىمدا مۇھەممەد بار" دېدى .ئۇ: "چاقىرىلدىمۇ؟" دەپ سورىدى. جىبرىئىل: "ھەئە" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىشىك ئېچىلدى. بىرىنچى ئاسماندا بىر ئادەمنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆردۇق. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر توپ، سول تەرىپىدە بىر توپ كىشى بار بولۇپ، (ئۇ ئادەم) ئوڭ تەرىپىگە قارىسا كۈلەتتى، سول تەرىپىگە قارىسا يىغلايتتى. ئۇ: "سالىھ پەيغەمبەرگە ۋە سالىھ ئوغۇلغا مەرھابا" دېدى. جىبرىئىلدىن: "بۇ كىم بولىدۇ؟" دەپ سورىسام، جىبرىئىل: "بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئوڭ ـ سول تەرەپتىكىلەر ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ روھلىرى. ئوڭ تەرەپتىكىلەر جەننەت ئەھلى، سول تەرەپتىكىلەر دوزاخ ئەھلى، شۇڭا ئوڭ تەرەپكە قارىسا كۈلىدۇ، سول تەرەپكە قارىسا يىغلايدۇ" دېدى. ئاندىن جىبرىئىل مېنى ئىككىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ، مۇئەككەل پەرىشتىگە: "ئىشىكنى ئاچ!" دېدى. پەرىشتە ئالدىنقى پەرىشتىدەك سۆزلەرنى قىلدى، ئاندىن ئىشىك ئېچىلدى».

ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ زەر يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاسمانلاردا ئادەم، ئىدرىس، مۇسا، ئىيسا ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاملارنى ئۇچراتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ: "ئادەم

ئەلەيھىسسالامنى بىرىنچى ئاسماندا، ئىبراھىمنى ئالتىنچى ئاسماندا ئۇچراتتى“ دېدى. قالغان پەيغەمبەرلەرنى قايسى ئاسماندا ئۇچراتقانلىقىنى دېمىدى...

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى مۇنداق داۋاملىشىدۇ: «جىبرىئىل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئېلىپ، ئىدرىسنىڭ يېنىغا چىققاندا، ئىدرىس: ”سالىھ قېرىنداشقا مەرھابا!“ دېدى. مەن: ”بۇ كىم؟“ دەپ سورىسام، جىبرىئىل: ”ئۇ ئىدرىس“ دېدى. ئاندىن مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتتۇق. مۇسا: ”سالىھ پەيغەمبەر ۋە سالىھ قېرىنداشقا مەرھابا!“ دېدى. مەن: ”بۇ كىم؟“ دەپ سورىدىم، جىبرىئىل: ”بۇ مۇسا بولىدۇ“ دېدى. ئاندىن ئىيسانىڭ قېشىدىن ئۆتتۇق. ئۇمۇ: ”سالىھ پەيغەمبەر ۋە سالىھ قېرىنداشقا مەرھابا!“ دېدى. مەن: ”بۇ كىم؟“ دەپ سورىدىم، جىبرىئىل: ”بۇ ئىيسا بولىدۇ“ دېدى. ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كەلگەندە: ”سالىھ پەيغەمبەرگە ۋە سالىھ ئوغۇلغا مەرھابا!“ دېدى. مەن: ”بۇ كىم؟“ دەپ سورىدىم، جىبرىئىل: ”بۇ ئىبراھىم خەلىلۇللاھ“ دېدى.

ئىبنى ئابباس بىلەن ئەبۇ ھەببە ئەنسارىيلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاندىن مەن ئۆرلىگەنچە بىر مەنزىلگە چىقتىمكى، ئۇ يەردە (الله ھۆكۈم قىلغان نەرسىلەرنى يېزىۋاتقان) قەلەملەرنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم».

ئىبنى ھەزم بىلەن ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله مېنىڭ ئۈممىتىمگە 50 ۋاقىت ناماز پەرز قىلدى. پەرۋەردىگارىمنىڭ ھۇزۇرىدىن قايتىپ، مۇسانىڭ يېنىغا چۈشتۇم. مۇسا: ”الله ئۈممىتىڭگە نېمىنى پەرز قىلدى؟“ دەپ سورىدى. مەن: ”50 ۋاقىت نامازنى پەرز قىلدى“ دېسەم، مۇسا: ”رەببىڭگە قايتىپ بارغىن، چۈنكى ئۈممىتىڭ بۇنى قىلالمايدۇ“ دېدى. مەن رەببىمنىڭ ئالدىغا

قايتا بېرىۋىدىم، ئۇنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى. مۇساغا كېلىپ: ”الله يېرىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى“ دېسەم، مۇسا: ”رەببىڭگە قايتقىن، ئۈممىتىڭ بۇنى قىلالمايدۇ“ دېدى. مەن رەببىمنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ چىقتىم، يەنە يېرىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى. مۇسانىڭ قېشىغا قايتىپ چۈشتۇم، ئۇ يەنە: ”رەببىڭگە قايتقىن، ئۈممىتىڭ بۇنىمۇ قىلالمايدۇ“ دېدى. مەن يەنە رەببىمنىڭ ھۇزۇرىغا چىقتىم، رەببىم : ”بەش ۋاقىت ناماز 50 ۋاقىت نامازغا ھېساب“ دېدى».

(بۇخارى: 349)

8440 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ لَمَّا أُسْرِيَ بِرَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ انْتُهِيَ بِهِ إِلَى سِدْرَةِ الْمُنْتَهَى وَهِيَ فِي السَّمَاءِ السَّادِسَةِ إِلَيْهَا يَنْتَهِي مَا يُعْرَجُ بِهِ مِنْ الْأَرْضِ فَيُقْبَضُ مِنْهَا وَإِلَيْهَا يَنْتَهِي مَا يُهْبَطُ بِهِ مِنْ فَوْقِهَا فَيُقْبَضُ مِنْهَا قَالَ إِذْ يَغْشَى السِّدْرَةَ مَا يَغْشَى قَالَ فَرَاشٌ مِنْ ذَهَبٍ قَالَ فَأُعْطِيَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثَلَاثًا أُعْطِيَ الصَّلَوَاتِ الْخَمْسَ وَأُعْطِيَ خَوَاتِيمَ سُورَةِ الْبَقَرَةِ وَغُفِرَ لِمَنْ لَمْ يُشْرِكْ بِاللهِ مِنْ أُمَّتِهِ شَيْئًا الْمُقْحِمَاتُ.

8440 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى نۇمەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغاندا، سىدرەتۇلمۇنتەھادا توختىتىلدى. ئۇ ئالتىنچى ئاسماندا ئىدى. زېمىندىن ئۆرلەيدىغان ھەر شەيئى شۇ يەردە توختايدۇ، ئاندىن ئۇ يەردىن ئېلىنىدۇ. ئۈستىدىن چۈشىدىغانلارمۇ شۇ يەردە توختايدۇ، ئاندىن ئۇ يەردىن ئېلىنىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى قاپلىغان چاغدا (كۆردى) [①] (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قاپلىغان نەرسە ئالتۇن يوپۇق ئىدى، ـ دېگەن). پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (ئۇ يەردە) ئۈچ ئىش بېرىلدى. بىرىنچىسى، بەش ۋاقىت ناماز؛ ئىككىنچىسى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئايەتلىرى؛ ئۈچىنچىسى، ئۈممىتىدىن گۇناھ ئۆتكۈزگەن، لېكىن الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى.

(مۇسلىم: 173)

[①] سۈرە نەجم، 16 ـ ئايەت.

8441 ـ حَدثَنَا يَعْقُوبُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ الدوْرَقِي حَدثَنَا أَبُو تُمَيْلَةَ عَنْ الزبَيْرِ بْنِ جُنَادَةَ عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما انْتَهَيْنَا إِلَى بَيْتِ الْمَقْدِسِ قَالَ جِبْرِيلُ بِإِصْبَعِهِ فَخَرَقَ بِهِ الْحَجَرَ وَشَد بِهِ الْبُرَاقَ قَالَ أَبُو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ غَرِيبٌ.

8441 ـ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىز بەيتۇلمۇقەددەسكە يېرىپ توختىغاندا، جىبرىئىل بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپلا تاشنى تېشىپ، دۇلدۇلنى ئۇنىڭغا باغلىدى»[①].

(تىرمىزى: 3132)

8442 ـ عن جَابِر بْنَ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَما كَذبَنِي قُرَيْشٌ قُمْتُ فِي الْحِجْرِ فَجَلَا اللهُ لِي بَيْتَ الْمَقْدِسِ فَطَفِقْتُ أُخْبِرُهُمْ عَنْ آيَاتِهِ وَأَنَا أَنْظُرُ إِلَيْه.

8442 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «قۇرەيشلەر مېنىڭ (بىر كېچىدە بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ كەلگەنلىكىمنى) ئىنكار قىلغان چاغدا، مەن ھىجر (كەئبىنىڭ بېقىنىدىكى پاكار تام سېلىنغان ھويلا)دا تۇرۇپ، ئۇلارغا بەيتۇلمۇقەددەسنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بەردىم، شۇ چاغدا الله ماڭا بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ سىماسىنى كۆز ئالدىمغا ئەكىلىپ بەرگەنىدى».

(بۇخارى: 3886)

8443 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما كَانَ لَيْلَةُ أُسْرِيَ بِي وَأَصْبَحْتُ بِمَكةَ فَظِعْتُ بِأَمْرِي وَعَرَفْتُ أَن الناسَ مُكَذبِي فَقَعَدَ مُعْتَزِلًا حَزِينًا قَالَ فَمَر عَدُو اللهِ أَبُو جَهْلٍ فَجَاءَ حَتى جَلَسَ إِلَيْهِ فَقَالَ لَهُ كَالْمُسْتَهْزِئِ هَلْ كَانَ مِنْ شَيْءٍ

[①] ئەلبانى (2504): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن

فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَمْ قَالَ مَا هُوَ قَالَ إنهُ أُسْرِيَ بِي اللَّيْلَةَ قَالَ إلَى أَيْنَ قَالَ إلَى بَيْتِ الْمَقْدِسِ قَالَ ثُم أَصْبَحْتَ بَيْنَ ظَهْرَانَيْنَا قَالَ نَعَمْ قَالَ فَلَمْ يُرِ أَنهُ يُكَذبُهُ مَخَافَةَ أَنْ يَجْحَدَهُ الْحَدِيثَ إذَا دَعَا قَوْمَهُ إلَيْهِ قَالَ أَرَأَيتَ إنْ دَعَوْتُ قَوْمَكَ تُحَدثُهُمْ مَا حَدثْتَنِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَمْ فَقَالَ هَيا مَعْشَرَ بَنِي كَعْبِ بْنِ لُؤَيٍ قَالَ فَانْتَفَضَتْ إلَيْهِ الْمَجَالِسُ وَجَاءُوا حَتى جَلَسُوا إلَيْهِمَا قَالَ حَدثْ قَوْمَكَ بِمَا حَدثْتَنِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إني أُسْرِيَ بِي اللَّيْلَةَ قَالُوا إلَى أَيْنَ قُلْتُ إلَى بَيْتِ الْمَقْدِسِ قَالُوا ثُم أَصْبَحْتَ بَيْنَ ظَهْرَانَيْنَا قَالَ نَعَمْ قَالَ فَمِنْ بَيْنِ مُصَفقٍ وَمِنْ بَيْنِ وَاضِعٍ يَدَهُ عَلَى رَأْسِهِ مُتَعَجبًا لِلْكَذِبِ زَعَمَ قَالُوا وَهَلْ تَسْتَطِيعُ أَنْ تَنْعَتَ لَنَا الْمَسْجِدَ وَفِي الْقَوْمِ مَنْ قَدْ سَافَرَ إلَى ذَلِكَ الْبَلَدِ وَرَأَى الْمَسْجِدَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَهَبْتُ أَنْعَتُ فَمَا زِلْتُ أَنْعَتُ حَتى الْتَبَسَ عَلَي بَعْضُ النعْتِ قَالَ فَجِيءَ بِالْمَسْجِدِ وَأَنَا أَنْظُرُ حَتى وُضِعَ دُونَ دَارِ عِقَالٍ أَوْ عُقَيْلٍ فَنَعَتهُ وَأَنَا أَنْظُرُ إلَيْهِ قَالَ وَكَانَ مَعَ هَذَا نَعْتٌ لَمْ أَحْفَظْهُ قَالَ فَقَالَ الْقَوْمُ أَما النعْتُ فَوَاللهِ لَقَدْ أَصَابَ.

8443 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن بەيتۇلمۇقەددەسكە ئېلىپ بېرىلغان كېچىسى، سەھەردە مەككىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىشىمدىن ئەنسىرىدىم، چۈنكى كىشىلەرنىڭ مېنى يالغانچىغا چىقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. غەمگە پاتقان ھالدا ئولتۇراتتىم، يېنىمدىن اللهنىڭ دۈشمىنى ئەبۇ جەھىل ئۆتتى. (مېنى كۆرۈپ) يېنىمغا كەلدى ۋە مەسخىرە ئارىلاش:

ـ بىر ئىش بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ھەئە، ـ دېدىم.

ـ نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ سەپەر قىلىپ كەلدىم، ـ دېدىم.

ـ قەيەرگە باردىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ بەيتۇلمۇقەددەسكە، ـ دېدىم.

ــ (كىچىچە) بىرىپ، ئارىمىزغا قايتىپ كېلىپ بولدۇڭ، شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى.

ــ ھەئە، شۇنداق، ـ دېدىم.

ــ سېنىڭ قەۋمىڭنى چاقىرىپ كەلسەم، ماڭا ئېيتقانلىرىڭنى ئۇلارغىمۇ ئېيتامسەن؟ ـ دېدى.

ـ ھەئە، ئېيتىمەن، ـ دېدىم. ئەبۇ جەھل:

ــ ئەي كەئب ئىبنى لۇئەي قەۋمى! تېز كېلىڭلار! ـ دەپ ۋارقىرىدى. ئۇلار دەرھال يېتىپ كېلىشتى. ئەبۇ جەھل:

ــ قېنى، ماڭا ئېيتقانلىرىڭنى بۇلارغىمۇ ئېيتقىن! ـ دېدى. مەن:

ــ بۇ كېچە سەپەر قىلىپ كەلدىم، ـ دېدىم.

ــ نەگە باردىڭ؟ ـ دەپ سوراشتى.

ــ بەيتۇلمۇقەددەسكە، ـ دېدىم.

ــ (كېچىچە بېرىپ) سەھەردە يېنىمىزغا قايتىپ كېلىپ بولدۇڭمۇ؟ ـ دېيىشتى.

ــ شۇنداق، ـ دېۋىدىم، بۇ سۆزۈمگە ھەيران بولغانلىقتىن بەزىلىرى چاۋاك چېلىشقا، بەزىلىرى بېشىنى تاتىلاشقا باشلىدى. ئۇلار مېنى يالغان گەپ قىلدىمىكىن دەپ ئويلاپ:

ــ سەن بىزگە مەسجىدنى تەسۋىرلەپ بېرەلەمسەن؟ ـ دېيىشتى. ئارىلىرىدا بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغانلار خېلى بار ئىدى.

ــ ماقۇل، ـ دېدىم ۋە تەسۋىرلەشكە باشلىدىم. بەزى يەرلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمىگىلى تاس قالغانىدىم، شۇ ھامان بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈلدى. مەن شۇنىڭغا قاراپ بىرمۇ بىر تەسۋىرلەپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار:

ــ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەممە يېرىنى توغرا ۋە تولۇق تەسۋىرلەپ بەردى، ـ دېيىشتى[1].

(ئەھمەد: 2820)

[1] ھەيسەمى (229): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەد راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8444 ـ عن أبي هريرة رضي الله عنه أن رسول الله ﷺ أتى بفرس يجعل كل خطو منه أقصى بصره فسار وسار معه جبريل ﷺ فأتى على قوم يزرعون في يوم ويحصدون في يوم كلما حصدوا عاد كما كان فقال يا جبريل من هؤلاء قال هؤلاء المجاهدون في سبيل الله تضاعف لهم الحسنة بسبعمائة ضعف وما أنفقوا من شيء فهو يخلفه ثم أتى على قوم ترضخ رؤوسهم بالصخر كلما رضخت عادت كما كانت ولا يفتر عنهم من ذلك شيء قال يا جبريل من هؤلاء قال هؤلاء الذين تثاقلت رؤوسهم عن الصلاة ثم أتى على قوم على إدبارهم رقاع وعلى أقبالهم رقاع يسرحون كما تسرح الأنعام إلى الضريع والزقوم ورضف جهنم قال ما هؤلاء يا جبريل قال هؤلاء الذين لا يؤدون صدقات أموالهم وما ظلمهم الله وما الله بظلام للعبيد ثم أتى على قوم بين أيديهم لحم في قدر نضيج ولحم آخر نيء خبيث فجعلوا يأكلون الخبيث ويدعون النضيج الطيب قال يا جبريل من هؤلاء قال الرجل من أمتك يقوم من عند امرأته حلالا فيأتي المرأة الخبيثة فيبيت معها حتى يصبح والمرأة تقوم من عند زوجها حلالا طيبا فتأتي الرجل الخبيث فتبيت عنده حتى تصبح ثم أتى على رجل قد جمع حزمة عظيمة لا يستطيع حملها وهو يريد أن يزيد عليها فقال يا جبريل من هذا قال هذا رجل من أمتك عليه أمانة الناس لا يستطيع أداءها وهو يزيد عليها ثم أتى على قوم تقرض شفاههم وألسنتهم بمقاريض من حديد كلما قرضت عادت كما كانت لا يفتر عنهم من ذلك شيء قال يا جبريل ما هؤلاء قال خطباء الفتنة ثم أتى على جحر صغير يخرج منه ثور عظيم فيريد الثور أن يدخل من حيث خرج فلا يستطيع فقال ما هذا يا جبريل قال هذا الرجل يتكلم بالكلمة العظيمة فيندم عليها فيريد أن يردها فلا يستطيع ثم أتى على واد فوجد ريحا طيبة ووجد ريح مسك مع صوت فقال ما هذا قال صوت الجنة تقول يا رب إئتني بأهلي وبما وعدتني فقد كثر غرسي وحريري وسندسي واستبرقي وعبقري ومرجاني وقصبي وذهبي وكوابي وصحافي وأباريقي وفواكهي وعسلي وثيابي ولبني وخمري إئتني بما وعدتني قال لك كل مسلم ومسلمة ومؤمن ومؤمنة ومن آمن بي وبرسلي وعمل صالحا ولم يشرك بي شيئا ولم يتخذ من دوني أندادا فهو آمن ومن سألني أعطيته ومن أقرضني جزيته ومن توكل علي كفيته إني

أنا الله لا إله إلا أنا لا خلف لميعادي قد أفلح المؤمنون تبارك الله أحسن الخالقين فقالت قد رضيت ثم أتى على واد فسمع صوتا منكرا فقال يا جبريل ما هذا الصوت قال هذا صوت جهنم تقول يا رب ائتني بأهلي وبما وعدتني فقد كثر سلاسلي وأغلالي وسعيري وحميمي وغساقي وغسليني وقد بعد قعري واشتد حري إئتني بما وعدتني قال لك كل مشرك ومشركة وخبيث وخبيثة وكل جبار لا يؤمن بيوم الحساب قالت قد رضيت ثم سار حتى أتى بيت المقدس فنزل فربط فرسه إلى صخرة فصلى مع الملائكة فلما قضيت الصلاة قالوا يا جبريل من هذا معك قال هذا محمد رسول الله ﷺ خاتم النبيين قالوا وقد أرسل إليه قال نعم قالوا حياه الله من أخ وخليفة فنعم الأخ ونعم الخليفة ثم لقوا أرواح الأنبياء فأثنوا على ربهم تعالى فقال إبراهيم ﷺ الحمد لله الذي اتخذني خليلا وأعطاني ملكا عظيما وجعلني أمة قانتا واصطفاني برسالاته وأنقذني من النار وجعلها علي بردا وسلاما إن موسى عليه السلام أثنى على ربه فقال الحمد لله الذي كلمني تكليما واصطفاني وأنزل علي التوراة وجعل هلاك فرعون على يدي ونجاة بني إسرائيل على يدي ثم إن داود ﷺ أثنى على ربه فقال الحمد لله الذي جعل لي ملكا وأنزل علي الزبور وألان لي الحديد وسخر لي الجبال يسبحن معي والطير وآتاني الحكمة وفصل الخطاب ثم إن سليمان عليه السلام أثنى على ربه تبارك وتعالى فقال الحمد لله الذي سخر لي الرياح والجن والإنس وسخر لي الشياطين يعملون ما شئت من محاريب وتماثيل وجفان كالجوابي وقدور راسيات وعلمني منطق الطير وأسال لي عين القطر وأعطاني ملكا لا ينبغي لأحد من بعدي ثم إن عيسى ﷺ أثنى على ربه فقال الحمد لله الذي علمني التوراة والإنجيل وجعلني أبرئ الأكمه والأبرص وأحيي الموتى بإذنه ورفعني وطهرني من الذين كفروا وأعاذني وأمي من الشيطان الرجيم ولم يجعل للشيطان علينا سبيلا وإن محمدا ﷺ أثنى على ربه فقال كلكم أثنى على ربه وأنا مثن على ربي الحمد لله الذي أرسلني رحمة للعالمين وكافة للناس بشيرا ونذيرا وأنزل علي القرآن فيه تبيان كل شيء وجعل أمتي خير أمة أخرجت للناس وجعل أمتي وسطا وجعل أمتي هم الأولون وهم الآخرون وشرح لي صدري ووضع عني وزري ورفع لي ذكري وجعلني فاتحا وخاتما فقال إبراهيم ﷺ بذا فضلكم محمد ﷺ ثم أتى بآنية ثلاثة مغطاة

فدفع إليه إناء فيه ماء فقيل له اشرب ثم دفع إليه إناء آخر فيه لبن فشرب حتى روي ثم دفع إليه إناء آخر فيه خمر فقال قد رويت لا أذوقه فقيل له أصبت أما إنها ستحرم على أمتك ولو شربتها لم يتبعك من أمتك إلا قليل ثم صعد به إلى السماء فاستفتح جبريل فقيل مـن هذا قال جبريل قيل ومن معك قال محمد ﷺ قالوا وقد أرسل إليه قال نعم قالوا حياه الله من أخ وخليفة فنعم الأخ ونعم الخليفة ونعم المجيء جاء فدخل فإذا بشيخ جالس تام الخلق لم ينقص من خلقه شيئا كما ينقص من خلق البشر عن يمينه باب يخرج منه ريـح طيبـة وعن شماله باب يخرج منه ريح خبيثة إذا نظر إلى الباب الذي عن يمينه ضحك وإذا نظـر إلى الباب الذي عن يساره بكى وحزن فقال يا جبريل من هذا الشيخ وما هذان البابـان قال هذا أبوك آدم وهذا الباب الذي عن يمينه باب الجنة إذا رأى من يدخله مـن ذريتـه ضحك واستبشر وإذا نظر إلى الباب الذي عن شماله باب جهنم من يدخله من ذريته بكى وحزن ثم صعد إلى السماء الثانية فاستفتح فقال من هذا فقال جبريل قالوا ومن معك قال محمد رسول الله ﷺ قالوا وقد أرسل إليه قال نعم قالوا حياه الله من أخ وخليفة فنعم الأخ ونعم الخليفة ونعم المجيء جاء فدخل فإذا هو بشابين فقال يا جبريل ما هذان الشابان قال هذا عيسى ويحيى ابنا الخالة ثم صعد إلى السماء الثالثة فاستفتح جبريل فقالوا من هذا معك قال محمد قالوا وقد أرسل إليه قال نعم قالوا حياه الله من أخ وخليفة فـنعم الأخ ونعـم الخليفة ونعم المجيء جاء فدخل فإذا هو برجل جالس قد فضل على الناس في الحسن كما فضل القمر ليلة البدر على سائر الكواكب فقال من هذا يا جبريل قال أخوك يوسف ﷺ ثم صعد إلى السماء الرابعة فاستفتح جبريل فقالوا من هذا معك قال محمد ﷺ قالوا وقـد أرسل إليه قال نعم قالوا حياه الله من أخ وخليفة ونعم المجيء جاء فدخل فإذا هو برجـل فقال يا جبريل ما هذا الرجل الجالس قال هذا أخوك إدريس رفعه الله مكانا عليا ثم صعد به إلى السماء الخامسة فاستفتح جبريل فقالوا من هذا معك قال محمد ﷺ قالوا وقد أرسل إليه قال نعم قالوا حياه الله من أخ وخليفة فنعم الأخ ونعم الخليفة ونعم المجيء جاء فدخل فإذا هو برجل جالس يقص عليهم قال يا جبريل من هذا ومن هؤلاء الذين حوله قال هذا هرون ﷺ المخلف في قومه وهؤلاء قومه من بني إسرائيل ثم صعد به إلى السماء السادسة

فاستفتح جبريل فقالوا من هذا معك قال محمد ﷺ قالوا وقد أرسل إليه قال نعم قالوا حياه الله من أخ وخليفة فنعم الأخ ونعم الخليفة ونعم المجيء فإذا هو برجل جالس فجاوزه فبكى الرجل فقال يا جبريل من هذا قال موسى ﷺ قال ما يبكيه قال تزعم بنو إسرائيل أني أفضل الخلق وهذا قد خلفني فلو أنه وحده ولكن معه كل أمته ثم صعد بنا إلى السماء السابعة فاستفتح جبريل فقالوا من معك قال محمد ﷺ قالوا وقد أرسل إليه قال نعم قالوا حياه الله من أخ ومن خليفة فنعم الأخ ونعم الخليفة ونعم المجيء جاء فإذا هو برجل أشمط جالس على كرسي عند باب الجنة وعنده قوم جلوس في ألوانهم شيء قال عيسى يعني أبا جعفر الرازي وسمعته مرة يقول سود الوجوه فقام هؤلاء الذين في ألوانهم شيء فدخلوا نهرا يقال له نعمة الله فاغتسلوا فيه فخرجوا وقد خلص من ألوانهم شيء فدخلوا نهرا آخر يقال له رحمة الله فاغتسلوا فيه فخرجوا وقد خلص من ألوانهم شيء فدخلوا نهرا آخر فذلك قوله تعالى ) وسقاهم ربهم شرابا طهورا ( فخرجوا وقد خلصت ألوانهم مثل ألوان أصحابهم فجلسوا إلى أصحابهم فقال يا جبريل من هذا الأشمط الجالس ومن هؤلاء البيض الوجوه ومن هؤلاء الذين في ألوانهم شيء فدخلوا هذه الأنهار فاغتسلوا فيها ثم خرجوا وقد خلصت ألوانهم قال هذا أبوك إبراهيم ﷺ أول من شمط على الأرض وهؤلاء القوم البيض الوجوه قوم لم يلبسوا إيمانهم بظلم وهؤلاء الذين في ألوانهم شيء قد خلطوا عملا صالحا وآخر سيئا تابوا فتاب الله عليهم ثم مضى إلى السدرة فقيل له هذه السدرة المنتهى ينتهي كل أحد من أمتك خلا على سبيلك وهي السدرة المنتهى يخرج من أصلها أنهار من ماء غير آسن وأنهار من لبن لم يتغير طعمه وأنهار من خمر لذة للشاربين وأنهار من عسل مصفى وهي شجرة يسير الراكب في ظلها سبعين عاما وإن ورقة منها مظلة الخلق فغشيها نور وغشيتها الملائكة قال عيسى فذلك قوله ) إذ يغشى السدرة ما يغشى ( فقال تبارك وتعالى له سل فقال إنك اتخذت إبراهيم خليلا وأعطيته ملكا عظيما وكلمت موسى تكليما وأعطيت داود ملكا عظيما وألنت له الحديد وسخرت له الجبال وأعطيت سليمان ملكا عظيما وسخرت له الجن والإنس والشياطين والرياح وأعطيته ملكا لا ينبغي لأحد من بعده وعلمت عيسى التوراة والإنجيل وجعلته يبرئ الأكمه والأبرص وأعذته وأمه من

الشيطان الرجيم فلم يكن له عليهما سبيل فقال له ربه تبارك وتعالى قد إơذتك خلـيلا وهو مكتوب في التوراة Tمد حبيب الرحمن وأرسلتك إلى الناس كافة وجعلت أمتك هم الأولون وهم ا⌀خرون وجعلت أمتك لا θوز لهم خطبة حتى يشـهدوا أنـك عبـدي ورسولي وجعلتك أول النبيين خلقا وآخرهم بعثا وأعطيتك سبعا من المثاني وB أعطها نبيا قبلك وأعطيتك خواتيم سورة البقرة من كhơت العرش B أعطها نبيا قبلك وجعلتـك فاơا وخاlq. ثم ذكر فرض الصلاة ومراجعة موسى فحط عشرا ثم عشرا ثم عشرا ثم عشرا ثم Rسا.

8444 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شۇنداق بىر ئات كەلتۈرۈلگەنكى، ئۇ ئاتنىڭ ھەر بىر چامدىمى كۆزى يەتكەن مەنزىلگىچە يېتىپ باراتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇلار مېڭىپ بىر قەۋمنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ قەۋم زىرائەت تېرىپ، ھوسۇلىنى شۇ كۈنىلا ئالاتتى. ھوسۇلنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، زىرائەت يەنە ئەسلى ھالىتىگە قايتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپ:

ــ ئى جىبرىئىل! بۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىدى، جىبرىئىل:

ــ ئۇلار الله يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدلار، ئۇلارنىڭ قىلغان بىر ياخشى ئەمىلىنىڭ ساۋابى يەتتە يۈز ھەسسىگىچە ئاۋۇتۇپ بېرىلىدۇ. چىقىم قىلغان ھەرقانداق نېمىگە الله ساۋاب بېرىدۇ، ـ دېدى. كېيىن ئۇلار باشلىرى قۇرام تاش بىلەن ئېزىلىۋاتقان بىر قەۋمنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ بېشى ئېزىلىپ بولسىلا، ئەسلىگە قايتاتتى. يەنە ئېزىلەتتى، يەنە ئەسلىگە قايتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپ:

ــ ئى جىبرىئىل! بۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ــ ئۇلار ناماز ئوقۇش ئېغىر كېلىپ، بېشىنى كۆتۈرمەي ئۇخلىغانلار، ـ دېدى. كېيىن ئۇلار ئالدى ـ كەينى ئەۋرەتلىرىگە لاتا تارتىۋالغان بىر قەۋمنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى. ئۇلار جەھەننەمنىڭ قىزىتىلغان

چوغلىرى ئۈستىدە ئۇلاغلاردەك چىپىپ يۈرۈپ، تىكەنلىك ۋە بەتبۇي دەرەخ بىلەن زەققۇم يېيىشەتتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى جىبرىئىل! ئۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ــ ئۇلار ماللىرىنىڭ زاكىتىنى بەرمەيدىغانلار. اللە ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، اللە بەندىلەرگە زۇلۇم قىلغۇچى ئەمەس، ـ دېدى. كېيىن ئۇلار پىشۇرۇلغان گۆش بار بىر قازان بىلەن سېسىق خام گۆشنى ئالدىغا قويۇۋالغان بىر قەۋمنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. ئۇلار پىشۇرۇلغان پاكىز گۆشنى يېمەي، پاسكىنا سېسىق گۆشنى يەيتتى. بۇلارنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى جىبرىئىل! ئۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ــ ئۇلار سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن چىققان كىشىلەر. ئۇلار ھالال ئايالىنى قويۇپ، پاسكىنا ئاياللار بىلەن ياتقان ئەرلەر ۋە ھالال ئېرىنى قويۇپ، پاسكىنا ئەرلەر بىلەن ياتقان ئاياللار، ـ دېدى. كېيىن ئۇلار بىر ئادەمنىڭ قېشىدىن ئۆتتى، ئۇ ئادەم ئۆزى كۆتۈرەلمىگۈدەك بىر باغلام نەرسىنى توپلىۋالغان بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ توپلاشقا تىرىشاتتى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى جىبرىئىل! ئۇ كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ ئۇ سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن چىققان كىشى. ئۇنىڭدا كىشىلەرنىڭ ئامانەتلىرى بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئامانەتنى ئادا قىلمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ توختىماي ئامانەت توپلايدۇ، ـ دېدى. كېيىن ئۇلار تىل ۋە كالپۇكلىرى تۆمۈر قايچىلار بىلەن كېسىلىۋاتقان بىر قەۋمنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. كېسىلىپ بولغان تىل ـ كالپۇكلار دەرھال ئەسلىگە قايتاتتى، يەنە كېسىلەتتى، يەنە ئەسلىگە قايتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپ:

ـ ئى جىبرىئىل! ئۇلار كىملەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ـ ئۇلار پىتنە ـ پاساتقا چاقىرغان ناتىقلار بولىدۇ، ـ دېدى. كېيىن ئۇلار كىچىك بىر تۆشۈكنىڭ قېشىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭدىن چوڭ بىر

ئۆكۈز چىقىپ، ئۆزى چىققان تۆشۈككە قايتا كىرەلمەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ:

ـ ئى جىبرىئىل! ئۇ كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ـــ ئۇ چوڭ بىر چاتاق سۆز قىلىپ سىلىپ، پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، سۆزىنى قايتۇرۇۋالالمىغان كىشى، ـ دېدى. كېيىن ئۇلار بىر جىلغىغا كەلدى. جىلغىدىن بىر ئاۋاز بىلەن مۇشكى ـ ئەنبەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ـ بۇ جەننەتنىڭ ئاۋازى. ئۇ: ”ئى رەببىم! مېنىڭ ئەھلىمنى، سەن ماڭا ۋەدە قىلغانلارنى ئەكەلگىن، مېنىڭ گۈل ـ گىياھلىرىم، يىپەك ـ ئەتلەسلىرىم، تاۋار ــ دۇردۇنلىرىم، ئۈنچە ــ مارجانلىرىم، قەسىر ــ سارايلىرىم، ئالتۇن ــ كۈمۈشلىرىم، تەخسە ــ پىيالىلىرىم، ئاپتۇۋا ــ چۆگۈنلىرىم، مېۋە ـ چېۋىلىرىم، ھەسەللىرىم، كىيىم ــ كېچەكلىرىم، سۈت ۋە شارابلىرىم كۆپ بولۇپ كەتتى. ماڭا ۋەدە قىلغانلارنى ئەكەلگىن!“ دېگەنىدى، الله ئۇنىڭغا: ”ساڭا ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر ۋە ھەر بىر مۇسۇلمان ئايال؛ ھەر بىر مۆئمىن ئەر ۋە ھەر بىر مۆئمىن ئايال؛ ماڭا ۋە پەيغەمبەرلىرىمگە ئىمان كەلتۈرگەن، سالىھ ئەمەللەرنى قىلغان، ماڭا ھېچنېمىنى شېرىك قىلىۋالمىغان، ماڭا باشقا نەرسىلەرنى تەڭ قىلمىغانلار كىرىدۇ. كىم مەندىن تىلىگەن بولسا، شۇنىڭغا بېرىمەن. كىم ماڭا قەرز بەرگەن بولسا، مۇكاپاتىنى بېرىمەن. كىم ماڭا تەۋەككۈل قىلغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىمەن. مانا مەن اللهتۇرمەن، مەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ۋەدەم ئەمەلگە ئاشماي قالمايدۇ. مۆئمىنلەر نىجاتلىققا چوقۇم ئېرىشىدۇ، ئەڭ كامالەتلىك ياراتقۇچىنىڭ بەرىكىتى چەكسىزدۇر“ دېدى. جەننەت: ”رازى بولدۇم“ دېدى. كېيىن ئۇلار بىر جىلغىغا كېلىپ، ئىنتايىن قەبىھ بىر ئاۋاز ئاڭلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى جىبرىئىل! بۇ نېمە ئاۋاز؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــــ بـۇ جەھەنـنـەمـنـىـڭ ئـاۋازى. جەھەنـنـەم: ”ئـى رەبـبـىـم! مـېـنـىـڭ ئەھلـىـمـنـى، سـەن مـاڭـا ۋەدە قـىـلـغـانـلارنـى ئەكـەلـگـىـن. مـېـنـىـڭ كـىـشـەن ـ تـاقـاقـلـىـرىـم، ئـوتـلـىـرىـم، قـايـنـاق سـۇلـىـرىـم، يـىـرىـڭـلـىـرىـم، زەردابـلـىـرىـم بەك كـۆپـىـيـىـپ كـەتـتـى. تـېـگـىـم بەك چـوڭـقـۇرلاپ، هـارارىـتـىـم ئـۆرلـەپ كـەتـتـى، مـاڭـا ۋەدە قـىـلـغـانـلارنـى كـەلـتـۈرگـىـن!“ دېـگـەنـىـدى، اللە ئـۇنـىـڭـغـا: ”سـاڭـا هـەر بـىـر مۇشرىك ئەر بىلەن مۇشرىك ئايال؛ پاسىقنا ئەر بىلەن پاسىقنا ئايال ۋە هـېـسـاب كـۈنـىـگـە ئـىـشـەنـمـەيـدىـغـان هـەر بـىـر زوراۋان كـىـرىـدۇ“ دېـدى. جەھەنـنـەم: ”رازى بـولـدۇم“ دېـدى. ئـۇلار يـولـنـى داۋامـلاشـتـۇرۇپ، بەيـتـۇل مۇقەددەسكە يېتىپ باردى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ، بىر قورام تاشقا باغلاپ قويۇپ، پەرىشتىلەر بىلەن ناماز ئوقۇدى. ناماز تامام بولغاندىن كېيىن، پەرىشتىلەر:

ـ ئى جىبرىئىل! (سەن بىلەن تۇرغان) بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ــــ بۇ اللەنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد بولىدۇ، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى، ـ دېدى، ئۇلار:

ـ ئۇ چاقىرىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئۇ:

ـ هەئە، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ اللە بۇ ئىنىز باسار قېرىنداشىمىزغا سالام يوللىسۇن، بۇ نېمىدېگەن ئوبدان قېرىنداش، نېمىدېگەن ئوبدان ئىزباسار! ـ دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى بىلەن ئۇچراشتى، روھلار پەرۋەردىگارىغا هەمدۇ سانا ئېيتىشتى. هەزرىتى ئىبراھىم:

ـ مېنى يېقىن دوست تۇتقان، ماڭا ئۇلۇغ پادىشاھلىق ئاتا قىلغان، مېنى ئىبادەتگۈي ئۈممەت قىلغان، پەيغەمبەرلىككە تاللىغان، ئوتتىن قۇتقۇزۇپ، ئۇنى ماڭا سالقىن ۋە ئەمىن قىلىپ بەرگەن اللەقا هەمدۇ سانالار بولسۇن! ـ دېدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام رەببىگە هەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ــــ مەن بىلەن بىۋاسىتە سۆزلەشكەن، مېنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغان، ماڭا تەۋراتنى نازىل قىلغان، فىرئەۋننى مېنىڭ قولۇمدا هالاك

قىلغان، بەنى ئىسرائىلنى مېنىڭ قولۇمدا قۇتۇلدۇرغان، ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن!

داۋۇد ئەلەيھىسسالام رەببىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا پادىشاھلىق ئاتا قىلغان، زەبۇرنى نازىل قىلغان، تۆمۈرنى يۇمشىتىپ بەرگەن، تاغلارنى، قۇشلارنى مەن بىلەن بىللە تەسبىھ ئېيتىدىغان قىلىپ بەرگەن، ھېكمەت بىلەن ناتىقلىق ئاتا قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن!

ئاندىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام رەببىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا شامال، جىن ۋە ئىنسانىنى بويسۇندۇرۇپ، خىزمەتكە سېلىپ بەرگەن، شەيتانلارنىمۇ بويسۇندۇرۇپ، ماڭا مېھراب، ھەيكەل، قالقان ۋە قازانلارنى ياساتقۇزۇپ بەرگەن، قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلدۇرگەن، مىس بۇلىقىنى ئاققۇزۇپ بەرگەن، مەندىن كېيىن ھېچكىم ئېرىشەلمەيدىغان پادىشاھلىقنى بەرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن!

ئاندىن ئىيسا ئەلەيھىسسالام رەببىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆگەتكەن، ئەما بىلەن ئاق كېسەل ئادەمنى ساقايتالايدىغان قىلغان، ئۆلۈكنى ئىجازىتى بىلەن تىرىلدۈرەلەيدىغان قىلغان، ئاسمانغا كۆتۈرۈپ كاپىرلاردىن قۇتۇلدۇرغان، ماڭا ۋە ئانامغا قوغلاندى شەيتاندىن پاناھلىق ئاتا قىلغان، بىزنى شەيتان زىيان ئۇرالمايدىغان قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار بولسۇن!

ئاندىن مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەببىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ھەر بىرىڭلار رەببىمگە ھەمدۇ سانا ئېيتتىڭلار، مەنمۇ رەببىمگە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. مېنى ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئاگاھلاندۇرغۇچى ھەم بېشارەت بەرگۈچى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن، ھەممە نەرسىنىڭ بايانى بولغان قۇرئاننى نازىل قىلغان، ئۈممىتىمنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگىلىك ئۈممەت قىلغان،

ئۈممىتىمنى ئوتتۇرا هال قىلغان، ئۈممىتىمنى هەم (جەننەتكە ھەممىنىڭ) ئالدىدا كىرىپ كېتىدىغان هەم ئەڭ ئاخىرىدا كېلىدىغان قىلغان، مېنىڭ دىلىمنى هىدايەت بىلەن ئاچقان، ئېغىر يۈكلىرىمنى ئۈستۈمدىن ئېلىۋەتكەن، نامىمنى تىللاردا داستان قىلغان، مېنى فاتىھ هەم تۈگەنچى قىلغان اللهقا هەمدۇ سانالار بولسۇن!

بۇنى ئاڭلىغان ئىبراهىم ئەلەيهىسسالام:

ـ مۇشۇ خىسلەتلەر بىلەن مۇهەممەد سىلەرنىڭ هەممىڭلاردىن ئەۋزەل بولغاندۇر، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە ئاغزى يېپىلغان ئۈچ قاچا كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا سۇ بار بىر قاچا سۇنۇلدى ۋە:

ـ ئىچكىن! ـ دېيىلدى. ئاندىن سۈت بار بىر قاچا سۇنۇلۇپ:

ـ ئىچكىن! ـ دېيىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قانغىچە ئىچتى. ئاندىن شاراپ بار بىر قاچا سۇنۇلۇپ:

ـ ئىچكىن! ـ دېيىلىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ مەن (ئۇسسۇلۇقتا) قاندىم، بولدى ئىچمەي ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا:

ـ توغرا قىلدىڭ. ئۇ شاراپ ئۈممىتىڭگە هارام قىلىنىدۇ، ناۋادا سەن ئۇنى ئىچىپ قالغان بولساڭ، ساڭا ئۈممىتىڭدىن ئازغىنە كىشى ئەگەشكەن بولاتتى، ـ دېيىلدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاسمانغا ئۆرلىتىلدى. جىبرىئىل دەرۋازىنى ئېچىشقا ئىجازەت سورىۋىدى، ئىچىدىن (پەرىشتىلەرنىڭ):

ـ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋازى كەلدى. جىبرىئىل:

ـ جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى.

ـ يېنىڭدىكى كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، جىبرىئىل:

ـــ بۇ مۇهەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم)، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ـ ئۇ چاقىرىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، جىبرىئىل:

ـ هەئە، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ــ الله بۇ ئىز باسار قېرىندىشىمىزغا سالام يوللىغاي، بۇ نېمىدېگەن ئوبدان قېرىنداش، نېمە دېگەن ئوبدان ئىزباسار؟! خوش كەپتۇ، ـ دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىرىنچى ئاسمانغا) كىردى. قارىغۇدەك بولسا، مۆكەممەل يارىتىلغان بىر ئاقساقال تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھېچبىر يېرىدە ئادەتتىكى ئىنسانلاردا بولىدىغان كەمتۈكلۈكتىن ئەسەر يوق بولۇپ، ئۇنىڭ تەرىپىدە خۇشپۇراق شامال چىقىپ تۇرغان بىر دەرۋازا، سول تەرىپىدە سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرغان بىر دەرۋازا تۇرغۇدەك. ئۇ ئاقساقال ئوڭ تەرىپىدىكى دەرۋازىغا قارىسا كۈلۈپ، سول تەرىپىدىكى دەرۋازىغا قارىسا يىغلايتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى جىبرىئىل! بۇ كىم؟ بۇ ئىككى دەرۋازا قانداق دەرۋازىلار؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ــ بۇ سېنىڭ ئاتاڭ ئادەم (ئەلەيھىسسالام) بولىدۇ. ئوڭ تەرىپىدىكى دەرۋازا جەننەت دەرۋازىسى بولۇپ، ئۆز نەسلىدىن بولغانلارنىڭ ئۇنىڭغا كىرگىنىنى كۆرسە، كۈلۈپ خوش بولۇپ كېتىدۇ. سول تەرىپىدىكى دوزاخ دەرۋازىسى بولۇپ، ئۆز نەسلىدىن بولغانلارنىڭ ئۇنىڭغا كىرگىنىنى كۆرسە، يىغلاپ قايغۇرۇپ كېتىدۇ، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. جىبرىئىل دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىۋىدى:

ــ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل:

ــ جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى.

ــ يېنىڭدىكى كىم؟ ـ دەپ سورالغاندى، جىبرىئىل:

ــ بۇ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بولىدۇ، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ــ ئۇ چاقىرىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، جىبرىئىل:

ــ ھەئە، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ــ الله بۇ ئىز باسار قېرىندىشىمىزغا سالام يوللىغاي، بۇ نېمىدېگەن ئوبدان قېرىنداش، نېمىدېگەن ئوبدان ئىز باسار؟! خوش كەپتۇ، ـ

دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى ئاسمانغا كىردى. قارىغۇدەك بولسا، ئىككى يىگىت تۇرغۇدەك.

ــ ئى جىبرىئىل! بۇ ئىككى يىگىت كىملەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل:

ــ ئۇلار بىر نەۋرە ئىيسا بىلەن يەھيا، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، جىبرىئىل دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىۋىدى:

ــ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل:

ــ مەن جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى.

ــ يېنىڭدىكى كىم؟ ـ دەپ سورالغانىدى، جىبرىئىل:

ــ بۇ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بولىدۇ، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ــ ئۇ چاقىرىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل:

ــ ھەئە، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ــ الله بۇ ئىز باسار قېرىندىشىمىزغا سالام يوللىغاي، بۇ نېمىدېگەن ئوبدان قېرىنداش، نېمىدېگەن ئوبدان ئىز باسار؟! خۇش كەپتۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى ئاسمانغا كىردى. قارىغۇدەك بولسا، خۇددى تولۇنئاي باشقا يۇلتۇزلاردىن ئۈستۈن بولغاندەك، ھۆسن ـ جامالى پۈتۈن كىشىلەردىن ئۈستۈن بىر كىشى تۇرغۇدەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى جىبرىئىل! بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ــ بۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ يۇسۇف بولىدۇ، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، جىبرىئىل دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىۋىدى:

ــ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل:

ــ مەن جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى.

ــ يېنىڭدىكى كىم؟ ـ دەپ سورالغانىدى، جىبرىئىل:

ــ بۇ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بولىدۇ. ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ـ ئۇ چاقىرىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ـ الله بۇ ئىنز باسار قېرىنىدىشىمىزغا سالام يوللىغاي، بۇ نېمىدېگەن ئوبدان قېرىنداش، نېمىدېگەن ئوبدان ئىز باسار؟! خۇش كەپتۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆتىنچى ئاسمانغا كىردى. قارىسا، ئۇ يەردە بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى جىبرىئىل! بۇ ئولتۇرغان كىشى كىم؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ـ بۇ قېرىنىدىشىڭ ئىدرىس، الله ئۇنى ئۇستۇن مەرتىۋىگە كۆتۈرگەن، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەشىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، جىبرىئىل دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىۋىدى:

ـ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل:

ـ مەن جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى.

ـ يېنىڭدىكى كىم؟ ـ دەپ سورالغانىدى، جىبرىئىل:

ــ بۇ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بولىدۇ. ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ـ ئۇ چاقىرىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ـ الله بۇ ئىنز باسار قېرىنىدىشىمىزغا سالام يوللىغاي، بۇ نېمىدېگەن ئوبدان قېرىنداش، نېمىدېگەن ئوبدان ئىز باسار؟! خۇش كەپتۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەشىنچى ئاسمانغا كىردى. قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم قىسسە سۆزلەپ ئولتۇرغۇدەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى جىبرىئىل! بۇ كىشى كىم؟ ئەتراپىدىكىلەر كىملەر؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ــ بۇ ئۆز قەۋمى بىلەن قالدۇرۇلغان ھارۇن بولىدۇ، ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ قەۋمى بەنى ئىسرائىل، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، جىبرىئىل دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىۋىدى:

ــ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل:

ــ مەن جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى.

ــ يېنىڭدىكى كىم؟ ـ دەپ سورالغانىدى، جىبرىئىل:

ــ بۇ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بولىدۇ، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ــ ئۇ چاقىرىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل:

ــ ھەئە، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:

ــ الله بۇ ئىنىز باسار قېرىندىشىمىزغا سالام يوللىغاي، بۇ نېمىدېگەن ئوبدان قېرىنداش، نېمىدېگەن ئوبدان ئىز باسار؟! خۇش كەپتۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتىنچى ئاسمانغا كىردى. قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەم ئولتۇرغۇدەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ئۇ كىشى يىغلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى جىبرىئىل! بۇ كىشى كىم؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ــ بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام بولىدۇ، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ نېمىگە يىغلايدۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:

ــ ئۇ: ”بەنى ئىسرائىل مېنى ئەڭ ئەۋزەل مەخلۇق دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە، مانا بۇ پەيغەمبەر مېنىڭ ئارقامدىن كېلىپ، يالغۇز ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئۈممىتى بىللە ئەۋزەل بولۇپ كەتتى“ دەپ يىغلايدۇ، ـ دېدى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، جىبرىئىل دەرۋازىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئىجازەت سورىۋىدى:

ــ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. جىبرىئىل:
ــ مەن جىبرىئىل بولىمەن، ـ دېدى.
ــ يېنىڭدىكى كىم؟ ـ دەپ سورالغانىدى، جىبرىئىل:
ــ بۇ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) بولىدۇ. ـ دېدى. پەرىشتىلەر:
ــ ئۇ چاقىرىلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل:
ــ ھەئە، ـ دېدى. پەرىشتىلەر:
ــ الله بۇ ئىىز باسار قېرىنىدىشىمىزغا سالام يوللىغاي، بۇ نېمىدېگەن ئوبدان قېرىنداش، نېمىدېگەن ئوبدان ئىىز باسار؟! خۇش كەپتۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەتتىنچى ئاسمانغا كىردى. قارىغۇدەك بولسا، چېچىغا ئازراق ئاق قونغان بىر ئادەم جەننەت دەرۋازىسى يېنىدىكى كۇرسىدا ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ قېشىدا رەڭگى ــ رويى سەل ئۆزگەرگەن، يۈزلىرى قارىيىپ كەتكەن كىشىلەر بار ئىدى. رەڭگى بۇزۇلۇپ كەتكەن ھېلىقى كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ”نېئمەتۇللاھ“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۆستەڭگە كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىۋىدى، رەڭلىرى سەل تۈزەلدى، ئاندىن يەنە بىر ئۆستەڭگە كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىۋىدى، رەڭلىرى باشقا ھەمراھلىرىنىڭكىدەك ياخشىلاندى. بۇ، الله تائالانىڭ: پەرۋەردىگارى ئۇلارغا پاكلىغۇچى شاراپ ئىچكۈزدى دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغانىدى. ئۇلار ھەمراھلىرى بىلەن ئولتۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ــ ئى جىبرىئىل! چېچىغا ئاق كىرگەن بۇ كىشى كىم بولىدۇ؟ ئاۋۇ نۇرانە يۈزلۈك كىشىلەر كىملەر؟ چىرايى قارىداپ كەتكەن، ئۆستەڭگە كىرىپ يۇيۇنۇپ رەڭگى تۈزۈلۈپ چىققانلارچۇ؟ ـ دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل:
ــ بۇ سېنىڭ ئاتاڭ ئىبراھىم بولۇپ، ئۇ زېمىندا بېشىغا ئاق كىرگەن تۇنجى كىشىدۇر. يۈزلىرى نۇرانە كىشىلەر بولسا، ئىمانلىرىغا زۇلۇم ئارىلاشتۇرۇپ قويمىغان كىشىلەر؛ رەڭگى بۇزۇلغانلار بولسا، ياخشى ئەمەلگە يامان ئەمەلنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان بەندىلەر بولۇپ،

تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، الله تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغانلاردۇر، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىدرە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە باردى، ئۇنىڭغا:

— بۇ سىدرەتۇل مۇنتەھادۇر، سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن توغرا يولدا ماڭغان بەندىلەر مۇشۇ يەرگە كېلىپ توختايدۇ. ئۇنىڭ تۈۋىدىن سۈيىنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمىگەن ئۆستەڭلەر، تەمى ئۆزگەرمىگەن سۈت ئۆستەڭلەر، ئىچكۈچىلەرگە لەززەت بېغىشلايدىغان مەي ئۆستەڭلەر ۋە ساپ ھەسەلدىن ئۆستەڭلەر چىقىدۇ. ئۇلاغلىق كىشى بۇ دەرەخنىڭ سايىسىدا 70 يىل يول يۈرىدۇ، ئۇنىڭ بىر ياپرىقى پۈتۈن مەخلۇقلارغا سايىۋەن بولىدۇ، ـ دېيىلدى. ئۇ دەرەخنى نۇر قاپلاپ پەرىشتىلەر ئۈستىگە قوندى. بۇ، مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: (ئۇ) سىدرەتۇلمۇنتەھانى (ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى) قاپلىغان چاغدا (كۆردى) [1].

شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ تىلىگىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سەن ئىبراھىمنى دوست تۇتتۇڭ، ئۇنىڭغا كاتتا مۈلۈك ئاتا قىلدىڭ. مۇسا بىلەن سۆزلەشتىڭ، داۋۇدقا كاتتا مۈلۈك ئاتا قىلدىڭ، ئۇنىڭغا تۆمۈرنى يۇمشىتىپ بەردىڭ، تاغلارنى بويسۇندۇرۇپ بەردىڭ. سۇلايمانغا كاتتا مۈلۈك ئاتا قىلدىڭ، ئۇنىڭغا ئىنسى ـ جىننى، شەيتانلارنى، شاماللارنى بويسۇندۇرۇپ بەردىڭ، ئۇنىڭغا باشقا ھېچكىمگە بەرمەيدىغان پادىشاھلىقنى بەردىڭ، ئىيساغا تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئۆگەتتىڭ، ئەما بىلەن ئاق كېسەلنى ساقايتالايدىغان قىلدىڭ، ئۇنى ۋە ئانىسىنى شەيتاندىن پاناھلاندۇردۇڭ، شۇڭا شەيتان ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، ـ دېدى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا:

— مەن سېنى دوست تۇتتۇم، تەۋراتتا: ”مۇھەممەد رەھماننىڭ ھەبىبى“ دەپ يېزىلغان، سېنى پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىم، سېنىڭ ئۈممىتىڭنى كېيىن كېلىپ، ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان قىلدىم. سېنىڭ ئۈممىتىڭگە سېنى مېنىڭ بەندەم ھەم

[1] سۈرە نەجم، 16 ـ ئايەت.

رەسۇلۇم دەپ گۇۋاھلىق بەرمىسە، خۇتبىسى ھېساب بولمايدىغان قىلدىم. مەن سېنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپ يارىتىلغىنى، ئەڭ ئاخىر ئەۋەتىلگىنى قىلدىم، ساڭا تەكرارلىنىدىغان يەتتە ئايەتنى بەردىم، ئۇنى سەندىن ئىلگىرىكى ھېچبىر پەيغەمبەرگە بەرمىگەن ئىدىم، ساڭا ئەرشنىڭ ئاستىدىكى بايلىقلاردىن بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئايەتلەرنى بەردىم، ئۇنى سەندىن ئىلگىرىكى ھېچبىر پەيغەمبەرگە بەرمىگەن ئىدىم، سېنى فاتىھ ھەم تۈگەنچى قىلدىم، ـ دېدى. ئاندىن بۇ ھەدىستە ناماز پەرز قىلىنغانلىقى، مۇسانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نەچچە قېتىم ئارقىغا قايتۇرغانلىقى ۋە ئون ۋاقىتنى، يەنە ئون ۋاقىتنى، يەنە ئون ۋاقىتنى، يەنە ئون ۋاقىتنى ۋە ئاخىرىدا بەش ۋاقىت نامازنى يەڭگىللەتكەنلىكىنى بايان قىلدى[①].

(بەززار: 55)

8445 ـ شَدادُ بن أَوْسٍ قال قلت يا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ أُسْرِيَ بِكَ لَيْلَةَ أُسْرِيَ بِكَ قال صَلَّيتُ لأَصْحَابِي صَلاةَ الْعَتَمَةِ بِمَكةَ مُعْتِمًا فَأَتَانِي جِبْرِيلُ صلى اللهُ عليه وسلم بِدَابَّةٍ بَيْضَاءَ فَوْقَ الْحِمَارِ وَدُونَ الْبَغْلِ فقال ارْكَبْ فَاسْتَصْعَبَ عَلَي فَدَارَهَا بِأُذُنِهَا ثُم حَمَلَنِي عليها فَانْطَلَقَتْ تَهْوِي بنا يَقَعُ حَافِرُهَا حَيْثُ أَدْرَكَ طَرْفُهَا حتى بَلَغْنَا أَرْضًا ذَاتَ نَخْلٍ فقال انْزِلْ فَنَزَلْتُ ثُم قال صَل فَصَلَّيتُ ثُم رَكِبْنَا فقال أَتَدْرِي أَيْنَ صَلَّيتَ قلت اللهُ أَعْلَمُ قال صَلَّيتَ بِيَثْرِبَ صَلَّيتَ بِطِيبَةَ ثُم انْطَلَقَتْ تَهْوِي بنا يَقَعُ حَافِرُهَا حَيْثُ أَدْرَكَ طَرْفُهَا حتى بَلَغْنَا أَرْضًا بَيْضَاءَ فقال انْزِلْ فَنَزَلْتُ ثُم قال صَل فَصَلَّيتُ ثُم رَكِبْنَا فقال تَدْرِي أَيْنَ صَلَّيتَ قلت اللهُ أَعْلَمُ قال صَلَّيتَ بِمَدْيَنَ صَلَّيتَ عِنْدَ شَجَرَةِ مُوسَى ثُم انْطَلَقَتْ تَهْوِي بنا يَقَعُ حَافِرُهَا حَيْثُ أَدْرَكَ طَرْفُهَا ثُم بَلَغْنَا أَرْضًا بَدَتْ لنا قُصُورُهَا فقال انْزِلْ فَنَزَلْتُ ثُم قال صَل فَصَلَّيتُ فقال أَتَدْرِي أَيْنَ صَلَّيتَ قلت اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قال صَلَّيتَ بِبَيْتِ لَحْمٍ حَيْثُ وُلِدَ عِيسَى عليه السلامُ الْمَسِيحُ بن مَرْيَمَ ثُم انْطَلَقَ بِي حتى دَخَلْنَا الْمَدِينَةَ من بَابِهَا الْيَمَانِي

[①] ھەيسەمى (235): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن سەنەدىدىكى رەبىيئ ئىبنى ئەنەس: ”ئەبۇ ئالىيەدىن ياكى باشقا بىرىدىن“ دېگەن بولغاچقا، باشقىسىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھالەتتە نامەلۇم كىشى ئارقىلىق رىۋايەت قىلىنغان بولىدۇ. ـ دېگەن

فَأَتى قِبْلَةَ الْمَسْجِدِ فَرَبطَ دَابتَهُ وَدَخَلْنا الْمَسْجِدَ من بَابٍ فيه تَمِيلُ الشمْسُ فَصَلَّيتُ مِنَ الْمَسْجِدِ حَيْثُ شَاءَ اللهُ وَأَخَذَنِي مِنَ الْعَطَشِ أَشَد ما أَخَذَنِي فَأُتِيتُ بِإِنَاءَيْنِ بنحوه.

وفيه: ثُم انْطَلَقَ بِي حتى أَتَيْنا الْوَادِيَ الذي في الْمَدِينَةِ فإذا جَهَنمُ تَنْكَشِفُ عن مِثْلِ الزرَابِي فَقُلْنا يا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ وَجَدْتَها فقال مِثْلَ الْحَمةِ السخِنَةِ ثُم انْصَرَفَ بِي فَمَرَرْنا بِعِيرٍ لِقُرَيْشٍ بِمَكَانِ كَذَا وَكَذَا قد أَضَلوا بَعِيرًا لهم قد جَمَعَهُمْ فُلانٌ فَسَلمْتُ عليهم فقال بَعْضُهُمْ هذا صَوْتُ مُحَمدٍ صلى اللهُ عليه وسلم ثُم أَتَيْتُ أَصْحَابِيَ قبل الصبْحِ بِمَكةَ فَأَتانِي أبو بَكْرٍ رضي اللهُ عنه فقال يا رَسُولَ اللهِ أَيْنَ كُنتَ اللَّيْلَةَ فَقَدِ الْتَمَسْتُكَ في مَكَانِكَ فقال أَعَلِمْتَ أني أَتَيْتُ مَسْجِدَ بَيْتِ الْمَقْدِسِ اللَّيْلَةَ فقال يا رَسُولَ اللهِ إنه مَسِيرَةُ شَهْرٍ فَصِفْهُ لي فَفُتِحَ لي مرآة كَأَني أَنظُرُ إليه لا يَسْأَلُونِي عن شَيْءٍ إلا أَنبَأْتُهُمْ عنه فقال أبو بَكْرٍ رضي اللهُ عنه أَشْهَدُ أَنكَ رسول اللهِ وقال الْمُشْرِكُونَ انْظُرُوا إلى بن أبي كَبْشَةَ يَزْعُمُ أَنهُ أتى بَيْتَ الْمَقْدِسِ اللَّيْلَةَ فقال إن من آيَةِ ما أَقُولُ لَكُمْ أني مَرَرْتُ بِعِيرٍ لَكُمْ بِمَكَانِ كَذَا وَكَذَا يَقْدُمُهُمْ جَمَلٌ آدَمُ عليه مِسْحٌ أَسْوَدُ وَغِرَارَتَانِ سَوْدَاوَانِ فلما كان ذلك الْيَوْمُ أَشْرَفَ الْقَوْمُ يَنْظُرُونَ حتى كان قَرِيبٌ من نِصْفِ النهَارِ حتى أَقْبَلَ الْقَوْمُ يَقْدُمُهُمْ ذلك الْجَمَلُ الذي وَصَفَهُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم.

8445 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئىسرا (سەپىرى) قانداق بولغانىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

ـــ مەن (مەككىدە) ساھابىلەر بىلەن خۇپتەننى ئوقۇدۇم. ئاندىن جىبرىئىل ئىشەكتىن چوڭراق، خېچىردىن كىچىكرەك بىر ئاق ئۇلاغنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلاغ ماڭا بوي بەرمىگەچكە، ئۇستىگە مىنەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، جىبرىئىل ئۇنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ تولغىدى ۋە مېنى مىندۈردى. يولغا چىقىپ، خورمىزارلىق بىر جايغا بېرىپ توختىدۇق. جىبرىئىل:

ـ چۈشكىن! ـ دېدى، چۈشتۇم. جىبرىئىل:

ــ نامــاز ئوقــۇغــن! ــ دېــدى، ئوقــۇدۇم. ئانــدىن ئۇلاغقــا مىنــدۇق. جىبرىئىل:

ــ قەيەردە ناماز ئوقۇغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى، مەن:

ــ الله بىلىدۇ، ــ دېدىم. جىبرىئىل:

ــ مەدىنىدە ئوقۇدۇڭ، ــ دېدى. ئانــدىن بىــر پارچە ئاق يەرگە بېرىــپ توختىدۇق. جىبرىئىل:

ــ چۈشكىن! ــ دېدى، چۈشتۇم. جىبرىئىل:

ــ ناماز ئوقۇغىن! ــ دېدى، ئوقۇدۇم. ئاندىن كېيىن ئۇلاغقا مىنــدۇق. جىبرىئىل:

ــ قەيەردە ناماز ئوقۇغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى، مەن:

ــ الله بىلىدۇ، ــ دېگەنىدىم، جىبرىئىل:

ــ مەديەندە، مۇسانىڭ دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئوقۇدۇڭ، ــ دېدى. بىر يەرگە يېتىپ بارغاندا، جىبرىئىل:

ــ چۈشكىن! ــ دېدى، چۈشتۇم.

ــ نامــاز ئوقــۇغــن! ــ دېــدى، ئوقــۇدۇم. ئانــدىن يەنە ئۇلاغقــا مىنــدۇق. جىبرىئىل:

ــ قەيەردە ناماز ئوقۇغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ ــ دەپ سورىدى، مەن:

ــ الله بىلىدۇ، ــ دېگەنىدىم، جىبرىئىل:

ــ ھەزرىتى ئىيسا تۇغۇلغان بەيتۇلەھەمدە ئوقۇدۇڭ، ــ دېدى. ئاندىن شەھەرگە كىرىپ توختىدۇق. ئۇلاغنى قىبلە تەرەپكە باغلاپ قويۇپ، مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدۇم. ئالدىمغا ئىككى قاچا كەلتۈرۈلدى... ئاندىن شەھەردىكى بىر ۋادىغا بېرىپ توختىدىم. دوزاخ كۆز ئالدىمدا خۇددى سېلىنچىدەك ئېچىلىپ تۇراتتى.

(راۋىي مۇنداق دەيدۇ) بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ــ دوزاخ قانداق ئىكەن؟ ــ دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئۇنى تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى، لېكىن ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن) ئاندىن كېيىن قۇرەيشنىڭ كارۋىنى يېنىدىن ئۆتتۇق. ئۇلارنىڭ بىر تۆگىسى يۈتۈپ كەتكەن ئىكەن. مەن ئۇلارغا سالام بەردىم، ئۇلار بىر - بىرىگە:

ــ بۇ، مۇھەممەدنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ؟! ــ دېيىشتى. يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن، مەككىدىكى ساھابىلەرنىڭ يېنىغا يېنىپ كەلدىم.

(راۋىي مۇنداق دەيدۇ) دەل شۇ پەيتتە، ئەبۇ بەكرى كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! كېچە نەگە كەتتىڭ؟ مەن سىزنى جايىڭدىن ئىزدەپ تاپالمىدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كېچە بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ كەلدىم، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ، بىر ئايلىق يول تۇرسا؟ ماڭا ئۇنى (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسنى) تەسۋىرلەپ بەرگىنچۇ، ـ دېدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەيدۇكى) ئارىدىكى پەردە ئېچىلىپ، بەيتۇلمۇقەددەس كۆز ئالدىمغا نامايەن بولدى. ئۇلار نېمە توغرۇلۇق سورىسا، قىلچە ھولۇقماستىن، تەپسىلىي ئېيتىپ بەردىم. بۇلارنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى:

ــ مەن سېنىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. مۇشرىكلار:

ــ ئەبۇ كەبشەنىڭ ئوغلى بۇ كېچە ئۆزىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بىلجىرلاۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ھەقىقەتەن شۇنداق بولدى. پالانى جايدا سىلەرنىڭ كارۋىنىڭلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم. ئۇلار بىر تۆگىنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئىكەن. مەن سىلەرگە ئۇلارنىڭ نەدە توختاپ، قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەي. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قارا ماڭلايلىق، ئۈستىگە ئىككى قارا تاغار ئارتىلغان تۆگە كېلىۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن كۈنى كىشىلەر كارۋاننى ساقلاشقا

باشلىندى. چۈش بولغاندا، كارۋان يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سۆپەتلەپ بەرگەن ھېلىقى تۆگە كارۋاننىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى[①].

(بەززار: 3484؛ «ئەلكەبىر»: 7142)

8446 ـ إِنّ الْبُرَاقَ إِذَا أَتى عَلَى جَبَلٍ ارْتَفَعَتْ رِجْلَاهُ، وَإِذَا هَبطَ ارْتَفَعَتْ يَـدَاهُ، وأنه صلى الله عليه وسلم صلى بالأنبياء عليهم السلام. (بزار)

8446 ـ يەنە بىر ھەدىستىمۇ ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق كەلگەن: دۆلدۈل تاغقا كەلگەندە، ئىككى پۇتىنى، يەرگە چۈشكەندە، ئىككى قولىنى (ئالدى پۇتلىرىنى) كۆتۈرەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بەيتۇلمۇقەددەستە پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى[②].

(بەززار: 1568)

8447 ـ عَن أَنس بن مالك قال: قال رَسُول اللهِ صلى الله عليه وسلم: بينا أنـا قاعد إذا جاء جبريل صلى الله عليه وسلم فوكزني بين كتفي فقمت إلى شـجرة فيهـا كوكري الطير فقعد في إحداهما وقعدت في الآخر فسمت وارتفعت حتى سدت الخافقين وأنا أقلب طرفي ولو شئت أن أمس السماء لمسست فالتفت إلى جبريل كأنه حلس لاطىء فعرفت فضل علمه بالله علي وفتح لي باب من أبواب السماء ورأيت النور الأعظم، وإذا دون الحجاب رفرفة الدر والياقوت فأوحى إلَي ما شاء أن يوحى.

8447 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[①] ھەيسەمى (236): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى ئەلائ ئىسىملىك بىرى بار. يەھيا ئىبنى مەئىن ئۇنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسا، نەسائى ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (237): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

«مەن ئولتۇراتتىم، جىبرىئىل كېلىپ ئۆشنەمگە ئۇردى. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىگە باردىم، ئۇ دەرەختە قۇشنىڭ چاڭگىسىدەك ئىككى نەرسە بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرىدە جىبرىئىل، يەنە بىرىدە مەن ئولتۇردۇم، ئاندىن دەرەخ ئۆرلەپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، ھەتتا شەرق بىلەن غەربنى قاپلاپ كەتتى. مەن ئەتراپىغا قاراپ ئولتۇردۇم. قولۇمنى شۇنداق سوزسام، ئاسمانغا بىمالال يېتەتتى. جىبرىئىلغا قارىغانىدىم، ئۇنىڭ مۈكچىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم ـ دە، ئۇنىڭ اللهنى تونۇشتا مەندىنمۇ ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلدى، ناھايىتى چوڭ نۇرنى كۆردۈم. پەردىنىڭ ئارقىسىدا مەرۋايىت ۋە ياقۇتلار يالتىراپ تۇراتتى. ئاندىن الله ماڭا ئۆزى خالىغان مىقداردا (ئايەت) ۋەھيي قىلدى»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (238): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەيب ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرى

8448 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا هَلَكَ كِسْرَى فَلَا كِسْرَى بَعْدَهُ وَإِذَا هَلَكَ قَيْصَرُ فَلَا قَيْصَرَ بَعْدَهُ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَتُنفَقَن كُنوزُهُمَا فِي سَبِيلِ اللهِ.

8448 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىسرا ھالاك بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كىسرا بولمايدۇ. قەيسەر ۋەيران بولسا، ئۇنىڭدىن كېيىن قەيسەر بولمايدۇ. جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئىككىسىنىڭ خەزىنىلىرى چوقۇم الله يولىدا سەرپ قىلىنىدۇ».

(بۇخارى: 3121)

8449 ـ عَنْ عَدِيِّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ بَيْنَا أَنا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ أَتَاهُ رَجُلٌ فَشَكَا إِلَيْهِ الْفَاقَةَ ثُم أَتَاهُ آخَرُ فَشَكَا إِلَيْهِ قَطْعَ السبِيلِ فَقَالَ يَا عَدِي هَلْ رَأَيْتَ الْحِيرَةَ قُلْتُ لَمْ أَرَهَا وَقَدْ أُنبِئْتُ عَنْهَا قَالَ فَإِنْ طَالَتْ بِكَ حَيَاةٌ لَتَرَيَن الظعِينَةَ تَرْتَحِلُ مِنْ الْحِيرَةِ حَتى تَطُوفَ بِالْكَعْبَةِ لَا تَخَافُ أَحَدًا إِلا اللهَ قُلْتُ فِيمَا بَيْنِي وَبَيْنَ نَفْسِي فَأَيْنَ دُعارُ طَيِّئٍ الذِينَ قَدْ سَعرُوا الْبِلَادَ وَلَئِنْ طَالَتْ بِكَ حَيَاةٌ لَتُفْتَحَن كُنوزُ كِسْرَى قُلْتُ كِسْرَى بْنِ هُرْمُزَ قَالَ كِسْرَى بْنِ هُرْمُزَ وَلَئِنْ طَالَتْ بِكَ حَيَاةٌ لَتَرَيَن الرجُلَ يُخْرِجُ مِلْءَ كَفهِ مِنْ ذَهَبٍ أَوْ فِضةٍ يَطْلُبُ مَنْ يَقْبَلُهُ مِنْهُ فَلَا يَجِدُ أَحَدًا يَقْبَلُهُ مِنْهُ وَلَيَلْقَيَن اللهَ أَحَدُكُمْ يَوْمَ يَلْقَاهُ وَلَيْسَ بَيْنَهُ وَبَيْنَهُ تَرْجُمَانٌ يُتَرْجِمُ لَهُ فَلَيَقُولَن لَهُ أَلَمْ أَبْعَثْ إِلَيْكَ رَسُولًا فَيُبَلغَكَ فَيَقُولُ بَلَى فَيَقُولُ أَلَمْ أُعْطِكَ مَالًا وَأُفْضِلْ عَلَيْكَ فَيَقُولُ بَلَى فَيَنْظُرُ عَنْ يَمِينِهِ فَلَا يَرَى إِلا جَهَنمَ وَيَنْظُرُ عَنْ يَسَارِهِ

فَلَا يَرَى إِلَّا جَهَنَّمَ قَالَ عَدِيٌّ سَمِعْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ اتَّقُوا النَّارَ وَلَوْ بِشِقَّةِ تَمْرَةٍ فَمَنْ لَمْ يَجِدْ شِقَّةَ تَمْرَةٍ فَبِكَلِمَةٍ طَيِّبَةٍ قَالَ عَدِيٌّ فَرَأَيْتُ الظَّعِينَةَ تَرْتَحِلُ مِنْ الْحِيرَةِ حَتَّى تَطُوفَ بِالْكَعْبَةِ لَا تَخَافُ إِلَّا اللَّهَ وَكُنْتُ فِيمَنْ افْتَتَحَ كُنُوزَ كِسْرَى بْنِ هُرْمُزَ وَلَئِنْ طَالَتْ بِكُمْ حَيَاةٌ لَتَرَوُنَّ مَا قَالَ النَّبِيُّ أَبُو الْقَاسِمِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُخْرِجُ مِلْءَ كَفِّهِ حَدَّثَنِي عَبْدُ اللَّهِ بْنُ مُحَمَّدٍ حَدَّثَنَا أَبُو عَاصِمٍ أَخْبَرَنَا سَعْدَانُ بْنُ بِشْرٍ حَدَّثَنَا أَبُو مُجَاهِدٍ حَدَّثَنَا مُحِلُّ بْنُ خَلِيفَةَ سَمِعْتُ عَدِيًّا كُنْتُ عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

8449 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىر ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەمبەغەللىكتىن شىكايەت قىلدى. ئارقىدىنلا يەنە بىر ئادەم كېلىپ، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلاردىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەدىي! سەن ھىرەنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ـ دېۋىدى، مەن:

ــ ياق، ئەمما شۇنداق شەھەر بار دەپ ئاڭلىدىم، ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، ئايال كىشىنىڭ ھىرەدىن يولغا چىقىپ، اللهتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقماي (خاتىرجەم ھالدا) يول يۈرۈپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلىكىنى چوقۇم كۆرىسەن، ـ دېدى. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە:

ــ يۇرتۇن شەھەرلەرنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان تەي قەبىلىسى ئۇ چاغدا نەدە قالار؟! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەگەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭ، كىسرا خەزىنىلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرىسەن، ـ دېدى. مەن:

ــ ھۇرمۇزنىڭ ئوغلى كىسرامۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شۇنداق. ئەگەر ئۆمرۈڭ يار بەرسە، بىر ئادەم ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنىڭ زاكىتىنى ئېلىپ چىقسا، ئۇنىڭ زاكىتىنى قوبۇل

قىلىدىغان بىرىنى تاپالمىغانلىقىنى كۆرىسەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلار رەببىڭلارنىڭ ھۇزۇرىغا چىقىسىلەر، ئاراڭلاردا ھېچقانداق تەرجىمان بولمايدۇ. الله تائالا ئۇنىڭغا: ”ساڭا تەبلىغ قىلىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىمۇ؟“ دەپ سورايدۇ، ئۇ بەندە: ”شۇنداق، ئەۋەتتىڭ“ دەيدۇ. الله: ”ساڭا مالنى كۆپلەپ بەرمىدىممۇ؟“ دەپ سورايدۇ، ئۇ بەندە: ”شۇنداق، بەردىڭ“ دەيدۇ. ئۇ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە قاراپ جەھەننەمدىن باشقا نەرسىنى كۆرمەيدۇ.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «يېرىم خورما سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ، دوزاختىن ساقلىنىڭلار، ئەگەر سەدىقە قىلىدىغان يېرىم خورما چاغلىق نەرسىنىمۇ تاپالمىساڭلار، بىرەر ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ، دوزاختىن ساقلىنىڭلار».

ئەدىي مۇنداق دېگەن: (دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگەنلىرى يۈز بەردى) ئايال كىشىنىڭ ھىرەدىن يولغا چىقىپ، اللهتىن باشقا ھېچكىمدىن قورقمىغان ھالدا يول يۈرۈپ، كەئبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. كىسرانىڭ خەزىنىسىنى پەتىھ قىلغانلار ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ئەگەر ئۆمرۈڭلار يار بەرسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنىڭ زاكىتىنى ئالىدىغان ئادەم تاپالمايدۇ» دېگەن سۆزىنىڭمۇ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى چوقۇم كۆرىسىلەر.

(بۇخارى: 3595)

8450 ـ عن ثَوْبَانَ قال قال رسول اللهِ ﷺ إن اللهَ زَوَى لي الْأَرْضَ أو قـال إن رَبي زَوَى لي الْأَرْضَ فَرَأَيتُ مَشَارِقَهَا وَمَغَارِبَهَا وَإِن مُلْكَ أُمتِي سَيَبْلُغُ ما زُوِيَ لي منـها وَأُعْطِيتُ الْكَنْزَينِ الْأَحْمَرَ وَالْأَبيَضَ وَإِني سَأَلْتُ رَبي لِأُمتِي أَنْ لَا يُهْلِكَهَا بِسَنَةٍ بِعَامـةٍ ولا يُسَلطَ عليهم عَدُوا من سِوَى أَنفُسِهِمْ فَيَسْتَبِيحَ بَيضَتَهُمْ وَإِن رَبي قال لي يا محمـد إني إذا قَضَيتُ قَضَاءً فإنه لَا يُرَد ولا أُهْلِكُهُمْ بِسَنَةٍ بِعَامةٍ ولا أُسَلطُ عليهم عَدُوا من سِوَى أَنفُسِهِمْ فَيَسْتَبِيحَ بَيضَتَهُمْ لو اجْتَمَعَ عليهم من بَينِ أَقْطَارِهَا أو قال بِأَقْطَارِهَا حتى يَكُونَ بَعْضُـهُمْ

يُهْلِكُ بَعْضًا وَحَتى يَكُونَ بَعْضُهُمْ يَسْبِي بَعْضًا وَإِنمَا أَخَافُ على أُمتِي الْأَئِمةَ الْمُضِلينَ وإذا وُضِعَ السيْفُ في أُمتِي B يُرْفَعْ عنها إلى يَوْمِ الْقِيَامَةِ ولا تَقُومُ الساعَةُ حتى تَلْحَقَ قَبَائِلُ من أُمتِي بِالْمُشْرِكِينَ وَحَتى تَعْبُدَ قَبَائِلُ من أُمتِي الْأَوْثَانَ وَإِنهُ سَيَكُونُ في أُمتِي كَذابُونَ ثَلَاثُونَ كلهم يَزْعُمُ أَنهُ نَبِي وأنا خَاتَمُ النبِيينَ لَا نَبِي بَعْدِي ولا تَزَالُ طَائِفَةٌ من أُمتِي على الْحَق قال بن عِيسَى ظَاهِرِينَ ثُم اتفَقَا لَا يَضُرهُمْ من خَالَفَهُمْ حتى يَأْتِيَ أَمْرُ اللهِ.

8450 ــ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە ماڭا زېمىننى كىچىكلىتىپ كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن زېمىننىڭ مەشرىق، مەغرىبلىرىنى كۆردۈم. ئۈممىتىم مەن كۆرگەن يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە يېتىپ بارىدۇ. ماڭا ئالتۇن ــ كۈمۈش بايلىقى بېرىلدى. مەن رەببىمدىن ئۈممىتىمنى ئومۇمىي قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى، ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەن مۇسەللەت قىلىپ، (ئۈممىتىمنى) يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋەتمەسلىكنى تىلىدىم. رەببىم ماڭا: ”ئى مۇھەممەد! مېنىڭ ھۆكمىم قايتۇرۇلمايدۇ. مەن ئۇلارنى ئومۇمىي قەھەتچىلىك بىلەن ھالاك قىلمايمەن، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئۇلارغا قارشى توپلانغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەننى مۇسەللەت قىلىپ، ئۇلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋەتمەيمەن. ئەمما ئۇلار ئۆز ئارا بىر ــ بىرىنى قىرىشقان ۋە بىر ــ بىرلىرىنى ئەسىر ئېلىشقان چاغدا، ئۇلارغا باشقا دۈشمەنلىرى مۇسەللەت قىلىنىدۇ“ دېدى. ھەقىقەتەن مەن ئۈممىتىمنىڭ ئازغۇن ئىماملىرىدىن (بىدئەتچىلىككە دەۋەت قىلىدىغانلاردىن) ئەنسىرەيمەن. ئۈممىتىمدە ئىچكى ئۇرۇش پارتلىسا، تا قىيامەت كۈنىگىچە توختىمايدۇ. ئۈممىتىمدىن بىر قانچە قەبىلە مۇشرىكلارغا ئەگەشمىگىچە، (ئۈممىتىمدىن) بىر قانچە قەبىلە بۇتلارغا چوقۇنمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئۈممىتىمدىن 30 كازzاب چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ دەۋا قىلىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرىدۇرمەن، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. تا قىيامەت قايىم

بولغۇچە، ئۈممىتىمنىڭ بىر قىسمى ھەممىشە ھەق ئۈستىدە بولىدۇ. ئۇلارغا قارشى چىققۇچىلار ئۇلارغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4252)

8451 ـ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ لَكُمْ مِنْ أَنمَاطٍ قُلْتُ وَأنى يَكُونُ لنا الْأَنمَاطُ قَالَ أَما إِنهُ سَيَكُونُ لَكُمْ الْأَنمَاطُ فَأَنا أَقُولُ لَهَا يَعْنِي امْرَأَتَهُ أَخرِي عَني أَنمَاطَكِ فَتَقُولُ أَلَمْ يَقُلْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنهَا سَتَكُونُ لَكُمْ الْأَنمَاطُ فَأَدَعُهَا.

8451 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ يۇڭ ئەدىيىلىڭلار يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ بىزنىڭ نەدىمۇ يۇڭ ئەدىيىلىمىز بولسۇن؟! ـ دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ پات ئارىدا بولىدۇ. ـ دېدى. راست دېگەندەك، كېيىن بىزنىڭ ئەدىيىلىمىز بولدى، مەن ئايالىمغا:

ـ شۇ يۇڭ ئەدىياللارنى يىغىۋەت! ـ دېسەم، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پات ئارىدا ئەدىيىلىڭلار بولىدۇ» دېمىگەنمۇ؟ ـ دېدى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن، مەن ئەدىيالنى ئالدۇرىۋەتمەي، جايىدا قويۇپ قويدۇم.

(بۇخارى: 3631)

8452 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ فِيمَا أَعْلَمُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللهَ يَبْعَثُ لِهَذِهِ الْأُمةِ عَلَى رَأْسِ كُل مِائَةِ سَنَةٍ مَنْ يُجَددُ لَهَا دِينَهَا.

8452 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (3577): سەھىھ ـ دېگەن.

«اللە بۇ ئۈممەتكە ھەر 100 يىلنىڭ بېشىدا دىنىنى يېڭىلايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4291)

8453 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ قَامَ فِينَا رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ مَقَامًا مَا تَرَكَ شَيْئًا يَكُونُ فِى مَقَامِهِ ذَلِكَ إِلَى قِيَامِ الساعَةِ إلا حَدثَ بِهِ حَفِظَهُ مَنْ حَفِظَهُ وَنَسِيَهُ مَنْ نَسِيَهُ قَدْ عَلِمَهُ أَصْحَابِى هَؤُلاَءِ وَإِنَّهُ لَيَكُونُ مِنْهُ الشىْءُ قَدْ نَسِيتُهُ فَأَرَاهُ فَأَذْكُرُهُ كَمَا يَذْكُرُ الرجُلُ وَجْهَ الرجُلِ إِذَا غَابَ عَنْهُ ثُم إِذَا رَآهُ عَرَفَهُ.

8453 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، قىيامەتكىچە بولىدىغان ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنى ئېسىدە تۇتقانلار ئېسىدە تۇتتۇۋالدى، ئۇنتۇغانلار ئۇنتۇدى. ھەمراھلىرىممۇ ئۇلارنى يادىدا تۇتتۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان ئىشلاردىن بىرى يۈز بەرگەن چاغدا، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ھەدىسلەردىن بىرى يادىمغا كېلەتتى. بۇ خۇددى بىر ئۇچراشقان كىشىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇچرىشىپ قالغاندا، دەرھال ئېسىگە ئالغاندەكلا ئىش ئىدى.

(مۇسلىم: 2891)

8454 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَدُورُ رَحَى الْإِسْلَامِ لِخَمْسٍ وَثَلَاثِينَ أَوْ سِت وَثَلَاثِينَ أَوْ سَبْعٍ وَثَلَاثِينَ فَإِنْ يَهْلَكُوا فَسَبِيلُ مَنْ هَلَكَ وَإِنْ يَقُمْ لَهُمْ دِينُهُمْ يَقُمْ لَهُمْ سَبْعِينَ عَامًا قَالَ قُلْتُ أَمِما بَقِيَ أَوْ مِما مَضَى قَالَ مِما مَضَى.

8454 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىسلام 35 ياكى 36 ۋە ياكى 37 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ھالاكەتكە يۈزلەنسە، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردەك ھالاك بولۇپ

[1] ئەلبانى (3606): سەھىھ ـ دېگەن.

كېتىدۇ. دىنىنى يىقىتماي تۇرالىسا، ئۇلارنىڭ دىنى 70 يىلغىچە تىك تۇرىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ بۇ 30 نەچچە يىل 70 يىلدىن ئايرىممۇ ياكى شۇنىڭ ئىچىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ شۇنىڭ ئىچىدە، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4254)

8455 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِني لَـ أَرْجُو أَنْ لَا تَعْجِزَ أُمتِي عِنْدَ رَبهَا أَنْ يُؤَخرَهُمْ نِصْفَ يَوْمٍ قِيلَ لِسَعْدٍ وَكَمْ نِصْفُ ذَلِكَ الْيَوْمِ قَالَ خَمْسُ مِائَةِ سَنَةٍ.

8455 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن ئۈممىتىمنىڭ (ئەمەل ـ ئىبادەتتىن) ئاجىز كېلىپ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا (جەننەتكە كىرىشكە) يېرىم كۈن بولسىمۇ كېچىكىپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن». سەئدتىن:

ـ يېرىم كۈن قانچىلىك ۋاقىتقا تەڭ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

ـ 500 يىلغا (تەڭ)، ـ دەپ جاۋاب بەردى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4350)

8456 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَما فُتِحَتْ خَيْبَرُ أُهْدِيَتْ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ شَاةٌ فِيهَا سُم فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اجْمَعُوا إِلَي مَنْ كَانَ هَا هُنَا مِنْ يَهُودَ فَجُمِعُوا لَهُ فَقَالَ إِني سَائِلُكُمْ عَنْ شَيْءٍ فَهَلْ أَنْتُمْ صَادِقِي عَنْهُ فَقَالُوا نَعَمْ قَالَ لَهُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَبُوكُمْ قَالُوا فُلَانٌ فَقَالَ كَذَبْتُمْ بَلْ أَبُوكُمْ فُلَانٌ قَالُوا صَدَقْتَ

[①] ئەلبانى (3578): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3656): سەھىھ ـ دېگەن.

قَالَ فَهَلْ أَنْتُمْ صَادِقِي عَنْ شَيْءٍ إِنْ سَأَلْتُ عَنْهُ فَقَالُوا نَعَمْ يَا أَبَا الْقَاسِمِ وَإِنْ كَذَبْنَا عَرَفْتَ كَذِبَنَا كَمَا عَرَفْتَهُ فِي أَبِينَا فَقَالَ لَهُمْ مَنْ أَهْلُ النَّارِ قَالُوا نَكُونُ فِيهَا يَسِيرًا ثُمَّ تَخْلُفُونَا فِيهَا فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اخْسَئُوا فِيهَا وَاللَّهِ لَا نَخْلُفُكُمْ فِيهَا أَبَدًا ثُمَّ قَالَ هَلْ أَنْتُمْ صَادِقِي عَنْ شَيْءٍ إِنْ سَأَلْتُكُمْ عَنْهُ فَقَالُوا نَعَمْ يَا أَبَا الْقَاسِمِ قَالَ هَلْ جَعَلْتُمْ فِي هَذِهِ الشَّاةِ سُمًّا قَالُوا نَعَمْ قَالَ مَا حَمَلَكُمْ عَلَى ذَلِكَ قَالُوا أَرَدْنَا إِنْ كُنْتَ كَاذِبًا نَسْتَرِيحُ وَإِنْ كُنْتَ نَبِيًّا لَمْ يَضُرَّكَ.

8456 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خەيبەر فەتھى قىلىنغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا زەھەرلەنگەن قوي گۆشى كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ماڭا بۇ يەردىكى يەھۇدىيلارنى يىغىپ بېرىڭلار! ــ دېدى. يەھۇدىيلار دەرھال يىغىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىلەردىن بىر ئىش توغرۇلۇق سورىسام، ماڭا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرەمسىلەر؟ ـ دېگەنىدى، ئۇلار:

ـ ھەئە، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاتاڭلار كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـ پالانچى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ يالغان ئېيتتىڭلار. ئاتاڭلار ئۇ ئەمەس، بەلكى پالانچى، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ راست ئېيتتىڭ، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ سىلەردىن بىر ئىش توغرۇلۇق سورىسام، ماڭا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرەمسىلەر؟ ـ دېۋىدى، ئۇلار:

ـ ھەئە، ئى ئەبۇلقاسىم! ئەگەر بىز يالغان ئېيتساق، بايا ئاتىمىز ھەققىدىكى يالغىنىمىزنى بىلىۋالغاندەك (يالغان ئېيتقانلىقىمىزنى) بىلىۋالىدىكەنسەن، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ دوزاخ ئەھلى كىملەر؟ ـ دېۋىدى ئۇلار:

— بىز ئۇنىڭدا ئاز ۋاقىت تۇرىمىز، ئاندىن ئورنىمىزغا سىلەر ئالمىشىسىلەر، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- شۇ دوزاختا مەڭگۈلۈك مەھكۇم بولۇپ كېتىڭلار. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز ھەرگىز سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا ئالماشمايمىز، - دېدى. ئاندىن:

— سىلەردىن بىر ئىش توغرۇلۇق سورىسام، ماڭا راستچىللىق بىلەن جاۋاب بېرەمسىلەر؟ - دېدى. ئۇلار:

- ھەئە، ئى ئەبۇلقاسىم! - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇ قوينى زەھەرلىدىڭلارمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

- ھەئە، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭلار؟ - دېگەنىدى، ئۇلار:

- ئەگەر يالغانچى بولساڭ، سەندىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى؛ ئەگەر راست پەيغەمبەر بولساڭ، بۇنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ شۇنداق قىلدۇق، - دېيىشتى.

(بۇخارى: 3169)

8457 - عَنْ جَابِرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدِمَ مِنْ سَفَرٍ فَلَما كَانَ قُرْبَ الْمَدِينَةِ هَاجَتْ رِيحٌ شَدِيدَةٌ تَكَادُ أَنْ تَدْفِنَ الراكِبَ فَزَعَمَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بُعِثَتْ هَذِهِ الريحُ لِمَوْتِ مُنَافِقٍ فَلَما قَدِمَ الْمَدِينَةَ فَإِذَا مُنَافِقٌ عَظِيمٌ مِنْ الْمُنَافِقِينَ قَدْ مَاتَ.

8457 — جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن قايتىپ، مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا، قاتتىق شامال چىقىپ، كارۋاننى كۆمۈۋەتكىلى تاس قالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- بۇ بىر مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن، - دېدى. مەدىنىگە كىرىپ قارىساق، دەرۋەقە، مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئۆلگەنىكەن.

(مۇسلىم: 2782)

8458 ـ عَاصِمِ بْنِ كُلَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَجُلٍ مِنْ الْأَنْصَارِ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي جَنَازَةٍ فَرَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ عَلَى الْقَبْرِ يُوصِي الْحَافِرَ أَوْسِعْ مِنْ قِبَلِ رِجْلَيْهِ أَوْسِعْ مِنْ قِبَلِ رَأْسِهِ فَلَما رَجَعَ اسْتَقْبَلَهُ دَاعِي امْرَأَةٍ فَجَاءَ وَجِيءَ بِالطَعَامِ فَوَضَعَ يَدَهُ ثُم وَضَعَ الْقَوْمُ فَأَكَلُوا فَنظَرَ آبَاؤُنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَلُوكُ لُقْمَةً فِي فَمِهِ ثُم قَالَ أَجِدُ لَحْمَ شَاةٍ أُخِذَتْ بِغَيْرِ إِذْنِ أَهْلِهَا فَأَرْسَلَتْ الْمَرْأَةُ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِني أَرْسَلْتُ إِلَى الْبَقِيعِ يَشْتَرِي لِي شَاةً فَلَمْ أَجِدْ فَأَرْسَلْتُ إِلَى جَارٍ لِي قَدْ اشْتَرَى شَاةً أَنْ أَرْسِلْ إِلَي بِهَا بِثَمَنِهَا فَلَمْ يُوجَدْ فَأَرْسَلْتُ إِلَى امْرَأَتِهِ فَأَرْسَلَتْ إِلَي بِهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَطْعِمِيهِ الْأُسَارَى.

8458 ـ ئاسىم ئىبنى كۇلەيبىنىڭ دادىسى بىر ئەنسارىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جىنازا نامىزىغا چىقتۇق. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىنى كولىغان كىشىگە:

ــ باش ۋە ئاياغ تەرىپىنى كەڭ قىلغىن! ــ دېگىنىنى ئاڭلىدىم. قەبرە بېشىدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، بىر ئايالنىڭ خىزمەتچىسى زىياپەتكە چاقىرىپ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇردى، بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدۇق. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قوي گۆشى كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇزاتقاندىن كېيىن، قالغانلارمۇ ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى. دادىلىرىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گۆش چايناشتىن توختاپ قالغانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن بۇ گۆشنىڭ تەمىدىن قويىنىڭ ئىگىسىدىن رۇخسەتسىز ئېلىنغانلىقىنى سېزىۋاتىمەن، ـ دېدى. ئايال دەرھال چاقىرىلىپ، ئەھۋال ئېيتىلغاندى، ئۇ ئايال:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن بەقىئغا ئادەم ئەۋەتكەنىدىم، لېكىن ئۇ يەردە قوي قالماپتۇ. ئاندىن قوي سېتىۋالغان قوشنامغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قويىنى ئالغان باھاسىدا ماڭا سېتىپ

بېرىشنى سورىدىم. ئېرى بولمىغاچقا، ئايالى قوينى ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ گۆشنى ئەسىرلەرگە بەرگىن! - دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3334)

8459 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن بَعْضَ أَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْنَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَينَا أَسْرَعُ بِكَ لُحُوقًا قَالَ أَطْوَلُكُن يَدًا فَأَخَذُوا قَصَبَةً يَذْرَعُونَهَا فَكَانَتْ سَوْدَةُ أَطْوَلَهُن يَدًا فَعَلِمْنَا بَعْدُ أَنمَا كَانَتْ طُولَ يَدِهَا الصدَقَةُ وَكَانَتْ أَسْرَعَنَا لُحُوقًا بِهِ وَكَانَتْ تُحِب الصدَقَةَ.

8459 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىدىن بىرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن كېيىن، قايسىمىز ۋىسالىڭغا ئەڭ بالدۇر يېتىمىز (يەنى ۋاپات بولىمىز)؟ - دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قولى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر تال چىۋىق كەلتۈرۈپ، قولىمىزنى ئۆلچەشكە باشلىدۇق. سەۋدەنىڭ قولى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ چىقتى. كېيىنچە ''قولى ئەڭ ئۇزۇن'' دېگەن سۆزدىن سەدىقىنى ئەڭ كۆپ بېرىدىغان دېگەن مەنىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىنى بىلدۇق. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن، ئەڭ بۇرۇن ۋاپات بولغىنى زەينەب بىنتى جەھش بولدى، ئۇ سەدىقە قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

(بۇخارى: 1420)

8460 ـ عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْرَعُكُن لَحَاقًا بِي أَطْوَلُكُن يَدًا قَالَتْ فَكُن يَتَطَاوَلْنَ أَيتُهُن أَطْوَلُ يَدًا قَالَتْ فَكَانَتْ أَطْوَلَنَا يَدًا زَيْنَبُ لِأَنهَا كَانَتْ تَعْمَلُ بِيَدِهَا وَتَصَدقُ.

① ئەلبانى (3850): سەھىھ ـ دېگەن.

8460 ـ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاراڭلاردىن قولى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى مەندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن ۋاپات تاپىدۇ» دېدى. قايسىمىزنىڭ قولىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، دەرھال ئۆلچەشكە كىرىشىپ كەتتۇق. زەينەبنىڭ قولى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ چىقتى. چۈنكى ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ تېپىپ سەدىقە قىلاتتى.

(مۇسلىم: 2452)

8461 ـ قَالَ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْـرُجُ رَجُلٌ مِنْ وَرَاءِ النهْرِ يُقَالُ لَهُ الْحَارِثُ بْنُ حَراثٍ عَلَى مُقَدمَتِهِ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ مَنْصُورٌ يُوَطئُ أَوْ يُمَكنُ لِآلِ مُحَمدٍ كَمَا مَكنَتْ قُرَيْشٌ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَبَ عَلَى كُل مُؤْمِنٍ نَصْرُهُ أَوْ قَالَ إِجَابَتُهُ.

8461 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ماۋەرائۇننەھىردىن ھارىس ئىبنى ھەرراس ئىسىملىك بىرەيلەن چىقىدۇ. ئۇنىڭ (قوشۇنى)غا مەنسۇر ئىسىملىك بىرى قوماندانلىق قىلىدۇ. ئۇ مۇھەممەد ئائىلىسى ئۈچۈن ئورۇنشىدۇ ۋە خۇددى بەزى قۇرەيش ئاھالىلىرى مۇھەممەد ئائىلىسىگە ياردەم بەرگەندەك ياردەم بېرىدۇ. ھەر بىر مۇئمىننىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشى ۋاجىبتۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4290)

8462 ـ أبي شهم رضي الله عنه قال كنت بالمدينة فمرت بي امـرأة فأخـذت بكشحها ثم أطلقتها وأصبح الرسول ﷺ يبايع الناس قال فأتيته فلم يبايعه وقال ألسـت صاحب الجبذة بالأمس فقلت والله لا أعود يا رسول الله فبايعه.

[1] ئەلبانى (924): زەئىپ، ـ دېگەن.

8562 ـ ئەبۇ شەھمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنىدىكى ۋاقتىمدا، بىر ئايال قېشىمدىن ئۆتۈۋىدى، ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ، كېيىن قويۇۋەتتىم. ئەتىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەردىن بەيئەت ئالغىلى تۇردى. مەنمۇ ئالدىغا بارغانىدىم:

— سەن تۈنۈگۈن بىر ئايالنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ قويۇپ بەرگەن كىشىغۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنىڭ بەيئىتىمنى قوبۇل قىلغىن! ـ دېدىم.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8463 ـ عَنْ أنسٍ قَالَ: كَانَ وَهْبُ بن عُمَيْرٍ شَهِدَ أُحُدًا كَافِرًا فَأَصَابَتْهُ جِرَاحَةٌ، فَكَانَ فِي الْقَتْلَى، فَمَر بِهِ رَجُلٌ مِنَ الأَنصَارِ، فَعَرَفَهُ فَوَضَعَ سَيْفَهُ فِي بَطْنِهِ حَتى خَرَجَ مِنْ ظَهْرِهِ، ثُم تَرَكَهُ، فَلَما دَخَلَ اللَّيْلُ وَأَصَابَهُ الْبَرْدُ لَحِقَ بِمَكةَ، فَبَرأَ فَاجْتَمَعَ هُوَ وَصَفْوَانُ بن أُميةَ فِي الْحِجْرِ، فَقَالَ وَهْبٌ: لَوْلا عِيَالِي وَدَيْنٌ عَلَي أَنْ أَكُونَ أَنا الذِي أَقْتُلُ مُحَمدًا، فَقَالَ لَهُ صَفْوَانُ فَكَيْفَ تَصْنَعُ؟ فَقَالَ أَنا رَجُلٌ جَوَادٌ لا أُلْحَقُ آتِيهِ فَأَغْتَرُه، ثُم أَضْرِبُهُ بِالسيْفِ، فَأَلْحَقُ بِالْخَيْلِ وَلا يَلْحَقُنِي أَحَدٌ، فَقَالَ لَهُ صَفْوَانُ: فَعِيَالُكَ مَعَ عِيَالِي، وَدَيْنُكَ عَلَي، فَخَرَجَ يَشْحَذُ سَيْفَهُ وَسَمهُ، ثُم خَرَجَ إِلَى الْمَدِينَةِ لا يُرِيدُ إِلا قَتْلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَلَما قَدِمَ الْمَدِينَةَ رَآهُ عُمَرُ بن الْخَطابِ فَهَالَهُ ذَلِكَ، وَشَق عَلَيْهِ، فَقَالَ لأَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: إِني رَأَيْتُ وَهْبًا، فَرَابَنِي قُدُومُهُ وَهُوَ رَجُلٌ غَادِرٌ فَأَطِيفُوا بِنَبِيكُمْ، فَأَطَافَ الْمُسْلِمُونَ بِالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَجَاءَ وَهْبٌ فَوَقَفَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ: أَنْعِمْ صَبَاحًا يَا مُحَمدُ، قَالَ: "قَدْ أَبْدَلَنَا اللهُ خَيْرًا مِنْهَا" قَالَ: عَهْدِي بِكَ تُحَدثُ بِهَا وَأَنتَ مُعْجَبٌ، فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَا أَقْدَمَكَ؟" قَالَ: جِئْتُ أَفْدِي أَسَارَاكُمْ، قَالَ: "مَا بَالُ السيْفِ؟" قَالَ: أَمَا إِنا قَدْ حَمَلْنَاهُ يَوْمَ بَدْرٍ، فَلَمْ نُفْلِحْ وَلَمْ نَنجَحْ، قَالَ: "فَمَا شَيْءٌ قُلْتَ لِصَفْوَانَ فِي الْحِجْرِ لَوْلا عِيَالِي، وَدَيْنٌ عَلَي، لَكُنتُ أَنا الذِي أَقْتُلُ مُحَمدًا بنفْسِي، فَأَخْبَرَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَبَرَهُ"، فَقَالَ

وَهْبٌ: هَاهْ كَيْفَ قُلْتَ؟ فَأَعَادَ عَلَيْهِ قَالَ وَهْبٌ: قَدْ كُنْتَ تُخْبِرُنَا خَبَرَ أَهْلِ الأَرْضِ، فَنُكَذِّبُكَ، فَأَرَاكَ تُخْبِرُ خَبَرَ أَهْلِ السمَاءِ أَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَنكَ رَسُولُ اللهِ، قَالَ: يَا رَسُولَ اللهِ، أَعْطِنِي عِمَامَتَكَ، فَأَعْطَاهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِمَامَتَهُ، ثُم خَرَجَ إِلَى مَكةَ، فَقَالَ عُمَرُ: لَقَدْ قَدِمَ وَإِنهُ لأَبْغَضُ إِلَي مِنَ الْخِنْزِيرِ، ثُم رَجَعَ وَهُوَ أَحَب إِلَي مِنْ بَعْضِ وَلَدِي.

8463 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ۋەھب ئىبنى ئۇمەير ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقان ۋاقتىدا تېخى كاپىر ئىدى. ئۇ يارىلىنىپ، ئۆلۈكلەر ئارىسىدا يېتىۋالدى. ئەنسارىلاردىن بىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بىلىپ قالدى ـ دە، قىلىچىنى ئۇنىڭ قورسىقىدىن تىقىپ، دۈمبىسىدىن چىقىرىۋەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، ھاۋا سوۋۇغاندىن كېيىن، ۋەھب مەككىگە بېرىۋالدى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭ جاراھىتى ساقىيىپ كەتتى. بىر كۈنى، ۋەھب ھىجرنىڭ يېنىدا سەفۋان ئىبنى ئۇمەييە بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ:

ـــ ئەگەر (كىچىك) باللىرىم ۋە قەرزىم بولمىغان بولسا، مۇھەممەدنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرگەن بولاتتىم، ـ دېدى. سەفۋان:

ـ باللىرىڭ ۋە قەرزىڭنى مانا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى ئەھدىلەشتى. ۋەھب قىلىچىنى زەھەرلەپ، مۇرىسىگە ئاستى ۋە مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنىڭ مەدىنىگە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، چۆچۈپ كەتتى ـ دە، باشقا ساھابىلەرگە:

ـ بۇ مۇناپىقنىڭ مەدىنىگە كېلىشىدىن دەرگۇمان بولماقتىمەن. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار، لېكىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار! ـــ دېدى. ۋەھب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

ـــ ئى مۇھەممەد! خەيرلىك سەھەر، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ الله بىزگە بۇنىڭدىن ياخشى سالامنى ئاتا قىلدى. قېنى ئېيتقىنە، نېمىگە كەلدىڭ؟ ـ دېدى. ۋەھب:

ـ قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە فىدىيە تۆلەش ئۈچۈن كەلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، نېمىشقا قىلىچ ئېسىۋالدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ۋەھب:

ـ بۇ قىلىچنى ئېسىۋالغان بىلەن بىزگە نېمە پايدىسى تەگدى؟ بەدىر كۈنى بىزگە بىر پايدىسىنى كۆردۇقمۇ؟ بىزنى سىلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالىدىمۇ؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن ھىجردا سەفۋانغا: ”ئەگەر بالىلىرىم ۋە قەرزىم بولمىغان بولسا، مۇھەممەدنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرگەن بولاتتىم“ دېمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ۋەھب:

ـ نېمە دېدىڭ؟ قايتا دېگىنە! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قايتا دەپ بەرگەنىدى، ۋەھب:

ــ سەن زېمىن ئەھلى بىلىدىغان بىرەر ئىش ھەققىدە خەۋەر بەرسەڭ، بىز سېنى يالغانچى دەيتتۇق، مانا ئەمدى ئاسمان ئەھلىدىن باشقا ئادەم بىلمەيدىغان بىر خەۋەرنى دەپ بېرىۋاتىسەن، شۇڭا شاھادەت ئېيتىمەنكى، بىر اللهتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، سەن اللهنىڭ بەرھەق ئەلچىسىدۇرسەن، ـ دېدى. ئاندىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەللەڭنى بەرگىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا سەللىسىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ مەككىگە قايتىپ كەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇ مەدىنىگە كەلگەندە، ماڭا چوشقىدىنمۇ يېقىمسىز كۆرۈنگەنىدى، مەككىگە قايتىدىغان ۋاقتىدا، ئۆز ئوغلۇمدىنمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنۈپ كەتتى، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر: 17 ـ 6162)

8464 ـ عَنْ أَبِي حُمَيْدٍ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ وَسَاقَ الْحَدِيثَ وَفِيهِ ثُم أَقْبَلْنَا حَتى قَدِمْنَا وَادِي الْقُرَى فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى

[1] ھەيسەمى (14065): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إني مُسْرِعٌ فَمَنْ شَاءَ مِنْكُمْ فَلْيُسْرِعْ مَعِي وَمَنْ شَاءَ فَلْيَمْكُثْ فَخَرَجْنَا حَتى أَشْرَفْنَا عَلَى الْمَدِينَةِ فَقَالَ هَذِهِ طَابَةُ وَهَذَا أُحُدٌ وَهُوَ جَبَلٌ يُحِبنَا وَنُحِبهُ

8464 ــ ئەبــۇ ھۇمەيــد رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەپەرگە چىقتۇق، تەبۇكقا يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇگۈن كېچە قاتتىق شامال چىقىدۇ. شۇڭا ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىسۇن، كىمنىڭ ئۆلىغى بولسا، چىڭ باغلىۋەتسۇن! ـ دېدى. دەرۋەقە، ئۇ كېچە قاتتىق شامال چىقتى. بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرىۋىدى، شامال ئۇنى ئۇچۇرتۇپ ئاپىرىپ تەي تېغىغا تاشلىدى.

(مۇسلىم: 1392)

8465 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْفَغْوَاءِ الْخُزَاعِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ دَعَانِي رَسُـولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ وَقَدْ أَرَادَ أَنْ يَبْعَثَنِي بِمَالٍ إِلَى أَبِي سُفْيَانَ يَقْسِمُهُ فِي قُرَيْشٍ بِمَكةَ بَعْدَ الْفَتْحِ فَقَالَ الْتَمِسْ صَاحِبًا قَالَ فَجَاءَنِي عَمْرُو بْنُ أُمَيةَ الضمْرِي فَقَالَ بَلَغَنِي أَنكَ تُرِيدُ الْخُرُوجَ وَتَلْتَمِسُ صَاحِبًا قَالَ قُلْتُ أَجَلْ قَالَ فَأَنَا لَكَ صَاحِبٌ قَالَ فَجِئْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قُلْتُ قَدْ وَجَدْتُ صَاحِبًا قَالَ فَقَالَ مَنْ قُلْتُ عَمْرُو بْنُ أُمَيةَ الضمْرِي قَـالَ إِذَا هَبَطْتَ بِلَادَ قَوْمِهِ فَاحْذَرْهُ فَإِنهُ قَدْ قَالَ الْقَائِلُ أَخُوكَ الْبِكْرِي وَلَا تَأْمَنْهُ فَخَرَجْنَا حَتى إِذَا كُنتُ بِالْأَبْوَاءِ قَالَ إِني أُرِيدُ حَاجَةً إِلَى قَوْمِي بِوَدانَ فَتَلَبثْ لِي قُلْتُ رَاشِـدًا فَلَمـا وَلـى ذَكَرْتُ قَوْلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَشَدَدْتُ عَلَى بَعِيرِي حَتى خَرَجْتُ أُوضِعُهُ حَتـى إِذَا كُنتُ بِالْأَصَافِرِ إِذَا هُوَ يُعَارِضُنِي فِي رَهْطٍ قَالَ وَأَوْضَعْتُ فَسَبَقْتُهُ فَلَما رَآنِي قَـدْ فُتـهُ انْصَرَفُوا وَجَاءَنِي فَقَالَ كَانَتْ لِي إِلَى قَوْمِي حَاجَةٌ قَالَ قُلْتُ أَجَلْ وَمَضَيْنَا حَتى قَدِمْنَا مَكةَ فَدَفَعْتُ الْمَالَ إِلَى أَبِي سُفْيَانَ.

8465 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى فەغۋا ئەلخۇزائى دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى چاقىردى. بۇ چاغدا، مەككە فەتىھ قىلىنىپ بولغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى قۇرەيشكە تەقسىملەپ بېرىلىدىغان پۇل ـ مال

بىلەن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ يېنىغا (مەككىگە) ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى ۋە:

ــ بىر ھەمراھ تاپقىن! ـ دېدى. (ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي) ئەمر ئىبنى ئۇمەييە كېلىپ:

ــ ئاڭلىسام، سەپەرگە چىقماقچى بولۇپ، ھەمراھ ئىزدەۋېتىپسەن، ـ دېدى. مەن:

ــ ھەئە، شۇنداق، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ مەن ساڭا ھەمراھ بولىمەن، ـ دېدى. دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ھەمراھ تاپتىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. مەن:

ــ ئەمر ئىبنى ئۇمەييە، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنىڭ يۇرتىغا يېقىنلاشقاندا، ئېھتىياتچان بولغىن! چۈنكى: "بىر تۇغقان قېرىنداشىڭغىمۇ ئىشەنمە!" دېگەن سۆزلەر بىكار ئەمەس، ـ دېدى.

شۇنداق قىلىپ يولغا چىقتۇق. ئەبۋاغا يېتىپ بارغاندا، ئەمر:

ــ مېنىڭ قەۋمىم بىلەن ئازراق ئىشىم بار ئىدى، سەن بىر ئاز ساقلاپ تۇرساڭ، ـ دېدى. مەن:

ــ بېرىپ ئىشىڭنى تۈگىتىپ كەلگىن! ــ دېدىم. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىنى يادىمغا ئالدىم ـ دە، تۆگەمگە مىنىپ، ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتتىم. قارىسام، ئۇ قەۋمىدىن بىر توپ ئادەم بىلەن كېلىپ، مېنىڭ ئالدىمنى توسماقچى بولدى ـ يۇ، مەن ئۇلاردىن تېز يۈرۈپ، يىراقلاپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئادەملىرى قايتىپ كەتتى. كېيىن ئۇ كەينىمدىن يېتىشىپ كېلىپ:

ــ مەن ساڭا قەۋمىم بىلەن ئىشىم بارلىقىنى ئېيتمىغانمىدىم (نېمىشقا مېنى ساقلاپ تۇرمىدىڭ)؟ ـ دېدى. مەن:

ــ شۇنداق دېگەنىدىڭ، ـ دېدىم (قىلغان ئىشىنى يۈزىگە سالمىدىم). نىھايەت مەككىگە يېتىپ بېرىپ، ئامانەتنى ئەبۇ سۇفيانغا تاپشۇردۇم[1].
(ئەبۇ داۋۇد: 4861)

[1] ئەلبانى (1036): زەئىپ، ـ دېگەن.

## جانلىق ۋە جانسىزلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە گەپ قىلىشى

8466 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ عَدَا الذئْبُ عَلَى شَاةٍ فَأَخَذَهَا فَطَلَبُهُ الراعِي فَانْتَزَعَهَا مِنْهُ فَأَقْعَى الذئْبُ عَلَى ذَنَبِهِ قَالَ أَلَا تتقِي اللهَ تنزعُ مِني رِزْقًا سَاقَهُ اللهُ إِلَي فَقَالَ يَا عَجَبِي ذِئْبٌ مُقْعٍ عَلَى ذَنَبِهِ يُكلمُنِي كَلَامَ الْإِنسِ فَقَالَ الذئْبُ أَلَا أُخْبِرُكَ بِأَعْجَبَ مِنْ ذَلِكَ مُحَمدٌ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَثْرِبَ يُخْبِرُ الناسَ بِأَنْبَاءِ مَا قَدْ سَبَقَ قَالَ فَأَقْبَلَ الراعِي يَسُوقُ غَنَمَهُ حَتى دَخَلَ الْمَدِينَةَ فَزَوَاهَا إِلَى زَاوِيَةٍ مِنْ زَوَايَاهَا ثُم أَتَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ فَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنُودِيَ الصلَاةُ جَامِعَةٌ ثُم خَرَجَ فَقَـالَ لِلراعِي أَخْبِرْهُمْ فَأَخْبَرَهُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَدَقَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى يُكلمَ السبَاعُ الْإِنسَ وَيُكلمَ الرجُلَ عَذَبَةُ سَوْطِهِ وَشِرَاكُ نَعْلِهِ وَيُخْبِرَهُ فَخِذُهُ بِمَا أَحْدَثَ أَهْلُهُ بَعْدَهُ.

8466 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر بۆرە قوي پادىسىغا ئېتىلىپ بېرىپ، قويدىن بىرنى ئېلىپ قاچتى. پادىچى ئۇنى قوغلاپ بېرىپ، قوينى تارتىۋالغانىدى، بۆرە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، پادىچىغا:

ــ ئاللاھتىن قورقمامسەن؟ ئاللاھ ماڭا بەرگەن رىزىقنى مەندىن تارتىۋالدىڭ؟ ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پادىچى:

ــ تولا قىلدىم، بۇ بۆرە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى ئىنسانىدەك گەپ قىلىۋاتىدىغۇ؟! ـ دېدى. بۆرە:

ــ ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مەدىنىدە بۇرۇنقىلار توغرۇلۇق خەۋەرلەرنى بېرىۋاتىدۇ، ـ دېدى. پادىچى دەرھال قويلىرىنى

ھەيدەپ مەدىنىگە كىردى ۋە قويلارنى بىر يەرگە توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىردى ۋە بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نامازغا يىغىلىڭلار، ـ دەپ توۋلاشقا بۇيرىدى. كۆپ ئۆتمەي، جامائەت يىغىلىپ بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ، پادىچىغا:

ـ قېنى، ماڭا ئېيتقانلىرىڭنى بۇلارغىمۇ ئېيتىپ بەرگىن! ـ دېدى. پادىچى جامائەتكە بۆرە ھەققىدىكى ۋەقەنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى[①].

(ئەھمەد: 11383)

8467 ـ عمر: جاء أعرابي من بتـ سليم قد صاد ضبا وجعله في كمه ثم أقبل على رسول الله صلى الله عليه و سلم فقال يا Ƭمد ما اشتملت النساء على ذي لهجة أكـذب منك وأبغض إلي منك ولولا أن تسميـ قومي عجولا لعجلت عليك فقال: عمر يا رسول الله دعـ أقتله فقال رسول الله صلى الله عليه و سلم أما علمت أن الحليم كاد أن يكـون نبيا فقال صلى الله عليه وسلم ما حملك على أن قلت غير الحق وB تكرم fلسى؟ فقـال الأعرابى: واللات والعزى لا آمنت بك حتى يؤمن هذا الضب. فقال رسول الله صلى الله عليه و سلم: يا ضب من تعبد؟ فقال الضب بلسان عربي مبين لبيك وسعديك يا رسـول الله قال أعبد الذي في السماء عرشه وفي الأرض سلطانه وفي البحر سبيله وفي الجنة رحمته وفي النار عذابه قال فمن أنا؟ قال أنت رسول رب العالمين وخاŹ النبيين قد أفلـح مـن صدقك وقد خاب من كذبك. فقال الأعرابي: أشهد أن لا اله إلا الله وأنك رسـول الله حقا والله لقد أتيتك وما على وجه الأرض أحد هو أبغض إلي منك و الله لأنت السـاعة أحب إلى من نفسى ومن ولدى, فقد آمنت بك بشعرى وبشرى وداخلـى وخـارجى وسرى وعلانيتى. فيه: أنه أخ∃ بذا ألفا من قومه فأسـلموا جميعـا. للأوسـط: 948 والصغير مطولا. قلت: الحديث وهاه الذهبى فى الميزان.

[①] ھەيسەمى: بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان، بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8467 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر سەھرالىق ئەرەب كېلەردىن بىرنى تۇتۇۋېلىپ، يانچۇقىغا سالدى ـ دە، ئۇدۇل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئى مۇھەممەد! ھېچقانداق ئانا تاكى ھازىرغىچە سەندەك بىر يالغانچىنى دۇنياغا كەلتۈرۈپ باقمىدى. ئەگەر قەۋمىم مېنى ئالدىراڭغۇ دېمىسە، مەن سېنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم، دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى باسالمىدىم ـ دە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! رۇخسەت قىلساڭ، بۇنىڭ كاللىسىنى ئالسام، ـ دېدىم. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ئەي ئۆمەر! كەڭ قورساق ئىنسانلارنىڭلا پەيغەمبەرلىككە تاللىنىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ـ دېدى. ئاندىن ئۇ ئەئرابىغا بۇرۇلۇپ:

ـــ سەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ھۇزۇرۇمدا بۇنداق بىھۆرمەتلىك قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئەئرابى:

ـــ لات ۋە ئۇززانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ كېلەر ساڭا ئىمان كەلتۈرمىگىچە، مەن ساڭا ئىمان كەلتۈرمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى كېلەر! سەن كىمگە ئىبادەت قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. كېلەر روشەن ئەرەب تىلىدا:

ـــ ئاسماندا ئەرشى، زېمىندا سۇلتانى، دېڭىزدا يولى، جەننەتتە رەھمىتى، دوزاختا ئازابى بولغان زاتقا ئىبادەت قىلىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن كىم؟ ـ دېگەندى، كېلەر:

ـ سەن اللهنىڭ پەيغەمبىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى. ساڭا ئىشەنگەن كىشى نىجات تاپىدۇ، سېنى ئىنكار قىلغان كىشى خار ـ زەبۇن بولىدۇ، ـ دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئەئرابى:

ـ مەن بىر اللهتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە سېنىڭ اللهنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. مەن سېنىڭ

يېنىڭغا كەلگەندە، يەر يۈزىدە سەندىنمۇ ئەشەددىي دۈشمىنىم يوق ئىدى، مانا ئەمدىلىكتە سەن ماڭا ئۆزۈم ۋە بالامدىنمۇ سۆيۈملۈك كۆرۈنىۋاتىسەن. مەن ساڭا تۆكلىرىم، تېرەم، ئىچىم، سىرتىم، بەدىنىم، روھىم بىلەن ئىمان ئېيتتىم، ـ دېدى...

بۇ ھەدىستە يەنە ئۇ ئەئرابىنىڭ ئۆز قەۋمىدىن بىر ئادەمگە بولغان ئەھۋالنى ئېيتقانلىقى ۋە پۈتۈن قەۋمىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئىمان ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 5996؛ «ئەلسەغىر»: 948)

8468 ـ عن أُم سَلَمَةَ قالت كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم في الصـحْرَاءِ فإذا مناد يُنَادِيهِ يا رَسُولَ اللهِ فَالْتفَتَ فلم يَرَ أَحَدًا ثُم الْتفَتَ فإذا ظَبْيَةٌ مُوَثقَةٌ فقالـت ادْنُ مِني يا رَسُولَ اللهِ فَدَنَا منها فقال حَاجَتكِ قالت إِن لي خَشَفَيْنِ في ذلك الْجَبَلِ فَحُلنِـي حتى أَذْهَبَ فَأُرْضِعَهُمَا ثُم أَرْجِعُ إِلَيْكَ قال وَتفْعَلِينَ قالت عَذَبَنِي اللهُ بِعَذَابِ الْعِشَارِ إن B أَفْعَلْ فَأَطْلَقَهَا فَذَهَبَتْ فَأَرْضَعَتْ خَشَفَيْهَا ثُم رَجَعَتْ فَأَوْثقَهَا وَانْتبَهَ الأَعْرَابِي فقـال لـك حَاجَةٌ يا رَسُولَ اللهِ قال نعم تُطلِقُ هذه فَأَطْلَقَهَا فَخَرَجَتْ تَعْدُو وَهِيَ تَقُولُ أَشْـهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَنكَ رسول اللهِ.

8468 ــ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەھرادا ئىدى. تۇساتتىن بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپقا قارىغان بولسىمۇ، ھېچكىمنى كۆرمىدى. يەنە بىر قېتىم قارىۋىدى، باغلاقلىق تۇرغان بىر كېيىكنى كۆردى. كېيىك:

ــ ئاۋۇ تاغدا ئىككى ئوغلىقىم بار ئىدى. مېنى يېشىۋەتكەن بولساڭ، مەن ئۇلارنى ئېمىتىۋېتىپ، قايتىپ كەلسەم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قويۇۋەتتى. كېيىك ئوغلاقلىرىنى ئېمىتىپ

[1] ھەيسەمى (14086): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى ۋەلىد بەسرىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەيھەقى: "بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھلىكى ئاشۇ كىشىگە قاراشلىقتۇر" دېگەن. باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

قايتىپ كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى جايىغا باغلاپ قويدى. ئاندىن بىر ئەئرابى كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىر تەلپىنىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، بۇ كىيىكنى قويۇپ بەرگىن! ـ دېدى. ئەئرابى كېيىكنى دەرھال قويۇۋەتتى. ئۇ كېيىك:

ـ بىر اللەتىن باشقا بەرھەق مەبۇدنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ اللەنىڭ بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېگىنىچە يۈرۈپ كەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 331/23)

8469 ـ عَنْ شِمْرِ بْنِ عَطِيَةَ عَنْ رَجُلٍ مِنْ مُزَيْنَةَ أَوْ جُهَيْنَةَ قَالَ صَلى رَسُولُ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْفَجْرَ فَإِذَا هُوَ بِقَرِيبٍ مِنْ مِائَةِ ذِئْبٍ قَدْ أَقْعَيْنَ وُفُودُ الذئَابِ فَقَـالَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَرْضَخُوا لَهُمْ شَيْئًا مِنْ طَعَامِكُمْ وَتَأْمَنُونَ عَلَـى مَـا سِوَى ذَلِكَ فَشَكَوْا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحَاجَةَ قَـالَ فَـآذِنُوهُن قَـالَ فَآذَنُوهُن فَخَرَجْنَ وَلَهُن عُوَاءٌ.

8469 ـ شەمر ئىبنى ئەتىييە مۇزەينە ياكى جۇھەينە قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ تۇراتتى، يۈزگە يېقىن بۆرە (مەسجىد هويلىسىغا) كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتكە:

ـ يېمەكلىكىڭلارنى ئېزىپ، ئۇلارغا تاشلاپ بېرىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئۆزىمىز موھتاج تۇرساق، قانداقمۇ بىر نەرسە بېرەلەيمىز؟! ـ دەپ شىكايەت قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ھەيسەمى (14088) بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەغلەب ئىبنى تەمىم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ــ ئەمىسە، ئۇلارنىڭ ئاستا چىقىپ كېتىشىنى ئېيتىڭلار! ــ دېدى. جامائەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلغانىدى، بۆرىلەر ھۇۋلىغان ھالدا چىقىپ كېتىشتى.

(دارىمى: 22)

8470 ـ كَانَ جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللهِ يُحَدِّثُ أَنَ يَهُودِيَةً مِنْ أَهْلِ خَيْبَرَ سَمَتْ شَاةً مَصْلِيَةً ثُم أَهْدَتْهَا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخَذَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الذرَاعَ فَأَكَلَ مِنْهَا وَأَكَلَ رَهْطٌ مِنْ أَصْحَابِهِ مَعَهُ ثُم قَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْفَعُوا أَيْدِيَكُمْ وَأَرْسَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْيَهُودِيةِ فَدَعَاهَا فَقَالَ لَهَا أَسَمَمْتِ هَذِهِ الشاةَ قَالَتْ الْيَهُودِيةُ مَنْ أَخْبَرَكَ قَالَ أَخْبَرَتْنِي هَذِهِ فِي يَدِي لِلذرَاعِ قَالَتْ نَعَمْ قَالَ فَمَا أَرَدْتِ إِلَى ذَلِكَ قَالَتْ قُلْتُ إِنْ كَانَ نَبِيا فَلَنْ يَضُرهُ وَإِنْ لَمْ يَكُنْ نَبِيا اسْتَرَحْنَا مِنْهُ فَعَفَا عَنْهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ يُعَاقِبْهَا وَتُوُفيَ بَعْضُ أَصْحَابِهِ الذِينَ أَكَلُوا مِنْ الشاةِ.

8470 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خەيبەرلىك بىر يەھۇدىي ئايال كاۋاب قىلىنغان قويغا زەھەر سېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يوللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويىنىڭ قولىنى ئېلىپ يېدى. باشقا ساھابىلەرمۇ يېيىشكە باشلىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قولۇڭلارنى تارتىڭلار! ـ دېدى ۋە يەھۇدىي ئايالنى چاقىرتتى. ئايال كەلگەندىن كېيىن:

ــ بۇ قوينى زەھەرلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال:

ــ ساڭا كىم ئېيتتى؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قوينىڭ (قولۇمدىكى) پارچىسى ئېيتتى، ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ــ شۇنداق قىلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئايال:

ــ ئۆز ئىچىمدە: ”ئەگەر بۇ ھەقىقىي پەيغەمبەر بولسا، ئۇنىڭغا زىيان يەتمەيدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمىز“ دېگەننى ئويلاپ شۇنداق قىلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئەپۇ قىلدى، جازالىمىدى. كاۋاپقا ئېغىز تەگكەن بەزى ساھابىلەر شۇ جايدىلا جان ئۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (كاۋاپتىن يەپ سالغانلىقى ئۈچۈن) مۇرىسىدىن قان ئالدۇردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4510)

8471 ـ وفي رواية: فَأَمَرَ بِهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُتِلَتْ.

8471 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئۇ ئايال (جان ئۈزگەن ساھابىلەرنىڭ قىساسى ئۈچۈن) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۆلتۈرۈلگەن، ـ دېيىلگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4511)

8472 ـ عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ كُنتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَكـةَ فَخَرَجْنَا فِي بَعْضِ نَوَاحِيهَا فَمَا اسْتَقْبَلَهُ جَبَلٌ وَلَا شَجَرٌ إلا وَهُوَ يَقُولُ السلَامُ عَلَيْـكَ يَـا رَسُولَ اللهِ.

8472 ــ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەككىدە ئىدۇق، شەھەرنى كېزىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتۇق. (بىز يېنىدىن ئۆتكەن) ھەر بىر تاش ياكى دەل ـ دەرەخ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېمەي قالمايتتى[3].

(تىرمىزى: 3628)

[1] ئەلبانى (973): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3783): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (747): زەئىپ، ـ دېگەن.

8473 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن بِمَكـةَ حَجَرًا كَانَ يُسَلمُ عَلَي لَيَالِيَ بُعِثْتُ إِني لَأَعْرِفُهُ الْآنَ.

8473 ــ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەككىدە بىر تاش بار بولۇپ، مەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە، ئۇ تاش ماڭا سالام بېرەتتى. ئۇ تاشنى هازىرمۇ ئېنىق تونۇيالايمەن»[1].

(تىرمىزى: 3624)

8474 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ جَاءَ أَعْرَابِي إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ بِمَ أَعْرِفُ أَنكَ نَبِي قَالَ إِنْ دَعَوْتُ هَذَا الْعِذْقَ مِنْ هَذِهِ النخْلَةِ أَتَشْهَدُ أَني رَسُولُ اللهِ فَدَعَاهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَعَلَ يَنْزِلُ مِنْ النخْلَةِ حَتى سَقَطَ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُـم قَالَ ارْجِعْ فَعَادَ فَأَسْلَمَ الْأَعْرَابِي.

8474 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ مەن سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭنى قانداق بىلىمەن؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ قاراپ تۇر، مەن شۇ بىر ساپاق خورمىنى يېنىمغا چاقىرسام، سەن مېنىڭ اللهنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە ئىشىنەمسەن، ـ دېدى. ئاندىن خورمىنى يېنىغا چاقىردى. خورما ساپىقى شېخىدىن ئاجراپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا چۈشتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ ئەمدى جايىڭغا قايتقىن! ـ دېگەنىدى، خورما ساپىقى قايتىپ بېرىپ، شېخىغا جايلاشتى. بۇنى كۆرگەن ئەئرابى دەرهال ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى[2].

(تىرمىزى: 3628)

[1] ئەلبانى (2865): سەهىه ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2868): سەهىه ـ دېگەن.

8475 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ قَالَ سَأَلْتُ مَسْرُوقًا مَنْ آذَنَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْجِنِ لَيْلَةَ اسْتَمَعُوا الْقُرْآنَ فَقَالَ حَدثَنِي أَبُوكَ يَعْنِي عَبْدَ اللهِ أَنهُ آذَنَتْ بِهِمْ شَجَرَةٌ.

8475 ـ ئابدۇراھماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مەن مەسرۇقتىن:

— كېچىدە جىنلارنىڭ قۇرئاننى تىڭشىغانلىقىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىم ئۇقتۇرۇپ قويغان؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـ داداڭ (ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد) نىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، ئۇلارنىڭ كەلگىنىنى بىر تۈپ دەرەخ ئېيتقانىكەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3859)

8476 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن امْرَأَةً مِنْ الْأَنصَارِ قَالَتْ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا أَجْعَلُ لَكَ شَيْئًا تَقْعُدُ عَلَيْهِ فَإِن لِي غُلَامًا نَجارًا قَالَ إِنْ شِئْتِ قَالَ فَعَمِلَتْ لَهُ الْمِنْبَرَ فَلَما كَانَ يَوْمُ الْجُمُعَةِ قَعَدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْمِنْبَرِ الذِي صُنِعَ فَصَاحَتْ النخْلَةُ الِتي كَانَ يَخْطُبُ عِنْدَهَا حَتى كَادَتْ تَنْشَق.

8476 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر ئايال:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ بىر ياغاچچىم بار. خالىساڭ، ساڭا ئولتۇرىدىغان بىر نەرسە ياساپ بەرسۇن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەيلى، ئېيتقىنىڭدەك بولسۇن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنبەر ياساتتىپ بەردى. جۈمە كۈنى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ مۇنبەردە ئولتۇرغان ئىدى، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئىلگىرى يېنىدا تۇرۇپ خۇتبە سۆزلەيدىغان خورما ياغىچى شۇنداق قاتتىق ئاۋاز چىقاردىكى، يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى.

(بۇخارى: 2095)

8477 ـ وفي رواية: فَصَاحَتْ النخْلَةُ صِيَاحَ الصبِي ثُم نَزَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَضَمهُ إِلَيْهِ تَئِن أَنِينَ الصبِي الذِي يُسَكنُ قَالَ كَانَتْ تَبْكِي عَلَى مَا كَانَتْ تَسْمَعُ مِنْ الذكْرِ عِنْدَهَا.

8477 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئۇ خورما ياغىچى خۇددى كىچىك بالىدەك يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپ ياغاچنى قۇچاقلاپ قويغانىدى، ياغاچ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ، ئاخىرى توختاپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ياغاچ ئىلگىرى ئاڭلايدىغان زىكىردىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن نالە قىلىپ يىغلىدى» دېدى.

(بۇخارى: 3584)

8478 ـ عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَـلمَ إِذَا خَطَبَ يَسْتَنِدُ إِلَى جِذْعِ نَخْلَةٍ مِنْ سَوَارِي الْمَسْجِدِ فَلما صُنِعَ الْمِنْبَـرُ وَاسْـتَوَى عَلَيْـهِ اضْطَرَبَتْ تِلْكَ الساريَةُ كَحَنِينِ الناقَةِ حَتى سَمِعَهَا أَهْلُ الْمَسْجِدِ حَتى نَزَلَ إِلَيْهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاعْتَنَقَهَا فَسَكَتَتْ.

8478 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلىگەندە، مەسجىد تېمىدىكى خورما كۆتىكىگە يۆلىنەتتى. مۇنبەر ياسالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققانىدى، ئۇ كۆتەك خۇددى تۆگىنىڭ نارلىشىدەك ئىچىنىشلىق ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. ئاۋاز شۇنداق چىڭ بولغاچقا، مەسجىدتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپ، كۆتەكنى قۇچاقلاپ قويغانىدى، شۈككىدە جىمىقىپ قالدى[1].

(نەسائى: 1396)

[1] ئەلبانى (1323): سەھىھ ـ دېگەن.

8479 ـ عن ابن بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ سَمِعَ حَنِينَ الْجِذْعِ رَجَعَ إِلَيْهِ فَوَضَعَ يَدَهُ عَلَيْهِ وَقَالَ اخْتَرْ أَنْ أَغْرِسَكَ فِي الْمَكَانِ الذِي كُنْتَ فِيهِ فَتَكُونَ كَمَا كُنتَ وَإِنْ شِئْتَ أَنْ أَغْرِسَكَ فِي الْجَنةِ فَتَشْرَبَ مِنْ أَنْهَارِهَا وَعُيُونِهَا فَيَحْسُنُ نَبْتُكَ وَتُثْمِرُ فَيَأْكُلَ أَوْلِيَاءُ اللهِ مِنْ ثَمَرَتِكَ وَنَخْلِكَ فَعَلْتُ فَزَعَمَ أَنهُ سَمِعَ مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَقُولُ لَهُ نَعَمْ قَدْ فَعَلْتُ مَرتَيْنِ فَسُئِلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ اخْتَارَ أَنْ أَغْرِسَهُ فِي الْجَنةِ.

8479 ــ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ، يېنىغا باردى ـ دە، قولىنى ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ:

ــ خالىساڭ، سېنى بۇرۇنقى يەرگە تىكىپ قويايكى، كونا ھالىتىڭگە قايتىسەن. خالىساڭ، جەننەتكە تىكىپ قويايكى، جەننەتنىڭ ئۆستەڭ ۋە بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچىسەن. بۇنىڭ بىلەن، مېۋەڭ ھەم بولۇق ھەم تاتلىق بولىدۇ. مېۋەڭنى جەننەت ئەھلى يەيدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن خورما كۆتىكىنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكى سورالغاندى:

ــ ئۇنى جەننەتكە تىكىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈندى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇ (كۆتەككە) ئىككى قېتىم:

ــ بولىدۇ، شۇنداق قىلاي، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(دارىمى: 32)

8480 ـ عن أُبي بن كَعْبٍ نحوه، وفيه: فَلَما هُدِمَ الْمَسْجِدُ وَغُيرَ أَخَذَ ذَلِكَ الْجِذْعَ أُبَي بْنُ كَعْبٍ وَكَانَ عِنْدَهُ فِي بَيْتِهِ حَتى بَلِيَ فَأَكَلَتْهُ الْأَرَضَةُ وَعَادَ رُفَاتًا.

8480 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە مۇنداق كەلگەن: مەسجىد (قايتا سېلىش ئۈچۈن) ئۆرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۇبەي

ئىبنى كەئب ئۇ خورما كۆتىكىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن. تاكى قۇرت يەپ، چىرىپ كەتكىچە (خورما كۆتىكى) شۇنىڭ ئۆيىدە تۇرغان[1].

(ئىبنى ماجە: 1414)

8481 ـ عن أنس بن مَالِكٍ نحوه، وفيه: فلما الْتَزَمَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَكَنَ ثُم قَالَ أَما وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَوْ لَمْ أَلْتزِمْهُ لَمَا زَالَ هَكَذَا إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ حُزْنًا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدُفِنَ.

8481 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆتەكنى قۇچاقلىۋىدى كۆتەك جىمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇھەممەدنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى قۇچاقلاپ قويمىغان بولسام، مەندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا تاكى قىيامەتكىچە مۇشۇنداق قايغۇرغان بولاتتى» دېدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ كۆتەك كۆمۈۋېتىلدى.

(دارىمى: 14)

8482 ـ عَنِ ابن عُمَرَ قال كنا مع رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم في سَفَرٍ فَأَقْبَلَ أَعْرَابِي فلما دَنَا قال له النبي صلى اللهُ عليه وسلم أَيْنَ تُرِيدُ قال إلى أَهْلِي قال هل لَكَ في خَيْرٍ قال ما هو قال تَشْهَدُ أَنْ لا إِلَهَ إلا اللهُ وَحْدَهُ لا شَرِيكَ له وَأَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ قال من شَاهِدٌ على ما تَقُولُ قال هذه الشجَرَةُ فَدَعَاهَا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَهِيَ بشاطىء الْوَادِي فَأَقْبَلَتْ تَخُد الأَرْضَ خَدا حتى قَامَتْ بين يَدَيْهِ فَاسْتَشْهَدَهَا ثَلاثًا فَشَهِدَتْ أَنهُ كما قال ثُم رَجَعَتْ إلى مَنْبَتِهَا وَرَجَعَ الأَعْرَابِي إلى قَوْمِهِ فقال إن يَتبِعُونِي آتِيكَ بِهِمْ وَإِلا رَجَعْتُ إِلَيْكَ فَكُنْتُ مَعَكَ.

[1] ئەلبانى (1161): ھەسەن، ـ دېگەن.

8482 ــ ئىبنىي ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سەپەردە بىللە ئىدۇق. بىر ئەئرابىي بىزگە قاراپ كەلدى. ئۇ يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ نەگە كېتىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئەئرابىي:

ــ ئائىلەمگە كېتىۋاتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياخشىلىق قىلىشنى خالامسەن؟ ـ دېگەندى، ئەئرابىي:

ــ قانداق ياخشىلىق ئۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىر اللهتىن باشقا بەرھەق مەبۇدنىڭ يوقلۇقىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، يېگانە ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەدنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈشتۇر، ـ دېدى. ئەئرابىي:

ــ بۇ گېپىڭگە كىم شاھىد بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مانا بۇ دەرەخ، ـ دېدى. ئاندىن ۋادىنىڭ چېتىدە تۇرغان بىر تۈپ دەرەخنىي يېنىغا چاقىردى. ئۇ دەرەخ يەرنىي يېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرەختىن ئۈچ قېتىم گۇۋاھلىق ئالدى، دەرەخمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۈچ قېتىم گۇۋاھلىق بەردى. ئاندىن ئۆز جايىغا كەتتى. بۇنى كۆرگەن ئەئرابىي:

ــ قەۋمىم ماڭا ئەگەشسە، ئۇلارنى ئېلىپ كېلىمەن. ئەگەشمىسە، ئۆزۈم كېلىپ، سېنىڭ يېنىڭدا بولىمەن، ـ دېدى ۋە قەۋمىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 13582)

8483 ـ عن أبي ذر: أنه تبع النبي صلى الله عليه وسلم يومـا فجلـس قـال: فَجَلَسْتُ عِنْدَهُ، فَقَالَ: يَا أَبَا ذَرٍ مَا جَاءَ بِكَ؟ قَالَ: قُلْتُ: اللهُ وَرَسُولُهُ، قَالَ: فَجَـاءَ أَبُـو

[1] ھەيسەمى (14085) بۇ ھەدىسنى تەبەرانىي رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. بۇنى يەنە ئەبۇ يەئلا ۋە بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

بَكْرٍ، فَسَلمَ وَجَلَسَ عَنْ يَمِينِ النبِي، فَقَالَ لَهُ: مَا جَاءَ بِكَ يَا أَبَا بَكْرٍ؟ قَالَ: اللهُ وَرَسُولُهُ، قَالَ: فَجَاءَ عُمَرُ فَجَلَسَ عَنْ يَمِينِ أَبِي بَكْرٍ، فَقَالَ: يَا عُمَرُ مَا جَاءَ بِكَ ؟ قَالَ: اللهُ وَرَسُولُهُ، ثُم جَاءَ عُثْمَانُ فَجَلَسَ عَنْ يَمِينِ عُمَرَ، فَقَالَ: يَا عُثْمَانُ مَا جَاءَ بِكَ قَالَ: اللهُ وَرَسُولُهُ، قَالَ: فَتَنَاوَلَ النبِي سَبْعَ حَصَيَاتٍ أَوْ تِسْعَ حَصَيَاتٍ، فَسَبحْنَ فِي يَدِهِ حَتى سَمِعْتُ لَهُن حَنِينًا كَحَنِينِ النحْلِ ، ثُم وَضَعَهُن فَخَرِسْنَ، ثُم وُضِعْنَ فِي يَدِ أَبِي بَكْرٍ فَسَبحْنَ فِي يَدِهِ حَتى سَمِعَ لَهُن حَنِينًا كَحَنِينِ النحْلِ، فَوَضَعَهُن فَخَرِسْنَ، ثُم تَنَاوَلَهُن فَوُضِعْنَ فِي يَدِ عُمَرَ فَسَبحْنَ فِي يَدِهِ حَتى سَمِعْتُ لَهُن حَنِينًا كَحَنِينِ النحْلِ، ثُم وُضِعْنَ فَخَرِسْنَ، ثُم تَنَاوَلَهُن فَوُضِعْنَ فِي يَدِ عُثْمَانَ فَسَبحْنَ فِي يَدِهِ حَتى سَمِعْتُ لَهُن حَنِينًا كَحَنِينِ النحْلِ، ثُم وُضِعْنَ فَخَرِسْنَ.

8483 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەگىشىپ ماڭدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇرغانىدى، مەنمۇ ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەبۇ زەر! نېمە ئۈچۈن ئارقامدىن كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى دەپ كەلدىم، ـ دېدىم. ئاندىن ئەبۇ بەكرى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى ۋە ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەبۇ بەكرى! نېمىشقا كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى دەپ كەلدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئۆمەر كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئۆمەر! نېمىشقا كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۆمەر:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى دەپ كەلدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئوسمان كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بەردى ۋە ئۆمەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئوسمان! نېمىشقا كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئوسمان:

ــ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى دەپ كەلدىم، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا يەتتە (ياكى توققۇز تال) شېغىل تاش ئالدى. تاشلار ئۇنىڭ قولىدا خۇددى ھەرىدەك غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقىرىپ تەسبىھ ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يەرگە قويۇۋىدى، جىمىپ قالدى. ئاندىن (تاشلارنى) ئەبۇ بەكرىنىڭ قولىغا قويغانىدى، يەنە ھەرىدەك غوڭۇلداپ تەسبىھ ئېيتىشقا باشلىدى. يەرگە قويغانىدى، يەنە جىمىپ قالدى. ئاندىن ئۆمەرنىڭ قولىغا قويغانىدى، يەنە ھەرىدەك غوڭۇلداپ ئاۋاز چىقارغان ھالدا تەسبىھ ئېيتىشقا باشلىدى. يەرگە قويۇۋىدى، يەنە جىمىدى. ئاندىن ئوسماننىڭ قولىغا قويغانىدى، يەنە ھەرىدەك غوڭۇلداپ تەسبىھ ئېيتىشقا باشلىدى. يەرگە قويۇۋىدى، يەنە جىمىپ قالدى.

زۇھرى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت بەرگەنىدى[①].

(بەززار: 4040)

[①] ھەيسەمى (14103): بۇ ھەدىسنى بەززار ئىككى خىل سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى ئاساسەن ئىشەنچلىكتۇر. بۇنى تەبەرانىمۇ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ''ئۇلارنىڭ تەسبىھلىرىنى سورۇندا ئولتۇرغان ھەممە كىشى ئاڭلايتتى''. ئۇنىڭدا يەنە: ''كېيىن ئۇنى بىزگە بېرىۋىدى، ھېچقايسىمىزنىڭ قولىدا تەسبىھ ئېيتمىدى''دېيىلگەن، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەرىكىتى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ كۆپىيىشى

8484 ـ عَنْ عِمْرَانَ قَالَ كُنا فِي سَفَرٍ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِنا أَسْرَيْنَا حَتى كُنا فِي آخِرِ الليْلِ وَقَعْنَا وَقْعَةً وَلَا وَقْعَةَ أَحْلَى عِنْدَ الْمُسَافِرِ مِنْهَا فَمَا أَيْقَظَنَا إِلا حَر الشمْسِ وَكَانَ أَولَ مَنْ اسْتَيْقَظَ فُلَانٌ ثُم فُلَانٌ ثُم فُلَانٌ يُسَميهِمْ أَبُو رَجَاءٍ فَنَسِيَ عَوْفٌ ثُم عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ الرابِعُ وَكَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا نَامَ لَمْ يُوقَظْ حَتى يَكُونَ هُوَ يَسْتَيْقِظُ لِأَنا لَا نَدْرِي مَا يَحْدُثُ لَهُ فِي نَوْمِهِ فَلَما اسْتَيْقَظَ عُمَرُ وَرَأَى مَا أَصَابَ الناسَ وَكَانَ رَجُلًا جَلِيدًا فَكَبرَ وَرَفَعَ صَوْتَهُ بِالتكْبِيرِ فَمَا زَالَ يُكَبرُ وَيَرْفَعُ صَوْتَهُ بِالتكْبِيرِ حَتى اسْتَيْقَظَ بِصَوْتِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما اسْتَيْقَظَ شَكَوْا إِلَيْهِ الذِي أَصَابَهُمْ قَالَ لَا ضَيْرَ أَوْ لَا يَضِيرُ ارْتَحِلُوا فَارْتَحَلَ فَسَارَ غَيْرَ بَعِيدٍ ثُم نَزَلَ فَدَعَا بِالْوَضُوءِ فَتَوَضأَ وَنُودِيَ بِالصلَاةِ فَصَلى بِالناس فَلَما انْفَتَلَ مِنْ صَلَاتِهِ إِذَا هُوَ بِرَجُلٍ مُعْتَزِلٍ لَمْ يُصَل مَعَ الْقَوْمِ قَالَ مَا مَنَعَكَ يَا فُلَانُ أَنْ تُصَليَ مَعَ الْقَوْمِ قَالَ أَصَابَتْنِي جَنَابَةٌ وَلَا مَاءَ قَالَ عَلَيْكَ بِالصعِيدِ فَإِنهُ يَكْفِيكَ ثُم سَارَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاشْتَكَى إِلَيْهِ الناسُ مِنْ الْعَطَشِ فَنَزَلَ فَدَعَا فُلَانًا كَانَ يُسَميهِ أَبُو رَجَاءٍ نَسِيَهُ عَوْفٌ وَدَعَا عَلِيا فَقَالَ اذْهَبَا فَابْتَغِيَا الْمَاءَ فَانْطَلَقَا فَتَلَقيَا امْرَأَةً بَيْنَ مَزَادَتَيْنِ أَوْ سَطِيحَتَيْنِ مِنْ مَاءٍ عَلَى بَعِيرٍ لَهَا فَقَالَا لَهَا أَيْنَ الْمَاءُ قَالَتْ عَهْدِي بِالْمَاءِ أَمْسِ هَذِهِ الساعَةَ وَنَفَرُنَا خُلُوفًا قَالَا لَهَا انْطَلِقِي إِذًا قَالَتْ إِلَى أَيْنَ قَالَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ الذِي يُقَالُ لَهُ الصابِئُ قَالَا هُوَ الذِي تَعْنِينَ فَانْطَلِقِي فَجَاءَا بِهَا إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَحَدثَاهُ الْحَدِيثَ قَالَ فَاسْتَنْزَلُوهَا عَنْ بَعِيرِهَا وَدَعَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِإِنَاءٍ فَفَرغَ فِيهِ مِنْ أَفْوَاهِ الْمَزَادَتَيْنِ أَوْ سَطِيحَتَيْنِ وَأَوْكَأَ أَفْوَاهَهُمَا وَأَطْلَقَ الْعَزَالِيَ وَنُودِيَ فِي الناسِ اسْقُوا وَاسْتَقُوا فَسَقَى مَنْ شَاءَ وَاسْتَقَى مَنْ شَاءَ وَكَانَ آخِرُ ذَاكَ

أَنْ أَعْطَى الذِي أَصَابَتْهُ الْجَنَابَةُ إِنَاءً مِنْ مَاءٍ قَالَ اذْهَبْ فَأَفْرِغْهُ عَلَيْكَ وَهِيَ قَائِمَةٌ تَنْظُرُ إِلَى مَا يُفْعَلُ بِمَائِهَا وَايْمُ اللهِ لَقَدْ أُقْلِعَ عَنْهَا وَإِنَّهُ لَيُخَيَّلُ إِلَيْنَا أَنَّهَا أَشَدُّ مِلْأَةً مِنْهَا حِينَ ابْتَدَأَ فِيهَا فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اجْمَعُوا لَهَا فَجَمَعُوا لَهَا مِنْ بَيْنِ عَجْوَةٍ وَدَقِيقَةٍ وَسَوِيقَةٍ حَتَّى جَمَعُوا لَهَا طَعَامًا فَجَعَلُوهَا فِي ثَوْبٍ وَحَمَلُوهَا عَلَى بَعِيرِهَا وَوَضَعُوا الثَّوْبَ بَيْنَ يَدَيْهَا قَالَ لَهَا تَعْلَمِينَ مَا رَزِئْنَا مِنْ مَائِكِ شَيْئًا وَلَكِنَّ اللهَ هُوَ الذِي أَسْقَانَا فَأَتَتْ أَهْلَهَا وَقَدْ احْتَبَسَتْ عَنْهُمْ قَالُوا مَا حَبَسَكِ يَا فُلَانَةُ قَالَتْ الْعَجَبُ لَقِيَنِي رَجُلَانِ فَذَهَبَا بِي إِلَى هَذَا الذِي يُقَالُ لَهُ الصَّابِئُ فَفَعَلَ كَذَا وَكَذَا فَوَاللهِ إِنَّهُ لَأَسْحَرُ النَّاسِ مِنْ بَيْنِ هَذِهِ وَهَذِهِ وَقَالَتْ بِإِصْبَعَيْهَا الْوُسْطَى وَالسَّبَّابَةِ فَرَفَعَتْهُمَا إِلَى السَّمَاءِ تَعْنِي السَّمَاءَ وَالْأَرْضَ أَوْ إِنَّهُ لَرَسُولُ اللهِ حَقًّا فَكَانَ الْمُسْلِمُونَ بَعْدَ ذَلِكَ يُغِيرُونَ عَلَى مَنْ حَوْلَهَا مِنْ الْمُشْرِكِينَ وَلَا يُصِيبُونَ الصِّرْمَ الذِي هِيَ مِنْهُ فَقَالَتْ يَوْمًا لِقَوْمِهَا مَا أُرَى أَنَّ هَؤُلَاءِ الْقَوْمَ يَدْعُونَكُمْ عَمْدًا فَهَلْ لَكُمْ فِي الْإِسْلَامِ فَأَطَاعُوهَا فَدَخَلُوا فِي الْإِسْلَامِ قَالَ أَبُو عَبْد اللهِ صَبَأَ خَرَجَ مِنْ دِينٍ إِلَى غَيْرِهِ وَقَالَ أَبُو الْعَالِيَةِ الصَّابِئِينَ فِرْقَةٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ يَقْرَءُونَ الزَّبُورَ.

8484 ـ ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سەپەرگە چىقىپ، كېچىچە يول يۈردۇق ۋە تاڭغا يېقىن بىر يەرگە چۈشۈپ، ئارام ئالدۇق. ھەممىمىز شۇ قەدەر شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدۇقكى، قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن ئارانلا ئويغىنالىدۇق. دەسلەپتە ئويغانغان كىشى پالانى، ئاندىن پالانى، ئاندىن پالانى ئىدى (ئەبۇ رىجا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ بەرگەن، لېكىن ئەۋف ئۇنتۇپ قالغان). ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر ئويغاندى. ئادەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ قالسا، ئۆزى ئويغانمىغۇچە ئويغاتمايتتۇق، چۈنكى بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇسىدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئۆمەر كۆزىنى ئېچىپلا بۇ ئەھۋالدىن ئەجەپلەندى ـ دە، بار ئاۋازى بىلەن تەكبىر توۋلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ جاراڭلىق ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ تەكبىر ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. ساھابىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىشىپ،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزرىسىنى قويۇشقا باشلىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق. دەرھال يولغا چىقىڭلار! ـ دېدى. لېكىن ئانچە ئۇزاق ماڭمايلا بىر يەرگە چۈشۈپ، تاھارەت ئالدى ۋە جامائەتكە ئىمام بولۇپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جامائەتتىن ئايرىلىپ، بىر چەتتە تۇرغان بىرەيلەننى ئالدىغا چاقىردى ۋە:

ــ ئەي پالانى! نېمىشقا بىز بىلەن ناماز ئوقۇمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ــ جۇنۇب بولۇپ قالغانىدىم، (غۇسلى قىلىش ئۈچۈن) سۇ تاپالمىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ پاك توپىدا تەيەممۇم قىلغىن! ئۇ كۇپايە قىلىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن سەپەرنى داۋاملاشتۇردۇق. كىشىلەر بەك ئۇسساپ كەتكەنلىكىنى شىكايەت قىلىشۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ، ئەلى بىلەن يەنە بىر كىشىنى چاقىردى (ئەبۇ رىجا بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئەۋفكە ئېيتىپ بەرگەن، لېكىن ئەۋف ئۇنتۇپ قالغان). ئۇلارغا:

ــ ئىككىڭلار بېرىپ، سۇ تېپىپ كېلىڭلار! ــ دېدى. ئىككىيلەن كېتىۋېتىپ، تۆگىسىگە ئىككى تۇلۇم سۇ ئارتىۋالغان بىر ئايالغا ئۇچراپ قالدى. ئايالدىن:

ــ سۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئايال:

ــ بۇ سۇنى تۈنۈگۈن مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئېلىپ، يولغا چىققانىدىم. ئەرلىرىمىز بىزنى تاشلاپ، ئالدىمىزدا كېتىپ بولدى، ـ دېدى. ئۇلار:

ــ ئۇنداق بولسا، بىز بىلەن ماڭغىن! ـ دېدى. ئايال:

ــ نەگە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئايال:

ـــ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىنى تاشلىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـــ ھەئە، شــۇ ئادەمنىــڭ قېشــىغا، ـ دېــدى ۋە ئايــالنى پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇلۇملارنىڭ ئاغزىنى يەشكۈزدى ۋە بىر قاچا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا سۇ تۆكتى. ئاندىن تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بوغۇۋېتىپ، ئاستىدىكى كىچىك ئېغىزنى ئېچىپ قويدى. ئاندىن ساھابىلىرىنى سۇ ئىچىشكە چاقىردى. ھەممەيلەن كېلىپ، قانغىچە ئىچكەندىن سىرت، ئات ـ ئۇلاغلىرىنىمۇ سۇغۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاچىغا سۇ ئېلىپ، ھېلىقى جۇنۇب بولۇپ قالغان ئادەمگە بەردى ۋە:

ـ بۇنى ئېلىپ بېرىپ يۇيۇنىۋالغىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەممۇ يۇيۇنۇپ، غۇسلى قىلىۋالدى. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سۇ ئازىيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئايال بولسا، نېرىدا بىزگە قاراپ ئۆرە تۇراتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ ئايالغا ئازراق بىر نەرسە تەييارلاپ بېرىڭلار! ـ دېدى. ساھابىلەر خورما، ئۇن ۋە باشقا يېمەكلىكلەردىن يىغىپ، بىر پارچە رەختنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە بوغچا قىلىپ باغلىدى. ئاندىن ئايالنى تۆگىسىگە مىندۈرۈپ، بوغچىنى ئالدىغا ئارتىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا:

ـ كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، سۈيۈڭ ئازلاپ كەتمىدى، بىزگە سۇنى پەقەت ﷲ تائالا بەردى، ـ دېدى.

ئايال كېچىكىپ قالغاچقا، ئائىلىسىدىكىلەر ئەنسىرەپ كەتكەنىدى، ئۇلار:

ـ نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىڭ؟ ـ دەپ سوراشتى. ئايال:

ـ ئاجايىپ بىر ۋەقە تۈپەيلىدىن كېچىكىپ قالدىم. يولدا ئىككى ئادەم ئۇچراپ قېلىپ، مېنى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىدىن چىققان ھېلىقى ئادەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. ئۇ مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلدى. ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئادەم يا بۇ ئىككىسىنىڭ (ئوتتۇرا ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا ئاسمان بىلەن زېمىننى ئىشارەت

قىلىپ تۇرۇپ) ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ سېھىرگەر ياكى بولمىسا اللهنىڭ ھەقىقى پەيغەمبىرى، ـ دېدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، مۇسۇلمانلار مۇشرىك مەھەللىلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، مال ـ چارۋىلىرىنى ئولجا ئالدى. لېكىن ئۇ ئايالنىڭ مەھەللىسىگە پەقەتلا چېقىلمىدى. بۇنى كۆرگەن ئايال:

ــ بۇلار بىزگە قەستەن چېقىلمايۋاتقاندەك قىلىدۇ، مەنچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىڭلار، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئايالنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولدى.

(بۇخارى: 344)

8485 ـ وفي رواية: قَالَتْ أَيهَاهْ أَيهَاهْ لَا مَاءَ لَكُمْ... وَأَخْبَرْتُهُ أَنهَا مُوتِمَةٌ لَهَا صِبْيَانٌ أَيْتَامٌ فَأَمَرَ بِرَاوِيَتِهَا فَأُنِيخَتْ فَمَجَّ فِي الْعَزْلَاوَيْنِ الْعُلْيَاوَيْنِ ثُم بَعَثَ بِرَاوِيَتِهَا فَشَرِبْنَا وَنَحْنُ أَرْبَعُونَ رَجُلًا عِطَاشٌ حَتى رَوِينَا وَمَلَأْنَا كُل قِرْبَةٍ مَعَنَا وَإِدَاوَةٍ وَغَسلْنَا صَاحِبَنَا غَيْرَ أَنا لَمْ نَسْقِ بَعِيرًا وَهِيَ تَكَادُ تَنْضَرِجُ مِنْ الْمَاءِ يَعْنِي الْمَزَادَتَيْنِ. مطولا.

8485ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئايال ئۇ ئىككىيلەنگە:

ــ ئوھوش! سىلەرگە سۇ يوق، ـ دېدى... پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئۆزىنىڭ يېتىم باللىرى بارلىقىنى ئېيتىپ دەرد تۆكتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، تۆگە چۆكتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى يېشىپ، مۇبارەك ئاغزىغا ئازراق سۇ ئالدى، ئاندىن سۇنى تۇلۇمغا قايتا پۈركىدى. ئاندىن بىزنى سۇ ئىچىشكە چاقىردى. بىز جەمئىي 40 كىشى ئىدۇق. ھەممىمىز قانغىچە ئىچكەندىن سىرت، تۇلۇم، ئىدىش، ئىشۇرىقلىرىمىزنى لىق تولدۇرىۋالدۇق. ئاندىن جۇنۇب ھەمراھىمىزنى غۇسلى قىلدۇردۇق. لېكىن ئايالنىڭ تۇلۇمىدىكى سۇ يەنىلا لىپمۇ لىق بولۇپ، خۇددى بىر تامچىمۇ ئېلىنمىغاندەك ئىدى.

(مۇسلىم: 682)

8486 ـ عَنْ أَبِي قَتَادَةَ قَالَ خَطَبَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِنكُمْ تَسِيرُونَ عَشِيَتَكُمْ وَلَيْلَتَكُمْ وَتَأْتُونَ الْمَاءَ إِنْ شَاءَ اللهُ غَدًا فَانْطَلَقَ الناسُ لَا يَلْوِي أَحَدٌ عَلَى أَحَدٍ قَالَ أَبُو قَتَادَةَ فَبَيْنَمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسِيرُ حَتى ابْهَار اللَيْلُ وَأَنَا إِلَى جَنْبِهِ قَالَ فَنَعَسَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَالَ عَنْ رَاحِلَتِهِ فَأَتَيْتُهُ فَدَعَمْتُهُ مِنْ غَيْرِ أَنْ أُوقِظَهُ حَتى اعْتَدَلَ عَلَى رَاحِلَتِهِ قَالَ ثُم سَارَ حَتى تَهَورَ اللَيْلُ مَالَ عَنْ رَاحِلَتِهِ قَالَ فَدَعَمْتُهُ مِنْ غَيْرِ أَنْ أُوقِظَهُ حَتى اعْتَدَلَ عَلَى رَاحِلَتِهِ قَالَ ثُم سَارَ حَتى إِذَا كَانَ مِنْ آخِرِ السحَرِ مَالَ مَيْلَةً هِيَ أَشَد مِنْ الْمَيْلَتَيْنِ الْأُولَيَيْنِ حَتى كَادَ يَنْجَفِلُ فَأَتَيْتُهُ فَدَعَمْتُهُ فَرَفَعَ رَأْسَهُ فَقَالَ مَنْ هَذَا قُلْتُ أَبُو قَتَادَةَ قَالَ مَتَى كَانَ هَذَا مَسِيرَكَ مِني قُلْتُ مَا زَالَ هَذَا مَسِيرِي مُنْذُ اللَيْلَةِ قَالَ حَفِظَكَ اللهُ بِمَا حَفِظْتَ بِهِ نَبِيهُ ثُم قَالَ هَلْ تَرَانَا نَخْفَى عَلَى الناسِ ثُم قَالَ هَلْ تَرَى مِنْ أَحَدٍ قُلْتُ هَذَا رَاكِبٌ ثُم قُلْتُ هَذَا رَاكِبٌ آخَرُ حَتى اجْتَمَعْنَا فَكُنا سَبْعَةَ رَكْبٍ قَالَ فَمَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الطرِيقِ فَوَضَعَ رَأْسَهُ ثُم قَالَ احْفَظُوا عَلَيْنَا صَلَاتَنَا فَكَانَ أَولَ مَنْ اسْتَيْقَظَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالشمْسُ فِي ظَهْرِهِ قَالَ فَقُمْنَا فَزِعِينَ ثُم قَالَ ارْكَبُوا فَرَكِبْنَا فَسِرْنَا حَتى إِذَا ارْتَفَعَتْ الشمْسُ نَزَلَ ثُم دَعَا بِمِيضَأَةٍ كَانَتْ مَعِي فِيهَا شَيْءٌ مَنْ مَاءٍ قَالَ فَتَوَضأَ مِنْهَا وُضُوءًا دُونَ وُضُوءٍ قَالَ وَبَقِيَ فِيهَا شَيْءٌ مِنْ مَاءٍ ثُم قَالَ لِأَبِي قَتَادَةَ احْفَظْ عَلَيْنَا مِيضَأَتَكَ فَسَيَكُونُ لَهَا نَبَأٌ ثُم أَذنَ بِلَالٌ بِالصلَاةِ فَصَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَكْعَتَيْنِ ثُم صَلى الْغَدَاةَ فَصَنَعَ كَمَا كَانَ يَصْنَعُ كُل يَوْمٍ قَالَ وَرَكِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَكِبْنَا مَعَهُ قَالَ فَجَعَلَ بَعْضُنَا يَهْمِسُ إِلَى بَعْضٍ مَا كَفارَةُ مَا صَنَعْنَا بِتَفْرِيطِنَا فِي صَلَاتِنَا ثُم قَالَ أَمَا لَكُمْ فِي أُسْوَةٌ ثُم قَالَ أَمَا إِنهُ لَيْسَ فِي النوْمِ تَفْرِيطٌ إِنمَا التفْرِيطُ عَلَى مَنْ لَمْ يُصَل الصلَاةَ حَتى يَجِيءَ وَقْتُ الصلَاةِ الْأُخْرَى فَمَنْ فَعَلَ ذَلِكَ فَلْيُصَلهَا حِينَ يَنْتَبِهُ لَهَا فَإِذَا كَانَ الْغَدُ فَلْيُصَلهَا عِنْدَ وَقْتِهَا ثُم قَالَ مَا تَرَوْنَ الناسَ صَنَعُوا قَالَ ثُم قَالَ أَصْبَحَ الناسُ فَقَدُوا نَبِيهُمْ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَكُمْ لَمْ يَكُنْ لِيُخَلفَكُمْ وَقَالَ الناسُ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ أَيْدِيكُمْ فَإِنْ يُطِيعُوا أَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ يَرْشُدُوا قَالَ فَانْتَهَيْنَا إِلَى الناسِ حِينَ امْتَد النهَارُ وَحَمِيَ كُل شَيْءٍ وَهُمْ يَقُولُونَ يَا رَسُولَ اللهِ هَلَكْنَا عَطِشْنَا فَقَالَ لَا هُلْكَ عَلَيْكُمْ ثُم قَالَ

أَطْلِقُوا لِي غُمَرِي قَالَ وَدَعَا بِالْمِيضَأَةِ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُب وَأَبُو قَتَادَةَ يَسْقِيهِمْ فَلَمْ يَعْدُ أَنْ رَأَى الناسُ مَاءً فِي الْمِيضَأَةِ تَكَابوا عَلَيْهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحْسِنُوا الْمَلَأَ كُلكُمْ سَيَرْوَى قَالَ فَفَعَلُوا فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصُب وَأَسْقِيهِمْ حَتى مَا بَقِيَ غَيْرِي وَغَيْرُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ثُم صَب رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لِي اشْرَبْ فَقُلْتُ لَا أَشْرَبُ حَتى تَشْرَبَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ إِن سَاقِيَ الْقَوْمِ آخِرُهُمْ شُرْبًا قَالَ فَشَرِبْتُ وَشَرِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَأَتى الناسُ الْمَاءَ جَامِينَ رِوَاءً.

8486 - ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە:

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن تارتىپ ئەتە تاڭ ئاتقىچە يول ماڭىسىلەر. الله خالىسا، ئەتە سۇ بار جايغا يېتىپ بارىسىلەر، - دېدى. بۇنىڭ بىلەن، كىشىلەر بىر - بىرىنى ساقلىماي يۈرۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ (ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن) يولغا چىقتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يولدا مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى. بىردىنلا يان تەرەپكە قىيسىيىپ، ئۇلاغدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. مەن دەرھال ياندىشىپ بېرىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتمەي رۇسلاپ قويدۇم. سەپىرىمىز توختىماي داۋاملىشىۋاتاتتى، يېرىم كېچە بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەنە مۈگدەك بېسىپ، يان تەرەپكە قىيسىيىپ قالدى. مەن يەنە ياندىشىپ بېرىپ، ئويغىتىۋەتمەي رۇسلاپ قويدۇم. يەنە توختىماي ماڭدۇق. تاڭغا يېقىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەنە مۈگدەك باستى ۋە ئالدىنقى ئىككى قېتىمدىنمۇ بەكرەك قىيسىيىپ قالدى. مەن يەنە ياندىشىپ بېرىپ، رۇسلاپ قويماقچى بولدۇم، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېتىم ئويغىنىپ كېتىپ:

— سەن كىم؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئەبۇ قەتادە، - دېدىم.

ــ سەن قاچاندىن بېرى مېنىڭ يېنىمدا كېلىۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ قاراڭغۇ باسقاندىن بېرى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەن اللەنىڭ پەيغەمبىرىنى قوغدىغاندەك، الله تائالامۇ سېنى قوغدىسۇن! ـ دېدى. ئاندىن:

ــ باشقىلاردىن يىراقلاپ كەتتۇقمۇ ـ نېمە؟ باشقىلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ئاۋۇ يەردە ئۇلاغلىق بىرى كېتىۋاتىدۇ. مانا ماۋۇ يەردە بىرى بار. يەنە بىرەيلەن ئاۋۇ يەردە كېتىۋاتىدۇ، ـ دېدىم. ئەتراپتىكىلەر يېنىمىزغا كەلدى، يەتتە كىشى بولۇپ، يولىمىزنى بىللە داۋاملاشتۇردۇق. يەنە بىر ئاز يول ماڭغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يول بويىدا توختاپ، ئارام ئالماقچى بولدى ـ دە، بىزگە:

ــ ئاگاھ بولۇڭلار. نامازنى قاچۇرۇپ قويمايلى، ـ دېدى.

(ھەممىمىز ئۇيقۇغا كەتكەنىدۇق) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنجى بولۇپ ئويغاندى، لېكىن قۇياش نۇرى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ھەممىمىز چۆچۈپ ئويغاندۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلاغلىرىڭلارغا مىنىڭلار! ـ دېدى. بىز ئۇلاغلىرىمىزغا مىنىپ يولغا چىقتۇق. قۇياش ئۆرلىگەن چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاغدىن چۈشتى. مېنىڭ قاچامدا ئازراق سۇ بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنى ئەكەلدۈرۈپ، يەڭگىل تاھارەت ئالدى. قاچىنىڭ ئىچىدە يەنە ئازراق سۇ قالغانىدى. ماڭا:

ــ قاچاڭنى ئوبدان ساقلىغىن، ئۇنىڭ ھەققىدە خەۋەر يېيىلىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن بىلال نامازغا ئەزان توۋلىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى رەكئەت (سۈننەت) نامازدىن كېيىن، بامداتنىڭ پەرزىنى ئوقۇدى. ئاندىن ئۇلىغىغا مىندى، بىزمۇ مىندۇق. بىز ئارىمىزدا:

ــ نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمىز، بۇنىڭ كەففارىتى قانداق بولار؟ دەپ كۇسۇلداشقان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سىلەر مېنى ئۆلگە ئالساڭلار بولمىدىمۇ! ئۇخلاپ قېلىپ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە، ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، نامازنى كېچىكتۈرۈپ، يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كەلگىچە ئوقۇمىسا، ئاندىن گۇناھ بولىدۇ. كىمكى مۇشۇنداق ھالغا دۇچ كەلسە، نامىزىنى ئويغانغاندا ئوقۇۋالسۇن، ئەمما ئەتىسى ۋاقتىدا ئوقۇسۇن، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋام قىلىپ:

ـ جامائەتكە (باشقا سەپەرداشلارنى دېمەكچى) نېمە بولغاندۇ؟ ـ دېدى.

قالغان جامائەت تاڭ ئاتقاندىلا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر ئىككىسى:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىمىزدا قالدى، ئۇ سىلەرنى قويۇپ بىر يەرگە كەتمەيدۇ، ـ دېدى. لېكىن باشقىلار:

ـ ياق، ئۇ ئالدىمىزدا كەتتى، ـ دېدى. ئەگەر ئۇلار ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان بولسا ئىدى، توغرا قىلغان بولاتتى. نىھايەت، كۈن راسا ئۆرلەپ، ھەممە نەرسە قىزىشقا باشلىغاندا، ئۇلارغا يېتىشىۋالدۇق. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالدۇق، ـ دېيىشكە باشلىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، بۈگۈن قىينالمايسىلەر، (ئۇسسۇزلۇقتىنمۇ) ئۆلمەيسىلەر. سۇ قاچامنى كەلتۈرۈڭلار! ـ دېدى ۋە مېنىڭمۇ سۇ قاچامنى سورىدى. ئاندىن مېنىڭ قاچامدىكى سۇنى ئۇزىنىڭكىگە قۇيۇشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇياتتى، مەن ئەتراپتىكىلەرگە بېرەتتىم. سەپەرداشلىرىمىز سۇنى كۆرۈپ، بىردەمدىلا بېشىمىزغا ئولاشقىلى تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئالدىرىماڭلار، ھەممىڭلار قانغۇچە ئىچىسىلەر، سۇ ئىچمىگەن ھېچكىم قالمايدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن پەسكويغا چۈشتى. ھەممەيلەن سۇدىن قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ــ قېنى، سەن ئىچىۋالغىن! ـ دېدى. مەن:

ــ ياق، سەن ئىچمىگىچە مەن ھەرگىز ئىچمەيمەن، ـ دېگەنىدىم:

ــ ياق، سۇ قۇيغان كىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئىچىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاۋۋال مەن ئىچتىم، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ قانغۇدەك ئىچتى. شۇنداق قىلىپ، ھەممەيلەن سۇغا قاندى.

(مۇسلىم: 681)

8487 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أَنَّهُ قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَحَانَتْ صَلَاةُ الْعَصْرِ فَالْتَمَسَ الناسُ الْوَضُوءَ فَلَمْ يَجِدُوهُ فَأُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِوَضُوءٍ فَوَضَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي ذَلِكَ الْإِنَاءِ يَدَهُ وَأَمَرَ الناسَ أَنْ يَتَوَضئُوا مِنْهُ قَالَ فَرَأَيْتُ الْمَاءَ يَنْبُعُ مِنْ تَحْتِ أَصَابِعِهِ حَتى تَوَضئُوا مِنْ عِنْدِ آخِرِهِمْ.

8487 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم. ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالغان ئىدى، كىشىلەر تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدەپ تاپالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا تاھارەت سۈيى كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى سۇغا تىقىپ تۇرۇپ:

ــ بۇ سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىڭلار! ــ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. پۈتۈن جامائەت ئۇ سۇدا تاھارەت ئالدى، تاھارەت ئالمىغان ئادەم قالمىغانىدى.

(بۇخارى: 169)

8488 ـ عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَعَا بِمَاءٍ فَأُتِيَ بِقَدَحٍ رَحْرَاحٍ فَجَعَلَ الْقَوْمُ يَتَوَضئُونَ فَحَزَرْتُ مَا بَيْنَ الستينَ إِلَى الثمَانِينَ.

8488 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەتكە سۇ سورىدى، ئۇنىڭغا ئېغىزى چوڭ بىر قاچا كەلتۈرۈلدى. كىشىلەر شۇ سۇدىن تاھارەت ئېلىشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنىڭ سانىنى 60 تىن 80 گىچە دەپ تەخمىن قىلدىم.

(مۇسلىم: 2279)

8489 ـ عَنْ أَنسٍ قَالَ حَضَرَتْ الصلَاةُ فَقَامَ مَنْ كَانَ قَرِيبَ الدارِ إِلى أَهْلِهِ وَبَقِيَ قَوْمٌ فَأُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِخْضَبٍ مِنْ حِجَارَةٍ فِيهِ مَاءٌ فَصَغُرَ الْمِخْضَبُ أَنْ يَبْسُطَ فِيهِ كَفهُ فَتَوَضأَ الْقَوْمُ كُلُهُمْ قُلْنَا كَمْ كُنْتُمْ قَالَ ثَمَانِينَ وَزِيَادَةً.

8489 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ناماز ۋاقتى كىردى، ئۆيى يېقىنلار تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە ماڭدى، بىر قىسىم (تاھارەتسىز) كىشىلەر قېلىپ قالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر تاش قاچىدا سۇ كەلتۈرۈلدى. قاچا قول پاتمىغۇدەك دەرىجىدە كىچىك ئىدى. ھەممەيلەن ئۇ قاچىدىكى سۇدا تاھارەت ئالدى. ئەنەستىن:

ـ شۇ كۈنى قانچە كىشى ئىدىڭلار؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۇ:

ـ 80 نەچچە كىشى ئىدۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 195)

8490 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ أُتِيَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِإِنَاءٍ وَهُوَ بِالزوْرَاءِ فَوَضَعَ يَدَهُ فِي الْإِنَاءِ فَجَعَلَ الْمَاءُ يَنْبُعُ مِنْ بَيْنِ أَصَابِعِهِ فَتَوَضأَ الْقَوْمُ قَالَ قَتَادَةُ قُلْتُ لِأَنسٍ كَمْ كُنْتُمْ قَالَ ثَلَاثَ مِائَةٍ أَوْ زُهَاءَ ثَلَاثِ مِائَةٍ.

8490 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەۋرادىكى چېغىدا بىر قاچا سۇ كەلتۈرۈلدى. قولىنى سۇغا تىقىۋىدى، بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ بۇلدۇقلاپ چىققىلى تۇردى. كىشىلەر (بۇ سۇ بىلەن) تاھارەت ئالدى. قەتادە ئەنەستىن:

ــ (ئۇ سۇدا) قانچە كىشى تاھارەت ئالدىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەنەس:

ــ 300دەك كىشى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3572)

8491 ـ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ عَطِشَ النَّاسُ يَوْمَ الْحُدَيْبِيَةِ وَرَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَيْنَ يَدَيْهِ رَكْوَةٌ فَتَوَضَّأَ مِنْهَا ثُمَّ أَقْبَلَ النَّاسُ نَحْوَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا لَكُمْ قَالُوا يَا رَسُولَ اللَّهِ لَيْسَ عِنْدَنَا مَاءٌ نَتَوَضَّأُ بِهِ وَلَا نَشْرَبُ إِلَّا مَا فِي رَكْوَتِكَ قَالَ فَوَضَعَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَدَهُ فِي الرَّكْوَةِ فَجَعَلَ الْمَاءُ يَفُورُ مِنْ بَيْنِ أَصَابِعِهِ كَأَمْثَالِ الْعُيُونِ قَالَ فَشَرِبْنَا وَتَوَضَّأْنَا فَقُلْتُ لِجَابِرٍ كَمْ كُنْتُمْ يَوْمَئِذٍ قَالَ لَوْ كُنَّا مِائَةَ أَلْفٍ لَكَفَانَا كُنَّا خَمْسَ عَشْرَةَ مِائَةً.

8491 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇدەيبىيە كۈنى كىشىلەر ئۇسساپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا بىر قاچا بار بولۇپ، شۇ سۇدا تاھارەت ئېلىۋاتاتتى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە ئالدىراپ كېلىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىلەرگە نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ تاھارەت ئېلىش ۋە ئىچىش ئۈچۈن سىنىڭ قاچاڭدىكى سۇدىن باشقا سۈيىمىز يوق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى قاچىغا تىققانىدى، سۇ ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن خۇددى بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققاندەك چىقىشقا باشلىدى. ھەممەيلەن شۇ سۇدىن ئىچىپ، تاھارەت ئالدۇق. سالىم ئۇنىڭدىن:

ــ قانچە ئادەم ئىدىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ئەگەر 100 مىڭ ئادەم بولساقمۇ، سۇ يېتەتتى. ئۇ كۈنى 1500 ئادەم ئىدۇق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4152)

8492 - عَنْ الْبَرَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ تَعُدونَ أَنْتُمْ الْفَتْحَ فَتْحَ مَكةَ وَقَدْ كَانَ فَتْحُ مَكةَ فَتْحًا وَنَحْنُ نَعُد الْفَتْحَ بَيْعَةَ الرضْوَانِ يَوْمَ الْحُدَيْبِيَةِ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْبَعَ عَشْرَةَ مِائَةً وَالْحُدَيْبِيَةُ بِئْرٌ فَنَزَحْنَاهَا فَلَمْ نَتْرُكْ فِيهَا قَطْرَةً فَبَلَغَ ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَاهَا فَجَلَسَ عَلَى شَفِيرِهَا ثُم دَعَا بِإِنَاءٍ مِنْ مَاءٍ فَتَوَضأَ ثُم مَضْمَضَ وَدَعَا ثُم صَبهُ فِيهَا فَتَرَكْنَاهَا غَيْرَ بَعِيدٍ ثُم إِنهَا أَصْدَرَتْنَا مَا شِئْنَا نَحْنُ وَرِكَابَنَا.

8492 - بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سىلەر الله تائالانىڭ: بىز سىلەرگە روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق دېگەن ئايىتىدىكى غەلىبىنى مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى دەپ قارايسىلەر. لېكىن بىز ھۇدەيبىيە كۈنىدىكى رىزۋان بەيئىتىنى ھەقىقىي غەلىبە دەپ قارايمىز. ئۇ كۈنى بىز 1400 كىشى ئىدۇق. ھۇدەيبىيە بىر قۇدۇقنىڭ نامى بولۇپ، شۇ قۇدۇقنىڭ يېنىغا چۈشكەنىدۇق. (قاتتىق چاڭقاپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن) قۇدۇقنىڭ سۈيىنى تارتىپ تۈگىتىۋەتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى - دە، قۇدۇق بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر قاچا سۇ سورىدى. سۇ كەلتۈرۈلگەندى، ئالدى بىلەن تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئېغىزنى چايقاپ اللهقا دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇ سۇنى قۇدۇققا قۇيدى. بىز ئازراق ساقلىغاندىن كېيىن سۇ بۇلداقلاپ چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن قانغۇچە ئىچتۇق ۋە ئات - ئۇلاغلىرىمىزنىمۇ سۇغۇرۇۋالدۇق.

(بۇخارى: 4150)

8493 - عَنْ أَبِي الطفَيْلِ عَامِرِ بْنِ وَاثِلَةَ أَن مُعَاذَ بْنَ جَبَلٍ أَخْبَرَهُ أَنهُمْ خَرَجُوا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ تَبُوكَ فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَجْمَعُ بَيْنَ الظهْرِ وَالْعَصْرِ وَالْمَغْرِبِ وَالْعِشَاءِ قَالَ فَأَخرَ الصلَاةَ يَوْمًا ثُم خَرَجَ فَصَلى الظهْرَ وَالْعَصْرَ جَمِيعًا ثُم دَخَلَ ثُم خَرَجَ فَصَلى الْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ جَمِيعًا ثُم قَالَ إِنكُمْ سَتَأْتُونَ غَدًا إِنْ شَاءَ اللهُ عَيْنَ تَبُوكَ وَإِنكُمْ لَنْ تَأْتُوهَا حَتى يَضْحَى النهَارُ فَمَنْ جَاءَهَا فَلَا يَمَس مِنْ مَائِهَا شَيْئًا حَتى آتِيَ فَجِئْنَاهَا وَقَدْ سَبَقَنَا إِلَيْهَا رَجُلَانِ وَالْعَيْنُ تَبِض بِشَيْءٍ مِنْ مَاءٍ فَسَأَلَهُمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ مَسِسْتُمَا مِنْ مَائِهَا شَيْئًا فَقَالَا نَعَمْ فَسَبهُمَا رَسُولُ اللهِ

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ لَهُمَا مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَقُولَ ثُم غَرَفُوا بِأَيْدِيهِمْ مِنْ الْعَيْنِ قَلِيلًا قَلِيلًا حَتى اجْتَمَعَ فِي شَيْءٍ ثُم غَسَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيهِ وَجْهَهُ وَيَدَيْهِ ثُم أَعَادَهُ فِيهَا فَجَرَتْ الْعَيْنُ بِمَاءٍ كَثِيرٍ فَاسْتَقَى الناسُ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُوشِكُ يَا مُعَاذُ إِنْ طَالَتْ بِكَ حَيَاةٌ أَنْ تَرَى مَا هَاهُنَا قَدْ مُلِئَ جِنَانًا.

8493 ـ ئەبۇ تۇفەيل ئامىر ئىبنى ۋاسىلەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: تەبۇك يىلى ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەر قىلدى. سەپەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېشىن بىلەن دىگەرنى، شام بىلەن خۇپتەننى جەملەپ ئوقۇيتتى. بىر كۈنى نامازنى كېچىكتۈردى، ئاندىن چىقىپ پېشىن بىلەن دىگەرنى جەمئى قىلىپ ئوقۇدى. ئاندىن كىرىپ كېتىپ، كېيىن يەنە چىقتى ۋە شام بىلەن خۇپتەننى جەمئى قىلىپ ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن:

ـ الله خالىسا، ئەتە كۈندۈزى تەبۇك بۇلىقىغا يېتىپ بارسىلەر، كىم شۇ بۇلاققا بالدۇر يېتىپ بارسا، مەن بارمىغىچە سۇغا چېقىلمىسۇن! ـ دېدى. ئەتىسى بۇلاق بېشىغا يېتىپ بارساق، بۇلاقتىن ئازراق سۇ چىقىۋېتىپتۇ، بىزدىن بۇرۇن ئىككى كىشى بېرىپ بولغانىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سۇغا چېقىلدىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـــ ھەئە، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىگە كايىدى. ئاندىن ھەممەيلەن بۇلاققا قولىنى تىقىپ، ئۇ يەر بۇ يېرىدىن ئازراق سۇ يىغدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ سۇنى ئېلىپ، قول ـ يۈزىنى يۇيغاندىن كېيىن، ئاشقان سۇنى بۇلاققا تۆكتى. بىردىنلا بۇلاقتىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن قانغۇدەك ئىچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ ئى مۇئاز! ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا، بۇ يەرنىڭ (مۇشۇ بۇلاق سۈيى بىلەن) دەرەخزارلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرىسەن، ـ دېدى.

(مالىك: 328)

8494 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنَّا نَعُدُّ الْآيَاتِ بَرَكَةً وَأَنْتُمْ تَعُدُّونَهَا تَخْوِيفًا كُنَّا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَفَرٍ فَقَلَّ الْمَاءُ فَقَالَ اطْلُبُوا فَضْلَةً مِنْ مَاءٍ فَجَاءُوا بِإِنَاءٍ فِيهِ مَاءٌ قَلِيلٌ فَأَدْخَلَ يَدَهُ فِي الْإِنَاءِ ثُمَّ قَالَ حَيَّ عَلَى الطَّهُورِ الْمُبَارَكِ وَالْبَرَكَةُ مِنْ اللهِ فَلَقَدْ رَأَيْتُ الْمَاءَ يَنْبُعُ مِنْ بَيْنِ أَصَابِعِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلَقَدْ كُنَّا نَسْمَعُ تَسْبِيحَ الطَّعَامِ وَهُوَ يُؤْكَلُ.

8494 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز مۆجىزىلەرنى بەرىكەت دەپ قارايتتۇق، سىلەر بولساڭلار ”قورقىتىش ئۇسۇلى“ دەپ قارايسىلەر. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سەپەرگە چىقتۇق، سۇ تۈگەي دەپ قالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئازراق سۇ تېپىپ كېلىڭلار! ــ دېدى. بىر قاچىدا ئازراق سۇ كەلتۈرۈلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى قاچىغا قويۇپ:

ــ قېنى بەرىكەتلىك سۇغا كېلىڭلار، بەرىكەت اللهتىن، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئۇندىن باشقا، يېيىلىۋاتقان تائامنىڭ تەسبىھ ئېيتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلايتتۇق.

(بۇخارى: 3579)

8495 ـ أبو رَجَاءٍ الْعُطَارِدِي قال خَرَجَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم حتى دخل حَائِطًا لِبَعْضِ الأنْصَارِ وإذا هو يَسْنُو فيه فقال له رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم ما تَجْعَلُ لي إذا رَوَّيْتُ حَائِطَكَ هذا قال اني أَجْهَدُ أَنْ أُرْوِيَهُ فما أُطِيقُ ذلك قال له رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم تَجْعَلُ لي مِائَةَ تَمْرَةٍ اخْتَارُهَا من تَمْرِكَ قال نعم فَأَخَذَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم الْغَرْبَ فما لَبِثَ أَنْ رَوَاهُ حتى قال الرجُلُ غَرِقَتْ عَلَي حَائِطِي فَاخْتَارَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم من تَمْرِهِ مِائَةَ تَمْرَةٍ فَأَكَلَ هو وَأَصْحَابُهُ حتى شَبِعُوا ثُمَّ رَدَّ عليه مِائَةَ تَمْرَةٍ كما أَخَذَهَا منه.

8495 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېغىنى سۇ تارتىپ سۇغۇرۇۋاتقان بىر ئەنسارىنىڭ بېغىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا:

— مەن سېنىڭ بىغىڭنى سۇغا قاندۇرۇپ بەرسەم، ماڭا نېمە بېرىسەن؟ - دېدى. باغ ئىگىسى:

— مەن باغنى سۇغا قاندۇرۇشقا ھەرقانچە ئۇرۇنغان بولسامۇ قاندۇرالمىدىم، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ماڭا يۈز تال خورما بېرىسەن، ئەمما ئۇنى ئۆزۈم تاللايمەن، - دېدى. باغ ئىگىسى:

ـ بولىدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا تېرە چېلەك ئېلىپ، باغنى بىردەمدىلا سۇغا تولدۇرۇۋەتتى. ھەتتا باغ ئىگىسى:

— بولدى، بىغىمنى سۇ بېسىپ كەتتى، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈز تال خورما تاللىۋېلىپ، ساھابىلەر بىلەن تويغۇچە يېگەندىن كېيىن، باغ ئىگىسىنىڭ يۈز تال خورمىسىنى شۇ پېتى قايتۇرۇپ بەردى[①].

(«ئەلكەبىر»: 244/18)

8496 ـ عن إِيَاسِ بْنِ سَلَمَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةٍ فَأَصَابَنَا جَهْدٌ حَتى هَمَمْنَا أَنْ نَنْحَرَ بَعْضَ ظَهْرِنَا فَأَمَرَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَمَعْنَا مَزَاوِدَنَا فَبَسَطْنَا لَهُ نِطَعًا فَاجْتَمَعَ زَادُ الْقَوْمِ عَلَى النطَعِ قَالَ فَتَطَاوَلْتُ لِأَحْزِرَهُ كَمْ هُوَ فَحَزَرْتُهُ كَرَبْضَةِ الْعَنْزِ وَنَحْنُ أَرْبَعَ عَشْرَةَ مِائَةً قَالَ فَأَكَلْنَا حَتى شَبِعْنَا جَمِيعًا ثُم حَشَوْنَا جُرُبَنَا فَقَالَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَهَلْ مِنْ وَضُوءٍ قَالَ فَجَاءَ رَجُلٌ بِإِدَاوَةٍ لَهُ فِيهَا نُطْفَةٌ فَأَفْرَغَهَا فِي قَدَحٍ فَتَوَضأْنَا كُلنَا نُدَغْفِقُهُ دَغْفَقَةً.

8496 ـ ئىياس ئىبنى سەلەمەنىڭ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر غازاتقا چىقتۇق. ھاردۇق يېتىپ، قورسىقىمىز ئېچىپ كەتكەچكە، تۆگىلىرىمىزنى سويماقچى بولدۇق. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق قاچىلىرىمىزنى بىر يەرگە يىغىشقا بۇيرۇدى. قاچىلىرىمىزنى

[①] ھەيسەمى (14108): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

يىغقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر داستىخان سېلىپ بەردۇق. ئاندىن ھەممىمىزنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىكى) داستىخانغا تۆكۈلدى. قانچىلىك ئوزۇق ــ تۈلۈك يىغىلغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن بويىنۇمنى سوزۇپ قارىدىم ۋە ياتقان قويچىلىك بارلىقىنى تەخمىن قىلدى. بىز جەمئىي 114 كىشى ئىدۇق. ھەممىمىز تائامدىن تويغۇچە يېگەندىن سىرت، قاچىلىرىمىزنىمۇ لىق تولدۇرۇۋالدۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ تاھارەتكە سۇ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. بىرەيلەن ئازراق سۇ بار بىر ئىدىشنى كۆتۈرۈپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭدىكى سۇنى بىر قاچىغا تۆكۈپ، ھەممىمىز كەڭ تاشا تاھارەت ئالدۇق.

(مۇسلىم: 1729)

8497 ـ عن أبي سَعِيدٍ شَكَ الْأَعْمَشُ قال لَما كان غَزْوَةُ تَبُوكَ أَصَابَ النَاس مَجَاعَةٌ قالوا يا رَسُولَ اللهِ لو أَذِنْتَ لنا فَنَحَرْنَا نَوَاضِحَنَا فَأَكَلْنَا وَادهَنا فقال رسول اللهِ ﷺ افْعَلُوا قال فَجَاءَ عُمَرُ فقال يا رَسُولَ اللهِ إن فَعَلْتَ قَل الظهْرُ وَلَكِنْ ادْعُهُمْ بِفَضْلِ أَزْوَادِهِمْ ثُم ادْعُ اللهَ لهم عليها بِالْبَرَكَةِ لَعَل الله أَنْ يَجْعَلَ في ذلك فقال رسول اللهِ ﷺ نعم قَال فَدَعَا بِنِطَعٍ فَبَسَطَهُ ثُم دَعَا بِفَضْلِ أَزْوَادِهِمْ قال فَجَعَلَ الرجُلُ يَجِيءُ بِكَف ذُرَةٍ قال وَيَجِيءُ الْآخَرُ بِكَف تَمْرٍ قال وَيَجِيءُ الْآخَرُ بِكَسْرَةٍ حتى اجْتَمَعَ على النطَعِ من ذلك شَيْءٌ يَسِيرٌ قال فَدَعَا رسول اللهِ ﷺ عليه بِالْبَرَكَةِ ثُم قال خُذُوا في أَوْعِيَتِكُمْ قال فَأَخَذُوا في أَوْعِيَتِهِمْ حتى ما تَرَكُوا في الْعَسْكَرِ وِعَاءً إلا ملأوه قال فَأَكَلُوا حتى شَبِعُوا وَفَضَلَتْ فَضْلَةٌ فقَال رسول اللهِ ﷺ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إلا الله وَأَني رسول اللهِ لَا يَلْقَى اللهَ بِهِمَا عَبْدٌ غير شَاك فَيُحْجَبَ عن الْجَنةِ.

8497 ــ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەبۇك غازىتىدا ئوزۇق ــ تۈلۈك يېتىشمىگەچكە كىشىلەر ئاچ قالدى. ئۇلار:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە رۇخسەت قىلساڭ، تۆگىلىرىمىزنى سويۇپ يەپ، مېيىنى بەدىنىمىزگە سۈرسەك، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنداق قىلىڭلار، ـ دېدى. ئاندىن كېيىن ئۆمەر كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداق قىلساڭ، مىنىدىغان ئۇلاغ ئازلاپ كېتىدۇ. سەن ئۇلارنى قوللىرىدىكى ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى بىر يەرگە يىغىشقا بۇيرۇپ، بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلغىن، اللە شۇنداق قىلىپ بەرگەي! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ شۇنداق قىلاي، ـ دېدى ۋە بىر داستىخان كەلتۈرۈپ، ئۇنى يەرگە سالدى. كىشىلەر قوناق بولامدۇ، بۇغداي بولامدۇ، يېنىدا بارلىكى ئوزۇقلۇقنى ئەكىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قويدى. داستىخانغا ئازراقلا نەرسە يىغىلغاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يېمەكلىكنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

ـــ قاچىلىرىڭلارغا ئېلىڭلار! ـــ دېدى. كىشىلەر يانلىرىدىكى قاچىلىرىنىڭ ھەممىسىگە تولدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قورساقلىرى تويغۇچە يېدى، لېكىن تائام يەنە ئېشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن بىر اللەتىن باشقا مەبۇدنىڭ بەرھەق يوقلۇقىغا، ئۆزۈمنىڭ اللەنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. كىمكى مۇشۇ شاھادەت كەلىمىسىنى شەك قىلمىغان ھالدا ئېيتىپ اللەقا مۇلاقات بولىدىكەن، جەننەتكە كىرىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 27)

8498 ـ وفي رواية: فَجَاءَ ذُو الْبُرِ بِبُرِهِ وَذُو التَمْرِ بِتَمْرِهِ قَالَ وَقَالَ مُجَاهِـدٌ وَذُو النَوَاةِ بِنَوَاهُ قُلْتُ وَمَا كَانُوا يَصْنَعُونَ بِالنَوَى قَالَ كَانُوا يَمُصونَهُ وَيَشْرُبُونَ عَلَيْهِ الْمَاءَ.

8498 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: بۇغدىيى بارلار بۇغداي، خورمىسى بارلار خورما ئەكەلدى، ـ دېيىلگەن. مۇجاھىد:

ــ ئۇرۇقچىسى بارلار ئۇرۇقچا ئەكەلدى، - دېدى. مەن:
ــ ئۇلار ئۇرۇقچىنى نېمە قىلاتتى؟ - دەپ سورىسام، مۇجاھىد:
ــ ئۇلار ئۇنى شۇمەيتتى ۋە ئارقىدىن سۇ ئىچەتتى، - دېدى.
(مۇسلىم: 27)

8499 ـ عن جَابِرِ بن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَما حُفِرَ الْخَنْدَقُ رَأَيْتُ بِالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَمَصًا شَدِيدًا فَانْكَفَأْتُ إِلَى امْرَأَتِي فَقُلْتُ هَلْ عِنْدَكِ شَيْءٌ فَإِني رَأَيْتُ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَمَصًا شَدِيدًا فَأَخْرَجَتْ إِلَي جِرَابًا فِيهِ صَاعٌ مِنْ شَعِيرٍ وَلَنَا بُهَيْمَةٌ دَاجِنٌ فَذَبَحْتُهَا وَطَحَنَتْ الشعِيرَ فَفَرَغَتْ إِلَى فَرَاغِي وَقَطعْتُهَا فِي بُرْمَتِهَا ثُم وَليْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ لَا تَفْضَحْنِي بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبِمَنْ مَعَهُ فَجِئْتُهُ فَسَارَرْتُهُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ ذَبَحْنَا بُهَيْمَةً لَنَا وَطَحَنَّا صَاعًا مِنْ شَعِيرٍ كَانَ عِنْدَنَا فَتَعَالَ أَنتَ وَنَفَرٌ مَعَكَ فَصَاحَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا أَهْلَ الْخَنْدَقِ إِن جَابِرًا قَدْ صَنَعَ سُورًا فَحَي هَلًا بِهَلّكُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُنْزِلُن بُرْمَتَكُمْ وَلَا تَخْبِزُن عَجِينَكُمْ حَتى أَجِيءَ فَجِئْتُ وَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْدُمُ الناسَ حَتى جِئْتُ امْرَأَتِي فَقَالَتْ بِكَ وَبِكَ فَقُلْتُ قَدْ فَعَلْتُ الذِي قُلْتِ فَأَخْرَجَتْ لَهُ عَجِينًا فَبَصَقَ فِيهِ وَبَارَكَ ثُم عَمَدَ إِلَى بُرْمَتِنَا فَبَصَقَ وَبَارَكَ ثُم قَالَ ادْعُ خَابِزَةً فَلْتَخْبِزْ مَعِي وَاقْدَحِي مِنْ بُرْمَتِكُمْ وَلَا تُنْزِلُوهَا وَهُمْ أَلْفٌ فَأُقْسِمُ بِاللهِ لَقَدْ أَكَلُوا حَتى تَرَكُوهُ وَانْحَرَفُوا وَإِن بُرْمَتَنَا لَتَغِط كَمَا هِيَ وَإِن عَجِينَنَا لَيُخْبَزُ كَمَا هُوَ.

8499 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خەندەك كولانغان چاغدا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورساقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئايالىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ يېنىڭدا يېگۈدەك نەرسەڭ بارمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورساقى قاتتىق ئېچىپ كېتىپتۇ، ــ دېۋىدىم، ئۇ بىر سا ئارپا بار تۇلۇمنى ئېلىپ چىقتى. ئۆيىمىزدە باققان بىر پاقلان بار ئىدى، ئۇنى سويدۇم. ئايالىم ئارپىنى تارتتى. مەن پاقلاننى سويۇپ بولغىچە، ئايالىممۇ ئارپىنى تارتىپ بولدى. ئاندىن گۆشنى پارچىلاپ قازانغا

سىلىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ماڭغانىدىم، ئايالىم:

ـ (بۇنچە ئاز تائامغا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كۆپ مېھمان باشلاپ كېلىپ، مېنى رەسۋا قىلمىغىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇلىقىغا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىر پاقلىنىمىز بار ئىدى، شۇنى سويۇپ، ئازراق ئارپىنى تارتىپ تەييارلاپ قويدۇق. بىر قانچە ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، داستىخىنىمىزغا داخىل بولغان بولساڭ، ـ دەپ پىچىرلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ هامان:

ـــ ئەي خەندەك ئەھلى! جابىر بىزگە تائام تەييارلاپتۇ، يۈرۈڭلار، بېرىپ ـ كېلەيلى، ـ دەپ توۋلىدى. ئاندىن ماڭا:

ـــ مەن بارغىچە قازىنىڭلارنى ئوچاقتىن چۈشۈرۈۋەتمەڭلار، خېمىردىمۇ نان ياقماي تۇرۇڭلار! ـ دېدى. مەن ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆيگە بېرىپ بولدۇم. ئايالىم ئۆيگە كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ:

ـــ الله جاجاڭنى بەرسۇن، الله سېنى ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن! ـ دەپ قاخشاپ كەتتى. ئۇنىڭغا:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەن دېگەندەك دېگەنىدىم، ـ دېدىم. ئايالىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خېمىرنى ئەچىقىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېمىرغا سۈپلەپ، بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئاندىن قازانغا سۈپلەپ، گۆشنىڭمۇ بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلدى. ئاندىن:

ـ نان ياقىدىغان ئايالدىن بىرنى چاقىرغىن، ماڭا ياردەملىشىپ نان ياقسۇن. قازاندىن شورپىنى ئۇسسۇۋېرىڭلار، ئەمما قازاننى ئوچاقتىن ئېلىۋەتمەڭلار! ـ دېدى. مىڭغا يېقىن ئادەم كەلگەنىدى، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ھەممەيلەن (گۆش بىلەن شورپىدىن) تويغۇدەك يەپ ـ ئىچكەن بولسىمۇ، قازاندىكى شورپا بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى. شۇنچە كۆپ نان ياققان بولساقمۇ، خېمىرمۇ يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى.

(بۇخارى: 4102)

8500 ـ عن أنس بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ قَالَ أَبو طَلْحَةَ لِأم سُلَيْمٍ قَدْ سَمِعْتُ صَوْتَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضَعِيفًا أَعْرِفُ فِيهِ الْجُوعَ فَهَلْ عِنْدَكِ مِنْ شَيْءٍ فَقَالَتْ نَعَمْ فَأَخْرَجَتْ أَقْرَاصًا مِنْ شَعِيرٍ ثُم أَخَذَتْ خِمَارًا لَهَا فَلَفتْ الْخُبْزَ بِبَعْضِهِ ثُم دَستْهُ تَحْتَ ثَوْبِي وَرَدتْنِي بِبَعْضِهِ ثُم أَرْسَلَتْنِي إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَذَهَبْتُ بِهِ فَوَجَدْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا فِي الْمَسْجِدِ وَمَعَهُ الناسُ فَقُمْتُ عَلَيْهِمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْسَلَكَ أَبو طَلْحَةَ قَالَ فَقُلْتُ نَعَمْ فَقَالَ أَلِطَعَامٍ فَقُلْتُ نَعَمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِمَنْ مَعَهُ قُومُوا قَالَ فَانْطَلَقَ وَانْطَلَقْتُ بَيْنَ أَيْدِيهِمْ حَتى جِئْتُ أَبَا طَلْحَةَ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ أَبو طَلْحَةَ يَا أُم سُلَيْمٍ قَدْ جَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالناسِ وَلَيْسَ عِنْدَنَا مَا نُطْعِمُهُمْ فَقَالَتْ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ قَالَ فَانْطَلَقَ أَبو طَلْحَةَ حَتى لَقِيَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَقْبَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَهُ حَتى دَخَلَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلُمي مَا عِنْدَكِ يَا أُم سُلَيْمٍ فَأَتَتْ بِذَلِكَ الْخُبْزِ فَأَمَرَ بِهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَفُت وَعَصَرَتْ عَلَيْهِ أُم سُلَيْمٍ عُكةً لَهَا فَأَدَمَتْهُ ثُم قَالَ فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ يَقُولَ ثُم قَالَ ائْذَنْ لِعَشَرَةٍ فَأَذِنَ لَهُمْ فَأَكَلُوا حَتى شَبِعُوا ثُم خَرَجُوا ثُم قَالَ ائْذَنْ لِعَشَرَةٍ فَأَذِنَ لَهُمْ فَأَكَلُوا حَتى شَبِعُوا ثُم خَرَجُوا ثُم قَالَ ائْذَنْ لِعَشَرَةٍ حَتى أَكَلَ الْقَوْمُ كُلُّهُمْ وَشَبِعُوا وَالْقَوْمُ سَبْعُونَ رَجُلًا أَوْ ثَمَانُونَ.

8500 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئايالى) ئۇممۇ سۇلەيمدىن:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازى بوش چىقىۋاتىدۇ، قورسىقى ئاچقاندەك قىلىدۇ. ئۆيدە يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇممۇ سۇلەيم:

ــ بار، ـ دېدى ۋە بىر قانچە ئارپا نېنى ئېلىپ چىقىپ ياغلىقىغا يۆگىدى، ئاندىن مېنىڭ قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ، مېنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. ناننى ئېلىپ بارسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر توپ جامائەت بىلەن مەسجىدتە ئولتۇرغانىكەن. ئارقا تەرىپىدىن ئايلىنىپ، يېقىنلاپ بارسام:

ـ سېنى ئەبۇ تەلھە ئەۋەتتىمۇ؟ ـ دېدى. مەن:
ـ ھەئە، ـ دېدىم.
ـ يېمەكلىك ئۈچۈن ئەۋەتتىمۇ؟ ـ دېدى. مەن:
ـ ھەئە، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدىكىلەرگە:
ـــ قېنــى يــۈرۈڭلار! ـــ دېــدى ۋە جامــائەتنى باشــلاپ ماڭــدى. مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا يېتىپ بېرىپ، ئەبۇ تەلھەگە ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئەبۇ تەلھە:
ـ ئى ئۇممۇ سۇلەيم! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنى باشلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارغا بەرگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇممۇ سۇلەيم:
ـ اﷲ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر، ـ دېدى. ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى، ئاندىن ئىككىسى بىللە ئۆيگە كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سۇلەيمگە:
ـ ئۆيدە نېمە بولسا، شۇنى ئېلىپ كەلگىن! ـ دېدى. ئۇممۇ سۇلەيم ھېلىقى نانلارنى پارچىلاپ، بىر قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە تۇلۇمدىن ياغ تۆكۈپ ئارىلاشتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (تائامنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ) دۇئا قىلدى. ئاندىن ئەبۇ تەلھەگە:
ـ ئون كىشىنى چاقىرغىن! ـ دېدى. ئون كىشى كىرىپ، تائامدىن تويغۇچە يېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ يەنە ئون كىشىنى چاقىرغىن! ـ دېدى. يەنە ئون كىشى كىرىپ، تائامدىن تويغۇچە يېدى. ئاندىن:
ـ يەنە ئون كىشىنى چاقىرغىن! ـ دېدى. يەنە ئون كىشى كىرىپ، تويغۇچە يېدى. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن جامائەت تويغۇچە يەپ، تاماق يەنە ئېشىپ قالدى. جەمئىي 70 ياكى 80 كىشى ئىدى.
(مۇسلىم: 2040)

8501 ـ عن أنس بن مَالِكٍ قال رَأَى أبو طَلْحَةَ رَسُولَ اللهِ ﷺ مُضْطَجِعًا في الْمَسْجِدِ يَتقَلبُ ظَهْرًا لِبَطْنٍ فَأَتى أُم سُلَيْمٍ فقال إني رأيت رَسُولَ اللهِ ﷺ مُضْطَجِعًا في

الْمَسْجِدِ يَتَقَلَّبُ ظَهْرًا لِبَطْنٍ وَأَظُنُّهُ جَائِعًا وَسَاقَ الحديث وقال فيه ثُم أَكَلَ رسول اللهِ ﷺ وأبو طَلْحَةَ وَأُم سُلَيْمٍ وَأَنسُ بن مَالِكٍ وَفَضَلَتْ فَضْلَةٌ فَأَهْدَيْنَاهُ لِجِيرَانِنَا.

8501 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ تەلھە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدتە ئوڭدىسىغا ياتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدتە ئۇيان ـ بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ياتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ قورسىقى ئاچمىكىن دەيمەن، ـ دېدى... ھەدىسنىڭ داۋامى يۇقىرىدىكىدەك بولۇپ، داۋامىدا مۇنداق كەلگەن: (جامائەت يەپ بولغاندىن كېيىن) ئەبۇ تەلھە، ئۇممۇ سۇلەيم، ئەنەس ئىبنى مالىكلەر يېدى. تاماق يەنە ئېشىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن، قوشنىلارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

(مۇسلىم: 2040)

8502 ـ عن مُجَاهِد أن أَبَا هُرَيْرَةَ كَانَ يَقُولُ أَللهِ الذِي لَا إِلَهَ إلا هُوَ إِنْ كُنْتُ لَأَعْتَمِدُ بِكَبِدِي عَلَى الْأَرْضِ مِنْ الْجُوعِ وَإِنْ كُنتُ لَأَشُد الْحَجَرَ عَلَى بَطْنِي مِنْ الْجُوعِ وَلَقَدْ قَعَدْتُ يَوْمًا عَلَى طَرِيقِهِمْ الذِي يَخْرُجُونَ مِنْهُ فَمَر أَبُو بَكْرٍ فَسَأَلْتُهُ عَنْ آيَةٍ مِنْ كِتَابِ اللهِ مَا سَأَلْتُهُ إلا لِيُشْبِعَنِي فَمَر وَلَمْ يَفْعَلْ ثُم مَر بِي عُمَرُ فَسَأَلْتُهُ عَنْ آيَةٍ مِنْ كِتَابِ اللهِ مَا سَأَلْتُهُ إِلا لِيُشْبِعَنِي فَمَر فَلَمْ يَفْعَلْ ثُم مَر بِي أَبُو الْقَاسِمِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَبَسمَ حِينَ رَآنِي وَعَرَفَ مَا فِي نَفْسِي وَمَا فِي وَجْهِي ثُم قَالَ يَا أَبَا هِر قُلْتُ لَبيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الْحَقْ وَمَضَى فَتَبِعْتُهُ فَدَخَلَ فَاسْتَأْذَنَ فَأَذِنَ لِي فَدَخَلَ فَوَجَدَ لَبَنًا فِي قَدَحٍ فَقَالَ مِنْ أَيْنَ هَذَا اللبَنُ قَالُوا أَهْدَاهُ لَكَ فُلَانٌ أَوْ فُلَانَةُ قَالَ أَبَا هِر قُلْتُ لَبيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الْحَقْ إِلَى أَهْلِ الصفةِ فَادْعُهُمْ لِي قَالَ وَأَهْلُ الصفةِ أَضْيَافُ الْإِسْلَامِ لَا يَأْوُونَ إِلَى أَهْلٍ وَلَا مَالٍ وَلَا عَلَى أَحَدٍ إِذَا أَتَتْهُ صَدَقَةٌ بَعَثَ بِهَا إِلَيْهِمْ وَلَمْ يَتَنَاوَلْ مِنْهَا شَيْئًا وَإِذَا أَتَتْهُ هَدِيةٌ أَرْسَلَ إِلَيْهِمْ وَأَصَابَ مِنْهَا وَأَشْرَكَهُمْ فِيهَا فَسَاءَنِي ذَلِكَ فَقُلْتُ وَمَا هَذَا اللبَنُ فِي أَهْلِ الصفةِ كُنْتُ أَحَق أَنَا أَنْ أُصِيبَ مِنْ هَذَا اللبَنِ شَرْبَةً أَتَقَوى بِهَا فَإِذَا جَاءَ أَمَرَنِي فَكُنْتُ أَنَا أُعْطِيهِمْ وَمَا عَسَى

أَنْ يَبْلُغَنِي مِنْ هَذَا اللَبَنِ وَلَمْ يَكُنْ مِنْ طَاعَةِ اللهِ وَطَاعَةِ رَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بُد فَأَتَيْتُهُمْ فَدَعَوْتُهُمْ فَأَقْبَلُوا فَاسْتَأْذَنُوا فَأَذِنَ لَهُمْ وَأَخَذُوا مَجَالِسَهُمْ مِنْ الْبَيتِ قَالَ يَا أَبَا هِر قُلْتُ لَبيكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ خُذْ فَأَعْطِهِمْ قَالَ فَأَخَذْتُ الْقَدَحَ فَجَعَلْتُ أُعْطِيهِ الرجُلَ فَيَشْرَبُ حَتى يَرْوَى ثُم يَرُد عَلَي الْقَدَحَ فَأُعْطِيهِ الرجُلَ فَيَشْرَبُ حَتى يَرْوَى ثُم يَرُد عَلَي الْقَدَحَ فَيَشْرَبُ حَتى يَرْوَى ثُم يَرُد عَلَي الْقَدَحَ حَتى انْتَهَيْتُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ رَوِيَ الْقَوْمُ كُلُهُمْ فَأَخَذَ الْقَدَحَ فَوَضَعَهُ عَلَى يَدِهِ فَنَظَرَ إِلَي فَتَبسمَ فَقَالَ أَبَا هِر قُلْتُ لَبيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ بَقِيتُ أَنَا وَأَنْتَ قُلْتُ صَدَقْتَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ اقْعُدْ فَاشْرَبْ فَقَعَدْتُ فَشَرِبْتُ فَقَالَ اشْرَبْ فَشَرِبْتُ فَمَا زَالَ يَقُولُ اشْرَبْ حَتى قُلْتُ لَا وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق مَا أَجِدُ لَهُ مَسْلَكًا قَالَ فَأَرِنِي فَأَعْطَيْتُهُ الْقَدَحَ فَحَمِدَ اللهَ وَسَمى وَشَرِبَ الْفَضْلَةَ.

8502 ـ مۇجاھىدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۆزىدىن باشقا ھېچ ئىلاھ بولمىغان ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئاچلىقتىن قورسىقىمنى زېمىنغا چاپلايتتىم، بەزىدە تاش تېڭىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. بىر كۈنى (نامازدىن كېيىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۆتەر يولى ئۈستىدە ئولتۇردۇم. يېنىمدىن ئەبۇ بەكرى ئۆتتى. ئۇنىڭ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشىنى تەمە قىلغان ھالدا، ﷲنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت توغرۇلۇق سورىدىم، لېكىن ئۇ ئۆتۈپ كەتتى، مەن كۈتكەندەك مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلمىدى. ئاندىن ھەزرىتى ئۆمەر كەلدى. ئۇنىڭمۇ مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىشىنى تەمە قىلغان ھالدا ﷲنىڭ كىتابىدىن بىر ئايەت توغرۇلۇق سورىدىم. لېكىن ئۇمۇ مەن تەمە قىلغان تەكلىپنى بەرمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. ئاندىن ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلدى. ئۇ مەندىكى ھالسىزلىقنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى. چىرايىمدىن روھىي ھالىتىمنى ئەينەن بىلىپ يەتكەندى. ماڭا:

ــ ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! ـ دېدى. مەن:

ــ خوش، ئەي رەسۇلۇللاھ! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قېنى، مەن بىلەن ماڭغىن! ـ دېدى. ئارقىسىغا چۈشۈپ، ئۆيىگە باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، ئاندىن مېنى كىرىشكە چاقىردى. بىر قاچىدىكى سۈتنى كۆرۈپ:

ـ بۇ سۈت نەدىن كەلدى؟ - دەپ سورىغاندى:

ـــ پالانچى ئەر (ياكى ئايال) ساڭا (سوۋغا قىلىپ) ئېلىپ كەلگەنىكەن، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! - دېدى. مەن يەنە:

ـ خوش، ئى رەسۇلۇللاھ! - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چىقىپ، ئەھلى سۇففەنى چاقىرىپ كىرگىن! ـ دېدى. ئەھلى سۇففە ئىسلامنىڭ مېھمانلىرى بولۇپ، نە ئايال - بالىلىرى، نە بارارغا ئۆي - جايلىرى يوق ئىدى. لېكىن ئۇلار باشقىلاردىن بىر نەرسە تىلەپ ئالدىغا بارمايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سەدىقە مېلى كەلسە، ھەممىنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرەتتى. سوۋغاتلىق كەلسە، ئۆزىگىمۇ ئايرىپ قېلىپ، قالغىنىنى تارقىتىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەكلىپى ماڭا ئانچە خۇشياقمىدى. چۈنكى سۈت ئاز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سۈتنى ئىچىپ، بىر ئاز ئوڭشىلىۋېلىشقا بەكمۇ موھتاج ئىدىم، ھەم بۇنىڭغا ھەممىدىن لايىق ئىدىم. ئەھلى سۇففە شۇنچە جىق كىشى تۇرسا، ئازغىنە سۈت كىمگە يېتەتتى؟ ھەقىچان، رەسۇلۇللاھ ھېلى مېنى ئۇلارغا سۈت قۇيۇپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ. ئۇنداق بولغاندا، ماڭا ئۇ سۈتتىن نېمىمۇ قالار؟! لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلماي بولمايدۇ - دە!

(شۇ خىياللار بىلەن بېرىپ) ئەھلى سۇففەنى چاقىردىم. ئۇلار كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت بەرگەندىن كېيىن، ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەي ئەبۇ ھۇرەيرە! - دەپ چاقىردى. مەن:

ـ خوش، ئى رەسۇلۇللاھ! - دېدىم.

ـــ سۈتنى بىر ـ بىرلەپ سۈنۈشقا باشلا! ـــ دېدى. بىر باشتىن سۈنغىلى باشلىدىم. قاچىنى بىرىنىڭ قولىغا سۇناتتىم، ئۇ قانغۇچە ئىچكەندىن كېيىن، ماڭا قايتۇرۇپ بېرەتتى. يەنە بىرىگە بېرەتتىم، ئۇمۇ ئىچىپ بولۇپ، قايتۇرۇپ بېرەتتى. شۇنداق ئايلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ـ دېدى. مەن:

ـ خوش، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېسەم:

ـ (سۈت ئىچمىگەن) ئىككىمىزلا قالدۇق، ـ دېدى. مەن:

ـ شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭ، ـ دېدىم. ماڭا:

ـ قېنى، سەنمۇ ئولتۇرۇپ ئىچكىن! ـ دېدى. قانغۇچە ئىچتىم. يەنە:

ـ ئىچكىن! ـ دېدى. يەنە ئىچتىم. يەنە:

ـ ئىچكىن! ـ دېدى. يەنە ئىچتىم. يەنە ئىچىشكە ئۈندىگەنىدى:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله تائالاغا قەسەم قىلىمەنكى، ئەمدى ئىچكۈدەك يېرىم قالمىدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، قاچىنى ماڭا بەرگىن! ـ دېدى. قاچىنى بەرگەنىدىم، الله تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، "بىسمىللاھ" دەپ، سۈتنىڭ قالغىنىنى ئىچىۋەتتى.

(بۇخارى: 6452)

8503 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثِينَ وَمِائَةً فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وسَلمَ هَلْ مَعَ أَحَدٍ مِنْكُمْ طَعَامٌ فَإِذَا مَعَ رَجُلٍ صَاعٌ مِنْ طَعَامٍ أَوْ نَحْوُهُ فَعُجِنَ ثُم جَاءَ رَجُلٌ مُشْرِكٌ مُشْعَانٌ طَوِيلٌ بِغَنَمٍ يَسُوقُهَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْعًا أَمْ عَطِيةً أَوْ قَالَ أَمْ هِبَةً قَالَ لَا بَلْ بَيْعٌ فَاشْتَرَى مِنْهُ شَاةً فَصُنِعَتْ وَأَمَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِسَوَادِ الْبَطْنِ أَنْ يُشْوَى وَايْمُ اللهِ مَا فِي الثلَاثِينَ وَالْمِائَةِ إِلا قَدْ حَز النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهُ حُزةً مِنْ سَوَادِ بَطْنِهَا إِنْ كَانَ

شَاهِدًا أَعْطَاهَا إِيَّاهُ وَإِنْ كَانَ غَائِبًا خَبَأَ لَهُ فَجَعَلَ مِنْهَا قَصْعَتَيْنِ فَأَكَلُوا أَجْمَعُونَ وَشَبِعْنَا فَفَضَلَتْ الْقَصْعَتَانِ فَحَمَلْنَاهُ عَلَى الْبَعِيرِ أَوْ كَمَا قَالَ.

8503 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: 130 كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەرگە چىقتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قايسىڭلاردا يېگۈدەك بىر نەرسە بار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، بىر ئادەمنىڭ يېنىدىن بىر سا ياكى شۇنىڭغا يېقىن ئۇن چىقتى. ئۇن يۇغۇرۇلدى. دەل شۇ ئەسنادا، يېنىمىزدىن چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، ئېگىز بويلۇق بىر مۇشرىك بىر توپ قوينى ھەيدەپ ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـ قويلىرىڭنى ھەدىيە قىلغىلى ئېلىپ ماڭدىڭمۇ، ساتقىلىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پادىچى:

ـ ساتىمەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قويدىن بىرنى سېتىۋېلىپ بوغۇزلىدى ۋە جىگىرىنى ئېلىپ، كاۋاپ قىلدى. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، 130 كىشى ئىچىدىن جىگەر كاۋىپى يېمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەردە بارلارغا بېرىپ، يوقلارغا ئېلىپ قويدى. قوي گۆشىدىن يوغان ئىككى تاۋاق تائام چىقتى. ھەممىمىز گۆشتىن تويغۇدەك يېدۇق، لېكىن يەنە ئىككى تاۋاق (تاماق) ئېشىپ قالغانىدى، (قاچىغا ئېلىپ) تۆگىلىرىمىزگە ئارتىۋالدۇق.

(بۇخارى: 2618)

8504 ـ عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ قَالَ كُنَّا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَتَدَاوَلُ فِي قَصْعَةٍ مِنْ غَدْوَةٍ حَتَّى اللَّيْلِ يَقُومُ عَشَرَةٌ وَيَقْعُدُ عَشَرَةٌ قُلْنَا فَمَا كَانَتْ تُمَدُّ قَالَ مِنْ أَيِّ شَيْءٍ تَعْجَبُ مَا كَانَتْ تُمَدُّ إِلَّا مِنْ هَاهُنَا وَأَشَارَ بِيَدِهِ إِلَى السَّمَاءِ.

8504 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق، بىر قاچا تاماقنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوندىن، ئوندىن بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ يېدۇق، ـ دېگەنىدى بىز:

ـ (ئەتىگەندىن كەچكىچە يېسىمۇ) تۈگىمەيدىغان قانداق تاماق ئۇ؟ قانداق قىلىپ شۇنچە ئاۋۇپ كېتىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، سەمۇرە:

ـ نېمىگە بۇنچىۋالا ئەجەپلىنىسىلەر؟! ئەنە ئاۋۇ يەردىن كېلەتتى (ئۇنداق بولغانىكەن، تۈگەپ قالاتتىمۇ؟!)، ـ دېدى ۋە قولى بىلەن ئاسماننى ئىشارەت قىلدى[1].

(تىرمىزى: 3625)

8505 ـ و حَدثَنِي سَلَمَةُ بْنُ شَبِيبٍ حَدثَنَا الْحَسَنُ بْنُ أَعْيَنَ حَدثَنَا مَعْقِلٌ عَنْ أَبِي الزبَيْرِ عَنْ جَابِرٍ أَن رَجُلًا أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَسْتَطْعِمُهُ فَأَطْعَمَهُ شَطْرَ وَسْقِ شَعِيرٍ فَمَا زَالَ الرجُلُ يَأْكُلُ مِنْهُ وَامْرَأَتُهُ وَضَيْفُهُمَا حَتى كَالَهُ فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَوْ لَمْ تَكِلْهُ لَأَكَلْتُمْ مِنْهُ وَلَقَامَ لَكُمْ.

8505 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، تاماق تەلەپ قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا يېرىم ۋەسەق ئارپا بەردى. ئۇ ئادەم ئارپىنى ئېلىپ بېرىپ، ئايالى بىلەن يېدى ۋە مېھمانلىرىغا يېگۈزدى. ئەمما (ئېشىپ قالغان) ئارپىنى كەملەپ ئېلىپ قويدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا تۈگەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر ئارپىنى كەملىمەي يەۋەرگەن بولساڭلار، ئۇ سىلەر ئۈچۈن تۈگىمەس رىزىق بولغان بولاتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2281)

8506 ـ عَنْ جَابِرٍ أَن أُم مَالِكٍ كَانَتْ تُهْدِي لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي عُكةٍ لَهَا سَمْنًا فَيَأْتِيهَا بَنُوهَا فَيَسْأَلُونَ الْأُدْمَ وَلَيْسَ عِنْدَهُمْ شَيْءٌ فَتَعْمِدُ إِلَى الذِي كَانَتْ تُهْدِي

[1] ئەلبانى (2866): سەھىھ ـ دېگەن.

ِفِيهِ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتجِدُ فِيهِ سَمْنًا فَمَا زَالَ يُقِيمُ لَهَا أُدْمَ بَيْتِهَا حَتى عَصَرَتْهُ فَأَتتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ عَصَرْتِيهَا قَالَتْ نَعَمْ قَالَ لَوْ تَرَكْتِيهَا مَا زَالَ قَائِمًا.

8506 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇممۇ مالىك پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قاچىدا سېرىق ماي ئەكىلىپ بېرىپ، تۇلۇمنى قۇرۇق ئېلىپ كېتەتتى. بالىلىرى ئۇنىڭدىن تاتلىق ـ تۇرۇم تەلەپ قىلغاندا، ئۆيىدە ئۇنداق نەرسە بولمىسا، دەرھال تۇلۇمغا قارايتتى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە سېرىق ماي تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. بىر كۈنى، ئۇ ئايال بالىلىرىغا يېمەكلىك بەرمەكچى بولۇپ، تۇلۇمنى سىقتى ۋە شۇندىن ئېتىبارەن تۇلۇمدىن سېرىق ماي چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. بېرىپ ئەھۋالنى بىلدۈرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالدىن:

ـ تۇلۇمنى سىققانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئايال:

ـ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر تۇلۇمنى سىقمىغان بولساڭ، ئۇنىڭ ئىچىدە داۋاملىق بىر نەرسە بولاتتى ۋە ئەسلا تۈگەپ قالمايتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2280)

8507 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ أَتيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِتمَرَاتٍ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللهَ فِيهِن بِالْبَرَكَةِ فَضَمهُن ثُم دَعَا لِي فِيهِن بِالْبَرَكَةِ فَقَالَ خُذْهُن وَاجْعَلْهُن فِي مِزْوَدِكَ هَذَا أَوْ فِي هَذَا الْمِزْوَدِ كُلمَا أَرَدْتَ أَنْ تَأْخُذَ مِنْهُ شَيْئًا فَأَدْخِلْ فِيهِ يَدَكَ فَخُذْهُ وَلَا تنْثُرْهُ نَثْرًا فَقَدْ حَمَلْتُ مِنْ ذَلِكَ التمْرِ كَذَا وَكَذَا مِنْ وَسْقٍ فِي سَبِيلِ اللهِ فَكُنا نَأْكُلُ مِنْهُ وَنُطْعِمُ وَكَانَ لَا يُفَارِقُ حِقْوِي حَتى كَانَ يَوْمُ قُتِلَ عُثْمَانَ فَإِنهُ انْقَطَعَ.

8507 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بىر قانچە تال خورما ئېلىپ كەلدىم ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇلارنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويغىن! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىلارنى قولىغا ئېلىپ، مەن ئۈچۈن بەرىكەتلىك بولۇشىغا دۇئا قىلدى. ئاندىن:

ـ بۇلارنى سەپەر خالتاڭغا سالغىن. قاچانكى ئۇنىڭدىن يېمەكچى بولساڭ، قولۇڭنى (خالتاڭغا) سالساڭلا بولىدۇ. ئەمما خورمىلارنى ئارىلاشتۇرما، چېچىۋەتمە! ـ دېدى. ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم، الله يولىدا (بۇ خورمىلاردىن) بىر قانچە ۋەسەق ئىشلەتتىم، ئۆزەممۇ يېدىم، باشقىلارغىمۇ يېگۈزدۈم. تاكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنغانغا قەدەر ئۇ خورمىلارنى بېلىمدىن ئايرىمىغانىدىم[1].

(تىرمىزى: 3839)

8508 ـ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ جَمَعَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ دَعَا رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَنِي عَبْدِ الْمُطِلبِ فِيهِمْ رَهْطٌ كُلهُمْ يَأْكُلُ الْجَذَعَةَ وَيَشْرَبُ الْفَرَقَ قَالَ فَصَنَعَ لَهُمْ مُدا مِنْ طَعَامٍ فَأَكَلُوا حَتى شَبِعُوا قَالَ وَبَقِيَ الطعَامُ كَمَا هُوَ كَأَنهُ لَمْ يُمَس ثُم دَعَا بِغُمَرٍ فَشَرِبُوا حَتى رَوَوْا وَبَقِيَ الشرَابُ كَأَنهُ لَمْ يُمَس أَوْ لَمْ يُشْرَبْ فَقَالَ يَا بَنِي عَبْدِ الْمُطِلبِ إِني بُعِثْتُ لَكُمْ خَاصةً وَإِلَى الناسِ بِعَامةٍ وَقَدْ رَأَيْتُمْ مِنْ هَذِهِ الْآيَةِ مَا رَأَيْتُمْ فَأَيكُمْ يُبَايِعُنِي عَلَى أَنْ يَكُونَ أَخِي وَصَاحِبِي قَالَ فَلَمْ يَقُمْ إِلَيْهِ أَحَدٌ قَالَ فَقُمْتُ إِلَيْهِ وَكُنْتُ أَصْغَرَ الْقَوْمِ قَالَ فَقَالَ اجْلِسْ قَالَ ثَلَاثَ مَراتٍ كُل ذَلِكَ أَقُومُ إِلَيْهِ فَيَقُولُ لِي اجْلِسْ حَتى كَانَ فِي الثالِثَةِ ضَرَبَ بِيَدِهِ عَلَى يَدِي.

8508 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇلمۇتتەلىب جەمەتىنى يىغىپ، ئۇلارغا ئازراق تاماق تەييارلىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر پاقلاننى پۈتۈن يەۋېتىدىغان، بىر كوزا سۈنى يالغۇز ئىچىۋېتىدىغانلار بار ئىدى. ئۇلار تاماقتىن تويغۇچە يېدى، لېكىن تاماق قول تېگىپ باقمىغاندەك (شۇ پېتى) تۇراتتى. كىچىك بىر نوگايدا سۇ كەلتۇرۇلدى، ھەممىسى قانغىچە ئىچتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (3015): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلادلىرى! مەن خۇسۇسەن سىلەرگە، ئاندىن پۈتۈن ئىنسانلارغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدىم. بۇ مۆجىزىنى ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، قايسىڭلار مېنىڭ قېرىندىشىم ۋە ساھابەم بولۇشقا بەيئەت قىلىسىلەر؟ - دېدى. ھېچكىم قىمىرلاپمۇ قويمىدى، مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھالبۇكى، يېشىم ھەممىدىن كىچىك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ــ ئولتۇرغىن! ــ دېدى. ئاندىن يۇقىرىقى سۆزىنى تەكرارلىدى. لېكىن يەنە مەندىن باشقا ھېچكىم ئورنىدىن تۇرمىدى. ئۈچىنچى قېتىمدىمۇ شۇنداق بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى قولۇمنىڭ ئۈستىگە قويدى (يەنى بەيئىتىمنى قوبۇل قىلدى)[1].

(ئەھمەد: 1371)

8509 ـ عَنْ أَبِي رَافِعٍ قَالَ صُنِعَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ شَاةٌ مَصْلِيةٌ فَأُتِيَ بِهَا فَقَالَ لِي يَا أَبَا رَافِعٍ نَاوِلْنِي الذرَاعَ فَنَاوَلْتُهُ فَقَالَ يَا أَبَا رَافِعٍ نَاوِلْنِي الذرَاعَ فَنَاوَلْتُهُ ثُم قَالَ يَا أَبَا رَافِعٍ نَاوِلْنِي الذرَاعَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ وَهَلْ لِلشاةِ إِلا ذِرَاعَانِ فَقَالَ لَوْ سَكَت لَنَاوَلْتَنِي مِنْهَا مَا دَعَوْتُ بِهِ قَالَ وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعْجِبُهُ الذرَاعُ.

8509 - ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر قوي كاۋاپ قىلىنىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەي ئەبۇ رافىئ! قولنى سۇنۇپ بەرگىن! ــ دېدى. سۇنۇپ بەردىم. بىر ئازدىن كېيىن يەنە:

ــ ئى ئەبۇ رافىئ، قولنى سۇنۇپ بەرگىن! ــ دېدى. يەنە بىر قولنى سۇنۇپ بەردىم. ئۈچىنچى قېتىم يەنە:

[1] ھەيسەمى (14109): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

ـ ئى ئەبۇ رافىئ، قولىنى سۇنۇپ بەرگىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قوينىڭ ئىككىلا قولى بولىدىغۇ؟! ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ شۇك تۇرغان بولساڭ، تاكى مەن تەلەپ قىلىشتىن توختىغانغا قەدەر سۇنۇپ بېرىۋەرگەن بولاتتىڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوينىڭ قولىغا ئامراق ئىدى[①].

(ئەھمەد: 23859؛ «ئەلكەبىر»)

8510 ـ عَنْ سَلَمَةَ السكُونِي قَالَ بَيْنَمَا نحْنُ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ قَالَ قَائِلٌ يَا رَسُولَ اللهِ هَلْ أُتِيتَ بِطَعَامٍ مِنْ السمَاءِ قَالَ نَعَمْ أُتِيتُ بِطَعَامٍ قَالَ يَا نَبِي اللهِ هَلْ كَانَ فِيهِ مِنْ فَضْلٍ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَمَا فُعِلَ بِهِ قَالَ رُفِعَ إِلَى السمَاءِ.

8510 ــ سەلەمە سۇكۇنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇرساق، بىرسى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! (ساڭا) ئاسماندىن تائام كەلتۈرۈلدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، كەلتۈرۈلدى، ـ دېدى.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە ئاشتىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ئاشتى، ـ دېدى.

ـ ئۇ (ئېشىپ قالغىنى) قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـ تەكرار ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(دارىمى: 55)

[①] ھەيسەمى (14133): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدى ھەسەندۇر. بۇنى يەنە تەبەرانىمۇ بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدە: "رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ئۇنىڭغا بىر قوينى كاۋاپ قىلىپ بېرىشىمنى بۇيرىغان ئىدى، ئۇنىڭغا كاۋاپ قىلىپ بەردىم" دەپ كەلگەن، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى ۋە دۈشمەنلىرىدىن ساقلىنىشى

8511 ـ عن أنسٍ رضي الله عنه قال كان رَجُلٌ نَصْرَانِيا فَأَسْلَمَ وَقَرَأَ الْبَقَـرَةَ وَآلَ عِمْرَانَ فَكَانَ يَكْتُبُ لِلنبِي ﷺ فَعَادَ نَصْرَانِيا فَكَانَ يقول ما يَدْرِي مُحَمدٌ إلا ما كَتَبْتُ لـه فَأَمَاتَهُ الله فَدَفَنُوهُ فَأَصْبَحَ وقد لَفَظَتْهُ الْأَرْضُ فَقَالُوا هذا فِعْلُ مُحَمدٍ وَأَصْحَابِهِ لَما هَـرَبَ منهم نَبَشُوا عن صَاحِبِنَا فَأَلْقَوْهُ فَحَفَرُوا له فَأَعْمَقُوا فَأَصْبَحَ وقد لَفَظَتْهُ الْأَرْضُ فَقَالُوا هـذا فِعْلُ مُحَمدٍ وَأَصْحَابِهِ نَبَشُوا عن صَاحِبِنَا لَما هَرَبَ منهم فَأَلْقَوْهُ فَحَفَرُوا له وَأَعْمَقُوا له في الأرض ما اسْتَطَاعُوا فَأَصْبَحَ قد لَفَظَتْهُ الْأَرْضُ فَعَلِمُوا أَنهُ ليس من الناس فَأَلْقَوْهُ.

8511 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خرىستىئانلاردىن بىرى مۇسۇلمان بولۇپ، سۈرە بەقەرە بىلەن ئالى ئىمراننى ئوقۇشنى ئۆگەندى. ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كەلگەن ۋەھىيلەرنى يازاتتى. كېيىن ئۇ قايتا خرىستىئان بولۇپ كېتىپ:

ـــ مۇھەممەد مەن يېزىپ بەرگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ، ـ دەپ جۆيلۇشكە باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي، الله ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. ناسارالار ئۇنى كۆمۈپ قويغانىدى، يەر ئۇنى قوينىغا ئالماي، ئەتىسىلا ئۇستىگە چىقىرىۋەتتى. ناسارالار:

ـ بۇ، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىشى. بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرىگەچكە، بۇنىڭ قەبرىسىنى قېزىپ، يەر ئۇستىگە تاشلىۋېتىپتۇ، ـ دېيىشىپ، يەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر كولاپ، قايتا كۆمۈپ قويۇشتى. ئەتىسى يەر ئۇنى يەنە ئۇستىگە تاشلىۋەتكەن ئىدى. ئۇلار يەنە:

ـ بۇ، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىشى. بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرىگەچكە، ئۇلار بۇنى قەبرە سىرتىغا تاشلىۋەتكەن، ـ

دېيىشتى ۋە يەرنى كۆچلىرىنىڭ يېتىشچە چوڭقۇر كولاپ كۆمۈپ قويۇشتى. ئەتىسى (ئۇلار كەلگەندە) زېمىن ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئۇستىگە تاشلىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇنىڭ ئادەم (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى) نىڭ ئىشى ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ جەسىدىنى تاشلىۋەتتى.

(بۇخارى: 3617)

8512 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّهُ أَخْبَرَهُ أَن أَبَاهُ تُوُفِيَ وَتَـرَكَ عَلَيْهِ ثَلَاثِينَ وَسْقًا لِرَجُلٍ مِنْ الْيَهُودِ فَاسْتَنْظَرَهُ جَابِرٌ فَأَبى أَنْ يُنظِرَهُ فَكَلَمَ جَابِرٌ رَسُولَ الـلـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِيَشْفَعَ لَهُ إِلَيْهِ فَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَلمَ الْيَهُودِي لِيَأْخُذَ ثَمَرَ نَخْلِهِ بِالذِي لَهُ فَأَبى فَدَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ النخْلَ فَمَشَى فِيهَا ثُم قَالَ لِجَابِرٍ جُد لَهُ فَأَوْفِ لَهُ الذِي لَهُ فَجَدهُ بَعْدَمَا رَجَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَوْفَاهُ ثَلَاثِينَ وَسْقًا وَفَضَلَتْ لَهُ سَبْعَةَ عَشَرَ وَسْقًا فَجَاءَ جَابِرٌ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ لِيُخْبِرَهُ بِالذِي كَانَ فَوَجَدَهُ يُصَلي الْعَصْرَ فَلَما انْصَرَفَ أَخْبَرَهُ بِالْفَضْلِ فَقَالَ أَخْبِـرْ ذَلِكَ ابْنَ الْخَطابِ فَذَهَبَ جَابِرٌ إِلَى عُمَرَ فَأَخْبَرَهُ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ لَقَدْ عَلِمْتُ حِينَ مَشَى فِيهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيُبَارَكَن فِيهَا.

8512 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، بىر يەھۇدىيغا تۆلىنىدىغان 30 ۋەسەق خورما قەرزى جابىرنىڭ زىممىسىگە قالغانىدى. جابىر (قەرزنى كېچىكتۈرۈپ تۆلەش ئۈچۈن) يەھۇدىيدىن مۆھلەت تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، يەھۇدىي مۆھلەت بەرگىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشتۈرۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيغا:

ـ جابىر خورمىدىن چىققان مەھسۇلاتتىن تۆلەپ بەرسۇن! ــ دېدى. لېكىن يەھۇدىي بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جابىرنىڭ خورمىلىق بېغىغا كىرىپ، ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاندىن كېيىن:

ـــ ئى جابىر! بۇنىڭ قەرزىنى تۆلىۋەتكىن! ـــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، جابىر 30 ۋەسەق خورما يىغىپ، يەھۇدىيغا قەرزىنى بېرىۋەتتى. ئۇنىڭغا يەنە 17 ۋەسەق خورما ئېشىپ قالغانىدى. جابىر بۇ ئەھۋالنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدىگەر ئوقۇۋاتاتتى. نامازدىن كېيىن، 17 ۋەسەق خورما ئېشىپ قالغانلىقىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقىمۇ ئېيتىپ بەرگىن! ـ دېدى. جابىر بېرىپ، ئۆمەرگە ئېيتقانىدى، ئۆمەر:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خورمىلىق بېغىغا بەرىكەت تىلەپ ئۆيلاق ـ بۇياققا مېڭىشىدىنلا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2396)

8513 ـ وفي رواية: فَأَتَيْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ إِذَا جَدَدْتَهُ فَوَضَعْتَهُ فِي الْمِرْبَدِ آذَنْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَاءَ وَمَعَهُ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ فَجَلَسَ عَلَيْهِ وَدَعَا بِالْبَرَكَةِ ثُم قَالَ ادْعُ غُرَمَاءَكَ فَأَوْفِهِمْ فَمَا تَرَكْتُ أَحَدًا لَهُ عَلَى أَبِي دَيْنٌ إِلا قَضَيْتُهُ وَفَضَلَ ثَلَاثَةَ عَشَرَ وَسْقًا سَبْعَةٌ عَجْوَةٌ وَسِتةٌ لَوْنٌ أَوْ سِتةٌ عَجْوَةٌ وَسَبْعَةٌ لَوْنٌ.

8513 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ خورمىنى ئۈزۈپ، بورىنىڭ ئۈستىگە يىغقىن. ئاندىن ماڭا خەۋەر بەرگىن! ـــ دېدى. مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، خەۋەر بەرگەنىدىم، ئۆمەر ۋە ئەبۇ بەكرى بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى. خورمىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، بەرىكەتتى ئۈچۈن دۇئا قىلغاندىن كېيىن:

ـــ ئەمدى قەرز ئىگىلىرىنى چاقىرىپ، بۇنىڭدىن قەرزىڭنى تۆلىگىن! ـــ دېدى. دادامدا قەرزى بارلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ، قەرزنى تولۇق قايتۇرۇپ بەردىم. ماڭا يەنە 13 ۋەسەق خورما ئېشىپ

قالغان بولۇپ، يەتتە ۋەسەق ئالىي سورتلۇق، قالغان ئالتە ۋەسەق باشقا سورتتىن ئىدى ياكى ئالتە ۋەسەق ئالىي سورتلۇق، قالغان يەتتە ۋەسەق باشقا سورتتىن ئىدى.

(بۇخارى: 2709)

8514 ـ وفي رواية: أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ عَلِمْتَ أَن وَالِدِي اسْتُشْهِدَ يَوْمَ أُحُدٍ وَتَرَكَ عَلَيْهِ دَيْنًا كَثِيرًا وَإِني أُحِب أَنْ يَرَاكَ الْغُرَمَاءُ قَالَ اذْهَبْ فَبَيْدِرْ كُل تَمْرٍ عَلَى نَاحِيَتِهِ فَفَعَلْتُ ثُم دَعَوْتُهُ فَلَما نَظَرُوا إِلَيْهِ أُغْرُوا بِي تِلْكَ الساعَةَ فَلَما رَأَى مَا يَصْنَعُونَ أَطَافَ حَوْلَ أَعْظَمِهَا بَيْدَرًا ثَلَاثَ مَراتٍ ثُم جَلَسَ عَلَيْهِ ثُم قَالَ ادْعُ أَصْحَابَكَ فَمَا زَالَ يَكِيلُ لَهُمْ حَتى أَدى اللهُ أَمَانَةَ وَالِدِي وَأَنا وَاللهِ رَاضٍ أَنْ يُؤَدِيَ اللهُ أَمَانَةَ وَالِدِي وَلَا أَرْجِعَ إِلَى أَخَوَاتِي بِتَمْرَةٍ فَسَلِمَ وَاللهِ الْبَيَادِرُ كُلهَا حَتى أَني أَنْظُرُ إِلَى الْبَيْدَرِ الذِي عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَأَنه لَمْ يَنْقُصْ تَمْرَةً وَاحِدَةً.

8514 ـــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بىرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاتام ئۇھۇد كۈنى شېھىد بولدى، گەدىنىدە نۇرغۇن قەرز بار ئىدى. قەرز ئىگىلىرى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ، گەپ قىلىپ قويغان بولساڭ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ سەن قايتىپ بېرىپ، ھەر سورتلۇق خورمىنى ئايرىم ـ ئايرىم يىغقىن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلغاندىن كېيىن، خەۋەر بەردىم. لېكىن قەرز ئىگىلىرى خورمىنى ئاز كۆرۈپ، ماڭا ئېسىلىۋېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى كۆرۈپ، خورمىسى كۆپرەك بىر دۆۋىنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، يېنىغا ئولتۇردى. ئاندىن:

ـ ئۇلارنى چاقىرغىن! ـ دېدى ۋە ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ كەمچەنلەپ بېرىشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاتامنىڭ قەرزى پۈتۈنلەي تۆلىنىپ بولدى. مەن ئاتامنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىۋالسىلا، سىڭىللىرىمغا قۇرۇق قول قايتساممۇ رازى بولۇپ كېتەتتىم. لېكىن،

اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، خورما دۆۋىلىرى خۇددى بىر تالمۇ ئېلىنمىغاندەك ئۆز پېتىچە تۇراتتى.

(بۇخارى: 2781)

8515ـ عن أُبي هُرَيْرَةَ قَالَ كُنتُ أَدْعُو أُمي إِلَى الْإِسْلَامِ وَهِيَ مُشْرِكَةٌ فَدَعَوْتُهَا يَوْمًا فَأَسْمَعَتْنِي فِي رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَكْرَهُ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنا أَبْكِي قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني كُنْتُ أَدْعُو أُمي إِلَى الْإِسْلَامِ فَتأبى عَلَي فَدَعَوْتُهَا الْيَوْمَ فَأَسْمَعَتْنِي فِيكَ مَا أَكْرَهُ فَادْعُ اللهَ أَنْ يَهْدِيَ أُم أَبِي هُرَيْرَةَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم اهْدِ أُم أَبِي هُرَيْرَةَ فَخَرَجْتُ مُسْتَبْشِرًا بِدَعْوَةِ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما جِئْتُ فَصِرْتُ إِلَى الْبَابِ فَإِذَا هُوَ مُجَافٌ فَسَمِعَتْ أُمي خَشْفَ قَدَمَي فَقَالَتْ مَكَانَكَ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ وَسَمِعْتُ خَضْخَضَةَ الْمَاءِ قَالَ فَاغْتَسَلَتْ وَلَبِسَتْ دِرْعَهَا وَعَجِلَتْ عَنْ خِمَارِهَا فَفَتَحَتْ الْبَابَ ثُم قَالَتْ يَا أَبَا هُرَيْرَةَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ قَالَ فَرَجَعْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَيْتُهُ وَأَنَا أَبْكِي مِنْ الْفَرَحِ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَبْشِرْ قَدْ اسْتَجَابَ اللهُ دَعْوَتَكَ وَهَدَى أُم أَبِي هُرَيْرَةَ فَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ وَقَالَ خَيْرًا قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللهَ أَنْ يُحَبِبَنِي أَنَا وَأُمي إِلَى عِبَادِهِ الْمُؤْمِنِينَ وَيُحَببَهُمْ إِلَيْنَا قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم حَببْ عُبَيْدَكَ هَذَا يَعْنِي أَبَا هُرَيْرَةَ وَأُمهُ إِلَى عِبَادِكَ الْمُؤْمِنِينَ وَحَببْ إِلَيْهِمْ الْمُؤْمِنِينَ فَمَا خُلِقَ مُؤْمِنٌ يَسْمَعُ بِي وَلَا يَرَانِي إِلا أَحَبنِي.

8515 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئانام مۇشرىك ئىدى. مەن ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتىم. بىر كۈنى يەنە دەۋەت قىلغانىدىم، ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققىدە ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلدى. مەن يىغلىغان پېتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۈگۈنمۇ ئانامنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغانىدىم، سىنى ھاقارەتلەيدىغان سۆزلەرنى قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئانىسىنىڭ ھىدايىتىگە دۇئا قىلىپ قويساڭ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ﷲ! ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئانىسىغا ھىدايەت ئاتا قىلغىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن خۇشخەۋەر ئۈمىد قىلغان ھالدا ئۆيگە قايتتىم. ئىشىك تاقاق ئىدى. ئانام ئاياق ئاۋازىمنى ئاڭلاپ:

ــ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بىر ئاز ساقلاپ تۇرغىن! ــ دېدى. ئانام يۇيۇنۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، بېشىغا ياغلىق ئارتىپ چىقتى ۋە:

ــ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! مەن بىر ﷲتىن باشقا ئىلاھىنىڭ بەرھەق يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ﷲ تائالانىڭ بەندىسى ۋە ھەقىقىي پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. مەن خۇشاللىقتىن يىغلىغان ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردىم ۋە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! خۇشخەۋەر، ﷲ دۇئايىڭنى ئىجابەت قىلىپ، ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ئانىسىنى ھىدايەت قىلدى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ﷲقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتتى ۋە:

ــ ياخشى بوپتۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مۇئمىن بەندىلەرنىڭ مېنى ۋە ئانامنى قىزغىن سۆيۈشىگە، بىزنىڭمۇ ئۇلارنى قىزغىن سۆيۈشىمىزگە دۇئا قىلساڭ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ﷲ! مۇئمىن بەندىلىرىڭگە ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئانىسىنى قىزغىن سۆيدۈرگىن. ئۇلارغىمۇ مۇئمىن بەندىلىرىڭنى قىزغىن سۆيدۈرگىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. شۇڭا مېنى كۆرگەن ياكى ئاڭلىغان ھەرقانداق مۇئمىن كىشى مېنى قىزغىن دوست تۇتاتتى.

(مۇسلىم: 2491)

8516 ـ عَنْ الْجُعَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ رَأَيتُ السائِبَ بْنَ يَزِيدَ ابْنَ أَرْبَعٍ وَتِسْـعِينَ جَلْدًا مُعْتَدِلًا فَقَالَ قَدْ عَلِمْتُ مَا مُتِعْتُ بِهِ سَمْعِي وَبَصَرِي إِلا بِدُعَاءِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن خَالَتِي ذَهَبَتْ بِي إِلَيْهِ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن ابْنَ أُخْتِي شَاكٍ فَادْعُ اللهَ لَهُ قَالَ فَدَعَا لِي.

8516 ـ جۇئەيد ئىبنى ئابدۇرەھماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ 94 ياشقا كىرىپمۇ ناھايىتى تىمەن ۋە ساغلام تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدىنلا مۇشۇنداق تۇرۇۋاتىمەن. ھامام مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ: ”ئى رەسۇلۇللاھ! جىيەنىمنىڭ بېقىنىغا سانجىق تۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويساڭ“ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا دۇئا قىلىپ قويدى.

(بۇخارى: 3540)

8517 ـ عن أبي زَيْدِ بْنُ أَخْطَبَ قَالَ مَسَحَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ عَلَى وَجْهِي وَدَعَا لِي قَالَ عَزْرَةُ إِنهُ عَاشَ مِائَةً وَعِشْرِينَ سَنَةً وَلَيْسَ فِي رَأْسِهِ إِلا شَعَرَاتٌ بِيضٌ.

8517 ــ ئەبۇ زەيد ئىبنى ئەختەب مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزۈمنى سىلاپ قويدى ۋە مەن ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئەزرە مۇنداق دېگەن: ئۇ (يەنى ئەبۇ زەيد) 120 ياشقىچە ياشىغان بولسىمۇ، چېچىغا بىر تالمۇ ئاق كىرمىگەندى[1].

(تىرمىزى: 3629)

8518 ـ جابر: بينما كان مع النبى صلى الله عليه وسلم بالسوق إذا امرأة قالت بارسول الله إن زوجى لايقربنى ففرق بينى و بينه ومر زوجها فدعاه صلى الله عليه وسلم وأخذه قال: يارسول الله إن عهدى بها لهذه الليلة. فبكت المرأة و قالت: كذب فرق بينى وبينه فإنه أبغض خلق الله إلي فتبسم صلى الله عليه وسلم. ثم أخذ برأسه ورأسها فجمع بينهما وقال: اللهم أدن كل واحد من صاحبه فلبثنا ماشاء الله ثم مر صلى الله عليه وسلم

[1] ئەلبانى (2869): سەھىھ ـ دېگەن.

بالسوق فإذا كان بالمرأة. فلما رأته أقبلت إليه فقالت: يارسول الله والذى بعثك بالحق ما خلق بشر أحب إلي منه الآن.

8518 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بازاردا ئولتۇرساق، بىر ئايال كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئېرىم ماڭا يېقىنلاشمايدۇ، بىزنى ئايرىۋەتكىن (يەنى ئاجراشتۇرۇۋەتكىن)! ـ دېدى. دەل شۇ پەيتتە، ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىپ، ئەھۋالنى ئېيتقاندى، ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا ئىنئام قىلغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئايالىم بىلەن تېخى بۇ كېچە بىللە بولدۇم، ـ دېدى. ئۇ ئايال يىغلاپ تاشلىدى ۋە:

ـ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، ئىككىمىزنى ئايرىۋەتكىن. چۈنكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە ھەممىدىن بەك بۇ ئادەمدىن نەپرەتلىنىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە ئەكەلدى ـ دە:

ـ ئى ئاللاھ! بۇلارنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرغىن، بىر ـ بىرىنى سۆيدۈرگىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە بازاردا ئولتۇرساق، ئۇ ئايال يەنە كەلدى ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زاتقا قەسەم قىلىمەنكى، ھازىر ماڭا نىسبەتەن ئۇنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بىرى يوق، ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 1868)

---

[1] ھەيسەمى (13999): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن سەنەدىدىكى يۇسۇف ئىبنى مۇھەممەد مۇنكەدىر بەزىلەر تەرىپىدىن ھەدىسى زەئىپ دەپ قارالغان، ئەبۇ زۇرئە ئۇنىڭ ھەدىسى ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

8519 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال قال أبو جَهْلٍ هل يُعَفِّرُ مُحَمَّدٌ وَجْهَهُ بين أَظْهُـرِكُمْ قال فَقِيلَ نعم فقال وَاللاتِ وَالْعُزى لَئِنْ رَأَيْتُهُ يَفْعَلُ ذلك لَأَطَأَن على رَقَبَتِـهِ أو لَـأُعَفِّرَن وَجْهَهُ في التُّرَابِ قال فَأَتى رَسُولَ اللهِ ﷺ وهو يُصَلي زَعَمَ لِيَطَأَ على رَقَبَتِهِ قال فما فَجِئَهُمْ منه إلا وهو يَنْكُصُ على عَقِبَيْهِ وَيَتَّقِي بِيَدَيْهِ قال فَقِيلَ له مالك فقال إِن بَيْنِي وَبَيْنَهُ لَخَنْدَقًا من نَارٍ وَهَوْلًا وَأَجْنِحَةً فقال رسول اللهِ ﷺ لو دَنَا مِني لَاخْتَطَفَتْهُ الْمَلَائِكَةُ عُضْوًا عُضْـوًا قال فَأَنْزَلَ الله عز وجل لَا نَدْرِي في حديث أبي هُرَيْرَةَ أو شَيْءٌ بَلَغَهُ) كَلَّـا إن الْإِنْسَـانَ لَيَطْغَى أَنْ رَآهُ اسْتَغْنَى إن إلى رَبِّكَ الرُّجْعَى أَرَأَيْتَ الذي يَنْهَى عَبْدًا إذا صلى أَرَأَيْـتَ إن كان على الْهُدَى أو أَمَرَ بِالتقْوَى أَرَأَيْتَ إن كَذبَ وَتَوَلى (يَعْنِي أَبَا جَهْلٍ) أَلَمْ يَعْلَمْ بِـأَن اللهَ يَرَى كَلَّا لَئِنْ لم يَنْتَهِ لَنَسْفَعًا بِالناصِيَةِ نَاصِيَةٍ كَاذِبَةٍ خَاطِئَةٍ فَلْيَدْعُ نَادِيَهُ سَنَدْعُ الزَّبَانِيَـةَ كَلَّا لَا تُطِعْهُ.

8519 ـــ ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ جەھل:

ـ مۇھەممەد ئاراڭلاردا سەجدە قىلامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇنىڭغا:

ـ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بېرىلگەنىدى، ئۇ:

ـــ لات ۋە ئۇززا بىــلەن قەســەمكى، مەن ئۇنىــڭ ســەجدە قىلغىنىنــى كۆرسەم، گەدىنىگە دەسسەپ، يۈزىنى يەرگە سۈرۈۋېتىمەن، ـ دېدى. (بىـر كۈنى) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇۋاتقان چاغدا، ئەبۇ جەھل كېلىپ قالدى ـ دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ گەدىنىگە دەسسىمەكچى بولدى. لېكىن ئۇ قوللىرىنى شىلتىگەن ھالدا كەينىگە داجىدى. ئۇنىڭدىن:

ـ ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورالغانىدى:

ـ مۇھەممەد بىلەن مېنىڭ ئارامدا بىر ئوتلۇق ھاڭ پەيدا بولدى، ئاندىن قورقۇنچلۇق قانــاتلار (نىــڭ ماڭــا قــاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى) كۆردۈم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەگەر ئۇ ماڭــا يېقىنلاشقان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنى قىيما ـــ چىيما قىلىۋەتكەن بولاتتى، ـ دېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. شەك ـ شۈبھىسىز ئىنسان ئۆزىنى باي

ساناپ (اللهقا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ)، راستلا ھەددىدىن ئاشىدۇ. (ئى ئىنسان!) بارىدىغان يېرىڭ پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدۇر (قىلمىشىڭغا قاراپ جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ئېرىشىسەن). نامازنى ئوقۇۋاتقان بەندىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) توسقان ئادەمنىڭ (ھالىنى) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ماڭا (ئۇنىڭ ھالىنى) ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (ھەددىدىن ئاشقۇچى) (نامازنى توسۇشنىڭ ئورنىغا) توغرا يولدا بولغان بولسا، ياكى تەقۋادارلىققا ئەمر قىلغان بولسا، (بۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ياخشى بولماسمىدى؟) ماڭا ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟ ئەگەر ئۇ (قۇرئاننى) ئىنكار قىلسا، ئىماندىن (يۈز ئۆرۈسە)، اللهنىڭ (ئۇنى) كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىدىمۇ؟ ئۇ گۇمراھلىقتىن يانسۇن، ئەگەر ئۇ بۇنىڭدىن يانمىسا، چوقۇم ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن ـ يالغانچى گۇناھكارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ (جەھەننەمگە) سۆرەيمىز، ئۇ ئۆزىنىڭ سورۇنداشلىرىنى ياردەمگە چاقىرسۇن! بىز زابانىيلەر (يەنى جەھەننەمنىڭ كۈچلۈك ـ قاتتىق قول پەرىشتىلىرى)نى چاقىرىمىز. (بۇ فاجىر گۇمراھلىقتىن) يانسۇن! ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغىن، (اللهقا) سەجدە قىلغىن (شۇنىڭ بىلەن اللهقا) يېقىنلىق ھاسىل قىلغىن[①].

(مۇسلىم: 2797)

8520 ـ عن جَابِرِ بن عبد اللهِ قال غَزَوْنَا مع رسول اللهِ ﷺ غَزْوَةً قِبَلَ نَجْدٍ فَأَدْرَكْنَا رسول اللهِ ﷺ في وَادٍ كَثِيرِ الْعِضَاهِ فَنَزَلَ رسول اللهِ ﷺ تَحْتَ شَجَرَةٍ فَعَلَّقَ سَيْفَهُ بِغُصْنٍ من أَغْصَانِهَا قال وَتَفَرَّقَ الناس في الْوَادِي يَسْتَظِلُّونَ بِالشَّجَرِ قال فقال رسول اللهِ ﷺ إن رَجُلًا أَتَانِي وأنا نَائِمٌ فَأَخَذَ السَّيْفَ فَاسْتَيْقَظْتُ وهو قَائِمٌ على رَأْسِي فلم أَشْعُرْ إلا وَالسَّيْفُ صَلْتًا في يَدِهِ فقال لي من يَمْنَعُكَ مِنِّي قال قلت الله ثُمَّ قال في الثَّانِيَةِ من يَمْنَعُكَ مِنِّي قال قلت الله قال فَشَامَ السَّيْفَ فَهَا هو ذَا جَالِسٌ ثُمَّ لم يَعْرِضْ له رسول اللهِ ﷺ.

[①] سۈرە ئەلەق، 6 ـ دىن 19 ـ ئايەتكىچە.

8520 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە نەجد تەرەپكە يۈرۈش قىلدۇق. بىز قويۇق بىر دەرەخزارلىققا يېتىپ بېرىپ، ئارام ئېلىۋاتقىنىمىزدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىمىزدىن يېتىشىپ كەلدى ۋە بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ، قىلىچىنى دەرەخ شېخىغا ئېلىپ قويدى. باشقىلارمۇ سايىداش ئۈچۈن بىردىن دەرەخ ئاستىغا كەتتى... ھەدىسنىڭ ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن داۋاملىشىدۇ: ئۇخلاۋاتسام، بىرى كېلىپ، قىلىچىمنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئويغىنىپ كېتىپ قارىسام، قىلىچىم ئۇنىڭ قولىدا پارقىراپ تۇرغۇدەك. ئۇ:

ـ ئەمدى سېنى كىم قۇتۇلدۇرالايدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ الله، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىلىچنى قىنىغا سالدى. ئەنە ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغان ئادەم شۇ. ـ دېدى ۋە ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى.

(مۇسلىم: 843)

**8521** ـ عن جابر بن عبد الله عن النبي ﷺ قال دخلت البيت فاذا شيطان خلف الباب فخنقته حتى وجدت برد لسانه على يدي فلولا دعوة العبد الصالح لاصبح مربوطا يراه الناس.

8521 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەئبىگە كىرسەم، ئىشىكنىڭ كەينىدە شەيتان تۇرۇپتۇ. دەرھال ئۇنىڭ گېلىنى سىققاندىم، تىلىنىڭ سوغۇقىنى (قولۇمدا) ھېس قىلدىم. بىر سالىھ بەندىنىڭ (يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ) دۇئاسى بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇنى باغلاپ قويياتتىم ۋە ئەتىسى ئىنسانلار ئۇنى شۇ ھالەتتە كۆرگەن بولاتتى»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 5491)

[1] ھەيسەمى (13877): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر. ـ دېگەن.

## ئەھلى كىتابنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغان سوئاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ (ئۆزلىرىگە) بېرىلگەن جاۋابنى تەستىقلىشى

8522 ـ عن ثَوْبَانَ مَوْلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كُنتُ قَائِمًا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَاءَ حِبْرٌ مِنْ أَحْبَارِ الْيَهُودِ فَقَالَ السلَامُ عَلَيْكَ يَا مُحَمدُ فَدَفَعْتُهُ دَفْعَةً كَادَ يُصْرَعُ مِنْهَا فَقَالَ لِمَ تَدْفَعُنِي فَقُلْتُ أَلَا تَقُولُ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ الْيَهُودِي إنمَا نَدْعُوهُ بِاسْمِهِ الذِي سَماهُ بِهِ أَهْلُهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن اسْمِي مُحَمدٌ الذِي سَمانِي بِهِ أَهْلِي فَقَالَ الْيَهُودِي جِئْتُ أَسْأَلُكَ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيَنفَعُكَ شَيْءٌ إنْ حَدثْتُكَ قَالَ أَسْمَعُ بِأُذُني فَنَكَتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِعُودٍ مَعَهُ فَقَالَ سَلْ فَقَالَ الْيَهُودِي أَيْنَ يَكُونُ الناسُ يَوْمَ تُبَدلُ الْأَرْضُ غَيْرَ الْأَرْضِ وَالسمَوَاتُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هُمْ فِي الظلْمَةِ دُونَ الْجِسْرِ قَالَ فَمَنْ أَولُ الناسِ إجَازَةً قَالَ فُقَرَاءُ الْمُهَاجِرِينَ قَالَ الْيَهُودِي فَمَا تُحْفَتُهُمْ حِينَ يَدْخُلُونَ الْجَنةَ قَالَ زِيَادَةُ كَبِدِ النونِ قَالَ فَمَا غِذَاؤُهُمْ عَلَى إثْرِهَا قَالَ يُنْحَرُ لَهُمْ ثَوْرُ الْجَنةِ الذِي كَانَ يَأْكُلُ مِنْ أَطْرَافِهَا قَالَ فَمَا شَرَابُهُمْ عَلَيْهِ قَالَ مِنْ عَيْنٍ فِيهَا تُسَمى سَلْسَبِيلًا قَالَ صَدَقْتَ قَالَ وَجِئْتُ أَسْأَلُكَ عَنْ شَيْءٍ لَا يَعْلَمُهُ أَحَدٌ مِنْ أَهْلِ الْأَرْضِ إلا نَبِي أَوْ رَجُلٌ أَوْ رَجُلَانِ قَالَ يَنفَعُكَ إنْ حَدثْتُكَ قَالَ أَسْمَعُ بِأُذُني قَالَ جِئْتُ أَسْأَلُكَ عَنْ الْوَلَدِ قَالَ مَاءُ الرجُلِ أَبْيَضُ وَمَاءُ الْمَرْأَةِ أَصْفَرُ فَإِذَا اجْتَمَعَا فَعَلَا مَنِي الرجُلِ مَنِي الْمَرْأَةِ أَذْكَرَا بِإِذْنِ اللهِ وَإِذَا عَلَا مَنِي الْمَرْأَةِ مَنِي الرجُلِ آنَثَا بِإِذْنِ اللهِ قَالَ الْيَهُودِي لَقَدْ صَدَقْتَ وَإِنكَ لَنَبِي ثُم انْصَرَفَ فَذَهَبَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ سَأَلَنِي هَذَا عَنْ الذِي سَأَلَنِي عَنْهُ وَمَا لِي عِلْمٌ بِشَيْءٍ مِنْهُ حَتى أَتَانِيَ اللهُ بِهِ.

8522 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇراتتىم. يەھۇدىيلارنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى كېلىپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكە، ئى مۇھەممەد! ــ دېدى. مەن ئۇنى شۇنداق قاتتىق ئىتتىردىمكى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ماڭا:

ـ مېنى نېمىشقا ئىتتىرىسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ نېمىشقا: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى!“ دېمەيسەن؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ بىز ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى قويغان ئىسىم بىلەن چاقىرىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ:

ـ توغرا، ئاتا ـ ئانام ماڭا ”مۇھەممەد“ دەپ ئىسىم قويغان، ـ دېدى. ئۇ يەھۇدىي:

ــ مەن سەندىن سوئال سورىغىلى كەلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بەرگەن جاۋابىمنىڭ ساڭا پايدىسى بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ يەھۇدىي:

ــ قۇلاق سېلىپ ئاڭلايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى تاياق بىلەن يەرگە جىججىغاندىن كېيىن:

ـ قېنى سورىغىن! ـ دېدى.

ـ زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان كۈندە ئىنسانلار نەدە بولىدۇ؟

ـ پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ يېنىدا، قاراڭغۇلۇقتا بولىدۇ.

ـ (ئۇنىڭدىن) تۇنجى بولۇپ كىم ئۆتىدۇ؟

ـ مۇھاجىرلارنىڭ پېقىرلىرى ئۆتىدۇ.

ـ ئۇلار جەننەتكە كىرگەندە، مۇكاپاتى نېمە بولىدۇ؟

ـ بېلىقنىڭ جىگىرى (بولىدۇ).

ـ ئۇندىن كېيىنكى غىزاسىچۇ؟

ـ ئۇلارغا جەننەتنىڭ ئوت ـ چۆپلىرىدىن يېگەن جەننەت بۇقىسى بوغۇزلىنىدۇ.

ـ (ئۇلارنىڭ) ئىچىملىكىچۇ؟

ــ سەلسەبىل دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقتىن بولىدۇ.

ــ راست ئېيتتىڭ. مەن ئەمدى سەندىن يەر يۈزىدە پەقەت پەيغەمبەر ۋە بىر ياكى ئىككى كىشىلا بىلىدىغان ئىش توغرۇلۇق سورايمەن.

- بەرگەن جاۋابىمنىڭ ساڭا پايدىسى بولارمۇ؟

ــ قۇلاق سېلىپ ئاڭلايمەن. سوئالىم شۇ: بالا قانداق پەيدا بولىدۇ؟

ـــ ئەرنىڭ ئىسپېرمىسى ئېقىش، ئايالنىڭ سارغۇچ بولىدۇ. ئۇ ئىككىسى قوشۇلغاندا، ئەرنىڭ ئىسپېرمىسى ئۈستۈن كەلسە، تۆرەلمە اللهنىڭ ئىزنى بىلەن ئوغۇل بولىدۇ. ئايالنىڭ ئىسپېرمىسى ئۈستۈن كەلسە، تۆرەلمە اللهنىڭ ئىزنى بىلەن قىز بولىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان يەھۇدىي:

ــ راست ئېيتتىڭ، سەن ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنسەن، دېدى ــ دە، قايتىپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ يەھۇدىي سورىغان سوئاللار ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيتتىم، الله ماڭا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۆگەتتى، - دېدى.

(مۇسلىم: 315)

8523 ـ عَنْ صَفْوَانَ بْنِ عَسالٍ قَالَ قَالَ يَهُودِي لِصَاحِبِهِ اذْهَبْ بِنَا إِلى هَذَا النبِي قَالَ لَهُ صَاحِبُهُ لَا تَقُلْ نَبِي لَوْ سَمِعَكَ كَانَ لَهُ أَرْبَعَةُ أَعْيُنٍ فَأَتَيَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَأَلَاهُ عَنْ تِسْعِ آيَاتٍ بَينَاتٍ فَقَالَ لَهُمْ لَا تُشْرِكُوا بِاللهِ شَيْئًا وَلَا تَسْرِقُوا وَلَا تَزْنُوا وَلَا تَقْتُلُوا النفْسَ التِي حَرمَ اللهُ إِلا بِالْحَق وَلَا تَمْشُوا بِبَرِيءٍ إِلى ذِي سُلْطَانٍ وَلَا تَسْحَرُوا وَلَا تَأْكُلُوا الربَا وَلَا تَقْذِفُوا الْمُحْصَنَةَ وَلَا تَوَلوْا يَوْمَ الزحْفِ وَعَلَيْكُمْ خَاصةً يَهُودُ أَنْ لَا تَعْدُوا فِي السبْتِ فَقَبلُوا يَدَيْهِ وَرِجْلَيْهِ وَقَالُوا نَشْهَدُ أَنكَ نَبِي قَالَ فَمَا يَمْنَعُكُمْ أَنْ تَتبِعُونِي قَالُوا إِن دَاوُدَ دَعَا بِأَنْ لَا يَزَالَ مِنْ ذُريتِهِ نَبِي وَإِنا نَخَافُ إِنْ اتبَعْنَاكَ أَنْ تَقْتُلَنَا يَهُودُ.

8523 ــ سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر يەھۇدىي ھەمراھىغا:

ــ شۇ پەيغەمبەرنىڭ يېنىغا بىرىپ باقايلى! - دىگەنىدى، ھەمراھى ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنى پەيغەمبەر دېمىگىن. ئۇ ئاڭلاپ قالسا، بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ كېتىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن توققۇز مۆجىزە توغرۇلۇق سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن:

ــ اللهقا ھېچقانداق نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئوغرىلىق قىلماڭلار، زىنا قىلماڭلار، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، گۇناھسىز ئادەمنى پادىشاھقا چاقماڭلار، سېھىرگەرلىك قىلماڭلار، جازانە يېمەڭلار، ئىپپەتلىك ئاياللارغا قارا چاپلىماڭلار، جىھاد كۈنى قېچىپ كەتمەڭلار، بولۇپمۇ سىلەر يەھۇدىيلار شەنبە كۈنىدە اللهنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتمەڭلار! ــ دېدى. بۇلارنى ئاڭلىغان ئىككى يەھۇدىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى سۆيۈپ كەتتى ۋە:

ــ بىز سېنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سىلەرنىڭ ماڭا ئەگىشىشىڭلارغا نېمە توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ــ داۋۇد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەمىشە ئۆز ئەۋلادىدىن چىقىشىنى تىلىگەنىدى، بىز ساڭا ئەگەشسەك، (باشقا) يەھۇدىيلارنىڭ بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقىمىز، ـ دېيىشتى[1].

(نەسائى: 4078)

8524 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ بَلَغَ عَبْدَ اللهِ بْنَ سَلَامٍ مَقْدَمُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ فَأَتَاهُ فَقَالَ إِني سَائِلُكَ عَنْ ثَلَاثٍ لَا يَعْلَمُهُن إِلا نَبِي قَالَ مَا أَولُ أَشْرَاطِ الساعَةِ وَمَا أَولُ طَعَامٍ يَأْكُلُهُ أَهْلُ الْجَنةِ وَمِنْ أَي شَيْءٍ يَنزِعُ الْوَلَدُ إِلَى أَبِيهِ وَمِنْ أَي شَيْءٍ يَنزِعُ إِلَى أَخْوَالِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَبرَنِي بِهِن آنِفًا جِبْرِيلُ قَالَ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ ذَاكَ عَدُو الْيَهُودِ مِنْ الْمَلَائِكَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ

[1] ئەلبانى (275): زەئىپ، ـ دېگەن.

وَسَلمَ أما أولُ أشْرَاطِ الساعَةِ فَنارٌ تَحْشُرُ الناسَ مِنْ الْمَشْرِقِ إلَى الْمَغْرِبِ وَأما أولُ طَعَامٍ يَأكُلُهُ أهْلُ الْجَنةِ فَزِيَادَةُ كَبِدِ حُوتٍ وَأما الشبَهُ فِي الْوَلَدِ فَإن الرجُلَ إذَا غَشِيَ الْمَرْأةَ فَسَبَقَهَا مَاؤُهُ كَانَ الشبَهُ لَهُ وَإذَا سَبَقَ مَاؤُهَا كَانَ الشبَهُ لَهَا قَالَ أشْهَدُ أنكَ رَسُولُ اللهِ ثُم قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إن الْيَهُودَ قَوْمٌ بُهُتٌ إنْ عَلِمُوا بِإسْلَامِي قَبْلَ أنْ تَسْألَهُمْ بَهَتُونِي عِنْدَكَ فَجَاءَتْ الْيَهُودُ وَدَخَلَ عَبْدُ اللهِ الْبَيتَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أي رَجُلٍ فِيكُمْ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ قَالُوا أعْلَمُنَا وَابْنُ أعْلَمِنَا وَأخْبَرُنَا وَابْنُ أخْيَرِنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أفَرَأيْتُمْ إنْ أسْلَمَ عَبْدُ اللهِ قَالُوا أعَاذَهُ اللهُ مِنْ ذَلِكَ فَخَرَجَ عَبْدُ اللهِ إلَيْهِمْ فَقَالَ أشْهَدُ أنْ لَا إلَهَ إلا اللهُ وَأشْهَدُ أن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ فَقَالُوا شَرنَا وَابْنُ شَرنَا وَوَقَعُوا فِيهِ.

8524 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنىگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇللاھ ئىبنى سالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ:

ـــ مەن سەندىن پەيغەمبەردىن باشقا كىشى بىلمەيدىغان ئۈچ مەسىلە توغرىسىدا سورىماقچى. قىيامەتنىڭ دەسلەپكى ئالامىتى قايسى؟ جەننەت ئەھلى دەسلەپتە يەيدىغان تائام قايسى؟ نېمە سەۋەبتىن بالا ئاتىسىغا ئوخشايدۇ ۋە بەزىدە ئانا تەرەپ تاغىلىرىغا ئوخشاپ قالىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ تېخى بايىلا جىبرىئىل بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام:

ـ ئۇ (يەنى جىبرىئىل) يەھۇدىيلار دۈشمەن كۆرىدىغان پەرىشتىدۇر، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قىيامەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالامىتى شۇكى، پۈتۈن ئىنسانلارنى شەرقتىن غەربكە سۈرىدىغان بىر پارچە ئوت پەيدا بولىدۇ؛ جەننەت ئەھلى دەسلەپ يەيدىغان تائام بېلىق جىگىرىدۇر؛ بالىنىڭ كىمگە ئوخشىشىغا كەلسەك، ئەر كىشى ئايال كىشى بىلەن بىللە بولغاندا، مەنىيسى ئايالنىڭكىدىن بۇرۇن كەلسە، بالا ئەرگە ئوخشايدۇ. ئايالنىڭ

بۇرۇن كەلسە، بالا ئايالغا ئوخشايدۇ. ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام بۇنى ئاڭلاپ:

ـ مەن سېنىڭ اللهنىڭ رەسۇلى ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! يەھۇدىيلار بەكمۇ يالغانچى ۋە بوھتانچى مىللەت. سەن ئۇلاردىن مېنىڭ كىملىكىمنى سوراپ بولغىچە، مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلدۈرمىگىن. بولمىسا ئۇلار مېنى سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا قارىلايدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلماقچى بولدى. كۆپ ئۆتمەي، يەھۇدىيلار يېتىپ كەلدى، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام يوشۇرۇنۇۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلاردىن:

ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سالام قانداقراق كىشى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

ـ ئۇ بىزنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىمىز ھەم ئەڭ بىلىملىك كىشىمىزنىڭ ئوغلى. شۇنداقلا ئەڭ ئېسىل كىشىمىز ۋە ئەڭ ئېسىل كىشىمىزنىڭ ئوغلى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولسا، بۇنىڭغا قانداق قارايسىلەر؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

ـ الله ئۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىغاي! ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام (يوشۇرۇنۇۋالغان يېرىدىن) چىقىپ:

ـ ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ! ـ دەپ شاھادەت ئېيتىۋىدى، ئۇلار:

ـ بۇ بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئەڭ ئوسال كىشى ۋە ئەڭ ئوسال كىشىنىڭ ئوغلى، ـ دەپ تىللاشقا باشلىدى.

(بۇخارى: 3329)

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەرخىل مۆجىزىلىرى، ئۆمرى ۋە بالىلىرى ھەققىدىكى بايانلار

8525 ـ عن جابر: سِرْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى نَزَلْنَا وَادِيًا أَفْيَحَ فَذَهَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْضِي حَاجَتَهُ فَاتبَعْتُهُ بِإِدَاوَةٍ مِنْ مَاءٍ فَنَظَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَمْ يَرَ شَيْئًا يَسْتَتِرُ بِهِ فَإِذَا شَجَرَتَانِ بِشَاطِئِ الْوَادِي فَانْطَلَقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى إِحْدَاهُمَا فَأَخَذَ بِغُصْنٍ مِنْ أَغْصَانِهَا فَقَالَ انْقَادِي عَلَي بِإِذْنِ اللهِ فَانْقَادَتْ مَعَهُ كَالْبَعِيرِ الْمَخْشُوشِ الذِي يُصَانِعُ قَائِدَهُ حَتى أَتَى الشجَرَةَ الْأُخْرَى فَأَخَذَ بِغُصْنٍ مِنْ أَغْصَانِهَا فَقَالَ انْقَادِي عَلَي بِإِذْنِ اللهِ فَانْقَادَتْ مَعَهُ كَذَلِكَ حَتى إِذَا كَانَ بِالْمَنْصَفِ مِما بَيْنَهُمَا لَأَمَ بَيْنَهُمَا يَعْنِي جَمَعَهُمَا فَقَالَ الْتَئِمَا عَلَي بِإِذْنِ اللهِ فَالْتَأَمَتَا قَالَ جَابِرٌ فَخَرَجْتُ أُحْضِرُ مَخَافَةَ أَنْ يُحِس رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِقُرْبِي فَيَبْتَعِدَ وَقَالَ مُحَمدُ بْنُ عَبادٍ فَيَتَبَعدَ فَجَلَسْتُ أُحَدثُ نَفْسِي فَحَانَتْ مِني لَفْتَةٌ فَإِذَا أَنَا بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُقْبِلًا وَإِذَا الشجَرَتَانِ قَدْ افْتَرَقَتَا فَقَامَتْ كُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا عَلَى سَاقٍ فَرَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَفَ وَقْفَةً فَقَالَ بِرَأْسِهِ هَكَذَا وَأَشَارَ أَبُو إِسْمَعِيلَ بِرَأْسِهِ يَمِينًا وَشِمَالًا ثُم أَقْبَلَ فَلَما انْتَهَى إِلَي قَالَ يَا جَابِرُ هَلْ رَأَيْتَ مَقَامِي قُلْتُ نَعَمْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فَانْطَلِقْ إِلَى الشجَرَتَيْنِ فَاقْطَعْ مِنْ كُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا غُصْنًا فَأَقْبِلْ بِهِمَا حَتى إِذَا قُمْتَ مَقَامِي فَأَرْسِلْ غُصْنًا عَنْ يَمِينِكَ وَغُصْنًا عَنْ يَسَارِكَ قَالَ جَابِرٌ فَقُمْتُ فَأَخَذْتُ حَجَرًا فَكَسَرْتُهُ وَحَسَرْتُهُ فَانْذَلَقَ لِي فَأَتَيْتُ الشجَرَتَيْنِ فَقَطَعْتُ مِنْ كُل وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا غُصْنًا ثُم أَقْبَلْتُ أَجُرهُمَا حَتى قُمْتُ مَقَامَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرْسَلْتُ غُصْنًا عَنْ يَمِينِي وَغُصْنًا عَنْ يَسَارِي ثُم لَحِقْتُهُ فَقُلْتُ قَدْ فَعَلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فَعَم ذَاكَ قَالَ إِني مَرَرْتُ بِقَبْرَيْنِ يُعَذبَانِ فَأَحْبَبْتُ بِشَفَاعَتِي أَنْ يُرَفهَ عَنْهُمَا مَا دَامَ الْغُصْنَانِ رَطْبَيْنِ قَالَ فَأَتَيْنَا الْعَسْكَرَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا جَابِرُ نَادِ بِوَضُوءٍ فَقُلْتُ أَلَا وَضُوءَ أَلَا وَضُوءَ أَلَا

وَضُوءَ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا وَجَدْتُ فِي الركْبِ مِنْ قَطْرَةٍ وَكَانَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ يُبرِدُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَاءَ فِي أَشْجَابٍ لَهُ عَلَى حِمَارَةٍ مِنْ جَرِيدٍ قَالَ فَقَالَ لِيَ انطَلِقْ إِلَى فُلَانِ ابنِ فُلَانٍ الْأَنصَارِي فَانظُرْ هَلْ فِي أَشْجَابِهِ مِنْ شَيْءٍ قَالَ فَانطَلَقْتُ إِلَيْهِ فَنظَرْتُ فِيهَا فَلَمْ أَجِدْ فِيهَا إِلا قَطْرَةً فِي عَزْلَاءِ شَجْبٍ مِنْهَا لَوْ أني أُفْرِغُهُ لَشَرِبَهُ يَابِسُهُ فَأَتَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني لَمْ أَجِدْ فِيهَا إِلا قَطْرَةً فِي عَزْلَاءِ شَجْبٍ مِنْهَا لَوْ أني أُفْرِغُهُ لَشَرِبَهُ يَابِسُهُ قَالَ اذْهَبْ فَأْتِنِي بِهِ فَأَتَيْتُهُ بِهِ فَأَخَذَهُ بِيَدِهِ فَجَعَلَ يَتكَلمُ بِشَيْءٍ لَا أَدْرِي مَا هُوَ وَيَغْمِزُهُ بِيَدَيْهِ ثُم أَعْطَانِيهِ فَقَالَ يَا جَابِرُ نَادِ بِجَفْنَةٍ فَقُلْتُ يَا جَفْنَةَ الركْبِ فَأُتِيتُ بِهَا تُحْمَلُ فَوَضَعْتُهَا بَيْنَ يَدَيْهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهِ فِي الْجَفْنَةِ هَكَذَا فَبَسَطَهَا وَفَرقَ بَيْنَ أَصَابِعِهِ ثُم وَضَعَهَا فِي قَعْرِ الْجَفْنَةِ وَقَالَ خُذْ يَا جَابِرُ فَصُب عَلَي وَقُلْ بِاسْمِ اللهِ فَصَبَبْتُ عَلَيْهِ وَقُلْتُ بِاسْمِ اللهِ فَرَأَيْتُ الْمَاءَ يَفُورُ مِنْ بَيْنِ أَصَابِعِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم فَارَتْ الْجَفْنَةُ وَدَارَتْ حَتى امْتَلَأَتْ فَقَالَ يَا جَابِرُ نَادِ مَنْ كَانَ لَهُ حَاجَةٌ بِمَاءٍ قَالَ فَأَتى الناسُ فَاسْتَقَوْا حَتى رَوُوا قَالَ فَقُلْتُ هَلْ بَقِيَ أَحَدٌ لَهُ حَاجَةٌ فَرَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ مِنْ الْجَفْنَةِ وَهِيَ مَلْأَى وَشَكَا الناسُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجُوعَ فَقَالَ عَسَى اللهُ أَنْ يُطْعِمَكُمْ فَأَتَيْنَا سِيفَ الْبَحْرِ فَزَخَرَ الْبَحْرُ زَخْرَةً فَأَلْقَى دَابةً فَأَوْرَيْنَا عَلَى شِقهَا النارَ فَاطبَخْنَا وَاشْتَوَيْنَا وَأَكَلْنَا حَتى شَبِعْنَا قَالَ جَابِرٌ فَدَخَلْتُ أَنَا وَفُلَانٌ وَفُلَانٌ حَتى عَد خَمْسَةً فِي حِجَاجِ عَيْنِهَا مَا يَرَانَا أَحَدٌ حَتى خَرَجْنَا فَأَخَذْنَا ضِلَعًا مِنْ أَضْلَاعِهِ فَقَوسْنَاهُ ثُم دَعَوْنَا بِأَعْظَمِ رَجُلٍ فِي الركْبِ وَأَعْظَمِ جَمَلٍ فِي الركْبِ وَأَعْظَمِ كِفْلٍ فِي الركْبِ فَدَخَلَ تَحْتَهُ مَا يُطَأْطِئُ رَأْسَهُ.

8525ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مېڭىپ پايانسىز بىر ۋادىدا توختىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەتنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن ماڭدى، مەنمۇ بىر ئىۋرىقتا سۇ ئېلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم. ئەتراپتا دالدىلانغۇدەك بىر نەرسە كۆرۈنمەيتتى. بىردىنلا ۋادىنىڭ نېرىسىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆردى ـ دە، ئۇ دەرەخلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرىنىڭ شېخىنى تۇتۇپ:

ــ ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن بويسۇنغىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شاخ يۇرنىغا چۇلۇك سېلىنغان ۋە ئىگىسىگە تازا كۆندۈرۈلمىگەن تۆگىدەك ئېگىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر تۈپ دەرەخنىڭ شېخىدىن بىرنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغىمۇ:

ــ ﷲنىڭ ئىزنى بىلەن بويسۇنغىن! ـ دېدى. ئۇمۇ شۇنداق قىلدى. ئىككىسى ئېگىلىپ يېرىم بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ گىرەلىشىڭلار! ــ دېدى. ئىككى شاخ گىرەلىشىپ، ئەتراپىنى يۆتۈنلەي توسىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېنىڭ يېقىندا ئىكەنلىكىمنى بىلىپ، يىراقلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يۈگۈرۈپ كەتتىم ۋە بىر يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە گەپ قىلىشقا باشلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن، كۆزۈمگە غىل ـ پال بىر نەرسە كۆرۈنگەندەك قىلدى، قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىۋاتقانىكەن. دەرەخ شاخلىرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ، ئەسلى ھالىتىگە قايتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېقىنلىشىپ كېلىپ، بىر يەردە توختىدى ۋە بېشىنى ئوڭ ۋە سولغا بىردەم قارىۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ئى جابىر! ھازىر تۇرغان ئورنۇمنى كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شۇ دەرەخلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھەر بىرىدىن بىردىن شاخ كەسكىن. ئاندىن ھازىر مەن تۇرغان جايغا ئېلىپ كېلىپ، بىرىنى ئوڭ تەرەپكە، يەنە بىرىنى سول تەرەپكە تىكىپ قويغىن! ــ دېدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بىر تال تاشنى قولۇمغا ئالدىم ۋە ئۇنى چېقىپ، (سۈركەپ) ئۆتكۈرلەشتۈردۈم. ئاندىن دەرەخنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىككى تال شاخ كەستىم. ئاندىن ئۇ ئىككىسىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇرغان جايغا ئېلىپ بېرىپ، ئوڭ تەرەپكە بىرنى، سول تەرەپكە يەنە بىرنى تىكتىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىشىۋېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمرىڭنى بىجا كەلتۈردۈم. مېنى نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلىشقا بۇيرىدىڭ؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن ئۇ يەردە ئىچىدىكىلەر ئازابلىنىۋاتقان ئىككى قەبرىنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم قالدىم. مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن ئۇلارنىڭ (سەن تىككەن) ھۆل شاخلار قۇرۇپ كەتكىچە بولسىمۇ ئارام تېپىشىنى ئۈمىد قىلدىم، - دېدى. يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەسكەرلەر يىغىلغان يەرگە يېتىپ باردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى جابىر! سۇ ئەكەلگىن! - دېدى. مەن:

- دىققەت! تاھارەت سۈيى بارمۇ؟ - دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدىم. لېكىن ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. ئەنسارىيلاردىن بىرى بىر تال ياغاچ ئاسقۇغا ئېسىۋالغان كونا تۇلۇمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۇ سوۋۇتۇپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇنى يادىغا ئېلىپ):

ــ ئۇ ئەنسارىينىڭ يېنىغا بېرىپ باققىن! بەلكىم ئۇنىڭدا سۇ بولۇشى مۇمكىن، - دېدى. ئۇنىڭ يېنىغا باردىم، تۇلۇمنىڭ ئاستىدا ئازغىنە سۇ قالغانىكەن، ئۇ سۇنى قاچىغا قۇيسام، تۇلۇمنىڭ قۇرۇپ كەتكەن يەرلىرىنىڭ ئۇ سۇنى سۈمۈرۈۋېلىشىدىن ئەنسىرىدىم - دە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ تۇلۇمنى يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن! ــ دېدى. تۇلۇمنى ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇلۇمنى مۇبارەك قولىغا ئېلىپ، مەن بىلمەيدىغان دۇئالارنى قىلغاندىن كېيىن سىقتى، ئاندىن:

- ئى جابىر! چوڭ قاچا كەلتۈرگىن! - دېدى. مەن دەرھال:

- ئى قوشۇننىڭ سۇچىسى! ــ دەپ ۋارقىرىدىم. دەرھال چوڭ قاچا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولىنى ئۇ قاچىغا سېلىپ، بارماقلىرىنى ئاچقان ھالدا تېگىگە تەگكۈزدى. ئاندىن:

- ئى جابىر! تۇلۇمدىكى سۇنى "بىسمىللاھ" دەپ بۇنىڭغا تۆككىن! ــ دېدى. "بىسمىللاھ" دەپ تۆكۈشكە باشلىدىم، سۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن خۇددى بۇلاقتىن چىققاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدە چوڭ قاچا لىق تولدى. ئاندىن:

ــ ئى جابىر! سۇغا ئېھتىياجى بارلارنى چاقىرغىن! ــ دېدى. ھەممەيلەن دۇررىدە يېتىپ كەلدى ۋە سۇدىن قانغۇچە ئىچتى.

ــ سۇ ئىچمىگەنلەر بارمۇ؟ - دەپ ۋارقىرىدىم، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى قاچىدىن چىقاردى. قاچا يەنە لىپمۇ لىق تۇراتتى.

كېيىن، كىشىلەر ئاچلىقتىن شىكايەت قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- الله يات يېقىندا سىلەرگە تائام ئاتا قىلغاي! - دېدى. نىھايەت، دېڭىز بويىغا يېتىپ باردۇق. دېڭىز دولقۇنلىرى ناھايىتى يوغان بىر مەخلۇقنى ساھىلغا چىقىرىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ يېرىمىغا ئوت يېقىپ پىشۇردۇق ۋە تويغۇچە يېدۇق. مەن، پالانچى ۋە پالانچى (بەش كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى) ئۇنىڭ كۆز سۆڭىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرساق، بىزنى ھېچكىم كۆرەلمىدى. قوۋۇرغىلىرىدىن بىرىنى ئاجرىتىپ، يا شەكلىدە تىكلىدۇق. ئاندىن ئىچىمىزدىكى ئەڭ بەستلىك ئادەمنى ئەڭ يوغان تۆگىگە مىندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزدۇق. ئۇ بېشىنى ئەگمەيلا ئۆتۈپ كەتتى.

(مۇسلىم: 3015)

8526 ـ وفي رواية: فَرَكِبْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَسُولُ اللهِ بَيْنَنَا كَأَنمَا عَلَيْنَا الطيْرُ تُظِلنَا فَعَرَضَتْ لَهُ امْرَأَةٌ مَعَهَا صَبِي لَهَا فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن ابْنِي هَذَا يَأْخُذُهُ الشيْطَانُ كُل يَوْمٍ ثَلَاثَ مِرَارٍ قَالَ فَتَنَاوَلَ الصبِي فَجَعَلَهُ بَيْنَهُ وَبَيْنَ مُقَدمِ الرحْلِ ثُم قَالَ اخْسَأْ عَدُو اللهِ أَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اخْسَأْ عَدُو اللهِ أَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثًا ثُم دَفَعَهُ إِلَيْهَا فَلَما قَضَيْنَا سَفَرَنَا مَرَرْنَا بِذَلِكَ الْمَكَانِ فَعَرَضَتْ لَنَا الْمَرْأَةُ مَعَهَا صَبِيهَا وَمَعَهَا كَبْشَانِ تَسُوقُهُمَا فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ اقْبَلْ مِني هَدِيتِي فَوَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق مَا عَادَ إِلَيْهِ بَعْدُ فَقَالَ خُذُوا مِنْهَا وَاحِدًا وَرُدوا عَلَيْهَا الْآخَرَ.

8526 - يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: (ئىككى تال شاخنى يەرگە تىككەندىن كېيىن) ئۇلاغلىرىمىزغا مىنىپ، يولغا چىقتۇق.

بالىسىنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغان بىر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بالامغا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم جىن چاپلىشىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزى بىلەن ئىگەرنىڭ ئارىسىغا قويىدى ۋە ئۈچ قېتىم:

ــ ئى اللهنىڭ دۈشمىنى، خارلانغان ھالدا چىقىپ كەت! مەن اللهنىڭ پەيغەمبىرىدۇرمەن، ـ دېدى. ئاندىن بالىنى ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەردى. سەپىرىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ قايتقىنىمىزدا، يەنە شۇ جايدىن ئۆتتۇق. ئۇ ئايال يەنە ئالدىمىزنى توستى، بالىسى يېنىدا ئىدى. ئۆزلىرى بېقىۋاتقان ئىككى تۇياق قوچقارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سوۋغىتىمنى قوبۇل قىلغىن. سېنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شۇندىن بېرى جىن بالامغا قايتا چاپلاشمىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ قويلاردىن بىرنى ئېلىپ، بىرنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار! ـ دېدى.
(دارىمى: 17)

8527 ـ عَنْ رَجُلٍ مَنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَما أَمَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِحَفْرِ الْخَنْدَقِ عَرَضَتْ لَهُمْ صَخْرَةٌ حَالَتْ بَيْنَهُمْ وَبَيْنَ الْحَفْرِ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَخَذَ الْمِعْوَلَ وَوَضَعَ رِدَاءَهُ نَاحِيَةَ الْخَنْدَقِ وَقَالَ تَمتْ كَلِمَةُ رَبكَ صِدْقًا وَعَدْلًا لَا مُبَدلَ لِكَلِمَاتِهِ وَهُوَ السمِيعُ الْعَلِيمُ فَنَدَرَ ثُلُثُ الْحَجَرِ وَسَلْمَانُ الْفَارِسِي قَائِمٌ يَنْظُرُ فَبَرَقَ مَعَ ضَرْبَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَرْقَةٌ ثُم ضَرَبَ الثانِيَةَ وَقَالَ تَمتْ كَلِمَةُ رَبكَ صِدْقًا وَعَدْلًا لَا مُبَدلَ لِكَلِمَاتِهِ وَهُوَ السمِيعُ الْعَلِيمُ فَنَدَرَ الثلُثُ الْآخَرُ فَبَرَقَتْ بَرْقَةٌ فَرَآهَا سَلْمَانُ ثُم ضَرَبَ الثالِثَةَ وَقَالَ تَمتْ كَلِمَةُ رَبكَ صِدْقًا وَعَدْلًا لَا مُبَدلَ لِكَلِمَاتِهِ وَهُوَ السمِيعُ الْعَلِيمُ فَنَدَرَ الثلُثُ الْبَاقِي وَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخَذَ رِدَاءَهُ وَجَلَسَ قَالَ سَلْمَانُ يَا رَسُولَ اللهِ رَأَيْتُكَ حِينَ ضَرَبْتَ مَا تَضْرِبُ ضَرْبَةً إِلا كَانَتْ مَعَهَا بَرْقَةٌ قَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا سَلْمَانُ رَأَيْتَ ذَلِكَ فَقَالَ

إِي وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فَإني حِينَ ضَرَبْتُ الضرْبَةَ الْأُولَى رُفِعَتْ لِي مَدَائِنُ كِسْرَى وَمَا حَوْلَهَا وَمَدَائِنُ كَثِيرَةٌ حَتى رَأَيْتُهَا بِعَيْنَي قَالَ لَهُ مَنْ حَضَرَهُ مِنْ أَصْحَابِهِ يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللهَ أَنْ يَفْتَحَهَا عَلَيْنَا وَيُغَنمَنَا دِيَارَهُمْ وَيُخَربَ بِأَيْدِينَا بِلَادَهُمْ فَدَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِذَلِكَ ثُم ضَرَبْتُ الضرْبَةَ الثانِيَةَ فَرُفِعَتْ لِي مَدَائِنُ قَيْصَرَ وَمَا حَوْلَهَا حَتى رَأَيْتُهَا بِعَيْنَي قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللهَ أَنْ يَفْتَحَهَا عَلَيْنَا وَيُغَنمَنَا دِيَارَهُمْ وَيُخَربَ بِأَيْدِينَا بِلَادَهُمْ فَدَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِذَلِكَ ثُم ضَرَبْتُ الثالِثَةَ فَرُفِعَتْ لِي مَدَائِنُ الْحَبَشَةِ وَمَا حَوْلَهَا مِنْ الْقُرَى حَتى رَأَيْتُهَا بِعَيْنَي قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ ذَلِكَ دَعُوا الْحَبَشَةَ مَا وَدَعُوكُمْ وَاتْرُكُوا الترْكَ مَا تَرَكُوكُمْ.

8527 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى مۇنداق رىۋايەت قىلغان: خەندەك ئۇرۇشى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك كولاشقا بۇيرىدى. ساھابىلەر يەرنى كولاۋېتىپ، غايەت زور بىر تاشقا دۇچ كېلىپ قالدى ـ دە، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى مىدىرلىتالماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەھۋالنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىغا بازغاننى ئالدى ۋە يەكتەكنى خەندەكنىڭ قىرىغا قويۇپ: پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. الله (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[①] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تاشنى بازغانلىغاندى، تاشنىڭ ئۈچتىن بىرى يېمىرىلىپ چۈشتى. سەلمان فارىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدا قاراپ تۇراتتى، ئۇ تاشتىن چاقناپ چىققان نۇرنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم: پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستتۇر، ناھايىتى توغرىدۇر، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھېچ كىشى يوقتۇر. الله (بەندىلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر دېگەن ئايەتنى

[①] سۈرە ئەنئام، 115 ـ ئايەت.

ئوقــۇپ (تاشــنى) بازغانلىغانـــدى، تاشـــنىڭ يەنە ئــۈچتــن بــــرى يېمىرىلىــپ چۈشتى. سەلمان فارىسى تاشتىن يەنە بىــر قېتىم نـۇر چاقنــاپ چىققــانلىقىنى كــۆردى. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام ئــۈچىنچى قېتىم يەنە: پەرۋەردىگارىڭنىــڭ سۆزى ناھــايىتى راستتۇر، ناھــايىتى توغرىــدۇر، ئۇنىــڭ سـۆزىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھــېچ كىشى يوقتــۇر. الله (بەندىلەرنىڭ سـۆزلىرىنى) ئـاڭلاپ تۇرغۇچىــدۇر، (ئەھــۋالىنى) بىلىــپ تۇرغۇچىدۇر دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بازغاننى ئۇرغانىدى، تاشنىڭ قالغان ئۈچتىــن بىرىمۇ پۈتۈنلەي كۆكۈم ـ تالقان بولۇپ كەتتى. سەلمان تاشتىن يەنە نۇر چاقنىغىنىنى كــۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسســالام خەندەكتىن چىقىپ، تونىنى ئېلىپ ئولتۇردى. سەلمان:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! تاشقا ھەر بىــر ئۇرغىنىڭدا بىــر نۇرنىــڭ چاقنــاپ چىققانلىقىنى كۆردۈم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى سەلمان! نۇرنى كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، سەلمان:

ـــ ھەئە، سىنى ھەق پەيغەمــبەر قىلىــپ ئەۋەتكەن زاتنىــڭ نــامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ نۇرنى كۆردۈم، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ بىرىنچى قېتىم ئۇرغىنىمدا، كىسرانىڭ شەھەرلىرى بىــلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەر ـ يېزىلار ماڭا كۆرسىتىلدى، مەن ئۇلارنى ئــۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ـ دېدى. ئەتراپتا تۇرغان ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئۇ يەرلەرنى فەتھ قىلىشىمىز، ئۇلارنىــڭ يۇرتلىرىنى ئېلىشىمىز ۋە ئۇلارنى ئــۆز قوللىرىمىز بىــلەن خــانىۋەيران قىلىۋېتىشىمىز ئۈچۈن الله تائالاغا دۇئا قىلغىــن! ـ دېدى. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ئىككىنچى قېتىم ئۇرغىنىمدا ماڭــا قەيسەرنىڭ شــەھەرلىرى بىــلەن ئۇنىــڭ ئەتراپىدىكى شــەھەرلەر كۆرسىتىلدى، مەن ئــۇلارنى ئــۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ـ دېدى. ساھابىلەر يەنە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئۇ يەرلەرنى فەتھ قىلىشىمىز، ئۇلارنىــڭ يۇرتلىرىنى ئېلىشىمىز ۋە ئــۇلارنى ئــۆز قوللىرىمىز بىــلەن خــانىۋەيران

قىلىۋېتىشىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئاندىن:

ــــ ئۈچىنچى قېتىم ئۇرغىنىمدا، ھەبەشىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزا ـ قىشلاقلار كۆرسىتىلدى، مەن ئۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۇم. ئەمما ھەبەشىستانلىقلار سىلەرگە چېقىلمىسىلا، ئۇلارغا چېقىلماڭلار. شۇنداقلا تۈركلەرمۇ سىلەرگە چېقىلمىسىلا، سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلماڭلار! ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3176)

8528 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ بَيْنَمَا نَحْنُ مَعَ رَسُولِ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ بِمِنًى إِذَا انْفَلَقَ الْقَمَرُ فِلْقَتَيْنِ فَكَانَتْ فِلْقَةٌ وَرَاءَ الْجَبَلِ وَفِلْقَةٌ دُونَهُ فَقَالَ لَنَا رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «اشْهَدُوا».

8528 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مىنادا تۇرساق، ئاي ئىككىگە بۆلۈندى. بىر پارچىسى تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدە، يەنە بىر پارچىسى ئالدى تەرىپىدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2800)

8529 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّهُ حَدَّثَهُمْ أَنَّ أَهْلَ مَكَّةَ سَأَلُوا رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنْ يُرِيَهُمْ آيَةً فَأَرَاهُمُ انْشِقَاقَ الْقَمَرِ.

8529 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزلىرىگە بىر مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئاينىڭ يېرىلىشىنى كۆرسەتتى.

(بۇخارى: 3637)

---

[1] ئەلبانى (2976): ھەسەن، ـ دېگەن.

8530 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ انْشَق الْقَمَرُ وَنَحْنُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ فَصَارَ فِرْقَتَيْنِ. فَقَالُوا سَحَرَنَا مُحَمدٌ فقال بَعْضُهُمْ لَئِنْ كان سَحَرَنَا ما يَسْتَطِيعُ أَنْ يَسْـحَرَ الناس كُلهُمْ. زاد رزين: فكانو يتلقون الركبان فيخ∃و∃م بأ∃م قد رأوه فيكذبو∃م.

8530 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئاي ئىككىگە بۆلۈنگەنىدى.

(بۇخارى: 4865)

شۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر:

ـ مۇھەممەد بىزنى سېھىرلىدى، ـ دېدى. بەزىلەر:

ـــ بىزنى سېھىرلىگەن بولسىمۇ، ھەممە ئادەمنى سېھىرلەپ بولالمايدۇ، ـ دېدى.

(ئەھمەد: 16308)

رەزىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: ئۇلار (يەنى قۇرەيشلەر) مەككىگە كەلگەن كارۋانلارنى كۈتۈۋېلىپ، ئۇلاردىن (ئاينىڭ بۆلۈنۈشى توغرۇلۇق) سورىغانىدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاينىڭ بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن قۇرەيشلەر ئۇلارغىمۇ ئىشەنمىدى.

8531 ـ عن أَسْمَاءَ بنتِ عُمَيْسٍ أَنّ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم صلى الظهْرَ بِالصهْبَاءِ ثُم أَرْسَلَ عَلِيا في حَاجَةٍ فَرَجَعَ وقد صلى النبي صلى اللهُ عليه وسـلم الْعَصْـرَ فَوَضَعَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم رَأْسَهُ في حِجْرِ عَلِي فَنَامَ فلم يُحَرِكْهُ حتى غَابَتِ الشمْسُ فقال النبي صلى اللهُ عليه وسلم اللهُم ان عَبْدَكَ عَلِيا احْتَبَسَ بنفْسِهِ على نَبِيِهِ فَـرُد عليـه الشمس قالت فَطَلَعَتْ عليه الشمْسُ حتى رُفِعَتْ على الْجِبَالِ وَعَلَى الأَرْضِ وَقَـامَ عَلِـي فَتَوَضأَ وَصَلى الْعَصْرَ ثُم غَابَتْ وَذَلِكَ بِالصهْبَاءِ.

8531 ـ ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن نامىزىنى سەھبادا ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئەلىنى بىر ئىشقا ئەۋەتتى. ئەلى

قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى ئەلىنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ ئۇخلاپ قالدى ۋە كۈن ئولتۇرغىچە ئورنىدىن تۇرمىدى. (ئويغانغاندىن) كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى اﷲ! بەندەڭ ئەلى ئۆزىنى پەيغەمبىرىڭ ئۈچۈن تۇتۇپ بەردى، شۇڭا قۇياشنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگىن! ــ دېدى. قۇياش كەينىگە قايتىپ، تاغ ۋە زېمىنغا نۇر چاچتى. ئەلى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسىر نامىزىنى ئوقۇۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇياش قايتىدىن پاتتى، بۇ ئىش سەھبادا يۈز بەرگەنىدى.[1]

(«ئەلكەبىر»: 24/144، 145)

8532 ــ وفي رواية: كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إذا نَزَلَ عليه الْـوَحْيُ كَادَ يُغْشَى عليه فَأُنزِلَ عليه يَوْمًا وهو في حِجْرِ عَلِي فقال له رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم صَلَّيتَ الْعَصْرَ يا عَلِي قال لا يا رَسُولَ اللهِ فَدَعَا اللهَ فَرَد عليه الشمْسَ حتى صلى الْعَصْرَ قالت فَرَأَيتُ الشمْسَ طَلَعَتْ بعد ما غَابَتْ حين رُدتْ حتى صلى الْعَصْرَ.

8532 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى نازىل بولغاندا، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالاتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ياتاتتى، شۇ ئەسنادا ۋەھيى نازىل بولدى. (ۋەھيى توختىغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بېشىنى كۆتۈرۈپ):

ــ ئى ئەلى! ئەسىر نامىزىنى ئوقۇدۇڭمۇ؟ ــ دەپ سورىدى. ئەلى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئوقۇمىدىم، ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام اﷲقا دۇئا قىلىپ، ئەلى ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە، قۇياشنى كەينىگە قايتۇرۇشنى سورىدى.. مەن (ئەسما) قۇياشنىڭ

[1] ھەيسەمى (14097): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبراھىم ئىبنى ھەسەندىن قىلىنغان رىۋايىتىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئىبنى ھىببان: "ئىبراھىم ئىبنى ھەسەن ئىشەنچلىك كىشىدۇر" دېگەن. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلمەيمەن، ــ دېگەن.

ئولتـۇرۇپ بولغانـدىن كېيىـن (قايتـا) چىقىـپ، ئەلـى ئەسـىر نـامـىزىنى ئوقۇپ بولغىچە (كۈتۈپ) تۇرغانلىقىنى كۆردۇم[1].

(«ئەلكەبىر»: 152/24)

8533 ـ عَنْ مُجَاهِدٍ قَالَ قَالَتْ عَائِشَةُ كَانَ لِآلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَحْشٌ فَإِذَا خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَعِبَ وَاشْتد وَأَقْبَلَ وَأَدْبَرَ فَإِذَا أَحَس بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ دَخَلَ رَبَضَ فَلَمْ يَتَرَمْرَمْ مَا دَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْبَيتِ كَرَاهِيَةَ أَنْ يُؤْذِيَهُ.

8533 ـ مۇجاھىــددىن رىـۋايەت قىلىنىــدۇكى، ئائىشــە رەزىيەللاھـۇ ئەنها مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىـدە بىـر ھـايۋان بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقىـپ كەتسـە، ئـۇ ھـايۋان ئــۆي ئىچىنــى بىشــىغا كىيىــپ، توختىمــاي ســەكرەپ ئوينــايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيسا، دەرھال ئېغىلىغا كىرىپ كېتەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيدىلا بولسا، ئۇنى بىئارام قىلماسلىق ئۈچۈن مىدىر ـ سىدىر قىلمايتتى[2].

(ئەھمەد: 24297؛ مەۋسىلى، بەززار ۋە «ئەلئەۋسەت»)

8534 ـ عن ابن عَبَاسٍ قال أَقَامَ رسول اللهِ ﷺ بِمَكَةَ ثَلَاثَ عَشْرَةَ سَنَةً يُـوحَى إليه وَبِالْمَدِينَةِ عَشْرًا وَمَاتَ وهو بن ثَلَاثٍ وَسِتِينَ سَنَةً.

8534 ـ ئىبنـى ئابباس رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمـادىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىــدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە 13 يىـل تـۇردى، بـۇ جەرياندا ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل بولۇپ تـۇردى، مەدىنىـدە 10 يىـل تـۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 63 يېشىدا ۋاپات بولدى.

(مۇسلىم: 2351)

[1] ھەيسەمى: يۇقىرىقىدىكىگە ئوخشاش باھا بېرىلگەن.

[2] ھەيسەمى (14152): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلاردىن ئەنەسنىڭ جىيەنى ھەفس ئىشەنچلىك، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8535 ـ عن ابن عَباسٍ قال أقَامَ رسول اللهِ ﷺ بِمَكةَ خَمْسَ عَشْرَةَ سَنَةً يَسْـمَعُ الصوْتَ وَيَرَى الضوْءَ سَبْعَ سِنِينَ ولا يَرَى شيئا وَثَمَانَ سِنِينَ يُوحَى إليه وَأَقَـامَ بِالْمَدِينَـةِ عَشْرًا.

8535 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مەككىدە 15 يىل تۇردى. يەتتە يىل جەريانىدا غايىبتىن ئاۋاز ئاڭلايتتى ۋە كۆزىگە نۇر كۆرۈنەتتى. قالغان سەككىز يىلدا ھېچ نېمە كۆرۈنمىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ۋەھيى نازىل قىلىندى. مەدىنىدە 10 يىل تۇردى.

(مۇسلىم: 2353)

8536 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ بُعِثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ لِأَرْبَعِينَ سَنَةً فَمَكُثَ بِمَكةَ ثَلَاثَ عَشْرَةَ سَنَةً يُوحَى إِلَيْهِ ثُم أُمِرَ بِالْهِجْرَةِ فَهَاجَرَ عَشْرَ سِنِينَ وَمَاتَ وَهُوَ ابْنُ ثَلَاثٍ وَسِتينَ.

8536 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 40 يېشىدا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلدى ۋە مەككىدە 13 يىلنى ئۆتكۈزدى، بۇ جەرياندا ۋەھيى نازىل بولۇپ تۇردى. ئاندىن ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى ۋە مەدىنىدە 10 يىل تۇرۇپ، 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

(بۇخارى: 3902)

8537 ـ عَنْ عَمْرٍو قَالَ قُلْتُ لِعُرْوَةَ كَمْ لَبِثَ النبِى ـصلى الله عليـه وسلمـ ـ بِمَكةَ قَالَ عَشْرًا. قُلْتُ فَإِن ابْنَ عَباسٍ يَقُولُ بِضْعَ عَشْرَةَ. قَالَ فَغفرَهُ وَقَالَ إنمَا أَخَذَهُ مِـنْ قَوْلِ الشاعِرِ.

8537 ـ ئەمردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۇرۋەدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدە قانچىلىك تۇردى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ 10 يىل، ـ دېدى. مەن:

ـ ئىبنى ئاbbاسنىڭ 10 نەچچە يىل دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېسەم، ئۇ ئىبنى ئاbbاسقا الله تائالادىن مەغپىرەت تىلىگەندىن كېيىن:

ـ ئىبنى ئاbbاس بۇنى شائىرنىڭ سۆزىدىن ئالغان، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2350)

8538 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ ابْنُ ثَلَاثٍ وَسِتِينَ وَأَبو بَكْرٍ وَهُوَ ابْنُ ثَلَاثٍ وَسِتِينَ وَعُمَرُ وَهُوَ ابْنُ ثَلَاثٍ وَسِتِينَ.

8538 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 63 يېشىدا ۋاپات بولدى، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرمۇ ھەم 63 يېشىدا قەبزى روھ قىلىندى.

(مۇسلىم: 2348)

8539 ـ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ أَنَّهُ قَالَ سَمِعْتُهُ يَخْطُبُ يَقُولُ مَاتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ ابْنُ ثَلَاثٍ وَسِتِينَ وَأَبو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَأَنا ابْنُ ثَلَاثٍ وَسِتِينَ.

8539 ـ تىرمىزى جەرىردىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 63 يېشىدا ۋاپات بولدى، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ شۇ ياشتا ۋاپات بولدى، مەنمۇ (بۇ يىل) 63 ياشتا، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[1].

(تىرمىزى: 3653)

8540 ـ عن ابن عباس قال: إن قريشا تواصت بينهما بالتمادى فى الغنى والكفر فقال بعضهم: الذى Ʋان عليه أحق ǁا هو عليه الصنبور المنبتر. فأنزل الله تعـالى (( إنـا أعطيناك الكوثر فصل لربك واƲار )) إلى أخرها وأتاه بعد ذلك Ʀسة أولاد ذكور أربعة من خديجة عبد الله وهو أكƎهم. و قيل إن الطاهر هو عبد الله فهم ثلاثة والطيب والقاسم و إبراهيم من مارية و كان له صلى الله عليه وسلم أربع بنات منهن زينب الـتى كانـت

[1] ئەلبانى (2887): سەھىھ ـ دېگەن.

تحت أبي العاص بن الربيع ورقية وأم كلثوم كانتا تحت عتبة وعتيبة ابني أبي لهب. فلما نزلت ((تبت يدا أبي لهب)) أمرهما بفراقهما وتزوج عثمان أولا رقية وهاجرت معه إلى أرض الحبشة. وولدت هناك عبد الله وبه كان يكنى ثم ماتت وتزوج بعدها أم كلثوم وفاطمة كانت تحت علي وولدت له حسنا وحسينا ومحسنا وزينب كانت تحت عبد الله بن جعفر وأم كلثوم زوجها علي من عمر. رواه رزين.

8540 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇرەيشلەر ئۆز ئارىلىرىدا كۇپۇرلۇق ۋە ئازغۇنلۇقتا چېكىگە يەتتى. ھەتتا بىرى:

ــ بىزنىڭ تۇتۇپ ماڭغان يولىمىز نام ـ نىشانى قالمايدىغان بۇ ئادەمنىڭ يولىدىن توغرىدۇر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام ـ نىشانى قالمايدۇ[1] دېگەن سۈرىنى نازىل قىلدى. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەش ئوغلى بولدى. تۆتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇللاھ (ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى)، تاھىر (بەزىلىرىگە كۆرە تاھىر ئەسلى ئابدۇللاھ)، تەييىب ۋە قاسىم قاتارلىقلار. بەشىنچىسى مارىيەدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئىبراھىم ئىدى. ئۇندىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ گۇلسۇم ۋە فاتىمە ئىسىملىك) تۆت قىزى بار ئىدى. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇلئاسنىڭ ئەمرىدە ئىدى. رۇقىيە ۋە ئۇممۇ گۇلسۇملەر ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغۇللىرى ئۇتبە ۋە ئۇتەيبەنىڭ ئەمرىدە ئىدى. سۈرە مەسەد نازىل بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ لەھەب ئىككى ئوغلىغا بېسىم قىلىپ، ئاياللىرىنى قويغۇزىۋەتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشتا رۇقىيەنى ئەمرىگە ئالدى. ئىككىسى بىللە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى ۋە ئۇ يەردە (ئۇلارنىڭ ئوغلى) ئابدۇللاھ تۇغۇلدى. شۇندىن كېيىن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ ئىسمى

[1] سۈرە كەۋسەر.

بىلەن كۈنىيە ئالدى. رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئوسمان ئۇممۇ گۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئالدى. ھەزرىتى فاتىمە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمرىدە ئىدى. فاتىمەدىن ھەسەن، ھۇسەيىن، مۇھسىن، زەينەب ۋە ئۇممۇ گۇلسۇملەر دۇنياغا كەلدى. زەينەب ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرگە ياتلىق بولدى. ئەلى ئۇممۇ گۇلسۇمنى ئۆمەرگە ياتلىق قىلىپ قويدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8541 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن إِبْرَاهِيمَ ابْنِي وَإِنهُ مَاتَ فِي الثدْيِ وَإِن لَهُ لَظِئْرَيْنِ تُكَمِّلَانِ رَضَاعَهُ فِي الْجَنةِ.

8541 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئوغلۇم ئىبراھىم تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتتى. جەننەتتە ئۇنىڭ ئىككى ئېنىكئانىسى بار بولۇپ، ئۇلار ئىبراھىمنىڭ ئىككى يىللىق (ئەمچەك) سۈتىنى تولۇقلايدۇ. چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم».

(مۇسلىم: 2316)

8542 ـ عن إِسْمَاعِيل قُلْتُ لِابْنِ أَبِي أَوْفَى رَأَيْتَ إِبْرَاهِيمَ ابْنَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَاتَ صَغِيرًا وَلَوْ قُضِيَ أَنْ يَكُونَ بَعْدَ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَبِي عَاشَ ابْنُهُ وَلَكِنْ لَا نَبِي بَعْدَهُ.

8542 ـ ئىسمائىلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئوغلى ئىبراھىمنى كۆرگەنمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئىبراھىم كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەن. ناۋادا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن پەيغەمبەر كېلىشكە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا ئىدى، (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ) بالىسى ياشىغان بولاتتى،

لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، - دېدى.

(بۇخارى: 6194)

## ساھابىلەرنىڭ ئورتاق پەزىلەتلىرى (اللە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن)

8543 ـ عن عِمْرَانَ بْنَ حُصَيْنٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْرُكُمْ قَرْنِي ثُم الذِينَ يَلُونَهُمْ ثُم الذِينَ يَلُونَهُمْ قَالَ عِمْرَانُ لَا أَدْرِي أَذَكَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدُ قَرْنَيْنِ أَوْ ثَلَاثَةً قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن بَعْدَكُمْ قَوْمًا يَخُونُونَ وَلَا يُؤْتَمَنُونَ وَيَشْهَدُونَ وَلَا يُسْتَشْهَدُونَ وَيَنْذِرُونَ وَلَا يَفُونَ وَيَظْهَرُ فِيهِمْ السمَنُ.

8543 ــ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خەيرلىكى مېنىڭ دەۋرىمدىكىلەر (يەنى ساھابىلەر)دۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغانلار (يەنى تابىئىنلار)، ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغانلار (تابىئى تابىئىنلار)دۇر». ئىمران پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ ئەسىرنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى مۇنداق داۋاملىشىدۇ:

«ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق بىر قەۋم كېلىدۇكى، ئۇلاردىن گۇۋاھلىق تەلەپ قىلىنمىسىمۇ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (ئامانەتكە) خىيانەت قىلىدۇ، ھېچكىم ئۇلارغا ئىشەنمەيدۇ. (نەزرە ئۈچۈن) ئاتاق (مال) ئاتايدۇ، لېكىن نەزرىسىنى ئادا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سېمىز ئادەملەر كۆپ بولىدۇ».

(بۇخارى: 2651)

8544 ـ عن جَابِرِ بْنَ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَمَس النارُ مُسْلِمًا رَآنِي أَوْ رَأَى مَنْ رَآنِي قَالَ طَلْحَةُ فَقَدْ رَأَيْتُ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ و قَالَ مُوسَى وَقَدْ رَأَيْتُ طَلْحَةَ قَالَ يَحْيَى وَقَالَ لِي مُوسَى وَقَدْ رَأَيْتَنِي وَنَحْنُ نَرْجُو اللهَ.

8544 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېنى كۆرگەن مۇسۇلمانغا ياكى مېنى كۆرگەنلەرنى كۆرگەن مۇسۇلمانغا جەھەننەم ئوتى يېقىنلاشمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. تەلھە: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنى كۆردۈم، ـ دېگەن. مۇسا: مەنمۇ تەلھەنى كۆردۈم، ـ دېگەن.

يەھيا مۇنداق دېگەن: مۇسا ماڭا: سەن مېنى كۆردۇڭ. بىز (مۇشۇ ئارقىلىق) اللەنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ قېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمىز، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3858)

8545 ـ عن أَبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْتِي عَلَى الناسِ زَمَانٌ فَيَغْزُو فِئَامٌ مِنْ الناسِ فَيَقُولُونَ فِيكُمْ مَنْ صَاحَبَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُولُونَ نَعَمْ فَيُفْتَحُ لَهُمْ ثُم يَأْتِي عَلَى الناسِ زَمَانٌ فَيَغْزُو فِئَامٌ مِنْ الناسِ فَيُقَالُ هَلْ فِيكُمْ مَنْ صَاحَبَ أَصْحَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُولُونَ نَعَمْ فَيُفْتَحُ لَهُمْ ثُم يَأْتِي عَلَى الناسِ زَمَانٌ فَيَغْزُو فِئَامٌ مِنْ الناسِ فَيُقَالُ هَلْ فِيكُمْ مَنْ صَاحَبَ مَنْ صَاحَبَ أَصْحَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُولُونَ نَعَمْ فَيُفْتَحُ لَهُمْ.

8545 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بىر توپ كىشى غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن:

[1] ئەلبانى (807): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار:

ــ ھەئە، بار، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن، ئۇلارغا فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن بىر زامان كېلىدۇكى، يەنە بىر توپ كىشى غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن:

ـ ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىگە ھەمراھ بولغانلار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار:

ــ ھەئە، بار، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن، ئۇلارغىمۇ فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. ئۇندىن كېيىن يەنە بىر زامان كېلىدۇكى، يەنە بىر تۈركۈم كىشى غازاتقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن:

ـ ئاراڭلاردا ساھابىلەرگە ھەمراھ بولغانلارغا ھەمراھ بولغانلار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار:

ــ ھەئە، بار، ـ دەيدۇ. شۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن، ئۇلارغىمۇ فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ».

(بۇخارى: 3649)

8546 ـ وفي رواية بنحوه، وزاد: ثُم يَكُونُ الْبَعْثُ الرابِعُ فَيُقَالُ انْظُرُوا هل تَرَوْنَ فِيهِمْ أَحَدًا رَأَى من رَأَى أَحَدًا رَأَى أَصْحَابَ النبي ﷺ فَيُوجَدُ الرجُلُ فَيُفْتَحُ لهم بِهِ.

8546 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئاندىن تۆتىنچى تۈركۈم كىشىلەر جىھادقا چىقىدۇ. ئۇلاردىن:

ــ ئاراڭلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا ھەمراھ بولغانلارغا ھەمراھ بولغانلارغا ھەمراھ بولغانلار بارمۇ؟ ـ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار:

ـ ھەئە، بار، ـ دەپ جاۋاب بېرىدۇ، شۇنىڭ پەزىلىتى بىلەن، ئۇلارغا فەتىھ مۇيەسسەر قىلىنىدۇ.

(مۇسلىم: 2532)

8547 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ كَانَ بَيْنَ خَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ وَبَيْنَ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ شَيْءٌ فَسَبَّهُ خَالِدٌ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا تَسُبُّوا أَحَدًا مِنْ أَصْحَابِي فَـإِنَّ أَحَدَكُمْ لَوْ أَنْفَقَ مِثْلَ أُحُدٍ ذَهَبًا مَا أَدْرَكَ مُدَّ أَحَدِهِمْ وَلَا نَصِيفَهُ.

8547 ــ ئەبــۇ ســەئىد رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىــدۇ: خالــد ئىبنــى ۋەلىــد بىــلەن ئابــدۇراھمان ئىبنــى ئەۋف ئىككىسى جېدەللىشىپ قېلىپ، خالىد ئابدۇراھماننى تىلىلىدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ــــ مېنىــــڭ ســــاھابىلىرىمنى تىلىلىمــــاڭلار، بىــــرىڭلار ئۇھــــۇد تېغىچىلىك ئالتۇن سەدىقە قىلسىمۇ، ئۇلاردىن بىرى سەدىقە قىلغان بىر مۇد چاغلىق نەرسىنىڭ ساۋابىغا، ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2541)

8548 ـ عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ مُغَفَّلٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اللَّهَ اللَّهَ فِي أَصْحَابِي اللَّهَ اللَّهَ فِي أَصْحَابِي لَا تَتَّخِذُوهُمْ غَرَضًا بَعْدِي فَمَنْ أَحَبَّهُمْ فَبِحُبِّي أَحَـبَّهُمْ وَمَنْ أَبْغَضَهُمْ فَبِبُغْضِي أَبْغَضَهُمْ وَمَنْ آذَاهُمْ فَقَدْ آذَانِي وَمَنْ آذَانِي فَقَدْ آذَى اللَّهَ وَمَنْ آذَى اللَّهَ يُوشِكُ أَنْ يَأْخُذَهُ.

8548 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ساھابىلىرىمنىڭ ھەققىي ـ ھۆرمىتىنى ساقلاشتا اللەتىن قورقۇڭلار. مەندىن كېيىن ئۇلارنى تىلىلىماڭلار. كىم ئۇلارنى ياخشى كۆرسە، مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ياخشى كۆرگەن بولىدۇ. كىم ئۇلاردىن نەپرەتلەنسە، مەندىن نەپرەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن نەپرەتلەنگەن بولىدۇ. كىم ئۇلارغا ئەزىيەت بەرسە، ماڭا ئەزىيەت بەرگەن بولىدۇ. كىم ماڭا ئەزىيەت بەرسە، اللەقا ئەزىيەت بەرگەن بولىدۇ. كىم اللەقا ئەزىيەت بېرىدىكەن، الله ئۇنى پات ئارىدا جازالايدۇ»[1].

[1] ئەلبانى (808): زەئىپ، ـ دېگەن.

(تىرمىزى: 3862)

8549 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا رَأَيْتُمْ الـذِينَ يَسُبونَ أَصْحَابِي فَقُولُوا لَعْنَةُ اللهِ عَلَى شَركُمْ.

8549 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللاۋاتقانلارنى كۆرسەڭلار، ئۇلارغا: ”سىلەرگە ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!“ دەڭلار!»[1]

(تىرمىزى: 3866)

8550 ـ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَتْ لِي عَائِشَةُ يَا ابْنَ أُخْتِي أُمِرُوا أَنْ يَسْتَغْفِرُوا لِأَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَبوهُمْ.

8550 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ماڭا:

ـــ ئى ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى! ئۇلار (قۇرئاندا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتىشقا بۇيرۇلغان ئىدى، لېكىن ئۇلارنى تىللاۋاتىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 3022)

8551 ـ جابر قيل لعائشة: إن ناسا يتناولون أصحاب النبى صلى الله عليه وسلم حتى أبا بكر وعمر فقالت: ما تعجبون من هذا؟ انقطع عنهم العمل فأحب الله أن لايقطع عنهم الأجر. رزين.

8551 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

[1] ئەلبانى (811): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

— بەزىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىغا، ھەتتا ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگىمۇ تىل تەگكۈزىۋاتىدۇ، - دېيىلگەندى، ھەزرىتى ئائىشە:

- نېمىدىن ئەجەبلىنىسىلەر؟ ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ قالدى. لېكىن اللەتىن (بۇ ئارقىلىق) ئۇلارنىڭ ئەجرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى تىلەيمەن، - دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8552 - عَنْ أَبِي بُرْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ صَلَّيْنَا الْمَغْرِبَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قُلْنا لَوْ جَلَسْنَا حَتى نُصَليَ مَعَهُ الْعِشَاءَ قَالَ فَجَلَسْنَا فَخَرَجَ عَلَيْنَا فَقَالَ مَا زِلْتُمْ هَاهُنَا قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ صَلَّيْنَا مَعَكَ الْمَغْرِبَ ثُم قُلْنَا نَجْلِسُ حَتى نُصَليَ مَعَكَ الْعِشَاءَ قَالَ أَحْسَنْتُمْ أَوْ أَصَبْتُمْ قَالَ فَرَفَعَ رَأْسَهُ إِلَى السمَاءِ وَكَانَ كَثِيرًا مِما يَرْفَعُ رَأْسَهُ إِلَى السمَاءِ فَقَالَ النجُومُ أَمَنَةٌ لِلسمَاءِ فَإِذَا ذَهَبَتْ النجُومُ أَتَى السمَاءَ مَا تُوعَدُ وَأَنَا أَمَنَةٌ لِأَصْحَابِي فَإِذَا ذَهَبْتُ أَتَى أَصْحَابِي مَا يُوعَدُونَ وَأَصْحَابِي أَمَنَةٌ لِأُمتِي فَإِذَا ذَهَبَ أَصْحَابِي أَتَى أُمتِي مَا يُوعَدُونَ.

8552 — ئەبۇ بۇرەيدە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن نامازشامنى ئوقۇدۇق، ئاندىن خۇپتەننىمۇ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن) ئوقۇماقچى بولۇپ، ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ:

— تېخىچە بۇ يەردە ئولتۇرۇپسىلەرغۇ؟ - دەپ سورىدى. بىز:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىلەن نامازشامنى ئوقۇدۇق، خۇپتەننىمۇ سەن بىللە ئوقۇماقچى بولۇپ ئولتۇردۇق، - دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ياخشى قىلىپسىلەر، - دېدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا قارىدى، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا شۇنداق قىلاتتى. ئاندىن:

— يۇلتۇزلار ئاسماننىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئەگەر ئۇلار (يوقىلىپ) كەتسە، ئاسمان ھالاكەتكە ئۇچرايدۇ. مەن ساھابىلىرىمنىڭ

قوغدىغۇچىلىرىمەن، مەن كەتسەم، ساھابىلىرىمنىڭ بېشىغا ۋەدە قىلىنغان (قورقۇنچلۇق) ئىش كېلىدۇ. ساھابىلىرىم ئۈممىتىمنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئۇلار كەتسە، ئۈممىتىمنىڭ بېشىغا ۋەدە قىلىنغان (قورقۇنچلۇق) ئىش كېلىدۇ. - دېدى.
(مۇسلىم: 2531)

8553 - عَنْ بُرَيْدَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا مِنْ أحَدٍ مِنْ أَصْحَابِي يَمُوتُ بِأَرْضٍ إلا بُعِثَ قَائِدًا وَنُورًا لَهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8553 - بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ساھابىلىرىمدىن بىرى بىر يەردە ئۆلۈپ كەتسە، (قىيامەت كۈنى) ئۇ شۇ يەردىكىلەر ئۈچۈن باشلامچى ۋە نۇر بولۇپ تىرىلدۈرۈلىدۇ»[①].
(تىرمىزى: 3568)

8554 – عمر رفعه: سألت ربى عن اختلاف أصحابى من بعدى فأوحى إلي: يـا محمد إن أصحابك عندى بمنزلة النجوم من السماء بعضها أقوى من بعض ولكل نور فمن أخذ بشئ مما هم عليه من اختلافهم فهو عندى على هدى. وقال: أصـحابى كـالنجوم بأيهم اقتديتم اهتديتم. رزين.

8554 — ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«رەببىمدىن ساھابىلىرىمنىڭ (مەندىن كېيىنكى) ئىختىلاپى توغرۇلۇق سورىدىم. ماڭا مۇنداق ۋەھيى قىلىندى: ''ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ مېنىڭ نەزەرىمدە خۇددى نۇرى بىر - بىرىدىن كۈچلۈك يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس نۇرى بولىدۇ. كىمكى ئۇلاردىن بىرىنىڭ تۇتقان يولىغا ئەگەشسە، ئۇ، مېنىڭ دەرگاھىمدا ھىدايەت ئۈستىدە بولىدۇ''». ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە

① ئەلبانى (810): زەئىپ، - دېگەن.

مۇنداق دېدى: «مېنىڭ ساھابىلىرىم يۇلتۇزلارغا ئوخشاش بولۇپ، مەيلى قايسىسىغا ئەگەشمەڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان، لېكىن بۇ توقۇلما سۆز)

8555 ـ سَعِيد بن زَيْدٍ سمع من يَسُب عَلِيا قال ألا أَرى أَصْحَابَ رسول اللهِ ﷺ يُسَبونَ عِنْدَكَ ثُم لَا تُنْكِرُ ولا تُغَيرُ أنا سمعت رَسُولَ اللهِ ﷺ يقول وَإني لَغَنِي أَنْ أَقُولَ عليه ما B يَقُلْ فَيسْأَلنِي عنه غَدًا إذا لَقِيتُهُ أبو بَكْرٍ في الْجَنةِ وَعُمَرُ في الْجَنةِ وَسَاقَ مَعْنَاهُ ثُم قال لَمَشْهَدُ رَجُلٍ منهم مع رسول اللهِ ﷺ يَغْبر فيه وَجْهُهُ خَيْرٌ من عَمَلِ أَحَدِكُمْ عُمُرَهُ وَلَـوْ عُمرَ عُمُرَ نُوحٍ.

8555 ـ سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالىلاردىن بىرىنىڭ يېنىدا بىرەيلەننىڭ ھەزرىتى ئەلىگە تىل تەگكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، ۋالىيغا:

ـــ مەن سىنىڭ ھۇزۇرۇڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا تىل تەگكۈزۈلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتىمەنا؟ سەن ئۇن چىقماي تۇرىسەنغۇ؟ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير ئىبنى ئاۋام جەننەتتە، سەئد ئىبنى مالىك جەننەتتە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە، ئەبۇ ئۇبەيدە جەننەتتە». ئونىنچىسىغا كەلگەندە، سەئىد جىم تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن:

ـ ئونىنچىسى كىم؟ ـ دەپ سوراشتى. ئۇ:

ـ سەئىد ئىبنى زەيد (يەنى ئۆزىنى دېمەكچى). ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر قېتىم غازاتقا قاتنىشىپ، يۈزىگە توپا قوندۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا بىرىڭلارنىڭ نۇھ ئەلەيھىسسالامدەك (950 يىل) ياشاپ، (پۈتۈن ئۆمرى بويىچە) ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىشىدىنمۇ ئەۋزەلدۇر، ـ دېدى[1].

---

[1] ئەلبانى (3886): سەھىھ ـ دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 4649)

8556 ـ وفي رواية: فَعد هَؤُلَاءِ التسْعَةَ وَسَكَتَ عَنْ الْعَاشِرِ فَقَالَ الْقَوْمُ نَنْشُدُكَ اللهَ يَا أَبَا الْأَعْوَرِ مَنْ الْعَاشِرُ قَالَ نَشَدْتُمُونِي بِاللهِ أَبُو الْأَعْوَرِ فِي الْجَنةِ.

8556 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: سەئىد يۇقىرىقى توققۇزىنى ساناپ بولۇپ، ئونىنچىسىدا شۈك تۇردى. ئۇلار:

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن سورايمىزكى، ئونىنچىسى كىم؟ ـ دېگەنىدى. ئۇ:

ـ سىلەر ﷲنىڭ نامى بىلەن سورىدىڭلار، مەنمۇ جەننەتتە (يەنى ئونىنچىسى مەن)، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3748)

8557 ـ عن سَعِيدِ بن الْمُسَيبِ أخبرني أبو مُوسَى الْأَشْعَرِي أَنهُ تَوَضأَ في بَيْتِهِ ثُم خَرَجَ فقال لَأَلْزَمن رَسُولَ اللهِ ﷺ وَلَأَكُونَن معه يَوْمِي هذا قال فَجَاءَ الْمَسْجِدَ فَسَأَلَ عن النبي ﷺ فَقَالُوا خَرَجَ وَجهَ ها هنا قال فَخَرَجْتُ على أَثَرِهِ أَسْأَلُ عنه حتى دخل بِئْرَ أَرِيسٍ قال فَجَلَسْتُ عِنْدَ الْبَابِ وَبَابُهَا من جَرِيدٍ حتى قَضَى رسول اللهِ ﷺ حَاجَتَهُ وَتَوَضأَ فَقُمْتُ إليه فإذا هو قد جَلَسَ على بِئْرِ أَرِيسٍ وَتَوَسطَ قُفهَا وَكَشَفَ عن سَاقَيْهِ وَدَلاهُمَا في الْبِئْرِ قال فَسَلمْتُ عليه ثُم انْصَرَفْتُ فَجَلَسْتُ عِنْدَ الْبَابِ فقلت لَأَكُونَن بَوابَ رسول اللهِ ﷺ الْيَوْمَ فَجَاءَ أبو بَكْرٍ فَدَفَعَ الْبَابَ فقلت من هذا فقال أبو بَكْرٍ فقلت على رِسْلِكَ قال ثُم ذَهَبْتُ فقلت يا رَسُولَ اللهِ هذا أبو بَكْرٍ يَسْتَأْذِنُ فقال ائْذَنْ له وَبَشرْهُ بِالْجَنةِ قال فَأَقْبَلْتُ حتى قلت لِأَبِي بَكْرٍ ادْخُلْ وَرَسُولُ اللهِ ﷺ يُبَشرُكَ بِالْجَنةِ قال فَدَخَلَ أبو بَكْرٍ فَجَلَسَ عن يَمِينِ رسول اللهِ ﷺ معه في الْقُف وَدَلى رِجْلَيْهِ في الْبِئْرِ كما صَنَعَ النبي ﷺ وَكَشَفَ عن سَاقَيْهِ ثُم رَجَعْتُ فَجَلَسْتُ وقد تَرَكْتُ أَخِي يَتَوَضأُ وَيَلْحَقُنِي فقلت إن يُرِدْ الله بِفُلَانٍ يُرِيدُ أَخَاهُ خَيْرًا يَأْتِ بِهِ فإذا إِنْسَانٌ يُحَركُ الْبَابَ فقلت من هذا فقال عُمَرُ بن الْخَطابِ فقلت على رِسْلِكَ ثُم جِئْتُ إلى رسول اللهِ ﷺ فَسَلمْتُ عليه وَقُلْتُ هذا عُمَرُ يَسْتَأْذِنُ فقال ائْذَنْ

[1] ئەلبانى (4014): سەھىھ ـ دېگەن.

له وَبشرْهُ بِالْجَنةِ فَجِئْتُ عُمَرَ فقلت أَذِنَ وَيُبَشرُكَ رسول اللهِ ﷺ بِالْجَنةِ قال فَدَخَلَ فَجَلَسَ مع رسول اللهِ ﷺ في الْقُف عن يَسَارِهِ وَدَلى رِجْلَيْهِ في الْبِئْرِ ثُم رَجَعْتُ فَجَلَسْتُ فقلت إن يُرِدْ الله بِفُلَانٍ خَيْرًا يَعْنِي أَخَاهُ يَأْتِ بِهِ فَجَاءَ إِنْسَانٌ فَحَرَكَ الْبَابَ فقلت من هـذا فقـال عُثْمَانُ بن عَفانَ فقلت على رِسْلِكَ قال وَجِئْتُ النبي ﷺ فَأَخْبَرْتُهُ فقال ائْذَنْ له وَبَشـرْهُ بِالْجَنةِ مع بَلْوَى تُصِيبُهُ قال فَجِئْتُ فقلت ادْخُلْ وَيُبَشرُكَ رسول اللهِ ﷺ بِالْجَنةِ مع بَلْوَى تُصِيبُكَ قال فَدَخَلَ فَوَجَدَ الْقُف قد مُلِئَ فَجَلَسَ وِجَاهَهُمْ من الشق الْآخَرِ قال شَرِيكٌ فقال سَعِيدُ بن الْمُسَيبِ فَأَولْتُهَا قُبُورَهُمْ.

8557 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن تاھارەت ئېلىپ، ئۆيدىن چىققىنىم ۋە: ”بۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولىمەن، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايمەن“ دەپ ئويلاپ، مەسجىدكە بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سورىسام، ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ئەرىس قۇدۇقىنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە خورما شاخلىرىدىن ياسالغان ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى راۋا قىلىپ چىقىپ، تاھارەت ئالدى. ئاندىن يېنىغا بېرىپ قارىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇشقىقىنى تۈرۈۋېتىپ، پۇتلىرىنى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئىچىمدە: ”بۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قاراۋۇللىقىنى قىلىمەن“ دەپ ئويلىدىم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇ بەكرى كېلىپ، ئىشىكنى قاقتى.

ـ كىم سەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ مەن ئەبۇ بەكرى، ـ دېدى.

ـ بىر ئاز كۈتۈپ تۇرغىن! ـ دېدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ بەكرى كەلدى، ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— رۇخسەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن! ـ دېدى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! قېنى كىرگىن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەردى، ـ دېدىم. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى ۋە پۇتلىرىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. مەن جايىمغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇردۇم. قېرىندىشىمنى ئۆيدە تاھارەت ئېلىپ قالغاندى، ئۇنىڭغا ئارقامدىن كېلىشىنى ئېيتقانىدىم. ئۆز ـ ئۆزەمگە: ''ئەگەر الله تائالا پالانچىغا (يەنى قېرىندىشىمغا) ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرىدۇ'' دەپ ئويلىدىم. كۆپ ئۆتمەي، ئۆمەر كېلىپ ئىشىكنى قاقتى.

ـ كىم سەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ مەن ئۆمەر، ـ دېدى.

— بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرغىن! — دېدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆمەر كەلدى، ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— رۇخسەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن! ـ دېدى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

— ئى ئۆمەر! قېنى كىرگىن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەردى، ـ دېدىم. ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى ۋە پۇتلىرىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. مەن يەنە ئورنۇمغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇردۇم، يەنە خىيالىمدا: ''ئەگەر الله تائالا پالانچىغا (يەنى قېرىندىشىمغا)

ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرىدۇ“ دەپ ئويلىدىم. يەنە بىرى ئىشىكنى قاقتى.

ــ كىم سەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ــ مەن ئوسمان، ـ دېدى.

ــ بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرغىن! ــ دېدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئوسمان كەلدى، ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ رۇخسەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا بىر بالاغا يولۇققاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خۇش بېشارەت بەرگىن! ــ دېدى. دەرھال ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

ــ ئى ئوسمان! قېنى كىرگىن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېنىڭ بىر بالاغا يولۇققاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىڭدىن خۇش بېشارەت بەردى، ـ دېدىم. ئوسمان كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى يېنىدىن بوش ئورۇن تاپالماي، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى.

سەئىد مۇنداق دېگەن: مەن بۇنى ئۇلارنىڭ قەبرىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەن دەپ چۈشەندىم، چۈنكى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر) ئۈچىنىڭ قەبرىسى يانمۇ يان، ئوسماننىڭ قەبرىسى ئايرىم قويۇلغان.

(مۇسلىم: 2403)

8558 ـ و فى رواية قلت: لأكونن اليوم بواب النبى صلى الله عليه وسلم ولم يأمرنى.

8558 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە: مەن بۈگۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرۋازىۋىنى بولىمەن، ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇنداق قىلىشقا بۇيرىمىغان ئىدى، ـ دەپ كەلگەن.

8559 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ حَائِطًا وَأَمَرَنِي بِحِفْظِ بَابِ الْحَائِطِ فَجَاءَ رَجُلٌ يَسْتَأْذِنُ فَقَالَ ائْذَنْ لَهُ وَبَشرْهُ بِالْجَنةِ فَإِذَا أَبو بَكْرٍ ثُم جَاءَ آخَرُ يَسْتَأْذِنُ فَقَالَ ائْذَنْ لَهُ وَبَشرْهُ بِالْجَنةِ فَإِذَا عُمَرُ ثُم جَاءَ آخَرُ يَسْتَأْذِنُ فَسَكَتَ هُنَيْهَةً ثُم قَالَ ائْذَنْ لَهُ وَبَشرْهُ بِالْجَنةِ عَلَى بَلْوَى سَتُصِيبُهُ فَإِذَا عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ وعَنْ أَبِي مُوسَى بِنَحْوِهِ وَزَادَ فِيهِ عَاصِمٌ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ قَاعِدًا فِي مَكَانٍ فِيهِ مَاءٌ قَدْ انْكَشَفَ عَنْ رُكْبَتَيْهِ أَوْ رُكْبَتِهِ فَلما دَخَلَ عُثْمَانُ غَطاهَا.

8559 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر باغقا كىرىپ، مېنى باغ ئىشىكىنى بېقىشقا بۇيرىدى. بىرى كېلىپ ئىجازەت سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىجازەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگىن! ـ دېدى. قارىسام، ئۇ ئەبۇ بەكرى ئىكەن. ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ ئىجازەت سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىجازەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغىمۇ جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگىن! ـ دېدى. قارىسام، ئۇ ئۆمەر ئىكەن. ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەل جىم تۇرىۋېلىپ، ئاندىن:

ـ ئىجازەت بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا بىر بالاغا يولۇققاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن بېشارەت بەرگىن! ـ دېدى. قارىسام، ئۇ ئوسمان ئىكەن.

ئاسىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇدۇق بېشىدا ئىككى تىزىنى ئېچىپ ئولتۇراتتى، ئوسمان كىرگەندە، تىزلىرىنى دەرھال يېپىۋالدى.

(بۇخارى: 3695)

8560 ـ وفي رواية: بَيْنَمَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَائِطٍ مِنْ حَائِطِ الْمَدِينَةِ وَهُوَ مُتكِئٌ يَرْكُزُ بِعُودٍ مَعَهُ بَيْنَ الْمَاءِ وَالطينِ.

8560 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە باغلىرىدىن بىرىنىڭ ئىچىدىكى سۇ بويىدا قولىدىكى تاياقنى سۇغا سانجىپ ئولتۇراتتى، ـ دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 2403)

**8561 ـ عن عَلِيِّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ قَالَ سَمِعَتْ أُذُنِي مِنْ فِي رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَقُولُ طَلْحَةُ وَالزبَيْرُ جَارَايَ فِي الْجَنةِ.**

8561 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تەلھە بىلەن زۇبەير جەننەتتىكى قوشنىلىرىمدۇر» دېگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانىدىم[1].

(تىرمىزى: 3741)

**8562 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الْجَنةَ لَتَشْتَاقُ إِلَى ثَلَاثَةٍ عَلِي وَعَمارٍ وَسَلْمَانَ.**

8562 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەتەن جەننەت ئۈچ كىشىگە، يەنى ئەلىگە، ئەممارغا ۋە سەلمانغا تەقەززا بولماقتا»[2].

(تىرمىزى: 3797)

**8563 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ عَلَى حِرَاءٍ هُوَ وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَعُثْمَانُ وَعَلِي وَطَلْحَةُ وَالزبَيْرُ فَتَحَركَتْ الصخْرَةُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اهْدَأْ فَمَا عَلَيْكَ إِلا نَبِي أَوْ صِديقٌ أَوْ شَهِيدٌ.**

8563 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى،

---

[1] ئەلبانى (782): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (793): زەئىپ، ـ دېگەن.

تەلھە ۋە زۇبەير ھىرا (تېغى) نىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى، بىر پارچە قورام تاش مىدىرلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شۇك تۇرغىن! چۈنكى ئۈستۈڭدە پەيغەمبەر، سىددىق ۋە شېھىد بار، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2417)

8564 ـ وفي رواية: وسعد بن أبي وقاص رضي الله عنه.

8564 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: سەئد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار ئىدى، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 2417)

8565 ـ عَنْ قَتَادَةَ أن أنسًا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ حَدثَهُمْ قَالَ صَعِدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُحُدًا وَمَعَهُ أبو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَعُثْمَانُ فَرَجَفَ وَقَالَ اسْكُنْ أُحُدُ أظُنهُ ضَرَبَهُ بِرِجْلِهِ فَلَيسَ عَلَيْكَ إلا نَبِي وَصِدِيقٌ وَشَهِيدَانِ.

8565 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمانلار ئۇھۇد تېغىغا چىققاندا، تاغ تەۋرىگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئۇھۇد، تەۋرىمە! چۈنكى ئۈستۈڭدە بىر پەيغەمبەر، بىر سىددىق ۋە ئىككى شېھىد بار، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3699)

8566 ـ عَنْ أنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أرْحَمُ أُمتِي بِأُمتِي أبو بَكْرٍ وَأشَدهُمْ فِي أمْرِ اللهِ عُمَرُ وَأصْدَقُهُمْ حَيَاءً عُثْمَانُ وَأعْلَمُهُمْ بِالْحَلَالِ وَالْحَرَامِ مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ وَأفْرَضُهُمْ زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ وَأقْرَؤُهُمْ أُبَي وَلِكُل أُمةٍ أمِينٌ وَأمِينُ هَذِهِ الْأُمةِ أبو عُبَيْدَةَ بْنُ الْجَراحِ.

8566 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ رەھىمدىلى ئەبۇ بەكرى، اللهنىڭ ئەمرىدە ئەڭ چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر، ئەڭ ھايالىقى ئوسمان، ھالال ۋە ھارامنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەڭ پەرھىزكارى زەيد ئىبنى

سابىت، قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغىنى ئۇبەي ئىبنى كەئبدۇر. ھەر بىر ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى بولىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر»[1].

(تىرمىزى: 3790)

8567 ـ عَنْ مَسْرُوقٍ ذَكَرَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عَمْرٍو عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ فَقَالَ لَا أَزَالُ أُحِبُّهُ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ خُذُوا الْقُرْآنَ مِنْ أَرْبَعَةٍ مِنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ وَسَالِمٍ وَمُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ وَأُبَي بْنِ كَعْبٍ.

8567 ـ مەسرۇقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىدا ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ گېپى بولۇۋېدى، ئۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قۇرئاننى تۆت كىشىدىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلار: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم، ئۇبەي ئىبنى كەئب، مۇئاز ئىبنى جەبەل» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4999)

8568 ـ عَنْ يَزِيدَ بْنِ عُمَيْرَةَ قَالَ لَما حَضَرَ مُعَاذَ بْنَ جَبَلٍ الْمَوْتُ قِيلَ لَهُ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ أَوْصِنَا قَالَ أَجْلِسُونِي فَقَالَ إِن الْعِلْمَ وَالْإِيمَانَ مَكَانَهُمَا مَنْ ابْتَغَاهُمَا وَجَدَهُمَا يَقُولُ ذَلِكَ ثَلَاثَ مَراتٍ وَالْتَمِسُوا الْعِلْمَ عِنْدَ أَرْبَعَةِ رَهْطٍ عِنْدَ عُوَيْمِرٍ أَبِي الدرْدَاءِ وَعِنْدَ سَلْمَانَ الْفَارِسِي وَعِنْدَ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ وَعِنْدَ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَلَامٍ الذِي كَانَ يَهُودِيا فَأَسْلَمَ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنهُ عَاشِرُ عَشَرَةٍ فِي الْجَنةِ.

8568 ـ يەزىد ئىبنى ئۇمەيرەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان چاغدا، ئۇنى يوقلاپ كىرىپ:

ــ بىزگە ۋەسىيەت قىلغىن! ـ دېدۇق. ئۇ:

[1] ئەلبانى (2981): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ مېنى ئولتۇرغۇزۇڭلار! ـ دېدى. ئولتۇرغاندىن كېيىن:

ـــ ھەقىقەتەن ئىلىم بىلەن ئىمان ئۆز ئورنىدا بولىدۇ. كىم ئىزدەنسە، ئۇنى تاپالايدۇ، ـ دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن:

ـ ئىلىمنى تۆت كىشىدىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلار: ئۇۋەيمىر ئەبۇ دەردا، سەلمان فارىسى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى سالام قاتارلىقلار. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئەسلى يەھۇدىي ئىدى، كېيىن مۇسۇلمان بولدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇ (ئابدۇللاھ ئىبنى سالام) جەننەتتىكى ئون كىشىنىڭ ئونىنچىسى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3804)

8569 ـ عَنْ خَيْثَمَةَ بْنِ أَبِي سَبْرَةَ قَالَ أَتَيْتُ الْمَدِينَةَ فَسَأَلْتُ اللهَ أَنْ يُيَسِّرَ لِي جَلِيسًا صَالِحًا فَيَسَّرَ لِي أَبَا هُرَيْرَةَ فَجَلَسْتُ إِلَيْهِ فَقُلْتُ لَهُ إِنِّي سَأَلْتُ اللهَ أَنْ يُيَسِّرَ لِي جَلِيسًا صَالِحًا فَوُفِّقْتَ لِي فَقَالَ لِي مِمَّنْ أَنْتَ قُلْتُ مِنْ أَهْلِ الْكُوفَةِ جِئْتُ أَلْتَمِسُ الْخَيْرَ وَأَطْلُبُهُ قَالَ أَلَيْسَ فِيكُمْ سَعْدُ بْنُ مَالِكٍ مُجَابُ الدَّعْوَةِ وَابْنُ مَسْعُودٍ صَاحِبُ طَهُورِ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَنَعْلَيْهِ وَحُذَيْفَةُ صَاحِبُ سِرِّ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَمَّارٌ الَّذِي أَجَارَهُ اللهُ مِنَ الشَّيْطَانِ عَلَى لِسَانِ نَبِيِّهِ وَسَلْمَانُ صَاحِبُ الْكِتَابَيْنِ قَالَ قَتَادَةُ وَالْكِتَابَانِ الْإِنْجِيلُ وَالْفُرْقَانُ.

8569 ـ خەيسەمە ئىبنى ئەبۇ سەبرەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنىگە كېلىپ، الله تائالانىڭ ماڭا سالىھ ۋە يارامىلىق سۆھبەتداش نېسىپ قىلىشىنى تىلىدىم. ماڭا ئەبۇ ھۇرەيرەنى نېسىپ قىلدى. ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ:

ـ اللهتىن بىر سالىھ ۋە يارامىلىق سۆھبەتداش نېسىپ قىلىشىنى تىلىگەن ئىدىم. ماڭا سىزنى نېسىپ قىلدى، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ سەن نەدىن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

[1] ئەلبانى (2991): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ كۈفەدىن، بۇ يەرگە ئىلىم ئۆگەنگىلى كەلدىم، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا دۇئاسى ئىجابەتلىك سەئد ئىبنى مالىك، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاھارەت سۈيى ۋە كەشىگە مەسئۇل بولغان ئىبنى مەسئۇد، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىردىشى ھۇزەيفە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېيتقىنىغا كۆرە، اللهنىڭ ياردىمى بىلەن شەيتاندىن ساقلانغان ئەممار ۋە ئىككى كىتاب ئەھلى سەلمان يوقمۇ؟ ـ دېدى.

قەتادە: ئىككى كىتاب دېگەن ئىبارىدىن ئىنجىل بىلەن قۇرئان كۆزدە تۇتۇلغان، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3811)

8570 ـ عَنْ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَحِمَ اللهُ أَبا بَكْـرٍ زَوجَنِيَ ابْنَتَهُ وَحَمَلَنِي إِلى دَارِ الْهِجْرَةِ وَأَعْتَقَ بِلَالًا مِنْ مَالِهِ رَحِمَ اللهُ عُمَرَ يَقُولُ الْحَق وَإِنْ كَانَ مُرا تَرَكَهُ الْحَق وَمَا لَهُ صَدِيقٌ رَحِمَ اللهُ عُثْمَانَ تَسْتَحْيِيهِ الْمَلَائِكَةُ رَحِمَ اللهُ عَلِيا اللهُم أَدِرْ الْحَق مَعَهُ حَيْثُ دَارَ.

8570 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئەبۇ بەكرىگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ قىزىنى ماڭا ياتلىق قىلدى، مېنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى، بىلالنى ئۆز پۇلى بىلەن ئازاد قىلدى. الله ئۆمەرگىمۇ رەھمەت قىلسۇن! ئۇ ئاچچىق بولسىمۇ (ھەمىشە) ھەقىقەتنى ئېيتىدۇ، ھەق سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دوستى قالمىدى. الله ئوسمانغا رەھمەت قىلسۇن! پەرىشتىلەر ئۇنىڭدىن ھايا قىلىدۇ. الله ئەلىگىمۇ رەھمەت قىلسۇن! ئى الله! ئەلى قاياققا بارسا، ھەقنىمۇ شۇ جايدا قىلغىن!»[2].

(تىرمىزى: 3714)

---

[1] ئەلبانى (2996): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (767): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

8571 ـ عن حُذَيْفَةَ قال كنا جلوس عِنْدَ النبي ﷺ فقال إني لَا أَدْرِي ما قَدْرُ بَقَائِي فِيكُمْ فَاقْتَدُوا بِاللَّذَيْنِ من بَعْدِي وَأَشَارَ إلى أبي بَكْرٍ وَعُمَرَ وَاهْتَدُوا بِهَدْيِ عَمَّارٍ وما حَدَّثَكُمْ بن مَسْعُودٍ فَصَدِّقُوهُ.

8571 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئاراڭلاردا يەنە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن. مەندىن كېيىن ئىككى كىشىگە ئەگىشىڭلار (دەپ ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرگە ئىشارەت قىلدى). ئەممار باشلىغان يولدا مېڭىڭلار، ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەستىقلاڭلار»[1].

(تىرمىزى: 3799)

8572 ـ عَنْ أَبِي بَكْرَةَ أن النبي صلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم قَالَ ذَاتَ يَوْمٍ مَنْ رَأى مِنْكُمْ رُؤْيا فَقَالَ رَجُلٌ أنا رَأَيْتُ كَأَن مِيزَانًا نَزَلَ مِنْ السمَاءِ فَوُزِنْتَ أَنْتَ وَأَبُو بَكْرٍ فَرَجَحْتَ أَنت بِأَبِي بَكْرٍ وَوُزِنَ أَبو بَكْرٍ وَعُمَرُ فَرَجَحَ أَبو بَكْرٍ وَوُزِنَ عُمَرُ وَعُثْمَانُ فَرَجَحَ عُمَرُ ثم رُفِعَ الْمِيزَانُ فَرَأَيْنا الْكَرَاهِيَةَ فِي وَجْهِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8572 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۈگۈن قايسىڭلار چۈش كۆردۈڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، بىرەيلەن:

ــ مەن كۆردۈم، ـ دېدى ۋە چۈشىنى ئاڭلىتىشقا باشلىدى:

ــ چۈشۈمدە ئاسماندىن بىر تارازا چۈشكەنلىكىنى كۆردۈم. ئەبۇ بەكرى ئىككىڭلار تارتىلغانىدىڭلار، سەن ئەبۇ بەكرىنى ئېغىر باستىڭ. ئاندىن ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر تارتىلغانىدى، ئەبۇ بەكرى ئۆمەرنى بېسىپ كەتتى. ئاندىن ئۆمەر بىلەن ئوسمان تارتىلغانىدى، ئۆمەر ئوسماننى بېسىپ كەتتى، ئاندىن تارازا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، ـ دېدى.

[1] ئەلبانى (2988): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (تارازا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ) چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق[1].

(تىرمىزى: 2287)

8573 ـ عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدُبٍ أَن رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني رَأَيتُ كَأَن دَلْـوًا دُلِيَ مِنْ السمَاءِ فَجَاءَ أَبو بَكْرٍ فَأَخَذَ بِعَرَاقِيهَا فَشَرِبَ شُرْبًا ضَعِيفًا ثُم جَاءَ عُمَـرُ فَأَخَـذَ بِعَرَاقِيهَا فَشَرِبَ حَتى تَضَلَعَ ثُم جَاءَ عُثْمَانُ فَأَخَذَ بِعَرَاقِيهَا فَشَرِبَ حَتى تَضَلَعَ ثُم جَاءَ عَلِي فَأَخَذَ بِعَرَاقِيهَا فَانْتَشَطَتْ وَانْتَضَحَ عَلَيْهِ مِنْهَا شَيْءٌ.

8573 ــ سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! چۈشۈمدە ئاسماندىن بىر سوغا چۈشتى. ئەبۇ بەكرى كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ، ئازغىنە سۇ ئىچتى. ئاندىن كېيىن ئۆمەر كېلىپ، ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، قانغۇچە ئىچتى. ئاندىن ئوسمان كېلىپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، قانغۇچە ئىچتى. ئاندىن ئەلى كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تۇتۇپ، سۇ ئىچمەكچى بولغانىدى، سوغا سىلكىنىپ، ئەلىنىڭ ئۈستىگە ئازراق سۇ تۆكۈلۈپ كەتتى، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4673)

8574 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ رَأَيْتنِي دَخَلْتُ الْجَنةَ فَإِذَا أَنا بِالرمَيْصَاءِ امْرَأَةِ أَبِي طَلْحَةَ وَسَمِعْتُ خَشَفَةً فَقُلْتُ مَنْ هَذَا فَقَالَ هَذَا بِلَالٌ وَرَأَيتُ قَصْرًا بِفِنَائِهِ جَارِيَةٌ فَقُلْتُ لِمَنْ هَذَا فَقَالَ لِعُمَرَ فَأَرَدْتُ أَنْ أَدْخُلَهُ فَأَنظُرَ إِلَيْهِ فَذَكَرْتُ غَيْرَتَكَ فَقَالَ عُمَرُ بِأَبِي وَأُمي يَا رَسُولَ اللهِ أَعَلَيْكَ أَغَارُ.

---

[1] ئەلبانى (1864): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1004): زەئىپ، ـ دېگەن.

8574 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«مەن چۈشۈمدە جەننەتكە كىرىپتىمەن. قارىسام، ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالى رۇمەيسا تۇرغۇدەك. يەنە بىرىنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ قېلىپ: ”بۇ كىم؟“ دەپ سورىسام، پەرىشتە: ”بىلال“ دېدى. بىر قەسىرنى كۆردۈم، ھويلىسىدا بىر قىز تۇراتتى. ”بۇ قەسىر كىمنىڭ“؟ دەپ سورىسام، پەرىشتە: ”ئۆمەرنىڭ“ دېدى. كىرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم - يۇ، سېنىڭ كۈندەشلىكىڭنى ئويلاپ قېلىپ كىرمىدىم» دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا - ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، سەندىنمۇ كۈنلەمدىمەن؟! - دەپ كەتتى.

(بۇخارى: 3679)

8575 ـ عن أُسَامَةَ بن زَيْدٍ قَالَ كُنْتُ جَالِسًا عِنْدَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ جَاءَ عَلِي وَالْعَباسُ يَسْتَأْذِنَانِ فَقَالَا يَا أُسَامَةُ اسْتَأْذِنْ لَنا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ عَلِي وَالْعَباسُ يَسْتَأْذِنَانِ فَقَالَ أَتَدْرِي مَا جَاءَ بِهِمَا قُلْتُ لَا أَدْرِي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَكِني أَدْرِي فَأْذَنْ لَهُمَا فَدَخَلَا فَقَالَا يَا رَسُولَ اللهِ جِئْنَاكَ نَسْأَلُكَ أَي أَهْلِكَ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ فَاطِمَةُ بِنْتُ مُحَمدٍ فَقَالَا مَا جِئْنَاكَ نَسْأَلُكَ عَنْ أَهْلِكَ قَالَ أَحَب أَهْلِي إِلَي مَنْ قَدْ أَنْعَمَ اللهُ عَلَيْهِ وَأَنْعَمْتُ عَلَيْهِ أُسَامَةُ بْنُ زَيْدٍ قَالَا ثُم مَنْ قَالَ ثُم عَلِي بْنُ أَبِي طَالِبٍ قَالَ الْعَباسُ يَا رَسُولَ اللهِ جَعَلْتَ عَمكَ آخِرَهُمْ قَالَ لِأَن عَلِيا قَدْ سَبَقَكَ بِالْهِجْرَةِ.

8575 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتىم، ئەلى بىلەن ئاببىاس ئىجازەت سوراپ:

— ئى ئۇسامە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىزگە ئىجازەت ئالغىن! - دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەلى بىلەن ئاببىاس ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمىگە كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ بىلمەيمەن، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ لېكىن مەن بىلىمەن، ئۇلارغا ئىجازەت بەرگىن! ـ دېدى. ئۇلار كىرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سەندىن ئۆز ئەھلىڭدىن كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى سوراش ئۈچۈن كەلگەندۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمەنى، ـ دېدى. ئۇلار:

ــ بىز (ئۆز قېنىڭدىن بولغان) ئائىلەڭدىن ئەمەس، بەلكى يېقىنلىرىڭدىن كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى سورىدۇق ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەم الله ھەم مەن ئىنئام قىلغان كىشى ئۇسامە ئىبنى زەيدنى ئەڭ ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئاندىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاندىن قالسا، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى، ـ دېدى. ئابباس:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! تاغاڭنى ئاخىرىغا ئېلىپ قويدۇڭغۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چۈنكى، ئەلى سەندىن بۇرۇن ھىجرەت قىلغان، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3819)

8576 ـ عَنْ اْبنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ أَمَرَنِي بِحُب أَرْبَعَةٍ وَأَخْبَرَنِي أَنهُ يُحِبهُمْ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ سَمهِمْ لَنَا قَالَ عَلِي مِنْهُمْ يَقُولُ ذَلِكَ ثَلَاثًا وَأَبو ذَر وَالْمِقْدَادُ وَسَلْمَانُ أَمَرَنِي بِحُبهِمْ وَأَخْبَرَنِي أَنهُ يُحِبهُمْ.

8576 ــ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (800): زەئىپ، ـ دېگەن.

— ﷲ تائالا مېنى تۆت ئادەمنى دوست تۇتۇشقا بۇيرىدى ھەم ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، - دېدى. بىز:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار كىملەر؟ - دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئەلى (ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى)، ئەبۇزەر، مىقداد ۋە سەلمان. ﷲ مېنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشقا بۇيرىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭمۇ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، - دېدى[1].

(تىرمىزى: 3718)

8577 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنَّا فِي زَمَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا نَعْدِلُ بِأَبِي بَكْرٍ أَحَدًا ثُمَّ عُمَرَ ثُمَّ عُثْمَانَ ثُمَّ نَتْرُكُ أَصْحَابَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا نُفَاضِلُ بَيْنَهُمْ.

8577 — ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئەبۇ بەكرىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلمايتتۇق. ئۇنىڭدىن قالسا ئۆمەرگە، ئۇنىڭدىن قالسا، ئوسمانغا تەڭ قىلمايتتۇق. ئۇلاردىن باشقىلارغا كەلسەك، بىرىنى يەنە بىرىدىن ئۈستۈن كۆرمەيتتۇق.

(بۇخارى: 3697)

8578 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نِعْمَ الرَّجُلُ أَبُو بَكْرٍ نِعْمَ الرَّجُلُ عُمَرُ نِعْمَ الرَّجُلُ أَبُو عُبَيْدَةَ بْنُ الْجَرَّاحِ نِعْمَ الرَّجُلُ أُسَيْدُ بْنُ حُضَيْرٍ نِعْمَ الرَّجُلُ ثَابِتُ بْنُ قَيْسِ بْنِ شَمَّاسٍ نِعْمَ الرَّجُلُ مُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ نِعْمَ الرَّجُلُ مُعَاذُ بْنُ عَمْرِو بْنِ الْجَمُوحِ.

8578 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (771): زەئىپ، - دېگەن.

«ئەبۇ بەكرى نېمىدېگەن ياخشى ئادەم؟! ئۆمەر نېمىدېگەن ياخشى ئادەم؟! ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ نېمىدېگەن ياخشى ئادەم؟! ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير نېمىدېگەن ياخشى ئادەم؟! سابىت ئىبنى قەيس نېمىدېگەن ياخشى ئادەم؟! مۇئاز ئىبنى جەبەل نېمىدېگەن ياخشى ئادەم؟! مۇئاز ئىبنى ئەمر جەمۇھ نېمىدېگەن ياخشى ئادەم؟!»[1]

(تىرمىزى: 3795)

8579 ـ عَلِيُّ بْنُ أَبِي طَالِبٍ: قَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ كُلَّ نَبِيٍّ أُعْطِيَ سَبْعَةَ نُجَبَاءَ أَوْ نُقَبَاءَ وَأُعْطِيتُ أَنَا أَرْبَعَةَ عَشَرَ قُلْنَا مَنْ هُمْ قَالَ أَنَا وَابْنَايَ وَجَعْفَرٌ وَحَمْزَةُ وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَمُصْعَبُ بْنُ عُمَيْرٍ وَبِلَالٌ وَسَلْمَانُ وَالْمِقْدَادُ وَحُذَيْفَةُ وَعَمَّارٌ وَعَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ.

8579 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ مەندىن باشقا پەيغەمبەرلەرگە يەتتىدىن سالىھ ھەمراھ بېرىلگەنىدى، ماڭا 14 ھەمراھ بېرىلدى، ـ دېدى. بىز:

ـ ئۇلار كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەلى، ئىككى ئوغلى (ھەسەن ۋە ھۈسەين)، ھەمزە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، بىلال، سەلمان، مىقداد، ئەبۇ زەر، ئەممار ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد قاتارلىقلار، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3785)

8580 ـ قَالَ عَمَّارُ بْنُ يَاسِرٍ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَمَا مَعَهُ إِلَّا خَمْسَةُ أَعْبُدٍ وَامْرَأَتَانِ وَأَبُو بَكْرٍ.

8580 ـ ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تۇنجى

[1] ئەلبانى (2984): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (791): زەئىپ ـ دېگەن.

كۆرگەن ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ يېنىدا (مۇسۇلمان بولغان) بەش قۇل، ئىككى ئايال ۋە ئەبۇ بەكرىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.

(بۇخارى: 3857)

8581 ـ عَنْ عَائِذِ بْنِ عَمْرٍو أَن أَبَا سُفْيَانَ أَتَى عَلَى سَلْمَانَ وَصُهَيْبٍ وَبِلَالٍ فِي نَفَرٍ فَقَالُوا وَاللهِ مَا أَخَذَتْ سُيُوفُ اللهِ مِنْ عُنُقِ عَدُو اللهِ مَأْخَذَهَا قَالَ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ أَتقُولُونَ هَذَا لِشَيْخِ قُرَيْشٍ وَسَيدِهِمْ فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ فَقَالَ يَا أَبَا بَكْرٍ لَعَلكَ أَغْضَبْتَهُمْ لَئِنْ كُنْتَ أَغْضَبْتَهُمْ لَقَدْ أَغْضَبْتَ رَبكَ فَأَتَاهُمْ أَبُو بَكْرٍ فَقَالَ يَا إِخْوَتَاهْ أَغْضَبْتُكُمْ قَالُوا لَا يَغْفِرُ اللهُ لَكَ يَا أَخِي.

8581 ـ ئائىز ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ سۇفيان بىر توپ كىشى بىلەن سەلمان، سۇھەيب ۋە بىلالنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇلار:

ـــ ﷲنىڭ قىلىچلىرى ﷲنىڭ بۇ دۈشمىنىنىڭ گەدىنىدىكى ئورنىنى تېخى ئالمىدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى:

ـــ قۇرەيشنىڭ كاتتىسى ۋە خوجىسىغىمۇ مۇشۇنداق گەپ قىلامسىلەر؟ ـ دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، بولۇنغان گەپلەرنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ ئۇلارنى ئاچچىقلىتىپ قويمىغانسەن؟ ئۇنۇتمىغىنكى، ئۇلارنى ئاچچىقلىتىپ قويغان بولساڭ، رەببىڭنى ئاچچىقلاتقان بولىسەن، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى دەرھال ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـ ئى قېرىنداشلىرىم! مەن سىلەرنى ئاچچىقلىتىپ قويدۇممۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇلار:

ـ ياق. ﷲ سېنى مەغپىرەت قىلسۇن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2504)

8582 ـ عَنْ أَبِي بُرْدَةَ عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كُنْتُ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ نَازِلٌ بِالْجِعْرَانَةِ بَيْنَ مَكةَ وَالْمَدِينَةِ وَمَعَهُ بِلَالٌ فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ

عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْرَابِي فَقَالَ أَلَا تُنجِزُ لِي مَا وَعَدْتَنِي فَقَالَ لَهُ أَبْشِرْ فَقَالَ قَدْ أَكْثَرْتَ عَلَي مِنْ أَبْشِرْ فَأَقْبَلَ عَلَى أَبِي مُوسَى وَبِلَالٍ كَهَيْئَةِ الْغَضْبَانِ فَقَالَ رَد الْبُشْرَى فَاقْبَلَا أَنْتمَا قَالَا قَبِلْنَا ثُم دَعَا بِقَدَحٍ فِيهِ مَاءٌ فَغَسَلَ يَدَيْهِ وَوَجْهَهُ فِيهِ وَمَج فِيهِ ثُم قَالَ اشْرَبَا مِنْهُ وَأَفْرِغَا عَلَى وُجُوهِكُمَا وَنُحُورِكُمَا وَأَبْشِرَا فَأَخَذَا الْقَدَحَ فَفَعَلَا فَنَادَتْ أُم سَلَمَةَ مِنْ وَرَاءِ الستْرِ أَنْ أَفْضِلَا لِأُمكُمَا فَأَفْضَلَا لَهَا مِنْهُ طَائِفَةً.

8582 ـ ئەبۇ بۇردە ئاتىسى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن جىئىرانە دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق، بىلالمۇ ئارىمىزدا ئىدى. بىر ئەئرابى كېلىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرمامسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ھۆنەين غەنىمەتلىرىنى جىئىرانەدە تەقسىم قىلىشقا ۋەدە بەرگەنىدى) ئۇنىڭغا:

ــ ساڭا خۇش بېشارەت بېرەي، ـ دېگەنىدى، ئەئرابى:

ــ ماڭا خۇش بېشارەتنى كۆپ بېرىپ كەتتىڭ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلانغاندەك ئەبۇ مۇسا بىلەن بىلالغا قاراپ:

ــ بۇ ئادەم خۇش بېشارەتنى قايتۇرۇۋەتتى. سىلەر قوبۇل قىلىڭلار! ــ دېدى. ئۇلار:

ــ بىز قوبۇل قىلدۇق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قاچا سۇ ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنىڭدا ئىككى قولىنى ۋە يۈزىنى يۇيدى، ئاندىن ئېغىزىغا سۇ ئېلىپ، قاچىغا پۈركىگەندىن كېيىن:

ــ سۇدىن ئىچىڭلار، يۈزۈڭلارغا، مەيدەڭلارغا سۈرۈڭلار ۋە خۇش بېشارەت ئېلىڭلار! ــ دېدى. ئۇلار قاچىنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇممۇ سەلەمە پەردىنىڭ كەينىدە تۇرۇپ:

ــ ئاناڭلارغىمۇ (ئۆزىنى دېمەكچى) سۇدىن قالدۇرۇپ قويۇڭلار! ــ دېدى. ئۇلار ئۇممۇ سەلەمەگە ئازراق سۇ ئېلىپ قويدى.

(بۇخارى: 4328)

8583 ـ عَنْ أَنس رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَجُلَيْنِ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَا مِنْ عِنْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي لَيْلَةٍ مُظْلِمَةٍ وَمَعَهُمَا مِثْلُ الْمِصْبَاحَيْنِ يُضِيئَانِ بَيْنَ أَيْدِيهِمَا فَلَما افْتَرَقَا صَارَ مَعَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا وَاحِدٌ حَتى أَتى أَهْلَهُ.

8583 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەردىن ئىككى كىشى كېچىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئۆيلىرىگە قايتقانىدى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چىراغقا ئوخشاش ئىككى نۇر پەيدا بولۇپ، يولنى يورۇتۇپ ماڭدى. كېيىن ئۇلار ئايرىلغانىدى، نۇرمۇ ئايرىلىپ، ھەر بىرىنىڭ يولىنى تاكى ئۆيىگە كەلگىچە يورۇتۇپ بەردى.

(بۇخارى: 3639)

8584 ـ وفي رواية: عَنْ أَنسٍ كَانَ أُسَيْدُ بْنُ حُضَيْرٍ وَعَبادُ بْنُ بِشْرٍ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ...

8584 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير بىلەن ئەبباد ئىبنى بىشر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئىدى، كېچىدە ئۇنىڭ يېنىدىن چىقتى... (داۋامى يۇقىرىقىغا ئوخشاش).

(بۇخارى: 3805)

8585 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ عُبَيْدَةَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى ابْنِ عُمَرَ فَسَأَلَهُ عَنْ عُثْمَانَ فَذَكَرَ عَنْ مَحَاسِنِ عَمَلِهِ قَالَ لَعَل ذَاكَ يَسُوءُكَ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَأَرْغَمَ اللهُ بِأَنْفِكَ ثُم سَأَلَهُ عَنْ عَلِي فَذَكَرَ مَحَاسِنَ عَمَلِهِ قَالَ هُوَ ذَاكَ بَيْتُهُ أَوْسَطُ بُيُوتِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ لَعَل ذَاكَ يَسُوءُكَ قَالَ أَجَلْ قَالَ فَأَرْغَمَ اللهُ بِأَنْفِكَ انْطَلِقْ فَاجْهَدْ عَلَي جَهْدَكَ.

8585 ـ سەئد ئىبنى ئۇبەيدەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ھەزرىتى ئوسمان توغرۇلۇق سورىۋىدى، ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا ئوسماننىڭ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

ـ بۇ سېنى بىئارام قىلدىغۇ دەيمەن؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئۇ ئادەم:

ـ شۇنداق، ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر:

ـ الله بۇرنۇڭنى توپىغا مىلىۋەتسۇن، ـ دېدى. ئاندىن ھەزرىتى ئەلى توغرۇلۇق سورىدى. ئىبنى ئۆمەر ئەلىنىڭمۇ ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ:

ــ ئەلى مانا مۇشۇنداق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇجرىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. بۇمۇ سېنى بىئارام قىلدىغۇ دەيمەن؟ ـ دېگەن ئىدى، ئۇ ئادەم:

ـ شۇنداق، ـ دېۋىدى. ئىبنى ئۆمەر:

ــ الله بۇرنۇڭنى توپىغا مىلىۋەتسۇن! كۆزۈمدىن يوقىلىپ، ماڭا (قارشى) قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل! ـ دېدى.

(بۇخارى: 3704)

8586 ـ عمرو بن العاص: Ƶمت أن أبعث معاذ بن جبل و سـالما مـولى أبى حذيفة و أبى بن كعب و ابن مسعود إلى الأمم كما بعث عيسى الحواريين. فقال رجل: ألا تبعث أبا بكر وعمر فإŒما أبلغ؟ فقال: لاغنى لى عنهما إlyا مhالتهما من الدين مhا ـ ة السمع و البصر. الكبير.

8586 ـ ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم، ئۇبەي ئىبنى كەئب ۋە ئىبنى مەسئۇد قاتارلىقلارنى ئىيسا ھاۋارىيلارنى ئۈممەتلەرگە ئەۋەتكەندەك ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، ـ دېدى. بىر ئادەم:

ــ ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنى ئەۋەتسەڭ بولمامدۇ؟ چۈنكى، ئۇ ئىككىسى پاساھەتلىكرەك، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ ئىككىسىگە ئېھتىياجىم بار. ئۇ ئىككىسىنىڭ دىندىكى مەرتىۋىسى (ئىنسان يۈزىدىكى) قۇلاق بىلەن كۆزنىڭ ئورنىدا، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (14353) بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

8587 ـ ابن عمر:B يجلس أبو بكر فى fلس النبى صلى الله عليه وسلم على المنƎ حتى لقى الله وB يجلس عمر فى fلس أبى بكر حتى لقى الله وB يجلس عثمان فى lfـس عمر حتى لقى الله. للأوسط.

8587 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەردىكى ئورنىدا تاكى ئۇ (يەنى رەسۇلۇللاھ) ﷲقا مۇلاقات بولغۇچە ئولتۇرمىدى. ئۆمەرمۇ ئەبۇ بەكرنىڭ ئورنىدا تاكى ئۇ ﷲقا مۇلاقات بولغۇچە ئولتۇرمىدى. ئوسمانمۇ ئۆمەرنىڭ ئورنىدا تاكى ئۇ ﷲقا مۇلاقات بولغۇچە ئولتۇرمىدى[①].
(«ئەلئەۋسەت»)

8588 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَمَا رَاعٍ فِي غَنَمِهِ عَدَا الذئْبُ فَأَخَذَ مِنْهَا شَاةً فَطَلَبَهَا حَتى اسْتَنْقَذَهَا فَالْتَفَتَ إِلَيْهِ الذئْبُ فَقَالَ لَهُ مَنْ لَهَا يَوْمَ السبُعِ لَيْسَ لَهَا رَاعٍ غَيْرِي فَقَالَ الناسُ سُبْحَانَ اللهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِني أُومِنُ بِهِ وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَمَا ثَم أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ.

8588 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىر پادىچى قويلىرىنى بېقىۋاتاتتى. بىر بۆرە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، قويدىن بىرنى ئېلىپ قاچتى. پادىچى بۆرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، قوينى قۇتقۇزىۋالغان ئىدى، بۆرە پادىچىغا بۇرۇلۇپ: ''بۇنىغۇ مەندىن تارتىۋالدىڭ. مەندىن باشقا پادىچى قالمايدىغان يەتتە كۈندە (يەنى قىيامەت يېقىنلاشقاندا)، قويلارنى كىم قوغدايدۇ؟'' دېدى، ـ دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر:

ـــ سۇبھانەللاھ! (بۆرىمۇ سۆزلەمدۇ؟) ـــ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[①] ھەيسەمى (14370) بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەزى راۋىيلىرىگە ئوخشىمىغان باھا بېرىلگەن بولسىمۇ، راۋىيلىرى ئاساسەن ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ـ بۇنىڭغا مەن ئىشىنىمەن، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ ئىشىنىدۇ، ـ دېدى. ئۇ سورۇندا ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر يوق ئىدى.

(بۇخارى: 3690)

8589 ـ وفي رواية: وَبَيْنَمَا رَجُلٌ يَسُوقُ بَقَرَةً قَدْ حَمَلَ عَلَيْهَا فَالْتَفَتَتْ إِلَيْهِ فَكَلَّمَتْهُ فَقَالَتْ إِنِي لَمْ أُخْلَقْ لِهَذَا وَلَكِني خُلِقْتُ لِلْحَرْثِ قَالَ الناسُ سُبْحَانَ اللهِ قَالَ النبِي صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِني أُومِنُ بِذَلِكَ وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا.

8589 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىر كىشى ئېغىر يۈك ئارتىلغان كالىنى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى، كالا ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ: "مەن بۇنىڭ (يەنى يۈك توشۇش) ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يەر ئاغدۇرۇش ئۈچۈن يارىتىلغان" دېدى، ـ دېگەنىدى، كىشىلەر:

ــ سۇبھانەللاھ! كالىمۇ گەپ قىلامدۇ؟ ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر ئىككىسىمۇ ئىشىنىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3663)

8590 ـ وفي رواية: بَيْنَا رَجُلٌ يَسُوقُ بَقَرَةً إِذْ رَكِبَهَا فَضَرَبَهَا.

وفيه: فَإِني أُومِنُ بِهَذَا أَنا وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَمَا هُمَا ثَم.

8590 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: بىر كىشى كالىنى مىنىپ كېتىۋېتىپ ئۇرغان ئىدى، كالا زۇۋانغا كېلىپ: "مەن مىنىشكە يارىتىلغان ئەمەس" دېدى. داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ ئىشىنىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئىككىسى ئۇ سورۇندا يوق ئىدى.

(بۇخارى: 3471)

8591 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن أَهْلَ الدرَجَاتِ الْعُلَى لَيَرَاهُمْ مَنْ تَحْتَهُمْ كَمَا تَرَوْنَ النجْمَ الطالِعَ فِي أُفُقِ السمَاءِ وَإِن أَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ مِنْهُمْ وَأَنْعَمَا.

8591 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يۇقىرى مەرتىۋىلىك جەننەت ئەھلىنى ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ. خۇددى سىلەر ئۇپۇقتىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلارنى كۆرگەندەكلا كۆرىدۇ. ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ شۇلاردىن (يەنى يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەردىن)، ھەتتا تېخىمۇ يۇقىرىدا بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3658)

8592 ـ عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ كُنتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذْ طَلَعَ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَانِ سَيدَا كُهُولِ أَهْلِ الْجَنةِ مِنْ الْأَولِينَ وَالْآخِرِينَ إِلا النبِيينَ وَالْمُرْسَلِينَ يَا عَلِي لَا تُخْبِرْهُمَا.

8592 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدىم، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر چىقىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ بۇ ئىككىسى جەننەت ئەھلى ئىچىدە پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئۇممەتلەرنىڭ قېرانلىرىنىڭ سەردارلىرىدۇر. ئى ئەلى، بۇنى ئۇلارغا ئېيتمىغىن! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3665)

[1] ئەلبانى (2892): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2897): سەھىھ ـ دېگەن.

8593 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ ذَاتَ يَوْمٍ فَدَخَلَ الْمَسْجِدَ وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ أَحَدُهُمَا عَنْ يَمِينِهِ وَالْآخَرُ عَنْ شِمَالِهِ وَهُوَ آخِذٌ بِأَيْدِيهِمَا وَقَالَ هَكَذَا نُبْعَثُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

8593 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى مەسجىدكە كىرىپ كەلدى. ئوڭ يېنىدا ئەبۇ بەكرى، سول يېنىدا ئۆمەر بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىيامەت كۈنى بىز مانا مۇشۇنداق قوپىمىز» دېدى[①].

(تىرمىزى: 3669)

8594 ـ عَنْ أنسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَخْرُجُ عَلَى أَصْحَابِهِ مِنْ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنصَارِ وَهُمْ جُلُوسٌ فِيهِمْ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ فَلَا يَرْفَعُ إِلَيْهِ أَحَدٌ مِنْهُمْ بَصَرَهُ إلا أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ فَإِنهُمَا كَانَا يَنظُرَانِ إِلَيْهِ وَيَنْظُرُ إِلَيْهِمَا وَيَتَبَسمَانِ إِلَيْهِ وَيَتَبَسمُ إِلَيْهِمَا.

8594 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇھاجىر ۋە ئەنسارى ساھابىلىرىنىڭ يېنىغا چىقاتتى. ساھابىلەر ئىچىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەردىن باشقا ھېچكىم بېشىنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارىيالمايتتى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ ئىككىسىگە قارايتتى. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇ ئىككىسىگە قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى[②].

(تىرمىزى: 3668)

① ئەلبانى (755): زەئىپ، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (754): زەئىپ، ـ دېگەن.

8595 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا مِنْ نَبِيٍّ إِلَّا لَهُ وَزِيرَانِ مِنْ أَهْلِ السَّمَاءِ وَوَزِيرَانِ مِنْ أَهْلِ الْأَرْضِ فَأَمَّا وَزِيرَايَ مِنْ أَهْلِ السَّمَاءِ فَجِبْرِيلُ وَمِيكَائِيلُ وَأَمَّا وَزِيرَايَ مِنْ أَهْلِ الْأَرْضِ فَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ.

8595 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئاسمان ئەھلىدىن ئىككى، زېمىن ئەھلىدىن ئىككى ۋەزىرى بولىدۇ. مېنىڭ ئاسمان ئەھلىدىن بولغان ۋەزىرلىرىم جىبرىئىل بىلەن مىكائىل، زېمىن ئەھلىدىن بولغان ۋەزىرلىرىم ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەردۇر»[①].

(تىرمىزى: 3680)

8596 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَا أَوَّلُ مَنْ تَنْشَقُّ عَنْهُ الْأَرْضُ ثُمَّ أَبُو بَكْرٍ ثُمَّ عُمَرُ ثُمَّ آتِي أَهْلَ الْبَقِيعِ فَيُحْشَرُونَ مَعِي ثُمَّ أَنْتَظِرُ أَهْلَ مَكَّةَ حَتَّى أُحْشَرَ بَيْنَ الْحَرَمَيْنِ.

8596 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، يەردىن تۇنجى بولۇپ مەن چىقىمەن. ئاندىن ئەبۇ بەكرى، ئاندىن ئۆمەر چىقىدۇ. ئاندىن كېيىن بەقىئ قەبرىستانلىقىغا كېلىمەن، ئۇلار مەن بىلەن ھەشرى قىلىنىدۇ. ئاندىن مەككە ئەھلىنى كۈتىمىز، ئۇلار ھەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ئىككى ھەرەم ئارىسىغا يىغىلىمىز»[②].

(تىرمىزى: 3692)

8597 ـ عَنْ مُحَمَّدِ ابْنِ الْحَنَفِيَّةِ قَالَ قُلْتُ لِأَبِي أَيُّ النَّاسِ خَيْرٌ بَعْدَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ أَبُو بَكْرٍ قَالَ قُلْتُ ثُمَّ مَنْ قَالَ ثُمَّ عُمَرُ قَالَ ثُمَّ خَشِيتُ أَنْ أَقُولَ ثُمَّ مَنْ فَيَقُولَ عُثْمَانُ فَقُلْتُ ثُمَّ أَنْتَ يَا أَبَةِ قَالَ مَا أَنَا إِلَّا رَجُلٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ.

---

[①] ئەلبانى (758): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (761): زەئىپ، ـ دېگەن.

8597 ـــ مـــۇھەممەد ئىبنـــى ھەنەفىيـــيەدىن مۇنـــداق رىـــۋايەت قىلىنىدۇ: مەن دادامدىن:

ـــ پەيغەمـــبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالسا، كىم ئەڭ ياخشى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئەبۇبەكرى، ـ دېدى.

ـ ئاندىن قالسىچۇ؟

ـ ئۆمەر.

ـــ ئانـدىن قالسـىچۇ؟ ـ دەپ سـورىدىم، ئەممـا ئۇنىـڭ: ”ئوسـمان“ دېيىشىدىن ئەنسىرەپ:

ـ ئاندىن قالسا سەن، شۇنداقمۇ؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ مەن پەقەت مۇسۇلمانلاردىن بىرىمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4629)

8598 ـ عائشة: بيما رأس رسول الله صلى الله عليه وسلم فى حجرى فى ليلـة ضاحية إذ قلت: يا رسول الله يكون لأحد من الحسنات عدد نجوم السماء؟ قـال: نعـم عمر قلت: فأين حسنات أبى بكر؟ قال: إنما جميع حسنات عمر كحسنة واحـدة مـن حسنات أبى بكر. رزين.

8598 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەيىن شاماللىق بىر كېچە، پەيغەمـبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنى قۇچىقىمغا قويۇپ ياتاتتى، مەن:

ـــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! بىـر كىمنىـڭ ئاسـماندىكى يۇلتۇزلارنىـڭ سانىچىلىك ساۋابى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ئۆمەرنىڭ بار، ـ دېدى. مەن:

ـــ (دادام) ئەبۇ بەكرىنىـڭ سـاۋابلىرىچۇ؟! ـــ دېگەنىدىم، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (3872): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئۆمەرنىڭ بارلىق ساۋابى ئەبۇ بەكرنىڭ بىر ساۋابىغا (ئاران) توغرا كېلىدۇ، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8599 ـ عن أنسٍ رضي اللهُ عنه قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ السباقُ أَرْبَعَةٌ أنا سَابِقُ الْعَرَبِ وَصُهَيْبٌ سَابِقُ الرومِ وَسَلْمَانُ سَابِقُ فَارِسَ وَبِلالٌ سَابِقُ الْحَبَشِ.

8599 ـــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىسلامغا تۇنجى بولۇپ كىرگەن مۇنداق تۆت كىشى بار: مەن ئەرەبلەرنىڭ، سۇھەيب رىملىقلارنىڭ، سەلمان فارىسلارنىڭ، بىلال ھەبەشلەرنىڭ تۇنجىسى»[1].

(«ئەلكەبىر»: 7288)

8600 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ كَانَ أَولَ مَنْ أَظْهَرَ إِسْلَامَهُ سَبْعَةٌ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبو بَكْرٍ وَعَمارٌ وَأُمهُ سُمَيةُ وَصُهَيْبٌ وَبِلَالٌ وَالْمِقْدَادُ فَأَما رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَنَعَهُ اللهُ بِعَمهِ أَبِي طَالِبٍ وَأَما أَبو بَكْرٍ فَمَنَعَهُ اللهُ بِقَوْمِهِ وَأَما سَائِرُهُمْ فَأَخَذَهُمْ الْمُشْرِكُونَ وَأَلْبَسُوهُمْ أَدْرَاعَ الْحَدِيدِ وَصَهَرُوهُمْ فِي الشمْسِ فَمَا مِنْهُمْ مِنْ أَحَدٍ إلا وَقَدْ وَاتَاهُمْ عَلَى مَا أَرَادُوا إلا بِلَالًا فَإِنهُ هَانَتْ عَلَيْهِ نَفْسُهُ فِي اللهِ وَهَانَ عَلَى قَوْمِهِ فَأَخَذُوهُ فَأَعْطَوْهُ الْوِلْدَانَ فَجَعَلُوا يَطُوفُونَ بِهِ فِي شِعَابِ مَكةَ وَهُوَ يَقُولُ أَحَدٌ أَحَدٌ.

8600 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى تۇنجى ئاشكارا قىلغانلار يەتتە كىشى بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى، ئەممار، ئۇنىڭ ئانىسى سۇمەييە، سۇھەيب، بىلال

[1] ھەيسەمى (15668): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما ئۇماره ئىبنى زازانغا ھەرخىل باھا بېرىلگەن، ـ دېگەن.

ۋە مىقــداد قاتــارلىقلار. اللە تائــالا پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەسەللەمنى (ئۇنىڭ) تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ھىمايىسىدە قوغدىدى. ئەبۇ بەكرنى قەۋمىنىڭ ھىمايىسىدە قوغداپ قالدى. قالغانلىرىغا كەلسەك، مۇشرىكلار ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، پۇت - قوللىرىغا تۆمۈر ئىشكەللەرنى تاقاپ، قۇياشنىڭ قىزغىن تەپتىدە قىيىندى. مۇشرىكلارنىڭ ئەڭ ئېغىر قىيىن - قىستاقلىرىغا دۇچار بولغان كىشى بىلال ئىدى. بىلال بولسا، جېنىنى اللە يولىغا ئاتىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ قەۋمى بولمىغاچقا، مۇشرىكلار ئۇنى بەك قاتتىق قىينىدى. ھەتتا باللارنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، مەككە كوچىلىرىنى ئايلاندۇردى (سازايى قىلدى). ئۇ بولسا:

– بىردۇر، بىردۇر... - دەپ، اللەنىڭ بىرلىكىنى جاكارلايتتى[1].
(ئىبنى ماجە: 150)

[1] ئەلبانى (122): ھەسەن. - دېگەن.

## ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى

8601 ـ عن عُرْوَةَ قال أبو بَكْرٍ الصديقُ اسْمُهُ عبد اللهِ بن عُثْمَانَ بن عَامِرِ بن عَمْرِو بن كَعْبِ بن سَعْدِ بن تَيْمِ بن مُرةَ شَهِدَ بَدْرًا مع رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَأُم أبي بَكْرٍ رضي اللهُ عنه أُم الْخَيْرِ سَلْمَى بنتُ صَخْرِ بن عَامِرِ بن عَمْرِو بن كَعْبِ.

8601 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (ئەسلى) ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇسمان ئىبنى ئامىر ئىبنى ئەمر ئىبنى كەئب ئىبنى سەئد ئىبنى تىم ئىبنى مۇررەدۇر. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇممۇلخەير ـ سەلما سەخر ئىبنى ئامىر ئىبنى كەئب ئىبنى سەئد ئىبنى ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئبنىڭ قىزىدۇر[1].

(«ئەلكەبىر»)

8602 ـ عَنْ عَائِشَةَ أن أَبَا بَكْرٍ دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَنتَ عَتِيقُ اللهِ مِنْ النارِ فَيَوْمَئِذٍ سُميَ عَتِيقًا.

8602 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كىرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ سەن ﷲنىڭ ئەتىقى (ئوتتىن ئازات قىلىنغان ئادىمى)سەن، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى شۇ كۈندىن تارتىپ ئەتىق دەپ ئاتالدى[2].

(تىرمىزى: 3679)

8603 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا لِأَحَدٍ عِنْدَنَا يَدٌ إِلا وَقَدْ كَافَيْنَاهُ مَا خَلَا أَبَا بَكْرٍ فَإِن لَهُ عِنْدَنَا يَدًا يُكَافِيهِ اللهُ بِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَمَا نَفَعَنِي

---

[1] ھەيسەمى (14288): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2905): سەھىھ ـ دېگەن.

مَالُ أَحَدٍ قَط مَا نَفَعَنِي مَالُ أَبِي بَكْرٍ وَلَوْ كُنتُ مُتخِذًا خَلِيلًا لَاتخَذْتُ أَبَا بَكْرٍ خَلِيلًا أَلَا وَإِن صَاحِبَكُمْ خَلِيلُ اللهِ.

8603 ـ ئەبۇ ھۇرەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەبۇ بەكرىدىن باشقا بىزگە ياردەم قولىنى سۇنغانلارنىڭ ھەممىسىنى مۇكاپاتلىدۇق. ئەبۇ بەكرىنى بولسا، الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۆزى مۇكاپاتلايدۇ. ھېچكىمنىڭ مېلى ماڭا ئەبۇ بەكرىنىڭ پۇل ـ مېلىدەك ئەسقاتمىدى. مەن بىرىنى دوست تۇتماقچى بولسام، ئەلۋەتتە، ئەبۇ بەكرىنى تۇتقان بولاتتىم. بىلىڭلاركى، پېقىر اللهنىڭ دوستىدۇرمەن»[1].

(تىرمىزى: 3661)

وزاد رزين: ما عرضت الإسلام على أحد إلا و كانت له كبوة إلا أبو بكر فإنه B يتلعثم فى قوله.

رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: «كىمنى ئىسلامغا دەۋەت قىلسام، ئىككىلىنىپ قالاتتى، لېكىن ئەبۇ بەكرى قىلچە ئىككىلەنمەيلا قوبۇل قىلدى».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8604 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَانِي جِبْرِيلُ فَأَخَذَ بِيَدِي فَأَرَانِي بَابَ الْجَنةِ الذِي تَدْخُلُ مِنْهُ أُمتِي فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ يَا رَسُولَ اللهِ وَدِدْتُ أَني كُنتُ مَعَكَ حَتى أَنظُرَ إِلَيْهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا إِنكَ يَا أَبَا بَكْرٍ أَولُ مَنْ يَدْخُلُ الْجَنةَ مِنْ أُمتِي.

8604 ـ ئەبۇ ھۇرەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (2894): سەھىھ ـ دېگەن.

ــــ جىبرىئىــل يىنىمغا كېلىــپ، قولۇمــدىن تۇتــۇپ، ئــۈممىتىم كىرىدىغان جەننەتنىڭ ئىشىكىنى كۆرسەتتى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ بەكرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! كاشكى ئۇ جەننەت ئىشىكىنى كۆرىدىغان ۋاقىتتا سەن بىلەن بىللە بولسام! ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئەبۇ بەكرى! بىلگىنكى، سەن ئۈممىتىم ئىچىدە جەننەتكە تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان ئادەمسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4654)

8605 ـ عن أَبي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَنفَقَ زَوْجَيْنِ مِنْ شَيْءٍ مِنْ الْأَشْيَاءِ فِي سَبِيلِ اللهِ دُعِيَ مِنْ أَبْوَابِ يَعْنِي الْجَنةَ يَا عَبْدَ اللهِ هَذَا خَيْرٌ فَمَنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الصلَاةِ دُعِيَ مِنْ بَابِ الصلَاةِ وَمَنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الْجِهَادِ دُعِيَ مِنْ بَابِ الْجِهَادِ وَمَنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الصدَقَةِ دُعِيَ مِنْ بَابِ الصدَقَةِ وَمَنْ كَانَ مِنْ أَهْلِ الصيَامِ دُعِيَ مِنْ بَابِ الصيَامِ وَبَابِ الريانِ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ مَا عَلَى هَذَا الذِي يُدْعَى مِنْ تِلْكَ الْأَبْوَابِ مِنْ ضَرُورَةٍ وَقَالَ هَلْ يُدْعَى مِنْهَا كُلهَا أَحَدٌ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ نَعَمْ وَأَرْجُو أَنْ تَكُونَ مِنْهُمْ يَا أَبَا بَكْرٍ.

8605 ــ ئەبــۇ ھــۇرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــــ كىمكــى الله يولــدا قوشــلاپ ســەرپ قىلســا، ئــۇ جەننەتنىــڭ ئىشــىكلىرىدىن: ”ئــى اللهنىــڭ بەندىســى، بــۇ يەر بەكمــۇ ياخشــى“ دەپ چاقىرىلىــدۇ. كىمكــى نامــاز ئەھلــى بولســا، نامــاز ئىشــىكىدىن، جىھــاد ئەھلــى بولســا، جىھــاد ئىشــىكىدىن، ســەدىقە ئەھلــى بولســا، ســەدىقە ئىشــىكىدىن، روزا ئەھلــى بولسا، روزىنىــڭ رەييــان دېگەن ئىشــىكىدىن چاقىرىلىدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

[1] ئەلبانى (1008): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ بىر كىشىنىڭ بىرلا ئىشكتىن چاقىرىلىشى شەرتمۇ، يەنى بىر كىشىنىڭ ھەممە ئىشىكتىن چاقىرىلىش مۇمكىنچىلىكى يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەبۇ بەكرى! بار، مەن سېنىڭ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قېلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3666)

8606 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَصْبَحَ مِنْكُمْ الْيَوْمَ صَائِمًا قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنا قَالَ فَمَنْ تَبِعَ مِنْكُمْ الْيَوْمَ جَنَازَةً قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنا قَالَ فَمَنْ أَطْعَمَ مِنْكُمْ الْيَوْمَ مِسْكِينًا قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنا قَالَ فَمَنْ عَادَ مِنْكُمْ الْيَوْمَ مَرِيضًا قَالَ أَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا اجْتَمَعْنَ فِي امْرِئٍ إِلا دَخَلَ الْجَنةَ.

8606 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۈگۈن قايسىڭلار روزا تۇتتۇڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى:

ــ مەن، ـ دېدى.

ــ قايسىڭلار جىنازە نامىزىغا قاتناشتىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى:

ــ مەن، ـ دېدى.

ــ قايسىڭلار بىر مىسكىنگە تائام بەردىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى:

ــ مەن، ـ دېدى.

ــ قايسىڭلار كېسەل يوقلىدىڭلار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، يەنە ئەبۇ بەكرى:

ــ مەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ كىمكى مۇشۇ ئىشلارنى بىر كۈندە قىلغان بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1028)

8607 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَلَسَ عَلَى الْمِنْبَرِ قَالَ إِن عَبْدًا خَيرَهُ اللهُ بَيْنَ أَنْ يُؤْتِيَهُ مِنْ زَهْرَةِ الدنْيا مَا شَاءَ وَبَيْنَ مَا عِنْدَهُ فَاخْتَارَ مَا عِنْدَهُ فَقَالَ أَبو بَكْرٍ فَدَيْنَاكَ يَا رَسُولَ اللهِ بِآبَائِنَا وَأُمهَاتِنَا قَالَ فَعَجِبْنَا فَقَالَ الناسُ انْظُرُوا إِلَى هَذَا الشيْخِ يُخْبِرُ رَسُولُ اللهِ عَنْ عَبْدٍ خَيرَهُ اللهُ بَيْنَ أَنْ يُؤْتِيَهُ مِنْ زَهْرَةِ الدنْيا مَا شَاءَ وَبَيْنَ مَا عِنْدَ اللهِ وَهُوَ يَقُولُ فَدَيْنَاكَ بِآبَائِنَا وَأُمهَاتِنَا قَالَ فَكَانَ رَسُولُ اللهِ هُوَ الْمُخَيرُ وَكَانَ أَبو بَكْرٍ هُوَ أَعْلَمَنَا بِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن مِنْ أَمَن الناسِ عَلَي فِي صُحْبَتِهِ وَمَالِهِ أَبو بَكْرٍ وَلَوْ كُنتُ مُتخِذًا خَلِيلًا لَاتخَذْتُ أَبَا بَكْرٍ خَلِيلًا وَلَكِنْ أُخُوةُ الْإِسْلَامِ لَا تُبْقَيَن فِي الْمَسْجِدِ خَوْخَةٌ إِلا خَوْخَةُ أَبِي بَكْرٍ.

8607 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردە ئولتۇرۇپ:

ــ اللە تائالا بىر بەندىگە دۇنيانىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرىدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇش ياكى ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نازۇ ـ نېمەتلەرنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرگەنىدى، ئۇ بەندە اللەنىڭ دەرگاھىدىكىنى تاللىدى، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ساڭا پىدا بولسۇن! ـ دېگەنىدى، ھەممەيلەن ھەيران قالدۇق. بەزىلەر:

ــ بۇ مويسىپىتنىڭ سۆزىگە قارىمامدىغان؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىگە اللە تائالانىڭ بىر بەندىگە دۇنيانىڭ نازۇ ــ نېمەتلىرىدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇش ياكى ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نازۇ ـ نېمەتلەرنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرگەنلىكى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتسا، ئۇ قوپۇپ: "ئاتا ـ ئانىمىز ساڭا پىدا بولسۇن" دەۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى. ئەسلىدە تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئەبۇ بەكرى بۇنى بىزدىن بۇرۇن چۈشىنىپ بولغانىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەيلى ھەمراھ بولۇش ياكى مال ـ مۈلكىنى تەقدىم قىلىش جەھەتتە بولسۇن، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ بەكرىدىن ئەڭ مىننەتدارمەن. ئەگەر دوست تۇتىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى

تۇتقان بولاتتىم. لېكىن (ئارمىزدا) ئىسلام قېرىنداشلىقى بار. مەسجىد ئىچىگە ئېچىلغان ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىڭلار، ئەمما ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۆچۈق قالسۇن! ـ دېدى[1]

(تىرمىزى: 3660)

8608 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ قَال سَمِعْتُ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نَتَصَدقَ فَوَافَقَ ذَلِكَ عِنْدِي مَالًا فَقُلْتُ الْيَوْمَ أَسْبِقُ أَبَا بَكْرٍ إِنْ سَبَقْتُهُ يَوْمًا قَالَ فَجِئْتُ بِنِصْفِ مَالِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَبْقَيْتَ لِأَهْلِكَ قُلْتُ مِثْلَهُ وَأَتَى أَبُو بَكْرٍ بِكُل مَا عِنْدَهُ فَقَالَ يَا أَبَا بَكْرٍ مَا أَبْقَيْتَ لِأَهْلِكَ قَالَ أَبْقَيْتُ لَهُمْ اللهَ وَرَسُولَهُ قُلْتُ وَاللهِ لَا أَسْبِقُهُ إِلَى شَيْءٍ أَبَدًا.

8608 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كۈنلەردە قول ئىلكىمدە خېلى كۆپ مال بار ئىدى. ئىچىمدە: ''بۈگۈن ئەبۇ بەكرىدىن ئۆتۈپ كېتىشنىڭ بىردىنبىر پۇرسىتى'' دېدىم ـ دە، مېلىمنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئۆمەر! ئائىلەڭگە بىر نېمە ئېلىپ قويدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ــ يەنە مۇشۇنچىلىك ئېلىپ قويدۇم، ـ دېدىم. كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇ بەكرى بارلىق مېلىنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەبۇ بەكرى! ئائىلەڭگە نېمە ئېلىپ قويدۇڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ بەكرى:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ئېلىپ قويدۇم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلاپ: ''ئەبۇ بەكرىدىن ئېشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىكەن'' دەپ ئويلىدىم[2].

(تىرمىزى: 3675)

[1] ئەلبانى (2893): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2902): ھەسەن، ـ دېگەن.

8609 ـ عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ كُنتُ جَالِسًا عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ إِذْ أَقْبَلَ أُبو بَكْرٍ آخِذًا بِطَرَفِ ثَوْبِهِ حَتى أُبْدَى عَنْ رُكْبَتِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أَما صَاحِبُكُمْ فَقَدْ غَامَرَ فَسَلمَ وَقَالَ إِني كَانَ بَيْنِي وَبَيْنَ ابْنِ الْخَطابِ شَيْءٌ فَأَسْرَعْتُ إِلْيِهِ ثُم نَدِمْتُ فَسَأَلْتُهُ أَنْ يَغْفِرَ لِي فَأَبى عَلَي فَأَقْبَلْتُ إِلْيكَ فَقَالَ يَغْفِرُ اللهُ لَكَ يَا أَبَا بَكْرٍ ثَلَاثًا ثُم إِن عُمَرَ نَدِمَ فَأَتى مَنْزِلَ أَبِي بَكْرٍ فَسَأَلَ أَثَم أُبو بَكْرٍ فَقَالُوا لَا فَأَتى إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فَسَلمَ فَجَعَلَ وَجْهُ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يَتَمَعرُ حَتى أَشْفَقَ أُبو بَكْرٍ فَجَثَا عَلَى رُكْبَتَيْهِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ وَاللهِ أَنا كُنتُ أَظْلَمَ مَرتَيْنِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ إِن اللهَ بَعَثَنِي إِلْيكُمْ فَقُلْتُمْ كَذَبْتَ وَقَالَ أُبو بَكْرٍ صَدَقَ وَوَاسَانِي بِنَفْسِهِ وَمَالِهِ فَهَلْ أَنْتُمْ تَارِكُوا لِي صَاحِبِي مَرتَيْنِ فَمَا أُوذِيَ بَعْدَهَا.

8609 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتىم، ئەبۇ بەكرى كىيىمىنى تىزىغىچە تۈرگەن ھالدا ئالدىراش يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ بۇرادىرىڭلار بىرى بىلەن جېدەللىشىپ قالغان ئوخشايدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى سالامدىن كېيىن:

ــ ئۆمەر بىلەن ئارىمىزدا ئازراق كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ ئۆتتى، مەن ئىتتىكلىك قىلىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىسام، ئۇ مېنى كەچۈرۈشكە ئۇنىمىدى، شۇڭا سېنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم:

ــ الله سېنى مەغفىرەت قىلسۇن، ئى ئەبۇ بەكرى! ــ دېدى. كېيىن ئۆمەرمۇ پۇشايمان قىلىپ، ئەبۇ بەكرىدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ئۆيىگە باردى، ئەبۇ بەكرى ئۆيىدە يوق ئىدى. ئۆمەر ئۇدۇل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدىن غەزەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەبۇ بەكرى ئۆمەرگە بىر نەرسە بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قايتا ـ قايتا:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىشتا مەن ئورۇنسىزلىق قىلدىم، - دەپ يالۋۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە:

ــــ اللە مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسە، سىلەر ماڭا: "يالغان سۆزلىدىڭ" دېدىڭلار. لېكىن ئەبۇ بەكرى: "راست ئېيتتىڭ" دەپ تەستىقلىدى. ئۇ گاھ جېنىنى، گاھ مېلىنى ئاتاپ، ماڭا يار - يۆلەك بولۇپ كەلدى، بۇرادىرىمگە نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن، ھېچكىم ئەبۇ بەكرىگە ئازار بېرىپ باقمىدى.

(بۇخارى: 3661)

8610 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنْبَغِي لِقَوْمٍ فِيهِمْ أَبُو بَكْرٍ أَنْ يَؤُمَّهُمْ غَيْرُهُ.

8610 ــــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جامائەت ئىچىدە ئەبۇ بەكرى بار تۇرۇپ، باشقا بىرىنىڭ (جامائەتكە) ئىمام بولۇشى لايىق ئەمەس»[1].

(تىرمىزى: 36739)

8611 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ زَمْعَةَ قَالَ لَما اسْتُعِزَ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا عِنْدَهُ فِي نَفَرٍ مِنْ الْمُسْلِمِينَ دَعَاهُ بِلَالٌ إِلَى الصلَاةِ فَقَالَ مُرُوا مَنْ يُصَلي لِلناسِ فَخَرَجَ عَبْدُ اللهِ بْنُ زَمْعَةَ فَإِذَا عُمَرُ فِي الناسِ وَكَانَ أَبُو بَكْرٍ غَائِبًا فَقُلْتُ يَا عُمَرُ قُمْ فَصَل بِالناسِ فَتَقَدمَ فَكَبرَ فَلَما سَمِعَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَوْتَهُ وَكَانَ عُمَرُ رَجُلًا مُجْهِرًا قَالَ فَأَيْنَ أَبُو بَكْرٍ يَأْبَى اللهُ ذَلِكَ وَالْمُسْلِمُونَ يَأْبَى اللهُ ذَلِكَ وَالْمُسْلِمُونَ فَبَعَثَ إِلَى أَبِي بَكْرٍ فَجَاءَ بَعْدَ أَنْ صَلى عُمَرُ تِلْكَ الصلَاةَ فَصَلى بِالناسِ.

[1] ئەلبانى (757): ئىنتايىن زەئىپ، - دېگەن.

8611 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ قالغاندا، مەن قاتارلىق بىر توپ جامائەت ئۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بىلال كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نامازغا چاقىرغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بىرەيلەننى جامائەتكە ئىمام بولۇپ بېرىشى ئۈچۈن چاقىرىڭلار! ــ دېدى. سىرتقا چىقىپ قارىسام، ئۆمەر تۇرغانىكەن، ئەتراپتا ئەبۇ بەكرى كۆرۈنمەيتتى. ئۆمەرگە:

ــ ئى ئىبنى خەتتاب! جامائەتكە ئىمام بولغىن! ـ دېدىم. ئۇ مېھرابقا چىقىپ، نامازغا تۇردى. ئۆمەرنىڭ ئاۋازى بەكمۇ جاراڭلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەبۇ بەكرى قېنى؟ الله بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇنىمايدۇ. ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى چاقىرىپ كېلىندى. ئۆمەر سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى (نامازنى) قايتىدىن ئوقۇدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4660)

8612 ـ وفي رواية: لَما سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَوْتَ عُمَرَ قَالَ ابْـنُ زَمْعَةَ خَرَجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى أَطْلَعَ رَأْسَهُ مِنْ حُجْرَتِهِ ثُم قَالَ لَا لَا لَا لِيُصَل لِلناسِ ابْنُ أَبِي قُحَافَةَ يَقُولُ ذَلِكَ مُغْضَبًا.

8612 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھۇجرىدىن بېشىنى چىقاردى ـ دە، ئاچچىق بىلەن:

ــ ياق، ياق، ياق. ئەبۇ بەكرى ئىمام بولسۇن! ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4661)

[①] ئەلبانى (3895): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3896): سەھىھ ـ دېگەن.

8613 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ لَما قُبِضَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ الْأَنصَارُ مِنا أَمِيرٌ وَمِنْكُمْ أَمِيرٌ فَأَتَاهُمْ عُمَرُ فَقَالَ أَلَسْتُمْ تَعْلَمُونَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَمَرَ أَبَا بَكْرٍ أَنْ يُصَليَ بِالناسِ فَأَيكُمْ تَطِيبُ نَفْسُهُ أَنْ يَتَقَدمَ أَبَا بَكْرٍ قَالُوا نَعُوذُ بِاللهِ أَنْ نَتَقَدمَ أَبَا بَكْرٍ.

8613 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئەنسارىلار:

— بىزدىن بىر، سىلەردىن بىر خەلىپە بولسۇن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەبۇ بەكرنى جامائەتكە ئىمام بولۇشقا بۇيرىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ قايسىڭلارنىڭ كۆڭلى ئەبۇ بەكرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشكە ئۇنايدۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

— ئەبۇ بەكرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈشتىن اللهقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز، ـ دېيىشتى[1].

(نەسائى: 777)

8614 ـ عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فِي مَرَضِهِ مُرُوا أَبَا بَكْرٍ يُصَلي بِالناسِ قَالَتْ عَائِشَةُ قُلْتُ إِن أَبَا بَكْرٍ إِذَا قَامَ فِي مَقَامِكَ لَمْ يُسْمِعْ الناسَ مِنْ الْبُكَاءِ فَمُرْ عُمَرَ فَلْيُصَل فَقَالَ مُرُوا أَبَا بَكْرٍ فَلْيُصَل لِلناسِ قَالَتْ عَائِشَةُ لِحَفْصَةَ قُولِي لَهُ إِن أَبَا بَكْرٍ إِذَا قَامَ فِي مَقَامِكَ لَمْ يُسْمِعْ الناسَ مِنْ الْبُكَاءِ فَمُرْ عُمَرَ فَلْيُصَل لِلناسِ فَفَعَلَتْ حَفْصَةُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَهْ إِنكُن لَأَنْتُن صَوَاحِبُ يُوسُفَ مُرُوا أَبَا بَكْرٍ فَلْيُصَل لِلناسِ قَالَتْ حَفْصَةُ لِعَائِشَةَ مَا كُنتُ لِأُصِيبَ مِنْكِ خَيْرًا.

8614ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل تارتىپ يېتىپ قالدى ۋە:

[1] ئەلبانى (749): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

ــ ئەبۇ بەكرىنى بۇيرۇڭلار، جامائەتكە ئىمام بولسۇن، ـ دېدى. مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ بەكرى سېنىڭ ئورنۇڭغا چىقسا، (ھاياجاندىن) يىغا تۇتۇپ، ئاۋازىنى جامائەتكە ئاڭلىتالمايدۇ، شۇڭا ئۆمەرنى ئىمام بولۇشقا بۇيرىغان بولساڭ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەبۇ بەكرىنى بۇيرۇڭلار، جامائەتكە ئۇ ئىمام بولسۇن! ــ دېدى. ئاندىن مەن ھەفسەگە:

ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ''ئەبۇ بەكرى سېنىڭ ئورنۇڭغا چىقسا، يىغا تۇتۇپ، ئاۋازىنى جامائەتكە ئاڭلىتالمايدۇ، شۇڭا ئۆمەرنى ئىمام بولۇشقا بۇيرىغان بولساڭ'' دېگىن! ـ دېدىم. ھەفسە دېگىنىمدەك قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق نارازى بولغان كەيپىياتتا:

ـ سىلەر ھەزرىتى يۇسۇفكە ھىيلە ئىشلەتكەن خوتۇنلارنىڭ ئۆزى ئىكەنسىلەر. ئەبۇ بەكرىنى بۇيرۇڭلار، جامائەتكە ئىمام بولسۇن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەفسە ماڭا:

ـ سەندىن ياخشىلىق كۆرمەيدىغان ئوخشايمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 716)

8615 ـ قالت لقد رَاجَعْتُ رَسُولَ اللهِ ﷺ في ذلك وما حَمَلَنِي على كَثْرَةِ مُرَاجَعَتِهِ إلا أنهُ لم يَقَعْ في قَلْبِي أنْ يُحِب الناس بَعْدَهُ رَجُلًا قام مَقَامَهُ أَبدًا وَإلا أني كنت أَرَى أنهُ لَنْ يَقُومَ مَقَامَهُ أَحَدٌ إلا تَشَاءَمَ الناس بِهِ فَأَرَدْتُ أَنْ يَعْدِلَ ذلك رسول اللهِ ﷺ عن أبي بَكْرٍ.

8615 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: بۇ ھەقتە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قانچە قېتىم ئېغىز ئاچتىم. بۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبى، كىشىلەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆتكەن كىشىدىن شۇملۇق ھېس قىلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خەلق تەرىپىدىن ياقتۇرۇلماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم.

شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەبۇ بەكرىدىن ۋاز كېچىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم.

(مۇسلىم: 418)

8616 ـ عَنِ ابن عَباسٍ رضي اللهُ عنهما قال أَسْلَمَتْ أُم أبي بَكْرٍ وَأُم عُثْمَانَ وَأُم طَلْحَةَ وَأُم الزبَيْرِ وَأُم عبد الرحمن بن عَوْفٍ وَأُم عَمارِ بن يَاسِرٍ رضي اللهُ عَنْهُمْ وَيُقَالُ عَتِيقُ بن عُثْمَانَ وإنما سُمي عَتِيقًا لِحُسْنِ وَجْهِهِ.

8616 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرىنىڭ ئانىسى، ئوسمانىنىڭ ئانىسى، تەلھەنىڭ ئانىسى، زۇبەيرنىڭ ئانىسى، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئانىسى ۋە ئاممار ئىبنى ياسىرنىڭ ئانىسى (يەنى ھەممىسى) مۇسۇلمان بولدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ يۈزى بەكمۇ چىرايلىق بولغاچقا، "ئەتىيق" دەپ ئاتالغانىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 3)

8617 ـ عن أبي هريرة قال قال رسول الله ﷺ لما عرج بي إلى السماء ما مررت بسماء إلا وجدت فيها اسمي محمد رسول الله ﷺ وأبو بكر الصديق من خلفي.

8617 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ۋاقتىمدا، قايسىبىر ئاسماندىن ئۆتسەم، ئۇنىڭدا ئىسمىمنىڭ: "مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دەپ يېزىلغانلىقىنى، ئارقىدىنلا ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئىسمىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆردۈم»[2].

(مەۋسىلى: 6607؛ «ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ھەيسەمى (14291): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى شەبىب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14296): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئىبراھىم غىفارى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

8618 ـ عن مُوسَى بن عُقْبَةَ قال لا نَعْلَمُ أَرْبَعَةً ادركوا النبي صلى الله عليه وسلم وَأَبْنَاؤُهُمْ الا هَؤُلاءِ الأَرْبَعَةَ أبو قُحَافَةَ وأبو بَكْرٍ وَعَبْدُ الرحمن بن أبي بَكْرٍ وأبو عَتِيقٍ بن عبد الرحمن وَاسْمُ أبي عَتِيقٍ مُحَمَّدٌ.

8618 ــ مۇسا ئىبنى ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىر ئائىلىدىن پەقەت تۆت ئەجدادنىڭ كۆرگەنلىكىنى بىلمىمىز، ئۇلار: ئەبۇ قۇھافە، (ئۇنىڭ ئوغلى) ئەبۇ بەكرى، (ئۇنىڭ ئوغلى) ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى ۋە (ئۇنىڭ ئوغلى) ئەبۇ ئەتىق ئىبنى ئابدۇراھمان (بولۇپ، ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد)دۇر[1].

(«ئەلكەبىر»: 11)

8619 ـ عن عَائِشَةَ رضي الله عنها قالت تُوُفِيَ أبو بَكْرٍ رضي الله عنه لَيْلَةَ الثلاثَاءِ وَدُفِنَ لَيْلا.

8619 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى سېيشەنبە كېچىسى ۋاپات بولدى ۋە شۇ كېچىسى دەپنە قىلىندى[2].

(«ئەلكەبىر»: 40)

8620 ـ الْهَيْثَمُ بن عِمْرَانَ قال سمعت جَدي يقول تُوُفيَ أبو بَكْرٍ رضي الله عنه وَبِهِ طَرَفٌ مِنَ السلِ وَوَلِيَ سَنَتَيْنِ وَنِصْفًا.

8620 ــ ھەيسەم ئىبنى ئىمراندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئەبۇ بەكرى ئۆپكە كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ خەلىپىلىكى ئىككى يېرىم يىل داۋاملاشتى[3].

(«ئەلكەبىر»: 41)

---

[1] ھەيسەمى (14344): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى قاسىم ئىبنى مۇھەممەد دېگەن كىشىنى تونۇمايمەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14395): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (14396): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى

8621 ـ عَن بن إِسْحَاقَ: عُمَرُ بن الْخَطابِ بن نُفَيْلِ بن عبد الْعُزى بن رَبَاحِ بن عبد اللهِ بن قُرْطِ بن رَزَاحِ بن عَدِي بن كَعْبِ بن لُؤَي بن غَالِبِ بن فِهْرِ بن مَالِكٍ يُكَنى أَبَا حَفْصٍ رضي اللهُ عنه وَأُمهُ حَنْتَمَةُ بنتُ هِشَامِ بن الْمُغِيرَةِ بن عبد اللهِ بن عَمْرِو بن مَخْزُومٍ.

8621 ـ ئىبنى ئىسهاق مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ــ خەتتاب ئىبنى نۇفەيل ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى رەباھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەزاھ ئىبنى ئەدىي ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەينىڭ ئوغلى؛ ئانىسى بولسا، ھەنتەمە بىنتى ھىشام ئىبنى مۇغىرە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى مەخزۇمدۇر[1].

(«ئەلكەبىر»: 49)

8623 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُم أَعِز الْإِسْلَامَ بِأَحَب هَذَيْنِ الرجُلَيْنِ إِلَيْكَ بِأَبِي جَهْلٍ أَوْ بِعُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ وَكَانَ أَحَبهُمَا إِلَيْهِ عُمَرُ.

8623 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى الله! ئىسلامنى شۇ ئىككى كىشى، يەنى ئەبۇ جەھىل ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن ساڭا ئەڭ يېقىن بولغىنى بىلەن كۈچلەندۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلدى. (ئۇ ئىككىسىدىن) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تائالاغا ئەڭ يېقىنى بولۇپ چىقتى[2].

---

[1] ھەيسەمى (14397): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى سەھىھتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2907): سەھىھ ـ دېگەن.

8624 ـ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا لَما أَسْلَمَ عُمَرُ اجْتَمَعَ الناسُ عِنْدَ دارِهِ وَقَالُوا صَبَا عُمَرُ وَأَنا غُلَامٌ فَوْقَ ظَهْرِ بَيْتِي فَجَاءَ رَجُلٌ عَلَيْهِ قَبَاءٌ مِنْ دِيبَاجٍ فَقَالَ قَـدْ صَبَا عُمَرُ فَمَا ذَاكَ فَأَنا لَهُ جَارٌ قَالَ فَرَأَيْتُ الناسَ تَصَدعُوا عَنْهُ فَقُلْتُ مَنْ هَذَا قَالُوا الْعَاصِ بْنُ وَائِلٍ.

8624 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (دادام) ئۆمەر مۇسۇلمان بولغان چاغدا، مۇشرىكلار ئىشىك ئالدىغا يىغىلىپ:

ــ ئۆمەر ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىدىن يېنىپتۇ، ـ دېيىشتى. ئۇ چاغلاردا مەن تېخى كىچىك بالا بولۇپ، ئۆگزىگە چىقىۋالغانىدىم. يىپەك تون كىيگەن بىر ئادەم كېلىپ:

ــ ئۆمەر ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىدىن يېنىۋالسا نېمە بوپتۇ، مانا مەن ئۇنىڭ ھامىيسى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشرىكلار تارقىلىپ كەتتى. مەن:

ــ بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ماڭا:

ــ بۇ، ئاس ئىبنى ۋائىل بولىدۇ، ـ دېيىشتى.

(بۇخارى: 3865)

8625 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللـهَ جَعَـلَ الْحَق عَلَى لِسَانِ عُمَرَ وَقَلْبِهِ و قَالَ ابْنُ عُمَرَ مَا نَزَلَ بِالناسِ أَمْرٌ قَط فَقَالُوا فِيهِ وَقَـالَ فِيـهِ عُمَرُ أَوْ قَالَ ابْنُ الْخَطابِ فِيهِ شَك خَارِجَةُ إِلا نَزَلَ فِيهِ الْقُرْآنُ عَلَى نَحْوِ مَا قَالَ عُمَرُ.

8625 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ھەقنى ئۆمەرنىڭ تىلىدا ۋە دىلىدا قىلدى». ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، باشقىلار بىر خىل پىكىرنى، ئۆمەر باشقا بىر خىل پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا،

ئۆمەرنىڭ پىكرى (مەزكۇر مەسىلە ھەققىدە نازىل بولغان) ئايەتلەرنىڭ ھۆكمىگە ئۇدۇل چىقىپ قالاتتى[1].

(تىرمىزى: 3682)

8626 ـ عَنْ عَائِشَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يَقُولُ قَدْ كَانَ يَكُونُ فِي الْأُمَمِ قَبْلَكُمْ مُحَدثُونَ فَإِنْ يَكُنْ فِي أُمتِي مِنْهُمْ أَحَدٌ فَإِن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ مِنْهُمْ.

8626 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردە پەيغەمبەر ئەمەس تۇرۇپ ئىلھام بېرىلىدىغان بەزى كىشىلەر بولغانىدى، ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىمدىمۇ شۇنداق بىرى بار دېيىلسە، شۈبھىسىزكى، ئۆمەر شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر».

(مۇسلىم: 2398)

8627 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ مَا زِلْنَا أَعِزةً مُنْذُ أَسْلَمَ عُمَرُ.

8627 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ئۆمەر مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، بىز (مۇسۇلمانلار) كۈچلىنىپ كەتتۇق.

(بۇخارى: 3863)

8628 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَا أَنَا نَائِمٌ رَأَيْتُ الناسَ يُعْرَضُونَ عَلَي وَعَلَيْهِمْ قُمُصٌ مِنْهَا مَا يَبْلُغُ الثدِي وَمِنْهَا مَا دُونَ ذَلِكَ وَعُرِضَ عَلَي عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ وَعَلَيْهِ قَمِيصٌ يَجُرهُ قَالُوا فَمَا أَولْتَ ذَلِكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الدينَ.

8628 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (2908): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ چۈشۈمدە كىشىلەر بىر - بىرلەپ ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈلدى. ھەممىسىنىڭ ئۈچىسىدا كۆڭلەك بار بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ كۆڭلىكى كۆكرىكىنى ئاران ياپسا، بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن سەل ئۇزۇنراق ئىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ ئالدىمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ كۆينىكى (ئۇزۇنلۇقىدىن) يەرگە سۆرۈلۈپ قالغانىدى، - دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمىنىڭ بېشارىتى (يەنى بۇ چۈشكە قانداق تەبىر بەردىڭ)؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ دىنىنىڭ (بېشارىتى)، - دېدى.

(بۇخارى: 23)

8629 ـ عن ابن عُمَرَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ بَيْنَا أَنَا نَائِمٌ أُتِيتُ بِقَدَحِ لَبَنٍ فَشَرِبْتُ حَتى إِني لَأَرَى الري يَخْرُجُ فِي أَظْفَارِي ثُم أَعْطَيْتُ فَضْلِي عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالُوا فَمَا أَوَلْتَهُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ الْعِلْمَ.

8629 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ چۈشۈمدە ماڭا بىر قاچا سۈت كەلتۈرۈلدى، سۈتتىن قانغۇچە ئىچتىم، ھەتتا سۈت تىرناقلىرىمنىڭ ئاستىدىن تېشىپ چىققۇدەك بولدى. ئاندىن ئېشىپ قالغىنىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا بەردىم، - دېدى. ساھابىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمىنىڭ بېشارىتى؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىلىمنىڭ (بېشارىتى)، - دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 82)

8630 ـ عن أَبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ بَيْنَا أَنَا نَائِمٌ رَأَيْتُنِي عَلَى قَلِيبٍ عَلَيْهَا دَلْوٌ فَنَزَعْتُ مِنْهَا مَا شَاءَ اللهُ ثُم أَخَذَهَا ابْنُ أَبِي قُحَافَةَ فَنَزَعَ بِهَا ذَنُوبًا أَوْ ذَنُوبَيْنِ وَفِي نَزْعِهِ ضَعْفٌ وَاللهُ يَغْفِرُ لَهُ ضَعْفَهُ ثُم اسْتَحَالَتْ غَرْبًا فَأَخَذَهَا ابْنُ الْخَطابِ فَلَمْ أَرَ عَبْقَرِيا مِنْ الناسِ يَنْزِعُ نَزْعَ عُمَرَ حَتى ضَرَبَ الناسُ بِعَطَنٍ.

8630 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چۈشۈمدە ئۆزۈمنى بىر قۇدۇقنىڭ بېشىدا كۆردۈم. قۇدۇق بېشىدا بىر سوغا (ياغاچ چېلەك) تۇراتتى. سوغىنى قولۇمغا ئېلىپ، الله خالىغان مىقداردا سۇ تارتتىم. ئاندىن سوغىنى ئەبۇ قۇھافەنىڭ ئوغلى (يەنى ئەبۇ بەكرى) ئېلىپ، بىر ياكى ئىككى قېتىم سۇ تارتتى، ئۇ سۇنى كۈچسىز تارتاتتى، الله ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى مەغپىرەت قىلغاي! ئۇنىدىن كېيىن سوغا يوغىناپ كەتتى، ئۇمەر ئىبنى خەتتاب كېلىپ سوغىنى قولىغا ئالدى. مەن ئۆمەردەك كۈچلۈك ۋە تېز سۇ تارتىدىغان ئەزىمەتتىن بىرنى كۆرۈپ باقمىدىم. (سۇدىن قانغىچە ئىچكەن) مۇسۇلمانلار ئارام ئېلىش ئۈچۈن قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوتلاقتا تارقالدى».

(بۇخارى: 3664)

8631 ـ عَنْ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ اسْتَأْذَنْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْعُمْرَةِ فَأَذِنَ لِي وَقَالَ لَا تَنْسَنَا يَا أُخَيِ مِنْ دُعَائِكَ فَقَالَ كَلِمَةً مَا يَسُرنِي أن لِي بِهَا الدنْيَا.

8631 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغانىدىم، ماڭا ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن:

ــ ئى قېرىندىشىم! بىزنى دۇئادا ئۇنتۇپ قالمىغىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىكى، ماڭا پۈتۈن دۇنيا بېرىلسىمۇ، ئۇ سۆزگە ھەرگىز تېگىشمەيمەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1498)

8632 ـ عن بُرَيْدَةَ يَقُولُ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَعْضِ مَغَازِيهِ فَلَما انْصَرَفَ جَاءَتْ جَارِيَةٌ سَوْدَاءُ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إني كُنتُ نَذَرْتُ إنْ رَدكَ اللهُ

[1] ئەلبانى (322): زەئىپ، ـ دېگەن.

سَالِمًا أَنْ أَضْرِبَ بَيْنَ يَدَيْكَ بِالدف وَأَتَغَنى فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ كُنتِ نَذَرْتِ فَاضْرِبِي وَإِلا فَلَا فَجَعَلَتْ تَضْرِبُ. فَدَخَلَ أَبُو بَكْرٍ وَهِىَ تَضْرِبُ ثُم دَخَلَ عَلِى وَهِىَ تَضْرِبُ ثُم دَخَلَ عُثْمَانُ وَهِىَ تَضْرِبُ ثُم دَخَلَ عُمَرُ فَأَلْقَتِ الدف تَحْتَ اسْتِهَا ثُم قَعَدَتْ عَلَيْهِ. فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ « إِن الشَّيْطَانَ لَيَخَافُ مِنْكَ يَا عُمَرُ إِنى كُنتُ جَالِسًا وَهِىَ تَضْرِبُ فَدَخَلَ أَبُو بَكْرٍ وَهِىَ تَضْرِبُ ثُم دَخَلَ عَلِى وَهِىَ تَضْرِبُ ثُم دَخَلَ عُثْمَانُ وَهِىَ تَضْرِبُ فَلَما دَخَلْتَ أَنتَ يَا عُمَرُ أَلْقَتِ الدف».

8632 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتتىن قايتىپ كەلگەندە، بىر قارا چۆرە ئالدىغا چىقىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! الله سېنى ئامان ــ ئېسەن قايتۇرۇپ كەلسە، داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىشقا نەزىر قىلغان ئىدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ نەزىر قىلغان بولساڭ مەيلى (چالغىن)، بولمىسا چالمىغىن، ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ داپ چېلىشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى كىرگەنىدى، ئۇ توختىماي چېلىۋەردى. ئاندىن ئەلى كىرگەنىدى، يەنە چېلىۋەردى. ئاندىن ئوسمان كىرگەنىدى، يەنە چېلىۋەردى. ئاندىن ئۆمەر كىرگەنىدى، داپنى قوڭغا قويۇپ ئولتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئۆمەر! سەندىن شەيتانمۇ قورقىدىكەن. مەن ئولتۇرسام، بۇ قىز داپ چېلىشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى كىرىۋىدى، يەنە چېلىۋەردى. ئەلى كىرىۋىدى، يەنە چېلىۋەردى. ئوسمان كىرىۋىدى، يەنە چېلىۋەردى. سەن كىرىۋىدىڭ، داپنى تاشلىۋەتتى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3690)

8633 ـ عَنْ عَائِشَةَ ذكرت قصة لعب الحبشة وفيه قَالَتْ: فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَأَنظُرُ إِلَى شَيَاطِينِ الْإِنسِ وَالْجِن قَدْ فَروا مِنْ عُمَرَ.

---

[1] ئەلبانى (2913): سەھىھ ـ دېگەن.

8633 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەبەشلىكلەرنىڭ ئويۇننى رىۋايەت قىلىپ دەيدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەن ئىنسى ــ جىن شاياتۇنلىرىنىڭ ئۆمەردىن قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 3691)

8634 ـ عن سَعْد بْنَ أَبِي وَقاصٍ قَالَ اسْتَأْذَنَ عُمَرُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعِنْدَهُ نِسَاءٌ مِنْ قُرَيْشٍ يُكَلِّمْنَهُ وَيَسْتَكْثِرْنَهُ عَالِيَةً أَصْوَاتُهُن فَلَما اسْتَأْذَنَ عُمَرُ قُمْنَ يَبْتَدِرْنَ الْحِجَابَ فَأَذِنَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَضْحَكُ فَقَالَ عُمَرُ أَضْحَكَ اللهُ سِنكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ عَجِبْتُ مِنْ هَؤُلَاءِ اللاتِي كُن عِنْدِي فَلَما سَمِعْنَ صَوْتَكَ ابْتَدَرْنَ الْحِجَابَ قَالَ عُمَرُ فَأَنتَ يَا رَسُولَ اللهِ كُنْتَ أَحَق أَنْ يَهَبْنَ ثُم قَالَ أَيْ عَدُواتِ أَنْفُسِهِن أَتَهَبْنَنِي وَلَا تَهَبْنَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْنَ نَعَمْ أَنتَ أَفَظ وَأَغْلَظُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا لَقِيَكَ الشيْطَانُ قَط سَالِكًا فَجا إِلا سَلَكَ فَجا غَيْرَ فَجكَ.

8634 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. (دەل شۇ پەيتتە) قۇرەيش ئاياللىرىدىن بىر قانچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى سوراۋاتاتتى. ئۇلار ئۆمەرنىڭ (ئىجازەت سورىغان) ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىشتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىجازەتتىن كېيىن ھۇجرىغا كىردى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ قىلىقىغا قاراپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۆمەر:

[1] ئەلبانى (2914): سەھىھ ـ دېگەن.

— ئى رەسۇلۇللاھ! اللہ سېنى ئۆمۈر بويى كۈلدۈرسۇن، نېمىگە بۇنچىۋالا كۈلۈپ كەتتىڭ؟ - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بۇ ئاياللارنىڭ قىلىقىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن، ئۇلار سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى ئۆز نەپسىگە دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار! سىلەر اللہنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئەيمەنمەي، مەندىن ئەيمىنىۋاتامسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئاياللار:

- شۇنداق، چۈنكى سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىغاندا تولىمۇ قوپال ئادەمسەن، - دەپ جاۋاب بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئى ئۆمەر! جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، شەيتان سەن بىلەن بىر يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، چوقۇم باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىدۇ، - دېدى.

(بۇخارى: 3294)

8635 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ وَافَقْتُ رَبي فِي ثَلَاثٍ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ اتخَذْنَا مِنْ مَقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلّى فَنَزَلَتْ وَاتخِذُوا مِنْ مَقَامِ إِبْرَاهِيمَ مُصَلّى وَآيَةُ الْحِجَابِ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ أَمَرْتَ نِسَاءَكَ أَنْ يَحْتَجِبْنَ فَإِنهُ يُكَلمُهُن الْبَر وَالْفَاجِرُ فَنَزَلَتْ آيَةُ الْحِجَابِ وَاجْتَمَعَ نِسَاءُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْغَيْرَةِ عَلَيْهِ فَقُلْتُ لَهُن عَسَى رَبهُ إِنْ طَلقَكُن أَنْ يُبَدلَهُ أَزْوَاجًا خَيْرًا مِنْكُن فَنَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ.

8635 — ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۈچ ئىش ھەققىدىكى سۆزۈم پەرۋەردىگارىمنىڭ ھۆكمىگە توغرا كېلىپ قالدى. بىرىنچىسى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ماقامى ئىبراھىمنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلغان بولساق، - دېدىم. كۆپ ئۆتمەي: ماقامى ئىبراھىم بار جاينى

نامازگاھ قىلىڭلار![1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللىرىڭىزنىڭ يېنىغا ياخشى ـ يامان ھەممە ئادەم كىرىپ، گەپ قىلىشىپ يۈرىدىكەن، شۇڭا ئۇلارنى ھىجابلىنىشقا بۇيرىغان بولساڭ، ـ دېدىم، يەنە كۆپ ئۆتمەي، ھىجاب ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولدى. ئۈچىنچىسى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى بىرلىشىۋېلىپ كۈندەشلىك قىلغاندا، ئۇلارغا:

ــ ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، الله تائالا ئورنۇڭلارغا سىلەردىنمۇ ياخشى ئاياللارنى بېرىشى مۇمكىن، ـ دېدىم. دەرۋەقە، بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولدى.

(بۇخارى: 402)

8636 ـ وفي رواية: حَتى أَتَيْتُ إِحْدَى نِسَائِهِ قَالَتْ يَا عُمَرُ أَمَا فِي رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا يَعِظُ نِسَاءَهُ حَتى تَعِظَهُن أَنتَ فَأَنزَلَ اللهُ عَسَى رَبهُ إِنْ طَلقَكُن أَنْ يُبدِلَهُ أَزْوَاجًا خَيْرًا مِنْكُن مُسْلِمَاتٍ الْآيَةَ.

8636 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ نەسىھەت قىلغانىدىم، ئۇ ماڭا:

ــ ئى ئۆمەر! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىغا قىلغۇدەك نەسىھىتى قالماي، سەن نەسىھەت قىلىۋاتامسەن؟ ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا: ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (اللەنىڭ ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (اللەقا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 4483)

---

[1] سۈرە بەقەرە، 125 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەھرىم، 5 ـ ئايەت.

8637 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ عُمَرُ وَافَقْتُ رَبِّي فِي ثَلَاثٍ فِي مَقَامِ إِبْرَاهِيمَ وَفِي الْحِجَابِ وَفِي أُسَارَى بَدْرٍ.

8637 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۈچ تۈرلۈك ئىش ھەققىدە ئېيتقانلىرىم الله تائالانىڭ ھۆكمىگە ئۇدۇل كەلدى. بىرى، ماقامى ئىبراھىم؛ ئىككىنچىسى، ھىجاب؛ ئۈچىنچىسى، بەدرى غازىتىدىكى ئەسىرلەر.

(مۇسلىم: 2399)

8638 ـ عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ كَانَ يَحْمِلُ فِي الْعَامِ الْوَاحِدِ عَلَى أَرْبَعِينَ أَلْفِ بَعِيرٍ يَحْمِلُ الرَّجُلَ إِلَى الشَّامِ عَلَى بَعِيرٍ وَيَحْمِلُ الرَّجُلَيْنِ إِلَى الْعِرَاقِ عَلَى بَعِيرٍ فَجَاءَهُ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْعِرَاقِ فَقَالَ احْمِلْنِي وَسُحَيْمًا فَقَالَ لَهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ نَشَدْتُكَ اللَّهَ أَسُحَيْمٌ زِقٌّ قَالَ لَهُ نَعَمْ.

8638 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر يىلدا قىرىق مىڭ تۆگىنى ئۇلاغ سۈپىتىدە كەلگەنلەرگە بېرەتتى، شامغا بارىدىغان بىر ئادەمگە بىر تۆگە، ئىراققا بارىدىغانلاردىن ئىككى ئادەمگە بىر تۆگە بېرەتتى. ئىراقلىق بىر ئادەم كېلىپ:

ــ سۇھەيم ئىككىمىزگە ئۇلاغ بەرگىن، ـ دېدى. ئۆمەر ئۇنىڭ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ:

ــ سۇھەيم دېگەن تۇلۇمغۇ دەيمەن؟ ـ دېگەندى، ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دېدى.

(مالىك: 1010)

8639 ـ عَنْ الْمِسْوَرِ بْنِ مَخْرَمَةَ قَالَ لَمَّا طُعِنَ عُمَرُ جَعَلَ يَأْلَمُ فَقَالَ لَهُ ابْنُ عَبَّاسٍ وَكَأَنَّهُ يُجَزِّعُهُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ وَلَئِنْ كَانَ ذَاكَ لَقَدْ صَحِبْتَ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَحْسَنْتَ صُحْبَتَهُ ثُمَّ فَارَقْتَهُ وَهُوَ عَنْكَ رَاضٍ ثُمَّ صَحِبْتَ أَبَا بَكْرٍ فَأَحْسَنْتَ صُحْبَتَهُ

ثُم فَارَقْتَهُ وَهُوَ عَنْكَ رَاضٍ ثُم صَحِبْتَ صَحَبَتَهُمْ فَأَحْسَنْتَ صُحْبَتَهُمْ وَلَئِنْ فَارَقْتَهُمْ لَتُفَارِقَنهُمْ وَهُمْ عَنْكَ رَاضُونَ قَالَ أَما مَا ذَكَرْتَ مِنْ صُحْبَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرِضَاهُ فَإِنمَا ذَاكَ مَن مِنْ اللهِ تَعَالَى مَن بِهِ عَلَي وَأَما مَا ذَكَرْتَ مِنْ صُحْبَةِ أَبِي بَكْرٍ وَرِضَاهُ فَإِنمَا ذَاكَ مَن مِنْ اللهِ جَل ذِكْرُهُ مَن بِهِ عَلَي وَأَما مَا تَرَى مِنْ جَزَعِي فَهُوَ مِنْ أَجْلِكَ وَأَجْلِ أَصْحَابِكَ وَاللهِ لَوْ أَن لِي طِلَاعَ الْأَرْضِ ذَهَبًا لَافْتَدَيْتُ بِهِ مِنْ عَذَابِ اللهِ عَز وَجَل قَبْلَ أَنْ أَرَاهُ.

8639 ـ مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندا قاتتىق ئازابلانغانىدى، ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگەن ئاھاڭدا:

— ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بىشىڭغا كەلگەن ئىشقا قارىمامدىغان؟ سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياخشى ھەمراھ بولدۇڭ، ئۇنىڭغا قارشى قىلچىلىك خاتالىق ئۆتكۈزمىدىڭ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەندىن رازى بولغان ھالدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرىگىمۇ شۇنداق ياخشى ھەمراھ بولدۇڭ ۋە ئۇنىڭغا قىلچىلىك يامانلىق قىلمىدىڭ. شۇڭا ئەبۇ بەكرىمۇ سەندىن رازى بولغان ھالدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. ئاندىن ساھابىلەرگىمۇ شۇنداق ياخشى ھەمراھ بولدۇڭ، ئەمدى ئۇلاردىن ئايرىلساڭمۇ، چوقۇم ئۇلار سەندىن رازى بولغان ھالدا ئايرىلىسەن، ـ دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مېنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياخشى ھەمراھ بولغانلىقىم ۋە ئۇنىڭ مەندىن رازى بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇ اللهنىڭ ماڭا قىلغان نېئمىتى. ئەبۇ بەكرىگە ياخشى ھەمراھ بولغانلىقىم ۋە ئۇنىڭ مەندىن رازى بولغانلىقىغا كەلسەك، بۇمۇ اللهنىڭ ماڭا قىلغان ئېھسانى ۋە ئىنئامى. لېكىن سەن ۋە ھەمراھلىرىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىمەن. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، زېمىنغا لىق كەلگۈدەك ئالتۇنۇم بولغان بولسا، اللهنىڭ ئازابى

كېلىشتىن بۇرۇن، (ئۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن) بارلىق ئالتۇنۇمنى (الله يولىدا) سەدىقە قىلىۋەتكەن بولاتتىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3692)

8640 ـ عَنْ ابْنِ أَبِي مُلَيْكَةَ قَالَ سَمِعْتُ ابْنَ عَبَّاسٍ يَقُولُ وُضِعَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ عَلَى سَرِيرِهِ فَتَكَنَّفَهُ النَّاسُ يَدْعُونَ وَيُثْنُونَ وَيُصَلُّونَ عَلَيْهِ قَبْلَ أَنْ يُرْفَعَ وَأَنَا فِيهِمْ قَالَ فَلَمْ يَرُعْنِي إِلَّا بِرَجُلٍ قَدْ أَخَذَ بِمَنْكِبِي مِنْ وَرَائِي فَالْتَفَتُّ إِلَيْهِ فَإِذَا هُوَ عَلِيٌّ فَتَرَحَّمَ عَلَى عُمَرَ وَقَالَ مَا خَلَّفْتَ أَحَدًا أَحَبَّ إِلَيَّ أَنْ أَلْقَى اللَّهَ بِمِثْلِ عَمَلِهِ مِنْكَ وَايْمُ اللَّهِ إِنْ كُنْتُ لَأَظُنُّ أَنْ يَجْعَلَكَ اللَّهُ مَعَ صَاحِبَيْكَ وَذَاكَ أَنِّي كُنْتُ أُكَثِّرُ أَسْمَعُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ جِئْتُ أَنَا وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَدَخَلْتُ أَنَا وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَخَرَجْتُ أَنَا وَأَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ فَإِنْ كُنْتُ لَأَرْجُو أَوْ لَأَظُنُّ أَنْ يَجْعَلَكَ اللَّهُ مَعَهُمَا.

8640 ـ ئىبنى مۇلەيكەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ئۆمەر تاۋۇتقا قويۇلدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشاتتى. تاۋۇت كۆتۈرۈلمەي تۇرۇپلا نامىزى چۈشۈرۈلدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدىم. بىرىنىڭ قولىنى مۈرەمگە قويۇشى بىلەن چۆچۈپ ئارقامغا قارىغانىدىم، ئەلى ئىكەن. ئۇ ئۆمەرگە ئىچ ئاغرىتقان ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله تائالاغا سېنىڭ ئەمەلىڭدەك ئەمەل بىلەن مۇلاقات بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇلايمەن ۋە الله تائالانىڭ سېنى ئىككى ھەمراھىڭ بىلەن بىللە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە ماڭدۇق. مەن ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە چىقتۇق. مەن، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە كىردۇق» دېگىنىنى كۆپ ئاڭلايتتىم. الله تائالانىڭ سېنى ئۇلار بىلەن بىللە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىمەن.

(مۇسلىم: 2389)

8641 ـ عَنِ بن شِهَابٍ قال قال عُمَرُ بن عبد الْعَزِيزِ لأَبِي بَكْرِ بن سُلَيْمَانَ بن أبي حَثْمَةَ من أول من كَتَبَ من عبد اللهِ أَمِيرِ الْمُؤْمِنِينَ فقال أَخْبَرَتْنِي الشفَاءُ بنتُ عبد اللهِ وَكَانَتْ مِنَ الْمُهَاجِرَاتِ الأُوَلِ أن لَبِيدَ بن رَبِيعَةَ وَعَدِي بن حَاتِمٍ قَدِمَا الْمَدِينَةَ وَأَتَيَا الْمَسْجِدَ فَوَجَدَا عَمْرَو بن الْعَاصِ فَقَالا يا بن الْعَاصِ اسْتَأْذِنْ لنا على أَمِيرِ الْمُؤْمِنِينَ فقال أَنْتُمَا وَاللهِ أَصَبْتُمَا اسْمَهُ هو الأَمِيرُ وَنَحْنُ الْمُؤْمِنُونَ فَدَخَلَ عَمْرٌو على عُمَرَ فقال السلامُ عَلَيْكَ يا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فقال له عُمَرُ ما هذا فقال أنت الأَمِيرُ وَنَحْنُ الْمُؤْمِنُونَ فَجَرَى الْكِتَابُ من يَوْمَئِذٍ.

8641 ـ ئىبنى شىھابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئەبۇ بەكرى ئىبنى سۇلايماندىن:

ــ قايسى خەلىپە تۇنجى بولۇپ ”ئەمىرۇلمۇئمىنىن“ دەپ ئاتالغان؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـــ تۇنجى تۆركۈمدە ھىجرەت قىلغان ئاياللاردىن شىفا بىنتى ئابدۇللاھ ماڭا مۇنداق دەپ بەرگەنىدى: لۇبەيد ئىبنى رەبىئە بىلەن ئەدىي ئىبنى ھاتەم مەدىنىگە كېلىپ، مەسجىدكە كىردى ۋە ئەمر ئىبنى ئاسنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئىبنى ئاس! بىزگە ئەمىرۇلمۇئمىنىندىن ئىجازەت ئېلىپ بەرگىن! ـ دېدى. ئىبنى ئاس ئۇلارغا:

ــ بەكمۇ توغرا ئېيتتىڭلار. ئۇ ئەمىر، بىز مۇئمىنلەرمىز، ـ دېدى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ـ دېگەنىدى، ئۆمەر:

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ـ دەپ سورىدى، ئىبنى ئاس:

ــ سەن ئەمىر، بىز مۇئمىنلەرمىز، ـ دېدى. ئەنە شۇ كۈندىن تارتىپ ھەزرىتى ئۆمەر ”ئەمىرۇلمۇئمىنىن“ دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 48)

[1] ھەيسەمى (14399): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8642 ـ عن عبد اللهِ قال رَكِبَ عُمَرُ بن الْخَطابِ رضي اللهُ عنه فَرَسًا فَرَكَضَهُ فَانْكَشَفَتْ فَخِذُهُ فَرَأَى أَهْلُ نَجْرَانَ على فَخِذِهِ شامة سَوْدَاءَ فَقَالُوا هذا الـذي نَجِـدُ في كِتَابِنَا أَنَّهُ يُخْرِجُنَا من أَرْضِنَا.

8642 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئېتىغا مىنىپ دېۋىتتى، ئات چاپچىپ كەتكەندى، ئۆمەرنىڭ يوتىسى ئېچىلىپ قالدى. نەجران ئەھلى ئۇنىڭ يوتىسىدىكى قارا مەڭنى كۆرۈپ: بۇ بىزنىڭ كىتابلىرىمىزدا تىلغا ئېلىنغان كىشى ئىكەن، ئۇ بىزنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، ـ دېيىشتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 53)

8643 ـ عمر: كُنتُ أَشَد الناسِ عَلَى رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم، فَبَيْنَا أَنَـا فِي يَوْمٍ شَدِيدِ الْحَرِ فِي بَعْضِ طُرُقِ مَكةَ إِذْ رَآنِي رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ، فَقَالَ: أَيْنَ تَذْهَبُ يَـا ابْنَ الْخَطابِ؟ قُلْتُ: أُرِيدُ هَذَا الرجُلَ، فَقَالَ: يَا ابْنَ الْخَطابِ، قَدْ دَخَلَ عَلَيْكَ هَذَا الأَمْرُ فِي مَنْزِلِكَ وَأَنتَ تَقُولُ هَكَذَا، فَقُلْتُ: وَمَا ذَاكَ؟ فَقَالَ: إِن أُخْتَكَ قَدْ ذَهَبَتْ إِلَيْهِ، قَـالَ: فَرَجَعْتُ مُغْتَضِبًا حَتى قَرَعْتُ عَلَيْهَا الْبَابَ، وَكَانَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم إِذَا أَسْلَمَ بَعْضُ مَنْ لاَ شَيْءَ لَهُ ضَم الرجُلَ وَالرجُلَيْنِ إِلَى الرجُلِ يُنفِقُ عَلَيْهِ، قَالَ: وَكَانَ ضَم رَجُلَيْنِ مِنْ أَصْحَابِهِ إِلَى زَوْجِ أُخْتِي، قَالَ: فَقَرَعْتُ الْبَابَ، فَقِيلَ لِي: مَنْ هَذَا؟ قُلْتُ: أَنا عُمَرُ بْـنُ الْخَطابِ، وَقَدْ كَانُوا يَقْرَءُونَ كِتَابًا فِي أَيْدِيهِمْ، فَلَما سَمِعُوا صَوْتِي قَامُوا حَتى اخْتَبَئُوا فِي مَكَانٍ وَتَرَكُوا الْكِتَابَ، فَلَما فَتحَتْ لِي أُخْتِيَ الْبَابَ، قُلْتُ: أَيَا عَدُوةَ نَفْسِـهَا أَصَـبَوْتِ؟ قَالَ: وَأَرْفَعُ شَيْئًا فَأَضْرِبُ بِهِ عَلَى رَأْسِهَا، فَبَكَتِ الْمَرْأَةُ، وَقَالَتْ لِي: يَا ابْـنَ الْخَطـابِ، اصْنَعْ مَا كُنتَ صَانِعًا فَقَدْ أَسْلَمْتُ، فَذَهَبْتُ فَجَلَسْتُ عَلَى السرِيرِ، فَإِذَا بِصَحِيفَةٍ وَسَـطَ الْبَابِ، فَقُلْتُ: مَا هَذِهِ الصحِيفَةُ هَا هُنا؟ فَقَالَتْ لِي: دَعْنَا عَنْكَ يَا ابْنَ الْخَطابِ فَإِنـكَ لاَ تَغْتَسِلُ مِنَ الْجَنَابَةِ، وَلاَ تَتطَهرُ، وَهَذَا لاَ يَمَسهُ إِلا الْمُطَهرُونَ، فَمَا زِلْتُ بِهَا حَتى أَعْطَتْنِيهَا فَإِذَا فِيهَا بِسْمِ اللهِ الرحْمَنِ الرحِيمِ فَلَما قَرَأْتُ الرحْمَنِ الرحِيمِ تَذَكَرْتُ مِنْ أَيْنَ اشْتُق، ثُم

[1] ھەيسەمى (14400): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

رَجَعْتُ إِلَى نَفْسِي، فَقَرَأْتُ فِي الصحِيفَةِ سَبحَ لِلهِ مَا فِي السمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيـزُ الْحَكِيمُ ، فَكُلمَا مَرَرْتُ بِاسْمٍ مِنْ أَسْمَاءِ اللهِ ذَكَرْتُ اللهَ، فَأَلْقَيْتُ الصحِيفَةَ مِـنْ يَـدِي، قَالَ: ثُم أَرْجِعُ إِلَى نَفْسِي، فَأَقْرَأُ فِيهَا سَبحَ لِلهِ مَا فِي السمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَهُـوَ الْعَزِيـزُ الْحَكِيمُ حَتى بَلَغَ آمِنُوا بِاللهِ وَرَسُولِهِ وَأَنْفِقُوا مِما جَعَلَكُمْ مُسْتَخْلَفِينَ فِيهِ، قَـالَ: قُلْـتُ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ، وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ، فَخَرَجَ الْقَوْمُ مُبَـادِرِينَ فَكَبـرُوا اسْتِبْشَارًا بِذَلِكَ، ثُم قَالُوا لِي: أَبْشِرْ يَا ابْنَ الْخَطابِ، فَإِن رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم دَعَا يَوْمَ الاثْنَيْنِ، فَقَالَ: اللهُم أَعِز الدينَ بِأَحَب هَذَيْنِ الرجُلَيْنِ إِلَيْكَ، إِما عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ وَإِما أَبُو جَهْلِ بْنُ هِشَامٍ وَأَنَا نَرْجُو أَنْ تَكُونَ دَعْوَةُ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم لَـكَ، فَقُلْتُ: دُلونِي عَلَى رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم أَيْنَ هُوَ؟ فَلَما عَرَفُوا الصـدْقَ مِنـي دَلونِي عَلَيْهِ فِي الْمَنْزِلِ الذِي هُوَ فِيهِ، فَجِئْتُ حَتى قَرَعْتُ الْبَابَ، فَقَالَ: مَنْ هَذَا؟ فَقُلْتُ: عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ، وَقَدْ عَلِمُوا شِدتِي عَلَى رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم وَلَـمْ يَعْلَمُـوا بِإِسْلامِي، فَمَا اجْتَرَأَ أَحَدٌ مِنْهُمْ أَنْ يَفْتَحَ لِي حَتى قَالَ لَهُمْ رَسُـولُ اللهِ صـلى الله عليـه وسلم: افْتَحُوا لَهُ، فَإِنْ يُرِدِ اللهُ بِهِ خَيْرًا يَهْدِهِ قَالَ: فَفُتِحَ لِي الْبَابُ، فَأَخَذَ رَجُلانِ بِعَضُدِي حَتى دَنَوْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم، فَقَالَ لَهُمْ رَسُولُ اللهِ صـلى الله عليـه وسلم: أَرْسِلُوهُ فَأَرْسَلُونِي، فَجَلَسْتُ بَيْنَ يَدَيْهِ فَأَخَذَ بِمَجَامِعِ قَمِيصِي ثُم قَالَ: أَسْلِمْ يَا ابْنَ الْخَطابِ، اللهُم اهْدِهِ فَقُلْتُ: أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَنكَ رَسُـولُ اللهِ، قَـالَ: فَكَبـرَ الْمُسْلِمُونَ تَكْبِيرَةً سُمِعَتْ فِي طُرُقِ مَكةَ، قَالَ: وَقَدْ كَانُوا سَبْعِينَ قَبْلَ ذَلِكَ، وَكَانَ الرجُلُ إِذَا أَسْلَمَ فَعَلِمَ بِهِ الناسُ يَضْرِبُونَهُ وَيَضْرِبُهُمْ، قَالَ: فَجِئْتُ إِلَى رَجُلٍ فَقَرَعْتُ عَلَيْهِ الْبَـابَ فَقَالَ: مَنْ هَذَا؟ قُلْتُ: عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ، فَخَرَجَ إِلَي، فَقُلْتُ لَهُ: أَعَلِمْتَ أَني قَدْ صَبَوْتُ؟ قَالَ: أَوَ فَعَلْتَ؟ قُلْتُ: نَعَمْ، فَقَالَ: لاَ تَفْعَلْ، قَالَ: وَدَخَلَ الْبَيْتَ فَأَجَافَ الْبَابَ دُونِي، قَالَ: فَذَهَبْتُ إِلَى رَجُلٍ آخَرَ مِنْ قُرَيْشٍ فَنَادَيْتُهُ فَخَرَجَ، فَقُلْتُ لَهُ: أَعَلِمْتَ أَني قَدْ صَبَوْتُ، فَقَالَ: أَوَ فَعَلْتَ؟ قُلْتُ: نَعَمْ، قَالَ: لاَ تَفْعَلْ وَدَخَلَ الْبَيْتَ وَأَجَافَ الْبَابَ دُونِي، فَقُلْتُ: مَا هَـذَا بِشَيْءٍ، قَالَ: فَإِذَا أَنَا لاَ أُضْرَبُ وَلاَ يُقَالُ لِي شَيْءٌ، فَقَالَ الرجُلُ أَتُحِب أَنْ يُعْلَمَ إِسْلامُكَ؟ قَالَ: قُلْتُ: نَعَمْ، قَالَ: إِذَا جَلَسَ الناسُ فِي الْحِجْرِ فَأْتِ فُلاَنًا فَقُلْ لَهُ فِيمَا بَيْنَـكَ وَبَيْنَـهُ:

أَشَعَرْتَ أَني قَدْ صَبَوْتُ فَإِنهُ قَل مَا يَكْتُمُ الشيْءَ، فَجِئْتُ إِلَيْهِ وَقَدِ اجْتَمَعَ الناسُ فِي الْحِجْرِ فَقُلْتُ لَهُ فِيمَا بَيْنِي وَبَيْنَهُ: أَشَعَرْتَ أَني قَدْ صَبَوْتُ؟ قَالَ: فَقَالَ: أَفَعَلْتَ؟ قَالَ: قُلْتُ: نَعَمْ، قَالَ: فَنَادَى بِأَعْلَى صَوْتِهِ أَلا إِن عُمَرَ قَدْ صَبَا، قَالَ: فَثَارَ إِلَي أُولَئِكَ الناسُ فَمَا زَالُوا يَضْرِبُونِي وَأَضْرِبُهُمْ، حَتى أَتى خَالِي فَقِيلَ لَهُ: إِن عُمَرَ قَدْ صَبَا، فَقَامَ عَلَى الْحِجْرِ فَنَادَى بِأَعْلَى صَوْتِهِ: أَلا إِني قَدْ أَجَرْتُ ابْنَ أُخْتِي فَلا يَمَسهُ أَحَدٌ، قَالَ: فَانْكَشَفُوا عَني فَكُنْتُ لاَ أَشَاءُ أَنْ أَرَى أَحَدًا مِنَ الْمُسْلِمِينَ يُضْرَبُ إِلا رَأَيْتُهُ فَقُلْتُ: مَا هَذَا بِشَيْءٍ، إِن الناسَ يُضْرَبُونَ وَأَنا لاَ أُضْرَبُ، وَلاَ يُقَالُ لِي شَيْءٌ فَلَما جَلَسَ الناسُ فِي الْحِجْرِ جِئْتُ إِلَى خَالِي فَقُلْتُ: اسْمَعْ، جِوَارُكَ عَلَيْكَ رَد، قَالَ: لاَ تَفْعَلْ، قَالَ: فَأَبَيْتُ فَمَا زِلْتُ أُضْرَبُ وَأَضْرِبُ حَتى أَظْهَرَ اللهُ الإِسْلاَمَ. البزار.

8643 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن (ئىمان ئېيتىشتىن بۇرۇن) پەيغەمبەر (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)گە ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئادەم ئىدىم. ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق بىر كۈنى، مەككىنىڭ كوچىلىرىدىن بىرىدە كېتىۋاتسام، قۇرەيشلىك بىرى ئۇچراپ قېلىپ:

ـ ئى ئۆمەر! نەگە ماڭدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ شۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن، بۇ دىن سېنىڭ ئائىلەڭگە كىرىپ بولدى، ـ دېدى. مەن:

ـ بۇ نېمە گەپ؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ـ سىڭلىڭ سەندىن بۇرۇن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ مۇسۇلمان بولدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ، ئاچچىغىمدا دەرھال كەينىمگە قايتتىم ۋە ئۇدۇل سىڭلىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئىشىكنى قاقتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يوقسۇل مۇسۇلماندىن بىر ياكى ئىككىنى ئۇلارغا ياردەم قىلالىغۇدەك بىرىگە ھەمراھ قىلىپ قويياتتى، سىڭلىمنىڭ ئېرىگىمۇ ئىككى ئادەمنى ھەمراھ قىلىپ قويغانىكەن. ئىشىكنى قېقىشىمغا ئىچىدىن:

ــ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ــ مەن ئۆمەر، ـ دېدىم. ئۇلار قۇرئان ئوقۇۋاتقانىكەن، ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، كىتابلىرىنى تىقىپ مۆكۈۋېلىشتى. سىڭلىم ئىشىكنى ئاچتى، مەن:

ــ ئەي ئۆز نەفسىنىڭ دۈشمىنى، سەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇڭمۇ؟ ـ دېدىم ۋە بېشىغا ئۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇ يىغلىغىنىچە:

ــ ئى ئۆمەر! خالىغىنىڭنى قىل، مەن مۇسۇلمان بولدۇم، ـ دېدى. سەل پەسكويغا چۈشۈپ، سۇپىغا بېرىپ ئولتۇردۇم، ئۇ يەردە بىر ۋاراق تۇراتتى. مەن:

ــ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىغاندىم، سىڭلىم:

ــ سەن جۇنۇبلۇقتىن يۇيۇنمايسەن ۋە پاكلانمايسەن ياكى تاھارەت ئالمايسەن. ھالبۇكى بۇنى پاك كىشىلەرلا قولىغا ئالالايدۇ، ـ دېدى. چىڭ تۇرۇۋالغاندىم، ئاخىرى ۋاراقنى ماڭا بەردى، قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. ”بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم“ بىلەن باشلانغاندى، ئىچىمدە: ”رەھمان بىلەن رەھىم“ نەدىن كەلگەندۇ؟ ـ دەپ ئويلىدىم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ: ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى اللهقا تەسبىھ ئېيتتى، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر دېگەن ئايەتتىن تارتىپ ئوقۇشقا باشلىدىم، اللهنىڭ ئىسمىنى ھەر ئوقۇغىنىمدا، اللهنى ئەسلەيتتىم. قولۇمدىكى ۋاراقنى تاشلىۋەتتىم، ئارقىدىنلا يەنە ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم ۋە: اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، الله سىلەرنى ئىگە قىلغان ماللاردىن سەدىقە قىلىڭلار [1] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە:

ــ شاھادەت ئېيتىمەنكى، اللهتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر، ـ دەپ ئىمان ئېيتتىم. مۆكۈنىۋالغانلار بۇنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن ئۇلار:

---

[1] سۈرە ھەدىد، 7 ـ ئايەت.

ــ ئى ئۆمەر! خۇش بېشارەت بولسۇن، دۈشەنبە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! ئۆمەر ياكى ئەبۇ جەھل ئىككىسىدىن ساڭا نىسبەتەن ئەڭ يېقىن ۋە قەدىرلىكرەك بولغان بىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى كۈچلەندۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلغانىدى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنى ۋە ئۇ كىشىنىڭ سېنىڭ بولۇپ قېلىشىڭنى بەكمۇ ئۈمىد قىلغانىدۇق، ـ دېيىشتى. مەن:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەيەردە؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇلار مېنىڭ سەمىمىيلىكىمنى بىلىپ، ئۇ تۇرۇۋاتقان جاينى ئېيتىپ بەردى. مەن ئۇدۇل بېرىپ ئىشىكنى قاقتىم. ئىچىدىن:

ـ كىمسەن؟ ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى.

ـ مەن ئۆمەر، ـ دېدىم. ئۇلار مېنىڭ پەيغەمبەرگە قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىمنى بىلەتتى، لېكىن، مېنىڭ تېخى مۇسۇلمان بولغانلىقىمدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا ھېچكىم ئىشىكنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىشىكنى ئېچىڭلار، الله ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئىرادە قىلغان بولسا، ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىشىك ئېچىلىپ، ئىككىيلەن ئىككى بىلىكىمدىن تۇتقىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارماقچى بولدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قويۇپ بېرىڭلار! ــ دېگەنىدى، قويۇپ بەردى. ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە ئىشتىياق بىلەن يېقىنلاشتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆڭلىكىمنىڭ پېشىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

ـ ئى ئۆمەر، مۇسۇلمان بولغىن! ئى الله، ئۇنى ھىدايەت قىلغىن! ــ دېدى. مەن:

ـ ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋە ئەشھەندۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ، ـ دەپ شاھادەت ئېيتتىم. بۇنى ئاڭلىغان

مۇسۇلمانلار شۇنداق يۇقىرى ئاۋازدا تەكبىر توۋلىدىكى، مەككە كوچىلىرى ياڭراپ كەتتى. ئۇ چاغدا، مۇسۇلمانلار 70 كىشى ئىدى.

مۇشرىكلار بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلسە، ئۇنى ئۇراتتى، مۇسۇلمان بولغان كىشىمۇ ئۇلارغا قول ياندۇراتتى. مەن مۇشرىكلاردىن بىرىنىڭ ئىشىكىنى قاقتىم، ئۇ:

ــ كىمسەن؟ ـ دېدى.

ــ مەن ئۆمەر، ـ دېگەنىدىم، ئىشىكنى ئاچتى. ئۇنىڭغا:

ــ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ راستىنلا شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ ــ دېدى ۋە (ئەپسۇسلانغىنىچە) ئىشىكنى يۈزۈمگە يېپىۋېتىپ كىرىپ كەتتى. يەنە بىر قۇرەيشنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى توۋلىدىم. ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن:

ــ مېنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ــ راستىنلا شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ ـ دېدى ۋە ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتتى. يەنە ئىككىلەننىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇلارمۇ ئوخشاش قىلدى. شۇنداق قىلىپ يۈرسەم، بىرەيلەن:

ــ سەن مۇسۇلمان بولغانلىقىڭنى ھەممەيلەنگە ئوچۇق ئېلان قىلماقچىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ھەئە، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ ھىجرنىڭ قېشىغا بارغىن ۋە پالانچى دوستۇڭغا ئۆزەڭنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىڭنى ئېيتقىن. ئۇ بۇنى دەرھال ئېلان قىلىۋېتىدۇ، ــ دېدى. ئۇنىڭ دېگىنىدەك ھىجرنىڭ قېشىغا باردىم. قۇرەيش كاتتىلىرى ھىجرنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇراتتى، پالانچىغا ئۆزەمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، ئۇ:

ــ راستىنلا شۇنداق قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ھەئە، ـ دېدىم. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئى خالايىق! ئاڭلىدىڭلارمۇ، ئۆمەر مۇسۇلمان بوپتۇ، ـ دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېتىلىپ

كېلىپ، مېنى ئۇرۇشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارغا قول ياندۇردۇم. دەل شۇ پەيتتە تاغام كېلىپ قالدى، خالايىق ئۇنىڭغا:

- ئۆمەر ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىدىن ۋاز كېچىپ مۇسۇلمان بوپتۇ، - دېيىشتى. تاغام يۇقىرى ئاۋازدا:

— سىڭلىمنىڭ ئوغلىنى ئۆز ھىمايەمگە ئالدىم، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار! - دەپ ۋارقىرىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇشرىكلار تارقىلىپ كەتتى.

مۇشرىكلار ماڭا چېقىلالمىغان بىلەن، باشقا مۇسۇلمانلارنى كۆرگەنلا يەردە ئۇرۇپ - دۇمبالايتتى. بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، تاغامنىڭ يېنىغا باردىم ۋە:

- مەن ھىمايەڭدىن چىقىپ كېتىمەن، - دېدىم. تاغام:

— ئۇنداق قىلمىغىن! — دەپ شۇنچە يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھامىيلىقىنى قەتئىي رەت قىلدىم. شۇندىن تارتىپ مۇشرىكلار بىلەن توختىماي جېدەل قىلدىم ۋە بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلىنغان بولدى[①].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

8644 - عن عِصْمَةَ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم لو كان َنبِي َبعْدِي لَكَانَ عُمَرَ بن الْخَطابِ.

8644 — ئىسمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناۋادا مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلگەن بولسا ئىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (پەيغەمبەر بولغان) بولاتتى»[②].

(«ئەلكەبىر»: 180/17)

---

[①] ھەيسەمى (14413): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇسامە ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

[②] ھەيسەمى (14433): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە فەزل ئىبنى مۇختار ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

8645 ـ عن أبي هريرة عن رسول الله: إن اللة عز وجل باهى ملائكته بعبيـده عشية عرفة عامة وباهى بعمر بن الخطاب خاصة.

8645 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله ئەززە ۋەجەللە ئەرافات كۈنى كەچتە ئومۇم مۇسۇلمانلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ پەخىرلەندى، ئەمما ئۆمەر بىلەن ئالاھىدە پەخىرلەندى»[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 1251)

8646 ـ عبد الرحمن بن يَسَارٍ قال شَهِدْتُ مَوْتَ عُمَرَ بن الْخَطابِ رضي اللـهُ عنه فَانْكَسَفَتِ الشمْسُ يَوْمَئِذٍ.

8646 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى يەسار مۇنداق دېگەن: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغان كۈنى قۇياشنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆردۇم[②].

(«ئەلكەبىر»: 79)

8647 ـ عن عُرْوَةَ قال لَما قُتِلَ عُمَرُ رضي اللهُ عنه مَحَا الزبَيْـرُ اسْـمَهُ مِـنَ الديوَان.

8647 ـ ئۇرۋە مۇنداق دېگەن: ئۆمەر قەتل قىلىنغاندا، زۇبەير ئۇنىڭ ئىسمىنى دىۋاندىن ئۆچۈرۈۋەتتى[③].

(«ئەلكەبىر»: 240)

8648 ـ عَنِ الْمِسْوَرِ بن مَخْرَمَةَ قال وَلِيَ عُمَرُ بن الْخَطابِ رضي اللهُ عنه عَشْرَ سِنِينَ ثُم تُوُفيَ.

---

[①] ھەيسەمى (14440): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئىبراھىم قاس ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (14475): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (14476): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8648 ـ مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب خەلىپىلىكتە ئون يىل تۇرۇپ، ۋاپات بولدى[1].
(«ئەلكەبىر»: 63)

8649 ـ عن سَالِمِ بن عبد اللهِ أن عُمَرَ رضي اللهُ عنه قُبِضَ وهو ابن خَمْسٍ وَخَمْسِينَ.

8649 ـ سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دېگەن: ئۆمەر 55 يېشىدا قەبزى روھ قىلىنغان[2].
(«ئەلكەبىر»: 69)

8650 ـ عن أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ لِي عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ هَلْ تَدْرِي مَا قَالَ أَبِي لِأَبِيكَ قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ فَإِن أَبِي قَالَ لِأَبِيكَ يَا أَبَا مُوسَى هَلْ يَسُرُكَ إِسْلَامُنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهِجْرَتُنَا مَعَهُ وَجِهَادُنَا مَعَهُ وَعَمَلُنَا كُلُهُ مَعَهُ بَرَدَ لَنَا وَأَن كُل عَمَلٍ عَمِلْنَاهُ بَعْدَهُ نَجَوْنَا مِنْهُ كَفَافًا رَأْسًا بِرَأْسٍ فَقَالَ أَبِي لَا وَاللهِ قَدْ جَاهَدْنَا بَعْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَصَلَيْنَا وَصُمْنَا وَعَمِلْنَا خَيْرًا كَثِيرًا وَأَسْلَمَ عَلَى أَيْدِينَا بَشَرٌ كَثِيرٌ وَإِنا لَنَرْجُو ذَلِكَ فَقَالَ أَبِي لَكِني أَنَا وَالذِي نَفْسُ عُمَرَ بِيَدِهِ لَوَدِدْتُ أَن ذَلِكَ بَرَدَ لَنَا وَأَن كُل شَيْءٍ عَمِلْنَاهُ بَعْدُ نَجَوْنَا مِنْهُ كَفَافًا رَأْسًا بِرَأْسٍ فَقُلْتُ إِن أَبَاكَ وَاللهِ خَيْرٌ مِنْ أَبِي.

8650 ـ ئەبۇ بۇردە ئىبنى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەندىن:
ـــ دادام (ئۆمەر)نىڭ داداڭ (ئەبۇ مۇسا)غا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:
ـ ياق، بىلمەيمەن، ـ دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:
ـــ دادام داداڭغا: "ئەي ئەبۇ مۇسا! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا ئېيتقان ئىمانىمىز، ئۇنىڭ بىلەن قىلغان ھىجرەت، جىھادلىرىمىز ۋە ئىلگىرى قىلغان بارلىق ياخشى

[1] ھەيسەمى (14477): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.
[2] ھەيسەمى (14481): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئەمەللىرىمىز بىزنىڭ ئاخىرەتتە ئەجىر ئېلىشىمىز ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن قىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللىرىمىز قىلغان گۇناھلىرىمىزغا ئۇدۇللىنىپ كەتسە، بۇ سېنى خۇش قىلامدۇ؟“ دېگەنىدى، داداڭ ئەبۇ مۇسا: ”اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كۆپ جىھاد قىلدۇق، ناماز ئوقۇدۇق، روزا تۇتتۇق، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلدۇق، نۇرغۇن كىشى بىزنىڭ قولىمىزدا مۇسۇلمان بولدى. بىز چوقۇم ئەشۇ ئەمەللىرىمىزنىڭ ئەجرىنى ئۈمىد قىلىمىز“ دېدى. دادام: ”لېكىن ئۆمەرنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەشۇ ياخشى ئەمەللىرىمىز بىزنىڭ ئاخىرەتتە ئەجىر ئېلىشىمىز ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ياخشى ئەمەللىرىمىز گۇناھلىرىمىزغا ئۇدۇللىنىپ كەتسىكەن دەيمەن“ دېدى.

مەن ئىبنى ئۆمەرگە:

ــ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، داداڭ (ئۆمەر) دادام (ئەبۇ مۇسا)دىن ياخشى ئىدى، ـ دېدىم.

(بۇخارى: 3915)

8651 ـ عَنْ أُبي بْنِ كَعْبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَولُ مَـنْ يُصَافِحُهُ الْحَق عُمَرُ وَأَولُ مَنْ يُسَلمُ عَلَيْهِ وَأَولُ مَنْ يَأْخُذُ بِيَدِهِ فَيُدْخِلُهُ الْجَنةَ.

8651 ــ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەق تۇنجى بولۇپ ئۆمەر بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سالام بېرىدۇ. تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 104)

[1] ئەلبانى (20): قەتئىي مۇنكەر، ـ دېگەن.

## ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى

8652 ـ مُصْعَبُ بن عبد اللهِ بن الزبيْرِ قال: عُثْمَانُ بن عَفانَ بن أبي الْعَاصِ بن أُميةَ بن عبد شَمْسِ بن عبد مَنَافِ بن قُصَي بن كِلابِ بن مُرةَ بن كَعْبِ بن لُؤَي بن غَالِبِ بن فِهْرٍ يُكنى أبا عَمْرٍو وَيُقَالُ أبا عبد اللهِ وَأُم عُثْمَانَ بن عَفانَ أَرْوَى بنتُ كُريزِ بن رَبِيعَةَ بن حَبِيبِ بن عبد شَمْسٍ وَأُم أَرْوَى أُم حَكِيمٍ الْبيضَاءُ بنتُ عبد الْمُطلِبِ عَمةُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم.

8652 ـ مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير مۇنداق دېگەن: ئوسمان ـ ئاففان ئىبنى ئەبۇلئاس ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى ئابد شەمس ئىبنى ئابدۇماناف ئىبنى قۇسەينىڭ ئوغلى؛ (ئۇنىڭ) ئانىسى ـ كەرىز ئىبنى رەبىئە ئىبنى ھەبىب ئىبنى ئابد شەمسنىڭ قىزى ئەرۋا بولۇپ، ئەرۋانىڭ ئانىسى ئۇممۇلھەكەم ئەلبەيزا ئابۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھامما ئاچىسىدۇر[1].

(«ئەلكەبىر»: 90)

8653 ـ عن عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعُثْمَانَ حَدثَاهُ أن أَبَا بَكْرٍ اسْتَأْذَنَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ مُضْطَجِعٌ عَلَى فِرَاشِهِ لَابِسٌ مِرْطَ عَائِشَةَ فَأَذِنَ لِأَبِي بَكْرٍ وَهُوَ كَذَلِكَ فَقَضَى إِلَيْهِ حَاجَتَهُ ثُم انْصَرَفَ ثُم اسْتَأْذَنَ عُمَرُ فَأَذِنَ لَهُ وَهُوَ عَلَى تِلْكَ الْحَالِ فَقَضَى إِلَيْهِ حَاجَتَهُ ثُم انْصَرَفَ قَالَ عُثْمَانُ ثُم اسْتَأْذَنْتُ عَلَيْهِ فَجَلَسَ وَقَالَ لِعَائِشَةَ اجْمَعِي عَلَيْكِ ثِيَابَكِ فَقَضَيْتُ إِلَيْهِ حَاجَتِي ثُم انْصَرَفْتُ فَقَالَتْ عَائِشَةُ يَا رَسُولَ اللهِ مَالِي لَمْ أَرَكَ فَزِعْتَ لِأَبِي بَكْرٍ وَعُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا كَمَا فَزِعْتَ لِعُثْمَانَ قَالَ رَسُولُ اللهِ

---

[1] ھەيسەمى (14489): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِن عُثْمَانَ رَجُلٌ حَيِي وَإِني خَشِيتُ إِنْ أَذِنتُ لَهُ عَلَى تِلْكَ الْحَالِ أَنْ لَا يَبْلُغَ إِلَي فِي حَاجَتِهِ

وفي رواية قال لها: ألا أَسْتَحِي من رَجُلٍ تَسْتَحِي منه الْمَلَائِكَةُ.

8653 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىپىنچامنى يايپقان ھالدا، مېنىڭ ئورنۇمدا ياتاتتى، ئەبۇ بەكرى كېلىپ، ھۇجرىغا كىرىش ئۇچۇن ئىجازەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىجازەت بەردى، ئەبۇ بەكرى كىرىپ، ئىشىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئۆمەر كېلىپ، ئىجازەت سورىدى، ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. ئۇمۇ كىرىپ، ئىشىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن ئوسمان كېلىپ، ئىجازەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئۆزىنى تۈزەشتۈردى، ماڭىمۇ:

ـ ئۈستى ـ بېشىڭنى تۈزەشتۈرۈپ، كىيىملىرىڭنى ئوڭشىغىن! ـ دېدى. ئاندىن ئوسمان كىرىپ، ئىشىنى ھەل قىلىپ چىقىپ كەتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر كىرسە، جايىڭدىن مىدىرلىمىدىڭ ـ يۇ، ئوسمان كىرسە، جىددىيلىشىپ كەتتىڭغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئوسمان بەكمۇ ئۇياتچان ئادەم. ئۇ مېنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن بولسا، ھاجىتىنى ئېيتىشتىن ۋاز كەچكەن بولاتتى، شۇڭا ئۆزەمنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇردۇم، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2402)

يەنە بىر رىۋايەتتە: «پەرىشتىلەر ھايا قىلىدىغان ئادەمدىن مەن ھايا قىلمامدىمەن؟!» دەپ كەلگەن.

8654 ـ عن عُثْمَانَ بْنُ مَوْهَبٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ مِصْرَ حَج الْبَيْتَ فَـرَأَى قَوْمًا جُلُوسًا فَقَالَ مَنْ هَؤُلَاءِ الْقَوْمُ فَقَالُوا هَؤُلَاءِ قُرَيْشٌ قَالَ فَمَنْ الشَيْخُ فِيهِمْ قَالُوا عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ قَالَ يَا ابْنَ عُمَرَ إِني سَائِلُكَ عَنْ شَيْءٍ فَحَدثْنِي هَلْ تَعْلَمُ أَن عُثْمَانَ فَر يَوْمَ أُحُـدٍ

قَالَ نَعَمْ قَالَ تَعْلَمُ أَنَّهُ تَغَيَّبَ عَنْ بَدْرٍ وَلَمْ يَشْهَدْ قَالَ نَعَمْ قَالَ تَعْلَمُ أَنَّهُ تَغَيَّبَ عَنْ بَيْعَةِ الرِّضْوَانِ فَلَمْ يَشْهَدْهَا قَالَ نَعَمْ قَالَ اللَّهُ أَكْبَرُ قَالَ ابْنُ عُمَرَ تَعَالَ أُبَيِّنْ لَكَ أَمَّا فِرَارُهُ يَوْمَ أُحُدٍ فَأَشْهَدُ أَنَّ اللَّهَ عَفَا عَنْهُ وَغَفَرَ لَهُ وَأَمَّا تَغَيُّبُهُ عَنْ بَدْرٍ فَإِنَّهُ كَانَتْ تَحْتَهُ بِنْتُ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَكَانَتْ مَرِيضَةً فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ لَكَ أَجْرَ رَجُلٍ مِمَّنْ شَهِدَ بَدْرًا وَسَهْمَهُ وَأَمَّا تَغَيُّبُهُ عَنْ بَيْعَةِ الرِّضْوَانِ فَلَوْ كَانَ أَحَدٌ أَعَزَّ بِبَطْنِ مَكَّةَ مِنْ عُثْمَانَ لَبَعَثَهُ مَكَانَهُ فَبَعَثَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عُثْمَانَ وَكَانَتْ بَيْعَةُ الرِّضْوَانِ بَعْدَ مَا ذَهَبَ عُثْمَانُ إِلَى مَكَّةَ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِيَدِهِ الْيُمْنَى هَذِهِ يَدُ عُثْمَانَ فَضَرَبَ بِهَا عَلَى يَدِهِ فَقَالَ هَذِهِ لِعُثْمَانَ فَقَالَ لَهُ ابْنُ عُمَرَ اذْهَبْ بِهَا الْآنَ مَعَكَ.

8654 ـ ئوسمان ئىبنى مەۋھەبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەج قىلىشقا كەلگەن مىسىرلىق بىر ئادەم، (كەئبىنىڭ يېنىدا) ئولتۇرغان بىر توپ كىشىنى كۆرۈپ:

ــ بۇ ئولتۇرغانلار كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇنىڭغا:

ــ ئۇلار قۇرەيشلەر، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى. ئۇ ئادەم:

ــ ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى كىم؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇنىڭغا:

ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ـ دېيىشتى. ئۇ ئادەم:

ــ ئى ئىبنى ئۆمەر! سەندىن بىر ئىشنى سورايمەن، ماڭا جاۋاب بەرگىن. ئوسماننىڭ ئۇھۇد غازىتىدىن قاچقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دېۋىدى، ئىبنى ئۆمەر:

ــ ھەئە، بىلىمەن، ـ دېدى.

ــ ئۇنىڭ بەدر غازىتىغا قاتناشمىغانلىقىنىمۇ بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، ئىبنى ئۆمەر:

ــ ھەئە، ئۇنىمۇ بىلىمەن، ـ دېدى.

ــ ئۇ رىزۋان بەيئىتىگىمۇ قاتناشمىدى، شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئىبنى ئۆمەر:

ــ ھەئە، شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بېرىۋىدى، ئۇ ئادەم:

ـ الله ئەكبەر! ـ دەپ تەكبىر تowۋلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئۇ ئادەمگە:

ـــ يېنىمغا كەلگىن، ئۇنىڭ نېمىشقا بۇ (مۇھىم) ئىشلارغا قاتناشمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قوياي، ـ دېدى ۋە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

ـ ئوسماننىڭ ئۇھۇد غازىتىدىن قاچقىنى راست. لېكىن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله تائالا ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى مەغپىرەت قىلىۋەتكەن. بەدر غازىتىغا قاتناشمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى (رۇقىيە) ئۇنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، (رۇقىيە) ئاغرىپ قالغان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماننى قوشۇندىن قالدۇرۇپ: «ساڭا بەدر غازىتىغا قاتناشقان كىشىدەك ئەجىر ۋە غەنىمەت بېرىلىدۇ» دېدى. ئەمدى ئۇنىڭ رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشماسلىقىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، ئەگەر مەككىدە تەۋەلىكىدە ئوسماندىنمۇ ئەزىزرەك بىرسى بولغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنى مەككىگە ئەۋەتكەن بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسماننى مەككىگە ئەۋەتىۋەتكەندىن كېيىن، باشقىلاردىن رىزۋان بەيئىتى ئالدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ: «مانا بۇ ئوسماننىڭ قولى، بۇ بەيئەت ئوسمان ئۈچۈن» دېدى.

ئاخىرىدا، ئىبنى ئۆمەر: تېگىشلىك مەلۇماتلارنى ئېيتىپ بەردىم، ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3698)

8655 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْقَاسِمِ عَنْ كَثِيرٍ مَوْلَى عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ سَمُرَةَ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ جَاءَ عُثْمَانُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِأَلْفِ دِينَارٍ قَالَ الْحَسَنُ بْنُ وَاقِعٍ وَكَانَ فِي مَوْضِعٍ آخَرَ مِنْ كِتَابِي فِي كُمِهِ حِينَ جَهزَ جَيْشَ الْعُسْرَةِ فَيَنْثُرُهَا فِي حِجْرِهِ قَالَ عَبْدُ الرحْمَنِ فَرَأَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُقَلبُهَا فِي حِجْرِهِ وَيَقُولُ مَا ضَر عُثْمَانَ مَا عَمِلَ بَعْدَ الْيَوْمِ مَرتَيْنِ.

8655 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك غازىتى ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىغانىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىڭ دىنار ئالتۇن ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قويدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنارلارنى قۇچىقىغا قويۇپ، ئۆرۈپ ـ چۆرۈگەن ھالدا (ئىككى قېتىم):

ــ بۇگۈندىن تارتىپ ھېچبىر ئىش ئوسمانغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[1].

(تىرمىزى: 3701)

8656 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ خَبابٍ قَالَ شَهِدْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَحُث عَلَى جَيْشِ الْعُسْرَةِ فَقَامَ عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ عَلَي مِائَةُ بَعِيرٍ بِأَحْلَاسِهَا وَأَقْتَابِهَا فِي سَبِيلِ اللهِ ثُم حَض عَلَى الْجَيْشِ فَقَامَ عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ عَلَي مِائَتَا بَعِيرٍ بِأَحْلَاسِهَا وَأَقْتَابِهَا فِي سَبِيلِ اللهِ ثُم حَض عَلَى الْجَيْشِ فَقَامَ عُثْمَانُ بْنُ عَفانَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ عَلَي ثَلَاثُ مِائَةِ بَعِيرٍ بِأَحْلَاسِهَا وَأَقْتَابِهَا فِي سَبِيلِ اللهِ فَأَنَا رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَنْزِلُ عَنْ الْمِنْبَرِ وَهُوَ يَقُولُ مَا عَلَى عُثْمَانَ مَا عَمِلَ بَعْدَ هَذِهِ مَا عَلَى عُثْمَانَ مَا عَمِلَ بَعْدَ هَذِهِ.

8656 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەلقنى تەبۇك غازىتىغا چىقماقچى بولغان قوشۇننى قوراللاندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدى، ھەزرىتى ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن الله يولىدا پۈتۈن ئېگەر ـ توقۇم ۋە جابدۇقلىرى بىلەن يۈز تۆياق تۆگە بېغىشلايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەلقنى يەنە رىغبەتلەندۈرگەنىدى، ھەزرىتى ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ:

[1] ئەلبانى (2920): ھەسەن، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئىككى يۈز تۆياق تۆگە بېغىشلايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە رىغبەتلەندۈرگەندى، يەنە ھەزرىتى ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن الله يولىدا پۈتۈن ئىگەر ـ توقۇم ۋە جابدۇقلىرى بىلەن ئۈچ يۈز تۆياق تۆگە بېغىشلايمەن، ـ دېدى. كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەردىن چۈشۈۋېتىپ:

ــ بۇندىن كېيىن، ئوسمان مەيلى نېمە ئىش قىلسا قىلسۇن، ھەرگىز جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. بۇندىن كېيىن، ئوسمان مەيلى نېمە ئىش قىلسا قىلسۇن، ھەرگىز جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[①].

(تىرمىزى: 3700)

8657 ـ عَنْ طَلْحَةَ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِكُل نَبِي رَفِيقٌ وَرَفِيقِي يَعْنِي فِي الْجَنةِ عُثْمَانُ.

8657 ــ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىر ھەمراھى بولىدۇ، مېنىڭ جەننەتتىكى ھەمراھىم ئوسماندۇر»[②].

(تىرمىزى: 3698)

8658 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقِيَ عُثْمَانَ عِنْدَ بَابِ الْمَسْجِدِ فَقَالَ يَا عُثْمَانُ هَذَا جِبْرِيلُ أَخْبَرَنِي أن اللهَ قَدْ زَوجَكَ أُم كُلْثُومٍ بِمِثْلِ صَدَاقِ رُقَيةَ عَلَى مِثْلِ صُحْبَتِهَا.

---

[①] ئەلبانى (764): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (763): زەئىپ، ـ دېگەن.

8658 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىد ئىشىكىدە ئوسماننى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا:

ــ ئى ئوسمان! جىبرىئىل ھېلىلا كېلىپ، الله تائالانىڭ سېنىڭ ئۇممۇ گۈلسۈمنى رۇقىيەنىڭ تويلۇقى مىقدارىدا تويلۇق بېرىپ نىكاھىڭغا ئېلىشىڭغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ سەن بىلەن رۇقىيەچىلىك مۇددەت ئۆي تۇتىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، ـ دېدى[①].

(ئىبنى ماجە: 119)

8659 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ صُهْبَانَ قَالَ سَمِعْتُ عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ يَقُولُ مَا تَغَنيْتُ وَلَا تَمَنيْتُ وَلَا مَسِسْتُ ذَكَرِي بِيَمِينِي مُنْذُ بَايَعْتُ بِهَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8659 ــ ئۇقبە ئىبنى سۇھباندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئوسماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغاندىن بېرى ناخشا ئېيتىپ باقمىدىم، بىلىپ تۇرۇپ يالغان سۆزلىمىدىم، ئەۋرىتىمنى ئوڭ قولۇم بىلەن (ھەرگىز) تۇتمىدىم[②].

(ئىبنى ماجە: 311)

8660 ـ عَنْ الْأَحْنَفِ بْنِ قَيْسٍ قَالَ خَرَجْنَا حُجاجًا فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ وَنَحْنُ نُرِيدُ الْحَج فَبَيْنَا نَحْنُ فِي مَنَازِلِنَا نَضَعُ رِحَالَنَا إِذْ أَتَانَا آتٍ فَقَالَ إِن الناسَ قَدْ اجْتَمَعُوا فِي الْمَسْجِدِ وَفَزِعُوا فَانْطَلَقْنَا فَإِذَا الناسُ مُجْتَمِعُونَ عَلَى نَفَرٍ فِي وَسَطِ الْمَسْجِدِ وَفِيهِمْ عَلِي وَالزبَيْرُ وَطَلْحَةُ وَسَعْدُ بْنُ أَبِي وَقاصٍ فَإِنا لَكَذَلِكَ إِذْ جَاءَ عُثْمَانُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَلَيْهِ مُلَاءَةٌ صَفْرَاءُ قَدْ قَنعَ بِهَا رَأْسَهُ فَقَالَ أَهَاهُنَا طَلْحَةُ أَهَاهُنَا الزبَيْرُ أَهَاهُنَا سَعْدٌ قَالُوا نَعَمْ قَالَ فَإِني أَنْشُدُكُمْ بِاللهِ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ أَتَعْلَمُونَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ يَبْتَاعُ مِرْبَدَ بَنِي فُلَانٍ غَفَرَ اللهُ لَهُ فَابْتَعْتُهُ بِعِشْرِينَ أَلْفًا أَوْ بِخَمْسَةٍ وَعِشْرِينَ أَلْفًا فَأَتَيْتُ

[①] ئەلبانى (22): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (65): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ اجْعَلْهُ فِي مَسْجِدِنَا وَأَجْرُهُ لَكَ قَالُوا اللهُم نَعَمْ قَالَ أَنْشُدُكُمْ بِاللهِ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ أَتَعْلَمُونَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَبْتَاعَ بِئْرَ رُومَةَ غَفَرَ اللهُ لَهُ فَأَبْتَعْتُهَا بِكَذَا وَكَذَا فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ قَدْ أَبْتَعْتُهَا بِكَذَا وَكَذَا قَالَ اجْعَلْهَا سِقَايَةً لِلْمُسْلِمِينَ وَأَجْرُهَا لَكَ قَالُوا اللهُم نَعَمْ قَالَ أَنْشُدُكُمْ بِاللهِ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ أَتَعْلَمُونَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَظَرَ فِي وُجُوهِ الْقَوْمِ فَقَالَ مَنْ يُجَهزُ هَؤُلَاءِ غَفَرَ اللهُ لَهُ يَعْنِي جَيْشَ الْعُسْرَةِ فَجَهزْتُهُمْ حَتى لَمْ يَفْقِدُوا عِقَالًا وَلَا خِطَامًا فَقَالُوا اللهُم نَعَمْ قَالَ اللهُم اشْهَدْ اللهُم اشْهَدْ اللهُم اشْهَدْ.

8660 ـ ئەھنەف ئىبنى قەيستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەج قىلىش مەقسىتى بىلەن (يولغا چىقىپ) مەدىنىگە كېلىپ چۈشتۇق. يۈك ـ تاقىلىرىمىزنى قويۇپ تۇرۇشىمىزغا بىر توپ كىشىنىڭ مەسجىدكە يىغىلىۋالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يېتىپ كەلدى. (بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىشىدىن) ئەنسىرەپ مەسجىدكە قاراپ يۈگۈردۇق. قارىساق، مەسجىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نەچچە ئادەم توپلىشىپ تۇرۇپتۇ، ئارىسىدا ئەلى، تەلھە، زۇبەير ۋە سەئد ئىبنى ۋەققاسلامۇ بار ئىدى. ئۇلارغا قاراپ تۇرساق، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىدە سېرىق يېپىنچا بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى يۆگىۋالغان ئىدى. ئۇ:

ـ ئەلى، تەلھە، زۇبەير، سەئدلەر بۇ يەردىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا:

ـ ھەئە، بۇ يەردە، ـ دەپ جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ:

ـــ مەن سىلەردىن اللهنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «پالانى قەۋمنىڭ يېرىنى سېتىۋالغان كىشىنى الله مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەندە، مەن ئۇ يەرنى 20 مىڭ ياكى 25 مىڭغا سېتىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ يەرنى سېتىۋالغانلىقىمنى بىلدۈرگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ يەرنى مەسجىدىمىزگە ئاتىۋەتكىن، ئەجرى ساڭا بولسۇن!» دېمىگەنمىدى؟! ـ دېدى، ئۇلار:

ـ شۇنداق، ـ دېيىشتى. ئوسمان يەنە:

— مەن سىلەردىن اللهنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم رۇمە قۇدۇقىنى سېتىۋالسا، الله ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەندە، مەن ئۇنى مۇنچىلىك پۇلغا سېتىۋېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا (ئۇ قۇدۇقنى سېتىۋالغانلىقىمنى) ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىغان جايى قىلغىن، ئەجرى ساڭا بولسۇن!» دېمىدىمۇ؟ - دېگەندى، ئۇلار:

- شۇنداق، - دېيىشتى. ئوسمان يەنە:

— مەن سىلەردىن اللهنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە: «كىم قوشۇنغا ئەسكەر جابدۇسا، الله ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەندە، مەن ئەسكەر جابدۇمىدىممۇ؟ - دېگەندى، ئۇلار:

- شۇنداق قىلدىڭ، - دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى الله، گۇۋاھ بولغىن! ئى الله، گۇۋاھ بولغىن! ئى الله، گۇۋاھ بولغىن! - دېدى[1].

(نەسائى: 3182)

8661 ـ عَنْ ثُمَامَةَ بنِ حَزْنٍ الْقُشَيْرِي قَالَ شَهِدْتُ الدارَ حِينَ أَشْرَفَ عَلَيْهِمْ عُثْمَانُ فَقَالَ ائْتونِي بِصَاحِبَيْكُمْ اللذَيْنِ أَلبَاكُمْ عَلَي قَالَ فَجِيءَ بِهِمَا فَكَأَنهُمَا جَمَلانِ أَوْ كَأَنهُمَا حِمَارَانِ قَالَ فَأَشْرَفَ عَلَيْهِمْ عُثْمَانُ فَقَالَ أَنْشُدُكُمْ بِاللهِ وَالْإِسْلَامِ بنحوه.

وزاد: أَنْشُدُكُمْ بِاللهِ وَالْإِسْلَامِ هَلْ تَعْلَمُونَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ عَلَى ثَبِيرِ مَكةَ وَمَعَهُ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَأَنَا فَتَحَركَ الْجَبَلُ حَتى تَسَاقَطَتْ حِجَارَتُهُ بِالْحَضِيضِ قَالَ فَرَكَضَهُ بِرِجْلِهِ وَقَالَ اسْكُنْ ثَبِيرُ فَإِنمَا عَلَيْكَ نَبِي وَصِدِيقٌ وَشَهِيدَانِ قَالُوا اللهُم نَعَمْ قَالَ اللهُ أَكْبَرُ شَهِدُوا لِي وَرَب الْكَعْبَةِ أَني شَهِيدٌ ثَلَاثًا.

[1] ئەلبانى (204): زەئىپ، - دېگەن.

8661 ــ سۇمامە ئىبنى ھەزەن ئەلقۇرەشى مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئوسماننىڭ ئۆيىنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئوسمان:

ـ ماڭا سۈيىقەست قىلىش ئۈچۈن سىلەرنى توپلىغان ئۇ ئىككى ئادىمىڭلارنى چاقىرىڭلار! ــ دېدى. ئۇ ئىككىسى چاقىرىلدى. ئۇ ئىككىسى خۇددى تۆگىدەك (ياكى ئېشەكتەك) كۆرۈنەتتى. ھەزرىتى ئوسمان ئۇلارغا بىر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن:

ــ مەن سىلەردىن اللهنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، رۇمە قۇدۇقىنىڭ سۈيىدىن باشقا (ئىچكۈدەك) تاتلىق سۇ يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم رۇمە قۇدۇقىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا ئاتىۋەتسە، جەننەتتە ئۇنىڭغا ئەجىر بېرىلىدۇ» دېگەندە، مەن ئۇنى ئۆز پۇلۇمغا سېتىۋالمىدىممۇ؟! ـ دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

ـ شۇنداق، ـ دېيىشتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە:

ـ سىلەردىن اللهنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە مەن مەككىدىكى تاغ ئۈستىدە تۇرغىنىمىزدا، تاغ سىلكىنىپ كېتىپ، تاشلىرى دۈملاشقا باشلىغاندى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغنى تېپىپ تۇرۇپ: «جىم تۇرغىن! ئۈستىڭدە بىر پەيغەمبەر، بىر سىددىق ۋە ئىككى شېھىد بار» دېمىگەنمىدى؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇلار:

ــ ھەئە، شۇنداق دېگەندى، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇلار ماڭا گۇۋاھلىق بەردى. مەن شېھىد بولىمەن، ـ دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدى[1].

(تىرمىزى: 3703)

[1] ئەلبانى (2921): ھەسەن، ـ دېگەن.

8663 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ ذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِتْنَةً فَقَالَ يُقْتَلُ فِيهَا هَذَا مَظْلُومًا لِعُثْمَانَ.

8663 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر پىتنىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زۇلۇمغا ئۇچراپ، ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان[①].

(تىرمىزى: 3708)

8664 ـ عن عُبَيْد اللهِ بْنَ عَدِيِّ بْنِ الْخِيَارِ أَخْبَرَهُ أن الْمِسْوَرَ بْنَ مَخْرَمَةَ وَعَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ الْأَسْوَدِ بْنِ عَبْدِ يَغُوثَ قَالَا مَا يَمْنَعُكَ أَنْ تُكَلمَ عُثْمَانَ لِأَخِيهِ الْوَلِيدِ فَقَدْ أَكْثَرَ الناسُ فِيهِ فَقَصَدْتُ لِعُثْمَانَ حَتى خَرَجَ إِلَى الصلَاةِ قُلْتُ إِن لِي إِلَيْكَ حَاجَةً وَهِيَ نَصِيحَةٌ لَكَ قَالَ يَا أَيهَا الْمَرْءُ قَالَ مَعْمَرٌ أُرَاهُ قَالَ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْكَ فَانْصَرَفْتُ فَرَجَعْتُ إِلَيْهِمْ إِذْ جَاءَ رَسُولُ عُثْمَانَ فَأَتَيْتُهُ فَقَالَ مَا نَصِيحَتُكَ فَقُلْتُ إِن اللهَ سُبْحَانَهُ بَعَثَ مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْحَق وَأَنْزَلَ عَلَيْهِ الْكِتَابَ وَكُنْتَ مِمنْ اسْتَجَابَ لِلهِ وَلِرَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَهَاجَرْتَ الْهِجْرَتَيْنِ وَصَحِبْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَرَأَيْتَ هَدْيَهُ وَقَدْ أَكْثَرَ الناسُ فِي شَأْنِ الْوَلِيدِ قَالَ أَدْرَكْتَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُلْتُ لَا وَلَكِنْ خَلَصَ إِلَيَّ مِنْ عِلْمِهِ مَا يَخْلُصُ إِلَى الْعَذْرَاءِ فِي سِتْرِهَا قَالَ أَما بَعْدُ فَإِن اللهَ بَعَثَ مُحَمدًا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْحَق فَكُنْتُ مِمنْ اسْتَجَابَ لِلهِ وَلِرَسُولِهِ وَآمَنْتُ بِمَا بُعِثَ بِهِ وَهَاجَرْتُ الْهِجْرَتَيْنِ كَمَا قُلْتَ وَصَحِبْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبَايَعْتُهُ فَوَاللهِ مَا عَصَيْتُهُ وَلَا غَشَشْتُهُ حَتى تَوَفاهُ اللهُ عَز وَجَل ثُم أَبُو بَكْرٍ مِثْلُهُ ثُم عُمَرُ مِثْلُهُ ثُم اسْتُخْلِفْتُ أَفَلَيْسَ لِي مِنْ الْحَق مِثْلُ الذِي لَهُمْ قُلْتُ بَلَى قَالَ فَمَا هَذِهِ الْأَحَادِيثُ التِي تَبْلُغُنِي عَنْكُمْ أَما مَا ذَكَرْتَ مِنْ شَأْنِ الْوَلِيدِ فَسَنَأْخُذُ فِيهِ بِالْحَق إِنْ شَاءَ اللهُ ثُم دَعَا عَلِيا فَأَمَرَهُ أَنْ يَجْلِدَهُ فَجَلَدَهُ ثَمَانِينَ.

[①] ئەلبانى (2529): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

8664 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەدىي ئىبنى خىياردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە بىلەن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەسۋەد ئىبنى ئەبد يەغۇس ئىككىسى ماڭا:

— نېمە ئۈچۈن ئوسمانغا ئۇنىڭ (ئانا بىر) قېرىندىشى ۋەلىد توغرۇلۇق گەپ قىلمايسەن؟ خەلق ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۆپ شىكايەت قىلىشىۋاتىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسماننىڭ مەسجىدكە چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

ـ سەن بىلەن ئازراق ئىشىم بار، ئەسلىدە ساڭا نەسىھەت قىلماقچى ئىدىم، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ ئى ئىنسان! اللهقا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دېدى. مەن ئوسماننىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ باردىم. كەينىمدىن ئوسماننىڭ ئەلچىسى كېلىپ، (ئوسماننىڭ) مېنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. قايتىپ بارسام:

ـ قانداق نەسىھىتىڭ بار ئىدى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

— الله مۇھەممەدنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا قۇرئاننى نازىل قىلدى. سەن پەيغەمبەرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلدىڭ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ تۇتقان يولىدىن ماڭدىڭ. لېكىن كىشىلەر ۋەلىدنىڭ ئۈستىدىن كۆپ پىكىر قىلىشىۋاتىدۇ (چۈنكى ئۇ ھاراق ئىچەتتى)، ـ دېسەم، ئوسمان:

ـ سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ياق، لېكىن ئۇنىڭ ئىلمىدىن ماڭا روپاش قىزغا يەتكەنچىلىك (يەنى ئاز بولسىمۇ) يەتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردىم. ئوسمان:

— ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، الله مۇھەممەدنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. سەن ئېيتقاندەك، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدىم. ئۇنىڭغا بىرەر

قېتىممۇ بويۇنتاۋلىق قىلىپ باقمىدىم، خىيانەتمۇ قىلمىدىم. ئاندىن ئەبۇ بەكرىگىمۇ، ئۆمەرگىمۇ شۇنداق قىلدىم. ئۇلاردىن كېيىن خەلىپە بولۇپ سايلاندىم. ئەجەبا، ئۇلارنىڭ قانداق ھەق ـ ھوقۇقلىرى بولغان بولسا، مېنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا شۇنداق ھوقۇقۇم يوقمۇ؟ ـ دېۋىدى. مەن:

ـ ئەلۋەتتە بار، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ ئەمىسە، نېمىشقا بۇنچىۋالا سۆز ـ چۆچەك قىلىسىلەر؟ ۋەلىدنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ شەرئىي ھۆكمى نېمە بولسا، شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىمىز، ـ دېدى. ئاندىن ئەلىنى چاقىرىپ، ۋەلىدنى قامچىلاشقا بۇيرىدى، ئەلى ئۇنى 80 قامچا ئۇردى.

(بۇخارى: 3696)

8665 ـ عن عبد الله بن سلام: أنه دخل على عثمان وهو محصور فقال السلام عليك يا أمير المؤمنين فقال وعليك السلام ما جاء بك يا عبد الله بن سلام قال جئت لأثبت حتى أستشهد أو يفتح الله لك ولا أرى هؤلاء القوم إلا قاتلوك فإن يقتلوك فذاك خير لك وشر لهم فقال عثمان أسئلك بالذي لي عليك من الحق لما خرجت إليهم خير يسوقه الله بك وشر يدفعه بك الله فسمع وأطاع فخرج عليهم فلما رأوه إجتمعوا وظنوا أنه قد جاءهم ببعض ما يسرون به فقام خطيبا فحمد الله وأثنى عليه ثم قال أما بعد فإن الله عز وجل بعث محمدا ﷺ بشيرا ونذيرا يبشر بالجنة من أطاعه وينذر بالنار من عصاه وأظهر من إتبعه على الدين كله ولو كره المشركون ثم إختار له المساكن فإختار له المدينة فجعلها دار الهجرة وجعلها دار الإيمان فوالله ما زالت الملائكة حافين بالمدينة مذ قدمها رسول الله ﷺ إلى اليوم وما زال سيف الله مغمودا عنكم مذ قدمها رسول الله ﷺ إلى اليوم ثم قال إن الله بعث محمدا ﷺ بالحق فمن إهتدى فإنما يهتدي بهدى الله ومن ضل فإنما يضل بعد البيان والحجة وإنه لم يقتل نبي فيما مضى إلا قتل به سبعون ألف مقاتل كلهم يقتل به ولا قتل خليفة قط إلا قتل به خمسة وثلاثون ألف مقاتل كلهم يقتل به فلا تعجلوا على هذا الشيخ بقتل فوالله لا يقتله رجل منكم إلا لقي الله يوم القيامة ويده مقطوعة مشلولة وإعلموا أنه ليس لولد على والد حق إلا ولهذا الشيخ عليكم مثله قال

فقاموا فقالوا كذبت اليهود كذبت اليهود فقال كذبتم والله وأنتم آثمون ما أنا بيهـودي وإني لأحد المسلمين يعلم الله بذلك ورسوله والمؤمنون وقد أنزل الله في القرآن (قل كفى بالله شهيدا بيني وبينكم ومن عنده علم الكتاب) وقد أنزل الآية الأخرى (قل أرأيـتم إن كان من عند الله وكفرتم به وشهد شاهد من بني إسرائيل على مثله فآمن واستكبرتم) قال فقاموا فدخلوا على عثمان فذبحوه كما يذبح الحلان. قال عثمان لكثير بن الصلت يا كثير أنا والله مقتول غدا قال بل يعلي الله كعبك ويكبت عدوك قال ثم أعادها الثالثة فقال مثل ذلك قال عم تقول يا أمير المؤمنين قال رأيت رسول الله ﷺ ومعه أبو بكر وعمر فقال لي يا عثمان أنت عندنا غدا وأنت مقتول غدا فأنا والله مقتول قال فقتل فخرج عبدالله بـن سلام إلى القوم قبل أن يتفرقوا فقال يا أهل مصر يا قتلة عثمان قتلتم أمير المؤمنين أما والله لا يزال عهد منكوث ودم مسفوح ومال مقسوم لا سـقيتم. (رواه الطـبراني ورجالـه ثقات).

8665 ــ ئابــدۇللاھ ئىبنــى ســالام رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىــدۇكى، ئۇ قورشاۋدا قالغان ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىــڭ يېنىغا كىرىــپ، ســالام بەردى. ئوسمان رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ئۇنىــڭ ســالىمىنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن:

- ئى ئابدۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى، ئابدۇللاھ:

ــ سەن بىلەن بىللە شېھىد بولغۇچە ياكى سەن غەلىبە قازانغۇچە يېنىڭــدىن ئايرىلماســلىق ئۈچــۈن كەلــدىم. بــۇ خەلــق ســېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلسا، سەن كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، ئۇلار ئېغىر تالاپەتكە دۇچار بولىدۇ، - دېدى. ئوسمان:

ــ مەن سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى ھەققىم ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ قالايكى، سەن ئۇلارنىــڭ قېشــىغا چىققىــن. بەلكىــم الله ســەن ئــارقىلىق بىــرەر ياخشىلىقنى يەتكۈزەر ياكى بىرەر يامانلىقنى دەپئى قىلار، - دېــدى. ئابــدۇللاھ رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ ھەزرىتــى ئوســمانىنىڭ ســۆزىگە بويسۇنۇپ، سىرتقا چىقتى. ئۇنىــڭ چىققىنىنــى كــۆرگەن توپىلاڭچىلار: ”بىرەر خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ قالار“ دېگەن ئۈمىدتە ئۇنىــڭ ئەتراپىنــى

ئورنىۋالدى. ئابدۇللاھ ئۇلارغا ۋەز ئېيتماقچى بولۇپ، ئاۋۋال ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بېشارەتچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ، ئىتائەت قىلغۇچىغا جەننەت بىلەن بېشارەت بەرسە، ئاسىيلىق قىلغانلارنى دوزاخ بىلەن ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنى مۇشرىكلارنىڭ يامان كۆرۈشىگە قارىماي پۈتۈن دىنلار ئۈستىدىن غالىب قىلدۇردى، ئاندىن مەدىنىنى پەيغەمبىرى ئۈچۈن ھىجرەت دىيارى قىلىپ تاللاپ، ئۇنىڭغا تۇرالغۇ جاي قىلىپ بەردى ۋە مەدىنىنى ئىمان دىيارى قىلدى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندىن بۇيان پەرىشتىلەر مەدىنە ئەتراپىنى چۆرىدەپ تۇرماقتا، رەسۇلۇللاھ كەلگەندىن بۇيان، ئاللاھنىڭ قىلىچى سىلەرگە تەگمەي كېلىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى. كىم ھىدايەت تاپسا، ئۇ ئاللاھنىڭ ھىدايەت قىلىشى بىلەن ھىدايەت تاپىدۇ؛ كىم ئازسا، دەلىل ـ ئىسپات تۇرغۇزۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئازغان بولىدۇ. ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن 70 مىڭ تويىلاڭچى؛ بىر خەلىپە ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن 35 مىڭ تويىلاڭچى ئۆلتۈرۈلۈپ كەلدى. شۇڭا سىلەر بۇ ئاقساقالنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىماڭلار! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كىم ئۇنى ئۆلتۈرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىغا قولى كېسىلگەن، يارىدار ھالەتتە بارىدۇ. شۇنى بىلىپ قېلىڭلاركى، ھەرقانداق ئاتىنىڭ ئۆز بالىسى ئۈستىدە ھەققى بولغاندەك، بۇ ئاقساقالنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەققى بار.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان تويىلاڭچىلار باشلىرىنى تولغىشىپ:

ــ بۇ يەھۇدىي يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، ـ دېيىشتى. ئابدۇللاھ ئۇلارغا:

ــ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەمەلىيەتتە سىلەر يالغان ئېيتىۋاتىسىلەر. مەن يەھۇدىي ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىمەن. بۇنى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋە مۆئمىنلەر ئوبدان بىلىدۇ. ئاللاھ تائالا

بۇ ھەقتە: ئېيتقىنكى، «راستلىقىمغا سىلەر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا اللهنىڭ گۇۋاھلىقى ۋە اللهنىڭ كىتابىنى بىلىدىغانلار (يەنى ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىدىن ئىمان ئېيتقانلار)نىڭ گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر»[1] ۋە: (ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «سىلەر ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! قۇرئان الله تەرىپىدىن نازىل بولغان تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭلار (ھالىڭلار قانداق بولىدۇ؟) ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر گۇۋاھچى (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام) قۇرئاننىڭ الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ ئىمان كەلتۈرسە، سىلەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ (ئىماندىن) باش تارتساڭلار (ھالىڭلار قانداق بولىدۇ؟) شۈبھىسىزكى، الله زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[2] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلغان. - دېدى. لېكىن توپىلاڭچىلار ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماي، ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېشىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ئۇنى خۇددى قوزىنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋەتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەسىر ئىبنى سەلتكە:

—— ئى كەسىر! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئەتە ئۆلتۈرۈلىمەن، - دېگەن، كەسىر:

— ياق، الله سېنى غالىب قىلىپ، دۈشمەنلەرنى تارمار قىلغاي - دېگەن بولسىمۇ، ھەزرىتى ئوسمان بۇ سۆزىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان. شۇنىڭ بىلەن، كەسىر:

– ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! نېمىگە ئاساسەن بۇنداق دەيسەن؟ - دەپ سورىغىنىدا، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

– مەن (چۈشۈمدە) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرلەر بىلەن بىللە كۆردۈم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئوسمان! ئەتە قېشىمىزدا بولىسەن. چۈنكى ئەتە ئۆلتۈرۈلىسەن»

[1] سۈرە رەئد، 43 - ئايەت.

[2] سۈرە ئەھقاف، 10 - ئايەت.

دېدى. شۇڭا اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئەتە ئۆلتۈرۈلىمەن، - دېگەنىدى. دەرۋەقە، ئۇ ئەتىسى ئۆلتۈرۈلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى سالام تۆگىسىگە مىنىپ، توپىلاڭچىلارغا:

- ئى مىسىر خەلقى! ئى ئوسماننىڭ قاتىللىرى! مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىنى ئۆلتۈرىۋەتتىڭلار. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇنىدىن كېيىن ئەھدە بۇزۇلىدۇ، قانلار تۆكۈلىدۇ، مال - مۈلۈك (دۆلەت) پارچىلىنىدۇ. اﷲ سىلەرنى سۆيمەيدىغان قويغاي! - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

8666 - عن يَزِيدَ بن أبي حَبِيبٍ أَن عَامةَ الركْبِ الذِينَ سَارُوا إِلى عُثْمَانَ جُنوا.

8666 - يەزىد ئىبنى ئەبۇ ھەبىب رىۋايەت قىلىدۇكى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېيىنكى چاغلاردا ساراڭ بولۇپ قالغان[2].

(«ئەلكەبىر»: 134)

8667 - مَالِك بن أنس يقول: قُتِلَ عُثْمَانُ رضي اللهُ عنه فَأَقَامَ مَطْرُوحًا على كُنَاسَةِ بني فُلانٍ ثَلاثًا فَأَتَاهُ اثْنَا عَشَرَ رَجُلا فِيهِمْ جَدي مَالِكُ بن أبي عَامِرٍ وَحُوَيْطِبُ بن عبد الْعُزى وَحَكِيمُ بن حِزَامٍ وَعَبْدُ اللهِ بن الزبَيْرِ وَعَائِشَةُ بنتُ عُثْمَانَ مَعَهُمْ مِصْبَاحٌ في حِق فَحَمَلُوهُ على بَابٍ وَإِن رَأْسَهُ يقول على الْبَابِ طَقْ طَقْ حتى أَتَوْا بِهِ الْبَقِيعَ فَاخْتَلَفُوا في الصلاةِ عليه فَصَلى عليه حَكِيمُ بن حِزَامٍ أو حُوَيْطِبُ بن عبد الْعُزى شَكَ عبد الرحمن ثُم أَرَادُوا دَفْنَهُ فَقَامَ رَجُلٌ من بني مَازِنٍ فقال وَاللهِ لَئِنْ دَفَنْتُمُوهُ مع الْمُسْلِمِينَ لأُخْبِرَن الناس فَحَمَلُوهُ حتى أَتَوْا بِهِ إلى حَش كَوْكَبٍ فلما دَلوهُ في قَبْرِهِ صَاحَتْ عَائِشَةُ بنتُ عُثْمَانَ فقال لها بن الزبَيْرِ أسكتي فَوَاللهِ لَئِنْ عُدْتِ لأَضْرِبَن الذي فيه عَيْنَاكِ فلما دَفَنُوهُ وَسَووْا عليه الترَابَ قال لها بن الزبَيْرِ صِيحِي ما بَدَا لَكِ أَنْ تَصِيحِي قال مَالِكٌ وكان عُثْمَانُ بن عَفانَ

[1] ھەيسەمى (14547): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14553): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، - دېگەن.

رضي اللهُ عنه قبل ذلك يَمُر بِحُش كَوْكَبٍ فيقول لَيُدْفَنن ها هنا رَجُلٌ صَالِحٌ قال أبو الْقَاسِمِ الْحُش الْبُسْتَانُ.

8667 ـ مالىك ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، (جەسىدى) بىرىنىڭ ئەخلەتخانىسىدا ئۈچ كۈنگىچە تاشلىنىپ تۇردى. ئاندىن (جەسەتنى ئالغىلى) 12 ئادەم كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بوۋام مالىك ئىبنى ئامىر، ھۇۋەيتىب ئىبنى ئابدۇلئۇززا، ھەكىم ئىبنى ھىزام، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ۋە ئوسماننىڭ قىزى ئائىشە قاتارلىقلارمۇ بار بولۇپ، قوللىرىدا چىراغ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلار ھەزرىتى ئوسماننىڭ جەسىدىنى ئىشىككە قويۇپ ئېلىپ ماڭغانىدى، بەقىئ مازارلىقىغا ئېلىپ بارغانغا قەدەر ئۇنىڭ بېشى تاق، تاق قىلىپ ئىشىككە تېگىپ تۇردى. نامىزىنى كىمنىڭ چۈشۈرۈشى توغرىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئاخىرى، ھەكىم ئىبنى ھىزام ياكى ھۇۋەيتىب ئىبنى ئابدۇلئۇززا چۈشۈردى. ئاندىن يەرلىككە قويماقچى بولۇپ تۇراتتى، مازىن جەمەتىدىن بىرسى:

ـ ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ يېنىغا دەپنە قىلساڭلار، ئەتە باشقىلارغا ئېيتىپ قويىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى كۆتۈرۈپ، ھەششى كەۋكەب دەپ ئاتىلىدىغان بىر باغقا ئېلىپ باردى. جەسەدنى گۆرگە ئېلىپ كىرىۋاتقاندا، ئائىشە تووۋلاشقا باشلىغانىدى، ئىبنى زۇبەير ئۇنىڭغا:

ـ جىم تۇر، يەنە مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، كۆزۈڭنى قۇيۇۋېتىمەن، ـ دېدى. ئوسماننى دەپنە قىلىپ، قەبرىنى تۈزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئىبنى زۇبەير ئائىشەگە:

ـ ئەمدى خالىغانچە تووۋلىساڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇرۇن بۇ باغنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ بۇ يەردە سالىھ بەندىلەردىن بىرى دەپنە قىلىنىدۇ، ـ دېگەن ئىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 109)

8668 ـ عن مُسْلِمٍ أبي سَعِيدٍ مولى عُثْمَانَ بن عَفانَ ان عُثْمَانَ بن عَفانَ اعتـق عِشْرِينَ مَمْلُوكاً وَدَعَا بِسَرَاوِيلَ فَشَدهَا عليه وB يَلْبسْهَا في جَاهِلِيةٍ وَلاَ إِسْلاَمٍ وقـال اني رأيت رسول اللهِ ﷺ الْبَارِحَةَ في الْمَنَامِ وَرَأَيتُ أَبا بَكْرٍ وَعُمَرَ رضي الله عنهما وأEم قالوا لي اصْبِرْ فَإِنكَ تُفْطِرُ عِنْدَنا الْقَابِلَةَ ثُم دَعَا بِمُصْحَفٍ فَنشَرَهُ بين يَدَيْهِ فَقُتِلَ وهو بين يَدَيْهِ.

8668 ـ ئوسماننىڭ ئازادگەردىسى مۇسلىمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (قورشاۋدىكى چاغدا) 20 قۇلنى ئازاد قىلدى. (كېيىن) بىر شالۋۇر كەلتۈرۈپ كىيدى. مەيلى جاھىلىيەت دەۋرىدە ياكى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن بولسۇن، بۇنداق كىيىمنى پەقەتلا كىيىپ باقمىغانىدى. ئاندىن:

ـ مەن چۈشۈمدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر بىلەن بىللە كۆردۈم. ئۇلار ماڭا: «سەۋر قىلغىن. ئەتە كەچتە بىز بىلەن بىللە ئىپتار قىلىسەن» دېدى، ـ دېدى. ئاندىن قۇرئان كەلتۈرۈپ، ئالدىغا ئېچىپ قويدى. ئۇ، ئەنە شۇ قۇرئان ئالدىدا شېھىد قىلىندى[2].

(ئەھمەد: 526)

8669 ـ عن زَهْدَمٍ الْجَرْمِي قال خَطَبَنا بن عَباسٍ رضي اللهُ عنهما فقال لـو أن الناس B يَطْلُبوا بِدَمِ عُثْمَانَ لَرُجِمُوا بِالْحِجَارَةِ مِنَ السمَاءِ.

8669 ـ زەھدەم جۇرۇمى مۇنداق دېگەن: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىزگە خۇتبە سۆزلەپ:

[1] ھەيسەمى (14558): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14563): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ خەلــق ئوســمانىنىــڭ خــۇن ھەققىنـــى تەلەپ قىلمىســا، ئۇلارغــا ئاسماندىن تاش ياغىدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 122)

8670 ـ عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ قَالَ ذَكَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِتْنَـةً فَقَرَبَهَا فَمَر رَجُلٌ مُقَنعٌ رَأْسُهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا يَوْمَئِذٍ عَلَى الْهُدَى فَوَثَبْتُ فَأَخَذْتُ بِضَبْعَيْ عُثْمَانَ ثُم اسْتَقْبَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ هَـذَا قَالَ هَذَا.

8670 ــ كەئــب ئىبنـــى ئــۇجرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دېــگەن: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەم بىــر پىتـــنە توغرۇلــۇق ســۆز قىلىپ، ئۇنىڭ پات يېقىندا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى، دەل شــۇ پەيتـــتە، يېنىمىـــزدىن بېشـــىنى يۆگــىۋالغـــان بىـــر ئـــادەم ئـــۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ:

ــ ئۇ كۈنى، بۇ ئادەم ھــىدايەت ئۈســتىدە بولىــدۇ، ـ دېدى (ئــۇ ئوســمان ئىدى). مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئوسمانىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم ۋە:

ــ مۇشۇمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، ـ دېدى[2].

(ئىبنى ماجە: 111)

8671 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عُثْمَانُ إِنْ وَلاكَ اللهُ هَذَا الْأَمْرَ يَوْمًا فَأَرَادَكَ الْمُنَافِقُونَ أَنْ تَخْلَعَ قَمِيصَكَ الذِي قَمصَكَ اللهُ فَلَا تَخْلَعْهُ يَقُولُ ذَلِكَ ثَلَاثَ مَراتٍ قَالَ النعْمَانُ فَقُلْتُ لِعَائِشَةَ مَا مَنَعَكِ أَنْ تُعْلِمِي الناسَ بِهَذَا قَالَتْ أُنْسِيتُهُ.

---

[1] ھەيســەمى (14565): بــۇ ھەدىســنى تەبەرانــى رىــۋايەت قىلغــان بولــۇپ، راۋىيلــرى ســەھىھ ھەدىســنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (89): سەھىھ ـ دېگەن.

8671 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئوسمانغا: «ئى ئوسمان! ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە، الله تائالا ساڭا بۇ ۋەزىپىنى (يەنى خەلىپىلىكنى) بېرىپ، مۇناپىقلار (خەلىپىلىك) كۆڭلەكنى سالدۇرۇۋالماقچى بولسا، (كۆڭلەكنى) ھەرگىز سالمىغىن!» دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. نۇئمان ئىبنى بەشىر:

ــ ئى ئائىشە! بۇنى نېمىشقا ئىنسانلارغا بىلدۈرمىدىڭ؟ - دەپ سورىغانىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئىبنى ماجە: 112)

8672 ـ عن الْحَسَنَ: أُخِذَ الْفَاسِقُ آمد بن أبي بَكْرٍ في شِعْبٍ من شِعَابِ مِصْرَ فَأُدْخِلَ في جَوْفِ حِمَارٍ فَأُحْرِقَ.

8672 ــ ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: (ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىدىن بىرى بولغان) مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكىر دېگەن پاسىق مىسىر يوللىرىدىن بىرىدە قولغا چۈشتى ۋە ئېشەكنىڭ قارنىغا تىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىلدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 123)

8673 ـ عن عبد اللهِ بن سَعِيدٍ عن أبيه قال كنا جُلُوسًا عِنْدَ عَلِي بن أبي طَالِبٍ رضي اللهُ عنه وَعَنْ يَمِينِهِ عَمارُ بن يَاسِرٍ وَعَنْ يَسَارِهِ آمد بن أبي بَكْرٍ إِذْ جاء عُرَابُ بن فُلانٍ الصيْدَنِي فقال يا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ ما تَقُولُ في عُثْمَانَ فَبَدَرَهُ الرجُلان فَقَالا عَم تَسْـأَلُ عن رَجُلٍ كَفَرَ بِاللهِ من بَعْدِ إِيمَانِهِ وَنَافَقَ فقال الرجُلُ لَهُمَا لَسْتُ إِياكُمَا أَسْأَلُ وَلا إِلَيْكُمَا جِئْتُ فقال له عَلِي لَسْتُ أَقُولُ ما قَالا فَقَالا له جميعا فَلِمَ قَتَلْنَاهُ إِذًا قال وُلِيَ عَلَيْكُمْ فَأَسَاءَ

[1] ئەلبانى (90): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14568): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

الْوَلَايَةَ في آخِرِ أَيامِهِ وَجَزَعْتُمْ فَأَسَأْتُمُ الْجَزَعَ وَاللهِ إني لأَرْجُو أَنْ أَكُونَ أنا وَعُثْمَانُ كما قال اللهُ عز وجل (وَنَزَعْنَا ما في صُدُورِهِمْ من غِل إِخْوَانًا على سُرُرٍ مُتَقَابِلِينَ).

8673 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سەئىد دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز ئەلىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئەممار ئىبنى ياسىر، سول تەرىپىدە (ھەزرىتى ئوسماننىڭ قاتىللىرىدىن بىرى بولغان) مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى بار ئىدى. غۇراب ئىسىملىك بىرى كېلىپ:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئوسمان ھەققىدە قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەلىنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغانلار دەرھال جاۋاب بېرىپ:

ــ ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن، اللهنى ئىنكار قىلغان ۋە مۇناپىقلىق قىلغان ئادەم ھەققىدە سوراۋاتامسەن؟ ـ دېيىشتى. لېكىن غۇراب:

ـ مەن سىلەردىن سورىمىدىم ھەم سىلەردىن سورىغىلى كەلمىدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن بۇلاردەك دېمەيمەن (يەنى ئويلىمايمەن)، ـ دېدى. ئۇ ئىككىسى بىردەك:

ـ ئۇنداقتا، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۇق؟ ـ دەپ سوراشقانىدى، ئەلى:

ـ ئوسمان سىلەرگە باش بولدى ۋە ئاخىرقى كۈنلەردە سىلەرگە يامان مۇئامىلە قىلدى، سىلەرمۇ ئاچچىقىڭلارغا ھاي بەرمەي، ئۇنىڭغا يامانلىق قىلدىڭلار. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئوسمان ئىككىمىزنىڭ الله تائالانىڭ ئايىتىدە: ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى دۈشمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلايمىز، ئۇلار ئۆز ئارا قېرىنداش بولغان ھالدا تەختلەر ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ دەپ تەسۋىرلەنگەنلەردىن بولۇشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 111)

[1] ھەيسەمى (14566): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلمۇئمىن ئىبنى بەشىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

8674 ـ وَثابٌ: ثُم جَاءَ مُحَمدُ بن أَبِي بَكْرٍ فِي ثَلاثَةَ عَشَرَ رَجُلا حَتى ٱنْتَهَوْا إِلَى عُثْمَانَ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، فَأَخَذَ بِلِحْيَتِهِ، فَقَالَ بِهَا، وَقَالَ بِهَا، حَتى سَمِعْتُ وَقْعَ أَضْرَاسِهِ، وَقَالَ مَا أَغْنَى عَنْكَ مُعَاوِيَةُ، مَا أَغْنَى عَنْكَ ٱبْنُ عَامِرٍ، مَا أَغْنَى عَنْكَ كُتُبُكَ، قَالَ: أَرْسِلْ لِحْيَتِي يَا ٱبْنَ أَخِي، أَرْسِلْ لِحْيَتِي يَا ٱبْنَ أَخِي، قَالَ: فَأَنَا رَأَيْتُهُ اسْتَدْعَى رَجُلا مِنَ الْقَوْمِ بِعَيْنِهِ فَقَامَ إِلَيْهِ بِمِشْقَصٍ حَتى وَجَأَهُ بِهِ فِي رَأْسِهِ، قُلْتُ: ثُم مَهْ، قَالَ: ثُم تَعَاوَنُوا عَلَيْهِ، وَاللهِ حَتى قَتَلُوهُ.

8674 ـ ۋەسسابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى 13 ئادەم بىلەن ھەزرىتى ئوسماننىڭ قېشىغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ئۇنىڭ ساقىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سىلكىگەنىدى، ئۇنىڭ ئېغىز چىشلىرىنىڭ غۇچۇرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئۇ:

— ئى ئوسمان! سېنى قولۇمدىن مۇئاۋىيەمۇ، ئىبنى ئامىرمۇ، مەكتۇبلىرىڭمۇ قۇتۇلدۇرالمايدۇ، ـ دېدى. ئوسمان:

ـ ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ساقىلىمنى قويۇۋەتكىن! ـ دېدى. لېكىن مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى بىرىگە كۆز ئىشارىتى قىلغانىدى، ئۇ قولىغا قايچا ئالدى ۋە ھەزرىتى ئوسماننىڭ بېشىغا توختىماي ئۇردى (سانجىدى). ئاندىن باشقىلارمۇ كېلىپ، ھەممەيلەن بىرلىكتە ئۇنى ئۆلتۇردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 118)

8675 ـ يحيى بن بُكَيْرٍ قال كَانَتِ الشورَى فَاجْتَمَعَ الناس على عُثْمَانَ رضي اللهُ عنه لِثَلاثٍ بَقِينَ من ذِي الْحِجةِ سَنَةَ ثَلاثٍ وَعِشْرِينَ ثُم قُتِلَ عُثْمَانُ يوم الْجُمُعَةِ لِثَمَان عَشْرَةَ خَلَتْ من ذِي الْحِجةِ تَمَامَ سَنَةِ خَمْسٍ وَثَلاثِينَ وسنة ثَمَانٍ وَثَمَانُونَ سَنَةً وكان يُصَفرُ لِحْيَتَهُ وَكَانَتْ وِلاَيَةُ عُثْمَانَ رضي اللهُ عنه اثنتي عَشْرَةَ سَنَةً.

8675 ـ يەھيا ئىبنى بۇكەير مۇنداق دېگەن: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 23 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 3 ـ كۈنى

[1] ھەيسەمى (14551): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە ئىسمى ئېيتىلمىغان بىرى بار بولۇپ، ئۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىلى ئىدى. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

مەسـىـلـىـھەت كېڭـەشـىـنى تەرىپـىـدىن خەلـىـپـىلىككە تەيىنلـەنـدى ۋە ھىجىرىيىنىڭ 35 ـ يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 18 ـ كۈنى، 88 يېشىدا شېھىد قىلىندى. ئۇ ساقىلىنى سېرىق بوياپتتى، ئۇنىڭ خەلىپىلىكى 12 يىل داۋاملاشتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 107)

8676 ـ عن الزبير: قال قتل النبي يوم بدر رجلا من قريش ﷺ ثم قال لا يقتل قرشي بعد هذا اليوم ﷺ إلا رجل قتل عثمان بن عفان فاقتلوه فإن لا تفعلوا تقتلوا قتل الشاة.

8676 ـ زۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەدر غازىتىدا، قۇرەيشلىكتىن بىرىنى باغلاپ تۇرغۇزۇپ قويۇپ، قارىغا ئېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن ھېچبىر قۇرەيشلىك بۇ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. پەقەتلا ئوسمان ئىبنى ئەففاننى ئۆلتۈرگەن كىشىنىلا شۇنداق ئۆلتۈرۈڭلار، ئۇنداق قىلمىساڭلار، خۇددى قوي بوغۇزلانغاندەك بوغۇزلىنىسىلەر»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 1674).

8677 ـ عن إبراهيم بن عبد اللهِ بن فَروخَ عن أبيه قال شَهِدْتُ عُثْمَانَ بن عَفانَ دُفِنَ في ثِيَابِهِ بِدِمَائِهِ ولم يُغسلْ.

8777 ـ ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئوسماننىڭ يۇيۇلماي، كىيىملىرى بىلەنلا دەپنە قىلىنغانلىقىنى كۆردۈم.

(ئەھمەد: 532)

---

[1] ھەيسەمى (14573): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14581): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانى سەنەدىدە ئەبۇ خەيسەمە مۇسئەب ئىبنى سەئىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. بەززارنىڭ سەنەدىدىمۇ ئابدۇللاھ ئىبنى شەبىب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. ـ دېگەن.

## ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى

8678 ـ عن جابر قال سمعت رسول الله ﷺ يقول الناس من شجر شتى وانا وعلي من شجرة واحدة.

8678 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بارلىق ئىنسانلار باشقا ـ باشقا دەرەخلەردىن، لېكىن ئەلى ئىككىمىز بىر دەرەختىنمىز (يەنى باشقىلارنىڭ يىلتىزلىرى باشقا ـ باشقا، ئەلى ئىككىمىزنىڭ يىلتىزى بىر)» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 4150)

8679 ـ للكبير: عَلِي بن أبي طَالِبِ بن عبد الْمُطلِبِ بن هَاشِم. قال الزُّبَيْرُ بن بَكارٍ: أم عَلِي بن أبي طَالِبِ رضي اللهُ عنه فَاطِمَةُ بنتُ أَسَدِ بن هَاشِمِ بن عبد مَنَافِ بن قُصَي وَيُقَالُ إنهَا أولُ هَاشِمِيةٍ وَلَدَتْ لِهَاشِمِي وقد أَسْلَمَتْ وَهَاجَرَتْ إلى رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بِالْمَدِينَةِ وَمَاتَتْ وَدَفَنَهَا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم.

8679 ـ تەبەرانىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: ئەلى ــ ئەبۇ تالىب ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىبنى ھاشىمنىڭ ئوغلى؛ (ئۇنىڭ) ئانىسى ـ فاتىمە بىنتى ئەسەد ئىبنى ھاشىم ئىبنى ئابدۇماناف بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھاشىمىي جەمەتىگە تەۋە تۇنجى پەرزەنتكە كۆزى يورۇغان ئايال ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت

---

[1] ھەيسەمى (14582): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

قىلغان ۋە شۇ يەردە ئۆلۈپ كەتكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆز قولى بىلەن (مەدىنىگە) دەپنە قىلغان[①].

(«ئەلكەبىر»: 151)

8680 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ بُعِثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الِاثْنَيْنِ وَصَلى عَلِي يَوْمَ الثلَاثَاءِ.

8680 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۈشەنبە كۈنى پەيغەمبەرلىك بېرىلدى. ئەلى سەيشەنبە كۈنى (يەنى ئەتىسى) ناماز ئوقۇدى[②].

(تىرمىزى: 3728)

8681 ـ عَنْ أَبِي حَمْزَةَ رَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ قَال سَمِعْتُ زَيْدَ بْنَ أَرْقَمَ يَقُولُ أَولُ مَنْ أَسْلَمَ عَلِي قَالَ عَمْرُو بْنُ مُرةَ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِإِبْرَاهِيمَ النخَعِي فَأَنكَرَهُ فَقَالَ أَولُ مَنْ أَسْلَمَ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ.

8681 ــ ئەبۇ ھەمزە ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: مەن زەيد ئىبنى ئەرقەمنىڭ: ئەڭ دەسلەپتە ئەلى مۇسۇلمان بولغان، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.

ئەمر ئىبنى مۇررە مۇنداق دېگەن: مەن بۇنى ئىبراھىم نەخەئىگە ئېيتقانىدىم، ئۇ بۇنى رەت قىلىپ: ئەڭ دەسلەپ ئەبۇ بەكرى مۇسۇلمان بولغان، ـ دېدى[③].

(تىرمىزى: 3735)

[①] ھەيسەمى (14585): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەھىھتۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (779): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2937): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

8682 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ آخَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَ أَصْـحَابِهِ فَجَاءَ عَلِي تَدْمَعُ عَيْنَاهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ آخَيْتَ بَيْنَ أَصْحَابِكَ وَلَمْ تُؤَاخِ بَيْنِي وَبَيْنَ أَحَدٍ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنتَ أَخِي فِي الدنْيَا وَالْآخِرَةِ.

8682 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنى بىر ـ بىرىگە قېرىنداش قىلىپ قويدى. ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا يىغلامسىرىغا ھالدا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ساھابىلىرىڭنى بىر ـ بىرىگە قېرىنداش قىلىپ قويۇپسەن ـ يۇ، مېنى ھېچكىم بىلەن قېرىنداش قىلماپسەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەلى! سەن مېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك قېرىنداشىم سەن، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 3720)

8683 ـ عن عَامِرِ بن سَعْدِ بن أبي وَقاصٍ عن أبيه قال أَمَرَ مُعَاوِيَةُ بن أبي سُفْيَانَ سَعْدًا فقال ما مَنَعَكَ ان تَسُب أَبَا الترَابِ فقال أَما ما ذَكَرْتُ ثَلَاثًا قَالَهُن له رسول اللهِ ﷺ فَلَنْ اسبه لان تَكُونَ لي وَاحِدَةٌ مِنْهُن أَحَب الي من حُمْرِ النعَمِ سمعت رَسُولَ اللهِ ﷺ يقول له خَلَفَهُ في بَعْضِ مَغَازِيهِ فقال له عَلِي يا رَسُولَ اللهِ خَلفْتَنِي مع النسَاءِ وَالصبْيَانِ فقال له رسول اللهِ ﷺ أَما تَرْضَى ان تَكُونَ مِني بِمَنْزِلَةِ هَارُونَ من مُوسَى الا انه لَا نُبُوةَ بَعْـدِي وَسَمِعْتُهُ يقول يوم خَيْبَرَ لَأُعْطِيَن الرايَةَ رَجُلًا يُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ وَيُحِبهُ الله وَرَسُولُهُ قَـال فَتَطَاوَلْنَا لها فقال ادْعُوا لي عَلِيا فَأُتِيَ بِهِ ارمد فَبَصَقَ في عَيْنِهِ وَدَفَعَ الرايَةَ إليه فَفَتَحَ الله عليه وَلَما نَزَلَتْ هذه الْآيَةُ) فَقُلْ تَعَالَوْا نَدْعُ أَبْنَاءَنَا وَأَبْنَاءَكُمْ (دَعَا رسول اللهِ ﷺ عَلِيا وَفَاطِمَةَ وَحَسَنًا وَحُسَيْنًا فقال اللهم هَؤُلَاءِ أَهْلِي.

[①] ئەلبانى (772): زەئىپ، ـ دېگەن.

8683 ـ ئامىر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ نېمە ئۈچۈن ئەلىنى تىللىمايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى ھەققىدە ئېيتقان ئۈچ خىسلەت يادىمدىلا بولىدىكەن، ئۇنى ھەرگىز تىللىمايمەن. ئەنە شۇ ئۈچ خىسلەتنىڭ بىرىنىڭ مەندە بولۇپ قېلىشى مەن ئۈچۈن قىزىل تۆگەم بولۇشىدىنمۇ ئەۋزەلدۇر.

(ئۇ ئۈچ خىسلەت مۇنداق) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر غازاتقا ئاتلاندى ۋە ھەزرىتى ئەلىنى ئۆز ئورنىغا نائىب سايلاپ قويدى. لېكىن ئەلى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئايال ـ باللار بىلەن مەدىنىدە قويۇپ قويامسەن؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مۇسا ئۈچۈن ھارۇننىڭ ئورنى قانداق بولسا، مەن ئۈچۈن سېنىڭ ئورنىڭمۇ شۇنداق. سەن بۇنىڭغا رازى ئەمەسمۇ؟ ئەپسۇسكى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەرلىك يوق، ـ دېدى.

خەيبەر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۈگۈن تۇغنى شۇنداق بىرىنىڭ قولىغا بېرىمەنكى، ئۇ اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى دوست تۇتىدۇ، اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىمۇ ئۇنى دوست تۇتىدۇ، ـ دېدى. ھەممىمىز ئۇ تۇغنى قولىمىزغا ئېلىشقا تىرىشاتتۇق. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەلىنى چاقىرىڭلار! ـ دېدى. ئەلىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى ئۇنىڭ كۆزىگە سۈرۈپ قويدى (شۇنىڭ بىلەن، ئەلىنىڭ كۆزى ساقىيىپ كەتتى). اللە تائالا ئەلىنىڭ قولى بىلەن مۇسۇلمانلارغا فەتھنى مۇيەسسەر قىلدى.

«كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، اللەنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن دەپ اللەقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى»

دېگەن [1] دېگەن ئايەت نازىل بولغان چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى، فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۈسەينلەرنى يېنىغا چاقىرىپ:

ـ مانا بۇلار مېنىڭ ئائىلەم، ـ دېگەندى.

(مۇسلىم: 2404)

8684 ـ عَنْ حُبْشِيِّ بْنِ جُنَادَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلِيٌّ مِني وَأَنَا مِنْ عَلِيٍّ وَلَا يُؤَدِّي عَني إِلا أَنَا أَوْ عَلِيٌّ.

8684 ـ ھۇبشى ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەلى مەندىن، مەن ئەلىدىن. مەن (تۈزگەن ئەھدىلەرنى) پەقەت مەن ياكى ئەلىلا ئادا قىلالايدۇ» [2].

(تىرمىزى: 3719)

8685 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ كَانَ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَيْرٌ فَقَالَ اللهُم ائْتِنِي بِأَحَب خَلْقِكَ إِلَيْكَ يَأْكُلُ مَعِي هَذَا الطيْرَ فَجَاءَ عَلِي فَأَكَلَ مَعَهُ.

8685 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا قۇش گۆشى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله! مەخلۇقلىرىڭ ئىچىدە سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرىنى (يېنىمغا) ئەۋەتكىن، ئۇ مەن بىلەن بۇ گۆشنى يېسۇن» دەپ دۇئا قىلدى. كۆپ ئۆتمەي، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئىككىيلەن قۇش گۆشنى يېدى [3].

(تىرمىزى: 3721)

[1] سۈرە ئال ئىمران، 61 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەلبانى (2931): ھەسەن، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (773): زەئىپ، ـ دېگەن.

8686 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَوْمَ خَيْبَرَ لَأُعْطِيَن هَذِهِ الرايَةَ رَجُلًا يُحِب اللهَ وَرَسُولَهُ يَفْتَحُ اللهُ عَلَى يَدَيْهِ قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ مَا أَحْبَبْتُ الْإِمَارَةَ إِلا يَوْمَئِذٍ قَالَ فَتَسَاوَرْتُ لَهَا رَجَاءَ أَنْ أُدْعَى لَهَا قَالَ فَدَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ فَأَعْطَاهُ إِياهَا وَقَالَ امْشِ وَلَا تَلْتَفِتْ حَتى يَفْتَحَ اللهُ عَلَيْكَ قَالَ فَسَارَ عَلِي شَيْئًا ثُم وَقَفَ وَلَمْ يَلْتَفِتْ فَصَرَخَ يَا رَسُولَ اللهِ عَلَى مَاذَا أُقَاتِلُ الناسَ قَالَ قَاتِلْهُمْ حَتى يَشْهَدُوا أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ فَإِذَا فَعَلُوا ذَلِكَ فَقَدْ مَنَعُوا مِنْكَ دِمَاءَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ إِلا بِحَقهَا وَحِسَابُهُمْ عَلَى اللهِ.

8686 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خەيبەر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇگۈن بۇ تۇغنى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىنى دوست تۇتىدىغان، الله ئۇنىڭ قولىدا مۇسۇلمانلارغا فەتھىنى مۇيەسسەر قىلىدىغان ئادەمگە بېرىمەن، ـ دېدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى:

ــ ئەنە شۇ كۈنى ئەمىر (قوماندان) بولۇپ قېلىشىمنى بەكمۇ ئارزۇلاپ كەتتىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىرىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە، بويىنۇمنى ئۇ تەرەپكە سوزدۇم. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلىنى چاقىرىپ، تۇغنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە:

ــ قېنى ئاتلان، الله ساڭا فەتھىنى مۇيەسسەر قىلمىغىچە ئوڭ ـ سولۇڭغا باقمىغىن! ـ دېدى. ئەلى ئاتلاندى، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن توختاپ، ئارقىغا بۇرالمايلا:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار بىلەن نېمە مەقسەتتە ئۇرۇش قىلىمەن؟ ـ دەپ توۋلىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ اللهتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت كەلتۈرگىچە ئۇرۇشقىن. ئەگەر شاھادەت كەلتۈرسە، سەندىن ھەم جانلىرىنى ھەم ماللىرىنى

قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققىدىن قۇتۇلالمايدۇ[1]. قالغان ھېسابىنى الله ئۆزى ئالىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.
(مۇسلىم: 2405)

8687 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ إنا كُنا لَنَعْرِفُ الْمُنَافِقِينَ نَحْنُ مَعْشَرَ الْأَنصَارِ بِبُغْضِهِمْ عَلِيَّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ.

8687 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز ئەنسارىيلار مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى ئۇلارنىڭ ئەلىدىن نەپرەتلىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىشلىرىدىن بىلەتتۇق[2].
(تىرمىزى: 3717)

8688 ـ عن الْمُسَاوِرِ الْحِمْيَرِي عن أُمِهِ قالت دَخَلْتُ على أُم سَلَمَةَ فَسَمِعْتُهَا تَقُولُ كان رسول اللهِ ﷺ يقول لَا يُحِب عَلِيا مُنَافِقٌ ولا يَبْغَضُهُ مُؤْمِنٌ.

8688 ـ مۇساۋىر ھىمىيەرى ئانىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگىنىمدە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇناپىقلار ئەلىنى دوست تۇتمايدۇ، مۇئمىنلەر ئەلىگە دۈشمەنلىك قىلمايدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم[3].
(تىرمىزى: 3718)

8689 ـ عَنِ ابن عَباسٍ قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أنا مَدِيَنَةُ الْعِلْمِ وَعَلِي بَابُهَا فَمَنْ أَرَادَ الْعِلْمَ فَلْيَأْتِهِ من بَابِهِ.

8689 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] يەنى بىرەر جىنايەت سادىر قىلسا، ئىسلامدا بەلگىلەنگەن جازاسىنى تارتىدۇ.
[2] ئەلبانى (769): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (780): زەئىپ، ـ دېگەن.

«مەن ئىلىمنىڭ شەھىرى، ئەلى ئۇ شەھەرنىڭ دەرۋازىسى بولىدۇ. كىم ئىلىمنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرسۇن»[①].
(«ئەلكەبىر»: 11061)

8690 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِعَلِي يَا عَلِي لَا يَحِل لِأَحَدٍ أَنْ يُجْنِبَ فِي هَذَا الْمَسْجِدِ غَيْرِي وَغَيْرِكَ قَالَ عَلِي بْنُ الْمُنْذِرِ قُلْتُ لِضِرَارِ بْنِ صُرَدٍ مَا مَعْنَى هَذَا الْحَدِيثِ قَالَ لَا يَحِل لِأَحَدٍ يَسْتَطْرِقُهُ جُنُبًا غَيْرِي وَغَيْرِكَ.

8690 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئى ئەلى! ئىككىمىزدىن باشقا ئادەمنىڭ بۇ مەسجىدتىن جۇنۇبلۇق ھالەتتە ئۆتۈشى توغرا ئەمەس» دېگەن[②].
(تىرمىزى: 3727)

8691 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ دَعَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلِيا يَوْمَ الطائِفِ فَانْتَجَاهُ فَقَالَ الناسُ لَقَدْ طَالَ نَجْوَاهُ مَعَ ابْنِ عَمهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا انْتَجَيْتُهُ وَلَكِن اللهَ انْتَجَاهُ.

8691 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تائىف (غازىتى) كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن پىچىرلاشتى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر:

ـ رەسۇلۇللاھ جىيەنى بىلەن ئۇزۇن پىچىرلاشتى، ـ دېيىشتى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنىڭ بىلەن مەن ئەمەس، بەلكى الله پىچىرلاشتى، ـ دېدى[③].
(تىرمىزى: 3726)

[①] ھەيسەمى (14670): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇسسالام ئىبنى سالىھ ھىرەۋى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (778): زەئىپ، ـ دېگەن.
[③] ئەلبانى (777): زەئىپ، ـ دېگەن.

8692 ـ عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَمَرَ بِسَدِّ الْأَبْوَابِ إِلَّا بَابَ عَلِيٍّ.

8692 ــ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دېـگەن: پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم (مەسـجىد ئىچـىگە ئېچىلـىدىغان ئىشـىكلەردىن) ئەلـىنىـڭ ئىشـىكىدىن باشقىسـىنى تاقىۋېتىشكە بۇيرۇدى[1].

(تىرمىزى: 3732)

8693 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ خَطَبَ أَبُو بَكْرٍ وَعُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَاطِمَةَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّهَا صَغِيرَةٌ فَخَطَبَهَا عَلِيٌّ فَزَوَّجَهَا مِنْهُ.

8693 ـ ئابـدۇللاھ ئىبنـى بۇرەيـدە دادىسـىدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلـىدۇ: ئەبـۇ بەكـرى ۋە ئـۆمەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـالار فـاتىمەگە ئـۆيلەنمەكچى بولغانـدى، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ئىككىلىسىگە:

ــ ئۇ تېخى كىچىـك، ـ دەپ جـاۋاب بەردى. لـېكىن ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ئەلچـى كىرگۈزگەنـدى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالام (قىـزى) فاتىمەنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى[2].

(نەسائى: 3221)

8694 ـ عن عَبْد اللهِ بْنُ نُجَيٍّ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ لِي عَلِيٌّ كَانَتْ لِي مَنْزِلَةٌ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَمْ تَكُنْ لِأَحَدٍ مِنْ الْخَلَائِقِ فَكُنْتُ آتِيهِ كُلَّ سَحَرٍ فَأَقُولُ السَّلَامُ عَلَيْكَ يَا نَبِيَّ اللهِ فَإِنْ تَنَحْنَحَ انْصَرَفْتُ إِلَى أَهْلِي وَإِلَّا دَخَلْتُ عَلَيْهِ.

8694 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى نۇجەي دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەلى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دېـگەن: پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسەللەمنىڭ نەزىرىدە ئالاھىدە ئېتىبارىم بار ئىدى. ھەر كۈنى سەھەر

[1] ئەلبانى (2935): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3020): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ھۈجرىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام بېرەتتىم، ئەگەر ئۇ يۆتەلسە، ھۈجرامغا قايتىپ كېتەتتىم. ئۇنداق قىلمىسا، يېنىغا كىرەتتىم[1].

8695 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ بَعثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِبَرَاءَة مَعَ أَبِي بَكْرٍ ثُم دَعَاهُ فَقَالَ لَا يَنْبَغِي لِأَحَدٍ أَنْ يُبَلغَ هَذَا إِلا رَجُلٌ مِنْ أَهْلِي فَدَعَا عَلِيا فَأَعْطَاهُ إِيَاهَا.

8695 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرىنى چاقىرىپ، سۈرە تەۋبەنى (باشقىلارغا تەبلىغ قىلىشى ئۈچۈن) تاپشۇردى. ئاندىن ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ: «بۇنى تەبلىغ قىلىش پەقەت مېنىڭ ئائىلەمدىن بىرىگە خاس» دېدى ۋە ئەلىنى چاقىرىپ، سۈرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى[2].

(تىرمىزى: 3090)

8696 ـ عن أُمِّ عَطِيةَ قَالَتْ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَيْشًا فِيهِمْ عَلِـي قَالَتْ فَسَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ رَافِعٌ يَدَيْهِ يَقُولُ اللهُم لَا تُمِتْنِي حَتى تُرِيَنِي عَلِيا.

8696 ـ ئۇممۇ ئەتىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەرگە قوشۇن ئەۋەتتى، ئەلىمۇ ئۇ قوشۇندا ئىدى. قوشۇن يولغا چىققاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى الله! ئەلىنى ماڭا كۆرسەتمىگۈچە، مېنى قەبزى روھ قىلمىغىن!» دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم[3].

(تىرمىزى: 3727)

8697 ـ محمد بن كعب: افتخر علي وعباس وشيبة بن عثمان فقال العباس انا أفضلكم انا أسقي حجاج بيت الله وقال شيبة أنا أعمر مسجد الله وقال علي انا هاجرت

[1] ئەلبانى (60): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2467): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (781): زەئىپ، ـ دېگەن.

مع رسول الله ﷺ وأجاهد معه في سبيل الله فأنزل الله عز وجل (الذين آمنوا وهـ ـاجروا وجاهدوا في سبيل الله) إلى قوله (نعيم مقيم) 20 التوبة.

8697 ـ مۇھەممەد ئىبنى كەئىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى، ئابباس ۋە شەيبە ئىبنى ئوسمان قاتارلىقلار ئۆزلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ماختىنىشقا باشلىدى ۋە ئابباس مۇنداق دېدى:

— مەن ئەڭ ئەۋزىلىڭلار بولىمەن، چۈنكى مەن ئاللاھنىڭ بەيتىگە كەلگەن ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيمەن، ـ دېدى. شەيبە:

ـ مەن ئاللاھنىڭ مەسجىدىنى ئاۋات قىلىمەن، ـ دېدى. ئەلى بولسا:

— مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھىجرەت قىلدىم ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا: سىلەر ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى، مەسجىدى ھەرامنى ئاۋات قىلىشنى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلار(نىڭ ئىمانى)غا ئوخشاش ھېسابلامسىلەر؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئوخشاش ئەمەس، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8698 ـ ذُؤَيْبٌ أَنَّ النبي صلى اللهُ عليه وسلم لَما حَضَرَ قالت صَفِيةُ يا رَسُـ ـولَ اللهِ لِكُل امْرَأَةٍ من نِسَائِكَ أَهْلٌ يَلْجَأُ إِلَيهِمْ وَإِنكَ أَجْلَيْتَ أَهْلِي فَإِنْ حدث حَدَثَ فَإِلَى من قال إلى عَلِي بن أبي طَالِبٍ رضي اللهُ عنه

8698 ـ زۇئەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا، سەفىييە كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەندىن باشقا ئاياللىرىڭنىڭ پاناھلىنىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار، لېكىن مېنىڭ ھېچنېمەم يوق. ئەگەر ياخشى

---

[1] سۈرە تەۋبە، 19 ـ ئايەت.

كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، كىمدىن پاناھلىق تىلەيمەن، - دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- شۇنداق بولۇپ قالسا، ئەلىدىن پاناھلىق تىلىگىن! - دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 4214)

8699 - عن ابن عباس قال كنا نتحدث: أن النبي صلى الله عليه و سلم عهد إلى سبعين عهدا B يعهدها إلى غيره.

8699 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: بىز ئۆز ئارىمىزدا: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېچكىمگە قىلمىغان 70 ئەھدىنى ئەلىگە قىلدى، - دېيىشەتتۇق[2].

(«ئەلسەغىر»: 956)

8700 - عن أنس أن رسول الله قال من سيد العرب قالوا أنت يا رسول الله قال أنا سيد ولد آدم وعلي سيد العرب.

8700 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئەرەبلەرنىڭ سەردارى كىم؟ - دەپ سورىدى، ساھابىلەر:

- سەن، - دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەن ئىنسانلارنىڭ سەردارى، ئەلى ئەرەبلەرنىڭ سەردارى، - دېدى[3].

(«ئەلكەبىر»: 1491)

[1] ھەيسەمى (14663): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14664): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر بار، - دېگەن.

[3] ھەيسەمى (14682): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خاقان ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھتەم ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ داۋۇد ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، - دېگەن.

8701 ـ عن عبد اللهِ عَنِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال: النظَرُ إلى وَجْهِ عَلِـي عِبَادَةٌ.

8701 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەلىنىڭ يۈزىگە قاراشمۇ ئىبادەتتۇر» دېگەن①.

(«ئەلكەبىر»: 10006)

8702 ـ عن طارق بن شهاب قال: رأيت عِمْرَانَ بن حُصَيْنٍ يُحِد النظَرَ إلى عَلِي فَقِيلَ له فقال سمعت رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يقول النظَرُ إلى عَلِي رَضِي اللهُ عنه عِبَادَةٌ.

8702 ـ تارىق ئىبنى شىھابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەلىگە تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەلىگە قاراشمۇ ئىبادەتتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى②.

(«ئەلكەبىر»: 109/18)

8703 ـ عن علي قيل له: نراك في الشتاء وعليك ثياب الصيف وفي الصيف وعليك ثياب الشتاء فقال علي: إن رسول الله كان بعثني وأنا أرمد فبزق في عيني ثم قال افتح عينيك ففتحتهما فما اشتكيتهما حتى الساعة ودعا لي فقال اللهم اذهب عنه الحر والبرد فما وجدت حرا ولا بردا حتى يومي هذا.

8703 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ قىشتا يازلىق، يازدا قىشلىق كىيىم كىيىۋالىدىكەنسەنغۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:

---

① ھەيسەمى (14694): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھمەد ئىبنى بۇدەيل يامى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن..

② ھەيسەمى (14695): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىمران ئىبنى خالىد خۇزائى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ــ كۆزۈم ئاغرىپ قالغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزۈمگە تۈكۈرۈكىنى سۈرۈپ قويۇپ: «كۆزۈڭنى ئاچ» دېۋىدى، كۆزۈمنى دەرھال ئاچتىم، شۇندىن بۇيان تاكى ھازىرغىچە كۆزۈم ئاغرىپ باقمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا دۇئا قىلىپ: «ئى الله! ئۇنىڭدىن ئىسسىق ــ سوغۇقنىڭ دەردىنى كۆتۈرۈۋەتكىن!» دېگەنىدى، بۈگۈنگە قەدەر يا ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن بىئارام بولۇپ باقمىدىم[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 2286)

8704 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ كَعْبٍ الْقُرَظِي أن عَلِيا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ لَقَدْ رَأَيْتُنِي مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَإِني لَأَرْبطُ الْحَجَرَ عَلَى بَطْنِي مِنْ الْجُوعِ وَإِن صَدَقَتِي الْيَوْمَ لَأَرْبعُونَ أَلْفًا.

8704 ـ مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئەينى چاغدا مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاچلىقتىن قورسىقىمىزغا تاش تېڭىۋالغان ئىدۇق، مانا بۈگۈن مېنىڭ سەدىقەم قىرىق مىڭ دىنارغا يېتىپتۇ.

(ئەھمەد: 1371)

8705 ـ وعنه: وَإِن صَدَقَةَ مَالِي لَتَبْلُغُ أَرْبعِينَ أَلْفَ دِينَارٍ.

8705ــ مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە: مېلىمنىڭ زاكىتى قىرىق مىڭ دىنارغا يېتىپتۇ، ـ دەپ كەلگەن[②].

(ئەھمەد: 1371)

8706 ـ قال عَلِي أنا عبد اللهِ وَأَخُو رَسُولِهِ ﷺ وأنا الصديقُ الْأَكْبرُ لَا يَقُولُهَا بَعْدِي إلا كَذابٌ صَلَيْتُ قبل الناس لسبع سِنِينَ.

---

[①] ھەيسەمى (14707): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (14711): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى شەرىك ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى نەخەئىنىڭ رىۋايىتى ھەسەن، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8706 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن اللهنىڭ بەندىسى، رەسۇلىنىڭ قېرىندىشى، (ئۇممەتنىڭ) ئەڭ راستچىلىمەن. كىم بۇ سۆزنى مەندىن كېيىن (ئۆزى ئۆچۈن) ئېيتسا، ئۇ چوقۇم كاززابتۇر. مەن باشقىلاردىن يەتتە يىل بۇرۇن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە) ناماز ئوقۇغان[1].

(ئىبنى ماجە: 120)

8707ـ عَنْ أَبِي رَافِعٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ رفعه في شأن علي: مَنْ أَبْغَضَهُ فَقَدْ أَبْغَضَنِي، وَمَنْ أَبْغَضَنِي فَقَدْ أَبْغَضَ اللهَ، وَمَنْ أَحَبَّهُ فَقَدْ أَحَبَّنِي، وَمَنْ أَحَبَّنِي فَقَدْ أَحَبَّ اللهَ.

8707ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

«كىم ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلسا، ماڭا ئۆچمەنلىك قىلغان بولىدۇ. ماڭا ئۆچمەنلىك قىلغان كىشى اللهقا ئۆچمەنلىك قىلغان بولىدۇ. كىم ئۇنى ياخشى كۆرسە، مېنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ. مېنى ياخشى كۆرگەن كىشى الله تائالانى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ»[2].

(بەززار: 2562)

8708 ـ عَنْ أَبِي عَبْدِ اللهِ الْجَدَلِي قَالَ دَخَلْتُ عَلَى أُم سَلَمَةَ فَقَالَتْ لِي أَيُسَبُّ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيكُمْ قُلْتُ مَعَاذَ اللهِ أَوْ سُبْحَانَ اللهِ أَوْ كَلِمَةً نَحْوَهَا قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ سَب عَلِيا فَقَدْ سَبنِي.

8708 ـ ئەبۇ ئابدۇللاھ جەدەلى مۇنداق دېگەن: ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرسەم، مەندىن:

ـــ ئاراڭلاردا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىل تەگكۈزىدىغانلار بار ئىكەنغۇ؟ ـ دېدى. مەن:

---

[1] ئەلبانى (23): ناتوغرا ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14737): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ كىشىلەر بار. ـ دېگەن.

ــ الله قا سىغىنىپ ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمىز، ـ دېسەم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىم ئەلىگە تىل تەگكۈزسە، ماڭا تىل تەگكۈزگەن بولىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم[①].

(ئەھمەد: 26028)

8709 ـ عن أم سلمة رفعته: علي مع القرآن والقرآن مع علي لا يفترقان حتى يردا على الحوض.

8709 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

»ئەلى قۇرئان بىلەن، قۇرئانمۇ ئەلى بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار تاكى ھەۋزى كەۋسەرىمگە كەلگىچە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ«[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 4880؛ «ئەلسەغىر»: 720)

8710 ـ عَنْ أَبِي ذَر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم لِعَلِي: يَا عَلِي، مَنْ فَارَقَنِي فَارَقَهُ اللهُ، وَمَنْ فَارَقَكَ يَا عَلِي فَارَقَنِي.

8710 ــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى ئەلى! كىم مەندىن ئايرىلسا، الله ئۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ. كىم سەندىن ئايرىلسا، ئۇ مەندىن ئايرىلغان بولىدۇ»[③].

(بەززار: 2565)

---

① ھەيسەمى (14740): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ ئابدۇللاھ جەدەلىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (14767): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالىھ ئىبنى ئەبۇ ئەسۋەد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (14771): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8711 ـ عن أبي سعيد قال قال رسول الله ﷺ يا علي معك يوم القيامة عصا من عصي الجنة تذود بها المنافقين عن حوضي.

8711 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى ئەلى! قىيامەت كۈنى سېنىڭ قولۇڭدا جەننەت ھاسىلىرىدىن بىرى بولىدۇ، سەن ئۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلارنى مېنىڭ ھەۋزى كەۋسىرىمدىن قوغلايسەن»[①].

(«ئەلسەغىر»: 1014)

8712 ـ عن صُهَيْبٍ عَنِ النبي صلى اللهُ عليه وَسَلمْ أنَّهُ قال يَوْمًا لِعَلِي رضي اللهُ عنه من أَشْقَى الأَوِلينَ قال الذي عَقَرَ الناقَةَ يا رَسُولَ اللهِ قال صَدَقْتَ فَمَنْ أَشْقَى الآخَرِينَ قال لا عَلِمَ لي يا رَسُولَ اللهِ قال الذي يَضْرُبُكَ على هذه وَأَشَارَ النبي صلى اللهُ عليه وَسَلمْ بيده إلى يَافُوخِهِ فَكَانَ عَلِي رضي اللهُ عنه يقول لأَهْلِ الْعِرَاقِ أَمَا وَاللهِ لَوَدِدْتُ أَنــهُ قَــدِ انْبَعَثَ أَشْقَاكُمْ فَخَضَبَ هذه يَعْنِي لِحْيَتَهُ من هذه وَوَضَعَ يَدَهُ على مُقَدمِ رَأْسِهِ.

8712 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

— بۇرۇنقى ئۈممەتنىڭ ئەڭ بەدبەختى كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەلى:

— ئى رەسۇلۇللاھ! (سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ) تۆگىسىنى بوغۇزلىغان كىشى، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ توغرا ئېيتتىڭ. ئۇنداقتا، كېيىنكى ئۈممەتنىڭ ئەڭ بەدبەختى كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەلى:

---

① ھەيسەمى (14772): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سالام ئىبنى سۇلايمان مەدائىنى ۋە زەيد ئۇممىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـــــ ئـــى رەســـۇلۇللاھ! بـــۇنى بىلمەيـــمەن، ـ دېـــدى. پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام (ئەلىنىڭ ئېڭىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ):

ـ مۇنۇ يېرىڭگە ئۇرىدىغانلاردۇر، ـ دېدى.

كېيىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراق خەلقىگە مۇنداق دەيتتى: ســـــلەرنىڭ ئەڭ ئەســــكى ۋە ئەڭ بەدبەختىڭلارنىـــــڭ چىقىـــــپ، (پېشانىســــىدىن ئېڭىكىگىچە كۆرســــىتىپ تــۇرۇپ) بــۇ يەردىـــن بــۇ يېرىمگىچە قانغا بويىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلماقتىمەن[1].

(«ئەلكەبىر»: 7311)

8713 ـ عن إِسْمَاعِيل بن رَاشِدٍ: أن ابن مُلْجَمٍ لَعَنَهُ اللهُ وَالْبُرْكَ بن عبـد اللـهِ وَعَمْرَو بن بَكْرٍ التمِيمِي اجتمعوا ηكة فذكروا أمر الناس وعابوا عمل ولاőم ثم ذكـروا أهل النهر فترحموا عليهم فقالوا والله ما نصنع بالبقاء بعدهم شيئا إخواننا الذين كانوا دعاة الناس لعبادة ربم الذين كانوا لا يَخَافُونَ في اللهِ لَوْمَةَ لائِمٍ فَلَوْ شَرَيْنا أَنفُسَنَا فَأَتَيْنا أَئِمـةَ الضلالَةِ فَالْتَمَسْنا قَتْلَهُمْ فَأَرَحْنا مِنْهُمُ الْبِلادَ وَثَأَرْنا بِهِمْ إِخْوَانَنا قال بن مُلْجَمٍ وكان مـن أَهْلِ مِصْرَ أنا أَكْفِيكُمْ عَلِي بن أبي طَالِبٍ وقال الْبُرْكُ بن عبد اللهِ أنا أَكْفِيكُمْ مُعَاوِيَةَ بـن أبي سُفْيَانَ وقال عَمْرُو بن بَكْرٍ التمِيمِي أنا أَكْفِيكُمْ عَمْرَو بن الْعَاصِ فَتَعَاهَدُوا وَتَوَاثَقُـوا بِاللهِ لا يَنْكُصُ رَجُلٌ منهم عن صَاحِبِهِ الذي تَوَجهَ إليه حتى يَقْتُلَهُ أو يَمُوتَ دُونَهُ فَأَخَذُوا أَسْيَافَهُمْ فَسَمُوها وَاتعَدُوا لِسَبْعَ عَشْرَةَ من شَهْرِ رَمَضَانَ أَنْ يَثِبَ كُل رَجُلٍ منـهم علـى صَاحِبِهِ الذي تَوَجهَ إليه، فَخَرَجَ عَلِي رضي اللهُ عنه لِصَلاةِ الْغَدَاةِ فَجَعَلَ يُنَادِي الصـلاةَ الصلاةَ فَشَد عليه بن مُلْجَمٍ فَضَرَبَهُ بِالسيْفِ في قَرْنِهِ وأُخِذَ بن مُلْجَمٍ فَأُدْخِلَ علـى عَلِـي رضي اللهُ عنه قال يا عَدُو اللهِ أَلَمْ أُحْسِنْ إِلَيْكَ أَلَمْ أَفْعَلْ بِكَ قال بَلَى قال فما حَمَلَـكَ على هذا قال شَحَذْتُه أَرْبَعِينَ صَبَاحًا فَسَأَلْتُ اللهَ أَنْ يَقْتُلَ بِهِ شَر خَلْقِهِ قال له عَلِي رضي اللهُ عنه ما أُرَاكَ إلا مَقْتُولا بِهِ وما أُرَاكَ إلا من شَر خَلْقِ اللهِ فقال عَلِي لِلْحَسَنِ رضي اللهُ

[1] ھەيسەمى (14776): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى رەشدەين ئىبنى سەئد ئىسىملىك كىشىنى بەزىلەر ئىشەنچلىك دەپ قارىغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

عنهما إن بَقِيتُ رأيت فيه رَأْيِي وَإِنْ هَلَكْتُ من ضَرْبَتِي هذه فَاضْرِبْهُ ضَرْبَةً وَلا تُمَثِّلْ بِهِ فَإِني سمعت رَسُولَ الله صلى اللهِ عليه وسلم يَنْهَى عَنِ الْمُثْلَةِ وَلَوْ بِالْكَلْبِ الْعَقُورِ فلما قُبِضَ عَلِي رضي اللهُ عنه بَعَثَ الْحَسَنُ رضي اللهُ عنه إلى بن مُلْجَمٍ فادخل عليه فقال له بن مُلْجَمٍ هل لك في خَصْلَةٍ إني وَاللهِ ما أَعْطَيْتُ اللهَ عَهْدًا إلا وَفَيْتُ بِهِ إني كنت إعطيت اللهَ عَهْدًا أَنْ أَقْتُلَ عَلِيا وَمُعَاوِيَةَ أو أَمُوتَ دُونَهُمَا فَإِنْ شِئْتَ خَلَّيْتَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ وَلَكَ اللهَ عَلَيَّ إن B أقتله أَنْ اتيك حتى أَضَعَ يَدِي في يَدِكَ فقال له الْحَسَنُ رضي اللهُ عنه لا وَاللهِ أو تُعَايِنُ النارَ فَقَدَمَهُ فَقَتَلَهُ ثُم أَخَذَهُ الناس فَأَدْرَجُوهُ في بَوَارِي ثُم أَحْرَقُوهُ بِالنارِ. وَأَما الْبُرْكُ بن عبد اللهِ فَقَعَدَ لِمُعَاوِيَةَ رضي اللهُ عنه فَخَرَجَ لِصَلاةِ الْغَدَاةِ فَشَد عليه بِسَيْفِهِ وَأَدْبَرَ مُعَاوِيَةُ هَارِبًا فَوَقَعَ السَّيْفُ في إِلْيَتِهِ فقال إن عِنْدِي خَبَرًا أُبشرُكَ بِهِ فَإِنْ أَخْبَرْتُكَ أَنَافِعِي ذلك عِنْدَكَ قال وما هو قال إن أَخًا لي قَتَلَ عَلِيا في هذه اللَّيْلَةِ قال فَلَعَلَّهُ B يَقْدِرْ عليه قال بَلَى إن عَلِيا يَخْرُجُ ليس معه أَحَدٌ يَحْرُسُهُ فَأَمَرَ بِهِ مُعَاوِيَةُ رضي اللهُ عنه فَقُتِلَ فَبَعَثَ إلى الطَّبِيبِ فَنَظَرَ إليه فقال إن ضَرْبَتَكَ مَسْمُومَةٌ فَاخْتَرْ مِني إِحْدَى خَصْلَتَيْنِ إِما أَنْ أُحْمِيَ حَدِيدَةً فَأَضَعَهَا مَوْضِعَ السَّيْفِ وَإِما أَسْقِيَكَ شَرْبَةً تَقْطَعُ مِنْكَ الْوَلَدَ وَتَبْرَأُ منها فإن ضَرْبَتَكَ مَسْمُومَةٌ فقال له مُعَاوِيَةُ أما النارُ فَلا صَبْرَ لي عليها وَأَما انْقِطَاعُ الْوَلَدِ فإن في يَزِيدَ وَعَبْدِ اللهِ وَوَلَدِهِمَا ما تَقَر بِهِ عَيْنِي فَسَقَاهُ تِلْكَ اللَّيْلَةَ الشَرْبَةَ فَبَرَأَ فلم يُولَدْ بَعْدُ له فَأَمَرَ مُعَاوِيَةُ رضي اللهُ عنه بَعْدَ ذلك بِالْمَقْصُورَاتِ وَقِيَامِ الشرَطِ على رَأْسِهِ.

وَأَما عَمْرُو بن بَكْرٍ فَقَعَدَ لِعَمْرِو بن الْعَاصِ رَحِمَهُ اللهُ في تِلْكَ اللَّيْلَةِ التي ضُرِبَ فيها مُعَاوِيَةُ فلم يَخْرُجْ وكان اشْتَكَى بَطْنُهُ فَأَمَرَ خَارِجَةَ بن أبي حَبِيبٍ فَخَرَجَ يُصَلي بِالناسِ فَشَد عليه وهو يَرَى أَنهُ عَمْرُو بن الْعَاصِ فَضَرَبَهُ بِالسيْفِ فَقَتَلَهُ فَأُخِذَ وَأُدْخِلَ على عَمْرٍو فلما رَآهُمْ يُسَلمُونَ عليه بالأمرة قال من هذا قالوا عَمْرُو بن الْعَاصِ قال فَمَنْ قَتَلْتُ قالوا خَارِجَةَ قال أَمَا وَاللهِ يا فَاسِقُ ما عمدتُ غَيْرَكَ قال عَمْرٌو أَرَدْتَنِي وَاللهُ أَرَادَ خَارِجَةَ فَقَدَمَهُ فَقَتَلَهُ.

8713 ـ ئىسمائىل ئىبنى راشىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (ھەزرىتى ئەلىنىڭ قاتىلى) لەنەتتەككۇر ئىبنى مۇلجەم، بەرك ئىبنى

ئابدۇللاھ ۋە ئەمر ئىبنى بەكر تەمىيمى قاتارلىقلار مەككىدە يىغىلىپ، خەلققە خەلىپىلەرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز ـ شىكايەت قىلدى ۋە:

ـ ئەلى، الله يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمىغان ھالدا خەلقنى اللهقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرغان نەھرىۋانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى قىرىپ تاشلىغاندىن بېرى بۇ دۇنيانىڭ ھېچبىر لەززىتى قالمىدى. بىز زالالەت ئىچىدىكى ئۇ ئەمىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمىزمۇ خاتىرجەم بولايلى، خەلقنىڭمۇ كۆڭلى ئارام تاپسۇن، ـ دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن، مىسىرلىق لەنەتتەككۇر ئىبنى مۇلجەم:

ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنى مەن بىر تەرەپ قىلاي، ـ دېدى. بەرك ئىبنى ئابدۇللاھ:

ــ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيانىنى مەن بىر تەرەپ قىلىۋېتەي، ـ دېدى. ئەمر ئىبنى بەكر تەمىيمى:

ـ ئەمر ئىبنى ئاسنى مەن جايلىۋېتەي، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئەھدىلەشتى ۋە شەمشەرلىرىنى زەھەرگە چىلاپ بىلىدى. ئاندىن رامىزاننىڭ 17 ـ كۈنى سەھەردە ئۈچىگە تەڭلا تۇتۇش قىلماقچى بولۇپ ئەھدىلەشتى.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بامدات نامىزىغا چىقىپ:

ــ ھەيىيەئەسسالاھ (نامازغا كېلىڭلار!)، ـ دەپ توۋلاۋاتقاندا، لەنەتتەككۇر ئىبنى مۇلجەم ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ چوققىسىغا قىلىچ ئۇردى. ئىبنى مۇلجەم قولغا چۈشۈپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، ئەلى:

ــ ئى اللهنىڭ دۈشمىنى! مەن ساڭا ياخشىلىق قىلمىدىممۇ؟ ھالىڭدىن خەۋەر ئالمىدىممۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ شۇنداق قىلدىڭ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئەلى:

ـ ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ مەن بۇ شەمشەرنى قىرىق سەھەر بىلىدىم ۋە اللهتىن ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يامان مەخلۇقنى ئۆلتۈرۈشنى تىلىدىم، ـ دېدى. ئەلى:

ــ سەن چوقۇم شۇ شەمشەر بىلەن ئۆلتۈرۈلىسەن، چۈنكى مەن سېنى اللهنىڭ ئەڭ يامان مەخلۇقى دەپ قارايمەن، ـ دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ ئەگەر ھايات قالسام، ئۇنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىمەن. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇنى بىرلا چېپىپ قىساس ئالغىن، ئەزالىرىنى قالايمىقان كېسىپ قىينىمىغىن. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غالجىر ئىتنىمۇ قالايمىقان كېسىپ قىيناشتىن توسقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دەپ تاپىلىدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ لەنەتتەككۈر ئىبنى مۇلجەمنى كەلتۈردى. ئىبنى مۇلجەم ئۇنىڭغا:

ــ ساڭا بىر تەكلىۋىم بار. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بىر ئىش ئۈچۈن ئەھدە بەرسەم، ئۇنى قىلماي قويمايمەن. مەن اللهقا: ’’ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن، ئەگەر ئۆلتۈرەلمىسەم، مۇشۇ يولدا ئۆلىمەن‘‘ دەپ ئەھدە بەرگەن ئىدىم. خالىساڭ مېنى قويىۋەت، بېرىپ مۇئاۋىيەنى ئۆلتۈرەي. ئەگەر ئۆلتۈرەلمىسەم، اللهنىڭ نامى بىلەن ئەھدە بېرىمەنكى، كېلىپ ئۆزۈمنى ساڭا تاپشۇرىمەن، ـ دېدى. ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ــ ياق، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، دوزاخنى كۆرگەيسەن، ـ دەپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرىدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەلق جەسىدىنى بورىغا يۆگەپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرىۋەتتى.

بەرك ئىبنى ئابدۇللاھ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مارىلاپ ئولتۇردى. مۇئاۋىيە بامدات نامىزىغا چىققاندا، شەمشىرى بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ قول سالدى، لېكىن مۇئاۋىيە قېچىشقا ئۈرۈنغاچقا، قىلىچ كاسىسىغا تەگدى. بەرك ئىبنى ئابدۇللاھ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ مېنىڭ ساڭا خۇش خەۋىرىم بار، مەن ساڭا ئۇ خەۋەرنى دەپ بەرسەم، مېنى كەچۈرىۋېتەمسەن؟ ـ دېدى، مۇئاۋىيە:

ــ ئۇ قانداق خەۋەر؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ:

ــ مېنىڭ بىر قېرىندىشىم بۇگۈن كېچە ئەلىنى ئۆلتۈردى، ـ دېدى. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بەلكى ئۆلتۈرەلمەي قالغاندۇ، ـ دېدى. ئۇ:

ــ ياق، ئۇ چوقۇم ئۆلتۈردى، چۈنكى ئەلى (نامازغا) مۇھاپىزەتچىسىز چىقىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرىدى، ئۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئاندىن مۇئاۋىيە تىۋىپ چاقىرتقاندى، تىۋىپ ئۇنىڭغا:

ــ ئىككىنىڭ بىرىنى تاللىغىن. يا تۆمۈرنى قىزىتىپ قىلىچ ئۇرۇلغان يەرنى داغلايمەن ياكى شەربەت ئىچكۈزىمەن، لېكىن پەرزەنت كۆرەلمەيدىغان بولۇپ ساقىيىسەن، ـ دېگەندى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئوت بىلەن داۋالىساڭ، بەرداشلىق بېرەلمەيمەن. پەرزەت كۆرەلمىسەم مەيلى، ئوغۇللىرىم يەزىد بىلەن ئابدۇللاھ ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ماڭا كۇپايە، ئۇلار بىلەن كۆڭلۈم توق، ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، تىۋىپ ئۇنىڭغا شۇ كېچىسى شەربەت ئىچكۈزدى. ئۇ ساقايدى، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن، پەرزەنت كۆرەلمىدى. شۇندىن ئېتىبارەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالاھىدە ھۇجرا ياسىتىپ، مۇھاپىزەتچى بەلگىلەپ ئۆزىنى قوغدايدىغان بولدى.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يارىلاندۇرۇلغان كېچىسى، ئەمر ئىبنى بەكر ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىقىشىنى پايلاپ ئولتۇردى. لېكىن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالغانلىقتىن نامازغا چىقماي، ئورنىغا خارىجە ئىبنى ئەبۇ ھەبىبنى جامائەتكە ئىمام بولۇشقا بۇيرىدى. ئەمر ئىبنى بەكر ئۇنى ئەمر ئىبنى ئاس دەپ ئويلاپ، قىلىچ بىلەن چېپىۋەتتى. ئۇ تۇتۇلۇپ، ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىرىلگەندە، كىشىلەرنىڭ:

ــ ئەمىر! ـ دەپ سالام بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ بۇ كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، كىشىلەر:

ــ ئەمر ئىبنى ئاس بولىدۇ، ـ دېدى. ئەمر ئىبنى بەكر:

ــ ئۇنداقتا، مەن كىمنى ئۆلتۈردۈم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر:

ــ خارىجەنى ئۆلتۈردۈڭ، ـ دېيىشتى. ئۇ:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى پاسىق! مەن سەندىن باشقىسىنى ئۆلتۈرمەكچى ئەمەس ئىدىم، ـ دېدى. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ سەن مېنى قەستلىدىڭ، ئەمما الله خارىجەنى ئىرادە قىلدى، ـ دەپ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرىدى، ئۇ ئۆلتۈرۈلدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 168)

8714 ـ عن جَعْفَرَ بن مُحَمدٍ عن أبيه قال تُوُفيَ عَلِي وهو بن ثَمَانٍ وَخَمْسِينَ.

8714 ـ مۇھەممەد ئىبنى ھۇسەين مۇنداق دېگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 58 يېشىدا ۋاپات بولغان[2].

(«ئەلكەبىر»: 166)

8715 ـ 13 بن بُكَيْرٍ قال قُتِلَ عَلِي بن أبي طَالِبٍ يوم الْجُمُعَةِ يوم سَبْعَةَ عَشَرَ من شَهْرِ رَمَضَانَ سَنَةَ أَرْبَعِينَ.

8715 ـ يەھيا ئىبنى بۇكەير مۇنداق دېگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 40 ــ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 ــ كۈنى شېھىد قىلىندى[3].

(«ئەلكەبىر»: 164)

8716 ـ أبو بَكْرِ بن أبي شَيْبَةَ قال قُتِلَ عَلِي سَنَةَ أَرْبَعِينَ وَكَانَتْ خِلافَتُهُ خَمْـسَ سِنِينَ وَسِتةَ أَشْهُرٍ.

---

[1] ھەيسەمى (14793): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14794): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (14795): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8716 ــ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇ شەيبە مۇنداق دېگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 40 ـ يىلى شېھىد قىلىندى. ئۇنىڭ خەلىپىلىك مۇددىتى بەش يىل ئالتە ئاي بولدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 172)

[①] ھەيسەمى (14796): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ قالغانلىرى

8717 ـ عن أبي عبيدة معمر بن المثنى قال: طلحة بن عبيد الله بن عثمان بن عامر بن كعب بن سعد بن تيم بن مرة بن كعب. وأمه الصعبة بنت الحضرمي بن عـامر بـن ربيعة بن كندة.

8717 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە مۇئەممەر ئىبنى ئەلمۇسەننا مۇنداق دېگەن: تەلھە ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئامىر ئىبنى كەئب ئىبنى سەئدى ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئبنىڭ ئوغلى بولۇپ، (ئۇنىڭ) ئانىسى ـ ھەزرەمى ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىئە ئىبنى كىندەنىڭ قىزى سەئبەدۇر[1].

(«ئەلكەبىر»: 187)

8718 ـ قال جَابِرُ بن عبد اللهِ سمعت رَسُولَ اللهِ ﷺ يقول من سَرَّهُ أَنْ يَنظُرَ إلى شَهِيدٍ يَمْشِي على وَجْهِ الأرض فَلْيَنظُرْ إلى طَلْحَةَ بن عُبَيْدِ اللهِ.

8718 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «كىمكى زېمىندا مېڭىپ يۈرگەن شېھىدنى كۆرۈشنى خالىسا، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھقا قارىسۇن»[2].

(تىرمىزى: 3739)

---

[1] ھەيسەمى (14800): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2940): سەھىھ ـ دېگەن.

8719 ـ عَنْ الزُّبَيْرِ بْنِ الْعَوامِ قَالَ كَانَ عَلَى النَبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دِرْعَانِ يَوْمَ أُحُدٍ فَنَهَضَ إِلَى الصخْرَةِ فَلَمْ يَسْتَطِعْ فَأَقْعَدَ طَلْحَةَ تَحْتَهُ فَصَعِدَ النَبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْهِ حَتى اسْتَوَى عَلَى الصخْرَةِ فَقَالَ سَمِعْتُ النَبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ أَوْجَـبَ طَلْحَةُ.

8719 ـ زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇھۇد (غازىتى) كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈچىسىدا ئىككى ساۋۇت بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر پارچە قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى بولدى ـ يۇ، چىقالمىدى. تەلھە دەرھال ئېگىلىپ تۇرۇپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇ ئەسنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «تەلھەگە جەننەت ۋاجىب بولدى» دېگىنىنى ئاڭلىدىم[1].

(تىرمىزى: 1692)

8720 ـ عَنْ قَيْسِ بْنِ أَبِي حَازِمٍ قَالَ رَأَيْتُ يَدَ طَلْحَةَ الَتِي وَقَى بِهَا النَبِي صَـلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ شَلتْ.

8720 ـ قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (ئۇھۇد غازىتىدا) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغداش يولىدا زەخىملەنگەن قولىنىڭ پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم.

(بۇخارى: 3724)

8721 ـ عَنْ أَبِي عُثْمَانَ قَالَ لَمْ يَبْقَ مَعَ النَبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَعْضِ تِلْكَ الْأَيامِ الَتِي قَاتَلَ فِيهِن رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غَيْرُ طَلْحَةَ وَسَعْدٍ عَنْ حَدِيثِهِمَا.

8721 ـ ئەبۇ ئۇسمان مۇنداق دېگەن: (ئۇھۇد كۈنى) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى

---

[1] ئەلبانى (2939): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئۇرۇش قىلغان كۈندىن بۇگۈنگىچە تەلھە بىلەن سەئدتىن باشقىلىرى ئۆلۈپ تۈگىدى.

(بۇخارى: 3723)

8722 ـ عن طَلْحَةَ أن أَصْحَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا لِـ أَعْرَابِي جَاهِلٍ سَلْهُ عَمنْ قَضَى نَحْبَهُ مَنْ هُوَ وَكَانُوا لَا يَجْتَرِئُونَ هُمْ عَلَى مَسْأَلَتِهِ يُوَقرُونَهُ وَيَهَابُونَهُ فَسَأَلَهُ الْأَعْرَابِي فَأَعْرَضَ عَنْهُ ثُم سَأَلَهُ فَأَعْرَضَ عَنْهُ ثُم إِني اطلَعْتُ مِنْ بَابِ الْمَسْجِدِ وَعَلَي ثِيَابٌ خُضْرٌ فَلَما رَآنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَيْنَ السائِلُ عَمنْ قَضَى نَحْبَهُ قَالَ الْأَعْرَابِي أَنَا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ هَذَا مِمنْ قَضَى نَحْبَهُ.

8722 ـ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ساھابىلەر نادان ئەئرابىدىن بىرىگە:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن (سۈرە ئەھزاب 23 ـ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان) ئەھدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلار توغرۇلۇق سوراپ باققىن! ـ دېيىشتى. ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان ھۆرمىتى يۈزىسىدىن سوئال سوراشتىن ئەيمىنەتتى. ئەئرابى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ سوئالنى سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. يەنە سورىغانىدى، يۈزىنى يەنە ئۆرۈۋالدى. شۇ ئەسنادا مەن مەسجىدنىڭ ئىشىكىدىن قارىغانىدىم، ئۈچامدا يېشىل تون بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆرۈپ:

ـ باياتىن سوئال سورىغان ئادەم قېنى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەئرابى:

ـ مانا مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـ مانا بۇ، ئەھدىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلاردىندۇر، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 3742)

[①] ئەلبانى (2942): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

8723 ـ عن طَلْحَةَ بن عُبَيْدِ اللهِ رضي اللهُ عنه قال سَمانِي رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يوم أُحُدٍ طَلْحَةَ الْخَيْرِ وفي غَزْوَةِ ذِي الْعَشِيرَةِ طَلْحَةَ الْفَيَاضَ وَيَوْمَ حُنَيْنٍ طَلْحَةَ الْجُودِ.

8723 ـ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ئۇھۇد كۈنى: "ياخشىلىقنىڭ تەلھەسى"، زىلئەشىر غازىتىدا: "ساخاۋەتنىڭ تەلھەسى"، ھۇنەين كۈنى: "سېخىيلىقنىڭ تەلھەسى" دەپ ئاتىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 197)

8724 ـ عن قَبِيصَةَ بن جَابِرٍ قال ما رأيت رَجُلا قَط أَعْطَى لِجَزِيلٍ مِنَ الْمَالِ من غَيْرِ مَسْأَلَةٍ من طَلْحَةَ بن عُبَيْدِ اللهِ قال سُفْيَانُ وكان أَهْلُهُ يَقُولُونَ إن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم سَماهُ الْفَيَاضَ.

8724 ـ قەبىسە ئىبنى جابىر مۇنداق دېگەن: مەن تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن باشقا بىرىنىڭ سورىمىغان ئادەمگىمۇ كۆپلەپ پۇل ـ مال بەرگىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر دائىم مۇنداق دەيتتى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلھەنى "ساخاۋەتچى" دەپ ئاتايتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 194)

8725 ـ عن أبي هريرة رفعه: ألا أخ∃كم عن يوم أحد لقد رأيتƚ وما مع ـي إلا ج∃يل عن يميƚ وطلحة عن يساري.

8725 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (14804): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغانلار بار. ئۇندىن باشقا سۇلايمان ئىبنى ئەييۇب تەلھى ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14803): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

«مەن سىلەرگە ئۇھۇد غازىتى كۈنىدە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ئۇڭ تەرىپىمدە جىبرىئىل، سول تەرىپىمدە تەلھە بار ئىدى (ئۇلاردىن باشقىسى قالمىغانىدى)»[1].

(«ئەلئىۋسەت»: 5816)

8726 ـ 13ł بن بُكَيْرٍ قال قُتِلَ طَلْحَةُ بن عُبَيْدِ اللهِ رضي اللهُ عنه يوم الْجَمَلِ في جُمَادَى سَنَةَ سِت وَثَلاثِينَ وسنة اثْنَتان وRسين سَنَةً أو أَرْبَعٌ وRسين سَنَةً.

8726 ــ يەھيا ئىبنى بۇكەير مۇنداق دېگەن: تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگە ۋەقەسى كۈنى، يەنى ھىجرىيىنىڭ 36 ـ يىلى 52 ياكى 54 يېشىدا شېھىد قىلىندى[2].

(«ئەلكەبىر»: 200)

8727 ـ قَيْسِ بن أبي حَازِمٍ قال رأيت مَرْوَانَ بن الْحَكَمِ حين رُمِيَ طَلْحَةُ يَوْمَئِذٍ بِسَهْمٍ فَوَقَعَ في عَيْنِ رُكْبَتِهِ فما زَالَ يَسَبحُ إلى أَنْ مَاتَ.

8727 ـ قەيس ئىبنى ئەبۇ ھازىم مۇنداق دەيدۇ: تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ لېپىكىگە ئوق تېگىپ يارىلانغاندا، ئۇ ئۆلۈپ قالغانغا قەدەر مەرۋان ئىبنى ھەكەم تەسبىھ ئېيتىپ ئولتۇردى[3].

(«ئەلكەبىر»: 201)

8728 ـ عن طَلْحَةَ بن مُصَرفٍ أن عَلِيا رضي اللهُ عنه انْتَهى إلى طَلْحَةَ بن عُبَيْدِ اللهِ وقد مَاتَ فَنَزَلَ عن دَابتِهِ وَأَجْلَسَهُ فَجَعَلَ يَمْسَحُ الْغُبَارَ عن وَجْهِهِ وَلِحْيَتِهِ وهو يَتَرَحمُ عليه وَيَقُولُ لَيْتَنِي مِت قبل هذا الْيَوْمِ بِعِشْرِينَ سَنَةً.

---

[1] ھەيسەمى (14811): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قەئقا ئىبنى زەكەرىيا تەلھى ئىسىملىك مەن تونۇمايدىغان بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14821): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى يەھيادىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (14822): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8728 ـ تەلھە ئىبنى مۇسەررىفتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يېتىپ كەلگەندە، تەلھە جان ئۈزگەندى. ئەلى ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، بىر تەرەپتىن تەلھەنىڭ يۈز ـ كۆزىنى سۈرتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۆز يېشى قىلىغاچ:

ــ كاشكى بۈندىن 20 يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسامچۇ؟ ـ دەيتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 202)

8729 ـ الزبير بن العوام بن خويلد بن أسد بن عبد العزى بن قصي بن كلاب. وأمه صفية بنت عبد المطلب عمة رسول الله صلى الله عليه و سلم.

8729 ـ زۇبەير ــ ئەۋۋام ئىبنى خۇۋەيلىد ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ ئوغلى؛ ئانىسى ــ سەفىيە بىنتى ئابدۇلمۇتتەلىب بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ هاممىسى ئاچىسىدۇر[2].

(«ئەلكەبىر»: 220)

8730 ـ عن جَابِر يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَ الْأَحْزَابِ مَنْ يَأْتِينَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ فَقَالَ الزبَيْرُ أَنا ثم قَالَ مَنْ يَأْتِينَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ فَقَالَ الزبَيْرُ أَنا ثم قَالَ مَنْ يَأْتِينَا بِخَبَرِ الْقَوْمِ فَقَالَ الزبَيْرُ أَنا ثم قَالَ إِن لِكُل نَبِي حَوَارِي وَإِن حَوَارِي الزبَيْرُ.

8730 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب ئۇرۇشىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىم ماڭا دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات ئېلىپ كېلىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، زۇبەير:

ــ مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

[1] ھەيسەمى (14823): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14825): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

ــ كىم ماڭا دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات ئېلىپ كېلىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، يەنە زۇبەير:

ــ مەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىم:

ــ كىم ماڭا دۈشمەننىڭ ئەھۋالىدىن مەلۇمات ئېلىپ كېلىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، زۇبەيرمۇ ئۈچىنچى قېتىم:

ـــ مەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ خاس ياردەمچىسى بولىدۇ، مېنىڭ ياردەمچىم زۇبەيردۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4113)

8731 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزُّبَيْرِ قَالَ كُنْتُ يَوْمَ الْأَحْزَابِ جُعِلْتُ أَنَا وَعُمَرُ بْنُ أَبِي سَلَمَةَ فِي النِّسَاءِ فَنَظَرْتُ فَإِذَا أَنَا بِالزُّبَيْرِ عَلَى فَرَسِهِ يَخْتَلِفُ إِلَى بَنِي قُرَيْظَةَ مَرَّتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا فَلَمَّا رَجَعْتُ قُلْتُ يَا أَبَتِ رَأَيْتُكَ تَخْتَلِفُ قَالَ أَوَهَلْ رَأَيْتَنِي يَا بُنَيَّ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ يَأْتِ بَنِي قُرَيْظَةَ فَيَأْتِينِي بِخَبَرِهِمْ فَانْطَلَقْتُ فَلَمَّا رَجَعْتُ جَمَعَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَبَوَيْهِ فَقَالَ فِدَاكَ أَبِي وَأُمِّي.

8731 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھزاب غازىتىدا، ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە ئىككىمىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىغا قاراشقا قالدۇرۇپ قويۇلدۇق. بىر چاغدا، دادام زۇبەيرنىڭ ئات چاپتۇرغىنىچە بەنى قۇرەيزەگە بىر نەچچە قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن:

ــ ئى ئاتا! سېنىڭ بەنى قۇرەيزەگە بېرىپ ـ كېلىپ يۈرگەنلىكىڭنى كۆردۈمغۇ؟ ـ دېگەنىدىم، دادام:

ــ ئى ئوغلۇم! مېنى راستىنلا كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ھەئە، ـ دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم بەنى قۇرەيزەگە بېرىپ، ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىدۇ؟» دېگەن ئىدى. مەن بېرىپ ئۇقۇپ

كەلدىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاتا ـ ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن» دېدى.

(بۇخارى: 3720)

8732 ـ عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ قَالَ أَوْصَى الزُّبَيْرُ إِلَى ابْنِهِ عَبْدِ اللهِ صَبِيحَةَ الْجَمَلِ فَقَالَ مَا مِنِّي عُضْوٌ إِلَّا وَقَدْ جُرِحَ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى انْتَهَى ذَاكَ إِلَى فَرْجِهِ.

8732 ــ ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگە ۋەقەسى يۈز بەرگەن كۈنى ئوغلى ئابدۇللاھقا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا جاراھەتلەنمىگەن بىرمۇ ئەزايىم قالمىدى، ھەتتا زەكىرىممۇ جاراھەتلەندى"[①].

(تىرمىزى: 3746)

8733 ـ عن مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ قَالَ أَصَابَ عُثْمَانَ بْنَ عَفَّانَ رُعَافٌ شَدِيدٌ سَنَةَ الرُّعَافِ حَتَّى حَبَسَهُ عَنْ الْحَجِّ وَأَوْصَى فَدَخَلَ عَلَيْهِ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ قَالَ اسْتَخْلِفْ قَالَ وَقَالُوهُ قَالَ نَعَمْ قَالَ وَمَنْ فَسَكَتَ فَدَخَلَ عَلَيْهِ رَجُلٌ آخَرُ أَحْسِبُهُ الْحَارِثَ فَقَالَ اسْتَخْلِفْ فَقَالَ عُثْمَانُ وَقَالُوا فَقَالَ نَعَمْ قَالَ وَمَنْ هُوَ فَسَكَتَ قَالَ فَلَعَلَّهُمْ قَالُوا الزُّبَيْرَ قَالَ نَعَمْ قَالَ أَمَا وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ إِنَّهُ لَخَيْرُهُمْ مَا عَلِمْتُ وَإِنْ كَانَ لَأَحَبَّهُمْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

8733 ــ مەرۋان ئىبنى ھەكەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (ھىجرىيەنىڭ 31 ـ يىلى) بۇرۇن قاناش كېسىلى تارقالدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ھەج يولىدىن قېلىپ قالدى ۋە ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋەسىيەت قىلىپمۇ ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ قېشىغا قۇرەيشلىك بىر ئادەم كىرىپ:

---

[①] ئەلبانى (2945): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى ئوسمان! ئورنۇڭغا بىرىنى تەيىنلەپ قويغىن! ـ دېدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ھەممەيلەن مۇشۇنداق ئويلامدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ ئادەم:

ــ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، كىمنى تەيىنلەپ بېرىمەن؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇنىڭدىن ئۇن ـ تىن چىقمىدى. ئارقىدىن يەنە بىر كىشى (مەنچە ئۇ ھارىس ئىبنى ھەكەم بولۇشى مۇمكىن) كىرىپ، يۇقىرىقىدەك دېدى ۋە ئۇمۇ ئوسماننىڭ ئاخىرقى سوئالىغا جاۋاب بېرەلمىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ــ ھەقىچان زۇبەيرنى دەيدىغانسىلەر؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇ:

ــ شۇنداق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ بىلىشىمچە، زۇبەير بۇ ئۇممەتنىڭ ئەڭ خەيرلىكىدۇر. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3717)

8734 ـ عَنْ عُرْوَةَ أن أَصْحَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالُوا لِلزبَيْرِ يَوْمَ الْيَرْمُوكِ أَلَا تَشُد فَنَشُد مَعَكَ فَقَالَ إني إنْ شَدَدْتُ كَذَبْتُمْ فَقَالُوا لَا نَفْعَلُ فَحَمَلَ عَلَيْهِمْ حَتى شَق صُفُوفَهُمْ فَجَاوَزَهُمْ وَمَا مَعَهُ أَحَدٌ ثُم رَجَعَ مُقْبِلًا فَأَخَذُوا بِلِجَامِهِ فَضَرَبُوهُ ضَرْبَتَيْنِ عَلَى عَاتِقِهِ بَيْنَهُمَا ضَرْبَةٌ ضُرِبَهَا يَوْمَ بَدْرٍ قَالَ عُرْوَةُ كُنْتُ أُدْخِلُ أَصَابِعِي فِي تِلْكَ الضرَبَاتِ أَلْعَبُ وَأَنا صَغِيرٌ قَالَ عُرْوَةُ وَكَانَ مَعَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ الزبَيْرِ يَوْمَئِذٍ وَهُوَ ابْنُ عَشْرِ سِنِينَ فَحَمَلَهُ عَلَى فَرَسٍ وَوَكلَ بِهِ رَجُلًا.

8734 ــ ئۇرۋە ئاتىسى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: يەرمۇك جېڭىدا ساھابىلەر زۇبەيرگە:

ــ سەن ھۇجۇم باشلىساڭ، بىزمۇ ئارقاڭدىن ھۇجۇم قىلساق، ـ دېيىشتى، زۇبەير:

ــ مەن ھۇجۇم قىلىمەن، لېكىن سىلەر سۆزۈڭلاردا تۇرمايسىلەر، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ سۆزىمىزدە چوقۇم تۇرىمىز، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، زۇبەير رۇم ئەسكەرلىرىگە قاراپ ئېتىلدى ۋە دۈشمەن سېپىنى بۆسۈپ، ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. دەرۋەقە، ھېچكىم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭمىدى. زۇبەير كەينىگە بۇرۇلۇپ، يەنە دۈشمەن سېپىگە ئېتىلىپ كىردى. بۇ قېتىم دۈشمەنلەر ئۇلىغنىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇۋېلىپ، زۇبەيرنىڭ بويىنى بىلەن مۈرىسىنىڭ ئارىلىقىغا ئىككى زەربە ئۇرۇۋەتتى. زۇبەير بەدر كۈنى دەل شۇ يېرىگە بىر زەربە يېگەن ئىدى. مەن كىچىك چاغلىرىمدا شۇ يارىلاردىن قالغان تاتۇقلارغا بارماقلىرىمنى تىقىپ ئوينايتتىم. يەرمۇك جېڭىدا، (دادام) زۇبەير ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن (ئاكام) ئابدۇللاھنى ئۆزى بىللە بىلەن ئېلىۋالغان بولۇپ، ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ، بىر ئادەمنىڭ قولىغا تاپشۇرغانىدى.

(بۇخارى: 3975)

8735 ـ قال عُرْوَةُ وقال لي عبد الْمَلِكِ بن مَرْوَانَ حين قُتِلَ عبد اللهِ بن الزُّبَيْرِ يا عُرْوَةُ هل تَعْرِفُ سَيْفَ الزُّبَيْرِ قلت نعم قال فما فيه قلت فيه فَلَّةٌ فُلَّهَا يوم بَدْرٍ قال صَدَقْتَ:

بِهِن فُلُولٌ من قِرَاعِ الْكَتَائِبِ

ثُم رَدَّهُ على عُرْوَةَ قال هِشَامٌ فَأَقَمْنَاهُ بَيْنَنَا ثَلَاثَةَ آلَافٍ وَأَخَذَهُ بَعْضُنَا وَلَوَدِدْتُ أَنِّي كنت أَخَذْتُهُ.

8735 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئاكام ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۆلتۈرۈلگەن چاغدا، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ماڭا:

ـ ئى ئۇرۋە! زۇبەيرنىڭ قىلىچىنى تونۇمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ ھەئە، ـ دېسەم، ئۇ:

ـ قانداق بەلگىسى بار؟ ـ دېدى، مەن:

ـ بەدر غازىتىدا بىسى ئۇچۇپ كەتكەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ راست ئېيتتىڭ، ـ دېدى ۋە:

"قىلىچلىرىنىڭ بىسلىرى ئۇچۇپ كەتكەن لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىپ"...

دېگەن شېئىرنى ئوقۇدى، ئاندىن ئۇ قىلىچنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى.

(ئۇرۋەنىڭ ئوغلى) ھىشام مۇنداق دېگەن: ئۇ قىلىچنى ئۈچ مىڭ دەرھەم باھالىدۇق، ئۇنى ئارىمىزدىن بىرەيلەن ئالدى. مەن "ئۇ قىلىچنى مەن ئالسام بوپتىكەن" دەپ بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.

(بۇخارى: 3974)

8736 ـ عُمَرَ بن الْخَطابِ رضي اللهُ عنه يقول وَاللهِ لو عَهِدْتُ عَهْدًا أو تَرَكْتُ تَرِكَةً لَكَانَ أَحَب إلي من أنْ اجعلها إليه الزبَيْرُ بن الْعَوامِ فإنه رُكْنٌ من أَرْكَانِ الدينِ.

8736 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: (قالدۇرۇپ قويغۇدەك) ۋەسىيەت ياكى مىراسىم بولغان بولسا، ئۇنى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋامغا قالدۇرغان بولاتتىم. چۈنكى، ئۇ دىنىمىزنىڭ رۇكۇنلىرىدىن بىرىدۇر[1].

(«ئەلكەبىر»: 232)

8737 ـ عن أبي الأَسْوَدِ قال أَسْلَمَ الزبَيْرُ بن الْعَوامِ وهو بن ثَمَانِ سِنِينَ وَهَـاجَرَ وهو بن ثَمَانَ عَشْرَةَ وكان عَم الزبَيْرِ يُعَلقُ الزبَيْرَ في حَصِيرٍ وَيُدَخنُ عليه بِالنارِ وهو يقول ارْجِعْ إلى الْكُفْرِ فيقول الزبَيْرُ لا أَكْفُرُ أَبَدًا.

8737 ـ ئەبۇ ئەسۋەد مۇنداق دېگەن: زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەككىز يېشىدا مۇسۇلمان بولغان، 18 يېشىدا ھىجرەت قىلغان. تاغىسى ئۇنى بورىغا يۆگەپ ئېسىپ قويۇپ، ئاستىدىن ئوت قالايتتى ۋە:

ـ كۇپۇرغا يانغىن! ـ دەيتتى، لېكىن زۇبەير:

ـ مەن قەتئىي يانمايمەن، ـ دەيتتى[2].

(«ئەلكەبىر»: 239)

[1] ھەيسەمى (14832): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14833): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8738 ـ 3ł بن بُكَيْرٍ قال: قُتِلَ الزُبَيْرُ بن الْعَوامِ رضي اللّهُ عنه يوم الْجَمَـلِ في جُمَادَى لا أَدْرِي الْأُولَى أوِ الآخِرَةِ سَنَةَ سِت وَثَلاثِينَ وأَسْلَمَ وهو بن ثَمَانِ سِنِينَ وكـان يُكَنى أَبَا عبد اللهِ فَإِنْ كان رسول اللهِ صلى اللّهُ عليه وسلم أَقَامَ بِمَكةَ ثَلاثَ عَشْرَةَ فَهُـوَ يوم قُتِلَ بن سَبْعٍ وَخَمْسِينَ وَإِنْ كان أَقَامَ عَشْرَ سِنِينَ فَالزُبَيْرُ بن أَرْبَعٍ وَخَمْسِينَ سَنَةً.

8738 ـ يەھيا ئىبنى بۇكەير مۇنداق دېگەن: زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيەنىڭ 36 ـ يىلى جۇمادىيەلئەۋۋەلنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى كۈنى، يەنى تۆگە ۋەقەسى كۈنى شېھىد قىلىندى. ئۇ سەككىز يېشىدا مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ئەبۇ ئابدۇللاھ دېگەن كۇنيە بىلەن ئاتىلاتتى. ئەگەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىدە تۇرغان مۇددىتىنى 13 يىل دەپ ھېسابلىساق، زۇبەير 57 يېشىدا ۋاپات بولغان بولىدۇ. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە 10 يىل تۇرغان بولسا، ئۇنداقتا، زۇبەير 54 يېشىدا ۋاپات بولغان بولىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 238)

8739 ـ عن سَعْدٍ رضي اللّهُ عنه أَنهُ جاء إلى النبي صلى اللّهُ عليه وسلم فقال يا رَسُولَ اللهِ من أنا قال سَعْدُ بن مَالِكِ بن أُهَيْبَ بن عبد مَنَافِ بن زُهْرَةَ من قال غير ذلك فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللهِ.

8739 ـ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن كىم؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ سەن سەئد ئىبنى مالىك ئىبنى ئەھەيب ئىبنى ئابدۇماناف ئىبنى زۇھرە بولىسەن. كىم بۇنىڭدىن باشقىنى دەيدىكەن، ئۇنىڭغا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن! ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 289)

---

[1] ھەيسەمى (14843): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14847): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار مۇسنەد ھەم مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇسنەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8740 ـ مُصْعَبُ بن عبد اللهِ الزُبَيْرِي قال: أُم سَعْدِ بن أبي وَقاصٍ حَمْنَةُ بنتُ أبي سُفْيَانَ بن أُميةَ بن عبد شَمْسٍ بن عبد مَنافٍ.

8740 ـ مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھ زۇبەيرى مۇنداق دېگەن: سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى ـ ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى ئابدىشەمس ئىبنى ئابدۇمانافنىڭ قىزى ھەمنەدۇر[1].

(«ئەلكەبىر»: 292)

8741 ـ حَدثَنا يَسَرَةُ بْنُ صَفْوَانَ حَدثَنا إِبْرَاهِيمُ عَنْ أَبِيهِ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَدادٍ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ مَا سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَمَعَ أَبَوَيْهِ لِأَحَدٍ إِلا لِسَعْدِ بْنِ مَالِكٍ فَإِني سَمِعْتُهُ يَقُولُ يَوْمَ أُحُدٍ يَا سَعْدُ ارْمِ فِدَاكَ أَبِي وَأُمي.

8741 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەئد ئىبنى مالىكتىن باشقا بىرىگە: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېگىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇھۇد كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختىماي: «ئى سەئد! ئاتقىن، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن» دېگەندى.

(بۇخارى: 4059)

8742 ـ عن سَعْدَ بْن أَبِي وَقاصٍ يَقُولُ مَا أَسْلَمَ أَحَدٌ إِلا فِي الْيَوْمِ الذِي أَسْلَمْتُ فِيهِ وَلَقَدْ مَكُثْتُ سَبْعَةَ أَيامٍ وَإِني لَثُلُثُ الْإِسْلَامِ.

8742 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇسۇلمان بولغان كۈنگە قەدەر ھېچكىم مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. مەن مۇسۇلمان بولۇپ يەتتە كۈنگىچە مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئۈچىنچىسى بولۇپ تۇردۇم.

(بۇخارى: 3858)

[1] ھەيسەمى (14848): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ـ دېگەن.

8743 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ أَقْبَلَ سَعْدٌ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا خَالِي فَلْيُرِنِي امْرُؤٌ خَالَهُ.

قال الترمذي: وَكَانَ سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقاصٍ مِنْ بَنِي زُهْرَةَ وَكَانَتْ أُم النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ بَنِي زُهْرَةَ فَلِذَلِكَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا خَالِي.

8743 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مانا بۇ، مېنىڭ ئانا تەرەپ تاغام بولىدۇ. كىمنىڭ (بۇنىڭدەك) تاغىسى بولسا، ماڭا كۆرسەتسۇن! ـ دېدى. سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس زۆھرە جەمەتىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسىمۇ شۇ جەمەتتىن ئىدى[1].

(تىرمىزى: 3752)

8744 ـ مُصْعَبُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ نَزَلَتْ فِيهِ آيَاتٌ مِنَ الْقُرْآنِ ـ قَالَ ـ حَلَفَتْ أُم سَعْدٍ أَنْ لاَ تُكَلمَهُ أَبَدًا حَتى يَكْفُرَ بِدِينِهِ وَلاَ تَأْكُلَ وَلاَ تَشْرَبَ. قَالَتْ زَعَمْتَ أَن اللهَ وَصاكَ بِوَالِدَيْكَ وَأَنَا أُمكَ وَأَنَا آمُرُكَ بِهَذَا. قَالَ مَكَثَتْ ثَلاَثًا حَتى غُشِىَ عَلَيْهَا مِنَ الْجَهْدِ فَقَامَ ابْنٌ لَهَا يُقَالُ لَهُ عُمَارَةُ فَسَقَاهَا فَجَعَلَتْ تَدْعُو عَلَى سَعْدٍ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل فِى الْقُرْآنِ هَذِهِ الآيَةَ (وَوَصيْنَا الإِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ حُسْنًا) (وَإِنْ جَاهَدَاكَ عَلَى أَنْ تُشْرِكَ بِى) وَفِيهَا (وَصَاحِبْهُمَا فِى الدنْيَا مَعْرُوفًا) قَالَ وَأَصَابَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ غَنِيمَةً عَظِيمَةً فَإِذَا فِيهَا سَيْفٌ فَأَخَذْتُهُ فَأَتَيْتُ بِهِ الرسُولَ ـ صلى الله عليه وسلم ـ فَقُلْتُ نَفلْنِى هَذَا السيْفَ فَأَنَا مَنْ قَدْ عَلِمْتَ حَالَهُ. فَقَالَ « رُدهُ مِنْ حَيْثُ أَخَذْتَهُ ». فَانْطَلَقْتُ حَتى إِذَا أَرَدْتُ أَنْ أُلْقِيَهُ فِى الْقَبَضِ لاَمَتْنِى نَفْسِى فَرَجَعْتُ إِلَيْهِ فَقُلْتُ أَعْطِنِيهِ. قَالَ فَشَد لِى صَوْتَهُ « رُدهُ مِنْ حَيْثُ أَخَذْتَهُ». قَالَ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل (يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَنْفَالِ) قَالَ

[1] ئەلبانى (2951): سەھىھ ـ دېگەن.

وَمَرِضْتُ فَأَرْسَلْتُ إِلَى النبِى ـ صلى الله عليه وسلم ـ فَأَتَانِى فَقُلْتُ دَعْنِى أَقْسِمْ مَالِى حَيْثُ شِئْتُ. قَالَ فَأَبى. قُلْتُ فَالنصْفَ. قَالَ فَأَبى. قُلْتُ فَالثلُثَ. قَالَ فَسَكَتَ فَكَانَ بَعْدُ الثلُثُ جَائِزًا. قَالَ وَأَتَيْتُ عَلَى نَفَرٍ مِنَ الأَنصَارِ وَالْمُهَاجِرِينَ فَقَالُوا تَعَالَ نُطْعِمْكَ وَنَسْقِيكَ خَمْرًا. وَذَلِكَ قَبْلَ أَنْ تُحَرمَ الْخَمْرُ ـ قَالَ ـ فَأَتَيْتُهُمْ فِى حَش ـ وَالْحَش الْبُسْتَانُ ـ فَإِذَا رَأْسُ جَزُورٍ مَشْوِى عِنْدَهُمْ وَزِق مِنْ خَمْرٍ ـ قَالَ ـ فَأَكَلْتُ وَشَرِبْتُ مَعَهُمْ ـ قَالَ ـ فَذُكِرَتِ الأَنصَارُ وَالْمُهَاجِرُونَ عِنْدَهُمْ فَقُلْتُ الْمُهَاجِرُونَ خَيْرٌ مِنَ الأَنصَارِ ـ قَالَ ـ فَأَخَذَ رَجُلٌ أَحَدَ لَحْيَىِ الرأْسِ فَضَرَبَنِى بِهِ فَجَرَحَ بِأَنْفِى فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ فَأَخْبَرْتُهُ فَأَنْزَلَ اللهُ عَز وَجَل فِى ـ يَعْنِى نَفْسَهُ ـ شَأْنَ الْخَمْرِ (إِنمَا الْخَمْرُ وَالْمَيْسِرُ وَالأَنصَابُ وَالأَزْلاَمُ رِجْسٌ مِنْ عَمَلِ الشيْطَانِ).

8744 ـ مۇسئەب ئىبنى سەئدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئد مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ھەققىمدە بىر قانچە ئايەت نازىل بولدى. مەن ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئانام مېنىڭ ئىسلامدىن يانمىسام، ئۆزىنىڭ ھېچنېمە يېمەيدىغان ـ ئىچمەيدىغانلىقىنى ۋە ماڭا گەپ ـ سۆز قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەسەم ئىچتى. ئۇ ماڭا: ”سەن ﷲنىڭ ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ئېيتىۋاتاتتىڭ، مەن سېنىڭ ئاناڭ بولۇش سۈپىتىم بىلەن سېنى دىنىدىن يېنىشقا بۇيرۇيمەن“ دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەن ئىسلامدىن يانمىغاچقا، ئۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە يېمەي ـ ئىچمەي، ھوشىدىن كەتتى. ئانامنىڭ ئۇمارە دەيدىغان بالىسى سۇ ئىچۈرگەندى، (ئانام ھوشىغا كېلىپ) ماڭا بەددۇئا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ﷲ تائالا مۇنۇ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى: ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى ئۇنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا

قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن [1].

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتتا نۇرغۇن غەنىمەت ئالدى. ئۇ غەنىمەتلەرنىڭ ئارىسىدا بىر قىلىچ بار ئىدى. ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا باردىم ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى ماڭا بەرگىن، سەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىسەن، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئۇنى نەدىن ئالغان بولساڭ، شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويغىن، - دېدى. قىلىچنى جايىغا قويۇپ قويىدىغان ۋاقىتتا، نەپسىم يەنە ئۇستۇن كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتا باردىم ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنى ماڭا بەرگىن! — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ قاتتىق تەلەپپۇزدا:

- ئۇنى جايىغا ئاپىرىپ قويغىن! - دېدى. كۆپ ئۆتمەي، اللہ تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: (ئى مۇھەممەد! ساھابىلىرىڭ) غەنىمەتلەر (نى قانداق تەقسىم قىلىشىڭ) توغرۇلۇق سەندىن سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «غەنىمەتلەر (توغرىسىدىكى ھۆكۈم چىقىرىش) اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە خاستۇر، اللہتىن قورقۇڭلار، (ئىختىلاپ قىلىشماي، ئىتتىپاق بولۇپ) ئاراڭلارنى تۈزەڭلار، ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، اللہ ۋە اللہنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار» [2].

كېيىن، كېسەل تارتىپ يېتىپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتقاندىم، مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭغا:

— مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بەرگىن، مېلىمنى سەدىقە قىلىۋېتەي، - دېدىم. ئۇ ئۇنىمىدى. ئاندىن:

- ئۇنداقتا، يېرىمىنى سەدىقە قىلاي، - دېدىم. يەنە ئۇنىمىدى.

— ئۇنداقتا، ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلاي، - دېگەنىدىم، ئۇن چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، مالنىڭ ئۈچتىن بىرىنى سەدىقە قىلىش جائىز بولدى.

---

[1] سۈرە لوقمان، 15 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال، 1 ـ ئايەت.

بىر كۈنى، ئەنسارى ۋە مۇھاجىرلاردىن بىر توپ ئادەمنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، ئۇلار:

ــ كەل، سېنى تائام ۋە شاراب بىلەن مېھمان قىلايلى، ـ دېيىشتى. بۇ، هاراق هارام قىلىنىشتىن بۇرۇن ئىدى. ئۇلار بىلەن بىللە باردىم، قارىسام، كاۋاپ قىلىنغان تۆگىنىڭ بېشى بىلەن بىر كومزەك هاراق تۇراتتى. گۆشتىن تويغۇدەك يەپ، هاراقتىن قانغۇدەك ئىچكەندىن كېيىن، ئارىمىزدا مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار توغرۇلۇق تالاش ـ تارتىش باشلاندى. مەن:

ــ مۇھاجىرلار ئەنسارىلاردىن ياخشى، ـ دېگەنىدىم، بىرسى تۆگىنىڭ ئېڭەك سۆڭىكىدىن بىر پارچە ئالدى ۋە باش ـ كۆزۈمگە ئۇرۇپ، بۇرنۇمنى يېرىۋەتتى. دەرهال پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدىم. دەل شۇ چاغدا، الله تائالا: ئى مۇئمىنلەر! هاراق ئىچىش، قىمارئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلمىقىلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى[①].

(مۇسلىم: 1748)

8745 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ شَكَا أَهْلُ الْكُوفَةِ سَعْدًا إِلَى عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَعَزَلَهُ وَاسْتَعْمَلَ عَلَيْهِمْ عَمارًا فَشَكَوْا حَتى ذَكَرُوا أَنهُ لَا يُحْسِنُ يُصَلي فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ فَقَالَ يَا أَبَا إِسْحَاقَ إِن هَؤُلَاءِ يَزْعُمُونَ أَنكَ لَا تُحْسِنُ تُصَلي قَالَ أَبُو إِسْحَاقَ أَما أَنَا وَاللهِ فَإِني كُنْتُ أُصَلي بِهِمْ صَلَاةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا أَخْرِمُ عَنْهَا أُصَلي صَلَاةَ الْعِشَاءِ فَأَرْكُدُ فِي الْأُولَيَيْنِ وَأُخِف فِي الْأُخْرَيَيْنِ قَالَ ذَاكَ الظن بِكَ يَا أَبَا إِسْحَاقَ فَأَرْسَلَ مَعَهُ رَجُلًا أَوْ رِجَالًا إِلَى الْكُوفَةِ فَسَأَلَ عَنْهُ أَهْلَ الْكُوفَةِ وَلَمْ يَدَعْ مَسْجِدًا إِلا سَأَلَ عَنْهُ وَيُثْنُونَ مَعْرُوفًا حَتى دَخَلَ مَسْجِدًا لِبَنِي عَبْسٍ فَقَامَ رَجُلٌ مِنْهُمْ يُقَالُ لَهُ أُسَامَةُ بْنُ قَتَادَةَ يُكْنَى أَبَا سَعْدَةَ قَالَ أَما إِذْ نَشَدْتَنَا فَإِن سَعْدًا كَانَ لَا يَسِيرُ بِالسرِيةِ وَلَا يَقْسِمُ بِالسوِيةِ وَلَا يَعْدِلُ فِي الْقَضِيةِ قَالَ

[①] سۈرە مائىدە، 90ـ ئايەت.

سَعْدٌ أَما وَاللهِ لَأَدْعُوَن بِثَلَاثٍ اللهُم إِنْ كَانَ عَبْدُكَ هَذَا كَاذِبًا قَامَ رِيَاءً وَسُمْعَةً فَأَطِلْ عُمْرَهُ وَأَطِلْ فَقْرَهُ وَعَرِضْهُ بِالْفِتَنِ وَكَانَ بَعْدُ إِذَا سُئِلَ يَقُولُ شَيْخٌ كَبِيرٌ مَفْتُونٌ أَصَابَتْنِي دَعْوَةُ سَعْدٍ قَالَ عَبْدُ الْمَلِكِ فَأَنَا رَأَيْتُهُ بَعْدُ قَدْ سَقَطَ حَاجِبَاهُ عَلَى عَيْنَيْهِ مِنْ الْكِبَرِ وَإِنَّهُ لَيَتَعَرَّضُ لِلْجَوَارِي فِي الطُّرُقِ يَغْمِزُهُنَّ.

8745 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كۇفە خەلقى سەئد ئۇستىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا شىكايەت قىلغانىدى، ئۆمەر ئۇنى ئەمەلدىن ئېلىپ، ئورنىغا ئەممارنى قويدى. ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: كۇفە خەلقى سەئدنىڭ ئۇستىدىن بىر قاتار ئىشلارنى شىكايەت قىلىپ، شۇ قاتاردا نامازنى ياخشى ئوقۇپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. ئۆمەر ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە:

ـ ئەي ئەبۇ ئىسھاق! كۇفەلىكلەر سېنىڭ نامازنى ياخشى ئوقۇپ بەرمەيدىغانلىقىڭنى ئېيتىشىۋاتىدىغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئەبۇ ئىسھاق:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە قانداق ئۆگەتكەن بولسا، مەنمۇ شۇنداق قىلدىم، (مەسىلەن) خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكئىتىنى ئۇزۇن، كېيىنكى ئىككى رەكئىتىنى قىسقا قىلىپ ئوقۇپ بەردىم، ـ دېدى. ئۆمەر:

ـ دېمەك ئۇلار ئۇستۇڭدىن يامان گۇمان قىلىپ كەپتۇ ـ دە؟ ـ دېدى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگەللەپ كېلىش ئۈچۈن، بىر قانچە كىشىنى سەئدكە قوشۇپ، كۇفەگە يوللىدى. ئۇلار كۇفەدىكى مەسجىدلەرنىڭ ھەممىسىگە بىر ـ بىرلەپ كىرىپ، سەئد توغرۇلۇق سورىۋىدى، ھەممىسى ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلدى. ئاخىرىدا، بەنى ئەبەسنىڭ مەسجىدىگە كىرگەنىدى، ئۇسامە ئىبنى قەتادە ئىسىملىك (ئەبۇ سەئد دەپمۇ ئاتىلاتتى) بىر ئادەم:

ـ مادامىكى، الله تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ سورىدىڭلار، مەن سىلەرگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتاي. سەئد قوشۇن بىلەن بىللە ئۇرۇشقا

چىقمايدۇ، غەنىمەتنى تەڭ تەقسىم قىلمايدۇ، ئادىل ھۆكۈم چىقارمايدۇ، - دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سەئد:

— اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ ئېيتقانلىرىڭ ئۈچۈن سېنى ئۈچ دۇئا بىلەن قارغايمەن. ئى اﷲ! ئەگەر بۇ بەندەڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇش ۋە رىيا قىلىش مەقسىتىدە يالغان گەپ قىلغان بولسا، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ، پېقىرلىق ۋە پىتنىگە مۇبتىلا قىلغىن! - دېدى. دەرۋەقە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولدى ۋە پىتنىگە قالدى، ئۇنىڭدىن سەۋەبى سورالغاندا:

— مەن سەئدنىڭ قارغىشىغا قالغان ئادەممەن، - دەپ جاۋاب بېرەتتى.

(راۋىي) ئابدۇلمەلىك ئىبنى ئۇمەير مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ ئادەمنىڭ قېرىلىقتىن ئىككى قېشى ئىككى كۆزىگە ساڭگىلاپ قالغان تۇرۇقلۇق يولدىن ئۆتكەن قىزلارغا قاش ئېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

(بۇخارى: 755)

8746 ـ عَنْ سَعْدٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُم اسْتَجِبْ لِسَعْدٍ إذَا دَعَاكَ.

8746 — سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى اﷲ! سەئد دۇئا قىلسا، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغان[1].

(تىرمىزى: 3751)

8747 ـ عن قَيس قَال سَمِعْتُ سَعْدَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ إني أولُ رَجُلٍ مِنْ الْعَرَبِ رَمَى بِسَهْمٍ فِي سَبِيلِ اللهِ وَلَقَدْ رَأَيْتُنَا نَغْزُو مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَا لَنَا طَعَامٌ إلا الْحُبْلَةَ وَهَذَا السمُرَ حَتى إن أحَدَنَا لَيَضَعُ كَمَا تَضَعُ الشاةُ ثُم أصْبَحَتْ بَنُو أسَدٍ يُعَزرُونِي فِي الدينِ لَقَدْ خِبْتُ إذًا وَضَل عَمَلِي.

[1] ئەلبانى (2950): سەھىھ - دېگەن.

8747 ـ قەيستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ سەئد ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مەن الله يولىدا تۇنجى ئوق ئاتقان ئەرەب بولىمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن غازاتقا چىقاتتۇق، پۇرچاق يوپۇرمىقىدىن باشقا يېگۈدەك نەرسىمىز بولمىغاچقا، چوڭ تەرىتىمىز خۇددى تۆگە ياكى قوي مايىقىدەك قاتتىق ۋە قۇرۇق كېلەتتى. مانا ئەمدى بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىكىلەر مېنىڭ دىيانىتىمنى ئەيىبلەۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرىدىغان بولسام، يولدىن ئېزىپ، پۈتۈنلەي تۈگىشىمەن[1].

(تىرمىزى: 2366)

8748 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ أَرِقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ لَيْلَةٍ فَقَالَ لَيْتَ رَجُلًا صَالِحًا مِنْ أَصْحَابِي يَحْرُسُنِي اللَّيْلَةَ قَالَتْ وَسَمِعْنَا صَوْتَ السلَاحِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ هَذَا قَالَ سَعْدُ بْنُ أَبِي وَقاصٍ يَا رَسُولَ اللهِ جِئْتُ أَحْرُسُكَ قَالَتْ عَائِشَةُ فَنَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى سَمِعْتُ غَطِيطَهُ.

8748 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېچىسى ئۇخلىيالمىدى ۋە:

ـ كاشكى ساھابىلىرىمدىن سالىھ بىرى كېلىپ، مېنى قوغدىغان بولسىچۇ؟! ـ دېدى. بىردەمدىن كېيىن، قورالنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ كىمسەن؟ ـ دەپ ۋارقىرىغانىدى، ئۇ:

ـ مەن سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس بولىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ئۆز كۆڭلۈمدە اللهنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئەنسىرەش ھېسسى تۇغۇلدى ـ دە، بېرىپ ئۇنى قوغداي دەپ كەلدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان

[1] ئەلبانى (1928): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، ئاندىن خاتىرجەم ھالدا ئۇيقۇغا كەتتى.

(مۇسلىم: 2410)

8749 ـ أحمد بن حنبل: تُوُفِيَ وهو بن ثَلاثٍ وَثَمَانِينَ وَمَاتَ على عَشْرَةِ أَمْيَالٍ في الْمَدِينَةِ فَحُمِلَ على رِقَابِ الرجَالِ إلى الْمَدِينَةِ وكان مَرْوَانُ يَوْمَئِذٍ الْوَالِيَ عليها وَأَسْلَمَ وهو بن تِسْعَ عَشْرَةَ سَنَةً.

8749 ـ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ 83 يېشىدا، مەدىنىدىن ئون مىل يىراقلىقتىكى بىر جايدا ۋاپات بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىدىنى مۈرىلىرىدە كۆتۈرگىنىچە مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، مەرۋان مەدىنىنىڭ ۋالىيسى ئىدى. سەئد 19 يېشىدا مۇسۇلمان بولغانىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 300)

8750 ـ الزبَيْرُ بن بَكارٍ قال: مَاتَ سَعْدٌ بِالْعَقِيقِ في قَصْرِهِ على عَشْرَةِ أَمْيَالٍ مِنَ الْمَدِينَةِ بنحوه.

8750 ـ زۇبەير ئىبنى بەككاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىن ئون مىل يىراقلىقتا جايلاشقان ئەقىق دېگەن يەردىكى ئۆيىدە جان ئۈزدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 302)

8751 ـ شَبَابُ الْعُصْفُرِي قال: سَعِيدُ بن زَيْدِ بن عَمْرِو بن نُفَيْلِ بن عبد الْعُزى بن رَبَاحِ بن عبد اللهِ بن قُرْطِ بن رَزَاحِ بن عَدِي بن كَعْبٍ يُكْنَى أَبَا الأَعْوَرِ وَأُمُّهُ فَاطِمَةُ بنتُ نَعْجَةَ بن أُمَيةَ بن خُوَيْلِدٍ من خُزَاعَةَ.

---

[1] ھەيسەمى (14870): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14873): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

8751 ـ شەباب ئۇسفۇرى مۇنداق دېگەن: سەئىد ــ زەيد ئىبنى ئەمەر ئىبنى نۇفەيل ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى قەرت ئىبنى رەزاھ ئىبنى ئەدىي ئىبنى كەئبىنىڭ ئوغلى؛ ئانىسى فاتىمە ــ نەئجە ئىبنى ئۇمەييە ئىبنى خۇۋەيلىدنىڭ قىزى بولۇپ، ئۇ بەنى خۇزائە قەبىلىسىدىن ئىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 355)

8752 ـ عن قَيس قَالَ سَمِعْتُ سَعِيدَ بْنَ زَيْدٍ يَقُولُ لِلْقَوْمِ لَوْ رَأَيْتُنِي مُوثِقِي عُمَـرُ عَلَى الْإِسْلَامِ أَنَا وَأُخْتُهُ وَمَا أَسْلَمَ وَلَوْ أَن أُحُدًا انْقَضَ لِمَا صَنَعْتُمْ بِعُثْمَانَ لَكَانَ مَحْقُوقًا أَنْ يَنقَضَ.

8752 ـ قەيستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۇفە مەسجىدىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇن، سىڭلىسى بىلەن ئىككىمىزنى (مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن) باغلاپ قويغانىدى. سىلەرنىڭ ئوسمانغا قىلغىنىڭلارغا ئۇھۇد تېغى ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ ھەقلىقتۇر. (بۇخارى: 3867)

8753 ـ 3ا بن بُكَيْرٍ قال تُوُفِيَ سَعِيدُ بن زَيْدِ بن عَمْرِو بن نُفَيْلٍ سَنَةَ إِحْـدَى وَخَمْسِينَ وَسَنَةَ بِضْعٍ وسبعين وَدُفِنَ بِالْمَدِينَةِ وَمَاتَ بِالْعَقِيقِ وَنَزَلَ في قَبْرِهِ سَعْدُ بـن أبي وَقاصٍ.

8753 ـ يەھيا ئىبنى بۇكەير مۇنداق دېگەن: سەئىد ئىبنى زەيد ئىبنى ئەمەر ئىبنى نۇفەيل ھىجرىيىنىڭ 51 ـ يىلى، 73 يېشىدا ئەقىقتە ئالەمدىن ئۆتتى ۋە مەدىنىگە دەپنە قىلىندى. ئۇنى سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس گۆرگە قويدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 240)

[1] ھەيسەمى (14874): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14879): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ـ دېگەن.

8754 ـ عن أبي عُبَيْدَةَ مَعْمَرِ بن الْمُثَنى قال عبد الرحمن بن عَوْفِ بن عبد عَوْفِ بن عبد الْحَارِثِ بن زُهْرَةَ بن كِلابٍ.

8754 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە مۇئەممەر ئىبنى مۇسەننا مۇنداق دېگەن: ئابدۇراھمان ـ ئەۋف ئىبنى ئابدۇئەۋف ئىبنى ئابدۇلھارىس ئىبنى زۇھرە ئىبنى كىلابنىڭ ئوغلىدۇر[①].

(«ئەلكەبىر»: 252)

8755 ـ عَنْ عَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَقُولُ إن أمْرَكُن مِما يُهِمنِي بَعْدِي وَلَنْ يَصْبِرَ عَلَيْكُن إلا الصابِرُونَ قَالَ ثُم تَقُولُ عَائِشَةُ فَسَقَى اللهُ أَبَاكَ مِنْ سَلْسَبِيلِ الْجَنةِ تُرِيدُ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ عَوْفٍ وَكَانَ قَدْ وَصَلَ أَزْوَاجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَالٍ يُقَالُ بِيعَتْ بِأَرْبَعِينَ أَلْفًا.

8755 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا: «سىلەرنىڭ مەندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئەھۋالىڭلار مېنى بەكمۇ ئويلاندۇرىدۇ. ئەڭ سەۋرچان كىشىلەرلا سىلەرنىڭ ھالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ» دەيتتى. كېيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئوغلى (ئەبۇ سەلەمەگە):

ـ الله داداڭنى سەلسەبىل جەننىتىدىن سۇغارغاي، ـ دېدى، چۈنكى ئابدۇراھمان بىر بېغىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن ۋەقپە قىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ باغ كېيىن 40 مىڭ دەرھەمگە سېتىلغانىدى[②].

(تىرمىزى: 3749)

8756 ـ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ أن عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ عَوْفٍ أَوْصَى بِحَدِيقَةٍ لِأُمهَاتِ الْمُؤْمِنِينَ بِيعَتْ بِأَرْبَعِ مِائَةِ أَلْفٍ

---

[①] ھەيسەمى (14882): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2948): ھەسەن، ـ دېگەن.

8756 ـ ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىغا) ۋەقىپە قىلىۋەتكەن باغ 400 مىڭ دەرھەمگە سېتىلغان[1].

(تىرمىزى: 3750)

8757 ـ 3ا بن بُكَيْرٍ قال: وُلِدُ عبد الرحمن بن عَوْفٍ رضي اللهُ عنه بَعْدَ الْفِيلِ بِعَشْرِ سِنِينَ وَمَاتَ سَنَةَ إِحْدَى أو سَنَةَ اثْنَتَيْنِ وَثَلاثِينَ وسنة خَمْسٌ وَسَبْعونَ وَصَلى عليـه عُثْمَانُ بن عَفانَ رضي اللهُ عنهما.

8757 ــ يەھيا ئىبنى بۇكەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پىل ۋەقەسىدىن ئون يىل كېيىن تۇغۇلغان. ئۇ ھىجرىيەنىڭ 31 ـ ياكى 32 ـ يىلى 75 يېشىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، نامىزىنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چۈشۈرگەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 262)

8758 ـ عَنِ بن إِسْحَاقَ قال: أبو عُبَيْدَةَ بن الْجَراحِ هو عَامِرُ بن عبد اللهِ بـن الْجَراحِ بن هِلالِ بن وهيب بن ضَبةَ بن الْحَارِثِ بن فِهْرٍ B يُعَقبْ وَأُم أبي عُبَيْدَةَ أُم غَـنْمٍ بنتُ جَابِرِ بن عبد بن الْعَلاءِ بن عَامِرِ بن عَمِيرَةَ بن وَدِيعَةَ بن الْحَارِثِ بن فِهْرٍ.

8758 ـ ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ـ ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەرراھ ئىبنى ھىلال ئىبنى ۋەھب ئىبنى زۇببە ئىبنى ھارىس ئىبنى فىھرنىڭ ئوغلى؛ ئانىسى ئۇممۇ غەنەم ـ جابىر ئىبنى ئابدۇلئەلا ئىبنى ئامىر ئىبنى ئۇمەيرە ئىبنى ۋەدىئە ئىبنى ھارىس ئىبنى فىھرنىڭ قىزىدۇر[3].

(«ئەلكەبىر»: 358)

[1] ئەلبانى (2946): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14906): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (14907): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8759 ـ عن أَنس ْبن مَالِكٍ: أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن لِكُل أُمةٍ أَمِينًا وَإِن أَمِينَنا أَيتُهَا الْأُمةُ أَبو عُبَيْدَةَ ْبنُ الْجَراحِ.

8759 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەربىر ئۇممەتنىڭ بىر ئامانەتدار كىشىسى بولىدۇ. ئەي ئۇممىتىم! بىزنىڭ ئامانەتدار كىشىمىز ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر».

(بۇخارى: 3744)

8760 ـ عن أَنسٍ أَن أَهْلَ الْيَمَنِ قَدِمُوا على رسول اللهِ ﷺ فَقَالُوا ابْعَثْ مَعَنَا رَجُلًا يُعَلمْنَا السنةَ وَالْإِسْلَامَ قال فَأَخَذَ بِيَدِ أَبي عُبَيْدَةَ فقال هذا أَمِينُ هذه الْأُمةِ.

8760 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەمەن ئەھلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ بىزگە سۈننەت ۋە ئىسلامنى ئۆگىتىدىغان بىر ئادەمنى قوشۇپ ئەۋەتكىن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ بۇ، مۇشۇ ئۇممەتنىڭ ئامانەتدار ئادىمىدۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2419)

8761ـ وزاد رزين في الأولى وفيه نزل {لا θد قوما يؤمنون بالله واليوم الآخـر يُوَادون من حاد الله ورسوله، ولو كانوا آباءهم أو أبناءهم...} الآية وكان قَتلَ أبـاه ـ وهو من جملة أُسارى بدر ـ بيده، لما سمع منه في رسول الله ـ صلى الله عليه وسلم ـ ما يكره، وЁاه فلم يَنْتَهِ.

8761 ـ الله تائالا ئەبۇ ئۇبەيدە ھەققىدە: اللهقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان بىر قەۋمنىڭ الله بىلەن ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قارشىلاشقانلارنى (ئۇلارنىڭ ئانىلىرى، ئوغۇللىرى، يا قېرىنداشلىرى، يا ئۇرۇق ــ تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ) دوست تۇتقانلىقىنى

كۆرمەيسەن (يەنى ئۇلارنى دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس)، ئەنە شۇلارنىڭ دىللىرىدا الله ئىماننى مەھكەم قىلدى ۋە ئۆز دەرگاھىدىن بولغان روھ بىلەن ئۇلارنى كۈچەيتتى، الله ئۇلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ، الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، اللهتىن ئۇلارمۇ مەمنۇن بولىدۇ، ئەنە شۇلار اللهنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، اللهنىڭ قوشۇنى مەقسەدكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى بەدر غازىتىدا (مۇشرىكلار بىلەن بىللە) ئەسىر ئېلىنغان بولۇپ، شۇنچە توسقۇنلۇقتا قارىماي، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە توختىماي تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرغانلىقى ئۈچۈن، (ئەبۇ ئۇبەيدە دادىسىنى) ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8762 ـ عَنْ شُرَيْحِ بْنِ عُبَيْدٍ وَرَاشِدِ بْنِ سَعْدٍ وَغَيْرِهِمَا قَالُوا لَمَّا بَلَغَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ سَرَغَ حُدِّثَ أَنَّ بِالشَّامِ وَبَاءً شَدِيدًا قَالَ بَلَغَنِي أَنَّ شِدَّةَ الْوَبَاءِ فِي الشَّامِ فَقُلْتُ إِنْ أَدْرَكَنِي أَجَلِي وَأَبُو عُبَيْدَةَ بْنُ الْجَرَّاحِ حَيٌّ اسْتَخْلَفْتُهُ فَإِنْ سَأَلَنِي اللَّهُ لِمَ اسْتَخْلَفْتَهُ عَلَى أُمَّةِ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قُلْتُ إِنِّي سَمِعْتُ رَسُولَكَ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقُولُ إِنَّ لِكُلِّ نَبِيٍّ أَمِينًا وَأَمِينِي أَبُو عُبَيْدَةَ بْنُ الْجَرَّاحِ.

8762 ــ شۇرەيھ ئىبنى ئۇبەيد بىلەن راشىد ئىبنى سەئد ئىككىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سەرەغ دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، شامدا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ـ دە، مۇنداق دېدى:

ـ ماڭا شامدا ۋابا كېسىلى تارقالغانلىقى خەۋەر قىلىندى. ئەگەر ئەجەل ماڭا يېتىپ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ھايات بولسا، ئۇ مېنىڭ ئىزباسارىم بولىدۇ. الله مەندىن: ”نېمىشقا ئۇنى ئۇممەتى مۇھەممەدكە خەلىپە قىلدىڭ؟“ دەپ سورىسا، مەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

[1] سۈرە مۇجادىلە، 22 ـ ئايەت.

ۋەسەللەمنىڭ: «ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ بىر ئامانەتدار ئادىمى بولىدۇ. مېنىڭ ئامانەتدار ئادىمىم ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دەيمەن[①].

(ئەھمەد: 109)

8763 ـ يحيى بن بُكَيْرٍ قال مَاتَ أبو عُبَيْدَةَ رضي اللهُ عنه في طَاعُونِ عَمْوَاسٍ سَنَةَ ثَمَانَ عَشْرَةَ وهو بن ثَمَانٍ وَخَمْسِينَ سَنَةً وَشَهِدَ بَدْرًا وهو بن إِحْدَى وَأَرْبَعِينَ سَنَةً وَيُقَالُ صلى عليه مُعَاذُ بن جَبَلٍ.

8763 ـ يەھيا ئىبنى بۇكەير مۇنداق دېگەن: ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيەنىڭ 18 ـ يىلى 58 يېشىدا، ئەمۋاستا تارقالغان ۋابادا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ، 41 يېشىدا بەدرى غازىتىغا قاتناشقانىدى. ئۇنىڭ نامىزىنى مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ چۈشۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ[②].

(«ئەلكەبىر»: 363)

8764 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ جَاءَ الْعَاقِبُ وَالسيدُ صَاحِبَا نَجْرَانَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُرِيدَانِ أَنْ يُلَاعِنَاهُ قَالَ فَقَالَ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ لَا تَفْعَلْ فَوَاللهِ لَئِنْ كَانَ نَبِيًّا فَلَاعَنَا لَا نُفْلِحُ نَحْنُ وَلَا عَقِبُنَا مِنْ بَعْدِنَا قَالَا إِنا نُعْطِيكَ مَا سَأَلْتَنَا وَابْعَثْ مَعَنَا رَجُلًا أَمِينًا وَلَا تَبْعَثْ مَعَنَا إِلا أَمِينًا فَقَالَ لَأَبْعَثَن مَعَكُمْ رَجُلًا أَمِينًا حَق أَمِينٍ فَاسْتَشْرَفَ لَهُ أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ قُمْ يَا أَبَا عُبَيْدَةَ بْنَ الْجَراحِ فَلَما قَامَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا أَمِينُ هَذِهِ الْأُمةِ.

8764 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: نەجران قەبىلىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئاقىب بىلەن سەييىد ئىككىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن لەنەتلىشىش مەقسىتىدە كەلدى. بىرى يەنە بىرىگە:

---

[①] ھەيسەمى (14912): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى راشىد بىلەن شۇرەيھ ئىككىسى ئۆمەر بىلەن ئۇچراشمىغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (14917): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

ــ ئۇنداق قىلمايلى، ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇ راستىنلا پەيغەمبەر بولۇپ قالسا ۋە بىز ئۇنىڭ بىلەن لەنەت ئېيتىشساق، ھەم بىز ھەم بىزدىن كېيىنكى ئەۋلاتلىرىمىز نىجات تاپالمايدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار (مۇسۇلمان بولماي تۇلەم بېرىشكە سۈلھى تۈزۈپ، قايتىش ئالدىدا):

ـ بىز ساڭا تەلەپ قىلغان نەرسىلىرىڭنى بېرىمىز. لېكىن سەن بىز بىلەن ئەمىن بىر ئادەم ئەۋەتكىن، ئۇ چوقۇم ئەڭ ئىشەنچلىكى بولسۇن، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىلەرگە ئەڭ ئەمىن ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك بىرىنى ئەۋەتىمەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساھابىلەر (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزلىرىنى تاللىشى ئۈچۈن) بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەي ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ! ئورنىڭدىن تۇرغىن! ـ دېدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مانا بۇ، ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئامانەتدار ئادەمدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4380)

## ئابباس، جەئفەر، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ پەزىلەتلىرى

8765 ـ عَبْدُ الْمُطلِبِ بْنُ رَبِيعَةَ بْنِ الْحَارِثِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ أن الْعباسَ بْنَ عَبْدِ الْمُطلِبِ دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُغْضَبًا وَأنا عِنْدَهُ فَقَالَ مَا أَغْضَبَكَ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا لَنَا وَلِقُرَيْشٍ إِذَا تَلَاقَوْا بَيْنَهُمْ تَلَاقَوْا بِوُجُوهٍ مُبْشَرَةٍ وَإِذَا لَقُونَا لَقُونَا بِغَيْرِ ذَلِكَ قَالَ فَغَضِبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى احْمَر وَجْهُهُ ثُم قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا يَدْخُلُ قَلْبَ رَجُلٍ الْإِيمَانُ حَتى يُحِبكُمْ لِلهِ وَلِرَسُولِهِ ثُم قَالَ يَا أَيهَا الناسُ مَنْ آذَى عَمي فَقَدْ آذَانِي فَإِنمَا عَم الرجُلِ صِنْوُ أَبِيهِ.

8765 ـ ئابدۇلمۇتتەلىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب غەزەپلەنگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن:

ـ نېمىگە بۇنچىۋالا غەزەپلەندىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قۇرەيش ئەھلىدىن بەزى ئادەملەر ئۆز ئارىلىرىدا شۇنداق خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىدۇ ـ يۇ، بىزنى كۆرگەندە قاپاقلىرىدىن مۇز ياغىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق غەزەپلەندى، ھەتتا غەزەپتىن يۈزى قىزىرىپ كەتتى. ئاندىن:

ـ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كىمكى سىلەرنى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن دوست تۇتمىغىچە، ئۇنىڭ قەلبىگە ئىمان كىرمەيدۇ، ـ دېدى. ئاندىن باشقىلارغا بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى:

— ئى خالايىق! كىم مېنىڭ تاغامغا ئازار بېرىدىكەن، ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ. شۈنىسى مۇھەققەقكى، بىر ئادەمنىڭ تاغىسى (ئۇنىڭ) دادىسىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ[1].

(تىرمىزى: 3758)

8766 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْعَباسِ إِذَا كَانَ غَدَاةَ الِاثْنَيْنِ فَأْتِنِي أَنتَ وَوَلَدُكَ حَتى أَدْعُوَ لَكَ بِدَعْوَةٍ يَنفَعُكَ اللهُ بِهَا وَوَلَدَكَ فَغَدَا وَغَدَوْنَا مَعَهُ وَأَلْبَسَنَا كِسَاءً ثُم قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِلْعَباسِ وَوَلَدِهِ مَغْفِرَةً ظَاهِرَةً وَبَاطِنَةً لَا تُغَادِرُ ذَنْبًا اللهُم احْفَظْهُ فِي وَلَدِهِ.

8766 — ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابباسقا:

— ئى تاغا! دۈشەنبە كۈنى سەھەردە بالاڭنى ئېلىپ قېشىمغا كەلگىن. مەن ساڭا ۋە بالاڭغا پايدىلىق دۇئا قىلىپ قوياي، - دېدى. (دۈشەنبە كۈنى) سەھەردە ئۇنىڭ يېنىغا باردۇق، بىزگە كىيىم بەردى. ئاندىن:

— ئى الله! ئابباس ۋە بالىسىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ (مەغپىرەت قىلىنمىغان) ھېچبىر گۇناھى قالمىسۇن. ئى الله! ئۇنى بالىلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن قوغدىغىن، - دەپ دۇئا قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3762)

8767 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَخْرُجُ مِنْ خُرَاسَانَ رَايَاتٌ سُودٌ لَا يَرُدهَا شَيْءٌ حَتى تُنصَبَ بِإِيلِيَاءَ.

8767 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ئەلبانى (784): زەئىپ، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (2963): ھەسەن، - دېگەن.

«خۇراساندىن قارا ئەلەملەر چىقىدۇ، ئۇ ئەلەملەر تاكى ئىلىياغا تىكلەنمىگۈچە، ھېچنېمە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3769)

8768 ـ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلْعَباسِ هَذَا الْعَباسُ بْنُ عَبْدِ الْمُطلِبِ أَجْوَدُ قُرَيْشٍ كَفا وَأَوْصَلُهَا.

8768 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ سېخىيسى، قولى ئوچۇقى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئەڭ كۆپ سىلە ـ رەھىم قىلغۇچىسىدۇر»[2].

(ئەھمەد: 1610)

8769 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَيْتُ جَعْفَرًا يَطِيرُ فِي الْجَنةِ مَعَ الْمَلَائِكَةِ.

8769 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن جەئفەرنىڭ جەننەتتە پەرىشتىلەر بىلەن پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم»[3].

(تىرمىزى: 3763)

8770 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن الناسَ كَانُوا يَقُولُونَ أَكْثَرَ أَبُو هُرَيْرَةَ وَإِني كُنتُ أَلْزَمُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِشِبَعِ بَطْنِي حَتى لَا آكُلُ الْخَمِيرَ وَلَا

[1] ئەلبانى (395): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15470): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى تەلھە يەتمى ئىسىملىك ھەدىسى ئىشەنچلىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلانىڭ قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2963): سەھىھ ـ دېگەن.

أَلْبسُ الْحَبِيرَ وَلَا يَخْدُمُنِي فُلَانٌ وَلَا فُلَانَةُ وَكُنتُ أُلْصِقُ بَطْنِي بِالْحَصْبَاءِ مِنْ الْجُوعِ وَإِنْ كُنتُ لَأَسْتَقْرِئُ الرجُلَ الْآيَةَ هِيَ مَعِي كَيْ يَنْقَلِبَ بِي فَيُطْعِمَنِي وَكَانَ أَخْيَرَ الناسِ لِلْمِسْكِينِ جَعْفَرُ بْنُ أَبِي طَالِبٍ كَانَ يَنْقَلِبُ بِنَا فَيُطْعِمُنَا مَا كَانَ فِي بَيْتِهِ حَتى إِنْ كَانَ لَيُخْرِجُ إِلَيْنَا الْعُكةَ التِي لَيْسَ فِيهَا شَيْءٌ فَنَشُقهَا فَنَلْعَقُ مَا فِيهَا.

8770 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: كىشىلەر: ”ئەبۇ ھۇرەيرە نېمانچە كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلىدىغاندۇ؟!“ دېيىشىدۇ. مەن قورسىقىمنى تويغۇزۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئايرىلمايتتىم، ھەتتا خېمىر تامىقى تېپىپ يېيەلمەيتتىم، ئېسىل كىيىم كىيەلمەيتتىم. نە قۇل، نە دېدەك خىزمىتىمنى قىلىپ باقمىدى. ئاچلىقتىن قورسىقىمغا تاش تېڭىۋالغان ۋاقىتلارمۇ بولاتتى. بىرەرسىنىڭ مېنى ئۆيىگە ئاپىرىپ تاماق بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا، ئۇنىڭدىن بىرەر ئايەتنى ئۆگىتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلاتتىم، ئەمەلىيەتتە مەن ئۇ ئايەتنى بىلەتتىم. مىسكىنلەرگە ئەڭ كۆپ خەير ـ ئېھسان قىلىدىغىنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب ئىدى. ئۇ بىزنى ئۆيىگە ئاپىرىپ، نېمە تاپسا شۇنى يېگۈزەتتى. ھەتتا بەزىدە ئىچى قۇرۇق ياغ تۇلۇمىنى ئېلىپ چىقاتتى، ئۇنى يىرتىپ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا قالغان ياغلارنى يالىۋالاتتۇق.

(بۇخارى: 3708)

8771 ـ وفي رواية: وَكَانَ جَعْفَرٌ يُحِب الْمَسَاكِينَ وَيَجْلِسُ إِلَيْهِمْ وَيُحَدثُهُمْ وَيُحَدثُونَهُ فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَكْنِيهِ بِأَبِي الْمَسَاكِينِ.

8771 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پېقىر ـ مىسكىنلەرنى دوست تۇتاتتى، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى: ”ئەبۇ مەساكىن“ (مىسكىنلەرنىڭ ئاتىسى) دەپ ئاتايتتى[1].

(تىرمىزى: 3766)

[1] ئەلبانى (786): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

8772 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ مَا احْتَذَى النِّعَالَ وَلَا انْتَعَلَ وَلَا رَكِبَ الْمَطَايَا وَلَا رَكِبَ الْكُورَ بَعْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفْضَلُ مِنْ جَعْفَرِ بْنِ أَبِي طَالِبٍ.

8772 ــ ئەبــۇ ھــۈرەيرە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: چىرايلىق ئاياغلارنى كىيىش، ئىبىل تۆگىگە مىنىش ۋە سەرخىل ئىگەر ـ جابدۇق ئىشلىتىش جەھەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قالسىلا جەئفەرگە يېتىدىغىنى يوق ئىدى[1].

(تىرمىزى: 3766)

8773 ـ عَنْ عَامِرٍ قَالَ كَانَ ابْنُ عُمَرَ إِذَا حَيَّا ابْنَ جَعْفَرٍ قَالَ السَّلَامُ عَلَيْكَ يَا ابْنَ ذِي الْجَنَاحَيْنِ.

8773 ـ ئامىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلىغا:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى قوش قاناتلىقنىڭ ئوغلى! ـ دەپ سالام قىلاتتى.

(بۇخارى: 4264)

8774 ـ وعن ابن عباس قال بينما رسول الله ﷺ جالس وأسماء بنت عميس قريبة منه ثم رد السلام قال يا أسماء هذا جعفر بن أبي طالب مع جبريل وميكائيل صلى الله عليهما مروا فسلموا علينا فرددت عليهم السلام وأخبرني أنه لقي المشركين يوم كذا وكذا فاصبت في جسدي من مقاديمي ثلاثا وسبعين بين طعنة وضربة ثم أخذت اللواء بيدي فقطعت ثم أخذته باليسار فقطعت فعوضني الله من يدي جناحين أطير بهما مع جبريل وميكائيل في الجنة أنزل بها حيث شئت وآكل من ثمارها.

8774 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەسما بىنتى ئۇمەيس پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىن بىر جايدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] ئەلبانى (4035): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

ئۆزىگە بېرىلگەن سالامنى ئىلىك ئالغاندىن كېيىن، ئەسماغا قاراپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى ئەسما! جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ جىبرىئىل ۋە مىكائىل بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ سالام قىلغان ئىدى، ئۇلارنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇردۇم. جەئفەر ماڭا مۇنداق دېدى: "پالانى كۈنى مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، بەدىنىمنىڭ ئالدى تەرىپىدىن 73 يەرگە زەربە يېدىم. بايراقنى ئوڭ قولۇمغا ئالغاندىم، مۇشرىكلار ئوڭ قولۇمنى كېسىۋەتتى. ئاندىن سول قولۇمغا ئالغاندىم، سول قولۇمنىمۇ كېسىۋەتتى. شۇڭا الله ئىككى قولۇمنىڭ ئورنىغا ئىككى قانات بەردى، مەن ئاشۇ ئىككى قانات ئارقىلىق جىبرىئىل ۋە مىكائىل بىلەن جەننەتنىڭ خالىغان يېرىدە ئايلىنىپ يۈرىمەن"[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 6936)

8775 ـ عَنْ الْبَرَاءِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْصَرَ حَسَنًا وَحُسَيْنًا فَقَالَ اللهُم إني أُحِبهُمَا فَأَحِبهُمَا.

8775 ـ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن بىلەن ھۈسەيننى كۆرۈپ: «ئى الله! مەن بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرىمەن، سەنمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرگىن!» دەپ دۇئا قىلدى[2].

(تىرمىزى: 3782)

8776 ـ عن أنس بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أي أَهْلِ بَيْتِكَ أَحَب إِلَيْكَ قَالَ الْحَسَنُ وَالْحُسَيْنُ وَكَانَ يَقُولُ لِفَاطِمَةَ ادْعِي لِيَ ابْنَـي فَيَشُـمهُمَا وَيَضُمهُمَا إِلَيْهِ.

[1] ھەيسەمى (15495): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەئدان ئىبنى ۋەلىد ئىسىملىك مەن تونۇمايدىغان بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2976): سەھىھ ـ دېگەن.

8776 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئەھلى بەيتىڭدىن (يەنى ئائىلەڭدىن) كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىسەن؟ ـ دەپ سورالغاندا:

ــ ھەسەن بىلەن ھۈسەيننى، ـ دەپ جاۋاب بەرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ــ ئۇ ئىككى بالامنى (نەۋرەمنى) چاقىرغىن! ــ دەيتتى ۋە (ئۇلار كەلگەندە) ئىككىسىنى باغرىغا بېسىپ، ھىدىنى پۇرايتتى[①].

(تىرمىزى: 3772)

8777 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ قال خَرَجْتُ مع رسول اللهِ ﷺ في طَائِفَةٍ من النَهارِ لَا يُكَلِّمُنِي ولا أُكَلِّمُهُ حتى جاءَ سُوقَ بَنِي قَيْنُقَاعَ ثُم انْصَرَفَ حتى أتى خِبَاءَ فَاطِمَةَ فقال أَثَم لُكَعُ أَثَم لُكَعُ يَعْنِي حَسَنًا فَظَنَنا أَنَهُ إِنَمَا تَحْبِسُهُ أُمُهُ لِأَنْ تُغَسلَهُ وَتُلْبِسَهُ سِخَابًا فلم يَلْبَثْ أَنْ جاءَ يَسْعَى حتى اعْتَنَقَ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا صَاحِبَهُ فقال رسول اللهِ ﷺ اللهم إني أُحِبُهُ فَأَحِبَهُ وَأَحْبِبْ من يُحِبُهُ.

8777 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سىرتقا چىقتىم. يولدا ماڭا گەپ قىلمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىدىم. شۇ ماڭغانچە قەينۇقا بازىرىغا يېتىپ باردۇق. ئاندىن بۇرۇلۇپ، فاتىمەنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە:

ــ بالام بارمۇ، بالام بارمۇ (ھەسەننى دېمەكچى)؟ ـ دەپ سورىدى. قارىساق، ئانىسى ئۇنى يۇيۇپ، بوينىغا خۇش پۇراق تۇگۈنى ئېسىۋاتقانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ھەسەن چىقىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[①] ئەلبانى (788): زەئىپ، ـ دېگەن.

— ئى ﷲ! مەن ھەسەننى ياخشى كۆرىمەن. سەنمۇ ھەم ھەسەننى ھەم ئۇنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرگىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى.
(مۇسلىم: 2421)

8778 ـ عَنْ خَالِدٍ قَالَ وَفَدَ الْمِقْدَامُ بْنُ مَعْدِي كَرِبَ وَعَمْرُو بْنُ الْأَسْوَدِ وَرَجُلٌ مِنْ بَنِي أَسَدٍ مِنْ أَهْلِ قِنسْرِينَ إِلَى مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ فَقَالَ مُعَاوِيَةُ لِلْمِقْدَامِ أَعَلِمْتَ أَن الْحَسَنَ بْنَ عَلِي تُوُفيَ فَرجعَ الْمِقْدَامُ فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ أَتَرَاهَا مُصِيبَةً قَالَ لَهُ وَلِمَ لَا أَرَاهَا مُصِيبَةً وَقَدْ وَضَعَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حِجْرِهِ فَقَالَ هَذَا مِني وَحُسَيْنٌ مِنْ عَلِي فَقَالَ الْأَسَدِي جَمْرَةٌ أَطْفَأَهَا اللهُ عَز وَجَل قَالَ فَقَالَ الْمِقْدَامُ أَما أَنا فَلَا أَبْرَحُ الْيَوْمَ حَتى أُغَيظَكَ وَأُسْمِعَكَ مَا تَكْرَهُ ثُم قَالَ يَا مُعَاوِيَةُ إِن أَنا صَدَقْتُ فَصَدقْنِي وَإِنْ أَنا كَذَبْتُ فَكَذبْنِي قَالَ أَفْعَلُ قَالَ فَأَنْشُدُكَ بِاللهِ هَلْ تَعْلَمُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ لُبْسِ الذهَبِ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَأَنْشُدُكَ بِاللهِ هَلْ تَعْلَمُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ لُبْسِ الْحَرِيرِ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَأَنْشُدُكَ بِاللهِ هَلْ تَعْلَمُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ لُبْسِ جُلُودِ السبَاعِ وَالركُوبِ عَلَيْهَا قَالَ نَعَمْ قَالَ فَوَاللهِ لَقَدْ رَأَيْتُ هَذَا كُلهُ فِي بَيْتِكَ يَا مُعَاوِيَةُ فَقَالَ مُعَاوِيَةُ قَدْ عَلِمْتُ أَني لَنْ أَنْجُوَ مِنْكَ يَا مِقْدَامُ قَالَ خَالِدٌ فَأَمَرَ لَهُ مُعَاوِيَةُ بِمَا لَمْ يَأْمُرْ لِصَاحِبَيْهِ وَفَرَضَ لِابْنِهِ فِي الْمِائَتَيْنِ فَفَرقَهَا الْمِقْدَامُ فِي أَصْحَابِهِ قَالَ وَلَمْ يُعْطِ الْأَسَدِي أَحَدًا شَيْئًا مِما أَخَذَ فَبَلَغَ ذَلِكَ مُعَاوِيَةُ فَقَالَ أَما الْمِقْدَامُ فَرَجُلٌ كَرِيمٌ بَسَطَ يَدَهُ وَأَما الْأَسَدِي فَرَجُلٌ حَسَنُ الْإِمْسَاكِ لِشَيْئِهِ.

8778 ـ خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مىقدام ئىبنى مەئدى كەرىب، ئەمر ئىبنى ئەسۋەد ۋە قىننەسرىننىڭ ئەسەد جەمەتىدىن بىر كىشى مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا كەلدى. مۇئاۋىيە مىقدامغا:

— ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، مىقدام:

— ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن (ھەممىمىز ﷲنىڭ ئىلكىدىمىز، يەنە ﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز)، ـ دېدى. مۇئاۋىيە:

ــ سەن بۇنى مۇسىبەت دەپ قارامسەن؟ ـ دېگەنىدى، مىقدام:

ــ مەن نېمە ئۈچۈن مۇسىبەت دەپ قارىمىغۇدەكمەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ: «بۇ (ھەسەن) مەندىن، ھۈسەين ئەلىدىن» دېگەن تۇرسا؟ ـ دېدى. ھېلىقى ئەسەد جەمەتىلىك ئادەم:

ــ ئۇ دېگەن، الله ئۆچۈرگەن ئوت، ـ دېگەنىدى، مىقدام ئۇنىڭغا:

ــ مەن سېنىڭ ئىچىڭنى سىقىپ، ساڭا سەن يامان كۆرىدىغان گەپلەرنى ئاڭلاتمىغۇچە ئورنۇمدىن مىدىرلىمايمەن، ـ دېدى. ئاندىن مۇئاۋىيەگە:

ــ ئى مۇئاۋىيە! مەن راست گەپ قىلسام، مېنى تەستىقلىغىن. يالغان گەپ قىلسام، رەت قىلغىن، بولامدۇ؟ ـ دېگەنىدى، مۇئاۋىيە:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى. مىقدام:

ــ سەندىن اللهنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتۇن بۇيۇملارنى ئىشلىتىشتىن توسقانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مۇئاۋىيە:

ــ ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

ــ سەندىن اللهنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يىپەك كىيىم كىيىشتىن توسقانلىقىنى بىلەمسەن؟

ــ بىلىمەن.

ــ سەندىن اللهنىڭ نامى بىلەن يەنە سورايمەنكى، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن كىيىم كىيىش ۋە ئۇلارنى ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرۇشتىن چەكلىگەنلىكىنى بىلەمسەن؟

ــ ئۇنىمۇ بىلىمەن.

ــ ئى مۇئاۋىيە! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ ئۆيۈڭدە كۆردۈم. مۇئاۋىيە:

ــ مەن سەندىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىمنى بىلگەن ئىدىم، ـ دېدى ۋە مىقدامغا باشقا ئىككىسىگە قىلغاندىن جىقراق ئىنئام قىلغاندىن سىرت، ئوغلىغىمۇ 200 (دەرھەم) ئايرىم بەردى. مىقدام ئۆزىگە ھېچنېمە

ئىلىپ قالماي، ھەممىنى ھەمراھلىرىغا بۆلۈپ بېرىۋەتتى. ئەسەد جەمەتىلىك ئادەم بولسا، ھېچكىمگە بىر نەرسە بەرمىدى. مۇئاۋىيە بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ:

ـ مىقدام سېخىي ئادەم بولغاچقا، قولىنى ئوچۇق تۇتتى. لېكىن ئەسەدلىك ئادەم پىخسىق، بىركىمگە بىر نەرسە بېرىشكە كۆزى قىيمايدىغان بىرىدۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4131)

8779 ـ عَنْ يَعْلَى بْنِ مُرةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حُسَيْنٌ مِني وَأَنَا مِنْ حُسَيْنٍ أَحَب اللهُ مَنْ أَحَب حُسَيْنًا حُسَيْنٌ سِبْطٌ مِنْ الْأَسْبَاطِ.

8779ــ يەئلا ئىبنى مۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھۈسەيىن مەندىن، مەنمۇ ھۈسەيىندىن. كىم ھۈسەيىننى ياخشى كۆرسە، الله ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. ھۈسەيىن ياخشىلىقتا پۈتۈن بىر ئۈممەتكە باراۋەر»[2].

(تىرمىزى: 3775)

8780 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْحَسَنُ وَالْحُسَيْنُ سَيدَا شَبَابِ أَهْلِ الْجَنةِ.

8780 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەسەن بىلەن ھۈسەيىن ئەھلى جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارلىرىدۇر»[3].

(تىرمىزى: 3768)

[1] ئەلبانى (3479): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2970): ھەسەن، ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (2965): سەھىھ ـ دېگەن.

8781 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي نُعْمٍ أَن رَجُلًا مِنْ أَهْلِ الْعِرَاقِ سَأَلَ ابْنَ عُمَرَ عَنْ دَمِ الْبَعُوضِ يُصِيبُ الثوْبَ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ انْظُرُوا إِلَى هَذَا يَسْأَلُ عَنْ دَمِ الْبَعُوضِ وَقَدْ قَتَلُوا ابْنَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن الْحَسَنَ وَالْحُسَيْنَ هُمَا رَيْحَانَتَايَ مِنْ الدنْيَا.

8781 ـــ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ نۇئمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىراق ئەھلىدىن بىرى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن (ئېھرامدا تۇرۇپ) پاشا ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ھۆكمىنى سورىغانىدى، ئىبنى ئۆمەر:

ـــ ماۋۇ ئادەمگە قاراڭلار! بۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەسەن بىلەن ھۈسەين دۇنيالىقتا (خۇشھىدىنى پۇرايدىغان) رەيھان گۈللىرىمدۇر» دەپ ئاتىغان نەۋرىلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئەمدى پاشىنىڭ قېنى توغرىسىدا ھۆكۈم سوراۋاتىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3770)

8782 ـ عن ابْنَ أَبِي نُعْمٍ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ وَسَأَلَهُ عَنْ الْمُحْرِمِ قَالَ شُعْبَةُ أَحْسِبُهُ يَقْتُلُ الذبَابَ فَقَالَ أَهْلُ الْعِرَاقِ يَسْأَلُونَ عَنْ الذبَابِ وَقَدْ قَتَلُوا ابْنَ ابْنَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هُمَا رَيْحَانَتَايَ مِنْ الدنْيَا.

8782 ـ ئىبنى ئەبۇ نۇئمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىراقلىقلار ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ ئېھرام باغلىغان كىشى چىۋىن ئۆلتۈرسە قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغان ئىدى، ئابدۇللاھ:

ـــ ئىراقلىقلار ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بۇ ئىككىسى (ھەسەن بىلەن ھۈسەيننى دېمەكچى) دۇنيادىكى رەيھانلىرىم» دەپ ئاتىغان نەۋرىلىرىنى ئۆلتۈرىۋېتىپ،

[1] ئەلبانى (2967): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەمدىلىكتە چىۋىن ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمىنى سوراۋاتقىنى نېمىسى؟! ــ دېدى.

(بۇخارى: 3753)

8783 ـ وفي رواية: ما أَسْأَلَكُمْ عن الصغِيرَةِ وَأَرْكَبَكُمْ لِلْكَبِيرَةِ.

8783 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: سىلەر چوڭ گۇناھلارنى كۆپ قىلىپ تۇرۇپ، كىچىك گۇناھلارنىڭ ھۆكمى توغرۇلۇق كۆپ سورايسىلەر، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 2905)

8784 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَدادٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ خَرَجَ عَلَيْنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي إِحْدَى صَلَاتَيْ الْعِشَاءِ وَهُوَ حَامِلٌ حَسَنًا أَوْ حُسَيْنًا فَتَقَدمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَضَعَهُ ثُم كَبرَ لِلصلَاةِ فَصَلى فَسَجَدَ بَيْنَ ظَهْرَانَيْ صَلَاتِهِ سَجْدَةً أَطَالَهَا قَالَ أَبِي فَرَفَعْتُ رَأْسِي وَإِذَا الصبِي عَلَى ظَهْرِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ سَاجِدٌ فَرَجَعْتُ إِلَى سُجُودِي فَلَما قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الصلَاةَ قَالَ الناسُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنكَ سَجَدْتَ بَيْنَ ظَهْرَانَيْ صَلَاتِكَ سَجْدَةً أَطَلْتَهَا حَتى ظَنَنا أَنهُ قَدْ حَدَثَ أَمْرٌ أَوْ أَنهُ يُوحَى إِلَيْكَ قَالَ كُل ذَلِكَ لَمْ يَكُنْ وَلَكِن ابْنِي ارْتَحَلَنِي فَكَرِهْتُ أَنْ أُعَجلَهُ حَتى يَقْضِيَ حَاجَتَهُ.

8784 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەدداد دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامازلىرىنىڭ بىرىدە ھەسەن ياكى ھۈسەيىننى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە ئۇنى مېھرابقا قويۇپ، قولاق قېقىپ نامازغا تۇردى. سەجدىدە شۇنداق ئۇزۇن تۇردىكى، (تەخىر قىلالماي) بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، دۈمبىسىدە بىر كىچىك بالا ئولتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، سەجدىگە قايتتىم. نامازدىن كېيىن، جامائەت:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بەك ئۇزۇن سەجدە قىلدىڭغۇ؟ بىز بىر ئىش بولغانمىدۇ ياكى ۋەھيي نازىل قىلىنغانمىدۇ دەپ ئويلىدۇق، ـ دېيىشكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياق، ئېيتقانلىرىڭلارنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمىدى. بەلكى سەجدە قىلىۋاتسام، بۇ بالام (نەۋرەم) ئۈستۈمگە مىنىۋالدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى چۈشۈپ كەتكىچە، بېشىمنى سەجدىدىن كۆتۈرۈشنى خالىمىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(نەسائى: 1141)

8785 ـ عن بُرَيْدَةَ يَقُولُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْطُبُنَا إِذْ جَاءَ الْحَسَنُ وَالْحُسَيْنُ عَلَيْهِمَا قَمِيصَانِ أَحْمَرَانِ يَمْشِيَانِ وَيَعْثُرَانِ فَنَزَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْمِنْبَرِ فَحَمَلَهُمَا وَوَضَعَهُمَا بَيْنَ يَدَيْهِ ثُم قَالَ صَدَقَ اللهُ إِنمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ فَنَظَرْتُ إِلَى هَذَيْنِ الصبِيينِ يَمْشِيَانِ وَيَعْثُرَانِ فَلَمْ أَصْبِرْ حَتى قَطَعْتُ حَدِيثِي وَرَفَعْتُهُمَا.

8785 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋاتاتتى، ھەسەن ـ ھۈسەين ئىككىسى قىزىل كۆينەك كىيگەن ھالدا يىقىلىپ ـ قوپۇپ كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ مۇنبەرگە ئېلىپ چىقىپ، ئالدىدا قويۇپ مۇنداق دېدى:

ــ الله: مال ۋە بالا ـ چاقىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن پىتنە (ئىمتىھان ۋە سىناق)دۇر [2] دەپ توغرا ئېيتىدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ يىقىلىپ ـ قوپۇپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم ۋە سۆزۈمنى توختىتىپ، ئۇلارنى بۇ يەرگە ئېلىپ چىقتىم[3].

(تىرمىزى: 3774)

[1] ئەلبانى (1093): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] سۈرە تەغابۇن، 15ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (2968): سەھىھ ـ دېگەن.

8786 ـ عَنْ عَلِي قَالَ الْحَسَنُ أَشْبَهُ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا بَيْنَ الصدْرِ إِلَى الرأْسِ وَالْحُسَيْنُ أَشْبَهُ بِالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا كَانَ أَسْفَلَ مِنْ ذَلِكَ.

8786 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەسەن (بەدەن قۇرۇلۇشى جەھەتتىن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشىدىن تارتىپ كۆكرەك قىسمىغىچە ئوخشايدۇ، ھۈسەين ئۇنىڭ قالغان قىسمىغا ئوخشايدۇ[1].

(تىرمىزى: 3779)

8787 ـ عن سَلْمَى قَالَتْ دَخَلْتُ عَلَى أُم سَلَمَةَ وَهِيَ تَبْكِي فَقُلْتُ مَا يُبْكِيكِ قَالَتْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَعْنِي فِي الْمَنَامِ وَعَلَى رَأْسِهِ وَلِحْيَتِهِ الترَابُ فَقُلْتُ مَا لَكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ شَهِدْتُ قَتْلَ الْحُسَيْنِ آنِفًا.

8787 ـ ئەنسارلاردىن سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىرسەم، ئۇ يىغلاپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇنىڭدىن:

ـ نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ چۈشۈمدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆردۈم. چاچ ـ ساقاللىرىنى توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭدىن: "ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا نېمە بولدى؟" دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۇ ئاندا ھۈسەيىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم» دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 3771)

8788 ـ عَنْ حَفْصَةَ بِنْتِ سِيرِينَ قَالَتْ حَدثَنِي أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ كُنْتُ عِنْدَ ابْنِ زِيَادٍ فَجِيءَ بِرَأْسِ الْحُسَيْنِ فَجَعَلَ يَقُولُ بِقَضِيبٍ لَهُ فِي أَنْفِهِ وَيَقُولُ مَا رَأَيْتُ مِثْلَ هَذَا حُسْنًا قَالَ قُلْتُ أَمَا إِنهُ كَانَ مِنْ أَشْبَهِهِمْ بِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

---

[1] ئەلبانى (789): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (787): زەئىپ، ـ دېگەن.

8788 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئىبنى زىيادنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، ھۈسەيىننىڭ بېشى كەلتۈرۈلدى. ئۇ قولىدىكى ھاسىسى بىلەن ھۈسەيىننىڭ بۇرنىنى يەڭگىل نوقۇپ تۇرۇپ:

ــ ھاياتىمدا بۇنداق چىرايلىق بۇرۇن كۆرۈپ باقمىدىم، ـ دېدى. مەنمۇ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ئوخشايدىغىنى ھۈسەيىن ئىدى، ـ دېدىم[1].

(تىرمىزى: 3778)

8789 ـ عَنْ عُمَارَةَ بْنِ عُمَيْرٍ قَالَ لَما جِيءَ بِرَأْسِ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ زِيَادٍ وَأَصْحَابِهِ نُضِدَتْ فِي الْمَسْجِدِ فِي الرحَبَةِ فَانْتَهَيْتُ إِلَيْهِمْ وَهُمْ يَقُولُونَ قَدْ جَاءَتْ قَدْ جَاءَتْ فَإِذَا حَيةٌ قَدْ جَاءَتْ تَخَللُ الرؤُوسَ حَتى دَخَلَتْ فِي مَنْخَرَيْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ زِيَادٍ فَمَكَثَتْ هُنَيْهَةً ثُم خَرَجَتْ فَذَهَبَتْ حَتى تَغَيبَتْ ثُم قَالُوا قَدْ جَاءَتْ قَدْ جَاءَتْ فَفَعَلَتْ ذَلِكَ مَرتَيْنِ أَوْ ثَلَاثًا.

8789 ــ ئۇمارە ئىبنى ئۇمەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىياد ۋە ھەمراھلىرىنىڭ بېشى كەلتۈرۈلۈپ، مەسجىدنىڭ سەيناسىدا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇشۇمغا، كىشىلەر:

ــ كەلدى، كەلدى، ـ دېيىشتى. قارىسام، بىر يىلان ئۇ باشلارنى ئارىلاپ بېرىپ، ئۇبەيدۇللاھنىڭ بۇرنىغا كىرىپ كەتتى ۋە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ چىقىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. كىشىلەر يەنە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم:

ـ كەلدى، كەلدى، ـ دېيىشتى. دەرۋەقە، يىلان ئۇنىڭ بۇرنىغا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىرىپ چىقتى[2].

(تىرمىزى: 3780)

---

[1] ئەلبانى (2973): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2974): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

8790 ـ عن أم سلمة: قال ج∃يل للنبي صلى الله عليه وسلم: تُحِبُهُ قلت أما مِنَ الدُنْيَا فَنَعَمْ قال إن أُمَتَكَ سَتَقْتُلُ هذا بِأَرْضٍ يُقَالُ لها كَرْبَلاءُ فَتَنَاوَلَ جِبْرِيلُ عليه السلامُ من تُرْبَتِهَا فَأَرَاهَا النبي صلى اللهُ عليه وسلم فلما أُحِيطَ للاسين حين قُتِلَ قال ما اسْـمُ هـذه الأَرْضِ قالوا كَرْبَلاءُ قال صَدَقَ اللهُ وَرَسُولُهُ أَرْضُ كَرْبٍ وَبَلاءٍ.

8790 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۈسەيىن ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «جىبرىئىل كېلىپ، مەندىن:

ـ ئۇنى ياخشى كۆرەمسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ـ شۇنداق، دۇنيالىقتىن شۇنى ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدىم. ماڭا:

ـ ئەپسۇسكى، ئۇممىتىڭ ئۇنى كەربالا دېگەن يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ يەرنىڭ تۇپىسىدىن كەلتۈرۈپ، ماڭا كۆرسەتتى».

ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قورشاۋدا قالغاندا:

ـ بۇ يەرنىڭ ئىسمى نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا:

ـ (بۇ يەرنىڭ ئىسمى) كەربالا، ـ دېيىشكەنىدى، ھۈسەيىن:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى راست ئېيتتى. بۇ يەر ھەقىقەتەن كەرب (مۇسىبەت) ۋە بالا يېرى ئىكەن، ـ دېدى①.

(«ئەلكەبىر»: 2819)

8791 ـ عن عَائِشَة رفعته: إن جِبْرِيلَ عليه السلامُ أخ∃ني أن الْحُسَيْنَ ابْنِي مَقْتُولٌ في أَرْضِ الطف وإن أُمِتي سَتُفْتَتَنُ بَعْدِي.

8791 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جىبرىئىل كېلىپ، ئوغلۇم ھۈسەيىننىڭ تەف دېگەن جايدا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇممىتىمنىڭ مەندىن كېيىن پىتنىگە قالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى»①.

① ھەيسەمى (15116): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

(«ئەلكەبىر»: 2814)

8792 ـ ]مد بن الْحَسَنِ قال لَما نَزَلَ عُمَرُ بن سَعْدٍ بِحُسينٍ وَأَيْقَنَ أَنهُمْ قَـاتِلُوهُ وَقَامَ في أَصْحَابِهِ خَطِيبًا فَحَمِدَ اللهَ ورغبهم في لقاء الله ونفرهم من الحياة مع الظالمين وقتل الْحُسَيْنُ رضي اللهُ عنه بالطف بِكَرْبَلاَءَ.

8792 ـ مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن مۇنداق دېگەن: ئۆمەر ئىبنى سەئد ھۇسەيىننىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغاندا، ھۇسەين ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئادەملىرىگە نۇتۇق سۆزلىدى. نۇتقىدا اللەقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى اللەنىڭ دەرگاھىغا يول ئېلىشقا رىغبەتلەندۇرۇپ، زالىملار بىلەن بىللە ياشاشتىن نەپرەتلەندۇردى، ھۇسەين كەربالادىكى تۇف دېگەن جايدا ئۆلتۈرۈلدى[②].

(«ئەلكەبىر»: 2842)

8793 ـ وعن الشعبي قال لما أراد الحسين بن علي أن يخرج لقي ابن عمر فقال له إني أريد العراق فقال لا تفعل فإن رسول الله ﷺ قال خيرت بين أن أكون ملكا نبيـا أو نبيا عبدا فقيل لي تواضع فاخترت أن أكون نبيا عبدا وإنك بضعة من رسول الله ﷺ فـلا تخرج قال فأبى فودعه وقال أستودعك الله من مقتول (بزار والأوسط).

8793 ـ شەئبى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما خەلىپىگە قارشى چىقماقچى بولۇپ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا كەلدى ۋە:

ـ مەن ئىراق تەرەپكە يۈرۈش قىلماقچىمەن، ـ دېگەنىدى، ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنداق قىلمىغىن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ماڭا پادىشاھ پەيغەمبەر ياكى بەندە پەيغەمبەر بولۇش

---

[①] ھەيسەمى (15114): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. يەنە بىر سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (15135): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى زەبالە ئىسىملىك ھەدىسى مەتروك بىرى بار، ـ دېگەن.

ئىختىيارلىقى بېرىلگەنىدى، مەن بەندە پەيغەمبەر بولۇشنى تاللىدىم» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر پارچىسى بولىسەن، شۇڭا خەلىپىگە قارشى چىقمىغىن، ـ دەپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ:

ـ ئى مەقتۇل (يەنى قەتلى قىلىنغۇچى)! سېنى اللهقا تاپشۇردۇم، ـ دېدى[1].

(بەززار؛ «ئەلئەۋسەت»)

8794 ـ قال بن عَباسٍ اسْتَأْذَنَنِي حُسَيْنٌ في الْخُرُوجِ فقلت لَوْلا أَنْ يُزْرِيَ ذلك بِي أو بِكَ لَشَبَكْتُ بِيَدِي في رَأْسِكَ قال فَكَانَ الذي رَد عَلَي أَنْ قال لأَنْ أُقْتَلَ بِمَكَانِ كَذَا وَكَذَا أَحَب إلي من أَنْ يُسْتَحَل بِي حَرَمُ اللهِ وَرَسُولِهِ قال فَذَلِكَ الذي سَلى بنفْسِي عنه.

8794 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۈسەيىن ئىراقىقا بېرىش ئۈچۈن مەندىن ئىجازەت سورىغىلى كەلدى. مەن:

ـــ ئەگەر ئىككىمىزدىن بىرىمىزگە زەرەر يەتمەيدىغانلىقىنى بىلسەم، قولۇم بىلەن بوينۇڭغا گىرە سېلىۋېلىپ، سېنى قويۇپ بەرمىگەن بولاتتىم، ـ دېدىم. ئۇ:

ـــ مېنىڭ سەۋەبىمدىن الله ۋە رەسۇلىنىڭ ھەرىمى دەپسەندە قىلىنغاندىن، پالانچى ـ پۇستانچى يەردە ئۆلگىنىم ياخشى، ـ دېدى. ئۇ ئەنە شۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي تاپقانىدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 2859)

[1] ھەيسەمى (15130): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15131): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8795 ـ عن عُثْمَانَ الْحِزَامِي قال خَرَجَ الْحُسَيْنُ بن عَلِي رضي اللهُ عنهما إلى الْكُوفَةِ سَاخِطًا لِولَايَةِ يَزِيدَ بن مُعَاوِيَةَ فَكَتَبَ يَزِيدُ بن مُعَاوِيَةَ إلى عُبَيْدِ اللهِ بن زِيَادٍ وهو وَالِيهِ على الْعِرَاقِ إنه قد بَلَغَنِي أن حُسَيْنًا قد سَارَ إلى الْكُوفَةِ وَقَدِ ابتلى بِهِ زَمَانُكَ من بَيْنِ الأَزْمانِ وَبَلَدُكَ من بَيْنِ الْبُلْدَانِ وَابْتُلِيتَ بِهِ من بَيْنِ الْعُمالِ وَعِنْدَهَا يُعْتَقُ أو يَعُودُ عَبْدًا كما يُعْتَبَدُ الْعَبِيدُ فَقَتَلَهُ عُبَيْدُ اللهِ بن زِيَادٍ وَبَعَثَ بِرَأْسِهِ إليه فلما وُضِعَ بين يَدَيْهِ تَمَثَّلَ بِقَوْلِ الْحُصَيْنِ بن الْحُمَامِ

يُفَلِّقْنَ هَامًا من رِجَالٍ أَحِبَّةٍ إِلَيْنَا وَهُمْ كَانُوا أَعَقَّ وَأَظْلَمَا

8795 ــ زەھھاك ئىبنى ئوسماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىكىدىن نارازى بولۇپ، كۇفەگە چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە ئىراق ۋالىيسى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادقا مۇنداق مەكتۇب يوللىدى: ”خەۋەر تېپىشىمچە، ھۇسەين كۇفەگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ، ۋالىلىرىم ئارىسىدىن بۇ مۇسىبەت سېنىڭ بېشىڭغا كەپتۇ، شۇڭا سەن بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلمىساڭ، ئۆزەڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل بولىسەن“. شۇنىڭ بىلەن، ئۇبەيدۇللاھ ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى يەزىدكە ئەۋەتىپ بەردى. يەزىد ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن كاللىنى كۆرۈپ، ھۇسەين ئىبنى ھامامنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى ئوقۇدى:

دوست بۇرادەرلىرىمىزمۇ گەر قىلسا ئاسىيلىق،
رەھىم قىلماستىن جۇدا قىلىمىز تېنىدىن كاللىسىنى[1].

(«ئەلكەبىر»: 2846)

8796 ـ الزُبَيْرُ بن بَكارٍ قال وُلِدَ الْحُسَيْنُ بن عَلِي رضي اللهُ عنه لِخَمْسِ لَيَالٍ خَلَوْنَ من شَعْبَانَ سَنَةَ أَرْبَعٍ مِنَ الْهِجْرَةِ وَقُتِلَ يوم الْجُمُعَةِ يوم عَاشُورَاءَ في الْمُحَرمِ سَنَةَ

[1] ھەيسەمى (15137): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

إِحْدَى وَسِتِينَ وقتله سِنَانُ بن أبي أُنسٍ النخَعِي وأَجْهَزَ عليه خَوْلِي بن يَزِيدَ الأَصْبَحِي من حِمْيَرَ وَحَز رَأْسَهُ وَأَتى بِهِ عُبَيْدَ اللهِ بن زِيَادٍ فقال سِنَانُ بن أُنسٍ:

أَوْقِرْ رِكَابِي فِضةً وَذَهَبَا أنا قَتَلْتُ الْمَلِكَ الْمُحَجبَا

قَتَلْتُ خَيْرَ الناس اما وَأَبا.

8796 ــ زۇبەير ئىبنى بەككاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھىجرىيىنىڭ 4 ــ يىلى شەئبان ئېيىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 61 ــ يىلى مۇھەررەمنىڭ 10 ــ كۈنى جۈمە كۈنىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنى سىنان ئىبنى ئەنەس نەخەئى ئۆلتۈردى، خەۋلى ئىبنى يەزىد ئەسبەھى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى زىيادنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن، سىنان ئىبنى ئەنەس مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇدى:

بېزىگىن ئۈزەڭگەمنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن،
چۈنكى مەن ئۆلتۈردۈم تەختىراۋانلىق شاھزادىنى،
ئۈممەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى[1].
(«ئەلكەبىر»: 2852)

8797 ـ 3ا بن بُكَيْرٍ حدثا اللَّيْثُ قال أَبى الْحُسَيْنُ بن عَلِي رضي اللهُ عنـهما أَنْ يُسْتَأْسَرَ فَقَاتَلُوهُ فَقَتَلُوهُ وَقَتَلُوا ابْنَيهِ وَأَصْحَابَهُ الذِينَ قَاتَلُوا معه بِمَكَانٍ يُقَالُ له الطـف وَانْطُلِقَ بِعَلِي بن حُسَيْنٍ وَفَاطِمَةَ بنتِ حُسَيْنٍ وَسُكَيْنَةَ بنتِ حُسَيْنٍ إلى عُبَيْدِ اللهِ بن زِيَـادٍ وَعَلِي يَوْمَئِذٍ غُلامٌ قد بَلَغَ فَبَعَثَ بِهِمْ إلى يَزِيدَ بن مُعَاوِيَةَ فَأَمَرَ بِسُكَيْنَةَ فَجَعَلَهَـا خَلْـفَ سَرِيرِهِ لِئَلا تَرَى رَأْسَ أَبِيهَا وذوي قَرَابَتِهَا وَعَلِي بن الْحُسَيْنِ رضي اللهُ عنـهما في غُـل فَوَضَعَ رَأْسَهُ فضرب فَضَرَبَ على ثَنِيَتَي الْحُسَيْنِ رضي اللهُ عنه فقال:

نُفَلقُ هَامًا من رِجَالٍ أَحِبةٍ إِلَيْنا وَهُمْ كَانُوا أَعَق وَأَظْلَمَا.

فقال عَلِي بن الْحُسَيْنِ رضي اللهُ عنه: (ما أَصَابَ مـن مُصِـيبَةٍ في الأَرْضِ وَلا في أَنفُسِكُمْ إلا في كِتَابٍ من قبل أن نَبْرَأَهَا إِن ذلك على اللهِ يَسِيرٌ) فَثَقُلَ على يَزِيدَ أَنْ يَتَمَثلَ

[1] ھەيسەمى (15144): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

بِبيتِ شِعْرٍ وَتَلا عَلِي آيَةً من كِتَابِ اللهِ عز وجل فقال يَزِيدُ بَلْ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِيكُمْ وَيَعْفُو عن كَثِيرٍ فقال عَلِي رضي اللهُ عنه أَمَا وَاللهِ لو رَآنَا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم مَغْلُولِينَ لأَحَب أَنْ يُخَلِّيَنَا مِنَ الْغُل قال صَدَقْتَ فَخَلوهُمْ مِنَ الْغُل قال وَلَوْ وَقَفْنَا بين يَدَيْ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم على بُعْدٍ لأَحَب أَنْ يُقَرِّبَنَا قال صَدَقْتَ فَقَرِّبُوهُمْ فَجَعَلَتْ فَاطِمَةُ وَسُكَيْنَةُ يَتَطَاوَلان لتريا رَأْسَ أَبِيهِمَا وَجَعَلَ يَزِيدُ يَتَطَاوَلُ في مَجْلِسِهِ لِيَسْتُرَ عنهما رَأْسَ أَبِيهِمَا ثُم أَمَرَ بِهِمْ فَجُهِّزُوا وأصلح إِلَيْهِمْ وَأُخْرِجُوا إلى الْمَدِينَةِ.

8797 ـ لەيس ئىبنى سەئدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۆسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئەسىر بولۇشقا ئۇچرىغانچقا، ئۇرۇش باشلىنىپ، ھەزرىتى ھۆسەين، ئوغۇللىرى ۋە ھەمراھلىرى تەف دېگەن جايدا ئۆلتۈرۈلدى. تېخى ئەمدى بالاغەتكە يەتكەن ئوغلى ئەلى بىلەن قىزلىرى فاتىمە ۋە سەكىنە ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئىبنى زىيادقا ئېلىپ بېرىلدى. ئىبنى زىياد ئۇلارنى يەزىدكە ئەۋەتتى. يەزىد سەكىنەنى دادىسىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كاللىلىرىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن تەختىنىڭ كەينىدە تۇرۇشقا بۇيرىدى. ئەلىنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا زەنجىر سېلىنغانىدى. ھەزرىتى ھۆسەيىننىڭ بېشى يەزىدنىڭ ئالدىغا قويۇلغاندا، يەزىد ھۆسەيىننىڭ ئۇدۇل چىشىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

دوست بۇرادەرلىرىمىزمۇ گەر قىلسا ئاسىيلىق،

رەھىم قىلماستىن جۇدا قىلىمىز تېنىدىن كاللىسىنى، ـ

دېگەن شېئىرنى ئوقۇدى، بۇنى ئاڭلىغان ئەلى ئىبنى ھۆسەين:

— يەر يۈزىدىكى بارلىق ھادىسىلەر ۋە ئۆزەڭلار ئۇچرىغان مۇسىبەتلەر بىز ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن لەۋھۇلمەھفۇزغا يېزىلغان، بۇ (ئىش) شۈبھىسىزكى، اللّٰهقا ئاساندۇر [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانىدى، يەزىد ئۇنىڭغا:

ـ سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، اللّٰه نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا،

[1] سۈرە ھەدىد، 22 ـ ئايەت.

بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلالماس ئىدىڭلار)[1] دېگەن ئايەت بىلەن جاۋاب بەردى. ئەلى ئىبنى ھۇسەين:

ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بۇ ھالەتتە كۆرگەن بولسا، (زەنجىر ـ كىشەننى) دەرھال يەشكۈزىۋەتكەن بولاتتى، ـ دېگەندى، يەزىد:

ـ توغرا ئېيتتىڭ، ـ دېدى ۋە ئۇلارنى يېشىۋەتتى. ئەلى يەنە:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يىراق تۇرۇپ قالساق، بىزنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇراتتى، ـ دېگەندى، يەزىد:

ـ توغرا ئېيتتىڭ، ـ دېدى ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى. فاتىمە بىلەن سەكىنە ئىككىسى دادىسىنىڭ كاللىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراشتى، يەزىدمۇ ئۇلارنى توسۇشقا تىرىشاتتى. ئاندىن ئۇلارنى ئۇبدان جابدۇپ، مەدىنىگە يولغا سېلىپ قويدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 2806)

8798 ـ عَنِ الشعْبِي قال رأيت في النوْمِ كأن رِجَالا نَزَلُوا مِنَ السـمَاءِ مَعَهُـمْ حِرابٌ يَتتَبعُونَ قَتلَةَ الْحُسَيْنِ رضي اللهُ عنه فما لَبِثَتْ أنْ نَزَلَ الْمُخْتَارُ فَقتلَهُمْ.

8798 ـ شەئبى مۇنداق دېگەن: چۈشۈمدە قوللىرىدا نەيزە تۇتقان بىر توپ كىشىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ، ھۇسەيىننىڭ قاتىللىرىنى ئىزدىگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇختار كېلىپ، ئۇلارنى (قاتىللارنى) ئۆلتۈردى[3].

(«ئەلكەبىر»: 2833)

8799 ـ عَنِ ابن شِهَاب قال ما رُفِعَ بِالشامِ حَجَرٌ يوم قُتِلَ الْحُسَيْنُ بن عَلِـي إلا عن دَمٍ رضي اللهُ عنه.

[1] سۈرە شۇرا، 30 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (15148): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (15151): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

8799 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دېگەن: ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى، شامدا قانداق بىر تاش كۆتۈرۈلسىلا، تېگىدىن ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېنى چىققانىدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 2835)

8800 ـ عَنِ الزهْرِي قال:B ُيرْفَعْ حَجَرٌ بِبيْتِ الْمَقْدِسِ إلا ُوجِدَ َتحْتُهُ دَمٌ عَبِيطٌ.

8800 ـ زۆھرى مۇنداق دېگەن: (ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىد قىلىنغان كۈنى) بەيتۇلمۇقەددەستىكى ھەر قانداق تاش كۆتۈرۈلسە، ئاستىدىن ئېقىپ تۇرغان قان كۆرۈلەتتى[②].

(«ئەلكەبىر»: 2856)

8801 ـ عن أبي قَبِيلٍ قال لَما قُتِلَ الْحُسْيْنُ بن عَلِي رضي اللهُ عنـه ٱنكَسَـفَتِ الشمْسُ كَسْفَةً حتى َبدَتِ الْكَوَاكِبُ نِصْفَ النهَارِ حتى ظَنَنا أنَّها هِيَ.

8801 ـ ئەبۇ قەبىل مۇنداق دېگەن: ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتل قىلىنغاندا، كۈندۈزى كۈن تۇتۇلۇپ، چۈش ۋاقتىدا يۇلتۇزلار كۆرۈلدى. ھەتتا بىز ئۇلارنى راست يۇلتۇزمىكىن دەپ قالغانىدۇق[③].

(«ئەلكەبىر»: 2838)

8802 ـ اللْيثُ بن سَعْدٍ: قُتِلَ مع الْحُسْين الْعباس بن عَلِي بن أبي طَالِبٍ وَأُمهُ أُم الْبنِينَ عَامِرِيةٌ وَجَعْفَرُ بن عَلِي بن أبي طَالِبٍ وَعَبْدُ اللهِ بن عَلِي بن أبي طَالِبٍ وَعُثْمَانُ بـن عَلِي بن أبي طَالِبٍ وأبو َبكْرِ بن عَلِي بن أبي طَالِبٍ وَأُمهُ لَيْلَى بنتُ مَسْعُودٍ َنهْشَلِيةٌ وَعَلِي بن الْحُسْينِ بن عَلِي بن أبي طَالِبٍ الأَكْبُرَ وَأُمهُ لَيْلَى ثَقَفِيةٌ وَعَبْدُ اللهِ بن الْحُسَـيْنِ وَأُمـهُ الرَبَابُ بنتُ امْرِئِ الْقَيْسِ كَلْبِيةٌ وأبو َبكْرِ بن الْحُسْينِ لأم وَلَدٍ وَالْقَاسِمُ بن الْحَسَـنِ لأم

---

① ھەيسەمى (15160): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (15159): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (15163): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

وَلَدٍ وَعَوْنُ بن عبد اللهِ بن جَعْفَرِ بن أبي طَالِبٍ وَجَعْفَرُ بن عَقِيلِ بن أبي طَالِبٍ وَمُسْلِمُ بن عَقِيلِ بن أبي طَالِبٍ وَسُلَيْمَانُ مولى الْحُسَيْنِ وَعَبْدُ اللهِ رَضِيعُ الْحُسَيْنِ رضي اللهُ عَنْهُمْ.

8802 ـ لەيس ئىبنى سەئدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈلگەنلەر مۇنۇلار ئىدى: ئاببىاس ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئۇنىڭ ئانىسى (ئامىر قەبىلىسىدىن) ئۇممۇ بەنىين؛ جەئفەر ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب؛ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب؛ ئوسمان ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب؛ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئۇنىڭ ئانىسى (نەھشەل قەبىلىسىدىن) لەيلا بىنتى مەسئۇد؛ ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئۇنىڭ ئانىسى (سەقىيفە قەبىلىسىدىن) لەيلا؛ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ ئانىسى (كەلب قەبىلىسىدىن) رەباب بىنتى ئىمرىئۇلقەيس؛ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ ئانىسى (دىدەك ئىدى)؛ قاسىم ئىبنى ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ ئانىسى (دىدەك ئىدى)، ئەۋن ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب؛ جەئفەر ئىبنى ئەقىل ئىبنى ئەبۇ تالىب، مۇسلىم ئىبنى ئەقىل ئىبنى ئەبۇ تالىب؛ ھۈسەيىننىڭ ئازادگەردىسى سۇلايمان ۋە ھۈسەيىننىڭ سۈت دادىسى (ئېنىكئانىسىنىڭ ئېرى) ئابدۇللاھ[1].

(«ئەلكەبىر»: 2803)

8803 ـ محمد بن الْحَنَفِيَّةِ: قُتِلَ معه سَبْعَةَ عَشَرَ شَابًا كُلُّهُمْ ارتكض في رَحِمِ فَاطِمَةَ رضي اللهُ عنها.

8803 ـ مۇھەممەد ئىبنى ھەنەفىييە مۇنداق دېگەن: شۇ كۈنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن 17 يىگىت ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ھەممىسى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەۋلادى ئىدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 2855)

[1] ھەيسەمى (15169): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15170): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8804 ـ عن أبي قَبِيلٍ قال لَما قُتِلَ الْحُسَيْنُ بن عَلِي رضي اللهُ عنهما إحتزوا رَأْسَهُ وَقَعَدُوا في أول مَرْحَلَةٍ يَشْرَبُونَ النبيذَ يَتَحَيَوْنَ بِالرأسِ فَخَرَجَ عليهم قَلَمٌ من حَدِيدٍ مِن حَائِطٍ فَكَتَبَ بِسَطْرِ دَمٍ

أَتَرْجُو أُمةٌ قَتَلَتْ حُسَيْنًا شَفَاعَةَ جَدِهِ يوم الْحِسَابِ

فَهَرَبُوا وَتَرَكُوا الرأْسَ ثُم رَجَعُوا.

8804 ـ ئەبۇ قەبىل مۇنداق دېگەن: ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، قاتىللار ئۇنىڭ كاللىسىنى كەستى ۋە بۇنى تەبرىكلەش ئۈچۈن شاراپ ئىچىشىپ ئولتۇرغاندى، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تامدىن بىر تۆمۈر قەلەم چىقىپ، قان بىلەن:

ھۈسەيننى ئۆلتۈرگەنلەر ھېساب كۈنىدە،

ئەجدادىنىڭ شاپائىتىنى ئارزۇ قىلالامدۇ؟

دېگەن بېيىت يېزىلىۋىدى، ئۇلار قورقۇپ كېتىپ، كاللىنى تاشلاپ قاچتى ۋە كېيىن يەنە قايتىپ كەلدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 2873)

8805 ـ عن أُم سَلَمَةَ: أن رسول اللهِ صلى اللهُ عليه قال لأُم سَلَمَةَ لا تَدَعِي أَحَدًا يَدْخُلُ فَجَاءَ الْحُسَيْنُ رضي اللهُ عنه فأَرَادَ أنْ يَدْخُلَ فَأَخَذَتْهُ فلما إشتد في الْبُكَاءِ خَلتْ عنه فَدَخَلَ حتى جَلَسَ في حِجْرِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فقال جِبْرِيلُ صلى اللهُ عليه وسلم إن أُمَتَكَ سَتَقْتُلُ ابْنَكَ هذا فقال النبي صلى اللهُ عليه وسلم يَقْتُلُونَهُ وَهُمْ مُؤْمِنُونَ بِي قال نعم فَخَرَجَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فقال: إن أُمتي يَقْتُلُونَ هذا وفي الْقَوْمِ أبو بَكْرٍ وَعُمَرُ رضي اللهُ عنهما وَكَانَا أَجْرَأَ الْقَوْمِ عليه فَقَالا يا نَبِي اللهِ يَقْتُلُونَهُ وَهُمْ مُؤْمِنُونَ قال نعم (للكبير:8096 مطولا).

8805 ـ ئۈممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

① ھەيسەمى (15177): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

ــ يېنىمغا ھېچكىمنى كىرگۈزمىگىن! ــ دەپ تاپىلىدى. كۆپ ئۆتمەي، ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ كىرمەكچى بولىۋىدى، ئۇنى توختىتالىدىم، ئۇ يىغلاشقا باشلىدى، شۇنداقتىمۇ قويۇپ بەرمەي، چىڭ تۇتۇۋالدىم. ئۇ تېخىمۇ كۈچەپ يىغلىغىلى تۇرغانىدى، ئامالسىز قويۇپ بەردىم. ئۇ ئۇدۇل كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇردى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۈممىتىڭ بۇ بالىنى ئۆلتۈرىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇلار ماڭا ئىشەنگەن تۇرۇپ، بۇنى ئۆلتۈرەمدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل:

ــ ھەئە، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىرتقا چىقىپ:

ــ ئۈممىتىم بۇ بالامنى ئۆلتۈرىدىكەن، - دېدى. جامائەت ئىچىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوئال سوراشتا باشقىلاردىن كۆپ جۈرئەتلىك ئىدى. ئىككىيلەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار مۇسۇلمان تۇرۇپ بۇنى ئۆلتۈرەمدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، شۇنداق قىلىدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 8096)

---

[1] ھەيسەمى (15119): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئاساسەن ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

## زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇسامە، ئەممار ئىبنى ياسىر، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ پەزىلەتلىرى

8806 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَدِمَ زَيْدُ بْنُ حَارِثَةَ الْمَدِينَةَ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَيْتِي فَأَتَاهُ فَقَرَعَ الْبَابَ فَقَامَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عُرْيَانًا يَجُرُّ ثَوْبَهُ وَاللهِ مَا رَأَيْتُهُ عُرْيَانًا قَبْلَهُ وَلَا بَعْدَهُ فَاعْتَنَقَهُ وَقَبَّلَهُ.

8806 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەيد ئىبنى ھارىسە مەدىنىگە كېلىپ، ھۇجرامنىڭ ئىشىكىنى قاقتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېشىمدا ئىدى، ئۇنىڭ قېشىغا كىيىمىنى سۆرىگىنىچە يېرىم ـ يالىڭاچ ھالدا چىقتى. مەن بۇنىدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن، ئۇنى يېرىم ـ يالىڭاچ كۆرۈپ باقمىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى باغرىغا بېسىپ سۆيدى[1].

(تىرمىزى: 2732)

8807 ـ عن جَبَلَةَ بن حَارِثَةَ أَخُو زَيْدٍ قَالَ قَدِمْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ ابْعَثْ مَعِي أَخِي زَيْدًا قَالَ هُوَ ذَا قَالَ فَإِنْ انْطَلَقَ مَعَكَ لَمْ أَمْنَعْهُ قَالَ زَيْدٌ يَا رَسُولَ اللهِ وَاللهِ لَا أَخْتَارُ عَلَيْكَ أَحَدًا قَالَ فَرَأَيْتُ رَأْيَ أَخِي أَفْضَلَ مِنْ رَأْيِي.

8807 ـ (زەيدنىڭ بىر تۇغقىنى) جەبەلە ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

[1] ئەلبانى (516): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىندىشىم زەيدنى مەن بىلەن كەتكىلى قويۇ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇ ئەنە، ئۆزى خالىسا، ئېلىپ كەتكىن، مەن توسمايمەن، ـ دېدى. بىرىپ زەيدكە ئېيتقانىدىم، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايمەن، ـ دېدى. كېيىنچە، ئۇنىڭ پىكرىنىڭ مېنىڭكىدىن توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم[1].

(تىرمىزى: 3825)

8808 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ بَعَثَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْثًا وَأمرَ عَلَيْهِمْ أُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ فَطَعَنَ بَعْضُ الناسِ فِي إِمَارَتِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تَطْعُنُوا فِي إِمَارَتِهِ فَقَدْ كُنْتُمْ تَطْعُنُونَ فِي إِمَارَةِ أَبِيهِ مِنْ قَبْلُ وَايْمُ اللهِ إِنْ كَانَ لَخَلِيقًا لِلْإِمَارَةِ وَإِنْ كَانَ لَمِنْ أَحَب الناسِ إِلَي وَإِن هَذَا لَمِنْ أَحَب الناسِ إِلَي بَعْدَهُ.

8808 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسامە ئىبنى زەيد قوماندانلىقىدا بىر روتا ئەسكەر ئەۋەتتى. لېكىن بەزىلەر زەيدنىڭ قوماندانلىقىغا نارازى بولۇپ، سۆز ـ چۆچەك قىلىشقا باشلىغانىدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: «ئاڭلىشىمچە، ئۇسامىنىڭ قوماندان بولغانلىقىغا نارازى بولۇپسىلەر. سىلەر ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ قوماندان بولۇشىغىمۇ نارازى بولغان ئىدىڭلار. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ ئاتىسى ھەقىقەتەنمۇ قوماندان بولۇشقا لاياقەتلىك ئىدى ۋە مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمدىن بىرى ئىدى. ئۇسامەمۇ خۇددى ئاتىسىدەك مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمدىندۇر».

(بۇخارى: 3730)

[1] ئەلبانى (2998): ھەسەن، ـ دېگەن.

**8809 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ لَما ثَقُلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَبطْتُ وَهَبطَ الناسُ الْمَدِينَةَ فَدَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَدْ أَصْمَتَ فَلَمْ يَتَكلمْ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَضَعُ يَدَيْهِ عَلَي وَيَرْفَعُهُمَا فَأَعْرِفُ أَنهُ يَدْعُو لِي.**

8809 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسامەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ دادىسى مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەكراتتا چۈشكەندە، قول ئاستىمدىكى قوشۇننى باشلاپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىردىم. گەپ قىلىشتىن قالغانىدى، قولىنى ئۈستۈمگە قويۇپ، ئاندىن كۆتۈردى. ئۇنىڭ ماڭا دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم[1].

(تىرمىزى: 3817)

**8810 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ عَثَرَ أُسَامَةُ بِعَتَبَةِ الْبَابِ فَشُج فِي وَجْهِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمِيطِي عَنْهُ الْأَذَى فَتَقَذرْتُهُ فَجَعَلَ يَمُص عَنْهُ الدمَ وَيَمُجهُ عَنْ وَجْهِهِ ثُم قَالَ لَوْ كَانَ أُسَامَةُ جَارِيَةً لَحَليْتُهُ وَكَسَوْتُهُ حَتى أُنَفقَهُ.**

8810 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇسامە ئىشىكنىڭ بوسۇغۇسىدا تېيىلىپ كېتىپ، يۈزى يېرىلىپ كەتتى ۋە قان ئېقىشقا باشلىدى. ئۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ماڭا):

ـ ئۇنىڭ يۈزىنى سۈرتىۋەتكىن! ـ دېدى. مەن قاندىن سەسكىنىپ، ئۇنىڭغا يېقىن بارالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى يېقىنلاپ كەلدى ۋە يۈزىدىكى قاننى سۈمۈرۈپ، سىرتقا تۈكۈردى. ئاندىن:

[1] ئەلبانى (3000): ھەسەن، ـ دېگەن.

ــ ئەگەر ئۇسامە قىز بولۇپ قالغان بولسا، مەن ئۇنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ قوياتتىم، ھەتتا ياتلىق بولغاندىمۇ بارلىق خىراجىتىنى كۆتۈرگەن بولاتتىم، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 1976)

**8811** ـ عَنْ عَائِشَةَ أُم الْمُؤْمِنِينَ قَالَتْ أَرَادَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُنَحِّيَ مُخَاطَ أُسَامَةَ قَالَتْ عَائِشَةُ دَعْنِي حَتى أَكُونَ أَنَا الذِي أَفْعَلُ قَالَ يَا عَائِشَةُ أَحِبِّيهِ فَإِني أُحِبهُ.

8811 ـ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇسامەنىڭ بۇرنىنى تازىلىماقچى بولغانىدى:

ــ مەن قىلاي، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئائىشە، ئۇنىڭغا كۆيۈنگىن! چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئامراق، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3818)

**8812** ـ عَنْ عُمَرَ أَنهُ فَرَضَ لِأُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ فِي ثَلَاثَةِ آلَافٍ وَخَمْسِ مِائَةٍ وَفَرَضَ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ فِي ثَلَاثَةِ آلَافٍ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ لِأَبِيهِ لِمَ فَضلْتَ أُسَامَةَ عَلَي فَوَاللهِ مَا سَبَقَنِي إِلَى مَشْهَدٍ قَالَ لِأَن زَيْدًا كَانَ أَحَب إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ أَبِيكَ وَكَانَ أُسَامَةُ أَحَب إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْكَ فَآثَرْتُ حُب رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى حُبي.

8812 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇسامەگە 3500 (دەرھەم)، ماڭا (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرگە) 3000 (دەرھەم) مائاش بەلگىلىدى. مەن بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

[1] ئەلبانى (1607): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3001): ھەسەن، ـ دېگەن.

– نېمە ئۈچۈن ئۇسامەنى مەندىن ئارتۇق كۆرىسەن؟ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ھېچبىر غازاتقا مەندىن بۇرۇن قاتناشمىغان، – دېگەنىدىم، ئۆمەر:

– چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۇسامەنىڭ دادىسى) زەيدنى (داداڭ) ئۆمەردىنمۇ ياخشى كۆرەتتى، (ئۇنىڭ ئوغلى) ئۇسامەگىمۇ سەندىن بەكرەك ئامراق ئىدى. شۇڭا ئۇنى سەندىن ئارتۇق كۆردۇم، – دەپ جاۋاب بەردى[1].

(تىرمىزى: 3813)

8813 – عن عَبْد اللهِ بْنُ دِينَارٍ قَالَ نَظَرَ ابْنُ عُمَرَ يَوْمًا وَهُوَ فِي الْمَسْجِدِ إِلَى رَجُلٍ يَسْحَبُ ثِيَابَهُ فِي نَاحِيَةٍ مِنْ الْمَسْجِدِ فَقَالَ انْظُرْ مَنْ هَذَا لَيْتَ هَذَا عِنْدِي قَالَ لَهُ إِنْسَانٌ أَمَا تَعْرِفُ هَذَا يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ هَذَا مُحَمدُ بْنُ أُسَامَةَ قَالَ فَطَأْطَأَ ابْنُ عُمَرَ رَأْسَهُ وَنَقَرَ بِيَدَيْهِ فِي الْأَرْضِ ثُم قَالَ لَوْ رَآهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَأَحَبهُ.

8813 – ئابدۇللاھ ئىبنى دىناردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەسجىدنىڭ چېتىدە كىيىمىنى سۆرىگەن پېتى ئايلىنىپ يۈرگەن بىرىنى كۆرۈپ قېلىپ:

– قاراپ بېقىڭلار، كىمكەن ئۇ؟ مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قويياتتىم، – دېدى. بىر ئادەم ئۇنىڭغا:

– ئى ئەبۇ ئابدۇرراھمان! ئۇ كىشىنى تونۇمامسەن؟! ئۇ ئۇسامەنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمەسمۇ؟ – دېۋىدى، ئىبنى ئۆمەر بېشىنى ساڭگىلىتىپ، قولى بىلەن يەرنى چىجىدى، ئاندىن:

– ئەگەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھايات) بولغان بولسا، ئۇنى چوقۇم ياخشى كۆرگەن بولاتتى، – دېدى.

(بۇخارى: 3734)

8814 – ابن شهاب قال: أول من أسلم زيد بن حارثة.

[1] ئەلبانى (799): زەئىپ، – دېگەن.

8814 ـ ئىبنى شىهاب مۇنداق دېگەن: زەيد ئىبنى هارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇنجى مۇسۇلمان بولغان كىشى ئىدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 4653)

8815 ـ عَنْ عَلِي قَالَ جَاءَ عَمارٌ يَسْتَأْذِنُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَـالَ ائْذَنُوا لَهُ مَرْحَبًا بِالطيبِ الْمُطَيبِ.

8815 ـ ئەلىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەممار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىلىپ، ئىجازەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ـ ياخشىلارنىڭ ياخشىسىغا ئىجازەت بېرىڭلار! ـ دېدى.[②]

(تىرمىزى: 3798)

8816 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْشِرْ عَمارُ تَقْتُلُكَ الْفِئَةُ الْبَاغِية.

8816 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم ئەممارغا:

«ئى ئەممار! ساڭا خۇش بېشارەت، سېنى زالىم پىرقە ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن[③].

(تىرمىزى: 3800)

8817 ـ وزاد رزين: واستسقى يوم صفين، فأتي بقعب فيه لبن، فلما نظر إليـه كبر ثم قال: أخبرني رسول اللهِ صلى الله عليه وسلم أن آخر رزقي من الدنيا صياح لبن في مثل هذا القعب، ثم حمل فلم ينثن حتى قتل.

[①] ھەيسەمى (15509): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2986): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ئەلبانى (2898): سەھىھ ـ دېگەن.

8817 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: سىففىن جېڭىدە ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇسسۇلۇق تەلەپ قىلىۋىدى، بىر جامدا سۈت كەلتۈرۈلدى. ئۇ سۈتكە قاراپ تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا دۇنيادىكى ئاخىرقى رىزقىمنىڭ مۇشۇنداق جامدا كەلتۈرۈلگەن سۈت بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى، ـ دېدى ـ دە، دۈشمەن سېپىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شېھىد بولدى.

8818 ـ عَنْ عِكْرِمَةَ أَن ٱبْنَ عَباسٍ قَالَ لَهُ وَلِعَلِي ٱبْنِ عَبْدِ اللهِ ائْتِيَا أَبَا سَعِيدٍ فَاسْمَعَا مِنْ حَدِيثِهِ فَأَتَيْنَاهُ وَهُوَ وَأَخُوهُ فِي حَائِطٍ لَهُمَا يَسْقِيَانِهِ فَلَما رَآنَا جَاءَ فَاحْتَبَى وَجَلَسَ فَقَالَ كُنا نَنْقُلُ لَبِنَ الْمَسْجِدِ لَبِنَةً لَبِنَةً وَكَانَ عَمارٌ يَنْقُلُ لَبِنَتَيْنِ لَبِنَتَيْنِ فَمَر بِهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَسَحَ عَنْ رَأْسِهِ الْغُبَارَ وَقَالَ وَيْحَ عَمارٍ تَقْتُلُهُ الْفِئَةُ الْبَاغِيَةُ عَمارٌ يَدْعُوهُمْ إِلَى اللهِ وَيَدْعُونَهُ إِلَى النارِ.

8818 ـ ئىكرىمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئوغلى ئەلى بىلەن ماڭا:

ــ ئىككىڭلار ئەبۇ سەئىدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ھەدىس ئاڭلاپ كېلىڭلار! ـ دېدى. بارساق، ئۇ قېرىندىشى بىلەن بىللە بىر باغقا سۇ باشلاۋاتقان ئىكەن. ئۇ بەكتىكىگە ئورۇنۇپ، ئىككى قولى بىلەن ئىككى تىزىنى قاماللاپ ئولتۇرۇپ، بىزگە ھەدىس سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېدى:

ــ بىز كېسەكنى بىردىن ـ بىردىن كۆتۈرسەك، ئەممار ئىككى ـ ئىككىدىن كۆتۈرەتتى. ئەممارنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بېشىدىكى چاڭ ـ توزاڭنى قېقىپ تۇرۇپ: «بىچار ئەممار! ئۇنى تويىلاڭچىلار ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ئەممار ئۇلارنى جەننەتكە چاقىرىپ تۇرسا، ئۇلار ئۇنى دوزاخقا چاقىرىدۇ» دېگەنىدى.

(بۇخارى: 2812)

8819 ـ عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا خُيِّرَ عَمارٌ بَيْنَ أَمْرَيْنِ إِلا اخْتَارَ أَرْشَدَهُمَا.

8819 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەممار قاچانكى ئىككى ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا دۇچ كەلسە، چوقۇم ئەڭ توغرىسىنى تاللاپ كەلدى»[1].

(تىرمىزى: 3799)

8820 ـ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُلِئَ عَمارٌ إِيمَانًا إِلَى مُشَاشِهِ.

8820 ـ بىر ساھابىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەممارنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى ئىمان بىلەن تولغان»[2].

(نەسائى: 5007)

8821 ـ على رفعه: دم عمار ولحمه حرام أن تطعمه على النار.

8821 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەممارنىڭ قېنىمۇ، گۆشىمۇ دوزاخقا ھارامدۇر»[3].

(بەززار: 2684)

8822 ـ عَنْ بِلالِ بْنِ يَحْيى، قَالَ: لَما قُتِلَ عُثْمَانُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، أَتى حُذَيْفَةُ، فَقِيلَ: يَا أَبا عَبْدِ اللهِ، قُتِلَ هَذَا الرجُلُ فَقَدِ اخْتَلَفَ الناسُ فَمَا تَقُولُ؟ فَقَالَ: أَسْنِدُونِي

---

[1] ئەلبانى (2987): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4634): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (15603): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

فَأَسْنَدُوهُ إِلَى صَدْرِ رَجُلٍ، فَقَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ: أَبُو الْيَقْظَانِ عَلَى الْفِطْرَةِ أَبُو الْيَقْظَانِ عَلَى الْفِطْرَةِ لاَ يَدَعُهَا حَتى يَمُوتَ أَوْ يَمَسهُ الْهَرَمُ.

8822 ـ بىلال ئىبنى يەھيادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرۈلگەندە، كىشىلەر ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ ئەي ئەبۇ ئابدۇللاھ! بۇ خەلىپە ئۆلتۈرۈلدى. ئىنسانلار (كىمنىڭ توغرا يولدا ئىكەنلىكىدە) ئىختىلاپ قىلىشىۋاتىدۇ، سەن بۇ ھەقتە نېمە دەيسەن؟ ـ دەپ سوراشقاندى، ئۇ:

ــ مېنى يۆلەڭلار! ـ دېدى، كىشىلەر ئۇنى بىرەيلەننىڭ مەيدىسىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەبۇ يەقزان (يەنى ئەممار ئىبنى ياسىر) توغرا يولدا بولىدۇ، ئەبۇ يەقزان توغرا يولدا بولىدۇ. ئۇ تاكى ئۆلگىچە ياكى قېرىپ كەتكىچە توغرا يولدىن ئايرىلمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[①].

(بەززار: 2687؛ «ئەلئەۋسەت»)

8823 ـ عن عُثْمَان رَضِيَ اللهُ عَنْهُ : أَقْبَلْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ آخِذًا بِيَدِي نَتَمَشى فِي الْبَطْحَاءِ حَتى أَتى عَلَى أَبِيهِ وَأُمِهِ وَعَلَيْهِ يُعَذبُونَ فَقَالَ أَبُو عَمارٍ يَا رَسُولَ اللهِ الدهْرَ هَكَذَا فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اصْبِرْ ثُم قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِآلِ يَاسِرٍ.

8823 ــ ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىمىز قول تۇتۇشقان ھالدا بەتھا دېگەن جايدىن ئۆتۈپ، ئەممارنىڭ ئائىلىسىنىڭ قېشىغا كەلدۇق، مۇشرىكلار ئۇلارنى قىيناۋاتقانىكەن، ئەممارنىڭ دادىسى:

---

① ھەيسەمى (15605): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

— ئى رەسۇلۇللاھ! زامان مۇشۇنداق بولامدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

- سەۋر قىلغىن! - دېگەندىن كېيىن:

— ئى الله! ياسىر ئائىلىسىنى مەغپىرەت قىلغىن! — دەپ دۇئا قىلدى[1].

(ئەھمەد: 441)

8824 - للكبير: اصْبِرُوا آلَ يَاسِرٍ مَوْعِدُكُمُ الْجَنةُ.

8824 — «ئەلكەبىر»دە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى ياسىرنىڭ ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار، بارار جايىڭلار جەننەتتۇر»[2].

(«ئەلكەبىر»: 303/24)

8825 - عن الحسن قال كان عمار يقول قاتلت مع رسول الله ﷺ الجن والإنس أرسلۀ إلى بئر بدر فلقيت الشيطان في صورة الإنس فصارعۀ فصرعته فجعلت أدقه بفهر معي أو حجر معي فقال رسول الله ﷺ عمار لقي الشيطان عند البئر فقاتله فما عـدا أن رجعت فأخ∃ته فقال ذاك الشيطان.

8825 - ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئىنسى - جىنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بەدر قۇدۇقىغا ئەۋەتتى، قۇدۇق بېشىدا ئىنسان سىياقىغا كىرىۋالغان شەيتان بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، ئېلىشىشقا باشلىدىم. ئاخىرى، ئۇنى يىقىتىپ، بېشىنى تاش بىلەن ئەزدىم. دەل شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

---

[1] ھەيسەمى (15589): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15591): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

ــ ئەممار قۇدۇق بېشىدا شەيتانغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى، ـ دېگەن ئىكەن. قايتىپ بېرىپ، قۇدۇق بېشىدا بولغان ۋەقەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ بەرگەنىدىم، ماڭا:

ــ سەن شەيتان بىلەن ئېلىشتىڭ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

8826 ـ خالد بن الوليد رفعه: من يَحْقِرُ عَمارًا يَحْقِرُهُ اللهُ وَمَنْ يَسُب عَمارًا يَسُبُهُ اللهُ وَمَنْ يَنْتَقِصُ عَمارًا يَنْتَقِصُهُ اللهُ.

8826 ــ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئەممارغا ھاقارەت قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭغا ھاقارەت قىلىدۇ. كىمكى ئەممارنى تىللايدىكەن، الله ئۇنى تىللايدۇ. كىمكى ئەممارنى كەمسىتىدىكەن، الله ئۇنى كەمسىتىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 3832)

8827 ـ وفي رواية: إنه من يُعَادِي عَمارًا يُعَادِيه اللهُ.

8827 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: «كىم ئەممارغا دۈشمەنلىك قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 3831)

8828 ـ عمرو ابن العاص وقد أتاه رجلان يختصمان فى دم عمار وسلبه. فقال عمرو: خليا عنه. فإنى سمعت النبى صلى الله عليه وسلم يقول: قاتل عمار وسلبه فى النار.

[1] ھەيسەمى (15594): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۇستازى يەئقۇب ئىبنى ئىسھاق مەخزۇمىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىنى تونۇمايمەن. راۋىيلىرىدىن يەنە ھەكەم ئىبنى ئەتىييەگە ھەرخىل باھا بېرىلگەن. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15596): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىنىڭ بەزىلىرى ئىمام ئەھمەدنىڭ سەنەدىگە ئوخشايدۇ. بۇ سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىك، باشقا سەنەدلىرىنىڭ بەزىسى مۇرسەل، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (15595): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8828 ـــ ئەمــر ئىبنــى ئـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىككى ئادەم ئۇنىڭ قېشىغا: ”ئەممارنىڭ قاتىلىمەن“ دەپ، ئولجىسىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەندى، ئەمر ئۇلارغا:

ـــ بولـدى قىلىڭلار، مەن پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەمنىڭ: «ئەممارنىڭ قاتىلى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئولجا ئالغۇچى دوزاختا بولىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»)

8829 ـ عن عبد اللهِ بن الْحَارِثِ أَن عَمْرَو بن الْعَاصِ قال لِمُعَاوِيَةَ يا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَمَا سَمِعْتَ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يقول حين كان يَبْنِي الْمَسْجِدَ لِعَمارٍ إنكَ لَحَرِيصٌ على الْجِهَادِ وَإِنكَ لَمِنْ أَهْلِ الْجَنةِ وَلَتقْتُلُكَ الْفِئَةُ الْبَاغِيَةُ قال بَلَى قال فَلِمَ قَتَلْتُمُوهُ قال وَاللهِ ما تَزَالُ تَدْحَضُ في بَوْلِكَ أَنَحْنُ قَتَلْنَاهُ إنما قَتَلَهُ الذي جاء بِهِ.

8829 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـــ ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن! سەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسـەللەمنىڭ مەسـجىد سـېلىۋاتقاندا ئەممارغـا: «سـەن جىھادقـا ھېرىسمەن ئادەمسەن، سەن جەننەت ئەھلىدۇرسەن، سېنى زالىم پىرقە ئۆلتۈرىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مۇئاۋىيە:

ـ ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى. ئەمر:

ـ ئەمىسە ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭلار؟ ـ دېۋىدى، مۇئاۋىيە:

ـ سەن تېخىچە سۈيدۈكىڭگە تېيىلىپ يۈرگەن ئادەم ئىكەنسەن، ئۇنى بىز ئۆلتۈرمىدۇق، بەلكى ئۇنى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىققان كىشى ئۆلتۈردى، ـ دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»: 330/19)

[①] ھەيسەمى (15619): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن

[②] ھەيسەمى (15621): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8830 ـ وعن كلثوم بن جبر: قيل لقاتل عمار: كيف كان أمر عمار؟ قال كنا نعد عمارا من خيارنا حتى سمعته يوما في مسجد قباء يقع في عثمان فلو خلصت إليه لوطئته برجلي فما صليت بعد ذلك صلاة إلا قلت اللهم لقني عمارا فلما كان يوم صفين استقبلني رجل يسوق الكتيبة فاختلفت أنا وهو ضربتين فبدرته فضربته فكبا لوجهه ثم قتلته.

8830 ـ كۇلسۇم ئىبنى جەبىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتىلىدىن:

ـ ئەممار قانداق ئۆلتۈرۈلدى؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ بىز ئەممارنى ئەڭ ياخشى كىشىلىرىمىزدىن دەپ بىلەتتۇق. بىر كۈنى، ئۇنىڭ قۇبا مەسجىدىدە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم ـ دە، ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ”ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشەلىسەم، ئۇنى پۇتۇم بىلەن يانچىۋەتكەن بولاتتىم“ دېدىم ۋە شۇندىن ئېيتىبارەن ھەر نامازدىن كېيىن: ”ئى الله! مېنى ئەممارغا ئۇچراشتۇرغىن“ دەپ دۇئا قىلىدىغان بولدۇم. سىففىن جېڭى بولغان كۈنى، ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېتىۋاتقان بىرىنى كۆرۈپ قالدىم. ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ بىردىن قىلىچ ئۇردۇق. ئىككىنچى قېتىمدا مەن ئۇنىڭدىن چاققان چىقىپ، قىلىچىم بىلەن بىر چېپىۋىدىم، ئۇ دۈم چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم[1].

(«ئەلكەبىر»: 363/22)

8831 ـ عن عَلِي قال قال رسول اللهِ ﷺ لو كنت مُؤَمِّرًا أَحَدًا من غَيْرِ مَشُورَةٍ منهم لَأَمَّرْتُ عليهم بن أُم عَبْدٍ.

8831 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (15627): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئىمام ئەھمەدنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ قىسقارتىپ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

«ئەگەر مەسلىھەتسىز بىر كىمنى باش قىلىدىغان بولسام، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنى كىشىلەرگە ئەمىر قىلىپ قويغان بولاتتىم»[1].

(تىرمىزى: 3808)

8832 ـ عن عبد الرحمن بن يَزِيدَ قال سَأَلْنا حُذَيْفَةَ عن رَجُلٍ قَرِيبِ السَّمْتِ وَالْهَدْيِ من النبي ﷺ حتى نَأْخُذَ عنه فقال ما أَعْرِفُ أَحَدًا أَقْرَبَ سَمْتًا وَهَدْيًا وَدَلًّا بِالنبي ﷺ من بن أُمِّ عَبْدٍ.

8832 ـ ئابدۇرراھمان ئىبنى يەزىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ تەققى ـ تۇرقى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەڭ ئوخشايدىغان بىرىنى كۆرسىتىپ قويساڭ، (ئىلمىنى) ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن بولساق، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ تەققى ـ تۇرقى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇممۇ ئەبدىنىڭ ئوغلىدىنمۇ (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىنمۇ) بەكرەك ئوخشايدىغان بىرىنى بىلمەيمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 3762)

8833 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَدِمْتُ أَنا وَأَخِي مِنْ الْيَمَنِ فَمَكُثْنا حِينًا مَا نُرَى إلا أن عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ بَيْتِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِمَا نَرَى مِنْ دُخُولِهِ وَدُخُولِ أُمِهِ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8833 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قېرىندىشىم ئىككىمىز يەمەندىن مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەنىدۇق. خېلى بىر زامانلارغىچە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

[1] ئەلبانى (796): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئائىلىسىدىن ئوخشايدۇ دەپ يۈرۈپتۇق. چۈنكى ئۇلار ھەر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە بىمالال كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى.

(بۇخارى: 3763)

8834 ـ عن أبي الْأَحْوَصِ قَالَ شَهِدْتُ أَبَا مُوسَى وَأَبَا مَسْعُودٍ حِينَ مَاتَ ابْنُ مَسْعُودٍ فَقَالَ أَحَدُهُمَا لِصَاحِبِهِ أُتُرَاهُ تَرَكَ بَعْدَهُ مِثْلَهُ فَقَالَ إِنْ قُلْتَ ذَاكَ إِنْ كَانَ لَيُؤْذَنُ لَهُ إِذَا حُجِبْنَا وَيَشْهَدُ إِذَا غِبْنَا.

8834 ـ ئەبۇ ئەھۋەستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەبۇ مۇسا بىلەن ئەبۇ مەسئۇدنى كۆردۇم. ئىبنى مەسئۇد ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇ ئىككىسىدىن بىرى يەنە بىرىگە:

ـ ئەجەبا، ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، يەنە بىرى:

ـ توغرا ئېيتتىڭ. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت بېرىلمىگەن بىلەن، ئۇنىڭغا بېرىلەتتى. بىز يوق چاغلاردىمۇ، ئۇ ھەمىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بولاتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2461)

8835 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ مَسْعُودٍ أن أَبَا بَكْرٍ وَعُمَرَ بَشرَاهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَحَب أَنْ يَقْرَأَ الْقُرْآنَ غَضا كَمَا أُنزِلَ فَلْيَقْرَأْهُ عَلَى قِرَاءَةِ ابْنِ أُم عَبْدٍ.

8835 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر ئىككىسى ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىم قۇرئاننى نازىل قىلىنغان پېتى ئوقۇشنى خالىسا، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتىدە ئوقۇسۇن» دېگەن مۇبارەك سۆزىنى يەتكۈزگەن[1].

(ئىبنى ماجە: 138)

[1] ئەلبانى (114): سەھىھ ـ دېگەن.

8836 ـ عَن بن مَسْعُودٍ قال لقد رَأَيْتُنِي سَادِسَ سِتةٍ ما على ظَهْرِ الأَرْضِ مُسْلِمٌ غَيْرُنَا.

8836 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئالتىنچى بولۇپ مۇسۇلمان ئىيتتىم، يەر يۈزىدە بىزدىن باشقا مۇسۇلمان يوق ئىدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 8406)

8837 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الصامِتِ قَالَ قَالَ أَبو ذَر خَرَجْنَا مِنْ قَوْمِنَا غِفَارٍ وَكَانُوا يُحِلونَ الشهْرَ الْحَرَامَ فَخَرَجْتُ أَنا وَأَخِي أُنَيسٌ وَأُمنَا فَنزَلْنا عَلَى خَالٍ لَنا فَأَكْرَمَنَا خَالُنَا وَأَحْسَنَ إِلَيْنا فَحَسَدَنَا قَوْمُهُ فَقَالُوا إِنكَ إِذَا خَرَجْتَ عَنْ أَهْلِكَ خَالَفَ إِلَيْهِمْ أُنَيسٌ فَجَاءَ خَالُنَا فَنَثَا عَلَيْنَا الذِي قِيلَ لَهُ فَقُلْتُ أَما مَا مَضَى مِنْ مَعْرُوفِكَ فَقَدْ كَدرْتَهُ وَلَا جِمَاعَ لَكَ فِيمَا بَعْدُ فَقَرَبْنا صِرْمَتَنَا فَاحْتَمَلْنا عَلَيْهَا وَتَغَطى خَالُنا ثَوْبَهُ فَجَعَلَ يَبْكِي فَانْطَلَقْنا حَتى نَزَلْنا بِحَضْرَةِ مَكةَ فَنَافَرَ أُنَيسٌ عَنْ صِرْمَتِنَا وَعَنْ مِثْلِهَا فَأَتَيَا الْكَاهِنَ فَخَيرَ أُنَيْسًا فَأَتَانَا أُنَيْسٌ بِصِرْمَتِنَا وَمِثْلِهَا مَعَهَا قَالَ وَقَدْ صَليْتُ يَا ابْنَ أَخِي قَبْلَ أَنْ أَلْقَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِثَلَاثِ سِنِينَ قُلْتُ لِمَنْ قَالَ لِلهِ قُلْتُ فَأَيْنَ تَوَجهُ قَالَ أَتَوَجهُ حَيْثُ يُوَجهُنِي رَبي أُصَلي عِشَاءً حَتى إِذَا كَانَ مِنْ آخِرِ الليْلِ أُلْقِيتُ كَأَني خِفَاءٌ حَتى تَعْلُوَنِي الشمْسُ فَقَالَ أُنَيْسٌ إِن لِي حَاجَةً بِمَكةَ فَاكْفِنِي فَانْطَلَقَ أُنَيْسٌ حَتى أَتَى مَكةَ فَرَاثَ عَلَي ثُم جَاءَ فَقُلْتُ مَا صَنَعْتَ قَالَ لَقِيتُ رَجُلًا بِمَكةَ عَلَى دِينِكَ يَزْعُمُ أَن اللهَ أَرْسَلَهُ قُلْتُ فَمَا يَقُولُ الناسُ قَالَ يَقُولُونَ شَاعِرٌ كَاهِنٌ سَاحِرٌ وَكَانَ أُنَيْسٌ أَحَدَ الشعَرَاءِ قَالَ أُنَيْسٌ لَقَدْ سَمِعْتُ قَوْلَ الْكَهَنَةِ فَمَا هُوَ بِقَوْلِهِمْ وَلَقَدْ وَضَعْتُ قَوْلَهُ عَلَى أَقْرَاءِ الشعْرِ فَمَا يَلْتَئِمُ عَلَى لِسَانِ أَحَدٍ بَعْدِي أَنهُ شِعْرٌ وَاللهِ إِنهُ لَصَادِقٌ وَإِنهُمْ لَكَاذِبُونَ قَالَ قُلْتُ فَاكْفِنِي حَتى أَذْهَبَ فَأَنْظُرَ قَالَ فَأَتَيْتُ مَكةَ فَتَضَعفْتُ رَجُلًا مِنْهُمْ فَقُلْتُ أَيْنَ هَذَا الذِي تَدْعُونَهُ الصابِئَ فَأَشَارَ إِلَي فَقَالَ الصابِئَ فَمَالَ عَلَي أَهْلُ الْوَادِي بِكُل مَدَرَةٍ وَعَظْمٍ حَتى خَرَرْتُ مَغْشِيا عَلَي قَالَ فَارْتَفَعْتُ حِينَ

---

[①] ھەيسەمى (15550): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ارْتَفَعْتُ كَأَنِّي نُصُبٌ أَحْمَرُ قَالَ فَأَتَيْتُ زَمْزَمَ فَغَسَلْتُ عَنِّي الدِّمَاءَ وَشَرِبْتُ مِنْ مَائِهَا وَلَقَدْ لَبِثْتُ يَا ابْنَ أَخِي ثَلَاثِينَ بَيْنَ لَيْلَةٍ وَيَوْمٍ مَا كَانَ لِي طَعَامٌ إِلَّا مَاءُ زَمْزَمَ فَسَمِنْتُ حَتَّى تَكَسَّرَتْ عُكَنُ بَطْنِي وَمَا وَجَدْتُ عَلَى كَبِدِي سُخْفَةَ جُوعٍ قَالَ فَبَيْنَا أَهْلُ مَكَّةَ فِي لَيْلَةٍ قَمْرَاءَ إِضْحِيَانَ إِذْ ضُرِبَ عَلَى أَسْمِخَتِهِمْ فَمَا يَطُوفُ بِالْبَيْتِ أَحَدٌ وَامْرَأَتَيْنِ مِنْهُمْ تَدْعُوَانِ إِسَافًا وَنَائِلَةَ قَالَ فَأَتَتَا عَلَيَّ فِي طَوَافِهِمَا فَقُلْتُ أَنْكِحَا أَحَدَهُمَا الْأُخْرَى قَالَ فَمَا تَنَاهَتَا عَنْ قَوْلِهِمَا قَالَ فَأَتَتَا عَلَيَّ فَقُلْتُ هَنٌ مِثْلُ الْخَشَبَةِ غَيْرَ أَنِّي لَا أَكْنِي فَانْطَلَقَتَا تُوَلْوِلَانِ وَتَقُولَانِ لَوْ كَانَ هَاهُنَا أَحَدٌ مِنْ أَنْفَارِنَا قَالَ فَاسْتَقْبَلَهُمَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَبُو بَكْرٍ وَهُمَا هَابِطَانِ قَالَ مَا لَكُمَا قَالَتَا الصَّابِئُ بَيْنَ الْكَعْبَةِ وَأَسْتَارِهَا قَالَ مَا قَالَ لَكُمَا قَالَتَا إِنَّهُ قَالَ لَنَا كَلِمَةً تَمْلَأُ الْفَمَ وَجَاءَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى اسْتَلَمَ الْحَجَرَ وَطَافَ بِالْبَيْتِ هُوَ وَصَاحِبُهُ ثُمَّ صَلَّى فَلَمَّا قَضَى صَلَاتَهُ قَالَ أَبُو ذَرٍّ فَكُنْتُ أَنَا أَوَّلَ مَنْ حَيَّاهُ بِتَحِيَّةِ الْإِسْلَامِ قَالَ فَقُلْتُ السَّلَامُ عَلَيْكَ يَا رَسُولَ اللَّهِ فَقَالَ وَعَلَيْكَ وَرَحْمَةُ اللَّهِ ثُمَّ قَالَ مَنْ أَنْتَ قَالَ قُلْتُ مِنْ غِفَارٍ قَالَ فَأَهْوَى بِيَدِهِ فَوَضَعَ أَصَابِعَهُ عَلَى جَبْهَتِهِ فَقُلْتُ فِي نَفْسِي كَرِهَ أَنْ انْتَمَيْتُ إِلَى غِفَارٍ فَذَهَبْتُ آخُذُ بِيَدِهِ فَقَدَعَنِي صَاحِبُهُ وَكَانَ أَعْلَمَ بِهِ مِنِّي ثُمَّ رَفَعَ رَأْسَهُ ثُمَّ قَالَ مَتَى كُنْتَ هَاهُنَا قَالَ قُلْتُ قَدْ كُنْتُ هَاهُنَا مُنْذُ ثَلَاثِينَ بَيْنَ لَيْلَةٍ وَيَوْمٍ قَالَ فَمَنْ كَانَ يُطْعِمُكَ قَالَ قُلْتُ مَا كَانَ لِي طَعَامٌ إِلَّا مَاءُ زَمْزَمَ فَسَمِنْتُ حَتَّى تَكَسَّرَتْ عُكَنُ بَطْنِي وَمَا أَجِدُ عَلَى كَبِدِي سُخْفَةَ جُوعٍ قَالَ إِنَّهَا مُبَارَكَةٌ إِنَّهَا طَعَامُ طُعْمٍ فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ يَا رَسُولَ اللَّهِ ائْذَنْ لِي فِي طَعَامِهِ اللَّيْلَةَ فَانْطَلَقَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَبُو بَكْرٍ وَانْطَلَقْتُ مَعَهُمَا فَفَتَحَ أَبُو بَكْرٍ بَابًا فَجَعَلَ يَقْبِضُ لَنَا مِنْ زَبِيبِ الطَّائِفِ وَكَانَ ذَلِكَ أَوَّلَ طَعَامٍ أَكَلْتُهُ بِهَا ثُمَّ غَبَرْتُ مَا غَبَرْتُ ثُمَّ أَتَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ إِنَّهُ قَدْ وُجِّهَتْ لِي أَرْضٌ ذَاتُ نَخْلٍ لَا أُرَاهَا إِلَّا يَثْرِبَ فَهَلْ أَنْتَ مُبَلِّغٌ عَنِّي قَوْمَكَ عَسَى اللَّهُ أَنْ يَنْفَعَهُمْ بِكَ وَيَأْجُرَكَ فِيهِمْ فَأَتَيْتُ أُنَيْسًا فَقَالَ مَا صَنَعْتَ قُلْتُ صَنَعْتُ أَنِّي قَدْ أَسْلَمْتُ وَصَدَّقْتُ قَالَ مَا بِي رَغْبَةٌ عَنْ دِينِكَ فَإِنِّي قَدْ أَسْلَمْتُ وَصَدَّقْتُ فَأَتَيْنَا أُمَّنَا فَقَالَتْ مَا بِي رَغْبَةٌ عَنْ دِينِكُمَا فَإِنِّي قَدْ أَسْلَمْتُ وَصَدَّقْتُ فَاحْتَمَلْنَا حَتَّى أَتَيْنَا قَوْمَنَا غِفَارًا فَأَسْلَمَ نِصْفُهُمْ وَكَانَ يَؤُمُّهُمْ أَيْمَاءُ بْنُ رَحَضَةَ الْغِفَارِيُّ وَكَانَ سَيِّدَهُمْ وَقَالَ نِصْفُهُمْ إِذَا قَدِمَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ

وَسَلمَ الْمَدِينَةَ أَسْلَمْنَا فَقَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ فَأَسْلَمَ نِصْفُهُمْ الْبَاقِي وَجَاءَتْ أَسْلَمُ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِخْوَتُنَا نُسْلِمُ عَلَى الذِي أَسْلَمُوا عَلَيْهِ فَأَسْلَمُوا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ غِفَارُ غَفَرَ اللهُ لَهَا وَأَسْلَمُ سَالَمَهَا اللهُ.

8837 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئانام ۋە قېرىندىشىم ئۇنەيس بىلەن هارام قىلىنغان ئاينىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىمىغان قەۋمىمىز (غىفار)دىن يېنىپ چىقىپ، بىر تاغىمىزنىڭ يېنىغا باردۇق. تاغىمىز بىزنى ناھايىتى ئوبدان كۈتۈپ، ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى. لېكىن قەۋمى بىزدىن ھەسەت قىلىپ، تاغامغا:

ــ سەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە، ئۇنەيس ئايالىڭنىڭ يېنىغا كىرىپ چىقىۋاتىدۇ، ـ دەپتۇ. تاغام ئۆيگە كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ قويدى. مەن:

ــ ئەي تاغا! بىزگە قىلغان بارلىق ياخشىلىقىڭنى يوققا چىقاردىڭ، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغلىرىمىزنى تەييارلاپ، يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئارتىپ يولغا چىقتۇق. تاغىمىز يۈزىنى كىيىمىگە يۆگەپ، ئارقىمىزدىن ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە قېلىپ قالدى. شۇ ماڭغانچە، مەككىگە يېقىن بىر يەرگە بېرىپ چۈشتۇق. ئۇنەيس باشقىلار بىلەن قوشاق ئېيتىشىش ئۈچۈن بارلىق تۆگىمىزنى دوغا تىكتى ۋە ئۇلار بىلەن بىر كاھىننىڭ يېنىغا كەتتى. ئۇنەيس قوشاقتا ئۇلارنى يېڭىۋالغاچقا، بىزنىڭ تۆگىلىرىمىزنىڭ بىر باراۋىرىدە تۆگە بىلەن قايتىپ كەلدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتىن ئۈچ يىل بۇرۇنلا ناماز ئوقۇشقا باشلىغانىدىم.

(راۋىي مۇنداق دەيدۇ) مەن ئۇنىڭدىن:

ــ كىم ئۈچۈن ئوقۇيتتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ الله ئۈچۈن، ـ دېدى.

ــ نەگە يۈزلىنەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ الله قاياققا يۈزلەندۈرسە، شۇ تەرەپكە قاراپ ئوقۇيتتىم. خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەتىسى كۈن تىكلەنگۈچە خۇددى ئىچى قۇرۇق تاغاردەك ئۇخلاپ كېتەتتىم، ـ دېدى.

(ئەبۇ زەرنىڭ سۆزى مۇنداق داۋاملىشىدۇ) قېرىندىشىم ئۇنەيس:

ـ مېنىڭ مەككىدە ئىشىم بار. نەرسە ـ كېرەكلىرىمگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ قويغىن، ـ دەپ قويۇپ كەتتى ۋە خېلى ئۇزۇندا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن:

ـ بۇ چاغقىچە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم ئۇ:

ــ مەككىدە سېنىڭ دىنىڭغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىر ئادەمنى ئۇچراتتىم. ئۇ ئۆزىنى الله ئەۋەتكەن پەيغەمبەر دەپ ئاتايدىكەن، ـ دېدى. مەن:

ـ خەلقچۇ؟ خەلق ئۇنىڭغا قانداق قارايدىكەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ خەلق ئۇنى شائىر، كاھىن ۋە سېھىرگەر دەپ قارايدىكەن. مەن كاھىنلارنىڭ سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانمەن، ئۇنىڭ سۆزلىرى كاھىنلارنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. (ئۇنەيس خېلىلا يېتىلگەن شائىر ئىدى) شېئىر ۋەزىنلىرىگىمۇ سېلىپ باقتىم، لېكىن ئۇ سۆزلەرنى شېئىر دېيىشكە قەتئىي تىلىم بارمىدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ راستچىل، خەلق يالغانچى ئىكەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ:

ــ مەنمۇ بېرىپ (ئەھۋال ئىگەللەپ) كېلەي، سەن مېنىڭ نەرسىلىرىمگە كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرغىن! ـ دېدىم ۋە مەككىگە كىرىپ، ئاجىزراق بىر كىشىنى تېپىپ:

ـ سىلەر ”ئازغۇن“ دەپ قارايدىغان ئۇ ئادەم قەيەردە؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ ئادەم:

ـ دېمەك، سەنمۇ ئازغۇن ئىكەنسەن، سەنمۇ ئازغۇن ئىكەنسەن، ـ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەتراپتىكى خەلق يىغىلىپ كېلىپ، قولىغا چىققان چالما ـ كېسەك بىلەن باش ـ كۆزۈمنى يېرىپ ئايلاندۇرۇۋەتتى. هوشۇمغا كەلگىنىمدە، باش ـ كۆزۈم ۋە كىيىم ـ

كېچىكىمنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆردۇم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، زەمزەمنىڭ يېنىغا باردىم ۋە ئۇستى - بېشىمدىكى قاننى يۇغاندىن كېيىن، سۇدىن قانغىچە ئىچتىم. ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! 30 كېچە - كۈندۈزگىچە زەمزەم سۈيىدىن باشقا تائام يوق ھالدا ياشىدىم. سۇنى ئىچىۋېرىپ شۇنداق سېمىرىپ كەتتىمكى، قورسىقىم كۆپۈپ ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالغانىدى، پەقەتلا ئاچلىق ھېس قىلمايتتىم. بىر ئايدىڭ كېچىسى، كەئبىدە ئىككى ئايالدىن باشقا تاۋاپ قىلىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى. قارىغۇدەك بولسام، ئۇ ئىككى ئايال ئىساف بىلەن نائىلەگە دۇئا قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار مېنىڭ يېنىمغا كەلگەنىدى، مەن:

— ئۇلارنى نىكاھلاپ قويساڭلار بولمامدۇ؟ - دېدىم. لېكىن ئۇلار سۆزۈمگە پەرۋا قىلماي دۇئاسىنى داۋاملاشتۇردى. بىر كەمدىن كېيىن، يېنىمغا يەنە كەلگەنىدى، مەن:

- ئۇلار ئوتۇنغىلا ئوخشايدىكەن، - دېدىم. ئىككىسى غەزەپلىنىپ:

- ئەرلىرىمىز بۇ يەردە بولغان بولسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرەتتىڭ، - دېيىشكىنىچە ئۆيلىرىگە قايتتى. يولدا ئۇلارغا يۇقىرىدىن كەئبىگە قاراپ كېلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى ئۇچرىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

- نېمە بولدۇڭلار؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

- كەئبە يوپۇقىنىڭ ئىچىگە بىر دىنسىز كىرىۋاپتۇ، - دېيىشتى.

- ئۇ سىلەرگە نېمە دېدى؟ - دەپ سورىغانىدى:

— ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى قىلدى، - دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى كېلىپ، ھەجەرى ئەسۋەدنى سىلىغاندىن كېيىن، كەئبىنى تاۋاپ قىلدى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى. نامىزىنى ئوقۇپ بولۇشىغا مۇسۇلمانلارنىڭ سالىمى بىلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئى رەسۇلۇللاھ! — دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى، كىم بولىسەن؟ - دېدى.

ــ غىفار قەبىلىسىدىن بولىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، قولىنى پېشانىسىگە قويدى. مېنىڭ غىفار قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىمنى ياقتۇرمىغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتماقچى بولغانىدىم، ئەبۇ بەكرى مېنى توسۇۋالدى. ئەبۇ بەكرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەندىن ياخشى بىلەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ سەن قاچاندىن بېرى بۇ يەردە؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ 30 كۈن بولدى، ـ دېدىم.

ــ كىم ساڭا تائام بەردى؟

ــ زەمزەمدىن باشقا نەرسە ئىچمىدىم. سۇنى ئىچىۋېرىپ، تولۇمدەك سېمىرىپ كەتتىم. قورسىقىم كۆپۈپ ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالدى.

ــ زەمزەم بەرىكەتلىك سۇ، قورساقنى توق تۇتىدۇ. ئەبۇ بەكرى سۆز قىلدى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭ، بۇ كېچە بۇنىڭغا تائام بەرسەم، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى ئىككىسى (سىرتقا) ماڭدى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئەبۇ بەكرى بىر ئىشىكنى ئېچىپ، ئالدىمىزغا تائىفنىڭ قۇرۇق ئۈزۈمىدىن ئەكەلدى. بۇ مېنىڭ مەككىدىكى تۇنجى تامىقىم ئىدى. ئارىدىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ماڭا خورمىزارلىق بىر يەر كۆرسىتىلدى. ئۇنى مەدىنە دەپ قارايمەن. سەن ئۆز قەۋمىڭگە قايتىپ، ئۇلارغا مېنىڭ نامىمدا تەبلىغ قىلغىن. اللە سېنىڭ ۋەسىلەڭ بىلەن ئۇلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرۈپ قالسا، ساڭا كاتتا ئەجىر بولىدۇ، ـ دېدى.

دەرھال (قېرىندىشىم) ئۇنەيسنىڭ يېنىغا قايتتىم، ئۇ:

ــ قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ مەن مۇسۇلمان بولدۇم ۋە ئىمان كەلتۈردۈم، ـ دېدىم. ئۇ:

— سېنىڭ دىنىڭدىن يۈز ئۆرۈگۈم يوق. شۇڭا مەنمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئىمان ئېيتاي، - دېدى. ئاندىن ئانىمىزنىڭ يېنىغا باردۇق. ئۇمۇ:

— مېنىڭ سىلەرنىڭ دىنىڭلاردىن يۈز ئۆرۈگۈم يوق، مەنمۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئىمان كەلتۈرىمەن، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلاغلىرىمىزغا مىنىپ، قەۋمىمىزگە قايتتۇق. قەۋمىنىڭ يېرىمى ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. ئۇلارغا ئەيما ئىبنى رەھەزە غىفارى ئىمامەتچىلىك قىلدى، چۈنكى ئۇ قەۋمىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. قالغان يېرىمى:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە مۇسۇلمان بولىمىز، - دېيىشتى. دەرۋەقە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، قالغان يېرىمىمۇ مۇسۇلمان بولدى. كۆپ ئۆتمەي، ئەسلەم قەبىلىسى يېتىپ كېلىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىنداشلىرىمىز ئېتىقاد قىلغانغا بىزمۇ ئېتىقاد قىلىمىز، - دېدى ۋە مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— الله تائالا غىفار قەبىلىسىنى مەغپىرەت قىلسۇن ۋە ئەسلەم قەبىلىسىنى سالامەت قىلسۇن! - دېدى.

(مۇسلىم: 2461)

8838 - وفي رواية: أن أبا ذر تزود وحمل شنة له فيها ماء حتى قدم مكة فأتى المسجد فالتمس النبي صلى الله عليه وسلم ولا يعرفه وكره أن يسأل عنه حتى أدركه يعني الليل فاضطجع فرآه علي فعرف أنه غريب فلما رآه تبعه فلم يسأل واحد منهما صاحبه عن شيء حتى أصبح ثم احتمل قربته وزاده إلى المسجد فظل ذلك اليوم ولا يرى النبي صلى الله عليه وسلم حتى أمسى فعاد إلى مضجعه فمر به علي فقال ما أنى للرجل أن يعلم منزله فأقامه فذهب به معه ولا يسأل واحد منهما صاحبه عن شيء حتى إذا كان يوم الثالث فعل مثل ذلك فأقامه علي معه ثم قال له ألا تحدثني ما الذي أقدمك هذا البلد قال إن أعطيتني عهدا وميثاقا لترشدني فعلت ففعل فأخبره فقال فإنه حق وهو

رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا أَصْبَحْتَ فَاتِبَعْنِي فَإِني إِنْ رَأَيتُ شَيْئًا أَخَافُ عَلَيْكَ قُمْتُ كَأَني أُرِيقُ الْمَاءَ فَإِنْ مَضَيْتُ فَاتِبَعْنِي حَتى تَدْخُلَ مَدْخَلِي فَفَعَلَ فَانطَلَقَ يَقْفُوهُ حَتى دَخَلَ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدَخَلَ مَعَهُ فَسَمِعَ مِنْ قَوْلِهِ وَأَسْلَمَ مَكَانَهُ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ارْجِعْ إِلَى قَوْمِكَ فَأَخْبِرْهُمْ حَتى يَأْتِيَكَ أَمْرِي فَقَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَأَصْرُخَن بِهَا بَيْنَ ظَهْرَانَيهِمْ فَخَرَجَ حَتى أَتَى الْمَسْجِدَ فَنَادَى بِأَعْلَى صَوْتِهِ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَن مُحَمدًا رَسُولُ اللهِ وَثَارَ الْقَوْمُ فَضَرَبُوهُ حَتى أَضْجَعُوهُ فَأَتَى الْعَباسُ فَأَكَب عَلَيْهِ فَقَالَ وَيْلَكُمْ أَلَسْتُمْ تَعْلَمُونَ أَنهُ مِنْ غِفَارٍ وَأَن طَرِيقَ تُجارِكُمْ إِلَى الشامِ عَلَيْهِمْ فَأَنْقَذَهُ مِنْهُمْ ثُم عَادَ مِنْ الْغَدِ بِمِثْلِهَا وَثَارُوا إِلَيْهِ فَضَرَبُوهُ فَأَكَب عَلَيْهِ الْعَباسُ فَأَنْقَذَهُ.

8838 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاپ، بىر تۇلۇم سۇنى ئېلىپ، مەككىگە كەلدى. كەئبىگە كىرىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىزدىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تونۇمايتتى. ئەمما بىر كىمدىن سوراشنى خالىمىدى. شۇنداق قىلىپ، كەچ كىرىپ كەتتى، بىر يەرنى تېپىپ ياتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈپ، مۇساپىر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەبۇ زەرمۇ ئەلىنى كۆرۈپ، ئارقىسىدىن ماڭدى، يول بويى بىر ـ بىرىگە گەپ ـ سۆز قىلىشمىدى. ئەتىسى سەھەردە، ئەبۇ زەر يەنە ئۇزۇقلۇقى بىلەن سۇيىنى ئېلىپ، مەسجىد (كەئبە)گە كەلدى. لېكىن ئۇ كۈنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاپالماي، كەچ بولۇپ كەتتى. تۈنۈگۈن كەچتە ياتقان يېرىگە قايتىپ باردى. ئەلى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ بۇ ئادەم ئۆيىنى تاپالماي، يەنە مۇشۇ يەردە ياتقان ئوخشىمامدۇ؟ ـ دېدى ۋە ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئىككىسى يەنە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بولدى. ئەلى ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، بىللە ئېلىپ ماڭدى ۋە:

ــ بۇ يۇرتقا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭنى ئېيتىپ بەرمەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ زەر:

ـ ماڭا تۇغرا يولنى كۆرسىتىشكە ۋەدە بەرسەڭ، ئاندىن ئېيتىپ بېرىمەن، ـ دېدى. ئەلى شۇنداق ۋەدە بەردى، ئۇ مەقسىدىنى ئېيتقاندىن كېيىن ئەلى ئۇنىڭغا:

ــ ئۇ ھەقىقەتەن پەيغەمبەر، ئەتە سەھەردە مېنىڭ كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭغىن. ئەنسىرىگۈدەك بىرەر ئىش كۆرسەم، سىيگەن بولۇپ تۇرۇۋالىمەن. ماڭسام، يەنە كەينىمدىن ماڭ ۋە مەن كىرگەن يەرگە كىرگىن! ـ دېدى. ئەبۇ زەر ئەلىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى ۋە ئاخىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىپ، سۆزلىرىنى ئاڭلىدى ـ دە، شۇ يەردىلا ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ مەندىن بىر خەۋەر كەلگۈچە، قەۋمىڭنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇلارغا مېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى تەبلىغ قىلىپ تۇرغىن! ـ دېدى. ئەبۇ زەر:

ــ جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇچۇق بىر يەرگە چىقىپ، (مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى) ئاشكارا جاكارلايمەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇدۇل مەسجىدكە بېرىپ، بار ئاۋازى بىلەن:

ــ مەن بىر اللهتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ اللهنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دەپ ۋارقىرىدى. بۇنى ئاڭلىغان مۇشرىكلار تۇشمۇ تۇشتىن كېلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتتى. ئاباس كېلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى ـ دە، مۇشرىكلارغا:

ــ ئۇنىڭ غىفار قەبىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟ تىجارەت ئۈچۈن شامغا ماڭغاندا، بۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتمەمسىلەر؟ ئەگەر غىفار قەبىلىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا، سىلەرنى بوش قويۇپ بېرەمدۇ؟ ـ دېدى ۋە ئەبۇ زەرنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. ئەبۇ زەر ئەتىسى يەنە شۇنداق قىلغانىدى، مۇشرىكلار يەنە ئۇرغىلى تۇردى. ئاباس كېلىپ ئۇنى يەنە قۇتۇلدۇرىۋالدى.

(مۇسلىم: 2474)

8839 ـ عَنْ عِرَاكِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ أُبو ذَر إِني لَأَقْرَبُكُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَقُولُ إِن أَقْرَبَكُمْ مِني يَوْمَ الْقِيَامَةِ مَنْ خَرَجَ مِنْ الدنْيا كَهَيْئَتِهِ يَوْمَ تَرَكْتُهُ عَلَيْهِ وَإِنهُ وَاللهِ مَا مِنْكُمْ مِنْ أَحَدٍ إِلا وَقَدْ تَشَبثَ مِنْهَا بِشَيْءٍ غَيْرِي.

8839 ــ ئىراك ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەممىڭلاردىن يېقىن تۇرىدىغان كىشىمەن، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەت كۈنى ماڭا ھەممىڭلاردىن يېقىن تۇرىدىغان كىشى مەندىن كېيىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر مەندىن ئايرىلغان چاغدىكى ھالىتىنى پەقەتلا ئۆزگەرتمىگەن كىشىدۇر» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ھەممىڭلار دۇنيادىن بىرەر نەرسە قاماللاپ قالدىڭلار، پەقەت مەنلا قۇرۇق قول ئايرىلدىم[①].

(ئەھمەد: 21496)

8840 ـ أبو ذَر يقول لقد رَأَيْتنِي رُبْعَ الإِسْلامِ لَمْ يُسْلِمْ قَبْلِي إلا النبي صلى الله عليه وسلم وأبو بَكْرٍ وَبِلالٌ رَضِي اللهُ عنهما.

8840 ــ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ تۆتىنچىسى بولدۇم. چۈنكى مەندىن ئىلگىرى پەقەتلا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلا مۇسۇلمان بولغانىكەن[②].

(«ئەلكەبىر»: 1618)

① ھەيسەمى (15808): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئەمما مېنىڭچە ئىراك ئىبنى مالىك دېگەن كىشى ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ھەدىس ئاڭلاپ باقمىغان. تەبەرانىمۇ مۇشۇنىڭغا يېقىنراق مەزمۇندا رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (15813): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدى مۇتتەسىل ۋە راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8841 ـ عَنْ إِبْرَاهِيمَ يَعْنِي ابْنَ الْأَشْتَرِ عَنْ أَبِيهِ أن أَبَا ذَر حَضَرَهُ الْمَوْتُ وَهُوَ بِالرَّبَذَةِ فَبَكَتْ امْرَأَتُهُ فَقَالَ مَا يُبْكِيكِ قَالَتْ أَبْكِي لَا يَدَ لِي بِنَفْسِكَ وَلَيْسَ عِنْدِي ثَوْبٌ يَسَعُكَ كَفَنًا فَقَالَ لَا تَبْكِي فَإِنِي سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَاتَ يَوْمٍ وَأَنَا عِنْدَهُ فِي نَفَرٍ يَقُولُ لَيَمُوتَن رَجُلٌ مِنْكُمْ بِفَلَاةٍ مِنْ الْأَرْضِ يَشْهَدُهُ عِصَابَةٌ مِنْ الْمُؤْمِنِينَ قَالَ فَكُل مَنْ كَانَ مَعِي فِي ذَلِكَ الْمَجْلِسِ مَاتَ فِي جَمَاعَةٍ وَفُرْقَةٍ فَلَمْ يَبْقَ مِنْهُمْ غَيْرِي وَقَدْ أَصْبَحْتُ بِالْفَلَاةِ أَمُوتُ فَرَاقِبِي الطرِيقَ فَإِنكِ سَوْفَ تَرَيْنَ مَا أَقُولُ فَإِني وَاللهِ مَا كَذَبْتُ وَلَا كُذِبْتُ قَالَتْ وَأَنى ذَلِكَ وَقَدْ انْقَطَعَ الْحَاج قَالَ رَاقِبِي الطرِيقَ قَالَ فَبَيْنَا هِيَ كَذَلِكَ إِذَا هِيَ بِالْقَوْمِ تَخُد بِهِمْ رَوَاحِلُهُمْ كَأَنهُمْ الرخَمُ فَأَقْبَلَ الْقَوْمُ حَتى وَقَفُوا عَلَيْهَا فَقَالُوا مَا لَكِ قَالَتْ امْرُؤٌ مِنْ الْمُسْلِمِينَ تُكَفنُونَهُ وَتُؤْجَرُونَ فِيهِ قَالُوا وَمَنْ هُوَ قَالَتْ أَبُو ذَر فَفَدَوْهُ بِآبَائِهِمْ وَأُمهَاتِهِمْ وَوَضَعُوا سِيَاطَهُمْ فِي نُحُورِهَا يَبْتَدِرُونَهُ فَقَالَ أَبْشِرُوا أَنْتُمْ النفَرُ الذِينَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيكُمْ مَا قَالَ أَبْشِرُوا سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَا مِنْ امْرَأَيْنِ مُسْلِمَيْنِ هَلَكَ بَيْنَهُمَا وَلَدَانِ أَوْ ثَلَاثَةٌ فَاحْتَسَبَا وَصَبَرَا فَيَرَيَانِ النارَ أَبَدًا ثُم قَدْ أَصْبَحْتُ الْيَوْمَ حَيْثُ تَرَوْنَ وَلَوْ أَن ثَوْبًا مِنْ ثِيَابِي يَسَعُنِي لَمْ أُكَفنْ إِلا فِيهِ فَأَنْشُدُكُمْ اللهَ أَنْ لَا يُكَفنَنِي رَجُلٌ مِنْكُمْ كَانَ أَمِيرًا أَوْ عَرِيفًا أَوْ بَرِيدًا فَكُل الْقَوْمِ كَانَ قَدْ نَالَ مِنْ ذَلِكَ شَيْئًا إِلا فَتًى مِنْ الْأَنْصَارِ كَانَ مَعَ الْقَوْمِ قَالَ أَنَا صَاحِبُكَ ثَوْبَانِ فِي عَيْبَتِي مِنْ غَزْلِ أُمي وَأَحِدُ ثَوْبَي هَذَيْنِ اللذَيْنِ عَلَي قَالَ أَنتَ صَاحِبِي فَكَفني.

8841 ـ ئىبراھىم ئىبنى ئەشتەر دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەبەزەدە سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا، ئايالى يىغلاشقا باشلىغانىدى، ئەبۇ زەر:

ـ نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئايالى:

ـ نېمىشقا يىغلىماي؟ مەن سېنى يالغۇز جېنىمغا يۈيۈپ دەپنە قىلالمايمەن. ساڭا كېپەنلىك قىلغۇدەك بىرەر قۇر (چوڭ) كىيىمىممۇ يوق، ـ دېدى. ئۇ:

ـ يىغلىما. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئاراڭلاردىن بىر كىشى چۆلدە ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ جىنازا نامىزىغا بىر گۇرۇھ مۇسۇلمان قاتنىشىدۇ» دېگىنىنى

ئاڭلىغانىدىم. شۇ سورۇندا بولغان ساھابىلاردىن مەندىن باشقا ھەممىسى جامائەت ئارىسىدا ۋاپات بولدى. مانا مەن چۆلدە يالغۇز قالدىم، شۇڭا يولغا قاراپ تۇرغىن. سەن چوقۇم مەن سۆزلەپ بەرگەن بىر گۇرۇھ مۇسۇلماننى كۆرىسەن. چۈنكى اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن يالغان ئېيتمىدىم، ماڭىمۇ يالغان ئېيتىلمىدى، ـ دېدى. ئايالى:

ــ ھاجىلار توختاپ بولغان تۇرسا، قانداقمۇ ئادەم ئۇچرىسۇن؟ ـ دېۋىدى، ئۇ:

ـ يولغا قاراپ تۇرغىن! ـ دېدى. شۇ ئەسنادا بىر توپ مۇسۇلمان يېتىپ كەلدى ۋە ئەبۇ زەرنىڭ ئايالىدىن:

ـ ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئايال:

ـ مۇسۇلمانلاردىن بىرى سەكراتتا ياتىدۇ، ئۇنى كېپەنلەپ، يەرلىككە قويۇپ بەرسەڭلار، كاتتا ساۋاب ئالاتتىڭلار، ـ دېدى. ئۇلار:

ـ ئۇ كىم بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئايال:

ـ ئەبۇ زەر بولىدۇ، ـ دېۋىدى، ئۇلار:

ـ ئاتا ـ ئانىمىز ئۇنىڭغا پىدا بولسۇن! ـ دېگىنىچە ئەبۇ زەرگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئەبۇ زەر ئۇلارغا:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەردىن ئالدىن بېشارەت بەرگەنىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر ئەر ـ خوتۇننىڭ ئىككى ياكى ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاندىن ئۇلار اﷲتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، سەۋر قىلسا، ھەرگىز دوزاخقا كىرمەيدۇ» دېگەنلىكىنى ئەڭلىغانىدىم، سىلەر ھالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ سىلەر، كىيىملىرىم مېنىڭ كېپەنلىكىمگە يەتكەن بولسا، ئۆزەمنىڭ كىيىمدە كېپەنلەنگەن بولاتتىم، اﷲنىڭ نامى بىلەن شۇنى سورايمەنكى، ئاراڭلاردا (مۇسۇلمانلارغا) ئەمىر ياكى (بىرەر قەۋمگە) رەئىس بولغان ۋەياكى پوچتىكەشلىك قىلغان كىشى بولسا، مەن ئۇنىڭ رەختىدە كېپەنلەنمەي! ـ دېدى. يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئىشلار بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەشغۇل بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئەنسارى يىگىت:

ـ مانا مەن سېنىڭ ئىزدىگەن ئادىمىڭ بولىمەن، خورجۇنۇمدا ئانام يىپ ئىگىرىپ توقۇپ بەرگەن ئىككى پارچە رەخت بار، ئۆزۈم كىيىشكە ئۈچامدىكى ئىككى قۇر كىيىمىم بار، ـ دېدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـــ سەن ھەقىقەتەن مەن ئىزدىگەن ئادەم ئىكەنسەن، شۇڭا سەن كىيەنلىگىن! ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 21505)

[①] ھەيسەمى (15829): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. يەنە بىر سەنەدىدە ئىبراھىم ئەشتەر دېگەن كىشىدىن، ئۇ ئۇممۇ زەردىن قىسقارتىپ رىۋايەت قىلغان. بەززارمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قىسقارتىپ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

## ھۇزەيفە ئىبنى يەمان، سەئد ئىبنى مۇئاز، ئىبنى ئاببىاس، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8842 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ سَأَلَتْنِي أُمي مَتى عَهْدُكَ تَعْنِي بِالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ مَا لِي بِهِ عَهْدٌ مُنذُ كَذَا وَكَذَا فَنالَتْ مِني فَقُلْتُ لَهَا دَعِينِي آتِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأُصَلي مَعَهُ الْمَغْرِبَ وَأَسْأَلُهُ أَنْ يَسْتَغْفِرَ لِي وَلَكِ فَأَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَصَليْتُ مَعَهُ الْمَغْرِبَ فَصَلى حَتى صَلى الْعِشَاءَ ثُم انْفَتَلَ فَتَبِعْتُهُ فَسَمِعَ صَوْتِي فَقَالَ مَنْ هَذَا حُذَيْفَةُ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ مَا حَاجَتُكَ غَفَرَ اللهُ لَكَ وَلِأُمكَ قَالَ إِن هَذَا مَلَكٌ لَمْ يَنزِلْ الْأَرْضَ قَط قَبْلَ هَذِهِ الليْلَةِ اسْتَأْذَنَ رَبهُ أَنْ يُسَلمَ عَلَي وَيُبَشرَنِي بِأَن فَاطِمَةَ سَيدَةُ نِسَاءِ أَهْلِ الْجَنةِ وَأَن الْحَسَنَ وَالْحُسَيْنَ سَيدَا شَبَابِ أَهْلِ الْجَنةِ.

8842 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئانام مەندىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرمىگىلى قانچە كۈن بولدى؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ مۇنچە كۈن بولدى، ـ دېگەنىدىم، ماڭا تاپا ـ تەنە قىلدى.

ــ ئۇنداقتا، بۈگۈن شام نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوقۇپ كېلىشىمگە رۇخسەت قىلغىن. مەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈمگە ۋە ساڭا ﷲتىن مەغپىرەت تىلىشىنى سورايمەن، ـ دېدىم ۋە ئۇ كۈنى ناماز شامنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز شامدىن كېيىن نەفلە نامىزى ئوقۇدى، ئاندىن خۇپتەننىمۇ ئوقۇپ، ئۆيىگە قايتتى، مەنمۇ كەينىدىن ماڭدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋازىمنى ئاڭلىدى ـ دە:

ــ كىمسەن، ھۇزەيفەمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، ـ دېدىم.

ـــ بىر ئىشنىڭ بارمىدى؟ الله سېنى ۋە ئاناڭنى مەغپىرەت قىلسۇن. قارا، بۇ پەرىشتە بۇندىن ئىلگىرى زېمىنغا چۈشۈپ باقمىغانىكەن، ئۇ ماڭا فاتىمەنىڭ جەننەت ئاياللىرىنىڭ خانىشى؛ ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننىڭ بولسا، جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارلىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىدىن ئىجازەت ئېلىپ كەپتۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3871)

8843 ـ عَنْ حُذَيْفَةَ قَالَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ اسْتَخْلَفْتَ قَالَ إِنْ أَسْتَخْلِفْ عَلَيْكُمْ فَعَصَيْتُمُوهُ عُذِّبْتُمْ وَلَكِنْ مَا حَدَّثَكُمْ حُذَيْفَةُ فَصَدِّقُوهُ وَمَا أَقْرَأَكُمْ عَبْدُ اللهِ فَاقْرَءُوهُ.

8843 ـــ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ساھابىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىرەيلەننى ئورنۇڭغا خەلىپە تەيىنلەپ قويغان بولساڭ، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ مەن سىلەرگە بىر كىمنى خەلىپە تەيىنلەپ قويسام، سىلەر ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئازابقا دۇچار بولۇپ كېتىسىلەر. ئەمما ھۇزەيفە سۆزلەپ بەرگەن ھەدىسكە ئىشىنىڭلار. ئىبنى مەسئۇد قۇرئاننى قانداق ئوقۇسا، سىلەرمۇ شۇنداق ئوقۇڭلار! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3812)

8844 ـ عَنْ أَبِي إِسْحَقَ قَالَ سَمِعْتُ الْبَرَاءَ يَقُولُ أُهْدِيَتْ لِرَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حُلَّةُ حَرِيرٍ فَجَعَلَ أَصْحَابُهُ يَلْمِسُونَهَا وَيَعْجَبُونَ مِنْ لِينِهَا فَقَالَ أَتَعْجَبُونَ مِنْ لِينِ هَذِهِ لَمَنَادِيلُ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ فِي الْجَنَّةِ خَيْرٌ مِنْهَا وَأَلْيَنُ.

---

[1] ئەلبانى (2975): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (798): زەئىپ، ـ دېگەن.

8844 ـ ئەبۇ ئىسهاقتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر پارچە يىپەك رەخت ھەدىيە قىلىندى. ساھابىلەر رەختنى سىلاپ كۆرۈپ، يۇمشاقلىقىدىن ھەيران قېلىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ــ بۇنىڭ يۇمشاقلىقىدىن ئەجەبلىنىۋاتامسىلەر؟! سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى قول ياغلىقلىرى بۇنىڭدىنمۇ يۇمشاق، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2468)

8845 ـ عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اهْتَز الْعَرْشُ لِمَوْتِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ وَعَنْ الْأَعْمَشِ حَدثَنَا أَبو صَالِحٍ عَنْ جَابِرٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِثْلَهُ فَقَالَ رَجُلٌ لِجَابِرٍ فَإِن الْبَرَاءَ يَقُولُ اهْتَز السرِيرُ فَقَالَ إِنهُ كَانَ بَيْنَ هَذَيْنِ الْحَيينِ ضَغَائِنُ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اهْتَز عَرْشُ الرحْمَنِ لِمَوْتِ سَعْدِ بْنِ مُعَاذٍ.

8845 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمىدىن ئەرش تەۋرەپ كەتتى» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىر كىشى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ مەن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ”تاۋۇت تەۋرەپ كەتتى“ دېگىنىنى ئاڭلىدىمغۇ؟ ـ دېگەنىدى، جابىر ئۇنىڭغا:

ــ بۇ ئىككى قەبىلە (يەنى ئەۋس بىلەن خەزرەج) ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن بېرى بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەسلىك ۋە ئۆچمەنلىك بار، (مەن خەزرەج قەبىلىسىدىن تۇرۇپ، سەئدنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلغان بۇ سۆزنى ئەينەن يەتكۈزىۋاتسام، بەرا سەئدنىڭ قەبىلىسى بولغان ئەۋستىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ نېمە دېگىنى بۇ). مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ ئۆلۈمىدىن رەھماننىڭ ئەرشى تەۋرەپ كەتتى» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3803)

8846 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ ضَمَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ اللهُم عَلمْهُ الْكِتَابَ.

8846 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «ئى الله! ئۇنى قۇرئانغا ئالىم قىلغايسەن» دېدى.

(بۇخارى: 75)

8847 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ ضَمَنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى صَدْرِهِ وَقَـالَ اللهُم عَلمْهُ الْحِكْمَةَ.

8847 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: «ئى الله! ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلغايسەن» دېدى.

(بۇخارى: 3756)

8848 ـ عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ الْخَلَاءَ فَوَضَعْتُ لَـهُ وَضُوءًا قَالَ مَنْ وَضَعَ هَذَا فَأُخْبِرَ فَقَالَ اللهُم فَقهْهُ فِي الدينِ.

8848 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتىۋىدى، تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇ قويۇپ قويدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ:

ـ بۇنى كىم قويۇپ قويدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا سۇنى مېنىڭ قويۇپ قويغانلىقىم ئېيتىلغانىدى:

ـ ئى الله! ئۇنى دىنىي ئىلىمگە باي قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى.

(بۇخارى: 143)

8849 ـ عن أُمِ الْفَضْلِ بنتُ الْحَارِثِ قالت بَيْنَا أنا مَارةٌ وَالنبِي صلى اللهُ عليـه وسلم فِي الْحِجْرِ فقال يا أُم الْفَضْلِ قلت لَبيْكَ يا رَسُولَ اللهِ قال إنكِ حَامِلٌ بِغُلامٍ... فإذا

وَضَعْتِيهِ فأئتيا بِهِ فلما وَضَعَتْهُ أَتتْ بِهِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَسَماهُ عَبْدَ اللهِ وألباه من رِيقِهِ ثُم قال إذهبي بِهِ فَلَتجِدِنَّهُ كَيِسًا.

8849 ــ ئۇممۇ فەزل رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھىجرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئۇممۇ فەزل! ـ دەپ چاقىردى. مەن:

ــ خوش، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدىم. ماڭا:

ــ سەن بىر ئوغۇلغا ھامىلدار ئىكەنسەن، بالا تۇغۇلغاندا يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن! ـ دېدى. دەرۋەقە، بىر ئوغۇل تۇغدۇم ۋە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا "ئابدۇللاھ" دەپ ئىسىم قويدى ۋە ئۆزىنىڭ مۇبارەك تۈكۈرۈكىنى ئۇنىڭغا سۇرۇپ قويدى. ئاندىن:

ــ ئەمدى ئېلىپ كەتسەڭ بولىدۇ. قاراپ تۇرغىن، بۇ بالا كەلگۈسىدە ئاجايىپ ئەقىللىق يىگىت بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 10580)

8850 ـ عَنِ ابنِ عَباسٍ قال: دَعَا لي رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فقال نِعْـمَ الترجمانُ أنت وَدَعَا لي جِبْرِيلُ مَرتَيْنِ.

8850 ــ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا دۇئا قىلدى ۋە: «سەن قۇرئاننىڭ مۇپەسسىرى» دېدى. جىبرىئىلمۇ ماڭا ئىككى قېتىم دۇئا قىلدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 11108)

[1] ھەيسەمى (15514): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15516): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى خەرراش ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

8851 ـ عن سَعِيدِ بن جُبْيرٍ قال مَاتَ ابن عَباسٍ بِالطائِفِ فَشَهِدْتُ جَنازَتَهُ فَجَاءَ طْيْرٌ أُبيضُ B يُرَ على خُلِتِهِ حتى دخل في نَعْشِهِ ثُم B يُرَ خَارِجًا منه فلما دُفِنَ تُلِيَتْ هـذه الآيَةُ على شَفِيرِ الْقَبْرِ B نَدْرِ من تَلاهَا (يا أَيُتهَا النفْسُ الْمُطْمَئِنةُ ارْجِعِي إلى رَبكِ رَاضِـيَةً مَرْضِيةً فَادْخُلِي في عِبَادِي وَادْخُلِي جَنتِي).

8851 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تائىفتا ۋاپات بولدى. ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئاق قۇش كېلىپ ئۇنىڭ تاۋۇتىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ قايتىپ چىققىنىنى ھېچكىم كۆرمىدى (يەنى قايتىپ چىقمىدى). دەپنە قىلىنىۋاتقاندا: ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن![1] دېگەن ئايەت ئوقۇلدى. لېكىن بۇ ئايەتنى كىمنىڭ ئوقۇغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 10581)

8852 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ الرجُلُ فِي حَيَاةِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا رَأى رُؤْيَا قَصهَا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَمَنيْـتُ أَنْ أَرَى رُؤْيَـا أَقُصهَا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكُنْتُ غُلَامًا شَابا أَعْزَبَ وَكُنْتُ أَنَامُ فِي الْمَسْجِدِ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَأَيْتُ فِي الْمَنَامِ كَأَن مَلَكَيْنِ أَخَذَانِي فَذَهَبَا بِي إِلَى النارِ فَإِذَا هِيَ مَطْوِيةٌ كَطَيِ الْبِئْرِ وَإِذَا لَهَا قَرْنَانِ كَقَرْنَيْ الْبِئْرِ وَإِذَا فِيهَا نَاسٌ قَـدْ عَـرَفْتُهُمْ فَجَعَلْتُ أَقُولُ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ النارِ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ النارِ فَلَقِيَهُمَا مَلَكٌ آخَرُ فَقَالَ لِي لَنْ تُرَاعَ فَقَصَصْتُهَا عَلَى حَفْصَةَ فَقَصتْهَا حَفْصَةُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ نِعْمَ الرجُـلُ عَبْدُ اللهِ لَوْ كَانَ يُصَلي بِاللَيْلِ قَالَ سَالِمٌ فَكَانَ عَبْدُ اللهِ لَا يَنَامُ مِنْ اللَيْلِ إِلا قَلِيلًا.

---

[1] سۈرە فەجر، 28 ـ 30 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (15535): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8852 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات ۋاقتىدا كىشىلەر بىرەر چۈش كۆرسە، چۈشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا تېخى ياش، بويتاق بالا ئىدىم ۋە مەسجىدتە يېتىپ قوپاتتىم. مەنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ بەرگۈدەك بىرەر چۈش كۆرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. بىر كۈنى، مۇنداق بىر چۈش كۆردۈم: ئىككى پەرىشتە كېلىپ، مېنى دوزاخنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. دوزاخنىڭ چۆرىسى خۇددى قۇدۇقنىڭكىدەك قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇستىدە خۇددى قۇدۇقنىڭكىدەك توغرىسىغا قويۇلغان ئىككى تال ياغاچ بار ئىكەن. قارىسام، ئۇ يەردە مەن تونۇيدىغان كىشىلەرمۇ بار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەن: "اللهقا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن، اللهقا سىغىنىپ دوزاختىن پاناھ تىلەيمەن" دېيىشكە باشلىدىم. ئۇچىنچى بىر پەرىشتە يېنىمىزغا كېلىپ: "قورقمىغىن، قورقمىغىن!" دېدى.

(ئويغىنىپ) چۈشۈمنى ھەفسەگە ئېيتىپ بەرگەنىدىم، ھەفسە بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئابدۇللاھ نېمىدېگەن ياخشى بىرى. ئەگەر كېچىلىرى ناماز ئوقۇغان بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى، - دېدى.

سالىم مۇنداق دېگەن: شۇندىن كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كېچىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

(بۇخارى: 3738)

8853 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ رَأَيْتُ فِي الْمَنَامِ كَأَنَ فِي يَدِي سَرَقَةً مِنْ حَرِيرٍ لَا أَهْوِي بِهَا إِلَى مَكَانٍ فِي الْجَنةِ إِلا طَارَتْ بِي إِلَيْهِ فَقَصَصْتُهَا عَلَى حَفْصَةَ فَقَصْتَهَا حَفْصَةُ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِن أَخَاكِ رَجُلٌ صَالِحٌ أَوْ قَالَ إِن عَبْدَ اللهِ رَجُلٌ صَالِحٌ.

8853 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن قىلىنغان يەنە بىر رىۋايەتتە چۈشى مۇنداق بايان قىلىنغان: قولۇمدا بىر پارچە يىپەك رەخت بار بولۇپ، جەننەتنىڭ قەيېرىگە بارماقچى بولسام، ئۇ يىپەك رەخت مەن بىلەن بىللە شۇ يەرگە ئۇچاتتى.

بۇ چۈشۈمنى ھەفسەگە سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ھەفسە ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقانىكەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ قېرىندىشىڭ (ئابدۇللاھ) نېمىدېگەن ياخشى ئادەم ـ ھە؟! ـ دەپتۇ.

8854 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ إِن رِجَالًا مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ (7016) وَسَلمَ كَانُوا يَرَوْنَ الرؤْيَا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُصونَهَا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَيَقُولُ فِيهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا شَاءَ اللهُ وَأَنَا غُلَامٌ حَدِيثُ السن وَبَيْتِي الْمَسْجِدُ قَبْلَ أَنْ أَنْكِحَ فَقُلْتُ فِي نَفْسِي لَوْ كَانَ فِيكَ خَيْرٌ لَرَأَيْتَ مِثْلَ مَا يَرَى هَؤُلَاءِ فَلَما اضْطَجَعْتُ ذَاتَ لَيْلَةٍ قُلْتُ اللهُم إِنْ كُنتَ تَعْلَمُ فِي خَيْرًا فَأَرِنِي رُؤْيَا فَبَيْنَمَا أَنَا كَذَلِكَ إِذْ جَاءَنِي مَلَكَانِ فِي يَدِ كُل وَاحِدٍ مِنْهُمَا مِقْمَعَةٌ مِنْ حَدِيدٍ يُقْبِلَانِ بِي إِلَى جَهَنمَ وَأَنَا بَيْنَهُمَا أَدْعُو اللهَ اللهُم إِني أَعُوذُ بِكَ مِنْ جَهَنمَ ثُم أُرَانِي لَقِيَنِي مَلَكٌ فِي يَدِهِ مِقْمَعَةٌ مِنْ حَدِيدٍ فَقَالَ لَنْ تُرَاعَ نِعْمَ الرجُلُ أَنتَ لَوْ كُنتَ تُكْثِرُ الصلَاةَ فَانْطَلَقُوا بِي حَتى وَقَفُوا بِي عَلَى شَفِيرِ جَهَنمَ فَإِذَا هِيَ مَطْوِيةٌ كَطَيِّ الْبِئْرِ لَهُ قُرُونٌ كَقَرْنِ الْبِئْرِ بَيْنَ كُل قَرْنَيْنِ مَلَكٌ بِيَدِهِ مِقْمَعَةٌ مِنْ حَدِيدٍ وَأَرَى فِيهَا رِجَالًا مُعَلقِينَ بِالسلَاسِلِ رُءُوسُهُمْ أَسْفَلَهُمْ عَرَفْتُ فِيهَا رِجَالًا مِنْ قُرَيْشٍ فَانْصَرَفُوا بِي عَنْ ذَاتِ الْيَمِينِ فَقَصَصْتُهَا عَلَى حَفْصَةَ.. بنحوه.

8854 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زامانىدا، بەزى ساھابىلەر كۆرگەن چۈشلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بېرەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا، مەن تېخى يېشى كىچىك، بويتاق يىگىت بولغاچقا، مەسجىدتە يېتىپ قوپاتتىم. مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: "ئەگەر سەندە

ياخشىلىق بولغان بولسا، ئۇلاردەك چۈشلەرنى كۆرەتتىڭ“ دەيتتىم. بىر كېچىسى: ”ئى الله! ئەگەر مەندە ياخشىلىق بولسا، ماڭا بىر چۈش كۆرسەتكىن“ دەپ دۇئا قىلىپ ئۇخلاپ قالدىم ۋە شۇ كېچىسى مۇنداق چۈش كۆردۈم: ئىككى پەرىشتە يېنىمغا كەلدى. قوللىرىدا بىردىن تۆمۈر توقماق بار ئىدى. ئۇلار مېنى دوزاخقا ئېلىپ باردى، مەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ: ”ئى الله! مېنى جەھەننەمدىن پاناھلاندۇرغىن“ دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا، قولىدا تۆمۈر توقماق تۇتقان ئۈچىنچى بىر پەرىشتە يېتىپ كېلىپ: ”قورقما، سەن ياخشى ئادەمسەن. نامازنى كۆپ ئوقۇغان بولساڭ، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى“ دېدى. ئاندىن ئۇلار مېنى دوزاخنىڭ گىرۋىكىگە تۇرغۇزۇپ قويدى. دوزاخنىڭ چۆرىسى خۇددى قۇدۇقنىڭكىدەك قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۈستىدە خۇددى قۇدۇقنىڭكىدەك توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچلار بار ئىدى، ھەر ئىككى ياغاچنىڭ ئارىسىدا بىردىن پەرىشتە توقماق تۇتقان ھالدا تۇراتتى. ئۇ يەردە بېشى تۆۋەن قىلىپ ئېسىپ قويۇلغان كىشىلەرنى كۆردۈم ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بەزى قۇرەيشلىك كىشىلەرنى تونۇپ قالدىم. ئاندىن پەرىشتىلەر مېنى ئوڭ تەرەپتىن ئېلىپ كېتىشتى.

مەن بۇ چۈشۈمنى ھەفسەگە سۆزلەپ بەردىم... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

(بۇخارى: 7016)

8855 ـ عن ابْن أَبِي مُلَيْكَةَ وَكَانَ بَيْنَهُمَا شَيْءٌ فَغَدَوْتُ عَلَى ابْنِ عَبَّاسٍ فَقُلْـتُ أَتُرِيدُ أَنْ تُقَاتِلَ ابْنَ الزُّبَيْرِ فَتُحِلَّ حَرَمَ اللَّهِ فَقَالَ مَعَاذَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ كَتَبَ ابْنَ الزُّبَيْرِ وَبَنِي أُمَيَّةَ مُحِلِّينَ وَإِنِّي وَاللَّهِ لَا أُحِلُّهُ أَبَدًا قَالَ قَالَ النَّاسُ بَايِعْ لِابْنِ الزُّبَيْرِ فَقُلْتُ وَأَيْنَ بِهَذَا الْأَمْرِ عَنْـهُ أَمَّا أَبُوهُ فَحَوَارِيُّ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُرِيدُ الزُّبَيْرَ وَأَمَّا جَدُّهُ فَصَاحِبُ الْغَارِ يُرِيدُ أَبَا بَكْرٍ وَأُمُّهُ فَذَاتُ النِّطَاقِ يُرِيدُ أَسْمَاءَ وَأَمَّا خَالَتُهُ فَأُمُّ الْمُؤْمِنِينَ يُرِيدُ عَائِشَةَ وَأَمَّا عَمَّتُهُ فَزَوْجُ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يُرِيدُ خَدِيجَةَ وَأَمَّا عَمَّةُ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَجَدَّتُهُ يُرِيدُ

صَفِيةَ ثُم عَفِيفٌ فِي الْإِسْلَامِ قَارِئٌ لِلْقُرْآنِ وَاللهِ إِنْ وَصَلُونِي وَصَلُونِي مِنْ قَرِيبٍ وَإِنْ رَبونِي رَبونِي أَكْفَاءٌ كِرَامٌ فَآثَرَ التوَيْتَاتِ وَالْأَسَامَاتِ وَالْحُمَيْدَاتِ يُرِيدُ أَبْطُنًا مِنْ بَنِي أَسَدٍ بَنِي تُوَيْتٍ وَبَنِي أُسَامَةَ وَبَنِي أَسَدٍ إِن ابْنَ أَبِي الْعَاصِ بَرَزَ يَمْشِي الْقُدَمِيةَ يَعْنِي عَبْدَ الْمَلِكِ بْنَ مَرْوَانَ وَإِنهُ لَوى ذَنَبَهُ يَعْنِي ابْنَ الزبَيْرِ.

8855 ـ ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئارىسىدا ئازراق ئىختىلاپ بولۇپ قالدى. (بىر كۈنى) سەھەردە ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ سەن اللہ تائالانىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ، ھەرەمدە ئىبنى زۇبەير بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ اللہ ئۇنداق ئىشتىن پاناھلىق بەرگەي! لېكىن اللہ ئىبنى زۇبەير بىلەن ئۇمەييە جەمەتىنى ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشنى ھالال سانىغۇچى قىلىپ تەقدىر قىلىپتۇ. اللہنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرەمدە ئۇرۇشۇشنى مەڭگۈ ھالال دەپ قارىمايمەن. ئىبنى زۇبەير جەمەتىدىكىلەر ماڭا: ”ئىبنى زۇبەيرگە بەيئەت قىلغىن“ دېيىشىۋاتىدۇ، مەن ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردىم: خەلىپىلىك ئىشى ئۇنىڭغا ئانچە يىراق ئەمەس (يەنى ئۇ خەلىپە بولۇشقا لايىق). چۈنكى ئۇنىڭ ئاتىسى (زۇبەير) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياردەمچىسى؛ بوۋىسى (ئەبۇ بەكرى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غاردىكى ھەمراھى؛ ئانىسى (ئەسما) ئىككى بەلباغ ئىگىسى؛ بىر ھاممىسى (ئائىشە) مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى؛ يەنە بىر ھاممىسى (خەدىچە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى؛ چوڭ ئانىسى (سەفىيە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىسىدۇر. ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ ئېتىقادى پاك، قۇرئاننى ياخشى بىلىدىغان قارىيدۇر. اللہنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار (ئۇمەييە جەمەتى) ماڭا سىلە ـ رەھىم قىلسا، يېقىن تۇغقانچىلىق جەھەتتىن قىلىدۇ. مېنى تەربىيىلىسە، ئېسىل، تەڭتۇشلۇق سالاھىيىتى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ئۇ (ئىبنى زۇبەير) ھوقۇق تۇتۇپ بەنى ئەسەد ئايمىقىنىڭ تۇۋەيت، ئۇسامە ۋە ھۇمەيد جەمەتلىرىنى ئەتىۋارلاپ، بىزنى تاشلاپ

قويدى. ھالبۇكى، ئىبنى ئەبۇ ئاسىنىڭ ئوغلى (ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان ئىبنى ھەكەم) ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يۇقىرى ئۆرلەپ كەتتى، ئۇ (ئىبنى زۇبەير) بولسا، قۇيرۇقىنى يۆگەپ، ئارقىدا قالدى، ـ دېدى.
(بۇخارى: 4665)

8856 ـ عُرْوَةُ بْنُ الزُبَيْرِ وَفَاطِمَةُ بِنْتُ الْمُنْذِرِ بْنِ الزُبَيْرِ أَنَّهُمَا قَالَا خَرَجَتْ أَسْمَاءُ بِنْتُ أَبِي بَكْرٍ حِينَ هَاجَرَتْ وَهِيَ حُبْلَى بِعَبْدِ اللهِ بْنِ الزُبَيْرِ فَقَدِمَتْ قُبَاءً فَنُفِسَتْ بِعَبْدِ اللهِ بِقُبَاءٍ ثُمَّ خَرَجَتْ حِينَ نُفِسَتْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِيُحَنِّكَهُ فَأَخَذَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْهَا فَوَضَعَهُ فِي حَجْرِهِ ثُمَّ دَعَا بِتَمْرَةٍ قَالَ قَالَتْ عَائِشَةُ فَمَكَثْنَا سَاعَةً نَلْتَمِسُهَا قَبْلَ أَنْ نَجِدَهَا فَمَضَغَهَا ثُمَّ بَصَقَهَا فِي فِيهِ فَإِنَّ أَوَّلَ شَيْءٍ دَخَلَ بَطْنَهُ لَرِيقُ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ثُمَّ قَالَتْ أَسْمَاءُ ثُمَّ مَسَحَهُ وَصَلَّى عَلَيْهِ وَسَمَّاهُ عَبْدَ اللهِ ثُمَّ جَاءَ وَهُوَ ابْنُ سَبْعِ سِنِينَ أَوْ ثَمَانٍ لِيُبَايِعَ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَمَرَهُ بِذَلِكَ الزُبَيْرُ فَتَبَسَّمَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ رَآهُ مُقْبِلًا إِلَيْهِ ثُمَّ بَايَعَهُ.

8856 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير بىلەن فاتىمە بىنتى مۇنزىر ئىبنى زۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى) ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە ھامىلىدار ئىدى. قۇباغا يېتىپ كەلگەندە، ئابدۇللاھنى يەڭگىدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خورما بىلەن ئېغىزلاندۇرۇپ قويۇشى ئۈچۈن ئېلىپ كېلىپ، قۇچىقىغا قويدى. بىز خېلى ۋاقىتقىچە خورما ئىزدەپ يۈردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خورمىنى چايناپ، بوۋاقنىڭ ئېغىزىغا سالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا كىرگەن تۇنجى تائام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈكۈرۈكى بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى ۋە ”ئابدۇللاھ“ دەپ ئىسىم قويدى.

ئابدۇللاھ يەتتە ـ سەككىز يېشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغىلى كەلدى. دادىسى زۇبەير ئۇنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ

كىلىشۋاتقىنىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى. ئابدۇللاھ (كىلىپ) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى.

(مۇسلىم: 2146)

## بىلال ئىبنى رەباھ، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇ تەلھە ئەنسارى، مىقداد ئىبنى ئەمر ۋە ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8857 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِبِلَالٍ عِنْدَ صَلَاةِ الْغَدَاةِ يَا بِلَالُ حَدثْنِي بِأَرْجَى عَمَلٍ عَمِلْتَهُ عِنْدَكَ فِي الْإِسْلَامِ مَنْفَعَةً فَإِني سَمِعْتُ اللَّيْلَةَ خَشْفَ نَعْلَيْكَ بَيْنَ يَدَي فِي الْجَنةِ قَالَ بِلَالٌ مَا عَمِلْتُ عَمَلًا فِي الْإِسْلَامِ أَرْجَى عِنْدِي مَنْفَعَةً مِنْ أَني لَا أَتَطَهرُ طُهُورًا تَاما فِي سَاعَةٍ مِنْ لَيْلٍ وَلَا نَهَارٍ إِلا صَليْتُ بِذَلِكَ الطهُورِ مَا كَتَبَ اللهُ لِي أَنْ أُصَليَ.

8857 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالدىن:

ــ ئى بىلال! بۈگۈن كېچە جەننەتتە ئاياغ تىۋىشىڭنى ئاڭلىدىم. سەن الله تائالادىن ئەڭ كۆپ ساۋاب ئۈمىد قىلىنىدىغان قايسى ئەمەلنى قىلغانىدىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ مەيلى كېچە ياكى كۈندۈز بولسۇن، تاھارەت ئالساملا، شۇ تاھارەت بىلەن مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ناماز ئوقۇماي قالمىدىم. الله تائالادىن ئەڭ كۆپ ساۋاب ئۈمىد قىلىدىغان ئەمىلىم ئەنە شۇدۇر.

(مۇسلىم: 2458)

8858 ـ عن جَابِر بن عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كَانَ عُمَرُ يَقُولُ أَبُو بَكْرٍ سَيدُنَا وَأَعْتَقَ سَيدَنَا يَعْنِي بِلَالًا.

8858 ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: ئەبۇ بەكرى خوجىمىزدۇر. ئۇ، خوجىمىز (بىلال)نى ئازاد قىلدى.

(بۇخارى: 3754)

8859 ـ عَنْ سَالِمٍ أن شَاعِرًا مَدَحَ بِلَالَ بْنَ عَبْدِ اللهِ فَقَالَ بِلَالُ بْنُ عَبْدِ اللهِ خَيْرُ بِلَالٍ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ كَذَبْتَ لَا بَلْ بِلَالُ رَسُولِ اللهِ خَيْرُ بِلَالٍ.

8859 ـ سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: شائىردىن بىرسى بىلال ئىبنى ئابدۇللاھنى مەدھىيەلەپ:

ـ بىلال ئىبنى ئابدۇللاھ ئەڭ ياخشى بىلالدۇر، ـ دېگەندى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ يالغان ئېيتتىڭ. بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىلالى ئەڭ ياخشى بىلالدۇر، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 152)

8860 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأُبَي إن اللهَ أَمَرَنِي أَنْ أَقْرَأَ عَلَيْكَ لَمْ يَكُنْ الذِينَ كَفَرُوا مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ قَالَ وَسَمانِي قَالَ نَعَمْ فَبَكَى.

8860 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇبەي ئىبنى كەئبكە:

ـ الله مېنى ساڭا: لەم يەكۇنىللەزىينە كەفەرۇ سۈرىسىنى ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى، ـ دېگەندى، ئۇبەي:

ـ الله ئىسمىمنى ئاتىدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، ـ دېگەندى، ئۇبەي يىغلاپ كەتتى.

(بۇخارى: 3809)

8861 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إني مَجْهُودٌ فَأَرْسَلَ إِلَى بَعْضِ نِسَائِهِ فَقَالَتْ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق مَا عِنْدِي إلا مَاءٌ ثُم أَرْسَلَ إِلَى أُخْرَى فَقَالَتْ مِثْلَ ذَلِكَ حَتى قُلْنَ كُلهُن مِثْلَ ذَلِكَ لَا وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق مَا عِنْدِي إلا مَاءٌ فَقَالَ مَنْ يُضِيفُ هَذَا اللَّيْلَةَ رَحِمَهُ اللهُ فَقَامَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ فَقَالَ أَنا يَا رَسُولَ اللهِ

[1] ئەلبانى (29): زەئىپ، ـ دېگەن.

فَانْطَلَقَ بِهِ إِلَى رَحْلِهِ فَقَالَ لِامْرَأَتِهِ هَلْ عِنْدَكِ شَيْءٌ قَالَتْ لَا إِلَّا قُوتُ صِبْيَانِي قَالَ فَعَلِّلِيهِمْ بِشَيْءٍ فَإِذَا دَخَلَ ضَيْفُنَا فَأَطْفِئْ السِّرَاجَ وَأَرِيهِ أَنَّا نَأْكُلُ فَإِذَا أَهْوَى لِيَأْكُلَ فَقُومِي إِلَى السِّرَاجِ حَتَّى تُطْفِئِيهِ قَالَ فَقَعَدُوا وَأَكَلَ الضَّيْفُ فَلَمَّا أَصْبَحَ غَدَا عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ قَدْ عَجِبَ اللَّهُ مِنْ صَنِيعِكُمَا بِضَيْفِكُمَا اللَّيْلَةَ.

8861 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ بەكمۇ موھتاجمەن (قورسىقىممۇ ئاچ)، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىدىن بىرىگە خەۋەر يوللىغانىدى، "مەندە سۇدىن باشقا (يېگۈدەك) نەرسە يوق" دېگەن جاۋاب كەلدى. ئاندىن يەنە بىر ئايالىغا خەۋەر يوللىغانىدى، ئۇنىڭدىنمۇ شۇنداق جاۋاب كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (نۆۋەت بىلەن) ھەممە ئايالىغا خەۋەر يوللىغان بولسىمۇ، ھېچكىمدىن يېگۈدەك بىر نەرسە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن:

ــ بۇ ئادەمنى بۇ كېچە مېھمان قىلىدىغان بىرى بارمۇ؟ اللہ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن، ـ دېگەنىدى، ئەنسارىلاردىن بىرى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن مېھمان قىلاي، ـ دېدى ۋە ئۇ ئادەمنى ئېلىپ كەتتى. ئۆيگە بېرىپ، ئايالىدىن:

ــ يېگۈدەك بىر نەرسە بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئايالى:

ــ بالىلارنىڭ تامىقىدىن باشقا بىر نەرسە يوق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ بالىلارغا بىر ئامال قىلغىن. مېھمان ئۆيگە ئىچىگە كىرگەندە، خۇددى تاماق يەپ ئولتۇرغاندەك تۇس بەرگىن. ئۇ تاماق يېيىشكە باشلىغاندا، چىراغنى ئۆچۈرۈشكە بولۇۋېلىپ ئۆچۈرۈۋەتكىن، ـ دېدى. ئايالى ئۇنىڭ ئېيتقىنىدەك قىلدى. مېھمان كىرىپ تاماق يېدى، ئۇلار ئاچ قورساق تۇنىدى. ئەتىسى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ اللہ (ئەر ـ ئايال) ئىككىڭلارنىڭ بۇ كېچە مېھمىنىڭلارغا قىلغان ئىشىڭلاردىن ئەجەبلەندى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2054)

8862 ـ وفي رواية: فَأَنْزَلَ اللهُ وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِـمْ خَصَاصَـةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمْ الْمُفْلِحُونَ.

8862 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: شۇنىڭ بىلەن الله تائالا: ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئەتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەفسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەدكە ئېرىشكۈچىلەردۇر [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

(بۇخارى: 3798)

8863 ـ عَنْ الْمِقْدَادِ قَالَ أَقْبَلْتُ أَنَا وَصَاحِبَانِ لِي وَقَدْ ذَهَبَتْ أَسْمَاعُنَا وَأَبْصَارُنَا مِنْ الْجَهْدِ فَجَعَلْنَا نَعْرِضُ أَنْفُسَنَا عَلَى أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَيْسَ أَحَدٌ مِنْهُمْ يَقْبَلُنَا فَأَتَيْنَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَانْطَلَقَ بِنَا إِلَى أَهْلِهِ فَإِذَا ثَلَاثَةُ أَعْنُزٍ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ احْتَلِبُوا هَذَا اللبَنَ بَيْنَنَا قَالَ فَكُنا نَحْتَلِبُ فَيَشْرَبُ كُل إِنْسَانٍ مِنا نَصِيبَهُ وَنَرْفَعُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَصِيبَهُ قَالَ فَيَجِيءُ مِنْ اللَيْلِ فَيُسَلمُ تَسْلِيمًا لَا يُوقِظُ نَائِمًا وَيُسْمِعُ الْيَقْظَانَ قَالَ ثُم يَأْتِي الْمَسْجِدَ فَيُصَلي ثُم يَأْتِي شَرَابَهُ فَيَشْرَبُ فَأَتَانِي الشيْطَانُ ذَاتَ لَيْلَةٍ وَقَدْ شَرِبْتُ نَصِيبِي فَقَالَ مُحَمدٌ يَأْتِي الْأَنْصَارَ فَيُتْحِفُونَهُ وَيُصِيبُ عِنْدَهُمْ مَا بِهِ حَاجَةٌ إِلَى هَذِهِ الْجُرْعَةِ فَأَتَيْتُهَا فَشَرِبْتُهَا فَلَما أَنْ وَغَلَتْ فِي بَطْنِي وَعَلِمْتُ أَنهُ لَيْسَ إِلَيْهَا سَبِيلٌ قَالَ نَدمَنِي الشيْطَانُ فَقَالَ وَيْحَكَ مَا صَنَعْتَ أَشَرِبْتَ شَرَابَ مُحَمدٍ فَيَجِيءُ فَلَا يَجِدُهُ فَيَدْعُو عَلَيْكَ فَتَهْلِكُ فَتَذْهَبُ دُنْيَاكَ وَآخِرَتُكَ وَعَلَي شَمْلَةٌ إِذَا وَضَعْتُهَا عَلَى قَدَمَي خَرَجَ رَأْسِي وَإِذَا وَضَعْتُهَا عَلَى رَأْسِي خَرَجَ قَدَمَايَ وَجَعَلَ لَا يَجِيئُنِي النوْمُ وَأَما صَاحِبَايَ فَنَامَا وَلَمْ يَصْنَعَا مَا صَنَعْتُ قَالَ فَجَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَلمَ كَمَا كَانَ يُسَلمُ ثُم أَتَى الْمَسْجِدَ فَصَلى ثُم أَتَى شَرَابَهُ فَكَشَفَ عَنْهُ فَلَمْ يَجِدْ فِيهِ شَيْئًا فَرَفَعَ رَأْسَهُ إِلَى السمَاءِ فَقُلْتُ الْآنَ يَدْعُو عَلَي فَأَهْلِكُ فَقَالَ اللهُم أَطْعِمْ مَنْ أَطْعَمَنِي وَأَسْقِ مَنْ أَسْقَانِي قَالَ فَعَمَدْتُ إِلَى الشمْلَةِ فَشَدَدْتُهَا عَلَي وَأَخَذْتُ الشفْرَةَ فَانْطَلَقْتُ إِلَى الْأَعْنُزِ أَيهَا أَسْمَنُ

[1] سۈرە ھەشر، 9 ـ ئايەت.

فَأَذْبَحُهَا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا هِيَ حَافِلَةٌ وَإِذَا هُن حُفلٌ كُلُهُن فَعَمَدْتُ إِلَى إِنَاءٍ لِآلِ مُحَمدٍ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا كَانُوا يَطْمَعُونَ أَنْ يَحْتَلِبُوا فِيهِ قَالَ فَحَلَبْتُ فِيهِ حَتى عَلَتْهُ رَغْوَةٌ فَجِئْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَشَرِبْتُمْ شَرَابَكُمْ اللَيْلَةَ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ اشْرَبْ فَشَرِبَ ثُم نَاوَلَنِي فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ اشْرَبْ فَشَرِبَ ثُم نَاوَلَنِي فَلَما عَرَفْتُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ رَوِيَ وَأَصَبْتُ دَعْوَتَهُ ضَحِكْتُ حَتى أُلْقِيتُ إِلَى الْأَرْضِ قَالَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِحْدَى سَوْآتِكَ يَا مِقْدَادُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ كَانَ مِنْ أَمْرِي كَذَا وَكَذَا وَفَعَلْتُ كَذَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا هَذِهِ إِلا رَحْمَةٌ مِنْ اللهِ أَفَلَا كُنْتَ آذَنْتَنِي فَنُوقِظَ صَاحِبَيْنَا فَيُصِيبَانِ مِنْهَا قَالَ فَقُلْتُ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق مَا أُبَالِي إِذَا أَصَبْتَهَا وَأَصَبْتُهَا مَعَكَ مَنْ أَصَابَهَا مِنْ الناسِ.

8863 ـ مىقداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىككى ھەمراھىم بىلەن بىللە يېتىپ كەلدىم. ئاچلىقتىن كۆزلىرىمىز كۆرمەس، قۇلاقلىرىمىز ئاڭلىماس بولۇپ كەتكەنىدى. ساھابىلەرنىڭ ئالدىغا بارغاندۇق، ھېچكىم بىزنى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا باردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئىشىكى ئالدىدا ئۈچ چىشى ئۆچكە تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بۇلارنى سېغىڭلار، سۈتىنى بۆلۈشۈپ ئىچەرمىز، ـ دېدى. ئۆچكىلەرنى سېغىپ، ھەممىمىز ئىچتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ نېسىۋىسىنى ئايرىپ قويدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى چىقىپ، سالام بېرەتتى. ئۇخلاۋاتقانلار ئويغىنىپ كەتمەيتتى، (ئۇنىڭ) ئاۋازىنى پەقەت ئويغاقلارلا ئۇياتتى. ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ، ناماز ئوقۇيتتى. ئاندىن چىقىپ، ئۆز نېسىۋىسىنى (يەنى سۈتنى) ئىچەتتى. بىر كېچىسى، نېسىۋەمنى ئىچىپ بولۇشۇمغا، شەيتان كېلىپ:

ـ ئەنسارىلار مۇھەممەدنى يوقلاپ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىنئام قىلىدۇ. شۇڭا بۇ سۈتكە ئېھتىياجى يوق، ـ دېدى. مەن شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈتىنىمۇ ئىچىۋەتتىم. سۈت

گېلىمدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، شەيتان كېلىپ، مېنى پۇشايمان قىلدۇرغىلى تۇردى:

ــ ۋاي ساڭا! نېمە ئىش قىلدىڭ؟ مۇھەممەدنىڭ نېسۋىسىنى ئىچىۋەتتىڭغۇ؟ ئۇ كېلىپ، سۈتنى تاپالمىسا، ساڭا بەددۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھالاك بولىسەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدۇ، ـ دېدى.

ئۈستۈمدە بىر يېپىنچا بار ئىدى، پۇتۇمنى يۆگىسەم بېشىم، بېشىمنى يۆگىسەم پۇتۇم ئېچىلىپ قالاتتى. ئۇيقۇم قېچىپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدىم. ئىككى ھەمراھىم بولسا ئىچىپ بولۇپ ئۇخلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئادىتى بويىچە سالام بەرگەندىن كېيىن، مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن مەسجىدتىن چىقتى ۋە نېسۋىسىنى ئىچمەكچى بولۇپ قاچىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، قاچىنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈردى. مەن ئۆز ـ ئۆزەمگە: "ئەمدى ماڭا بەددۇئا قىلىدۇ، ھالاك بولىدىغان بولدۇم" دەيتتىم. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى الله! ماڭا تائام بەرگەنلەرگە سەنمۇ تائام بەرگىن، ماڭا ئۇسسۇلۇق بەرگەنلەرگە سەنمۇ ئۇسسۇلۇق بەرگىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى. مەن يېپىنچامنى ئۈستۈمگە ئارتىپ، قولۇمغا بىر پىچاق ئالدىم ـ دە، ئۆچكىلەرنىڭ ئەڭ سېمىزىنى بوغۇزلىماقچى بولدۇم. لېكىن ئۆچكىلەرنىڭ يېلىنىدىن سۈت تېشىپ تۇراتتى. سۈت ساغىدىغان قاچىنى ئەكېلىپ، ئۇچىلى ئۆچكىنى ساغدىم ۋە بىر قاچىغا قۇيۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇگۈن سۈتۈڭلارنى ئىچتىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ئىچتۇق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتتىن بىر ئاز ئىچكەندىن كېيىن، ماڭا تەڭلىدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! يەنە ئىچكىن! ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئازراق ئىچىپ، ماڭا تەڭلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈتكە تويغاندى، قولىنى كۆتۈرۈپ ماڭا دۇئا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن خۇشاللىقتىن (قىلىق تاپالماي) يەرلەردە ئېغىناپ كەتكىلى تاسلا قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى مىقداد! دىققەت قىل، ئەۋرىتىڭ ئېچىلىپ قالمىسۇن! ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرگەندىم، ئۇ:

ــ بۇ پەقەت الله تائالانىڭ مەرھەمىتى. مەندىن سورىساڭ بولماسمىدى؟ ئىككى ھەمراھىڭنىمۇ ئويغاتساڭ، ئۇلارمۇ بۇ سۈتتىن ئىچكەن بولسا ياخشى بولاتتى، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن بىللە سۈت ئىچىۋالدىم، باشقىلارنىڭ ئىچكەن ـ ئىچمىگىنى بىلەن كارىم يوق، ـ دېدىم.

(مۇسلىم: 2055)

**8864 ـ عن أبي قتادة: أن النبي صلى الله عليه وسلم كان في سفر له فعطشوا فانطلق سرعان الناس فلزمت رسول الله صلى الله عليه وسلم تلك الليلة فقال حفظك الله بما حفظت به نبيه.**

8864 ـ ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر سەپەرگە چىقتۇق. سەپەرداشلىرىمىز چاڭقاپ كەتكەچكە، سۇ ئىزدەپ ھەر تەرەپكە كەتتى. لېكىن مەن شۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن اللهنىڭ پەيغەمبىرىنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك، الله سېنىمۇ مۇھاپىزەت قىلسۇن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5228)

[1] ئەلبانى (4356): سەھىھ ـ دېگەن.

## سەلمان، ئەبۇ مۇسا، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇف، جەرىر، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ دادىسى، مالىكنىڭ ئىككى ئوغلى ئەنەس بىلەن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8865 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ تَلَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا هَذِهِ الْآيَـةَ وَإِنْ تَتَوَلَّوْا يَسْتَبْدِلْ قَوْمًا غَيْرَكُمْ ثُم لَا يَكُونُوا أَمْثَالَكُمْ قَالُوا وَمَنْ يُسْتَبْدَلُ بِنَا قَالَ فَضَـرَبَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى مَنْكِبِ سَلْمَانَ ثُم قَالَ هَذَا وَقَوْمُهُ هَذَا وَقَوْمُهُ.

8865 ـ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى: ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ تائەتىدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا باشقا بىر قەۋمنى ئالماشتۇرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە ئوخشاش بولمايدۇ (بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ) [1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئورنىمىزغا كىمنى ئالماشتۇرىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلماننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ بۇنى ۋە قەۋمىنى ئالماشتۇرىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى [2].

(تىرمىزى: 3260)

8866 ـ وفي رواية: وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَوْ كَانَ الْإِيمَانُ مَنُوطًا بِالثرَيا لَتَنَاوَلَهُ رِجَالٌ مِنْ فَارِسَ.

8866 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى،

---

[1] سۈرە مۇھەممەد، 38 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2598): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەگەر ئىمان يۇلتۇزلارغا باغلاقلىق بولسا ئىدى، فارسلاردىن بىر تۈركۈم كىشى (بېرىپ) ئۇنى ئالغان بولاتتى»[1].

(تىرمىزى: 3261)

8867 ـ عَنْ أَبِي عُثْمَانَ قَالَ سَمِعْتُ سَلْمَانَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ يَقُولُ أَنَا مِنْ رَامَ هُرْمُزَ.

8867 ـ ئەبۇ ئوسماندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن (ئىراننىڭ) رامە ھۇرمۇز دېگەن يۇرتتىن، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 3947)

8868 ـ عَنْ أَبِي عُثْمَانَ عَنْ سَلْمَانَ الْفَارِسِي أَنَّهُ تَدَاوَلَهُ بِضْعَةَ عَشَرَ مِنْ رَب إِلَى رَب.

8868 ـ ئەبۇ ئوسماندىن رىۋايەت قىلىدۇكى، سەلمان فارىسىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خوجايىنىنىڭ قولىدىن يەنە بىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، جەمئىي ئون نەچچە خوجايىنغا قۇللۇق قىلغانىكەن.

(بۇخارى: 3946)

8869 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ قَالَ حَدثَنِي سَلْمَانُ الْفَارِسِي حَدِيثَهُ مِنْ فِيهِ قَالَ كُنْتُ رَجُلًا فَارِسِيا مِنْ أَهْلِ أَصْبَهَانَ مِنْ أَهْلِ قَرْيَةٍ مِنْهَا يُقَالُ لَهَا جَي وَكَانَ أَبِي دِهْقَانَ قَرْيَتِهِ وَكُنْتُ أَحَب خَلْقِ اللهِ إِلَيْهِ فَلَمْ يَزَلْ بِهِ حُبهُ إِيايَ حَتى حَبَسَنِي فِي بَيْتِهِ أَيْ مُلَازِمَ النارِ كَمَا تُحْبَسُ الْجَارِيَةُ وَأَجْهَدْتُ فِي الْمَجُوسِيةِ حَتى كُنْتُ قَطَنَ النارِ الذِي يُوقِدُهَا لَا يَتْرُكُهَا تَخْبُو سَاعَةً قَالَ وَكَانَتْ لِأَبِي ضَيْعَةٌ عَظِيمَةٌ قَالَ فَشُغِلَ فِي بُنْيَانٍ لَهُ يَوْمًا فَقَالَ لِي يَا بُنَي إِني قَدْ شُغِلْتُ فِي بُنْيَانٍ هَذَا الْيَوْمَ عَنْ ضَيْعَتِي فَاذْهَبْ فَاطلِعْهَا وَأَمَرَنِي فِيهَا بِبَعْضِ مَا يُرِيدُ فَخَرَجْتُ أُرِيدُ ضَيْعَتَهُ فَمَرَرْتُ بِكَنِيسَةٍ مِنْ كَنَائِسِ النصَارَى فَسَمِعْتُ أَصْوَاتَهُمْ فِيهَا وَهُمْ يُصَلونَ وَكُنْتُ لَا أَدْرِي مَا أَمْرُ الناسِ لِحَبْسِ أَبِي إِيايَ فِي بَيْتِهِ فَلَما مَرَرْتُ بِهِمْ

[1] ئەلبانى (2599): سەھىھ ـ دېگەن.

وَسَمِعْتُ أَصْوَاتَهُمْ دَخَلْتُ عَلَيْهِمْ أَنْظُرُ مَا يَصْنَعُونَ قَالَ فَلَما رَأَيْتُهُمْ أَعْجَبَنِي صَلَاتُهُمْ وَرَغِبْتُ فِي أَمْرِهِمْ وَقُلْتُ هَذَا وَاللهِ خَيْرٌ مِنْ الدينِ الذِي نَحْنُ عَلَيْهِ فَوَاللهِ مَا تَرَكْتُهُمْ حَتى غَرَبَتْ الشمْسُ وَتَرَكْتُ ضَيْعَةَ أَبِي وَلَمْ آتِهَا فَقُلْتُ لَهُمْ أَيْنَ أَصْلُ هَذَا الدينِ قَالُوا بِالشامِ قَالَ ثُم رَجَعْتُ إِلَى أَبِي وَقَدْ بَعَثَ فِي طَلَبِي وَشَغَلْتُهُ عَنْ عَمَلِهِ كُلِهِ قَالَ فَلَما جِئْتُهُ قَالَ أَيْ بُنَي أَيْنَ كُنتَ أَلَمْ أَكُنْ عَهِدْتُ إِلَيْكَ مَا عَهِدْتُ قَالَ قُلْتُ يَا أَبَتِ مَرَرْتُ بِنَاسٍ يُصَلونَ فِي كَنِيسَةٍ لَهُمْ فَأَعْجَبَنِي مَا رَأَيْتُ مِنْ دِينِهِمْ فَوَاللهِ مَازِلْتُ عِنْدَهُمْ حَتى غَرَبَتْ الشمْسُ قَالَ أَيْ بُنَي لَيْسَ فِي ذَلِكَ الدينِ خَيْرٌ دِينُكَ وَدِينُ آبَائِكَ خَيْرٌ مِنْهُ قَالَ قُلْتُ كَلا وَاللهِ إِنهُ خَيْرٌ مِنْ دِينِنَا قَالَ فَخَافَنِي فَجَعَلَ فِي رِجْلَي قَيْدًا ثُم حَبَسَنِي فِي بَيْتِهِ قَالَ وَبَعَثَتْ إِلَي النصَارَى فَقُلْتُ لَهُمْ إِذَا قَدِمَ عَلَيْكُمْ رَكْبٌ مِنْ الشامِ تُجارٌ مِنْ النصَارَى فَأَخْبِرُونِي بِهِمْ قَالَ فَقَدِمَ عَلَيْهِمْ رَكْبٌ مِنْ الشامِ تُجارٌ مِنْ النصَارَى قَالَ فَأَخْبَرُونِي بِهِمْ قَالَ فَقُلْتُ لَهُمْ إِذَا قَضَوْا حَوَائِجَهُمْ وَأَرَادُوا الرجْعَةَ إِلَى بِلَادِهِمْ فَآذِنُونِي بِهِمْ قَالَ فَلَما أَرَادُوا الرجْعَةَ إِلَى بِلَادِهِمْ أَخْبَرُونِي بِهِمْ فَأَلْقَيْتُ الْحَدِيدَ مِنْ رِجْلَي ثُم خَرَجْتُ مَعَهُمْ حَتى قَدِمْتُ الشامَ فَلَما قَدِمْتُهَا قُلْتُ مَنْ أَفْضَلُ أَهْلِ هَذَا الدينِ قَالُوا الْأَسْقُفُ فِي الْكَنِيسَةِ قَالَ فَجِئْتُهُ فَقُلْتُ إِني قَدْ رَغِبْتُ فِي هَذَا الدينِ وَأَحْبَبْتُ أَنْ أَكُونَ مَعَكَ أَخْدُمُكَ فِي كَنِيسَتِكَ وَأَتَعَلمُ مِنْكَ وَأُصَلي مَعَكَ قَالَ فَادْخُلْ فَدَخَلْتُ مَعَهُ قَالَ فَكَانَ رَجُلَ سَوْءٍ يَأْمُرُهُمْ بِالصدَقَةِ وَيُرَغبُهُمْ فِيهَا فَإِذَا جَمَعُوا إِلَيْهِ مِنْهَا أَشْيَاءَ اكْتَنَزَهُ لِنَفْسِهِ وَلَمْ يُعْطِهِ الْمَسَاكِينَ حَتى جَمَعَ سَبْعَ قِلَالٍ مِنْ ذَهَبٍ وَوَرِقٍ قَالَ وَأَبْغَضْتُهُ بُغْضًا شَدِيدًا لِمَا رَأَيْتُهُ يَصْنَعُ ثُم مَاتَ فَاجْتَمَعَتْ إِلَيْهِ النصَارَى لِيَدْفِنُوهُ فَقُلْتُ لَهُمْ إِن هَذَا كَانَ رَجُلَ سَوْءٍ يَأْمُرُكُمْ بِالصدَقَةِ وَيُرَغبُكُمْ فِيهَا فَإِذَا جِئْتُمُوهُ بِهَا اكْتَنَزَهَا لِنَفْسِهِ وَلَمْ يُعْطِ الْمَسَاكِينَ مِنْهَا شَيْئًا قَالُوا وَمَا عِلْمُكَ بِذَلِكَ قَالَ قُلْتُ أَنَا أَدُلكُمْ عَلَى كَنْزِهِ قَالُوا فَدُلنَا عَلَيْهِ قَالَ فَأَرَيْتُهُمْ مَوْضِعَهُ قَالَ فَاسْتَخْرَجُوا مِنْهُ سَبْعَ قِلَالٍ مَمْلُوءَةٍ ذَهَبًا وَوَرِقًا قَالَ فَلَما رَأَوْهَا قَالُوا وَاللهِ لَا نَدْفِنُهُ أَبَدًا فَصَلَبُوهُ ثُم رَجَمُوهُ بِالْحِجَارَةِ ثُم جَاءُوا بِرَجُلٍ آخَرَ فَجَعَلُوهُ بِمَكَانِهِ قَالَ يَقُولُ سَلْمَانُ فَمَا رَأَيْتُ رَجُلًا لَا يُصَلي الْخَمْسَ أَرَى أَنهُ أَفْضَلُ مِنْهُ أَزْهَدُ فِي الدنْيَا وَلَا أَرْغَبُ فِي الْآخِرَةِ وَلَا أَدْأَبُ لَيْلًا وَنَهَارًا مِنْهُ قَالَ فَأَحْبَبْتُهُ حُبا لَمْ أُحِبهُ مَنْ قَبْلَهُ وَأَقَمْتُ مَعَهُ زَمَانًا ثُم حَضَرَتْهُ الْوَفَاةُ فَقُلْتُ لَهُ يَا فُلَانُ إِني كُنْتُ مَعَكَ وَأَحْبَبْتُكَ

حُبا لَمْ أُحِبهُ مَنْ قَبْلَكَ وَقَدْ حَضَرَكَ مَا تَرَى مِنْ أَمْرِ اللهِ فَإِلَى مَنْ تُوصِي بِي وَمَا تَأْمُرُنِي قَالَ أَيْ بُنَي وَاللهِ مَا أَعْلَمُ أَحَدًا الْيَوْمَ عَلَى مَا كُنتُ عَلَيْهِ لَقَدْ هَلَكَ الناسُ وَبَدلُوا وَتَرَكُوا أَكْثَرَ مَا كَانُوا عَلَيْهِ إِلا رَجُلًا بِالْمَوْصِلِ وَهُوَ فُلَانٌ فَهُوَ عَلَى مَا كُنتُ عَلَيْهِ فَالْحَقْ بِهِ قَالَ فَلَما مَاتَ وَغَيبَ لَحِقْتُ بِصَاحِبِ الْمَوْصِلِ فَقُلْتُ لَهُ يَا فُلَانُ إِن فُلَانًا أَوْصَانِي عِنْدَ مَوْتِهِ أَنْ أَلْحَقَ بِكَ وَأَخْبَرَنِي أَنكَ عَلَى أَمْرِهِ قَالَ فَقَالَ لِي أَقِمْ عِنْدِي فَأَقَمْتُ عِنْدَهُ فَوَجَدْتُهُ خَيْرَ رَجُلٍ عَلَى أَمْرِ صَاحِبِهِ فَلَمْ يَلْبَثْ أَنْ مَاتَ فَلَما حَضَرَتْهُ الْوَفَاةُ قُلْتُ لَهُ يَا فُلَانُ إِن فُلَانًا أَوْصَى بِي إِلَيْكَ وَأَمَرَنِي بِاللحُوقِ بِكَ وَقَدْ حَضَرَكَ مِنْ اللهِ عَز وَجَل مَا تَرَى فَإِلَى مَنْ تُوصِي بِي وَمَا تَأْمُرُنِي قَالَ أَيْ بُنَي وَاللهِ مَا أَعْلَمُ رَجُلًا عَلَى مِثْلِ مَا كُنا عَلَيْهِ إِلا بِنَصِيبِينَ وَهُوَ فُلَانٌ فَالْحَقْ بِهِ وَقَالَ فَلَما مَاتَ وَغَيبَ لَحِقْتُ بِصَاحِبِ نَصِيبِينَ فَجِئْتُهُ فَأَخْبَرْتُهُ بِخَبَرِي وَمَا أَمَرَنِي بِهِ صَاحِبِي قَالَ فَأَقِمْ عِنْدِي فَأَقَمْتُ عِنْدَهُ فَوَجَدْتُهُ عَلَى أَمْرِ صَاحِبَيْهِ فَأَقَمْتُ مَعَ خَيْرِ رَجُلٍ فَوَاللهِ مَا لَبِثَ أَنْ نَزَلَ بِهِ الْمَوْتُ فَلَما حَضَرَ قُلْتُ لَهُ يَا فُلَانُ إِن فُلَانًا كَانَ أَوْصَى بِي إِلَى فُلَانٍ ثُم أَوْصَى بِي فُلَانٌ إِلَيْكَ فَإِلَى مَنْ تُوصِي بِي وَمَا تَأْمُرُنِي قَالَ أَيْ بُنَي وَاللهِ مَا نَعْلَمُ أَحَدًا بَقِيَ عَلَى أَمْرِنَا آمُرُكَ أَنْ تَأْتِيَهُ إِلا رَجُلًا بِعَمورِيةَ فَإِنهُ بِمِثْلِ مَا نَحْنُ عَلَيْهِ فَإِنْ أَحْبَبْتَ فَأْتِهِ قَالَ فَإِنهُ عَلَى أَمْرِنَا قَالَ فَلَما مَاتَ وَغَيبَ لَحِقْتُ بِصَاحِبِ عَمورِيةَ وَأَخْبَرْتُهُ خَبَرِي فَقَالَ أَقِمْ عِنْدِي فَأَقَمْتُ مَعَ رَجُلٍ عَلَى هَدْيِ أَصْحَابِهِ وَأَمْرِهِمْ قَالَ وَاكْتَسَبْتُ حَتى كَانَ لِي بَقَرَاتٌ وَغُنَيْمَةٌ قَالَ ثُم نَزَلَ بِهِ أَمْرُ اللهِ فَلَما حَضَرَ قُلْتُ لَهُ يَا فُلَانُ إِني كُنْتُ مَعَ فُلَانٍ فَأَوْصَى بِي فُلَانٌ إِلَى فُلَانٍ وَأَوْصَى بِي فُلَانٌ إِلَى فُلَانٍ ثُم أَوْصَى بِي فُلَانٌ إِلَيْكَ فَإِلَى مَنْ تُوصِي بِي وَمَا تَأْمُرُنِي قَالَ أَيْ بُنَي وَاللهِ مَا أَعْلَمُهُ أَصْبَحَ عَلَى مَا كُنا عَلَيْهِ أَحَدٌ مِنْ الناسِ آمُرُكَ أَنْ تَأْتِيَهُ وَلَكِنهُ قَدْ أَظَلكَ زَمَانُ نَبِي هُوَ مَبْعُوثٌ بِدِينِ إِبْرَاهِيمَ يَخْرُجُ بِأَرْضِ الْعَرَبِ مُهَاجِرًا إِلَى أَرْضٍ بَيْنَ حَرتَيْنِ بَيْنَهُمَا نَخْلٌ بِهِ عَلَامَاتٌ لَا تَخْفَى يَأْكُلُ الْهَدِيةَ وَلَا يَأْكُلُ الصدَقَةَ بَيْنَ كَتِفَيْهِ خَاتَمُ النبُوةِ فَإِنْ اسْتَطَعْتَ أَنْ تَلْحَقَ بِتِلْكَ الْبِلَادِ فَافْعَلْ قَالَ ثُم مَاتَ وَغَيبَ فَمَكَثْتُ بِعَمورِيةَ مَا شَاءَ اللهُ أَنْ أَمْكُثَ ثُم مَر بِي نَفَرٌ مِنْ كَلْبٍ تُجارًا فَقُلْتُ لَهُمْ تَحْمِلُونِي إِلَى أَرْضِ الْعَرَبِ وَأُعْطِيكُمْ بَقَرَاتِي هَذِهِ وَغُنَيْمَتِي هَذِهِ قَالُوا نَعَمْ فَأَعْطَيْتُهُمُوهَا وَحَمَلُونِي حَتى إِذَا قَدِمُوا بِي وَادِي الْقُرَى ظَلَمُونِي فَبَاعُونِي مِنْ رَجُلٍ مِنْ

يَهُودَ عَبْدًا فَكُنْتُ عِنْدَهُ وَرَأَيْتُ النخْلَ وَرَجَوْتُ أَنْ تَكُونَ الْبَلَدَ الذِي وَصَفَ لِي صَاحِبِي وَلَمْ يَحِقْ لِي فِي نَفْسِي فَبَيْنَمَا أَنَا عِنْدَهُ قَدِمَ عَلَيْهِ ابْنُ عَم لَهُ مِنْ الْمَدِينَةِ مِنْ بَنِي قُرَيْظَةَ فَابْتَاعَنِي مِنْهُ فَاحْتَمَلَنِي إِلَى الْمَدِينَةِ فَوَاللهِ مَا هُوَ إِلا أَنْ رَأَيْتُهَا فَعَرَفْتُهَا بِصِفَةِ صَاحِبِي فَأَقَمْتُ بِهَا وَبَعَثَ اللهُ رَسُولَهُ فَأَقَامَ بِمَكةَ مَا أَقَامَ لَا أَسْمَعُ لَهُ بِذِكْرٍ مَعَ مَا أَنَا فِيهِ مِنْ شُغْلِ الرق ثُم هَاجَرَ إِلَى الْمَدِينَةِ فَوَاللهِ إِني لَفِي رَأْسِ عَذْقٍ لِسَيدِي أَعْمَلُ فِيهِ بَعْضَ الْعَمَلِ وَسَيدِي جَالِسٌ إِذْ أَقْبَلَ ابْنُ عَم لَهُ حَتى وَقَفَ عَلَيْهِ فَقَالَ فُلَانُ قَاتَلَ اللهُ بَنِي قَيْلَةَ وَاللهِ إِنهُمْ الْآنَ لَمُجْتَمِعُونَ بِقُبَاءَ عَلَى رَجُلٍ قَدِمَ عَلَيْهِمْ مِنْ مَكةَ الْيَوْمَ يَزْعُمُونَ أَنهُ نَبِي قَالَ فَلَما سَمِعْتُهَا أَخَذَتْنِي الْعُرَوَاءُ حَتى ظَنَنْتُ سَأَسْقُطُ عَلَى سَيدِي قَالَ وَنَزَلْتُ عَنْ النخْلَةِ فَجَعَلْتُ أَقُولُ لِابْنِ عَمهِ ذَلِكَ مَاذَا تَقُولُ مَاذَا تَقُولُ قَالَ فَغَضِبَ سَيدِي فَلَكَمَنِي لَكْمَةً شَدِيدَةً ثُم قَالَ مَا لَكَ وَلِهَذَا أَقْبِلْ عَلَى عَمَلِكَ قَالَ قُلْتُ لَا شَيْءَ إِنمَا أَرَدْتُ أَنْ أَسْتَثْبِتَ عَما قَالَ وَقَدْ كَانَ عِنْدِي شَيْءٌ قَدْ جَمَعْتُهُ فَلَما أَمْسَيْتُ أَخَذْتُهُ ثُم ذَهَبْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ بِقُبَاءَ فَدَخَلْتُ عَلَيْهِ فَقُلْتُ لَهُ إِنهُ قَدْ بَلَغَنِي أَنكَ رَجُلٌ صَالِحٌ وَمَعَكَ أَصْحَابٌ لَكَ غُرَبَاءُ ذَوُو حَاجَةٍ وَهَذَا شَيْءٌ كَانَ عِنْدِي لِلصدَقَةِ فَرَأَيْتُكُمْ أَحَق بِهِ مِنْ غَيْرِكُمْ قَالَ فَقَربْتُهُ إِلَيْهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ كُلُوا وَأَمْسَكَ يَدَهُ فَلَمْ يَأْكُلْ قَالَ فَقُلْتُ فِي نَفْسِي هَذِهِ وَاحِدَةٌ ثُم انْصَرَفْتُ عَنْهُ فَجَمَعْتُ شَيْئًا وَتَحَولَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَدِينَةِ ثُم جِئْتُ بِهِ فَقُلْتُ إِني رَأَيْتُكَ لَا تَأْكُلُ الصدَقَةَ وَهَذِهِ هَدِيةٌ أَكْرَمْتُكَ بِهَا قَالَ فَأَكَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهَا وَأَمَرَ أَصْحَابَهُ فَأَكَلُوا مَعَهُ قَالَ فَقُلْتُ فِي نَفْسِي هَاتَانِ اثْنَتَانِ ثُم جِئْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ بِبَقِيعِ الْغَرْقَدِ قَالَ وَقَدْ تَبِعَ جَنَازَةً مِنْ أَصْحَابِهِ عَلَيْهِ شَمْلَتَانِ لَهُ وَهُوَ جَالِسٌ فِي أَصْحَابِهِ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ ثُم اسْتَدَرْتُ أَنْظُرُ إِلَى ظَهْرِهِ هَلْ أَرَى الْخَاتَمَ الذِي وَصَفَ لِي صَاحِبِي فَلَما رَآنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَدَرْتُهُ عَرَفَ أَني أَسْتَثْبِتُ فِي شَيْءٍ وُصِفَ لِي قَالَ فَأَلْقَى رِدَاءَهُ عَنْ ظَهْرِهِ فَنَظَرْتُ إِلَى الْخَاتَمِ فَعَرَفْتُهُ فَانْكَبَبْتُ عَلَيْهِ أُقَبلُهُ وَأَبْكِي فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَحَولْ فَتَحَولْتُ فَقَصَصْتُ عَلَيْهِ حَدِيثِي كَمَا حَدثْتُكَ يَا ابْنَ عَباسٍ قَالَ فَأَعْجَبَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَسْمَعَ ذَلِكَ أَصْحَابُهُ ثُم شَغَلَ

سَلْمَانَ الرق حَتى فَاتَهُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَدْرٌ وَأُحُدٌ قَالَ ثُم قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَاتِبْ يَا سَلْمَانُ فَكَاتَبْتُ صَاحِبِي عَلَى ثَلَاثِ مِائَةِ نَخْلَةٍ أُحْيِيهَا لَهُ بِالْفَقِيرِ وَبِأَرْبَعِينَ أُوقِيَةً فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَصْحَابِهِ أَعِينُوا أَخَاكُمْ فَأَعَانُونِي بِالنخْلِ الرجُلُ بِثَلَاثِينَ وَدِيةً وَالرجُلُ بِعِشْرِينَ وَالرجُلُ بِخَمْسَ عَشْرَةَ وَالرجُلُ بِعَشْرٍ يَعْنِي الرجُلُ بِقَدْرِ مَا عِنْدَهُ حَتى اجْتَمَعَتْ لِي ثَلَاثُ مِائَةِ وَدِيةٍ فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اذْهَبْ يَا سَلْمَانُ فَفَقرْ لَهَا فَإِذَا فَرَغْتَ فَأْتِنِي أَكُونُ أَنَا أَضَعُهَا بِيَدَي فَفَقرْتُ لَهَا وَأَعَانَنِي أَصْحَابِي حَتى إِذَا فَرَغْتُ مِنْهَا جِئْتُهُ فَأَخْبَرْتُهُ فَخَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعِي إِلَيْهَا فَجَعَلْنَا نُقَربُ لَهُ الْوَدِي وَيَضَعُهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِيَدِهِ فَوَالذِي نَفْسُ سَلْمَانَ بِيَدِهِ مَا مَاتَتْ مِنْهَا وَدِيةٌ وَاحِدَةٌ فَأَديْتُ النخْلَ وَبَقِيَ عَلَي الْمَالُ فَأُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِثْلِ بَيْضَةِ الدجَاجَةِ مِنْ ذَهَبٍ مِنْ بَعْضِ الْمَغَازِي فَقَالَ مَا فَعَلَ الْفَارِسِي الْمُكَاتَبُ قَالَ فَدُعِيتُ لَهُ فَقَالَ خُذْ هَذِهِ فَأَد بِهَا مَا عَلَيْكَ يَا سَلْمَانُ فَقُلْتُ وَأَيْنَ تَقَعُ هَذِهِ يَا رَسُولَ اللهِ مِما عَلَي قَالَ خُذْهَا فَإِن اللهَ عَز وَجَل سَيُؤَدي بِهَا عَنْكَ قَالَ فَأَخَذْتُهَا فَوَزَنْتُ لَهُمْ مِنْهَا وَالذِي نَفْسُ سَلْمَانَ بِيَدِهِ أَرْبَعِينَ أُوقِيَةً فَأَوْفَيْتُهُمْ حَقهُمْ وَعُتِقْتُ فَشَهِدْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْخَنْدَقَ ثُم لَمْ يَفُتْنِي مَعَهُ مَشْهَدٌ.

8869 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەلمان فارىسى ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: مەن ئىسفاھاننىڭ جەي كەنتىدىن بولۇپ، ئاتام شۇ كەنتنىڭ بېگى ئىدى. ئاتام ماڭا شۇنداق ئامراق ئىدىكى، ھەتتا مېنى ئۆزىگە خاس ئىبادەتخانىسىغا خۇددى قىزلارنى سىرتقا چىقارماي ئۆيگە سولاپ قويغاندەك (ھېچيەرگە چىقارماي) سولاپ قوياتتى. شۇڭا مەن مەجۇسىيلىقتا ئوت پىلىكىنى تۇتاشتۇرالايدىغان سەۋىيەگە يەتكەنىدىم. ئاتامنىڭ نۇرغۇن ئېكىنزارلىقى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ قۇرۇلۇش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ، ماڭا:

ــ ئى ئوغلۇم! بۈگۈن قۇرۇلۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئېتىزغا قارىيالماي قالدىم، سەن بېرىپ قاراپ كەلگىن، ـ دېدى ۋە ماڭا قىلىشقا

تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى تاپىلىدى. مەن ئىتىزغا كېتىۋېتىپ، بىر چېركاۋنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم. ئاتام مېنى سولاپ قويغانلىقى ئۈچۈن جەمئىيەتتىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر قالغان ئىدىم. چېركاۋغا قىزىقىپ، ئىچىگە كىردىم ۋە ئۇلار ئوقۇۋاتقان دۇئا (ناماز) غا قىزىقىپ تۇرۇپ قالدىم. كۆڭلۈمدە: ”اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ دىن بىزنىڭ دىنىمىزدىن ياخشى ئىكەن“ دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن، ئىتىزلىقنىمۇ ئۇنتۇپ، كەچ كىرگىچە ئۇلارغا قاراپ تۇردۇم. ئۇلاردىن:

ــ بۇ دىنىنىڭ ئەسلى قەيەردە؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇلار:

ــ شامدا، ـ دېيىشتى. ئۆيگە قايتىپ بارسام، ئاتام مېنى ئىزدەشكە ئادەم ئەۋەتكەن ئىكەن. مەندىن ئەنسىرەپ، تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغان ئاتام مېنى كۆرۈپ:

ــ ئى ئوغلۇم! قەيەردە ئىدىڭ؟ مەن سېنى ئىشقا بۇيرىمىغانمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـــ ئى ئاتا! مەن چېركاۋدا ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىبادىتىگە قىزىققىنىمدىن، كەچ كىرگىچە شۇلارغا قاراپ قاپتىمەن، ـ دېسەم، ئاتام:

ــ ئى ئوغلۇم! ئۇ دىندا خەير يوق. ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ دىنى ئۇ دىندىن ئەۋزەل، ـ دېدى، مەن:

ــ ياق. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ دىن بىزنىڭ دىنىمىزدىن ياخشىراق ئىكەن، ـ دەپ تۇرىۋالدىم. بۇنى ئاڭلىغان ئاتام مەندىن ئەنسىرەپ پۇتۇمغا زەنجىر سېلىپ، ئۆيگە سولاپ قويدى. خرىستىئانلار ماڭا ئادەم ئەۋەتكەنىكەن، ئۇلارغا:

ــ شام تەرەپتىن تىجارەتچىلەر كارۋىنى كېلىپ قالسا، ماڭا خەۋەر قىلىڭلار! ـــ دېدىم. كۆپ ئۆتمەي، ئۇلار شامدىن خرىستىئان تىجارەتچىلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى. مەن:

ــ ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، دىيارلىرىغا قايتماقچى بولغاندا ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار! ـ دېدىم. تىجارەتچىلەر قايتىدىغان كۈنى ماڭا خەۋەر

يەتكۈزۈلىدى. دەرھال پۈتۈمىدىكى زەنجىرنى ئېلىۋېتىپ، ئۇلار بىلەن بىللە شامغا يۈرۈپ كەتتىم. شامغا بارغاندىن كېيىن:

ــ بۇ دىنىنىڭ ئەڭ كاتتا ئۆلىماسى كىم؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇلار:

ــ پالانى چېركاۋدىكى پوپ، ـ دېيىشتى. ئۇ پوپىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ مەن بۇ دىنغا قىزىقىپ قالدىم. شۇڭا سىنىڭ قېشىڭدا تۇرۇپ، خىزمىتىڭنى قىلغاچ تەلىم ئالسام، ـ دېگەنىدىم، پوپ:

ـ بولىدۇ، قېنى كىرگىن! ــ دەپ ئىچكىرى باشلىدى. لېكىن ئۇ پوپىنىڭ ئەخلاقى بەكمۇ ناچار ئىدى. خەلقنى سەدىقە ـ زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، خەلق بەرگەن زاكاتنى بىچارە ـ مىسكىنلەرگە بەرمەي، ئۆز چۆنتىكىگە سالاتتى. ئۇنىڭ قىلمىشىدىن بەكمۇ يىرگەندىم. كېيىن ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، خرىستىئانلار يىغىلىپ، ئۇنى دەپنە قىلماقچى بولغانىدى، مەن ئۇلارغا:

ــ بۇ بەكمۇ ناچار ئادەم ئىدى، سىلەرنى سەدىقە بېرىشكە بۇيرۇيتتى، ئەمما سىلەر بەرگەن نەرسىلەرنى بىچارە ـ مىسكىنلەرگە بەرمەي، ئۆز چۆنتىكىگە سالاتتى، ـ دېدىم. ئۇلار:

ــ قانداق ئىسپاتىڭ بار؟ ـ دەپ سوراشتى.

ــ سىلەرگە ئۇنىڭ مال ـ دۇنيالىرىنى كۆرسىتىپ قوياي، ـ دېسەم، ئۇلار:

ــ قېنى كۆرسىتىپ قوي! ـ دېيىشتى. ئۇلارنى مال ـ دۇنيا ساقلانغان يەرگە ئېلىپ كىردىم. ئۇ يەردىن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن لىق تولغان يەتتە كوزا چىقتى. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ:

ـــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ئادەمنى ھەرگىزمۇ دەپنە قىلمايمىز، ـ دېيىشتى ۋە جەسەتنى دارغا ئېسىپ، چالما ـ كېسەك قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كىشىنى تەيىنلەشتى. ئۇ كىشى دۇنياغا كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ھەردائىم ئاخىرەتنى كۆزلەپ، كېچە ـ كۈندۈز تىرىشىپ ئىبادەت قىلىدىغان بىرى ئىكەن، مەن ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆردۇم، بۇرۇنقى پوپنى ئۇنداق ياخشى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئۆلۈمى يېقىنلاشقاندا:

ـ ئى پالانى! مەن سەن بىلەن بىللە تۇرۇپ، سېنى ئىنتايىن ياخشى كۆردۈم، بۇرۇنقى پوپىنى بۇنداق ياخشى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. مانا ئەمدى ساڭا اﷲنىڭ ئەجىلى يېقىنلاپ كەلدى. شۇڭا كىمنىڭ قېشىغا بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئى ئوغلۇم! اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئېتىقادىمدا بىرەر كىشىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇنداق كىشىلەر ئۆلۈپ، خەلق ئەسلى دىنىنى بۇرمىلاپ، كۆپىنچە قىسمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. لېكىن مۇسۇلدا بىر كىشى بار. ئەنە شۇ كىشى مېنىڭ يولۇمدا كېتىۋاتىدۇ. سەن شۇنىڭ قېشىغا بارغىن، ـ دېدى. ئۇ ۋاپات بولۇپ، دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، مۇسۇلدىكى كىشىنىڭ قېشىغا باردىم ۋە:

ـ ئى پالانى! ساڭا ئوخشاش ئېتىقادتىكى پالانى كىشى ۋاپات بولۇش ئالدىدا سېنىڭ قېشىڭغا كېلىشىمنى تەۋسىيە قىلغانىدى، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـــ ئۇنداقتا، قېشىمدا تۇرغىن، ـ دېدى، مەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئۇستازىمدەك ئوبدان كىشى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. لېكىن ئۇمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي سەكراتقا چۈشۈپ قالدى. ئۆلۈش ئالدىدا ئۇنىڭدىن:

ـــ ئى پالانى! پالانى كىشى سېنىڭ قېشىڭغا كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى، مانا ساڭىمۇ اﷲنىڭ ئەجىلى يەتتى، ئەمدى سەن كىمنىڭ قېشىغا بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئى ئوغلۇم! اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت نۇسەيبىن شەھىرىدىكى بىر كىشىنىلا بىلىمەن، ئۇ پالانى بولىدۇ، شۇنىڭ قېشىغا بارغىن! ـ دېدى، ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، يەرلىكىگە قويۇلغاندىن كېيىن، نۇسەيبىن شەھىرىدىكى كىشىنىڭ قېشىغا باردىم. ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىمنى ۋە ئۇستازىمنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ:

ـ ئۇنداقتا قېشىمدا تۇرغىن، ـ دېدى. ئۇمۇ ئالدىنقى ئۇستازىمدەك ياخشى كىشى ئىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭمۇ ئەجىلى توشۇپ سەكراتقا چۈشتى. جان ئۈزۈش ئالدىدا:

ــ ئى پالانى! پالانى سېنىڭ قېشىڭغا كېلىشىمنى تاپىلىغانىدى. ساڭىمۇ ئاللاھنىڭ ئەجىلى يەتتى، ئەمدى سەن كىمنىڭ قېشىغا بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلىسەن، مېنى نېمە ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دېسەم، ئۇ:

ــ ئى ئوغلۇم! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بىزگە ئوخشاش ئېتىقادقا ساھىب كىشىلەردىن پەقەت ئەممۇرىيە شەھىرىدىكى بىر كىشىنىلا بىلىمەن، ئۇ پالانى بولىدۇ، خالىساڭ ئۇنىڭ قېشىغا بارغىن! ـ دېدى، ئۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئەممۇرىيە شەھىرىدىكى كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالىمنى ۋە ئۇستازىمنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ:

ــ ئۇنداقتا، قېشىمدا تۇرغىن، ـ دېدى. ئۇ كىشىنىڭمۇ بۇرۇنقى ئۇستازلىرىم بىلەن بىر يولدا ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ قېشىدا ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قانچە تۇياق قوي ـ كالىغا ئىگە بولۇپ قالدىم. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۇمۇ سەكراتقا چۈشتى. ئۆلۈش ئالدىدا:

ــ ئى پالانى! پالانى كىشى ماڭا سېنى تەۋسىيە قىلغانىدى، مانا ساڭىمۇ ئاللاھنىڭ ئەجىلى يەتتى، سەن كىمنىڭ قېشىغا بېرىشىمنى تەۋسىيە قىلىسەن، نېمە ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ ئى ئوغلۇم! ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ئېتىقادقا ساھىب ھېچبىر كىشىنى بىلمەيمەن. لېكىن پات ئارىدا ئەرەب دىيارىدىن بىر پەيغەمبەر چىقىدۇ، ئۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا بولىدۇ ۋە ئىككى سايلىق ئوتتۇرىسىدىكى خورمىزارلىق يۇرتقا ھىجرەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ئالامەتلىرى مۇنداق: ئۇ ھەدىيە قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن سەدىقە يېمەيدۇ. ئىككى تارغىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى بار، ئەگەر شۇ دىيارلارغا بارالىغۇدەك بولساڭ، چوقۇم بارغىن، ـ دېدى. ئۇمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپ، دەپنە قىلىندى.

ئەممۇرىيە شەھىرىدە يەنە بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، كەلب قەبىلىسىنىڭ تىجارەت كارۋىنى كەلدى. ئۇلارغا:

ــ سىلەرگە مۇشۇ قوي ـ كالىلىرىمنى بەرسەم، مېنى ئەرەب دىيارىغا ئالغاچ كېتەمسىلەر؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇلار ماقۇل بولدى. مال ـ چارۋامنى بېرىپ، ئۇلار بىلەن يولغا چىقتىم. ئۇلار يول بويى ماڭا زۇلۇم قىلغاننى ئاز دېگەندەك، ۋادى قۇراغا يېتىپ بارغاندا، مېنى يەھۇدىيلارغا قۇل ئورنىدا سېتىۋەتتى. مەن ۋادى قۇرادىكى خورمىزارلىقنى كۆرۈپ: ”ئۇستازىم تەرىپلەپ بەرگەن دىيار مۇشۇ ئوخشايدۇ“ دەپ ئويلىدىم، لېكىن جەزملەشتۈرەلمىدىم. ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خوجايىنىمنىڭ مەدىنىدىكى بەنى قۇرەيزە قەبىلىسىلىك بىر نەۋرە تۇغقىنى مېنى سېتىۋېلىپ، مەدىنىگە ئېلىپ كەتتى. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەدىنىنى كۆرۈپلا ئۇستازىم سۈپەتلىگەن شەھەرنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنداق قىلىپ، مەدىنىدە تۇرۇشقا باشلىدىم. اللە تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەۋەتتى. ئۇ خېلى بىر مۇددەتكىچە مەككىدە تۇردى، مەن قۇل بولغاچقا، ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالالمىغانىدىم. ئاندىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلدى. بىر كۈنى، خورما دەرىخى ئۈستىدە ئىشلەۋاتاتتىم، ئۈشتۈمتۇت خوجايىنىمنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى كېلىپ:

ـــ اللە قەيلە ئەۋلادى (يەنى خەزرەج قەبىلىسى)نىڭ جاجىسىنى بەرسۇن. بۇگۈن مەككىدىن قۇباغا بىرى كەلگەنىدى، ھەممىسى يىغىلىپ، شۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالدى. تېخى ئۇنى ”پەيغەمبەر“ دەپ ئاتىشىۋاپتۇ. ـ دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ۋۇجۇدۇمنى تىترەك بېسىپ كەتتى ـ دە، خوجايىنىمنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. خورمىدىن چۈشۈپ:

ـــ نېمە دېدىڭ، نېمە دېدىڭ؟ ـ دەپ، قايتا ـ قايتا سورىدىم. خوجايىنىم غەزەپلىنىپ، مۇشتۇمى بىلەن بېرنى سالدى ـ دە:

ـ سېنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە كارىڭ، چىقىپ ئىشىڭنى قىل! ـ دېدى، مەن:

— ھېچنېمە، مەن پەقەت ئۇنىڭدىن كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ باقماقچى ئىدىم، - دېدىم. قولۇمدا يىغىپ قويغان ئازراق خورمام بار ئىدى. كەچ كىرگەندە ئۇنى ئېلىپ، قۇباغا باردىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ:

- مەن سېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم. يېنىڭدا ھاجەتمەن ھەمراھلىرىڭ بار ئىكەن، مانا بۇ ئازغىنە نەرسىنى سەدىقىگە ئاتاپ قويغانىدىم، بۇنى سىلەرگە لايىق كۆرۈپ ئالغاچ كەلدىم، - دەپ، خورمىنى ئالدىغا قويغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمراھلىرىغا:

— سىلەر يەڭلار! — دېدى، لېكىن ئۆزى قولىنى ئۇزاتمىدى. كۆڭلۈمدە: ”مانا بۇ بىرىنچى ئالامىتى“ دېدىم - دە، قايتىپ كەتتىم. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلدى. مەن يەنە ئازراق خورما يىغىپ كېلىپ:

— مەن سېنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىڭنى كۆردۈم، مانا ماۋۇ سېنىڭ ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن ئەكەلگەن ھەدىيەم، - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يېدى، ساھابىلىرىنىمۇ يېيىشكە بۇيرىدى. كۆڭلۈمدە: ”مانا بۇ ئىككىنچى ئالامىتى“ دېدىم - دە، قايتىپ كەتتىم. يەنە بىر قېتىم بارغىنىمدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەقىيئ غەرقەدتە ساھابىلىرىدىن بىرىنى يەرلىككە قويۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچىسىدا ئىككى تون بولۇپ، ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا سالام قىلغاندىن كېيىن، ئۇستازىم تەرىپلەپ بەرگەن پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئايلىنىپ ئارقا تەرەپكە ئۆتتۈم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەندى بولغاي، ئۈچىسىدىكى توننى سىلىۋەتتى. مەن دۈمبىسىدىكى مۆھۈرنى كۆردۈم - دە، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئېتىپ، يىغلىغىنىمچە سۆيگىلى تۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـ بۇياققا ئۆت! ـ دېدى، مەن ئالدىغا ئۆتۈپ خۇددى ساڭا (يەنى ئىبنى ئابباسقا) سۆزلەپ بەرگىنىمدەك، كەچۈرمىشلىرىمنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىنىڭمۇ بۇ كەچۈرمىشلەرنى ئاڭلىغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى.

مەن قۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بەدر ۋە ئۇھۇد غازاتلىرىغا قاتنىشالماي قالدىم. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـ ئى سەلمان! خوجايىنىڭ بىلەن ئازادلىق كېلىشىمى تۈزگىن! ـ دېدى. مەن خوجايىنىم بىلەن 300 تۈپ خورما كۆچىتى تىكىش ۋە 40 ئۇقىيە ئالتۇن بېرىش بەدىلىگە ئازاد بولۇش ئۈچۈن كېلىشتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىگە:

ـ قېرىندىشىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار! ـ دېگەن ئىدى، بەزىلىرى 30، بەزىلىرى 20، بەزىلىرى 15، يەنە بەزىلىرى 10 تۈپتىن ياردەم قىلىپ، 300 تۈپ كۆچەت يىغىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى سەلمان! ئەمدى بېرىپ كۆچەتلىرىڭگە ئورەك كولىغىن، ئاندىن يېنىمغا كەل، كۆچەتلەرنى ئۆز قولۇم بىلەن تىكىپ بېرەي! ـ دېدى. ساھابىلەر ئورەك كولىشىمغىمۇ ياردەم بەردى. ئورەك كولىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن بىلەن بىللە ئورەك كولانغان يەرگە باردى. بىز ئۇنىڭغا كۆچەتنى سۇنۇپ بەردۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر باشتىن تىكتى. سەلماننىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ئۈنتى. شۇنداق قىلىپ، كېلىشىمدىكى 300 تۈپ خورما كۆچىتىنى تولۇق تاپشۇرۇپ بەردىم. ئەمدى 40 ئۇقىيە ئالتۇن قالغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر غازاتتىن توخۇنىڭ تۇخۇمىچىلىك چوڭلۇقتا ئالتۇن كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەلمان فارىسىنىڭ ئازادلىق كېلىشىمى قانداق بولدى؟ ـ دەپ سورىدى ۋە مېنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

ـ ئى سەلمان! ماۋۇنى ئېلىپ بويىنۇڭدىكى قەرزىڭنى تۆلىۋەتكىن! ـ دېدى، مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنچىلىك ئالتۇن بىلەن بويىنۇمدىكى قەرزنى قانداقمۇ تۈگىتەلەيمەن؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنى ئالغىن، اللہ تائالا ئۇنىڭ بىلەن قەرزىڭنى چوقۇم تۆلىۋېتىدۇ، ــ دېدى. سەلماننىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇ ئالتۇندىن 40 ئۇقىيە تارتىپ، خوجايىنىمغا تاپشۇردۇم ــ دە، قۇللۇقتىن ئازادلىققا ئېرىشتىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەندەك غازىتىغا قاتناشتىم، شۇنىڭدىن تارتىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشلىغان غازاتلارنىڭ ھەممىسىگە چىقتىم[①].

(ئەھمەد: 23788؛ «ئەلكەبىر»: 6065)

8870 ـ عن أبي مُوسَى قال قال رسول اللهِ ﷺ لِأَبِي مُوسَى لو رَأَيْتَنِي وأنا أَسْتَمِعُ لِقِرَاءَتِكَ الْبَارِحَةَ لقد أُوتِيتَ مِزْمَارًا من مَزَامِيرِ آلِ دَاوُدَ.

8870 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«ئاھ!... تۈنۈگۈن كەچ سېنىڭ قىرائىتىڭنى ئاڭلاۋاتقان چاغدا، مېنى بىر كۆرگەن بولساڭ!... ساڭا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭكىدەك مۇڭلۇق ئاۋاز ئاتا قىلىنىپتۇ».

(مۇسلىم: 793)

8871 ـ عَنْ قَيْسِ بْنِ عُبَادٍ قَالَ كُنْتُ جَالِسًا فِي مَسْجِدِ الْمَدِينَةِ فَدَخَلَ رَجُلٌ عَلَى وَجْهِهِ أَثَرُ الْخُشُوعِ فَقَالُوا هَذَا رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ فَصَلى رَكْعَتَيْنِ تَجَوزَ فِيهِمَا ثُم خَرَجَ

[①] ھەيسەمى (15833): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى بىر نەچچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىرىنچى سەنەدلىرىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئىمام ئەھمەد يەنە بىر سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەمىر ئىبنى ئەبۇ قۇررەدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمرمۇ ئىشەنچلىكتۇر. بۇ ھەدىسنى بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

وَتَبِعْتُهُ فَقُلْتُ إِنكَ حِينَ دَخَلْتَ الْمَسْجِدَ قَالُوا هَذَا رَجُلٌ مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ قَالَ وَاللهِ مَا يَنْبَغِي لِأَحَدٍ أَنْ يَقُولَ مَا لَا يَعْلَمُ وَسَأُحَدثُكَ لِمَ ذَاكَ رَأَيْتُ رُؤْيَا عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَصَصْتُهَا عَلَيْهِ وَرَأَيْتُ كَأَني فِي رَوْضَةٍ ذَكَرَ مِنْ سَعَتِهَا وَخُضْرَتِهَا وَسْطَهَا عَمُودٌ مِنْ حَدِيدٍ أَسْفَلُهُ فِي الْأَرْضِ وَأَعْلَاهُ فِي السمَاءِ فِي أَعْلَاهُ عُرْوَةٌ فَقِيلَ لِي ارْقَ قُلْتُ لَا أَسْتَطِيعُ فَأَتَانِي مِنْصَفٌ فَرَفَعَ ثِيَابِي مِنْ خَلْفِي فَرَقِيتُ حَتى كُنْتُ فِي أَعْلَاهَا فَأَخَذْتُ بِالْعُرْوَةِ فَقِيلَ لَهُ اسْتَمْسِكْ فَاسْتَيْقَظْتُ وَإِنهَا لَفِي يَدِي فَقَصَصْتُهَا عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تِلْكَ الروْضَةُ الْإِسْلَامُ وَذَلِكَ الْعَمُودُ عَمُودُ الْإِسْلَامِ وَتِلْكَ الْعُرْوَةُ عُرْوَةُ الْوُثْقَى فَأَنتَ عَلَى الْإِسْلَامِ حَتى تَمُوتَ وَذَاكَ الرجُلُ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ.

8871 ــ قەيس ئىبنى ئۇبادتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر مەسجىدتە بىر قانچە ساھابە بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتىم، چىرايىدىن تەقۋالىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئارىدىن بىرەيلەن:

ــ بۇ كىشى ئەھلى جەننەتتۇر، ـ دېدى. ئۇ كىشى يەڭگىل ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ئۆيىگىچە باردىم. ئىككىمىز تونۇشۇپ، پاراڭلاشقاندىن كېيىن:

ــ سەن مەسجىدكە كىرگەندە، ئارىدىن بىرەيلەن سېنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكىڭنى ئېيتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسەڭ، ـ دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ سۇبھانالالاھ! بىر كىشىنىڭ ئۆزى بىلمىگەن نەرسە ھەققىدە سۆز قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ساڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەي. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدا مۇنداق بىر چۈش كۆردۈم: ناھايىتى كەڭ ۋە يېپيېشىل باغنىڭ ئىچىدە تۇرغۇدەكمەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇچى زېمىننىڭ تەكتىدە، يەنە بىر ئۇچى ئاسماننىڭ قەھرىگە تاقاشقان بىر تۆمۈر تۈۋرۈك بولۇپ، تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىدا بىر ھالقا بار ئىكەن. ماڭا: "ئۈستىگە چىق" دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن: "چىقالمايمەن" دېدىم. بىر خادىم كېلىپ، ئارقامدىن

كىيىمىمنى تۇتۇپ، مېنى كۆتۈردى، شۇنىڭ بىلەن، تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ھالقىنى تۇتتۇم. ماڭا: ”چىڭ تۇت“ دېيىلدى. ئويغانغىنىمدا ئۇ ھالقىنى تۇتقان پېتى ئويغاندىم. سەھەردە بېرىپ، چۈشۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ماڭا:

ــ ئۇ باغ ئىسلام؛ تۈۋرۈك ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى؛ ھالقا ساباتلىق ھالقىسىدۇر. سەن تاكى ئۆلگۈچە ئىسلامدا ئۈستىدە بولغۇدەكسەن، ــ دېدى.

راۋىي مۇنداق دېگەن: ئۇ ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى سالامدۇر.

(بۇخارى: 3813)

8872 – وفي رواية: إِنى بَيْنَمَا أَنا نَائِمٌ إِذْ أَتانِى رَجُلٌ فَقَالَ لِى قُمْ. فَأَخَذَ بِيَدِى فَانْطَلَقْتُ مَعَهُ ــ قَالَ ــ فَإِذَا أَنا بِجَوَاد عَنْ شِمَالِى ــ قَالَ ــ فَأَخَذْتُ لآخُذَ فِيهَا فَقَالَ لِى لاَ تَأْخُذْ فِيهَا فَإِنهَا طُرُقُ أَصْحَابِ الشمَالِ ــ قَالَ ــ فَإِذَا جَوَاد مَنْهَجٌ عَلَى يَمِينِى فَقَالَ لِى خُذْ هَا هُنَا . فَأَتَى بِى جَبَلاً فَقَالَ لِى اصْعَدْ ــ قَالَ ــ فَجَعَلْتُ إِذَا أَرَدْتُ أَنْ أَصْعَدَ خَرَرْتُ عَلَى اسْتِى ــ قَالَ ــ حَتى فَعَلْتُ ذَلِكَ مِرَارًا ــ قَالَ ــ ثُم انْطَلَقَ بِى حَتى أَتَى بِى عَمُودًا رَأْسُهُ فِى السمَاءِ وَأَسْفَلُهُ فِى الأَرْضِ فِى أَعْلاَهُ حَلْقَةٌ فَقَالَ لِىَ. اصْعَدْ فَوْقَ هَذَا. قَالَ قُلْتُ كَيْفَ أَصْعَدُ هَذَا وَرَأْسُهُ فِى السمَاءِ ــ قَالَ ــ فَأَخَذَ بِيَدِى فَزَجَلَ بِى ــ قَالَ ــ فَإِذَا أَنا مُتَعَلقٌ بِالْحَلْقَةِ ــ قَالَ ــ ثُم ضَرَبَ الْعَمُودَ فَخَر ــ قَالَ ــ وَبَقِيتُ مُتَعَلقًا بِالْحَلْقَةِ حَتى أَصْبَحْتُ ــ قَالَ ــ فَأَتَيْتُ النبِى ــ صلى الله عليه وسلم ــ فَقَصَصْتُهَا عَلَيْهِ فَقَالَ «أَما الطرُقُ التِى رَأَيْتَ عَنْ يَسَارِكَ فَهِىَ طُرُقُ أَصْحَابِ الشمَالِ ــ قَالَ ــ وَأَما الطرُقُ التِى رَأَيْتَ عَنْ يَمِينِكَ فَهِىَ طُرُقُ أَصْحَابِ الْيَمِينِ وَأَما الْجَبَلُ فَهُوَ مَنْزِلُ الشهَدَاءِ وَلَنْ تَنَالَهُ وَأَما الْعَمُودُ فَهُوَ عَمُودُ الإِسْلاَمِ وَأَما الْعُرْوَةُ فَهِىَ عُرْوَةُ الإِسْلاَمِ وَلَنْ تَزَالَ مُتَمَسكًا بِهَا حَتى تَمُوتَ».

8872 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: چۈشۈمدە بىرى كېلىپ:

ــ ئورنۇڭدىن تۇرغىن! ــ دېدى ۋە قولۇمدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى. قارىسام، سول تەرىپىمدە ناھايىتى چوڭ يول تۇرۇپتۇ، ئۇ يولغا ماڭماقچى بولۇۋىدىم، ھەمراھىم:

ــ بۇ يولغا ماڭمىغىن، بۇ بەدبەختلەرنىڭ يولىدۇر، ـ دېدى. ئوڭ تەرىپىمگە قارىغانىدىم، يەنە ناھايىتى چوڭ يول كۆردۈم. ھەمراھىم:

ـ بۇ يولغا ماڭساڭ بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇ مېنى بىر تاغنىڭ تۈۋىگە ئېلىپ بېرىپ:

ــ قېنى چىققىن! ــ دېدى. مەن ھەرقانچە كۈچەپمۇ تاغقا چىقالمىدىم، ھەر قېتىمدا يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتىم. ئاندىن ئۇ مېنى بىر تۈۋرۈكنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى، تۈۋرۈكنىڭ بېشى ئاسماندا، ئايىغى يەردە ئىدى. ئۇ:

ـ بۇنىڭ ئۈستىگە چىققىن! ـ دېدى. مەن:

ــ بۇنىڭغا قانداق چىقىمەن؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇ مېنى تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. تۈۋرۈكنىڭ بېشىدىكى ھالقىنى تۇتۇۋالدىم. ئاندىن ئۇ تۈۋرۈكنى بىر تېپىپلا ئۆرۈۋەتتى، مەن بولسام، شۇ ھالقىغا ئېسىلىپ قالدىم. سەھەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ، چۈشۈمنى سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ماڭا مۇنداق دېدى:

ــ سول تەرىپىڭدە كۆرگەن يول بەختسىزلەرنىڭ يولى؛ ئوڭ تەرىپىڭدە كۆرگەن يول سائادەتمەنلەرنىڭ يولىدۇر. تاغ شېھىدلەرنىڭ ماكانى بولۇپ، سەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ئېرىشەلمەيسەن. تۈۋرۈك ئىسلام تۈۋرۈكى، ھالقا بولسا ئىسلام ھالقىسىدۇر. سەن تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە شۇنىڭدا چىڭ تۇرىسەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2484)

8873 ـ عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُتِيَ بِقَصْعَةٍ فَأَكَلَ مِنْهَا فَفَضَلَتْ فَضْلَةٌ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَجِيءُ رَجُلٌ مِنْ هَذَا الْفَج مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ يَأْكُلُ هَذِهِ الْفَضْلَةَ قَالَ سَعْدٌ وَكُنتُ تَرَكْتُ أَخِي عُمَيْرًا يَتَوَضأُ قَالَ فَقُلْتُ هُوَ عُمَيْرٌ قَالَ فَجَاءَ عَبْدُ اللهِ بْنُ سَلَامٍ فَأَكَلَهَا.

8873 ـ مۇسئەب ئىبنى سەئد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قاچا

تاماق كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماقنى يەپ، ئىششىپ قالغىنىنى بىر يەرگە قويدى ۋە:

ــ شۇ تەرەپتىن جەننەت ئەھلى كىشىدىن بىرى كېلىپ، ئېشىپ قالغان (بۇ) تاماقنى يەيدۇ، ـ دېدى. قېرىندىشىم ئۇمەير ئۆيدە تاھارەت ئېلىپ قالغانىدى، شۇڭا كۆڭلۈمدە: ”ئۇ كىشى ئۇمەير بولىدۇ“ دەپ ئويلىدىم. بىراق كۆپ ئۆتمەي، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ئېشىپ قالغان تاماقنى يېدى[1].

(ئەھمەد: 1458)

8874 ـ عن يُوسُف بْن عَبْدِ اللهِ بْنِ سَلَامٍ يَقُولُ أَجْلَسَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي حَجْرِهِ وَمَسَحَ عَلَى رَأْسِي وَسَمانِي يُوسُفَ.

8874 ــ يۇسۇف ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى سالام مۇنداق دېگەن: (كىچىك ۋاقتىمدا) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى قۇچىقىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بېشىمنى سىلىدى ۋە ماڭا ”يۇسۇف“ دەپ ئات قويدى[2].

(ئەھمەد: 15972)

8875 ـ عن جَرِيرٍ قال ما حَجَبَنِي رسول اللهِ ﷺ مُنْذُ أَسْلَمْتُ ولا رَآنِي إلا تَبسمَ في وَجْهِي.

8875 ــ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يېنىغا كىرىشتىن توسۇپ باقمىدى ۋە مېنى كۆرگەندە، ماڭا تەبەسسۇم قىلماي قالمىدى.

(مۇسلىم: 2474)

---

[1] ھەيسەمى (15806): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئاسىم ئىبنى ئەبۇ بەھدەلە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15807): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بىر نەچچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىككى سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. تەبەرانىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

8876 ـ زَادَ ابن نُمَيْرٍ فِي حَدِيثِهِ عن ابن إِدْرِيسَ وَلَقَدْ شَكَوْتُ إليه اني لَا أَثْبُتُ على الْخَيْلِ فَضَرَبَ بيده في صَدْرِي وقال اللهم ثَبِّتْهُ وَاجْعَلْهُ هَادِيًا مَهْدِيًا.

8876 ـ ئىبنى نۇمەير ئىبنى ئىدرىستىن قىلغان رىۋايىتىدە جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئات ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرالمايدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، قورسىقىمغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

ـ ئى الله! ئۇنى (ئات ئۈستىدە) مەزمۇت ئولتۇرغۇزغىن ۋە ئۇنى توغرا يولغا يېتەكلەنگۈچىلەردىن قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى.

(مۇسلىم: 2475)

8877 ـ عن جَابِرٍ قال اسْتَغْفَرَ لي رسول اللهِ ﷺ لَيْلَةَ الْبَعِيرِ خَمْسًا وَعِشْرِينَ مَرةً.

8877 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۆگىلىرىمنى ساتقانىدىم، شۇ كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن ئۈچۈن 25 قېتىم ئىستىغفار ئېيتتى[①].

(تىرمىزى: 3852)

8878 ـ عن جَابِرَ بْن عَبْدِ اللهِ يَقُولُ لَقِيَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لِي يَا جَابِرُ مَا لِي أَرَاكَ مُنْكَسِرًا قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ اسْتُشْهِدَ أَبِي قُتِلَ يَوْمَ أُحُدٍ وَتَرَكَ عِيَالًا وَدَيْنًا قَالَ أَفَلَا أُبَشرُكَ بِمَا لَقِيَ اللهُ بِهِ أَبَاكَ قَالَ قُلْتُ بَلَى يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ مَا كَلمَ اللهُ أَحَدًا قَط إِلا مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ وَأَحْيَا أَبَاكَ فَكَلمَهُ كِفَاحًا فَقَالَ يَا عَبْدِي تَمَن عَلَي أُعْطِكَ قَالَ يَا رَب تُحْيِينِي فَأُقْتَلَ فِيكَ ثَانِيَةً قَالَ الرب عَز وَجَل إِنهُ قَدْ سَبَقَ مِني أَنهُمْ إِلَيْهَا لَا يُرْجَعُونَ قَالَ وَأُنْزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَلَا تَحْسَبَن الذِينَ قُتِلُوا فِي سَبِيلِ اللهِ أَمْوَاتًا الْآيَةَ.

8878 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەكمۇ غەمكىن بىر پەيتتە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ غەمكىن كۆرۈنىسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

---

① ئەلبانى (806): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! دادام ئۇھۇد كۈنى شېھىد بولدى. ماڭا (ئۇنىڭدىن) بىر قانچە بالا ۋە قەرز قېلىپ قالدى، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ساڭا داداڭنىڭ الله ھۇزۇرىدىكى دەرىجىسىنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ــ الله بىر كىمگە ئارىدا پەردە بولماي تۈرۈپ گەپ قىلىپ باقمىغانىدى، ئەمما داداڭنى تىرىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە تۇرۇپ: "ئى بەندەم! مەندىن نېمە تىلىسەڭ، شۇنى بېرىمەن" دېگەنىدى، داداڭ: "ئى رەببىم! مېنى قايتا تىرىلدۈرسەڭ، سېنىڭ يولۇڭدا قايتا شېھىد بولسام" دېدى. الله خىتاب قىلىپ: "مېنىڭ (ئىنسانلارنى) قايتا تىرىلدۈرمەسلىك (ھەققىدىكى) ھۆكمىم بېكىتىلىپ بولدى" دېدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي: الله يولىدا شېھىد بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، اللهنىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇلۇپ تۇرىلىدۇ) [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى[2].

(تىرمىزى: 3010)

8879 ـ جَابِر بْن عَبْدِ اللهِ يَقُولُ غَزَوْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تِسْعَ عَشْرَةَ غَزْوَةً قَالَ جَابِرٌ لَمْ أَشْهَدْ بَدْرًا وَلَا أُحُدًا مَنَعَنِي أَبِي فَلَما قُتِلَ عَبْدُ اللهِ يَوْمَ أُحُدٍ لَمْ أَتخَلفْ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةٍ قَط.

8879 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن 19 غازاتقا قاتناشتىم. دادامنىڭ توسۇۋېلىشى تۈپەيلىدىن بەدر ۋە ئۇھۇد

[1] سۈرە ئال ئىمران، 169 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (2408): ھەسەن، ـ دېگەن.

غازاتلىرىغا قاتنىشالمىدىم. دادام ئۇھۇد كۈنى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىققان ھېچبىر غازاتتىن قېلىپ قالمىدىم. (مۇسلىم: 1814)

8880 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ دَخَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أُم سُلَيْمٍ فَأَتَتْهُ بِتَمْرٍ وَسَمْنٍ قَالَ أَعِيدُوا سَمْنَكُمْ فِي سِقَائِهِ وَتَمْرَكُمْ فِي وِعَائِهِ فَإِني صَائِمٌ ثُم قَامَ إِلَى نَاحِيَةٍ مِنْ الْبَيْتِ فَصَلى غَيْرَ الْمَكْتُوبَةِ فَدَعَا لِأُم سُلَيْمٍ وَأَهْلِ بَيْتِهَا فَقَالَتْ أُم سُلَيْمٍ يَا رَسُولَ اللهِ إِن لِي خُوَيْصةً قَالَ مَا هِيَ قَالَتْ خَادِمُكَ أَنسٌ فَمَا تَرَكَ خَيْرَ آخِرَةٍ وَلَا دُنْيَا إِلا دَعَا لِي بِهِ قَالَ اللهُم ارْزُقْهُ مَالًا وَوَلَدًا وَبَارِكْ لَهُ فِيهِ فَإِني لَمِنْ أَكْثَرِ الْأَنصَارِ مَالًا وَحَدثَتْنِي ابْنَتِي أُمَيْنَةُ أَنهُ دُفِنَ لِصُلْبِي مَقْدَمَ حَجاجٍ الْبَصْرَةَ بِضْعٌ وَعِشْرُونَ وَمِائَةٌ.

8880 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئانام) ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ ئۆيىگە كىردى، ئۇممۇ سۇلەيم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا خورما بىلەن سېرىق ماي ئېلىپ كەلگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سېرىقماينى تۇلۇمغا، خورمىنى قاچىغا سېلىپ قويۇڭلار، مەن روزا تۇتۇۋالدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئۆينىڭ بىر چېتىدە نەفلە ناماز ئوقۇپ، ئۇممۇ سۇلەيم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە دۇئا قىلدى. ئۇممۇ سۇلەيم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭا بىر نەرسە ئاتىغان ئىدىم (ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويغان بولساڭ)، ـ دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ نېمە ئۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئۇممۇ سۇلەيم:

ـ خىزمەتكارىڭ ئەنەس، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ جىمى ياخشىلىقلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ:

ـ ئى الله! ئۇنىڭغا مال ـ دۇنيا پەرزەنت ۋە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ـ دېدى. ھەقىقەتەن مەن ئەنسارىلار ئىچىدە مېلى ئەڭ كۆپ كىشىلەردىن بولىمەن. قىزىم ئۇمەينەنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەججاج

بەسرەگە يېتىپ كەلگەچە، مېنىڭ نەسلىمدىن 120 نەچچە كىشى دەپنە قىلىنغانىكەن.

(بۇخارى: 1982)

**8881 ـ عَنْ أَبِي خَلْدَةَ قَالَ قُلْتُ لِأَبِي الْعَالِيَةِ سَمِعَ أَنَسٌ مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَدَمَهُ عَشْرَ سِنِينَ وَدَعَا لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ لَهُ بُسْتَانٌ يَحْمِـلُ فِي السنَةِ الْفَاكِهَةَ مَرتَيْنِ وَكَانَ فِيهَا رَيْحَانٌ كَانَ يَجِيءُ مِنْهُ رِيحُ الْمِسْكِ.**

8881 ــ ئەبۇ خەلدەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەبۇ ئالىيەدىن:

ــــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ھەدىس ئاڭلىغان بولغىيمىدى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئون يىل خىزمەت قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى. (شۇ دۇئانىڭ بەرىكىتىدىن بولسا كېرەك) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېغىدىن يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالاتتى. ئۇنىڭ بېغىدىن مۇشكى ـ ئەنبەرنىڭ خۇشھىدى كېلىپ تۇراتتى[1].

(تىرمىزى: 3833)

**8882 ـ عن أَنسٍ بن مَالِكٍ قال قال رسول اللهِ ﷺ كَمْ من أَشْعَثَ أَغْبَـرَ ذِي طِمْرَيْنِ لَا يُؤْبَهُ له لو أَقْسَمَ على اللهِ لَأَبرهُ منهم الْبَرَاءُ بن مَالِكٍ.**

8882 ــ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چاچ ـ ساقىلى ئۆسۈپ، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەچكە، ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر بار بولۇپ،

---

[1] ئەلبانى (3010): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەگەر ئۇلار اللهنىڭ نامىدا قەسەم قىلسا، الله ئۇلارنىڭ قەسەملىرىنى ئورۇندىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بەرا ئىبنى مالىك ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[1].

(تىرمىزى: 3854)

[1] ئەلبانى (3028): سەھىھ ـ دېگەن.

## سابىت ئىبنى قەيس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە ۋە جۇلەيبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8883 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ افْتَقَدَ ثَابِتَ بْنَ قَيْسٍ فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ أنَا أَعْلَمُ لَكَ عِلْمَهُ فَأَتَاهُ فَوَجَدَهُ جَالِسًا فِي بَيْتِهِ مُنكسًا رَأْسَهُ فَقَالَ مَا شَأْنكَ فَقَالَ شَر كَانَ يَرْفَعُ صَوْتَهُ فَوْقَ صَوْتِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَدْ حَبِطَ عَمَلُهُ وَهُوَ مِنْ أَهْلِ الْأَرْضِ فَأَتَى الرجُلُ فَأَخْبَرَهُ أَنهُ قَالَ كَذَا وَكَذَا فَقَالَ مُوسَى بْنُ أَنسٍ فَرَجَعَ الْمَرةَ الْآخِرَةَ بِبِشَارَةٍ عَظِيمَةٍ فَقَالَ اذْهَبْ إِلَيْهِ فَقُلْ لَهُ إِنكَ لَسْتَ مِنْ أَهْلِ النارِ وَلَكِنْ مِنْ أَهْلِ الْجَنةِ.

8883 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سابىت ئىبنى قەيسنى تاپالماي سۈرۈشتۈرگەن ئىدى، بىر ئادەم:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كېلەي، ـ دېدى ۋە سابىتنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىدە بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە غەمكىن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭدىن:

ــ نېمە بولدۇڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىپ سالدىم. ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش ئەمەللەرنى يوققا چىقىرىپ، ئىنساننى دوزاخ ئەھلىدىن قىلىپ قويىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئادەم دەرھال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ، سابىت ئىبنى قەيسنىڭ سۆزلىرىنى يەتكۈزگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنىڭ قېشىغا يەنە بىر قېتىم بارغىن ۋە بۇ قېتىم ئۇنىڭغا: ”سەن دوزاخ ئەھلى ئەمەس، بەلكى جەننەت ئەھلىسەن“ دېگىن! ـ دېدى. (بۇخارى: 3613)

8884 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَسْمَعُ مِنْكَ أَشْيَاءَ فَلَا أَحْفَظُهَا قَالَ ابْسُطْ رِدَاءَكَ فَبَسَطْتُهُ فَحَدثَ حَدِيثًا كَثِيرًا فَمَا نَسِيتُ شَيْئًا حَدثَنِي بِهِ.

8884 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئاڭلايمەن، لېكىن ھېچبىرىنى يادىمدا تۇتالمايۋاتىمەن، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ يەكتىكىڭنى يەرگە سالغىن! ـ دېدى. يەكتىكىمنى يېشىپ، يەرگە سالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلدى، ئەنە شۇندىن ئېتىبارەن، ئۇنىڭ ھېچبىر سۆزىنى ئۇنتۇمايدىغان بولدۇم[1].

(تىرمىزى: 3835)

8885 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ لِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِمنْ أَنتَ قَالَ قُلْتُ مِنْ دَوْسٍ قَالَ مَا كُنْتُ أَرَى أَن فِي دَوْسٍ أَحَدًا فِيهِ خَيْرٌ.

8885 ـــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن:

ـ سەن قەيەردىن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ـ دەۋستىن، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن دەۋستە ياخشى ئادەم بار دەپ ئويلىمايتتىم، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3838)

8886 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ رَافِعٍ قَالَ قُلْتُ لِأَبِي هُرَيْرَةَ لِمَ كُنِيتَ أَبَا هُرَيْرَةَ قَالَ أَمَا تَفْرَقُ مِني قُلْتُ بَلَى وَاللهِ إِني لَأَهَابُكَ قَالَ كُنْتُ أَرْعَى غَنَمَ أَهْلِي وَكَانَتْ لِي هُرَيْرَةٌ صَغِيرَةٌ فَكُنْتُ أَضَعُهَا بِاللَّيْلِ فِي شَجَرَةٍ فَإِذَا كَانَ النهَارُ ذَهَبْتُ بِهَا مَعِي فَلَعِبْتُ بِهَا فَكَنَوْنِي أَبَا هُرَيْرَةَ.

---

[1] ئەلبانى (3011): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3014): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

8886 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى رافىئىتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ سەن نېمە ئۈچۈن ”ئەبۇ ھۇرەيرە“ دەپ ئاتىلىپ قالغان؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ـ سەن مەندىن قورقامسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ قورقىمەن، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ــ مەن ئۆيىمىزنىڭ قويلىرىنى ئوتلىتاتتىم. بىر ئاسلىنىم بار بولۇپ، ئۇنى كېچىلىرى بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قوياتتىم، سەھەردە يەنە قويلار بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويناتتىم. شۇڭا خەلق مېنى ”ئەبۇ ھۇرەيرە“ (ئاسلاننىڭ دادىسى) دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالدى[①].

(تىرمىزى: 3840)

8887 ـ عَنْ جَابِرٍ أَن عَبْدًا لِحَاطِبِ بْنِ أَبِي بَلْتَعَةَ جَاءَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَشْكُو حَاطِبًا فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ لَيَدْخُلَن حَاطِبٌ النارَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَذَبْتَ لَا يَدْخُلُهَا فَإِنهُ قَدْ شَهِدَ بَدْرًا وَالْحُدَيْبِيَةَ.

8887 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: هاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئەنىڭ بىر قۇلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، هاتىبنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى ۋە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! هاتىب دوزاخقا كىرىدۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ يالغان ئېيتتىڭ، هاتىب دوزاخقا كىرمەيدۇ، هاتىب دوزاخقا كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ بەدر ۋە ھۇدەيبىيە غازىتىغا قاتناشقان، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 3836)

[①] ئەلبانى (3016): سەنەدى ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3025): سەھىھ ـ دېگەن.

8888 ـ عَنْ أَبِي بَرْزَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ فِي مَغْزًى لَهُ فَأَفَاءَ اللهُ عَلَيْهِ فَقَالَ لِأَصْحَابِهِ هَلْ تَفْقِدُونَ مِنْ أَحَدٍ قَالُوا نَعَمْ فُلَانًا وَفُلَانًا وَفُلَانًا ثُم قَالَ هَلْ تَفْقِدُونَ مِنْ أَحَدٍ قَالُوا نَعَمْ فُلَانًا وَفُلَانًا وَفُلَانًا ثُم قَالَ هَلْ تَفْقِدُونَ مِنْ أَحَدٍ قَالُوا لَا قَالَ لَكِني أَفْقِدُ جُلَيْبِيبًا فَاطْلُبُوهُ فَطُلِبَ فِي الْقَتْلَى فَوَجَدُوهُ إِلَى جَنْبِ سَبْعَةٍ قَدْ قَتَلَهُمْ ثُم قَتَلُوهُ فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَقَفَ عَلَيْهِ فَقَالَ قَتَلَ سَبْعَةً ثُم قَتَلُوهُ هَذَا مِني وَأَنَا مِنْهُ هَذَا مِني وَأَنَا مِنْهُ قَالَ فَوَضَعَهُ عَلَى سَاعِدَيْهِ لَيْسَ لَهُ إِلا سَاعِدَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَحُفِرَ لَهُ وَوُضِعَ فِي قَبْرِهِ وَلَمْ يَذْكُرْ غَسْلًا.

8888 ـ ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر غازاتتا نۇرغۇن غەنىمەتكە ئېرىشتى. كېيىن ساھابىلىرىدىن:

ـ ئاراڭلاردا كىم ـ كىم يوق؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـــ پالانچى، پالانچى ۋە پالانچىلار يوق، ـ دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ـ ئاراڭلاردا كىم ـ كىم يوق؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـــ پالانچى، پالانچى ۋە پالانچىلار يوق، ـ دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر قېتىم:

ـ ئاراڭلاردا كىم ـ كىم يوق؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمدى قالمىدى، يوقىرىقىلاردىن باشقا ھەممىيلەن بار، ـ دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، جۇلەيبىب قېنى؟ ئۇنى كۆرمەيمەنغۇ؟ ـ دەپ سورىدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممەيلەن ئۇنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ جەسىتى يەتتە ئۆلۈكنىڭ يېنىدىن تېپىلدى. ئۇ (ئۆزى يالغۇز) يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۆزىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بېشىدا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن:

ـــ دۈشمەندىن يەتتىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ مېنىڭ يولۇمدا، مەنمۇ بۇنىڭ يولىدا، ـ دېدى. ئاندىن

ئۇنى تاۋۇتقا سالمايلا، قولى بىلەن كۆتۈردى. شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا يەرلىك كولاندى ۋە دەپنە قىلىندى.

لېكىن جەسەدنىڭ يۇيۇلغان ياكى يۇيۇلمىغانلىقى بايان قىلىنمىغان.

(مۇسلىم: 2472)

## هارىسە ئىبنى سۇراقە، قەيس ئىبنى سەئد ئىبنى ئۇبادە، خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئەمر ئىبنى ئاس، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8889 ـ عن أنس بن مالك أن أم الربيع بنت البراء وهي أم حارثة بن سراقة أتت النبي صلى الله عليه وسلم فقالت يا نبي الله ألا تحدثني عن حارثة وكان قتل يوم بدر أصابه سهم غرب فإن كان في الجنة صبرت وإن كان غير ذلك اجتهدت عليه في البكاء قال يا أم حارثة إنها جنان في الجنة وإن ابنك أصاب الفردوس الأعلى.

8889 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى سۇراقەنىڭ ئانىسى (ئۇممۇ رۇبەييىئ بىنتى بەرا) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ماڭا ھارىسەنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەرگىن. ئۇ بەدر ئۇرۇشىدا غايىبتىن كەلگەن ئوق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇ جەننەتتە بولسا، سەۋر قىلىمەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئۇنىڭغا ھازا تۇتۇپ، قاتتىق يىغلايمەن، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئۇممۇ ھارىسە! جەننەتنىڭ تۈرلىرى كۆپ، ئوغلۇڭ ھارىسە جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسى (بولغان) فىردەۋسكە ئېرىشتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 2809)

8890 ـ عن أنس بن مالك قال إن قيس بن سعد كان يكون بين يدي النبي صلى الله عليه وسلم بمنزلة صاحب الشرط من الأمير.

8890 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قەيس ئىبنى سەئد خۇددى ۋالىينىڭ مەخسۇس

قوغدىغۇچىسىدەك ھەمىشە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا بولاتتى.

(بۇخارى: 7155)

8891 ـ أبو مالك: كان صاحب لواء النبى صلى الله عليه وسلم بعد مصعب قيس بن سعد. رزين.

8891 ـ ئەبۇ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: قەيس ئىبنى سەئد پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇسئەبتىن كېيىنكى ئەلەمدارى ئىدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

8892 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ نَزَلْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنزِلًا فَجَعَلَ الناسُ يَمُرونَ فَيَقُولُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ هَذَا يَا أَبَا هُرَيْرَةَ فَأَقُولُ فُلَانٌ فَيَقُولُ نِعْمَ عَبْدُ اللهِ هَذَا وَيَقُولُ مَنْ هَذَا فَأَقُولُ فُلَانٌ فَيَقُولُ بِئْسَ عَبْدُ اللهِ هَذَا حَتى مَر خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ فَقَالَ مَنْ هَذَا فَقُلْتُ هَذَا خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ فَقَالَ نِعْمَ عَبْدُ اللهِ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ سَيْفٌ مِنْ سُيُوفِ اللهِ.

8892 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر ئورۇنغا چۈشتۇق. كىشىلەر ئۆتۈپ ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ سوراپ:

ـ ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، بۇ كىم؟ ـ دەيتتى. مەنمۇ:

ـ بۇ پالانى، ئۇ پوكۇنى، ـ دەيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزىلىرى ئۆچۈن:

ـ بۇ، اللهنىڭ ياخشى بەندىسىدۇر، ـ دىسە؛ بەزىلىرى ئۈچۈن:

ـ بۇ، اللهنىڭ ناچار بەندىسىدۇر، ـ دەيتتى. شۇ پەيتتە، ئالدىمىزدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۆتكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

— بۇ خالىد ئىبنى ۋەلىد بولىدۇ، - دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- خالىد ئىبنى ۋەلىد اللهنىڭ ياخشى بەندىسى، شۇنداقلا اللهنىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى، - دېدى[①].

(تىرمىزى: 3846)

8893 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَسْلَمَ الناسُ وَآمَنَ عَمْرُو بْنُ الْعَاصِ.

8893 — ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(مەككە فەتھە بولغاندا) كىشىلەر باشقىلارغا ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولدى، لېكىن ئەمر ئىبنى ئاس (ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن) ئىمان ئېيتتى»[②].

(تىرمىزى: 3844)

8894 ـ قَالَ طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن عَمْرَو بْنَ الْعَاصِ مِنْ صَالِحِي قُرَيْشٍ.

8894 ـ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەقىقەتەن ئەمر ئىبنى ئاس قۇرەيشلەرنىڭ سالىھلىرىدىندۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان[③].

(تىرمىزى: 3845)

8895 ـ عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ نِعْمَ أَهْلُ الْبَيْتِ أَبُو عَبْدِ اللهِ وَأُم عَبْدِ اللهِ وَعَبْدُ اللهِ.

---

[①] ئەلبانى (3021): سەھىھ - دېگەن.

[②] ئەلبانى (3020): ھەسەن، - دېگەن.

[③] ئەلبانى (805): سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

8895 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەبۇ ئابدۇللاھ (ئىبنى ئامىر)، ئۇممۇ ئابدۇللاھ ۋە ئابدۇللاھ قاتارلىقلار نېمىدېگەن ياخشى ئائىلە؟!»[1].

(ئەھمەد: 17398)

8896 ـ عَنْ ابْنِ شِمَاسَةَ الْمَهْرِيِّ قَالَ حَضَرْنَا عَمْرَو بْنَ الْعَاصِ وَهُوَ فِي سِيَاقَةِ الْمَوْتِ فَبَكَى طَوِيلًا وَحَوَّلَ وَجْهَهُ إِلَى الْجِدَارِ فَجَعَلَ ابْنُهُ يَقُولُ يَا أَبَتَاهُ أَمَا بَشَّرَكَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِكَذَا أَمَا بَشَّرَكَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِكَذَا قَالَ فَأَقْبَلَ بِوَجْهِهِ فَقَالَ إِنَّ أَفْضَلَ مَا نُعِدُّ شَهَادَةُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ إِنِّي كُنْتُ عَلَى أَطْبَاقٍ ثَلَاثٍ لَقَدْ رَأَيْتُنِي وَمَا أَحَدٌ أَشَدَّ بُغْضًا لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنِّي وَلَا أَحَبَّ إِلَيَّ أَنْ أَكُونَ قَدْ اسْتَمْكَنْتُ مِنْهُ فَقَتَلْتُهُ فَلَوْ مُتُّ عَلَى تِلْكَ الْحَالِ لَكُنْتُ مِنْ أَهْلِ النَّارِ فَلَمَّا جَعَلَ اللَّهُ الْإِسْلَامَ فِي قَلْبِي أَتَيْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُلْتُ ابْسُطْ يَمِينَكَ فَلْأُبَايِعْكَ فَبَسَطَ يَمِينَهُ قَالَ فَقَبَضْتُ يَدِي قَالَ مَا لَكَ يَا عَمْرُو قَالَ قُلْتُ أَرَدْتُ أَنْ أَشْتَرِطَ قَالَ تَشْتَرِطُ بِمَاذَا قُلْتُ أَنْ يُغْفَرَ لِي قَالَ أَمَا عَلِمْتَ أَنَّ الْإِسْلَامَ يَهْدِمُ مَا كَانَ قَبْلَهُ وَأَنَّ الْهِجْرَةَ تَهْدِمُ مَا كَانَ قَبْلَهَا وَأَنَّ الْحَجَّ يَهْدِمُ مَا كَانَ قَبْلَهُ وَمَا كَانَ أَحَدٌ أَحَبَّ إِلَيَّ مِنْ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلَا أَجَلَّ فِي عَيْنِي مِنْهُ وَمَا كُنْتُ أُطِيقُ أَنْ أَمْلَأَ عَيْنَيَّ مِنْهُ إِجْلَالًا لَهُ وَلَوْ سُئِلْتُ أَنْ أَصِفَهُ مَا أَطَقْتُ لِأَنِّي لَمْ أَكُنْ أَمْلَأُ عَيْنَيَّ مِنْهُ وَلَوْ مُتُّ عَلَى تِلْكَ الْحَالِ لَرَجَوْتُ أَنْ أَكُونَ مِنْ أَهْلِ الْجَنَّةِ ثُمَّ وَلِينَا أَشْيَاءَ مَا أَدْرِي مَا حَالِي فِيهَا فَإِذَا أَنَا مُتُّ فَلَا تَصْحَبْنِي نَائِحَةٌ وَلَا نَارٌ فَإِذَا دَفَنْتُمُونِي فَشُنُّوا عَلَيَّ التُّرَابَ شَنًّا ثُمَّ أَقِيمُوا حَوْلَ قَبْرِي قَدْرَ مَا تُنْحَرُ جَزُورٌ وَيُقْسَمُ لَحْمُهَا حَتَّى أَسْتَأْنِسَ بِكُمْ وَأَنْظُرَ مَاذَا أُرَاجِعُ بِهِ رُسُلَ رَبِّي.

8896 ـ ئىبنى شىماسە مەھرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا، ئۇزاق يىغلاپ كەتتى ۋە يۈزىنى تامغا قاراتتى. ئوغلى:

---

[1] ھەيسەمى (15902): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ ئى دادا! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق ساڭا خۇش بېشارەت بەرمىگەنمۇ؟ ـ دەيتتى. ئاخىرى، ئۇ يۈزىنى بىز تەرەپكە قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىغان ئەمەللىرىمىزنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى شاھادەت كەلىمىسىدۇر. مەن ھاياتىمدا ئۈچ باسقۇچنى بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. بىرىنچى باسقۇچتا، مەن ئۈچۈن ئەڭ نەپرەتلىك كىشى مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئىدى. شۇڭا ھەمىشە ئۇنى كۆزگەنلا يەردە ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلايتتىم. ئەگەر شۇ ھالىتىم بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسام، دوزاخ ئەھلى بولۇپ كېتەتتىم. ﷲ تائالا قەلبىمگە ئىسلام مۇھەببىتىنى سىڭدۈرگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ”قولۇڭنى ئاچقىن، مەن ساڭا بەيئەت قىلىمەن“ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئاچتى، لېكىن مەن قولۇمنى تارتىۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نېمە بولدى؟» دەپ سورىغاندى، مەن: ”بىر شەرتىم بار“ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ نېمە شەرت؟» دەپ سورىدى، مەن: ”بۇرۇنقى گۇناھلىرىم مەغپىرەت قىلىنسۇن“ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىماننىڭ بۇرۇنقى گۇناھلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى، ھىجرەتنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئىشلارنى يوققا چىقىرىدىغانلىقىنى، ھەجنىڭمۇ ئىلگىرىكى ئىشلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدىم. شۇندىن ئېتىبارەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىگە ئايلاندى. مەن ئۇنى بەك ھۆرمەتلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنىڭ چىرايىغا قانغۇچە تىكىلىپ قارىيالمىغانىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرى ماڭا: ”پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تەسۋىرلەپ بەرگىن“ دېسە، تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ئەگەر مەن ئەنە شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن بولسام، جەننەت ئەھلىدىن بولغان بولاتتىم. كېيىن بىز نۇرغۇن ئىشلاردا مەنسەپ تۇتتۇق. مەن بۇ

باسقۇچتىكى ئەھۋالىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن ئۆلۈپ كەتسەم، جىنازامغا ھازا تۇتۇپ يىغلايدىغان ئايال ياكى ئوت يېقىپ ماڭىدىغان كىشىلەرنى يېقىن كەلتۈرمەڭلار، قەبرەمگە تۇپىنى تېز ـ تېز تاشلاڭلار. ئاندىن قەبرە بېشىمدا، بىر تۆگە بوغۇزلىنىپ، گۆشلىرىنى تارقىتىشقا كەتكەن ۋاقىتچىلىك كۈتۈپ تۇرۇڭلار، تاكى مەن رەببىمنىڭ ئەلچىلىرىگە قانداق جاۋاب بېرىشنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە قەبرەمدە يالغۇز قالماي.

(مۇسلىم: 121)

8897 ـ عن ابن عباس قال كان المسلمون لا ينظرون إلى أبي سفيان ولا يقاعدونه فقال للنبي صلى الله عليه وسلم يا نبي الله ثلاث أعطنيهن قال نعم قال عندي أحسن العرب وأجمله أم حبيبة بنت أبي سفيان أزوجكها قال نعم قال ومعاوية تجعله كاتبا بين يديك قال نعم قال وتؤمرني حتى أقاتل الكفار كما كنت أقاتل المسلمين قال نعم قال أبو زميل ولولا أنه طلب ذلك من النبي صلى الله عليه وسلم ما أعطاه ذلك لأنه لم يكن يسأل شيئا إلا قال نعم.

8897 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇسۇلمانلار ئەبۇ سۇفيانغا قارىمايتتى ياكى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرمايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سەندىن ئۈچ نەرسە تەلەپ قىلىمەن، قوبۇل قىلامسەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قوبۇل قىلىمەن، ـ دېگەندى، ئەبۇ سۇفيان:

ـ مېنىڭ ئۇممۇ ھەبىبە ئىسىملىك قىزىم بار، ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى. ئۇنى ساڭا ياتلىق قىلىپ قويماقچىمەن، قوبۇل قىلامسەن؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قوبۇل قىلىمەن، ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ـــ مۇئاۋىيەنى ئۆزەڭگە كاتىب قىلغىن! ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ سۇفيان:

ــ مېنى ئەمىر قىلغىن، مەن (ئىلگىرى) مۇسۇلمانلارغا قارشى قانداق ئۇرۇشقان بولسام، ئەمدى مۇشرىكلارغا قارشى شۇنداق ئۇرۇش قىلىمەن، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2501)

8898 ـ عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي عُمَيْرَةَ وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ لِمُعَاوِيَةَ اللهُم اجْعَلْهُ هَادِيًا مَهْدِيا وَاهْدِ بِهِ.

8898 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ ئۇمەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە مۇنداق دۇئا قىلغان:

«ئى الله! مۇئاۋىيەنى كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى، ئۆزىمۇ (توغرا يولغا) يېتەكلەنگۈچى قىلغىن ۋە باشقا بەندىلىرىڭنى ئۇ ئارقىلىق ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگىن»[①].

(تىرمىزى: 3842)

8899 ـ عَنْ أَبِي إِدْرِيسَ الْخَوْلَانِي قَالَ لَما عَزَلَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ عُمَيْرَ بْنَ سَعْدٍ عَنْ حِمْصَ وَلى مُعَاوِيَةَ فَقَالَ الناسُ عَزَلَ عُمَيْرًا وَوَلى مُعَاوِيَةَ فَقَالَ عُمَيْرٌ لَا تَذْكُرُوا مُعَاوِيَةَ إِلا بِخَيْرٍ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُم اهْدِ بِهِ.

8899 ـ ئەبۇ ئىدرىس خەۋلانىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇمەير ئىبنى سەئدنى ھىمسنىڭ ۋالىيلىقىدىن ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇئاۋىيەنى قويغانىدى، كىشىلەر:

---

[①] ئەلبانى (3018): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئۈمەيرنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا مۇئاۋىيەنى قويدى، ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۈمەير:

ــ مۇئاۋىيەنى ياخشى سۆزلەر بىلەن ياد ئېتىڭلار، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئى الله! ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلىغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 38439)

8900 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كُنتُ أَلْعَبُ مَعَ الصِّبيان فَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَوَارَيْتُ خَلْفَ بَابٍ قَالَ فَجَاءَ فَحَطَأَنِي حَطْأَةً وَقَالَ اذْهَبْ وَادْعُ لِي مُعَاوِيَةَ قَالَ فَجِئْتُ فَقُلْتُ هُوَ يَأْكُلُ قَالَ ثُم قَالَ لِيَ اذْهَبْ فَادْعُ لِي مُعَاوِيَةَ قَالَ فَجِئْتُ فَقُلْتُ هُوَ يَأْكُلُ فَقَالَ لَا أَشْبَعَ اللهُ بَطْنَهُ.

8900 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن باللار بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىۋىدى، دەرھال ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، قولىنى مۈرەمگە قويدى ۋە:

ـ مۇئاۋىيەنى چاقىرغىن! ـ دېدى. دەرھال بېرىپ كەلدىم ۋە:

ـ مۇئاۋىيە تاماق يەۋېتىپتۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ماڭا، يەنە بېرىپ چاقىرىپ كەلگىن! ــ دېدى. مەن يەنە بېرىپ قايتىپ كەلدىم ۋە:

ــ مۇئاۋىيە تاماق يەۋېتىپتۇ، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ الله ئۇنىڭ قورسىقىنى تويغۇزمىغاي! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2604)

[①] ئەلبانى (3019): سەھىھ ـ دېگەن.

## سۈنەين ئەبۇ جەمىلە، ئەبباد، زىماد، ئەدىي ئىبنى ھاتەم، سۈمامە ئىبنى ئۇسال، ئەمر ئىبنى ئەبسە سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8901 ـ عَنْ الزهْرِي عَنْ سُنَيْنٍ أَبِي جَمِيلَةَ قَالَ أَخْبَرَنَا وَنَحْنُ مَعَ ابْنِ الْمُسَيبِ قَالَ وَزَعَمَ أَبو جَمِيلَةَ أَنهُ أَدْرَكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَخَرَجَ مَعَهُ عَامَ الْفَتْحِ.

8901 ـ زۇھرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب بىلەن بىللە تۇرغىنىمىزدا، سۈنەين ئەبۇ جەمىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن مەككە فەتھىگە قاتناشقانلىقىنى ئېيتتى.

(بۇخارى: 4301)

8902 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ سَمِعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا يَقْرَأُ فِي الْمَسْجِدِ فَقَالَ رَحِمَهُ اللهُ لَقَدْ أَذْكَرَنِي كَذَا وَكَذَا آيَةً أَسْقَطْتُهن مِنْ سُورَةِ كَـذَا وَكَذَا وَزَادَ عَبادُ بْنُ عَبْدِ اللهِ عَنْ عَائِشَةَ تَهجدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَيْتِي فَسَمِعَ صَوْتَ عَبادٍ يُصَلي فِي الْمَسْجِدِ فَقَالَ يَا عَائِشَةُ أَصَوْتُ عَبادٍ هَذَا قُلْتُ نَعَمْ قَالَ اللهُم ارْحَمْ عَبادًا.

8902 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ ھۇجرامدا تەھەججۇد نامىزى ئوقۇۋېتىپ، مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقان ئەببادنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە:

ـ ئى ئائىشە! بۇ ئەببادنىڭ ئاۋازىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى الله! ئەبىادقا رەھمەت قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى.
(بۇخارى: 2655)

8903 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن ضِمَادًا قَدِمَ مَكةَ وَكَانَ مِنْ أزْدِ شَنُوءَةَ وَكَانَ يَرْقِي مِنْ هَذِهِ الريحِ فَسَمِعَ سُفَهَاءَ مِنْ أَهْلِ مَكةَ يَقُولُونَ إن مُحَمدًا مَجْنُونٌ فَقَالَ لَوْ أني رَأيْتُ هَذَا الرجُلَ لَعَل اللهَ يَشْفِيهِ عَلَى يَدَي قَالَ فَلَقِيَهُ فَقَالَ يَا مُحَمدُ إني أرْقِي مِنْ هَذِهِ الريحِ وَإِن اللهَ يَشْفِي عَلَى يَدِي مَنْ شَاءَ فَهَلْ لَكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن الْحَمْدَ لِلهِ نَحْمَدُهُ وَنَسْتَعِينُهُ مَنْ يَهْدِهِ اللهُ فَلَا مُضِل لَهُ وَمَنْ يُضْلِلْ فَلَا هَادِيَ لَهُ وَأَشْهَدُ أنْ لَا إِلَهَ إلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ وَأن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ أما بَعْدُ قَالَ فَقَالَ أَعِدْ عَلَي كَلِمَاتِكَ هَؤُلَاءِ فَأَعَادَهُن عَلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثَ مَراتٍ قَالَ فَقَالَ لَقَدْ سَمِعْتُ قَوْلَ الْكَهَنَةِ وَقَوْلَ السحَرَةِ وَقَوْلَ الشعَرَاءِ فَمَا سَمِعْتُ مِثْلَ كَلِمَاتِكَ هَؤُلَاءِ وَلَقَدْ بَلَغْنَ نَاعُوسَ الْبَحْرِ قَالَ فَقَالَ هَاتِ يَدَكَ أُبَايِعْكَ عَلَى الْإِسْلَامِ قَالَ فَبَايَعَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَلَى قَوْمِكَ قَالَ وَعَلَى قَوْمِي قَالَ فَبَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَرِيةً فَمَروا بِقَوْمِهِ فَقَالَ صَاحِبُ السرِيةِ لِلْجَيْشِ هَلْ أَصَبْتُمْ مِنْ هَؤُلَاءِ شَيْئًا فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْقَوْمِ أَصَبْتُ مِنْهُمْ مِطْهَرَةً فَقَالَ رُدوهَا فَإِن هَؤُلَاءِ قَوْمُ ضِمَادٍ.

8903 ــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زىماد مەككىگە كەلدى. ئۇ ئەزدى شەنۇئەدىن بولۇپ، جىن چاپلاشقانلارغا ئەپسۇن ئوقۇيتتى. شۇڭا ئۇ مەككىنىڭ بەزى تېگى پەس، ئەخمەق كىشىلىرىنىڭ:

ــ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، ـ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ:

ــ مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نى كۆرسەم، ئۇنىڭغا ئەپسۇن ئوقۇپ قوياي، بەلكى الله ئۇنىڭغا مېنىڭ قولۇمدا شىپا ئاتا قىلىشى مۇمكىن، ـ دېدى. بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇچرىتىپ قېلىپ:

ــ ئى مۇھەممەد! مەن جىن چاپلاشقانلارغا ئەپسۇن ئوقۇيمەن، اللە خالىغان كىشىگە مەن ئارقىلىق شىپا بېرىدۇ. ئەگەر خالىساڭ، ساڭىمۇ ئوقۇپ قوياي، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەقىقەتەن جىمى ھەمدۇ ـ سانا اللەقا خاستۇر، بىز ئۇنىڭغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز. اللە ھىدايەتكە باشلىغاننى ئازدۇرۇۋەتكۈچى، اللە ئازدۇرۇۋەتكەننى ھىدايەتكە باشلىغۇچى يوقتۇر. مەن اللەتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، ئۇنىڭ يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىگە، شېرىكى يوقلىقىغا، مۇھەممەدنىڭ اللەنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان زىماد:

ــ بۇ سۆزلىرىڭنى قايتا دەپ بەرگىنە! ــ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ قېتىم قايتىلاپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن، زىماد:

ــ مەن كاھىنلارنىڭ، سېھىرگەرلەرنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان بولساممۇ، بۇنداق پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن. بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەن دېڭىز ئۈنچىلىرىگە ئوخشايدىكەن، ـ دېدى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ قولۇڭنى بەرگىن، مەن ساڭا بەيئەت قىلىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بەيئىتىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن:

ــ قەۋمىڭ ئۈچۈنمۇ بەيئەت قىلامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، زىماد:

ــ قوبۇل قىلىمەن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، كىچىك بىر قوشۇن تەييارلىدى. ئۇ قوشۇن بىر يۇرتتىن ئۆتكەندە، قوماندان قول ئاستىدىكىلەردىن:

ــ بۇ يۇرتتىن بىرەر نەرسە ئولجا ئالدىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئارىدىن بىرى:

ــ مەن بىر تال قاچا ئالدىم، ـ دېگەنىدى، قوماندان:

ــ قاچىنى ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەرگىن، چۈنكى بۇ زىمادنىڭ قەۋمىدۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 868)

8904 ـ عَنْ عَدِي ْبنِ حَاتِمٍ قَالَ أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُـوَ جَالِسٌ فِي الْمَسْجِدِ فَقَالَ الْقَوْمُ هَذَا عَدِي ْبنُ حَاتِمٍ وَجِئْتُ بِغَيْرِ أَمَانٍ وَلَا كِتَـابٍ فَلَمـا دُفِعْتُ إِلَيْهِ أَخَذَ بِيَدِي وَقَدْ كَانَ قَالَ قَبْلَ ذَلِكَ إِني لَأَرْجُو أَنْ يَجْعَلَ اللهُ يَدَهُ فِي يَدِي قَالَ فَقَامَ فَلَقِيَتْهُ امْرَأَةٌ وَصَبِي مَعَهَا فَقَالَا إِن لَنا إِلَيْكَ حَاجَةً فَقَامَ مَعَهُمَا حَتى قَضَى حَاجَتَهُمَا ثُم أَخَذَ بِيَدِي حَتى أَتَى بِي دَارَهُ فَأَلْقَتْ لَهُ الْوَلِيدَةُ وِسَادَةً فَجَلَسَ عَلَيْهَا وَجَلَسْتُ بَيْنَ يَدَيْـهِ فَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ ثُم قَالَ مَا يُفِركَ أَنْ تَقُولَ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ فَهَلْ تَعْلَمُ مِنْ إِلَهٍ سِوَى اللهِ قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ ثُم تَكَلمَ سَاعَةً ثُم قَالَ إِنمَا تَفِر أَنْ تَقُولَ اللهُ أَكْبَرُ وَتَعْلَمُ أَن شَيْئًا أَكْبَرُ مِنْ اللهِ قَالَ قُلْتُ لَا قَالَ فَإِن الْيَهُودَ مَغْضُوبٌ عَلَيْهِمْ وَإِن النصَارَى ضُلالٌ قَالَ قُلْتُ فَإِني جِئْتُ مُسْلِمًا قَالَ فَرَأَيْتُ وَجْهَهُ تَبَسطَ فَرَحًا.

8904 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئامانلىقمۇ ئالماستىن، ئەھدىنامىمۇ تۈزۈشمەستىن ئۇدۇللا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ مەسجىدتە ئولتۇرغان ئىكەن. كىشىلەر مېنى كۆرۈپ:

ــ بۇ ئەدىي ئەمەسمۇ؟ ـ دېيىشكىنىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولۇمدىن تۇتتى (بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اﷲنىڭ ئەدىينىڭ قولىنى مېنىڭ قولۇمدا قىلىشىنى (يەنى ماڭا بەيئەت قىلىشىنى) ئارزۇ قىلىمەن» دېگەنىكەن)، ئاندىن ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ چاغدا، بىر ئايال بالىسىنى باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئېھتىياجىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغاندىن كېيىن، قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. بىر چۆرە سېلىنچا سالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، مېنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن اﷲ تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن:

ــ ئى ئەدىي! نېمە ئۈچۈن شاھادەت ئېيتمايسەن؟ سەن اللهتىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى بىلمەمسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ياق، بىلمەيمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ــ نېمە ئۈچۈن: ''الله بۈيۈكتۇر'' دېمەيسەن؟ اللهتىنمۇ بۈيۈك بىرنىڭ يوقلۇقىنى بىلمەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى، مەن يەنە:

ــ ياق، بىلمەيمەن، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ يەھۇدىيلار اللهنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار، ناسارالار بولسا ئازغانلاردۇر، ـ دېدى. مەن:

ــ مەن مۇسۇلمان بولغىلى كەلدىم، ـ دېدىم. شۇندىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدە جىلۋە پەيدا بولغانلىقىنى كۆردۈم[1].

(تىرمىزى: 2954)

8905 ـ عن أبي هُرَيْرَةَ يَقُولُ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْلًا قِبَلَ نَجْدٍ فَجَاءَتْ بِرَجُلٍ مِنْ بَنِي حَنِيفَةَ يُقَالُ لَهُ ثُمَامَةُ بْنُ أُثَالٍ سَيدُ أَهْلِ الْيَمَامَةِ فَرَبَطُوهُ بِسَارِيَةٍ مِنْ سَوَارِي الْمَسْجِدِ فَخَرَجَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَاذَا عِنْدَكَ يَا ثُمَامَةُ فَقَالَ عِنْدِي يَا مُحَمدُ خَيْرٌ إِنْ تَقْتُلْ تَقْتُلْ ذَا دَمٍ وَإِنْ تُنْعِمْ تُنْعِمْ عَلَى شَاكِرٍ وَإِنْ كُنْتَ تُرِيدُ الْمَالَ فَسَلْ تُعْطَ مِنْهُ مَا شِئْتَ فَتَرَكَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى كَانَ بَعْدَ الْغَدِ فَقَالَ مَا عِنْدَكَ يَا ثُمَامَةُ قَالَ مَا قُلْتُ لَكَ إِنْ تُنْعِمْ تُنْعِمْ عَلَى شَاكِرٍ وَإِنْ تَقْتُلْ تَقْتُلْ ذَا دَمٍ وَإِنْ كُنْتَ تُرِيدُ الْمَالَ فَسَلْ تُعْطَ مِنْهُ مَا شِئْتَ فَتَرَكَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى كَانَ مِنْ الْغَدِ فَقَالَ مَاذَا عِنْدَكَ يَا ثُمَامَةُ فَقَالَ عِنْدِي مَا قُلْتُ لَكَ إِنْ تُنْعِمْ تُنْعِمْ عَلَى شَاكِرٍ وَإِنْ تَقْتُلْ تَقْتُلْ ذَا دَمٍ وَإِنْ كُنْتَ تُرِيدُ الْمَالَ فَسَلْ تُعْطَ مِنْهُ مَا شِئْتَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَطْلِقُوا ثُمَامَةَ فَانْطَلَقَ إِلَى نَخْلٍ قَرِيبٍ مِنْ الْمَسْجِدِ فَاغْتَسَلَ ثُم دَخَلَ الْمَسْجِدَ فَقَالَ أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ يَا مُحَمدُ وَاللهِ مَا

[1] ئەلبانى (2335): سەھىھ ـ دېگەن.

كَانَ عَلَى الْأَرْضِ وَجْهٌ أَبْغَضَ إِلَيَّ مِنْ وَجْهِكَ فَقَدْ أَصْبَحَ وَجْهُكَ أَحَبَّ الْوُجُوهِ كُلِّهَا إِلَيَّ وَاللَّهِ مَا كَانَ مِنْ دِينٍ أَبْغَضَ إِلَيَّ مِنْ دِينِكَ فَأَصْبَحَ دِينُكَ أَحَبَّ الدِّينِ كُلِّهِ إِلَيَّ وَاللَّهِ مَا كَانَ مِنْ بَلَدٍ أَبْغَضَ إِلَيَّ مِنْ بَلَدِكَ فَأَصْبَحَ بَلَدُكَ أَحَبَّ الْبِلَادِ كُلِّهَا إِلَيَّ وَإِنَّ خَيْلَكَ أَخَذَتْنِي وَأَنَا أُرِيدُ الْعُمْرَةَ فَمَاذَا تَرَى فَبَشَّرَهُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَمَرَهُ أَنْ يَعْتَمِرَ فَلَمَّا قَدِمَ مَكَّةَ قَالَ لَهُ قَائِلٌ أَصَبَوْتَ فَقَالَ لَا وَلَكِنِّي أَسْلَمْتُ مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلَا وَاللَّهِ لَا يَأْتِيكُمْ مِنْ الْيَمَامَةِ حَبَّةُ حِنْطَةٍ حَتَّى يَأْذَنَ فِيهَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

8905 ــ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەجد تەرەپكە بىر قوشۇن ئەۋەتكەنىدى، ئۇلار بەنۇ ھەنىفە جەمەتىنىڭ رەئىسى سۇمامە ئىبنى ئۇسالنى تۇتۇپ كەلدى ۋە ئۇنى مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ:

ــ ئى سۇمامە! نېمە بولدۇڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ ئى مۇھەممەد! ھېچنېمە بولمىدى. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرسەڭ، (يۈز ـ ئابرويلۇق) جاندىن بىرنى ئۆلتۈرگەن بولىسەن. ئەگەر ئەپۇ قىلساڭ، سەندىن مىننەتدار بولىمەن. ئەگەر پۇل ـ مال تەلەپ قىلساڭ، خالىغان مىقداردا بېرىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ پېتى تاشلاپ كەتتى. ئەتىسى يەنە كېلىپ سورىغانىدى، ئۇمۇ ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئۈچىنچى كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى سۇمامە! ئەمدى نېمە دەيسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ:

ــ جاۋابىم ئوخشاش، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. ئۇ خورمىلىققا بېرىپ يۇيۇنغاندىن كېيىن، مەسجىدكە كىرىپ:

ــ ﷲتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەدنىڭ ﷲنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دەپ شاھادەت ئېيتتى، ئاندىن:

ــ ئى مۇھەممەد! ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە مەن ئۈچۈن سېنىڭ چىرايىڭدىنمۇ يىرگىنىشلىك چىراي يوق ئىدى، مانا

ئەمدى سىنىڭ چىرايىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ يېقىملىق چىرايغا ئايلاندى. يەنە اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ماڭا نىسبەتەن سىنىڭ دىنىڭدىنمۇ يىرگىنىشلىك دىن يوق ئىدى، ئەمدى سىنىڭ دىنىڭدىنمۇ يېقىملىق دىن يوق. ۋە يەنە اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۈچۈن سىنىڭ يۇرتۇڭدىنمۇ يىرگىنىشلىك يۇرت يوق ئىدى، مانا ئەمدى سىنىڭ يۇرتۇڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ سۆيۈملۈك يۇرتقا ئايلاندى. سەن ئەۋەتكەن قوشۇن مىنى ئۆمرىگە كېتىۋاتقان يولۇمدىن تۇتۇۋالدى. بۇ ھەقتە نىمە دەيسەن؟ - دىگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا (بەزى ئىشلار ھەققىدە) خۇش بېشارەت بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆمرە قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇ مەككىگە يېتىپ بارغاندا، بەزىلەر ئۇنىڭغا:

- سەن ئاتا - بوۋاڭنىڭ دىنىدىن تاندىڭ، - دىيىشكە باشلىغانىدى، ئۇ:

— ياق، مەن مۇسۇلمان بولدۇم. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىجازەت بەرمىگۈچە، يەمامەدىن سىلەرگە بىر تال بۇغداي دىنىمۇ كەلمەيدۇ، - دىدى.

(مۇسلىم: 1764)

8906 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ قَالَ عَمْرُو بْنُ عَبَسَةَ السلَمِي كُنْتُ وَأَنا فِي الْجَاهِلِيةِ أَظُن أَن الناسَ عَلَى ضَلَالَةٍ وَأَنهُمْ لَيْسُوا عَلَى شَيْءٍ وَهُمْ يَعْبُدُونَ الْأَوْثَانَ فَسَمِعْتُ بِرَجُـلٍ بِمَكةَ يُخْبِرُ أَخْبَارًا فَقَعَدْتُ عَلَى رَاحِلَتِي فَقَدِمْتُ عَلَيْهِ فَإِذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُسْتَخْفِيًا جُرَءَاءُ عَلَيْهِ قَوْمُهُ فَتَلَطفْتُ حَتى دَخَلْتُ عَلَيْهِ بِمَكةَ فَقُلْتُ لَهُ مَا أَنتَ قَالَ أَنا نَبِي فَقُلْتُ وَمَا نَبِي قَالَ أَرْسَلَنِي اللهُ فَقُلْتُ وَبِأَي شَيْءٍ أَرْسَلَكَ قَالَ أَرْسَلَنِي بِصِـلَةِ الْأَرْحَـامِ وَكَسْرِ الْأَوْثَانِ وَأَنْ يُوَحدَ اللهُ لَا يُشْرَكُ بِهِ شَيْءٌ قُلْتُ لَهُ فَمَنْ مَعَكَ عَلَى هَذَا قَـالَ حُـر وَعَبْدٌ قَالَ وَمَعَهُ يَوْمَئِذٍ أَبُو بَكْرٍ وَبِلَالٌ مِمنْ آمَنَ بِهِ فَقُلْتُ إِني مُتبِعُكَ قَالَ إِنكَ لَا تَسْتَطِيعُ ذَلِكَ يَوْمَكَ هَذَا أَلَا تَرَى حَالِي وَحَالَ الناسِ وَلَكِنْ ارْجِعْ إِلَى أَهْلِكَ فَإِذَا سَمِعْتَ بِي قَـدْ ظَهَرْتُ فَأْتِنِي قَالَ فَذَهَبْتُ إِلَى أَهْلِي وَقَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ وَكُنْتُ

فِي أَهْلِي فَجَعَلْتُ أَتَخَبَّرُ الْأَخْبَارَ وَأَسْأَلُ النَّاسَ حِينَ قَدِمَ الْمَدِينَةَ حَتَّى قَدِمَ عَلَيَّ نَفَرٌ مِنْ أَهْلِ يَثْرِبَ مِنْ أَهْلِ الْمَدِينَةِ فَقُلْتُ مَا فَعَلَ هَذَا الرَّجُلُ الَّذِي قَدِمَ الْمَدِينَةَ فَقَالُوا النَّاسُ إِلَيْهِ سِرَاعٌ وَقَدْ أَرَادَ قَوْمُهُ قَتْلَهُ فَلَمْ يَسْتَطِيعُوا ذَلِكَ فَقَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فَدَخَلْتُ عَلَيْهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَتَعْرِفُنِي قَالَ نَعَمْ أَنْتَ الَّذِي لَقِيتَنِي بِمَكَّةَ قَالَ فَقُلْتُ بَلَى فَقُلْتُ يَا نَبِيَّ اللَّهِ أَخْبِرْنِي عَمَّا عَلَّمَكَ اللَّهُ وَأَجْهَلُهُ أَخْبِرْنِي عَنْ الصَّلَاةِ.

8906 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەمر ئىبنى ئەبەسە سۈلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىنسانلار بۇتلارغا چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈيۈق يولدا دەپ بىلەتتىم. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، مەككىلىك بىر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەزى ھەقىقەتلەرنى جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم ـ دە، تۆگەمگە مىنىپ، دەرھال مەككىگە باردىم. قەۋمى بەكمۇ زۇلۇم قىلغاچقا، يوشۇرۇن دەۋەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ يۇرىكىم ئېچىشتى ۋە يېنىغا كىرىپ:

ـ سەن كىم بولىسەن؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ـ مەن پەيغەمبەر بولىمەن، ـ دېدى.

ـ پەيغەمبەر دېگەن نېمە ئۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ﷲ مېنى پەيغەمبەر (ئەلچى) قىلىپ ئەۋەتتى، ـ دېدى.

ـ سېنى نېمىلەرنى قىلىشقا ئەۋەتتى؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا سىلە ـ رەھىم قىلىشقا، بۇتلارنى چېقىشقا، ﷲقا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئەۋەتتى، ـ دېدى.

ـ بۇ دىندا يەنە كىملەر بار؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ بىر ھۆر بىلەن بىر قۇل (يەنى ئەبۇ بەكرى بىلەن بىلال) بار، ـ دېدى.

ـ ئۇنداقتا، مەن ساڭا ئەگىشىمەن، ـ دېگەنىدىم.

ـ ھازىرچە بۇنداق قىلالمايسەن، مېنىڭ ۋە ھەمراھلىرىمنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈننى كۆرمىدىڭمۇ؟ شۇڭا ھازىر قەۋمىڭگە قايتىپ تۇرغىن، مەن دەۋىتىمنى پۈتۈنلەي ئاشكارىلىغاندا قايتا كۆرۈشەرمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىلەمگە قايتىپ كەتتىم. كېيىن، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى، مەن ئۆز يۇرتۇمدا تۇرۇپ، كەلگەن - كەتكەنلەردىن ئۇنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇردۇم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەدىنىلىك بىر توپ ئادەمدىن:

ــ مەدىنىگە كەلگەن ئادەمدىن خەۋەرىڭلار بارمۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم، ئۇلار:

ــ يۇتۇن خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ، ئىمان ئېيتتى. ئۆز خەلقى ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ، مەقسىتىگە يېتەلمىدى، - دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، مەن مەدىنىگە يېتىپ كەلدىم ۋە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى تونىدىڭمۇ؟ - دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، سەن بىلەن مەككىدە كۆرۈشكەنىدۇق، - دېدى. مەن:

ــ شۇنداق. ئى رەسۇلۇللاھ! الله ساڭا ئۆگەتكەن نەرسىلەرنى ماڭا ئۆگەتكىن ۋە نامازنى چۈشەندۈرۈپ قويغىن، - دېدىم.

(مۇسلىم: 832)

## ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئەقىل ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8907 ـ مُحَمد بن كَعْبٍ الْقُرَظِي يقول كان إسْلامُ حَمْزَةَ بن عبد الْمُطلِبِ رَحِمَهُ اللهُ حَمِيةً وكان رَجُلا رَامِيًا وكان يَخْرُجُ مِنَ الْحَرَمِ فَيصْطَادُ فإذا رَجَعَ مَر بِمَجْلِسِ قُرَيْشٍ وَكَانُوا يَجْلِسُونَ عِنْدَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ فَيمُر بِهِمْ فيقول رَمَيْتُ كَذَا وكذا وَصَنَعتُ كَذَا وَكَذَا ثُم يَنْطَلِقُ إلى مَنْزِلِهِ وَأَقْبَلَ من رَمْيِهِ ذَاتَ يَوْمٍ فَلَقِيَتْهُ امْرَأَةٌ فقالت يا أَبا عُمَارَةَ مَاذَا لَقِيَ بن أَخِيكَ من أبي جَهْلِ بن هِشَامٍ وَتَنَاوَلَهُ وَفَعَلَ بِهِ وَفَعَلَ فقال هل رَآهُ أَحَدٌ قالت إي وَاللهِ لقد رَآهُ نَاسٌ فَأَقْبَلَ حتى انْتَهَى إلى ذلك الْمَجْلِسِ عِنْدَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ فإذا هُمْ جُلُوسٌ وأبو جَهْلٍ فِيهِمْ فَاتكَأَ على قَوْسِهِ فقال رَمَيْتُ كَذَا وَفَعَلْتُ كَذَا ثُم جَمَعَ يَدَهُ بِالْقَوْسِ فَضَرَبَ بها بين أُذُنَيْ أبي جَهْلٍ فَدَق سِيَتَهَا ثُم قال خُذْهَا بِالْقَوْسِ وَأُخْرَى بِالسيْفِ أَشْهَدُ أَنهُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم وَأَنهُ جاء بِالْحَق من عِنْدِ اللهِ.

8907 ـ مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب تەرەپبازلىق قىلىپ مۇسۇلمان بولغانىدى. ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق: ھەمزە پات ـ پات ھەرەمدىن سىرتقا چىقىپ، ئوۋچىلىق قىلىپ كېلەتتى ۋە قايتىشىدا قۇرەيشلەرنىڭ سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ يېنىدىكى سورۇنىغا كىرىپ: ”مۇنداق ئاتتىم، ئۇنداق ئۆلتۈردۈم“ دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئوۋدا قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

بىر كۈنى، ھەمزە ئوۋدىن قايتىپ كېلىشىگە، قۇرەيشلىك بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

ـ ئى ئەبۇ ئۇمارە! ئەبۇ جەھلىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ بىر تۇغقىنىڭنىڭ ئوغلىغا (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) ئەزىيەت

بەردى، سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىدى، ئۇنىڭغا نۇرغۇن كۈلپەتلەرنى يەتكۈزدى، ـ دېدى. ھەمزە:

ــ بۇ ئىشنى باشقىلارمۇ كۆردىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال:

ــ نۇرغۇن ئادەم كۆردى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ھەمزە دەرھال قۇرەيشلەرنىڭ سورۇنىغا باردى، ئۇلار چۆرىدەپ ئولتۇرغان بولۇپ، ئەبۇ جەھلمۇ شۇ يەردە ئىدى. ھەمزە ئوقتىن بىرنى ئالدى ۋە:

ــ بۇ قېتىملىق ئوۋدا يانى ئۇنداق ئاتتىم، مۇنداق ئاتتىم، ـ دېگىنىچە، يانىڭ كىرىچىنى سوزۇپ ئەبۇ جەھلنىڭ قۇلىقىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ئوق ئەبۇ جەھلنىڭ بىر قۇلىقىنى تېشىۋەتتى.

ــ مانا كۆردۇڭمۇ؟ ئەمدى ئوق بىلەن قىلىچ يەيسەن. مەن مۇھەممەدنىڭ اللهنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ اللهنىڭ دەرگاھىدىن ھەقنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 2925)

8908 ـ 13 بن عبد الرحمن بن أبي لَبِيبَةَ عن جَدِهِ أَنّ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قال وَالذِي نَفْسِي بيده إنه لَمَكْتُوبٌ عِنْدَ اللهِ في السمَاءِ السابِعَةِ حَمْزَةُ بن عبد المُطلِبِ أَسَدُ اللهِ وَأَسَدُ رَسُولِهِ.

8908 ـ يەھيا ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەبىيبە ئۆزىنىڭ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، يەتتىنچى ئاسماندا: ”ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب اللهنىڭ ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ يولۋىسى“ دەپ يېزىقلىقتۇر»[2].

(«ئەلكەبىر»: 2951)

[1] ھەيسەمى (15460): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15462): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى يەھيا بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسىنى تونۇمايمەن. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8909 ـ ابن عباس رفعه: سيد الشهداء يوم القيامة حمزة بن عبد المطلب ورجل قام إلى إمام جائر فأمره ونهاه فقتله. للأوسط.

8909 ـــ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«زالىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى ياخشى ئىشقا بۇيرىغان ۋە يامان ئىشتىن توسقان، شۇ سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ۋە ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب قىيامەت كۈنى شېھىدلارنىڭ سەردارى بولىدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

8910 ـ عن أبي إِسْحَاقَ أَنّ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قال لِعُقَيْلِ بنِ أبي طَالِبٍ يا أَبَا يَزِيدَ اني احبك حُبَّيْنِ لِقَرَابَتِكَ مِني وَحُبٍ لِمَا كنت أَعْلَمُ من حُبِ عَمِي إِياكَ.

8910 ـــ ئەبۇ ئىسھاقتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇقەيل ئىبنى ئەبۇ تالىبقا مۇنداق دېگەن:

«ئى ئەبۇ يەزىد! مەن سېنى (باشقىلاردىن) ئىككى ھەسسە ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن. بىرى، تۇغقىنىم بولغانلىقىڭ؛ يەنە بىرى، تاغامنىڭ ساڭا ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن»[②].

(«ئەلكەبىر»: 191/17)

8911 ـ عن أبي حَبةَ الْبَدْرِي قال كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يوم حُنَيْنٍ لا يَنظُرُ في نَاحِيَةٍ إلا رَأَى أَبَا سُفْيَانَ بن الْحَارِثِ يُقَاتِلُ فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إن أَبَا سُفْيَانَ خَيْرُ أَهْلِي أو من خَيْرِ أَهْلِي.

8911 ـ ئەبۇ ھەببە ئەلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ھۇنەين كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

---

[①] ھەيسەمى (15466): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (15502): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

قايسىلا تەرىپىگە قارىسا، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىسنىڭ باتۇرلارچە جەڭ قىلىۋاتقىنىنى كۆردى ـ دە:
ــ ئەبۇ سۇفيان ئەھلىم (ئائىلەم)نىڭ ئەڭ ياخشى ئەزاسىدۇر، ـ دېدى[1].
(«ئەلكەبىر»: 22/324؛ «ئەلئەۋسەت»)

8912 ـ عن عَبْد اللهِ بْنَ جَعْفَرٍ قَالَ لَوْ رَأَيْتَنِي وَقُثَم وَعُبَيْدَ اللهِ ابْنَيْ عَباسٍ وَنَحْنُ صِبْيانٌ نَلْعَبُ إِذْ مَر النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلى دَابةٍ فَقَالَ ارْفَعُوا هَذَا إِلَي قَالَ فَحَمَلَنِي أَمَامَهُ وَقَالَ لِقُثَم ارْفَعُوا هَذَا إِلَي فَجَعَلَهُ وَرَاءَهُ وَكَانَ عُبَيْدُ اللهِ أَحَب إِلى عَباسٍ مِنْ قُثَم فَمَا اسْتَحَى مِنْ عَمهِ أَنْ حَمَلَ قُثَمًا وَتَرَكَهُ قَالَ ثُم مَسَحَ عَلى رَأْسِي ثَلَاثًا وَقَالَ كُلمَا مَسَحَ اللهُم اخْلُفْ جَعْفَرًا فِي وَلَدِهِ.

8912 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابباسنىڭ ئىككى ئوغلى قۇسەم ۋە ئۇبەيدۇللاھ بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئۇلاغقا مىنگەن ھالدا يېتىپ كېلىپ:
ــ بۇنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭلار! ــ دېدى ۋە مېنى ئالدىغا مىنگۈزدى. ئاندىن:
ــ قۇسەمنىمۇ ئېلىپ بېرىڭلار! ـ دېدى ۋە ئۇنى كەينىگە مىنگۈزدى. ئابباس قۇسەمگە قارىغاندا ئۇبەيدۇللاھقا بەكرەك ئامراق ئىدى. شۇنداقتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاغىسىنىڭ خاتىرىسىنى قىلماستىن ئۇبەيدۇللاھنى قويۇپ، قۇسەمنى مىندۇرۇۋالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىمنى ئۈچ قېتىم سىلىدى، ھەر سىلىغىنىدا:
ــ ئى الله! جەئفەرنىڭ بالىسىغا ئۆزەڭ ئىگىدارچىلىق قىلغىن! ــ دەيتتى[2].
(ئەھمەد: 1762)

[1] ھەيسەمى (15505): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.
[2] ھەيسەمى (15539): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## خەبباب ئىبنى ئەرەت، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم، ئامىر ئىبنى فۇھەيرە، ئامىر ئىبنى رەبىئە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8913 ـ كُرْدُوسًا يقول إن خَبَّابًا أَسْلَمَ سَادِسَ سِتَّةٍ كان سُدُسَ الإِسْلامِ.

8913 ـ كۇردۇس مۇنداق دېگەن: خەبباب ئىبنى ئەرەت ئىمان ئېيتقان ئالتىنچى كىشى ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەڭ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغان ئالتە كىشىنىڭ بىرىدۇر①.

(«ئەلكەبىر»: 3613)

8914 ـ عائشة: أن النبى صلى الله عليه وسلم سمع سالما مولى أبى حذيفة يقرأ من الليل فقال: الحمد لله الذى جعل فى أمتى مثله.

8914 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىمنىڭ كېچىدە قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ: «ئۈممىتىم ئىچىدە مۇشۇنىڭدەك ئادەملەرنى قىلىپ بەرگەن الله تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن» دېدى②.

(بەززار: 2694)

8915 ـ عن عبد الرحمن بن عوف قال كَلَّمَ طَلْحَةُ عَامِرَ بن فُهَيْرَةَ بِشَيْءٍ فقال له النبي صلى اللهُ عليه وسلم مَهْلا يا طَلْحَةُ فإنه قد شَهِدَ بَدْرًا كما شَهِدْتُهُ وَخَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِمَوَالِيهِ.

---

① ھەيسەمى (15629): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى كۇردۇسقىچە بولغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. كۇردۇسمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (15643): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8915 ــ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئامىر ئىبنى فۇھەيرەگە يامان سۆزدىن بىرنى قىلىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ــ ئى تەلھە، ئۆزۈڭنى بېسىۋال! ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش بەدر غازىتىغا قاتناشتى. (سىلەرنىڭ) ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆزىنىڭ قۇللىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلاردۇر، ـ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 287)

8916 ـ عن عبد اللهِ بن عَامِرٍ قال لما تَشَعبَ الناس في الطعن على عُثْمانَ قام أبي يُصَلي من اللَّيْلِ ثُم نَامَ قال فَقِيلَ له قُمْ فَاسْأَلْ اللهَ أَنْ يُعِيذَكَ من الْفِتْنَةِ التي أَعَاذَ منها عِبَادَهُ الصالِحِينَ قال فَقَامَ فَمَرِضَ فما رُئِيَ خَارِجًا حتى مَاتَ.

8916 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىيئەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇستىدىن پىتنە تارقاتقان چاغدا، ئاتام ئامىر ئىبنى رەبىيئە بىر كېچىسى تۇرۇپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئۇخلىدى. چۈشىدە ئۇنىڭغا:

ــ تۇر، اللهتىن سالىھ بەندىلىرىنى ساقلىغان مۇشۇ پىتنىدىن سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلىگىن! ـ دېيىلگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ناماز ئوقۇدى. كۆپ ئۆتمەي، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە ئۆيدىن جىنازىسى چىقتى (يەنى پىتنىدىن قۇتۇلۇپ قالدى)[②].

(«ئەلكەبىر»)

8917 ـ مصعب بن عبد الله الزبيرى: توفى عامر بن ربيعة البدرى سـنة اثـنين وثلاثين. الكبير.

---

[①] ھەيسەمى (15646): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇسئەب ئىبنى مۇسئەب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (15651): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8916 ـ مۇسئەب ئىبنى ئابدۇللاھ زۇبەيرى مۇنداق دېگەن: ئامىر ئىبنى رەبىئە ئەلبەدرى ھىجرەتنىڭ 32 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن[1].
(«ئەلكەبىر»)

8918 ـ عن سعد بن أبي وقاص أن عبدالله بن جحش قال له يوم أحد ألا تدعو الله فخلوا في ناحية فدعا سعد فقال يا رب إذا لقيت العدو فلقني رجلا شديدا بأسه شديدا حرده أقاتله ويقاتلني ثم ارزقني الظفر عليه حتى أقتله وآخذ سلبه فأمن عبدالله بن جحش ثم قال اللهم ارزقني رجلا شديدا حرده شديدا بأسه أقاتله فيك ويقاتلني ثم يأخذني فيجدع أنفي وأذني فإذا لقيتك غدا قلت من جدع أنفك وأذنك فأقول فيك وفي رسولك فتقول صدقت قال سعد يا بني كانت دعوة عبدالله بن جحش خيرا من دعوتي لقد رأيته آخر النهار وإن أنفه وأذنه لمعلقان في خيط.

8918 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇھۇد كۈنى، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـ الله تائالاغا دۇئا قىلغان بولساق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بىر چەتكە ئۆتۈپ، دۇئا قىلىشقا باشلىدى. سەئد:

ـ ئى رەببىم! بۈگۈن مېنى كۈچلۈك دۈشمەندىن بىرىگە ئۇچراشتۇرغىن. ئۇ ئىككىمىز يەكمۇ يەك ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرەي ۋە قول ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىنى ئولجا ئالاي، ـ دەپ دۇئا قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ:

ـ ئامىن! ـ دېدى. ئاندىن ئابدۇللاھ دۇئا قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئى الله! بۈگۈن ماڭىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك دۈشمەندىن بىرنى ئۇچراشتۇرغىن، سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشاي. ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈپ، قۇلاق ـ بۇرنۇمنى كەسسۇن. ئەتە سېنىڭ ھوزۇرۇڭغا بارغىنىمدا: "بۇرنۇڭ بىلەن قۇلىقىڭنى كىم كېسىۋەتتى؟" دەپ سورىساڭ، مەن: "مېنىڭ بۇرنۇم ۋە قۇلىقىم سېنىڭ ۋە

[1] ھەيسەمى (15650): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

پەيغەمبىرىڭنىڭ يولىدا كېسىۋېتىلدى“ دەپ جاۋاب بېرەي. شۇ چاغدا: ”راست ئېيتتىڭ“ دېگەيسەن.

سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ دۇئاسى مېنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. مەن شۇ كۈنى كەچتە، ئۇنىڭ بۇرنى ۋە قۇلىقىنىڭ بىر يىپقا ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى كۆردۇم[1].

(«ئەلكەبىر»)

8919 ـ عن صُهَيْبٍ قال: صَحِبْتُ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ قبل أَنْ يُوحَى إليه.

8919 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيى نازىل بولۇشتىن بۇرۇنلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرەتتىم[2].

(«ئەلكەبىر»)

8920 ـ عن صُهَيْبٍ قال لم يَشْهَدْ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ مَشْهَدًا قَط إلا كنت حَاضِرَهُ ولم يُبَايِعْ بَيْعَةً قَط إلا كنت حَاضِرَهُ ولم يُسِر سَرِيةً قَط إلا كنت حَاضِرَهَا وَلا غَزَا غَزْوَةً قَط أولَ الزمَانِ وَآخِرَهُ إلا كنت فيها عن يَمِينِهِ أو شِمَالِهِ وما خَافُوا أَمَامَهُمْ قَط إلا كنت أَمَامَهُمْ وَلا ما وَرَاءَهُمْ إلا كنت وَرَاءَهُمْ وما جَعَلْتُ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وَسَلمْ بَيْنِي وَبَيْنَ الْعَدُو قَط.

8920 ـ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار ھەرقانداق سورۇنغا ھازىر بولاتتىم، ھەر قانداق بىر بەردە بەيئەت ئالسا، ئۇ بەيئەتكە قاتنىشاتتىم، ھەر قانداق بىر جايغا ئەسكەر يوللىسا، مەنمۇ ئىشتىراك قىلاتتىم، ھەر قانداق بىر غازاتقا چىقسا، مەنمۇ قاتنىشاتتىم ۋە ئۇنىڭ ئوڭ ياكى سول

[1] ھەيسەمى (15652): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15671): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

تەرىپىدىن ئورۇن ئالاتتىم. باشقىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ئەنسىرىسە، ئالدى تەرىپىنى؛ ئارقا تەرىپىدىن ئەنسىرىسە، ئارقا تەرىپىنى قوغداپ ماڭاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مېنىڭ ئارامغا ھېچبىر دۈشمەننىڭ سوقۇنۇپ كىرىشىگە يول قويمايتتىم[①].

(«ئەلكەبىر»: 7309)

[①] ھەيسەمى (15674): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى زەبالە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەمر ئىبنى جەمۇھ ھارىسە ئىبنى نۇئمان، بەشىر ئىبنى بەرا ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8921 ـ عن عبد اللهِ بن عمر: أنّ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم كان إذا مَاتَ مَيتٌ قال قَدمُوهُ على فَرَطِنَا نِعْمَ الْفَرَطُ لأُمتي عُثْمَانُ بن مَظْعُونَ.

8921 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىرسى ۋاپات بولسا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇنى بىزدىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانلارنىڭ يېنىغا يوللاڭلار. بىزدىن بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانلار ئىچىدە ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ئۈممىتىم ئۈچۈن نېمىدېگەن ياخشى كىشى ئىدى ـ ھە؟!» دەيتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 13160)

8922 ـ عَنِ الأَسْوَدِ بن سَرِيعٍ قال لَما مَاتَ عُثْمَانُ بن مَظْعُونٍ أَشْفَقَ الْمُسْلِمُونَ عليه فلما مَاتَ إِبْرَاهِيمُ بن رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قال أُلْحِقَ بِسَلَفِنَا الصالِحِ عُثْمَانَ بن مَظْعُونٍ.

8922 ـ ئەسۋەد ئىبنى سەرىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكەندە، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېچىندى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوغلى ئىبراھىم ئۆلۈپ كەتكەندە:

[1] ھەيسەمى (15656): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدى زەئىپ، يەنە بىر سەنەدىدىمۇ مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

«ئى ئوغلۇم! سالىھ كىشىلىرىمىزدىن ئوسمان ئىبنى مەزئۇنغا قوشۇلغىن!» دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 837)

8923 ـ عَنِ ابن عَبَّاسٍ: ما مَاتَتْ رُ[illegible]

الْحَقِي بِسَلَفِنَا عُثْمَانَ بن مَظْعُونٍ.

8923 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى رۇقىيە ئۆلۈپ كەتكەندە:

«بىزدىن بۇرۇن سەپەر قىلغان ئوسمان ئىبنى مەزئۇنغا يېتىشىۋالغىن!» دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 8317)

8924 ـ عن عبد اللهِ بن الصامِتِ عن مُعَاذِ بن جَبَلٍ أَنَّهُ كان مَرِيضًا فَبَصَقَ عن يَمِينِهِ أو أَرَادَ أَنْ يَبْصُقَ عن يَمِينِهِ فقال ما بَصَقْتُ عن يَمِينِي مُنْذُ أَسْلَمْتُ.

8924 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سامىتتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا تۈكۈردى (ياكى ئوڭ تەرىپىگە تۈكۈرمەكچى بولدى)، ئاندىن:

ـ مەن مۇسۇلمان بولغاندىن بېرى ئوڭ تەرىپىمگە قاراپ تۈكۈرۈپ باقمىدىم، ـ دېدى[3].

(«ئەلكەبىر»: 163/20)

8925 ـ مَالِكَ بن أَنسٍ يقول مَاتَ مُعَاذُ بن جَبَلٍ وهو بن ثَمَانٍ وَعِشْرِينَ سَنَةً وَقَائِلٌ يقول اثْنَتَيْنِ وَثَلاثِينَ وقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم مُعَاذُ بن جَبَلٍ أَمَامَ الْعُلَمَاءِ بِرَتْوَةٍ يوم الْقِيَامَةِ.

---

[1] ھەيسەمى (15655): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15654): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (15708): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8925 ـ مالىك ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مۇئاز ئىبنى جەبەل 28 يېشىدا ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېگەن. يەنە بەزىلەر: 32 يېشىدا ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇئاز قىيامەت كۈنى ئۆلىمالاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن[①].

(«ئەلكەبىر»: 29/20)

8926 ـ جابر رفعه: من سيدكم يا بنى سلمة؟ قالوا: الجد بن قيس على إنا نبخله قال: بل سيدكم الجعد الأبيض عمرو بن الجموح. قال: وكان عمرو بن الجموح يولم على النبى صلى الله عليه وسلم إذا تزوج. البزار: 2705.

8926 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى سەلەمە جەمەتى! سىلەرنىڭ ئاقساقىلىڭلار كىم؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇلار:

— جەد ئىبنى قەيس، لېكىن بىز ئۇنى بېخىل دەپ قارايمىز، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ (ئۇنداق ئەمەس، بەلكى) سىلەرنىڭ ئاقساقىلىڭلار ئاق تەنلىك، بۇدۇر چاچلىق ئەمر ئىبنى جەمۇھتۇر، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيلەنسە، ئۇنىڭ توي زىياپىتىنى ئەمر ئىبنى جەمۇھ قىلىپ بېرەتتى[②].

(«ئەلكەبىر»: 2705)

8927 ـ و له عن كعب بن مالك بنحوه فيه: و أي دواء أدوأ من البخل؟ بل سيدكم عمرو بن الجموح.

[①] ھەيسەمى (15712): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى مۇنقەتىئتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (15743): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ھۇمەيد ئىبنى رەبىئدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ھۇمەيدنى بەزىلەر ئىشەنچلىك دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ھەدىسى زەئىپ دەپ قارىغان، ـ دېگەن.

8927 ــ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىخىللىقتىنمۇ ئېغىر كېسەل بارمۇ؟ سىلەرنىڭ ئاقساقىلىڭلار ئەمر ئىبنى جەمۇھتۇر» دېگەن[①].
(«ئەلكەبىر»)

8928 ـ عَنْ عَائِشَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلْتُ الْجَنةَ فَسَمِعْتُ فِيهَا قِرَاءَةً قُلْتُ مَنْ هَذَا قَالُوا حَارِثَةُ بْنُ النعْمَانِ كَذَاكُمْ الْبِر كَذَاكُمْ الْبِر.

8928 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«جەننەتكە كىرگىنىمدە، بىرىنىڭ قىرائەت ئاۋازىنى ئاڭلىدىم ـ دە: "بۇ كىم؟" دەپ سورىغانىدىم: "بۇ ھارىسە ئىبنى نۇئمان " دەپ جاۋاب بېرىلدى. سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ»[②].
(ئەھمەد: 23560)

8929 ـ عَنْ حَارِثَةَ بْنِ النعْمَانِ قَالَ مَرَرْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَمَعَهُ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلَام جَالِسٌ فِي الْمَقَاعِدِ فَسَلمْتُ عَلَيْهِ ثُم أَجَزْتُ فَلَما رَجَعْتُ وَانْصَرَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ هَلْ رَأَيْتَ الذِي كَانَ مَعِي قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَإِنهُ جِبْرِيلُ وَقَدْ رَد عَلَيْكَ السلَامَ.

8929 ـ ھارىسە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغانىكەن، ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم. قايتىپ كەلسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوپۇپ كەتكەنىكەن. كېيىن، يېنىمغا كېلىپ:
ـ بايا يېنىمدا ئولتۇرغان كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:
ـ ھەئە، ـ دېگەنىدىم:

① ھەيسەمى (15744): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ ئۇستازىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (15736): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

— ئۇ جىبرىئىل ئىدى، سېنىڭ سالىمىڭنى ئىلىك ئالدى، - دېدى[1].

(ئەھمەد: 23165)

8930 - عن كَعْبِ بن مَالِكٍ أَنّ النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال من سَيدُكُمْ يا بني سَلِمَةَ قالوا الْجَد بن قَيْسٍ على أنا نَزُنُهُ بِبُخْلٍ فقال وَأَي دَاءٍ أَدْوَأُ مِنَ الْبُخْلِ قالوا فَمَنْ سَيدُنَا يا رَسُولَ اللهِ قال بِشْرُ بن الْبَرَاءِ بن مَعْرُورٍ.

8930 - كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى سەلەمە جەمەتى! سىلەرنىڭ ئاقساقىلىڭلار كىم؟ - دەپ سورىدى، ئۇلار:

— جەد ئىبنى قەيس. بىراق بىز ئۇنى بېخىل دەپ بىلىمىز، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بېخىللىقتىنمۇ ئېغىر كېسەللىك بارمۇ؟ - دېدى. ئۇلار:

— ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئاقساقىلىمىز كىم بولىدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— بىشر ئىبنى بەرا ئىبنى مەئرۇر بولسۇن، - دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 163)

8931 - عن سَالِمٍ عن أبيه قال قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم رَحِمَ اللهُ أَخِي عبد اللهِ بن رَوَاحَةَ كان أَيْنَمَا أَدْرَكَتْهُ الصلاةُ أَنَاخَ.

8931 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (15737): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بىلەن تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15748): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ ئۇستازىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

«الله تائالا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەگە رەھمەت قىلسۇن. چۈنكى ئۇ مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، ناماز ۋاقتى كىرسىلا، تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، نامازنى شۇ يەردە ئوقۇيتتى»[1].

(«ئەلكەبىر»: 13241)

[1] ھەيسەمى (15750): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

## ئەبۇ يەسەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي، قەتادە ئىبنى نۇئمان، ئۇبادە ئىبنى سامىت، خۇزەيمە ئىبنى سابىت ۋە ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8932َ ـ عَنْ أَبِي الْيَسَرِ كَعْبِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ وَاللهِ إنا لَمَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِخَيْبَرَ عَشِيةً إِذْ أَقْبَلَتْ غَنَمٌ لِرَجُلٍ مِنْ يَهُودَ تُرِيدُ حِصْنَهُمْ وَنَحْنُ مُحَاصِرُوهُمْ إِذْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ رَجُلٌ يُطْعِمُنَا مِنْ هَذِهِ الْغَنَمِ قَالَ أَبو الْيَسَرِ فَقُلْتُ أَنا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ فَافْعَلْ قَالَ فَخَرَجْتُ أَشْتَد مِثْلَ الظلِيمِ فَلَما نَظَرَ إِلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مُوَلِّيًا قَالَ اللهُم أَمْتِعْنَا بِهِ قَالَ فَأَدْرَكْتُ الْغَنَمَ وَقَدْ دَخَلَتْ أَوَائِلُهَا الْحِصْنَ فَأَخَذْتُ شَاتَيْنِ مِنْ أُخْرَاهَا فَاحْتَضَنْتُهُمَا تَحْتَ يَدَي ثُم أَقْبَلْتُ بِهِمَا أَشْتَد كَأَنهُ لَيْسَ مَعِي شَيْءٌ حَتى أَلْقَيْتُهُمَا عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَبَحُوهُمَا فَأَكَلُوهُمَا.

8932 ـ ئەبۇ يەسەر كەئب ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، خەيبەردە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ئىدىم. بىر كۈنى گۇگۇم ۋاقتىدا، بىر يەھۇدىينىڭ بىر توپ قويىنىڭ قەلئە ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۇق، ھالبۇكى، بىز قەلئەنى قورشىۋالغانىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىردىنلا:

— كىم بىزگە بۇ قويلاردىن يېگۈزىدۇ؟ ـ دېدى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن يېگۈزەي، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەمىسە شۇنداق قىلغىن! ـ دېدى. مەن چاقماق تېزلىكىدە قويلارغا قاراپ ئېتىلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقامدىن:

ـ ئى ﷲ! ئۇنى بىزگە بەخشەندە قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى. قوي پادىسىغا يېتىشىپ بارغىنىمدا، پادىنىڭ ئالدى قورغاننىڭ ئىچىگە

كىرىپ بولغانىكەن، ئارقىدا كېتىۋاتقان قويدىن ئىككىنى تۇتۇپ، قوللىرىم بىلەن بېقىنىمغا قىستۇردۇم. ئاندىن خۇددى ھېچنېمە يوقتەك، ناھايىتى تېزلىك بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدىم. مۇسۇلمانلار قويلارنى بوغۇزلاپ، پىشۇرۇپ يېدى[1].

(ئەھمەد: 15099)

8933 ـ 13ا بن بُكَيْرٍ قال تُوُفِيَ أبو الْيَسَرِ كَعْبُ بن عَمْرٍو سَنَةَ خَمْسٍ وَخَمْسِينَ بِالْمَدِينَةِ وَيُقَالُ إنه آخِرُ من مَاتَ من أَهْلِ بَدْرٍ.

8933 ـ يەھيا ئىبنى بۇكەير مۇنداق دېگەن: ئەبۇ يەسەر كەئب ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيىنىڭ 55 ـ يىلى مەدىنىدە ئۆلۈپ كەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ بەدر غازىتىغا قاتناشقانلاردىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلگەن كىشى ئىكەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 164)

8934 ـ أسامة: لما رجع النبى صلى الله عليه وسلم من بنى المصطلق, قام ابن عبد الله أبى فسل غلى أبيه السيف. و قال: الله على أن لا أغمده حتى تقول محمد الأعز, و انا الأذل. قال: ويلك محمد الأعز, و أنا الأذل. فبلغت النبى صلى الله عليه وسلم فأعجبه وشكرها له. الكبير.

8934 ـ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى مۇستەلەقتىن قايتىپ كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي دادىسىغا قىلىچىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

[1] ھەيسەمى (15753): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد بەنى سەلەمە جەمەتىلىك بەزى كىشىلەردىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئەبۇ يەسەر ئەڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان ساھابىلاردىن ئىدى، ئۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندە، يىغلاپ تۇرۇپ: ''مەندىن كۆپرەك پايدىلىنىۋېلىڭلار، چۈنكى مەن ساھابىلەر ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قالدىم‘‘ دەيتتى، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15754): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن: "مۇھەممەد ئەزىز، مەن خار" دېمىگۈچە، قىلىچنى قىنىغا سالمايمەن، ـ دېگەنىدى، دادىسى:

ـ ۋاي ساڭا! ئەلۋەتتە، مۇھەممەد ئەزىز، مەن خار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ بەكمۇ خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنىڭغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.①

(«ئەلكەبىر»)

8935 ـ عبد الله بن عبد الله بن ابى: انه استاذن النبى صلى الله عليه وسلم ان يقتل أباه. فقال: لاتقتل أباك. الكبير.

8935 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن (مۇناپىق) دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئىجازەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـ داداڭنى ئۆلتۈرمىگىن! ـ دېدى②.

(«ئەلكەبىر»)

8936 ـ عن قَتَادَة بن النعْمَانِ: هَاجَتْ السمَاءُ مِنْ تِلْكَ اللْيْلَةِ فَلَما خَرَجَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ لِصَلَاةِ الْعِشَاءِ الْآخِرَةِ بَرَقَتْ بَرْقَةٌ فَرَأى قَتَادَةَ بَنَ النعْمَانِ فَقَالَ مَا السرَى يَا قَتَادَةُ قَالَ عَلِمْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أن شَاهِدَ الصلَاةِ قَلِيلٌ فَأَحْبَبتُ أنْ أشْهَدَهَا قَالَ فَإذَا صَليتَ فَاثْبتْ حَتى أمُر بِكَ فَلَما انصَرَفَ أعْطَاه الْعُرْجُونَ وَقَالَ خُذْ هَذَا فَسَيُضِيءُ أمَامَكَ عَشْرًا وَخَلْفَكَ عَشْرًا فَإذَا دَخَلْتَ الْبيت وَتَرَاءَيت سَوَادًا فِي زَاوِيَةِ الْبيتِ فَاضْرِبْهُ قَبلَ أنْ يَتكَلمَ فَإنهُ شَيطَانٌ قَالَ فَفَعَلَ.

① ھەيسەمى (15759): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى زەبالە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (15760): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي زاماندىش ئەمەس، ـ دېگەن.

8936ـ قەتادە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھاۋا گۈلدۈرماملىق بىر كېچىسى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خۇپتەن نامىزى ئوقۇماقچى بولۇپ يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ:

ـ نەگە ماڭدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! جامائەتنىڭ ئازلىقىنى ئۇقۇپ، ساڭا ھەمراھ بولغىلى ماڭدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ نامازدىن كېيىن، مېنى ساقلاپ تۇرغىن! ــ دېدى. نامازدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا بىر تال خورما شېخى تۇتقۇزدى ـ دە:

ــ بۇنى يوقىتىپ قويمىغىن، چۈنكى بۇ ئالدىڭدىن ئون قەدەم، ئارقاڭدىن ئون قەدەم يورۇتۇپ تۇرىدۇ. ئۆيگە بارغىنىڭدا، بىر بۇلۇڭدا قارا كۆلەڭگىنى كۆرىسەن، ئۇ گەپ قىلىشتىن بۇرۇن بۇ شاخ بىلەن ئۇرغىن، چۈنكى ئۇ شەيتان، ـ دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى[①].

(ئەھمەد: 11230)

8937 ـ عبادة بن الصامت: أن النبى صلى الله عليه وسلم قال له: يا أبا الوليـد وهو بدرى عقبى أحدى شجري نقيت. الكبير.

8937 ــ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا : «ئەبۇ ۋەلىد» دېگەن ئىسىم بىلەن خىتاب قىلاتتى. ئۇ بەدر غازىتىغا، ئۇھۇد غازىتىغا، ئەقەبە بەيئىتىگە ۋە دەرەخ ئاستىدىكى رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقان[②].

(«ئەلكەبىر»)

[①] ھەيسەمى (15767): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. بۇنى يەنە بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (15775): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

8938 ـ ƗƷ بن بكير: مات عبادة بن الصامت بالرملة من فلسطين سنة أربع و ثلاثين وهو ابن اثنين و سبعين. الكبير.

8938 ـ يەھيا ئىبنى بۇكەير مۇنداق دېگەن: ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرى 32 ـ يىلى، فەلەستىننىڭ راماللا دېگەن يېرىدە ۋاپات بولدى، ئۇ چاغدا 72 ياشتا ئىدى[①].

(«ئەلكەبىر»)

8939 ـ عَنْ عُمَارَةْ بن خُزَيْمَةَ عَنْ عَمِهِ وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن خُزَيْمَةَ بْنَ ثَابِتٍ رَأى فِي النوْمِ أَنُهَ يَسْجُدُ عَلَى جَبْهَةِ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَاءَ رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ فَاضْطَجَعَ لَهُ رَسُولُ اللـهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَجَدَ عَلَى جَبْهَتِهِ.

8939 ـ ئۇمارە ئىبنى خۇزەيمەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ تاغىسى خۇزەيمە ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بولۇپ، بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىگە سەجدە قىلىپ چۈش كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە، بۇ چۈشنى ئېيتىپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭدىسىغا يېتىپ بەردى، ئۇ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پېشانىسىگە سەجدە قىلدى[②].

(ئەھمەد: 21378)

8940 ـ عن أبي أيوبَ الأَنصَارِي قال كان النبي صلى اللهُ عليه وسلم يَطُوفُ بين الصفَا وَالْمَرْوَةِ فَسَقَطَتْ على لِحْيَتِهِ رِيشَةٌ فَابْتَدَرَ إليه أبو أيوبَ فَأَخَذَهَا من لِحْيَتِهِ فقال له النبي صلى اللهُ عليه وسلم نَزَعَ اللهُ عَنْكَ ما تَكْرُهُ.

---

① ھەيسەمى (15779): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (15781): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ئۇستازى ئامىر ئىبنى سالىھ زۇبەيرىدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8940 ـ ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلىۋاتقىنىدا، بىر تال پەي ئۇنىڭ ساقىلىغا چاپلىشىپ قالغانىدى، مەن دەرھال بېرىپ، ئۇنى ئېلىۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللهمۇ سەندىن سەن ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋەتسۇن!» دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 4048)

8941 ـ عَنِ ابن عَباسٍ رضي اللهُ عنهما أن أَبا أيوبَ بن زَيْدٍ الأَنصَارِي الـذي كان رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم نَزَلَ عليه حين هَاجَرَ إلى الْمَدِينَةِ غَزَا أَرْضَ الـرومِ فَمَر على مُعَاوِيَةَ رضي اللهُ عنه فَجَفَاهُ فَانْطَلَقَ ثُم رَجَعَ من غَزْوَتِهِ فَمَر عليه فَجَفَـاهُ وB يَرْفَعْ بِهِ رَأْسًا فقال إن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أُنبأَنِي أنا سَنَرَى بَعْدَهُ أَثَرَةً فقـال مُعَاوِيَةُ فَبِمَ أَمَرَكُمْ قال أَمَرَنَا أَنْ نَصْبِرَ قال فَاصْبِرُوا إِذَنْ فَأَتى عبد اللهِ بن عَباسٍ بِالْبَصْـرَةِ وقد أَمَرَهُ عَلِي رضي اللهُ عنهما عليها فقال يا أَبا أيوبَ أُرِيدُ أَنْ أَخْرُجَ لك عن مَسْـكَنِي كما خَرَجْتُ لِرَسُولِ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَأَمَرَ أَهْلَهُ فَخَرَجُوا وَأَعْطَاهُ كُل شَيْءٍ أَغْلَقَ عليه الدارَ فلما كان انْطِلاقُهُ قال حَاجَتَكَ قال حَاجَتِي عَطَائِي وَثَمَانِيَةُ أَعْبُدٍ يَعْمَلُـونَ في أَرْضِي وكان عَطَاؤُهُ أَرْبَعَةَ آلافٍ فَأَضْعَفَهَا له خَمْسَ مَراتٍ فَأَعْطَاهُ عِشْرِينَ أَلْفًا وَأَرْبَعِـينَ عَبْدًا.

8941 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىملىقلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئاندىن مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا بارغانىدى، مۇئاۋىيە ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلمىدى. ئەبۇ ئەييۇب كېتىپ، غازاتتىن قايتقاندا، يەنە مۇئاۋىيەنىڭ يېنىغا بارغانىدى، مۇئاۋىيە يەنە

---

[①] ھەيسەمى (15787): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نائىل ئىبنى نۇجەيھ ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ئەمما ھەبىب ئىبنى ئەبۇ سابىت دېگەن كىشى ئەبۇ ئەييۇبتىن ھەدىس ئاڭلاپ باقمىغان، ـ دېگەن.

ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلمىدى، ھەتتا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ ئەييۇب:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ مۇشۇنداق ئەزىيەت تارتىدىغانلىقىمىزنى ئالدىن بىلدۈرگەنىدى، - دېدى. مۇئاۋىيە:

— شۇ كۈن كەلگەندە، نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرىغانىدى؟ - دەپ سورىدى. ئەبۇ ئەييۇب:

- سەۋر قىلىشقا بۇيرىدى، - دېگەنىدى، مۇئاۋىيە:

- ئۇنداقتا، سەۋر قىلىڭلار! — دېدى. ئەبۇ ئەييۇب باسراغا قايتىپ، ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىغا كىردى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبنى ئابباسنى باسراغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئىبنى ئابباس:

— ئى ئەبۇ ئەييۇب! خۇددى سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆيۈڭنى بىكارلاپ بەرگەندەك، مەنمۇ ساڭا ئۆيۈمنى بىكارلاپ بېرىمەن، - دېدى ۋە ئائىلىسىگە ئەمر قىلدى، ئۇلار دەرھال ئۆينى بىكارلاپ بەردى. ئىبنى ئابباس ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئالدىدا:

- باشقا ئېھتىياجىڭ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئەبۇ ئەييۇب:

— مائاشىم ۋە ئېكىنزارلىقىمدا ئىشلەيدىغان سەككىز نەپەر قۇلنىمۇ تەلەپ قىلىمەن، - دېدى. ئۇنىڭ مائاشى تۆت مىڭ دەرھەم ئىدى، ئىبنى ئاببas بەش ھەسسە كۆپەيتىپ، ئۇنىڭغا 20000 دەرھەم مائاش بىلەن 40 نەپەر قۇل بەردى[①].

(«ئەلكەبىر»: 387)

[①] ھەيسەمى (15789): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، - دېگەن.

## ئەبۇ دەھداھ زەيد ئىبنى سابىت، رافىئ ئىبنى خەدىج، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ، ئەبۇ دەردائ، زاھىر ئىبنى ھەرام ۋە ئابدۇللاھ زۇلبىجادەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8942 ـ عبد الله بن أبزى: أن النبى صلى الله عليه وسلم بعث إلى أبى الدحـداح يستقرضه. فلما جاءه الرسول قال النبى صلى الله عليه وسلم بعثك إلي يستقرضنى؟ قـال: نعم. قال: إنى أشهد الله أن مالى فى موضع كذا و كذا فى سبيل الله. فقال: صلى الله عليه وسلم: كم من عذق لأبى الدحداح فى الجنة. الكبير.

8942 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ دەھداھتىن قەرز سوراپ، بىرىنى ئەۋەتتى. ئەلچى يېنىغا يېتىپ بارغاندا:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن قەرز سوراپ سېنى ئەۋەتتىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەلچى:

ــ شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، ئەبۇ دەھداھ:

ــ الله تائالانى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن پالانى ۋە پوكۇنى يەرلەردىكى ماللىرىمنى الله يولىغا ئاتىۋەتتىم، ـ دېدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ جەننەتتە ئەبۇ دەھداھ ئۈچۈن تەييارلانغان سانجاق ـ سانجاق خورما بار، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

---

[1] ھەيسەمى (15793): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى سەلەمە ئىبنى كۇھەي ئىسىملىك بىرى بار. كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

8943 ـ عن زَيْدٍ قال أَجَازَنِي رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يَوم الْخَنْدَقِ وَكَسَانِي قُبْطِيَةً.

8943 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەندەك كۈنى مېنى مۇكاپاتلاپ، ماڭا قۇبتى (دەپ ئاتىلىدىغان بىرى خىل كىيىم) كىيگۈزدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 4743)

8944 ـ قال أبو هُرَيْرَةَ حين مَاتَ زَيْدُ بن ثَابِتٍ الْيَوْمَ مَاتَ حَبْرُ هذه الأُمةِ وَعَسَى اللهُ أَنْ يَجْعَلَ في بن عَباسٍ منه خَلْفًا.

8944 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغان كۈنى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ:

ـ بۈگۈن بۇ ئۈممەتنىڭ ئالىمى ئۆلۈپ كەتتى. الله ئىبنى ئابباس بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگەي! ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 4750)

8945 ـ عن امْرَأَة رَافِعٍ: أن رَافِعًا رُمِيَ مع رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يَوم أُحُدٍ أو يوم خَيْبَرَ شَك عَمْرٌو بِسَهْمٍ في ثُنْدُوَتِهِ فَأَتَى النبي صلى اللهُ عليه وسلم فقال يَا رَسُولَ اللهِ انْزِعِ السهْمَ قال يا رَافِعُ إن شِئْتَ نَزَعْتُ السهْمَ وَالْقُطْبَةَ جميعًا وَإِنْ شِئْتَ نَزَعْتُ السهْمَ وَتَرَكْتُ الْقُطْبَةَ وَشَهِدْتُ لك يوم الْقِيَامَةِ إنك شَهِيدٌ قال فَنَزَعَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم السهْمَ وَتَرَكَ الْقُطْبَةَ فَعَاشَ بها حتى كان في خِلافَةِ مُعَاوِيَةَ رضي اللهُ عنه فَانْتَقَضَ بِهِ الْجُرْحُ فَمَاتَ بَعْدَ الْعَصْرِ فَأَتَى بن عُمَرَ فَقِيلَ يا أَبَا عبد الرحمن مَاتَ رَافِعُ

---

[1] ھەيسەمى (15848): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى قەيس ئىبنى سەئد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15852): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما يەھيا ئىبنى سەئىد ئەنسارى دېگەن كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بىۋاسىتە ھەدىس ئاڭلاپ باقمىغان، ـ دېگەن.

بن خَدِيجٍ فَتَرحمَ عليه قال إن مِثْلَ رَافِعٍ لا يُخْرَجُ بِهِ حتى يُؤْذَنَ من حَوْلَ الْمَدِينَـةِ مِـنَ الْقُرَى فلما خَرَجْنَا بِجَنَازَتِهِ فَصُلِّيَ عليه جاء بن عُمَرَ حتى جَلَسَ على رَأْسِ الْقَبْرِ.

8945 ـ رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رافىئ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن خەيبەر ياكى ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشتى. شۇ ئۇرۇشتا ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئوقيا تەگكەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئوقنى ئېلىۋەتكەن بولساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ خالىساڭ، ئوقنى ئۇچى بىلەن قېتىپ ئېلىۋېتەي. خالىساڭ، ئوقنى ئېلىۋېتەي، ئۇچى قالسۇن. قىيامەت كۈنى ئوقنىڭ ئۇچى سېنىڭ شېھىد ئىكەنلىكىڭگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقنى ئېلىۋېتىپ، ئۇچىنى قويۇپ قويدى. رافىئ تاكى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگىچە شۇ پېتى ياشىدى. ئاخىرى جاراھەتنىڭ ئورنى سېسىپ، (بىر كۈنى) ئەسىر نامىزىدىن كېيىن جان ئۈزدى. ئىبنى ئۆمەرگە ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى خەۋەر قىلىنغانىدى، ئۇ اللهتىن رافىئقا رەھمەت تىلىگەندىن كېيىن:

ـ رافىئقا ئوخشاش بىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى مەدىنىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە جاكارلانمىغۇچە، جەسىدىنى يەرلىككە قويۇشقا بولمايدۇ، ـ دېدى. رافىئنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، يەرلىككە قويۇلدى. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قەبرە بېشىدا قاراپ تۇردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 4242)

8946 ـ عن سَلَمَةَ بن الأكوع قال أَرْدَفَنِيَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم مِرَارًا وَمَسَحَ بِرَأْسِي وَاسْتَغْفَرَ لي وَلِذُرِيتي عَدَدَ ما بِيَدِي مِنَ الأَصَابِعِ.

---

[1] ھەيسەمى (15856): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى رافىئنىڭ ئايالى ساھابە بولسا، ھېچقانداق مەسىلە يوق. ئەگەر ساھابە بولمىسا، كىملىكى نامەلۇم بولغان بولىدۇ. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8946 ـ سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بىر قانچە قېتىم كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋالدى ۋە بىر نەچچە قېتىم بېشىمنى سىلىدى. ماڭا ۋە باللىرىمغا ئون قېتىمدەك مەغپىرەت تىلىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 6267)

8947 ـ عن أبي الدرْدَاءِ رضي اللهُ عنه عَنِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال قلت يا رَسُولَ اللهُ زَعَمُوا أنكَ قُلْتَ سَيَكْفُرُ قَوْمٌ بَعْدَ إِيمَانِهِمْ قال أَجَلْ وَلَسْتَ منهم.

8947 ـ ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ: «ئۈممىتىمدىن بىر قەۋم ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كاپىر بولۇپ كېتىدۇ» دېگىنىڭنى ئاڭلىدىمغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ شۇنداق، لېكىن سەن ئۇلاردىن ئەمەس، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(«ئەلكەبىر»: 137)

8948 ـ عن سَالِم بن أبي الجعد عن رَجُلٍ من أَشْجَعَ يُقَالُ له زَاهِرُ بن حَرَامٍ الأَشْجَعِي قال وكان رَجُلا بَدَوِيا لا يَأْتِي النبي صلى اللهُ عليه وسلم إذا أَتَاهُ إلا بِطُرْفَةٍ أو هَدِيةٍ يُهْدِيَهَا فَرَآهُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بِالسوقِ يَبِيعُ سِلْعَةً وB يَكُنْ أَتَاهُ فَاحْتَضَنَهُ من وَرَائِهِ بِكَفَيْهِ فَالْتَفَتَ وَأَبْصَرَ رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَقَبلَ كَفَيْهِ فقال من يَشْتَرِي الْعَبْدَ قال إِذَنْ تَجِدُنِي يا رَسُولَ اللهِ كَاسِدًا قال وَلَكِنكَ عِنْدَ اللهِ رَبِيحٌ. فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم: "لكل حاضر بادية، وبادية آل Tمد زاهر بن حرام".

8948 ـ سالىم ئىبنى ئەبۇ جەئدىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەشجەئ قەبىلىسىدە زاھىر ئىبنى ھەررام ئىسىملىك بىر بەدەۋىي بار

---

[1] ھەيسەمى (15960): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەلى ئىبنى زەيد ئىبنى ئەبۇ ھەكىمەدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15975): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەشئەرىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

بولـۇپ، ئـۇ پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللـەمنىـڭ قېشـىغا ھەر كـەلگـىنـىدە، (شـەھەردە كەم تېپىلـىدىغان) بىـرەر نەرسـە يـاكى سـوۋغات ئالغاچ كېلەتتـى. بىـر كـۈنى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىـڭ مەدىـنە كوچىلىرىـدا بىـر نەرسـە سـېتىـۋاتقانلـىقىنى كـۆردى. خېلـىـدىن بېـرى مەدىــنىـگە كەلـمىگەنـىـدى. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسســالام ئارقـا تەرەپـتىـن ئايلىنىــپ بېرىــپ، زاھىــر ئىبنــى ھەرامنــى تـۇتتى. زاھىــر ئارقىسـىغا بۇرۇلـۇپ، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسـالامنى كـۆردى ـ دە، ھـاڭ ـ تـاڭ قالـدى. ئانــدىن پەيغەمــبەر ئەلەيھىســالامنىـڭ قولـىغـا سـۆيدى. پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالام (چاقچاق قىلىپ):

ــ ئى خالايـىق! بۇ قۇلنى كىـم سېتىـۋالـىدۇ؟ ـ دەپ ۋارقىـرىدى، ئۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى كـىممۇ ئالار؟ مەن بىـر ئېتىـبارسىـز ئىـنسان تۇرسام، ـ دېگەنـىدى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ياق، يـاق. سـەن اللهنىـڭ دەرگاھىــدا بەكمـۇ قىممەتلىكسـەن. ئەي خـالايـىق! بىلىـڭلاركـى، ھەر بىــر شــەھەرلىكنىـڭ بىــردىن يېزىلىــق دوســتى بولىــدۇ. شۈبھىســىزكى، مـۇھەممەد ئائىلىســىنىـڭ يېزىلىــق دوستى زاھىـر ئىـبنى ھەرامـدۇر، ـ دېدى[①].

(بەززار: 3734)

8949 ـ عَنْ عُقْبَةَ بنِ عَامِرٍ أن النبي صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ قَالَ لِرَجُلٍ يُقَالُ لَهُ ذُو الْبِجَادَيْنِ إِنهُ أَوَّاهٌ وَذَلِكَ أَنهُ كَانَ كَثِيرَ الذكْرِ لِلهِ عَز وَجَل فِي الْقُرْآن وَيَرْفَعُ صَوْتَهُ فِي الدعَاءِ.

8949 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: زۇلبىجادەين ئىسـىملىك بىـر كىشى قۇرئاننى كـۆپ ئوقـۇپ، اللهقا كۆپ زىكرى ـ تەسـبىھ ئېيتقانلىقى ۋە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتـۈرۈپ

(ئەھمەد: 17000)

① ھەيسەمى (15980): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

دۇئا قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ كۆپ تەۋبە قىلغۇچىدۇر» دېگەندى[1].

[1] ھەيسەمى (15981): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

## ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم، ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس، ۋائىل ئىبنى ھەجەر، ئەلا ئىبنى ھەزرەمى ۋە ئەبۇ زەيد ئەمر ئىبنى ئەختەب زىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8950 ـ عبد الواحد بن أبى عوف: أتى النبى صلى الله عليه وسلم كتاب رجل فقال لعبد الله بن الأرقم: أجب علي فكتب جوابه ثم قرأ عليه. فقال: أصبت و أحسنت. اللهم وفقه. فلما ولى عمر كان يشاوره. الكبير.

8950 ـ ئابدۇلۋاھىد ئىبنى ئەبۇ ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر مەكتۇپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەمگە:

ــ جاۋاب يازغىن! ــ دېدى. ئابدۇللاھ جاۋاب مەكتۇبى يېزىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇپ بەرگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ياخشى يېزىپسەن، ـ دەپ ماختىغاندىن كېيىن:

ـ ئى الله! ئۇنى توغرا يولغا مۇۋەپپەق قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپە بولغاندا، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالاتتى[1].

(«ئەلكەبىر»)

8951 ـ عن عُثْمَانَ بن أبي الْعَاصِ قال قَدِمْتُ في وَفْدِ ثَقِيفٍ حين وَفَدُوا على رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَلَبِسْنَا حُلَلَنَا بِبَابِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَقَالُوا من يُمْسِكُ لنا رَوَاحِلَنَا وَكُل الْقَوْمِ أَحَب الدخُولَ على النبي صلى اللهُ عليه وسلم وَكَرِهَ التخَلفَ عنه قال عُثْمَانُ وَكُنْتُ أَصْغَرَ الْقَوْمِ فقلت إن شِئْتُم أَمْسَكْتُ لَكُمْ على أن عَلَيْكُمْ

[1] ھەيسەمى (15989): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇئەززەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

عَهْدَ اللهِ لُتمْسِكُن لي إذا خَرَجْتُمْ قالوا فَذَلِكَ لك فدخلوا عليه ثُم خَرَجُوا فَقَالُوا انْطَلَقْ بنا قلت أَيْنَ فَقَالُوا إلى أَهْلِكَ فقلت ضَرَبْتُ من أَهْلِي حتى إذا حَلَلْتُ بِبَابِ النبي صلى اللـهُ عليه وسلم أَرْجِعُ وَلا أَدْخَلُ عليه وقد أَعْطَيْتُمُونِي مِنَ الْعَهْدِ ما قد عَلِمْتُمْ قالوا فاعجل فَإِنا قد كَفَيْنَاكَ الْمَسْأَلَةَ B نَدَعْ شيئا إلا سَأَلْنَاهُ عنه فَدَخَلْتُ فقلت يا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللـهَ أَنْ يُفَقِهَنِي في الدينِ وَيُعَلمَنِي قال مَاذَا قُلْتَ فَأَعَدْتُ عليه الْقَوْلَ فقال لقد سَأَلْتِنِي شـيئا مـا سَأَلَنِي عنه أَحَدٌ من أَصْحَابِكَ اذْهَبْ فأَنتَ أَمِيرٌ عليهم وَعَلَى من تَقْدُمُ عليه من قَوْمِكَ.

8951 ـ ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىمىزنى كىيدۇق. ھەمراھلىرىم:

ــ ھەممىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتسەك، ئۇلاغلىرىمىزنى كىم تۇتۇپ تۇرىدۇ؟ ـ دېيىشتى. يېشىم ھەممىدىن كىچىك بولغاچقا:

ــ مەن تۇتۇپ تۇراي، ئەمما سىلەر چىققاندىن كېيىن، مېنىڭ ئۇلىغىمنىمۇ تۇتۇپ تۇرىسىلەر، ـ دېدىم. ئۇلار ماقۇل بولۇشۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەي، قايتىپ چىقىپ:

ـ قېنى ماڭغىن! ـ دېيىشتى. مەن:

ـ نەگە؟ ـ دەپ سورىغانىدىم:

ـ ئۆيگە كېتىمىز، ـ دېدى. مەن:

ـ مەن تېخى ئەمدى كەلدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرمەي تۇرۇپ كېتەمدىمەن. سىلەر مېنىڭ ئۇلىغىمنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىدىڭلارغۇ؟ ـ دېدىم. ئۇلار:

ـ ئۇنداقتا، تېز كىرىپ چىققىن. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەممە نەرسىنى سوراپ چىقتۇق. قالغان ئىشلارنى بىزدىن

ئۆگىنىۋالساڭمۇ بولىدۇ، - دېيىشتى. دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ﷲ تائالانىڭ مېنى دىندا ئالىم قىلىشى ۋە ماڭا ئىلىم ئاتا قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلغان بولساڭ، - دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— نېمە دېدىڭ؟ - دەپ سورىدى. مەن سۆزۈمنى تەكرارلىغاندىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— سەن بايىقى ھەمراھلىرىڭنىڭ ھېچبىرى سورىمىغان بىر نەرسىنى سورىدىڭ. ماڭ بېرىپ، ئۆلارنىڭ ۋە ئۆلاردىن بۇرۇنقى ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئەمىرى بولغىن! - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 8356)

8952 - عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِي اللهُ عنه قال لَما بَعَثَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم الْعَلاءَ بن الْحَضْرَمِي إلى الْبَحْرَيْنِ تَبِعْتُه فَرَأَيْتُ منه ثَلاثَ خِصَالٍ لا أَدْرِي أَيَّتُهُن أَعْجَبُ انْتَهَيْنا إلى شَاطِئ الْبَحْرِ فَقَالُوا سَموا وَاقْتَحِمُوا فَسَمَّيْنَا وَاقْتَحَمْنَا فَعَبَرْنَا فما بَل الْمَاءُ إلا أَسَافِلَ أَخْفَافِ إِبِلِنَا فلما قَفَلْنَا صِرْنَا بَعْدُ بِفَلاةٍ مِنَ الأَرْضِ فَلَيْسَ مَعَنَا مَاءٌ فَشَكَوْنَا إليه فَصَلى رَكْعَتَيْنِ ثُم دَعَا فإذا سَحَابَةٌ مِثْلُ الترْسِ ثُم أَرْخَتْ عَزَالِيَهَا فَسَقَيْنَا وَاسْتَقَيْنَا وَمَاتَ بَعْدَ ما بَعَثَهُ أبو بَكْرٍ إلى الْبَحْرَيْنِ لَما ارْتَدتْ رَبِيعَةُ فَأَظْفَرَهُ اللهُ بِهِمْ وَأَعْطُوا ما مَنَعُوا مِنَ الزكَاةِ وَمَاتَ فَدَفَنَاهُ في الرمْلِ فلما سِرْنَا غير بَعِيدٍ قُلْنَا يَجِيءُ سَبُعٌ فَيَأْكُلُهُ فَرَجَعْنَا فلم نَرَهُ.

8952 — ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلا ئىبنى ھەزرەمىنى بەھرەينگە ئەۋەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈچ خىسلىتىنى كۆردۇم، ئەمما قايسىسىنىڭ بەكرەك ئەجەبلىنەرلىك ئىكەنلىكىگە قارار بېرەلمىدىم. دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، ئۇ:

---

[1] ھەيسەمى (15990): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ھەكىم ئىبنى ھەكىم ئىبنى ئەبىبادتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

ــ ”بىسمىللاھ“ دەپ سۇغا كىرىڭلار! ــ دېدى. بىز: ”بىسمىللاھ“ دەپ سۇغا كىرىپ قارشى تەرەپكە ئۆتتۇق، لېكىن تۆگىلىرىمىزنىڭ تۇياقلىرىمۇ ھۆل بولمىدى. دېڭىزدىن ئۆتۈپلا چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ قالدۇق. ھەممىمىز چاڭقاپ كەتكەنلىكىمىزدىن ئۇنىڭغا شىكايەت قىلىشۋىدۇق، بىزگە:

ــ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇڭلار! ــ دېدى. ناماز ئوقۇدۇق، ئاندىن ئۇ دۇئا قىلدى. كۆپ ئۆتمەي، قالقاندەك چوڭلۇقتىكى بىر پارچە بۇلۇت كېلىپ، يامغۇر ياغدى. ھەممىمىز سۇدىن قانغۇچە ئىچكەندىن سىرت، قاچىلىرىمىزنىمۇ لىق تولدۇرۇۋالدۇق.

كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى مۇرتەد بولۇپ كەتكەن رەبىئە قەبىلىسىگە ئەۋەتكەنىدى، اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلدى. رەبىئە قەبىلىسى بۇرۇن بەرمىگەن زاكاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى (تولۇق) بەردى.

ئەلا ئىبنى ھەزرەمى چۆلنىڭ ئوتتۇرىدا ۋاپات بولدى. ئۇنى قۇمغا دەپنە قىلىپ قويۇپ، يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. لېكىن ئۇزۇن ماڭمايلا: ”يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇنىڭ جەسىدىنى يەپ كېتىشى مۇمكىن“ دەپ ئويلىدۇق ۋە كەينىمىزگە قايتتۇق. قەبرىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىساق جەسىدى يوق تۇرىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 95)

8953 ـ أُبو زَيْدٍ عَمْرُو بْنُ أَخْطَبَ الْأَنْصَارِي قَالَ اسْتَسْقَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَاءً فَأَتَيْتُهُ بِقَدَحٍ فِيهِ مَاءٌ فَكَانَتْ فِيهِ شَعَرَةٌ فَأَخَذْتُهَا فَقَالَ اللهُم جَملْهُ قَالَ فَرَأَيْتُهُ وَهُوَ ابْنُ أَرْبَعٍ وَتِسْعِينَ لَيْسَ فِي لِحْيَتِهِ شَعَرَةٌ بَيْضَاءُ.

8953 ـ ئەبۇ زەيد ئەمر ئىبنى ئەختەب ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭغا بىر قاچا سۇ ئەكىلىپ بەردىم. قاچىدا بىر تال تۈك

[1] ھەيسەمى (16007): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىبراھىم ئىبنى مەئمەر ھىراۋىنى تونۇمايمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

تــۇراتتى، ئــۇنى دەرھـــال ئېلىـــۋەتتىم. شـــۇنىڭ بىـــلەن، پەيغەمـــبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئاللاھ! ئۇنى گۈزەل قىلغىن، - دېدى. مەن ئۇنى 94 يېشىدا كۆردۈم، ساقىلىدا بىر تالمۇ ئاق تۈك يوق ئىدى[1].

(ئەھمەد: 22374)

[1] ھەيسەمى (16019): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، - دېگەن.

## ئەبۇ ئۇمامە، زەيد ئىبنى سەۋھان، قۇررە ئىبنى ھۇبەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر، ھىرماس ئىبنى زىياد ۋە سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8954 - عن أبي أُمَامَةَ قال بَعَثَنِي رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم إلى بَاهِلَةَ فَأَتَيْتُ وَهُمْ على الطعَامِ فَرَحَّبُوا بِي وَأَكْرَمُونِي وَقَالُوا تَعَالَ فَكُلْ فقلت جِئْتُ لأَنْهَاكُمْ عن هذا الطعَامِ وأنا رسول رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَتَيْتُكُمْ لِتُؤْمِنُوا بِهِ فَكَذَّبُونِي وَزَبَرُونِي فَانْطَلَقْتُ وأنا جَائِعٌ ظَمْآنُ قد نَزَلَ بِي جَهْدٌ شَدِيدٌ فَنِمْتُ فَأُتِيتُ في مَنَامِي بِشَرْبَةٍ من لَبَنٍ فَشَرِبْتُ وَرَوِيتُ وَعَظُمَ بَطْنِي فقال الْقَوْمُ أَتَاكُمْ رَجُلٌ من خِيَارِكُمْ وَأَشْرَافِكُمْ فَرَدَدْتُمُوهُ فَاذْهَبُوا إليه فَأَطْعِمُوهُ مِنَ الطعَامِ وَالشرَابِ ما يشتهي فَأَتَوْنِي بِطَعَامٍ قلت لا حَاجَةَ لي في طَعَامِكُمْ وَشَرَابِكُمْ فإن اللهَ قد أَطْعَمَنِي وَسَقَانِي فانظروا إلى الْحَالِ التي أنا عليها فَنَظَرُوا فَآمَنُوا بِي وَبِمَا جِئْتُ بِهِ من عِنْدِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم.

8954 - ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى باھىلە ئاھالىسىگە ئەۋەتتى. يېتىپ بارغىنىمدا، ئۇلار تاماق يەۋاتقانىكەن. مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلدۈرۈپ:

- تاماققا كەل، بىللە يەيلى! - دېيىشتى. مەن:

- سىلەرنى بۇ تاماقتىن توسماقچىمەن، مەن پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىسى بولىمەن. ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشىڭلار ئۈچۈن كەلدىم، - دېدىم. ئۇلار مېنى يالغانغا چىقاردى ۋە ئازارلىدى. قورسىقىم ئاچ ھەم ئۇسسۇز ھالدا بېرىپ ئۇخلاپ قالدىم. چۈشۈمدە ماڭا سۈت كەلتۈرۈلدى، سۈتتىن قانغۇدەك ئىچتىم. كېيىن باھىلە ئاھالىسى بىر - بىرىگە:

- ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە شەرەپلىك كىشىڭلار ئالدىڭلارغا كەلسە، ئۇنى رەت قىلدىڭلار. دەرھال ئۇنىڭغا تاماق ۋە ئۇسسۇلۇق ئېلىپ بېرىڭلار! -

دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قىشىمغا تاماق بىلەن ئۇسسۇلۇق ئېلىپ كەلگەندى، مەن ئۇلارغا:

— سىلەرنىڭ تامىقىڭلارغا ھاجىتىم يوق. اللە ماڭا يېمەك - ئىچمەك بەردى. مانا قاراڭلار! - دېدىم. ئۇلار قورسىقىمنىڭ دومبىيىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ھاڭ - تاڭ قالدى ۋە ھەممىسى بىردەك ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 8099)

8955 ـ على رفعه: من سره أن ينظر إلى رجل يسبق بعض أعضـائه إلى الجنـة فلينظر إلى زيد بن صوحان.

8955 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى جىسمىنىڭ بىر قىسمى ئۆزىدىن بۇرۇن جەننەتكە كىرگەن بىرىنى كۆرۈشنى خالىسا، زەيد ئىبنى سەۋھانغا قارىسۇن»[2].

(مەۋسىلى: 511)

8956 ـ عن قُرة بن هُبَيْرَةَ أَنَّهُ أتى النبي صلى اللهُ عليه وسلم فقال إنه كان لنـا أَرْبَابٌ وَرَبَاتٌ نَعْبُدُهُن من دُونِ اللهِ فَدَعَوْنَاهُن فلم يُجِبْنَ وَسَأَلْنَاهُن فلم يُعْطِينَ فَجِئْنَـاكَ فَهَدَانَا اللهُ بِكَ فَنَحْنُ نَعْبُدُ اللهَ فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَفْلَحَ من رُزِقَ لُبـا قال يا رَسُولَ اللهِ اكْسُنِي ثَوْبَيْنِ من ثِيَابِكَ قد لَبِسْتُهُمَا فَكَسَاهُ فلما كـان بِـالْمَوْقِفِ في عَرَفَاتٍ قال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَعِدْ عَلَي مَقَالَتَكَ فَأَعَادَهَا عليه فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَفْلَحَ من رُزِقَ لُبا.

8956 — قۇررە ئىبنى ھۇبەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

---

[1] ھەيسەمى (16056): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرىنچى سەنەدى ھەسەندۇر. بۇ سەنەدتىكى ئەبۇ غالىبقا: "ھەدىسى ئىشەنچلىك" دەپ باھا بېرىلگەن، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16093): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر بار، - دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇرۇن بىزنىڭ ئەركەك ۋە چىشى بۇتلىرىمىز بار ئىدى، اﷲنى تاشلاپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلاتتۇق. ئۇلارغا دۇئا قىلساق، ئىجابەت قىلمايتتى، بىر نەرسە تىلىسەك، ھېچنېمە بەرمەيتتى. كېيىن الله تائالا سېنى ئەۋەتتى، سېنىڭ يېنىڭغا كەلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا بىزنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈردى، مانا ئەمدى بىز اﷲقا ئىبادەت قىلىۋاتىمىز. ـ دېگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەقىل ۋە چۈشەنچە ئاتا قىلىنغان ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشتى، ـ دېدى. قۇررە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا بۇرۇن كىيگەن كىيىملىرىڭدىن ئىككى قۇر بەرگىن! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا كىيىم بەردى. ئەرافات كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ــ ماڭا ئېيتقان (ھېلىقى) سۆزلىرىڭنى قايتا ئېيتىپ بەرگىن! ــ دېدى. ئۇ قايتا ئېيتىپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەقىل ۋە چۈشەنچە ئاتا قىلىنغان ئادەم نىجاتلىققا ئېرىشتى، ـ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 33/19)

8957 ـ عن عبد الله بن بسر، أن النبي صلى الله عليه وسلم وضع يده على رأسه، وقال: «يعيش هذا الغلام قرنا» قال فعاش مائة سنة وكان في وجهه ثألول فقال: «لا يموت حتى يذهب هذا الثؤلول من وجهه» قال: فلم يمت حتى ذهب الثألول من وجهه.

8957 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئۇنىڭ بېشىغا قويۇپ: «بۇ بالا بىر ئەسىر ياشىسۇن» دەپ دۇئا قىلدى. دەرۋەقە، ئۇ يۈز يىل ياشىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە سۆگەل بار ئىدى، پەيغەمبەر

[①] ھەيسەمى (16104): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىر راۋىي بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «بۇنىڭ يۈزىدىكى سۆگەل يوقىمىغىچە ۋاپات بولمىسۇن» دەپ دۇئا قىلغانىدى. دەرۋەقە، ئۇ يۈزىدىكى سۆگەل يوقىغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى.[1]

(«ئەلكەبىر»)

8958 ـ الهرماس بن زياد قال وفد ابي وانا معه إلى رسول الله صلى الله عليه و سلم فقال له ابي ادع الله لي ولابني قال فمسح رأسي وبايعه على الاسلام.

8958 ـ ھىرماس ئىبنى زىياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادام ئىككىمىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدۇق. دادام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئوغلۇم بىلەن ماڭا دۇئا قىلىپ قويساڭ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىمنى سىلاپ قويدى. دادام ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى[2].

(«ئەلكەبىر»)

8959 ـ عَطَاء مولى السائِبِ بن يَزِيدَ أَخِي النمِرِ بن قَاسِطٍ قال كان وَسَطُ رَأْسِ السائِبِ أَسْوَدَ وَبَقِيةُ رَأْسِهِ وَلِحْيَتُهُ أَبيضَ فقلت له يا سَيدِي وَاللهِ ما رأيت مِثْلَ رَأْسَكَ هذا قَط هذا أَبيضُ وَهَذَا أَسْوَدُ قال أو لا أُخْبِرُكَ يا بني قلت بَلَى قال إني كنت مع صِبْيَانٍ نَلْعَبُ فَمَر بِي رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَعَرَضْتُ له فَسَلمْتُ عليه فقال وَعَلَيْكَ من أنت فقلت أنا السائِبُ بن يَزِيدَ أَخُو النمِرِ بن قَاسِطٍ فَمَسَحَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم رَأْسِي وقال بَارَكَ اللهُ فِيكَ قال فَوَاللهِ لا يَبْيَض أَبدًا أو قال لا يَزَالُ هَكَذَا أَبدًا.

---

[1] ھەيسەمى (16119): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ بىر سەنەدىدىكى ھەسەن ئىبنى ئەييۇب ھەزرەمىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16141): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

8959 ـ سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادگەردىسى ئەتادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سائىبنىڭ چېچىنىڭ ئوتتۇرىسى قارا، چۆرىسى ئاق، ساقىلىمۇ ئاق ئىدى. ئۇنىڭدىن:

ـــ ئى خوجايىنىم! مەن سېنىڭكىدەك چاچنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىدىم، نېمىشقا ئوتتۇرىسى قارا، چۆرىسى ئاق؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ (كىچىك چېغىمدا) بىر قانچە بالا بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى، مەن ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالامىمنى ئىلىك ئالدى ۋە مېنى يېنىغا چاقىرىپ:

ـ ئىسمىڭ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئىسمىم سائىب، نەمىر ئىبنى قاسىتنىڭ قېرىندىشى يەزىدنىڭ ئوغلى بولىمەن، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى بېشىمغا قويۇپ:

ـ الله ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى قويغان يەر (كۆرۈپ تۇرغىنىڭدەك) پەقەتلا ئاقارمىدى[①].

(«ئەلكەبىر»: 6693)

[①] ھەيسەمى (16145): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ئۈچىلا كىتابىدا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، «ئەلكەبىر»دە مۇنداق كەلگەن: سائىبنىڭ بېشىنىڭ ئوتتۇرىسى قارا، قالغان يەرلىرى ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. مەن ئۇنىڭدىن: ”ئى خوجىدارىم! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭكىدەك باشنى پەقەتلا باقمىدىم. چېچىڭنىڭ بۇ يېرى قارا، قالغان يېرى ئاق تۇرىدىغۇ؟“ دېگەنىدىم، ئۇ: ”ئى ئوغلۇم! بۇنىڭ سەۋەبىنى ساڭا سۆزلەپ بېرەيمۇ؟“ دېدى. مەن: ”بولسا، شۇنداق قىلغىن“ دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: ”بىر كۈنى، مەن كىچىك باللار بىلەن ئويناۋاتاتتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمىزدىن ئۆتۈپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سالام قىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭىمۇ سالام بولسۇن، سەن كىم؟» دېدى. مەن: ”نەمىر ئىبنى قاسىتنىڭ قېرىندىشى سائىب ئىبنى يەزىد بولىمەن“ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «الله ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلغاي!» دېدى. شۇڭا بېشىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلىغان شۇ يېرى ئاقىرىپ كەتمەي، شۇ پېتى تۇرۇۋەردى“.

بۇ سەنەدنىڭ راۋىيلىرىدىن سائىبنىڭ ئازادگەردىسى ئەتادىن باشقىلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئەتامۇ ئىشەنچلىكتۇر. «ئەلئەۋسەت» بىلەن «ئەلسەغىر»نىڭ راۋىيلىرىمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## ھەرمەلە ئىبنى زەيد، ھەمزە ئىبنى ئەمر، ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ۋە ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

8960 ـ عَنِ ابن عُمَرَ رضي اللهُ عنه قال كنت عِنْدَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم إِذْ جَاءَهُ حَرْمَلَةُ بن زَيْدٍ فَجَلَسَ بين يَدَيْ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فقال يا رَسُولَ اللهِ الإِيمانُ ها هنا وَأَشَارَ بيده إلى لِسَانِهِ وَالنفَاقُ ها هنا وَأَشَارَ بيده إلى صَدْرِهِ وَلا يَذْكُرُ اللهَ إلا قَلِيلا فَسَكَتَ عنه النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَرَددَ ذلك عليه وَسَكَتَ حَرْمَلَةُ فَأَخَذَ النبي صلى اللهُ عليه وسلم بِطَرَفِ لِسَانِ حَرْمَلَةَ فقال اللهُم اجْعَلْ له لِسَانًا صَادِقًا وَقَلْبًا شَاكِرًا وَارْزُقْهُ حُبي وَحُب من يُحِبنِي وَصَيرْ أَمْرَهُ إلى الْخَيْرِ فقال حَرْمَلَةُ يا رَسُولَ اللهِ إن لي إِخْوَانًا مُنَافِقِينَ كنت فِيهِمْ رَأْسًا أَفَلا أَدُلكَ عليهم فقال النبي صلى اللهُ عليه وسلم لا من جَاءَنَا كما جِئْتَنا اسْتَغْفَرْنَا له كما اسْتَغْفَرْنَا لك وَمَنْ أَصَر على ذَنْبِهِ فَاللهُ أَوْلَى بِهِ وَلا تَخْرِقْ على أَحَدٍ سِتْرًا.

8960 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، ھەرمەلە ئىبنى زەيد كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى ۋە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئىمان بۇ يەردە (دەپ تىلىنى)، مۇناپىقلىق بۇ يەردە (دەپ يۈرىكىنى كۆرسەتتى)، بىز الله تائالانى كۆپ ياد ئەتمەيۋاتىمىز، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي ئولتۇردى. ھەرمەلە بۇ سۆزنى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ ئى الله! بۇنىڭغا راستچىل تىل، شۈكۈر قىلىدىغان دىل ئاتا قىلغىن. ئۇنىڭغا مېنىڭ دوستلۇقىمنى ۋە مېنى دوست تۇتىدىغانلارنىڭ دوستلۇقىنى بەرگىن، ئىشلىرىنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرگىن! ـ دېدى. ھەرمەلە:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ مۇناپىق دوستلىرىم بار، (بۇرۇن) ھەممىسىنىڭ بېشى ئىدىم. ساڭا ئۇلارنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ - دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ ياق، كىم بىزنىڭ يېنىمىزغا خۇددى سەندەك كېلىپ، مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، بىز ئۇ كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەيمىز. كىم ئۆزىنىڭ گۇناھىدا چىڭ تۇرسا، ئۇنىڭ ھېسابىنى الله تائالا ئۆزى سورايدۇ. سەن باشقىلارنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى ئاشكارىلاپ يۈرمىگىن! - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 3475)

8961 ـ عن عَمْرٍو الأَسْلَمِي قال أُنِفَرَ بنا وَنَحْنُ في سَفَرٍ مع رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم في لَيْلَةٍ ظَلْمَاءَ دَحِسَةٍ فَأَضَاءَتْ أَصَابِعِي حتى جَمَعُوا عليها ظَهْرَهُمْ وما سَـقَطَ من مَتَاعِهِمْ وَإِن أَصَابِعِي لَتَنِيرُ.

8961 ـ ھەمزە ئىبنى ئەمر ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ناھايىتى قاراڭغۇ بىر كېچىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەر قىلدۇق. مېنىڭ بارماقلىرىم يورۇپ كەتتى، باشقىلار شۇ يورۇقتا ئۇلاغلىرىنى ھەيدىدى ۋە ماللىرىدىن ھېچنېمە چۈشۈرۈپ قويماي ئېلىپ ماڭدى، مېنىڭ بارماقلىرىم ئۇلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بەردى[2].

(«ئەلكەبىر»: 2990)

8962 – عائشة رفعته: لاتسبوا ورقة فإني رأيت رأيت له جنة أو جنتين. البـزار: 2751.

8962 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (16147): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16153): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. - دېگەن.

«ۋەرەقەنى تىللىماڭلار. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلانغان بىر ياكى ئىككى جەننەتنى كۆردۈم»[1].

(بەززار: 2751)

8963 – عن أَسْمَاءَ بنتِ أبي بَكْرٍ أَنَّ النبي صلى اللهُ عليه وسلم سُئِلَ عن وَرَقَةَ بن نَوْفَلٍ فقال يُبْعَثُ يوم الْقِيَامَةِ امة وَحْدَهُ.

8963 ـ ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ھەققىدە سورالغاندا:

ـ ئۇ قىيامەت كۈنى ئۆزى يالغۇز بىر ئۇممەت بولۇپ قوپىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 82/24)

8964 – عن جابر بن عبد الله قال سئل النبي ﷺ عن أبي طالب هل تنفعه نبوتك قال نعم أخرجته من غمرة جهنم إلى ضحضاح منها وسئل عن خديجة لأنها ماتت قبل الفرائض وأحكام القرآن فقال أبصرتها على نهر من أنهار الجنة في بيت من قصب لا صخب فيه ولا نصب وسئل عن ورقة بن نوفل قال أبصرته في بطنان الجنة عليه سندس وسئل عن زيد بن عمرو بن نفيل فقال يبعث يوم القيامة أمة وحده بيني وبين عيسى عليهما السلام.

8964 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ سىنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنىڭ ئەبۇ تالىبقا مەنپەئىتى بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى:

[1] ھەيسەمى (16175): بۇ ھەدىسنى بەززار مۇتتەسىل ۋە مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلى سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16176): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـ ھەئە، مەن ئۇنى جەھەننەمنىڭ قەرىدىن تا ئۈستىگىچە ئېلىپ چىقتىم، ـ دېدى.

ــ خەدىچە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) قانداق بولىدۇ؟ چۈنكى ئۇ پەرز ــ ئەھكاملار بېكىتىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى، ـ دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ مەن ئۇنىڭ جەننەت دەريالىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىگە ئىچى كاۋاك مەرۋايىتتىن سېلىنغان بىر قەسىردە، خاتىرجەم ۋە راھەت ياشاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ھەققىدە سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەن ئۇنى جەننەتتە ئۈچىسىغا يىپەك تون ئارتىۋالغان ھالدا كۆردۈم، ـ دېدى. ئاندىن زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نۇفەيل ھەققىدە سورالغاندى:

ـ ئۇ قىيامەت كۈنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەم مېنىڭ ئارامىدىكى يالغۇز بىر ئۈممەت بولۇپ تىرىلدۈرۈلىدۇ، ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 2047)

8965 – عَنِ الْأَحْنَفِ قَالَ بَيْنَمَا أَطُوفُ بِالْبَيْتِ إِذْ لَقِيَنِي رَجُلٌ مِنْ بَنِي سُلَيْمٍ فَقَالَ أَلَا أُبشرُكَ قَالَ قُلْتُ بَلَى قَالَ أَتذْكُرُ إِذْ بَعَثَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى قَوْمِكَ بَنِي سَعْدٍ أَدْعُوهُمْ إِلَى الْإِسْلَامِ قَالَ فَقُلْتُ أَنتَ وَاللهِ مَا قَالَ إِلا خَيْرًا وَلَا أَسْمَعُ إِلا حُسْنًا فَإِني رَجَعْتُ فَأَخْبَرْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَقَالَتِكَ قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِلْأَحْنَفِ قَالَ فَمَا أَنَا لِشَيْءٍ أَرْجَى مِنْهَا.

8965 ـ ئەھنەف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كەئبىدە تاۋاپ قىلىۋاتسام، سۇلەيم جەمەتىدىن بىر ئادەم ئۇچراپ قېلىپ:

ـ ساڭا خۇشخەۋەر يەتكۈزەيمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

---

[1] ھەيسەمى (16177): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇجالىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. لېكىن بۇ ھەدىس ئۇنىڭ توغرا رىۋايەتلىرىدىن دەپ قارىلىدۇ. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ــ شۇنداق قىلغىن، ـ دېگەنىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ يادىڭدا بارمىكىن، پالانچى ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بەنى سەئد قەۋمىدىن سېنىڭ جەمەتىڭنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەنىدى. شۇ چاغدا سەن: ”اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەمدىن ياخشىلىقتىن باشقىنى ئاڭلىمىدىم. سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا“ دېگەنىدىڭ. كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ، سېنىڭ سۆزلىرىڭنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى الله! ئەھنەفنى مەغپىرەت قىلغىن، مەن بۇنىڭدىنمۇ زور ئۈمىد كۈتمىگەنىدىم، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد:23161)

[①] ھەيسەمى (16191): بۇ ھەدىسنى ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ ئەلى ئىبنى زەيدتىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسىمۇ ھەسەن دەپ قارىلىدۇ، ـ دېگەن.

## خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، فاتىمە، ئائىشە، سەفىيە، سەۋدە، ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما، ئۇممۇ ھەرام، ئۇممۇ سۇلەيم ۋە ئۇتبەنىڭ قىزى ھىند زىيەللاھۇ ئەنھالارنىڭ پەزىلەتلىرى

8966 ـ عَنْ إِسْمَعِيلَ قَالَ قُلْتُ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى أَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَشرَ خَدِيجَةَ بِبَيْتٍ فِي الْجَنةِ قَالَ نَعَمْ بَشرَهَا بِبَيْتٍ فِي الْجَنةِ مِنْ قَصَبٍ لَا صَخَبَ فِيهِ وَلَا نَصَبَ.

8966 ـ ئىسمائىلدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەدىچەگە جەننەتتە بىر ئۆي بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەنمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ھەئە، خەدىچەگە جەننەتتە ئىچى كاۋاك مەرۋايىتتىن سېلىنغان، خاتىرجەم ۋە راھەت ياشايدىغان بىر ئۆي بىلەن بېشارەت بەرگەن، ـ دېدى.
(مۇسلىم: 2433)

8967 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ مَا غِرْتُ عَلَى أَحَدٍ مِنْ نِسَاءِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا غِرْتُ عَلَى خَدِيجَةَ وَمَا رَأَيْتُهَا وَلَكِنْ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُكْثِرُ ذِكْرَهَا وَرُبمَا ذَبَحَ الشاةَ ثُم يُقَطعُهَا أَعْضَاءً ثُم يَبْعَثُهَا فِي صَدَائِقِ خَدِيجَةَ فَرُبمَا قُلْتُ لَهُ كَأَنهُ لَمْ يَكُنْ فِي الدنْيَا امْرَأَةٌ إِلا خَدِيجَةُ فَيَقُولُ إِنهَا كَانَتْ وَكَانَتْ وَكَانَ لِي مِنْهَا وَلَدٌ.

8967 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: گەرچە مەن ھەزرىتى خەدىچەنى كۆرمىگەن بولساممۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھېچبىر ئايالىدىن خەدىچەدىن

كۆنلىگەندەك كۆنلەپ باقمىدىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى، ھە دېسىلا قوي سويۇپ، ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. بەزى چاغلاردا:

ــ خۇددى دۇنيادا خەدىچەدىن باشقا ئايال يوقتەك؟ ـ دەپ قويسام:

ــ ئۇ مۇنداق ـ مۇنداق پەزىلەتلىك ئايال ئىدى، ھەم ئۇنىڭدىن باللىرىم بولدى، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 3818)

8968 ـ وفي رواية: وَتَزَوجَنِي بَعْدَهَا بِثَلَاثِ سِنِينَ.

8968 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: خەدىچە ۋاپات بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى نىكاھىغا ئالغان ئىدى، ـ دېگەن.

(بۇخارى: 3817)

8969 ـ عن عَائِشَةَ رضي الله عنها قالت اسْتَأْذَنَتْ هَالَةُ بِنْتُ خُوَيْلِدٍ أُخْتُ خَدِيجَةَ على رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَرَفَ اسْتِئْذَانَ خَدِيجَةَ فَارْتَاعَ لِذَلِكَ فقال اللهم هَالَةَ قالت فَغِرْتُ فقلت ما تَذْكُرُ من عَجُوزٍ من عَجَائِزِ قُرَيْشٍ حَمْرَاءِ الشدْقَيْنِ هَلَكَتْ في الدهْرِ قد أَبْدَلَكَ الله خَيْرًا منها.

8969 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خەدىچەنىڭ سىڭلىسى ھالە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچەنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ قېلىپ چۆچۈپ كەتتى ۋە:

ــ ئى الله! بۇ ھالە بولغىيدى، ـ دېدى، مېنىڭ كۈندەشلىكىم تۇتۇپ:

ــ قېرىپ چىشى قالمىغان، قۇيرۇقىنى قۇم باسقان قۇرەيش قېرىسىنىڭ نېمىسىنى ياد ئېتىدىغانسەن؟ الله ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرمىدىمۇ؟ ـ دېدىم.

(بۇخارى: 3821)

8970 ـ عن أنسٍ رضي الله عنه أن النبي ﷺ قال حَسْبُكَ من نِسَاءِ الْعَالَمِينَ مَرْيَمُ ابْنَةُ عِمْرَانَ وَخَدِيجَةُ بِنْتُ خُوَيْلِدٍ وَفَاطِمَةُ بِنْتُ مُحَمدٍ وَآسِيَةُ امْرَأَةُ فِرْعَوْنَ.

8970 ــ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەھلى جاھان ئاياللىرىدىن ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىرى پەقەت ئىمراننىڭ قىزى مەريەم، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى خەدىجە، مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ۋە فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە قاتارلىقلاردۇر»[1].

(تىرمىزى: 3878)

8971 ـ عَنْ جُمَيْعِ بْنِ عُمَيْرٍ التَّيْمِي قَالَ دَخَلْتُ مَعَ عَمتِي عَلَى عَائِشَةَ فَسُئِلَتْ أي الناسِ كَانَ أَحَب إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ فَاطِمَةُ فَقِيلَ مِنْ الرجَالِ قَالَتْ زَوْجهَا إِنْ كَانَ مَا عَلِمْتُ صَواماً قَواماً.

8971 ــ جۇمەيئ ئىبنى ئۇمەير تەيمىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: هامما ئاچام بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىردىم. ئۇنىڭدىن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى؟ ـ دەپ سورىدۇق:

ـ قىزى فاتىمەنى، ـ دېدى.

ـ ئەرلەردىنچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق:

ــ ئۇ (فاتىمە)نىڭ ئېرىنى ياخشى كۆرەتتى، بىلىشىمچە، ئۇ كۆپىنچە ھاللاردا روزا تۇتىدىغان ۋە كېچىلىرى ناماز ئوقۇيدىغان بىرى ئىدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 3874)

---

[1] ئەلبانى (3053): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (614): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

8972 ـ عن عَائِشَةَ قالت كُن أَزْوَاجُ النبي ﷺ عِنْدَهُ B يُغَادِرْ مِنْهُن وَاحِدَةً فَأَقْبَلَتْ فَاطِمَةُ تَمْشِي ما تُخْطِئُ مِشْيَتُهَا من مِشْيَةِ رسول اللهِ ﷺ شيئا فلما رَآهَا رَحبَ بها فقال مَرْحَبًا بِابْنَتِي ثُم أَجْلَسَهَا عن يَمِينِهِ أو عن شِمَالِهِ ثُم سَارهَا فَبكَتْ بُكَاءً شَدِيدًا فلما رَأى جَزَعَهَا سَارهَا الثانِيَةَ فَضَحِكَتْ فقلت لها خَصكِ رسول اللهِ ﷺ من بَيْنِ نِسَائِهِ بِالسرَارِ ثُم أنتِ تَبْكِينَ فلما قام رسول اللهِ ﷺ سَأَلْتُهَا ما قال لَكِ رسول اللهِ ﷺ قالت ما كنت أُفْشِي على رسول اللهِ ﷺ سِرهُ قالت فلما تُوُفيَ رسول اللهِ ﷺ قلت عَزَمْتُ عَلَيْكِ بِمَا لي عَلَيْكِ من الْحَق لَمَا حَدثْتِنِي ما قال لَكِ رسول اللهِ ﷺ فقالت أما الْآنَ فَنَعَمْ أما حين سَارنِي في الْمَرةِ الْأُولَى فَأَخْبَرَنِي ان جِبْرِيلَ كان يُعَارِضُهُ الْقُرْآنَ في كل سَنَةٍ مَرةً أو مَرتَيْنِ وانه عَارَضَهُ الْآنَ مَرتَيْنِ وأني لَا أُرَى الْأَجَلَ الا قد اقْتَرَبَ فَاتقِي اللهَ وَاصْبِرِي فإنه نِعْمَ السلَفُ انا لَكِ قالت فَبَكَيْتُ بُكَائِي الذي رَأَيْتِ فلما رَأى جَزَعِي سَارنِي الثانِيَةَ فقال يا فَاطِمَةُ أَمَا تَرْضَيْ ان تَكُونِي سَيدَةَ نِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ أو سَيدَةَ نِسَاءِ هذه الْأُمةِ قالت فَضَحِكْتُ ضَحِكِي الذي رَأَيْتِ.

8972 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرى بىلەن ئولتۇراتتى، ھېچبىرى ئۇنىڭ يېنىدىن تېخى ئايرىلمىغانىدى. دەل شۇ چاغدا، يېنىمىزغا فاتىمە كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ مېڭىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ بەكمۇ سۆيۈندى ۋە:

ـ خۇش كەلدىڭ، قىزىم، ـ دەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئاندىن ئۇنى ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە ئولتۇرغۇزۇپ، قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىغانىدى، فاتىمە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. قىزىنىڭ يىغلىغىنىنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىغانىدى، بۇ قېتىم كۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساڭا نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ ئورنىدىن تۇردى، مەن يەنە بىر قېتىم سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلىمايمەن، ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، فاتىمەگە:

ــ ئۇستۇڭدىكى ھەق ـ ھۆرمىتىم بىلەن سورايمەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاقىتتا ساڭا نېمە دېگەنىدى؟ ـ دېدىم. فاتىمە:

ــ ساڭا ئەمدى ئېيتىپ بېرەي. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى قېتىم پىچىرلىغاندا: «جىبرىئىل قۇرئاننى ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقۇتاتتى، ئەمما بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇتتى. بۇنىڭدىن ئەجىلىمنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى بىلدىم. ئى فاتىمە! اللەتىن قورق ۋە سەۋرچان بول. مەن سەندىن بۇرۇن كېتىدىغان ئەڭ سالىھ كىشىمەن» دېدى. مەن قاتتىق قايغۇرغانلىقىمدىن يىغلاپ كەتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يىغلىغىنىمنى كۆرۈپ: «ئى فاتىمە! سەن مۇئمىن ئاياللارنىڭ ياكى مۇشۇ ئۇممەت ئاياللىرىنىڭ سەردارى بولۇشقا رازى ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى، سېنىڭ كۆرگىنىڭدەك كۈلۈپ كەتتىم، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2450)

8973 ـ وفي رواية: ثُم سَارنِي فَأَخْبَرَنِي أني أولُ أهل بيته يَتْبَعُهُ فَضَحِكْتُ.

8973 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىسىدىكىلەردىن (ئۇ دۇنياغا) ئۆزىدىن كېيىنلا مېنىڭ سەپەر قىلىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدى، شۇنىڭ بىلەن كۈلۈپ كەتتىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4433 ـ 4434)

8974 ـ الا تَرْضَيْنَ ان تَكُونِي سَيِدَةَ نِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ أو سَيِدَةَ نِسَاءِ هـذه الْأمـةِ فَضَحِكْتُ لِذَلِكَ.

8974 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «سەن مۇئمىن ئاياللارنىڭ ياكى مۇشۇ ئۇممەت ئاياللىرىنىڭ سەردارى بولۇشقا رازى بولمامسەن؟» دەپ كەلگەن.

(مۇسـلىم: 2450)

8975 ـ ثُم أخبرني أني سَيدَةُ نِسَاءِ أَهْلِ الْجَنةِ إلا مَرْيَمَ ٱبْنَةَ عِمْرَانَ فَضَحِكْتُ.

8975 ـ شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر رىۋايەتتە: «جەننەت ئەھلى ئاياللىرىدىن ئىمراننىڭ قىزى مەريەمدىن باشقىسىنىڭ سەردارى بولۇشنى خالىمامسەن؟» دېدى، ـ دېيىلگەن[①].

(تىرمىزى: 3873)

8976 ـ عن أبي مُوسَى رضي الله عنه قال قال رسول اللهِ ﷺ كَمَلَ من الرجَالِ كَثِيرٌ ولم يَكْمُلْ من النسَاءِ إلا آسِيَةُ ٱمْرَأَةُ فِرْعَوْنَ وَمَرْيَمُ بِنْتُ عِمْرَانَ وَإِن فَضْلَ عَائِشَةَ على النسَاءِ كَفَضْلِ الثرِيدِ على سَائِرِ الطَعَامِ.

8976 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

«ئەرلەردىن نۇرغۇن كىشى كامالەتكە يەتكەندى، ئاياللاردىن پەقەت فىرئەۋننىڭ ئايالى ئاسىيە بىلەن ئىمراننىڭ قىزى مەريەملا كامالەتكە يەتتى. ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللاردىن ئەۋزەللىكى خۇددى شورپىغا چىلانغان ناننىڭ باشقا تائاملاردىن ئەۋزەل بولغىنىغا ئوخشايدۇ».

(بۇخارى: 3411)

8977 ـ عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا يَا عَائِشَ هَذَا جِبْرِيلُ يُقْرِئُكِ السلَامَ فَقُلْتُ وَعَلَيْهِ السلَامُ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ تَرَى مَا لَا أَرَى تُرِيدُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8977 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

① بۇ ھەدىسنى ئەلبانىنىڭ نە سەھىھ نە زەئىپ ھەدىس كىتابلىرىدىن تاپالمىدىم.

ــ ئى ئائىشە، بۇ جىبرىئىل بولىدۇ، ساڭا سالام يوللىدى، ـ دېدى. مەنمۇ:

ــ ۋەئەلەيھىسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ، ـ دېدىم. مەن كۆرمىگەننى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرەلەيتتى.

(بۇخارى: 3768)

8978 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ مَا أَشْكَلَ عَلَيْنَا أَصْحَابَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدِيثٌ قَط فَسَأَلْنَا عَائِشَةَ إِلا وَجَدْنَا عِنْدَهَا مِنْهُ عِلْمًا.

8978 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر ھەدىسىنى چۈشىنىشتە قىيىنچىلىققا ئۇچرىساق، دەرھال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورايتتۇق ۋە چوقۇم (ئۇ ھەدىس ھەققىدە) بىرەر مەلۇماتقا ئېرىشەتتۇق[1].

(تىرمىزى: 3883)

8979 ـ عَنْ عَمْرِو بْنِ غَالِبٍ أَن رَجُلًا نَالَ مِنْ عَائِشَةَ عِنْدَ عَمارِ بْنِ يَاسِرٍ فَقَالَ أَغْرِبْ مَقْبُوحًا مَنْبُوحًا أَتُؤْذِي حَبِيبَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8979 ـ ئەمر ئىبنى غالىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تىل تەگكۈزگەندى، ئەممار:

ــ خار ـ زەبۇن ھالەتتە بۇ يەردىن يوقال! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىغا تىل تەگكۈزۈشكە نېمە ھەددىڭ؟! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3888)

[1] ئەلبانى (3044): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (815): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

8980 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أن نِسَاءَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُن حِزْبَيْنِ فَحِزْبٌ فِيهِ عَائِشَةُ وَحَفْصَةُ وَصَفِيةُ وَسَوْدَةُ وَالْحِزْبُ الْآخَرُ أُم سَلَمَةَ وَسَائِرُ نِسَاءِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَ الْمُسْلِمُونَ قَدْ عَلِمُوا حُب رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَائِشَةَ فَإِذَا كَانَتْ عِنْدَ أَحَدِهِمْ هَدِيةٌ يُرِيدُ أَنْ يُهْدِيَهَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخرَهَا حَتى إِذَا كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَيْتِ عَائِشَةَ بَعَثَ صَاحِبُ الْهَدِيةِ بِهَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَيْتِ عَائِشَةَ فَكَلمَ حِزْبُ أُم سَلَمَةَ فَقُلْنَ لَهَا كَلمِي رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُكَلمُ الناسَ فَيَقُولُ مَنْ أَرَادَ أَنْ يُهْدِيَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَدِيةً فَلْيُهْدِهِ إِلَيْهِ حَيْثُ كَانَ مِنْ بُيُوتِ نِسَائِهِ فَكَلمَتْهُ أُم سَلَمَةَ بِمَا قُلْنَ فَلَمْ يَقُلْ لَهَا شَيْئًا فَسَأَلْنَهَا فَقَالَتْ مَا قَالَ لِي شَيْئًا فَقُلْنَ لَهَا فَكَلمِيهِ قَالَتْ فَكَلمَتْهُ حِينَ دَارَ إِلَيْهَا أَيْضًا فَلَمْ يَقُلْ لَهَا شَيْئًا فَسَأَلْنَهَا فَقَالَتْ مَا قَالَ لِي شَيْئًا فَقُلْنَ لَهَا كَلمِيهِ حَتى يُكَلمَكِ فَدَارَ إِلَيْهَا فَكَلمَتْهُ فَقَالَ لَهَا لَا تُؤْذِينِي فِي عَائِشَةَ فَإِن الْوَحْيَ لَمْ يَأْتِنِي وَأَنَا فِي ثَوْبِ امْرَأَةٍ إِلا عَائِشَةَ قَالَتْ فَقَالَتْ أَتُوبُ إِلَى اللهِ مِنْ أَذَاكَ يَا رَسُولَ اللهِ ثُم إِنهُن دَعَوْنَ فَاطِمَةَ بِنْتَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَرْسَلَتْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَقُولُ إِن نِسَاءَكَ يَنْشُدْنَكَ اللهَ الْعَدْلَ فِي بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ فَكَلمَتْهُ فَقَالَ يَا بُنَيةُ أَلَا تُحِبينَ مَا أُحِب قَالَتْ بَلَى فَرَجَعَتْ إِلَيْهِن فَأَخْبَرَتْهُن فَقُلْنَ ارْجِعِي إِلَيْهِ فَأَبَتْ أَنْ تَرْجِعَ فَأَرْسَلْنَ زَيْنَبَ بِنْتَ جَحْشٍ فَأَتَتْهُ فَأَغْلَظَتْ وَقَالَتْ إِن نِسَاءَكَ يَنْشُدْنَكَ اللهَ الْعَدْلَ فِي بِنْتِ ابْنِ أَبِي قُحَافَةَ فَرَفَعَتْ صَوْتَهَا حَتى تَنَاوَلَتْ عَائِشَةَ وَهِيَ قَاعِدَةٌ فَسَبتْهَا حَتى إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَيَنْظُرُ إِلَى عَائِشَةَ هَلْ تَكَلمُ قَالَ فَتَكَلمَتْ عَائِشَةُ تَرُد عَلَى زَيْنَبَ حَتى أَسْكَتَتْهَا قَالَتْ فَنَظَرَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى عَائِشَةَ وَقَالَ إِنهَا بِنْتُ أَبِي بَكْرٍ.

8980 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈندى، بىر گۇرۇھتا مەن (ئائىشە)، ھەفسە، سەفىيە ۋە سەۋدە قاتارلىقلار، يەنە بىر گۇرۇھتا ئۇممۇ سەلەمە ۋە باشقا ئاياللار بار ئىدى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر نەرسە

ھەدىيە قىلماقچى بولسا، ئائىشەنىڭ نۆۋىتى كەلگىچە كۈتۈپ تۇراتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن ھەدىيەلىرىنى يوللايتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇممۇ سەلەمە گۇرۇھىدىكى ئاياللار ئۇممۇ سەلەمەگە:

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىپ قويغىن، مۇسۇلمانلارغا: «اللهنىڭ رەسۇلىغا بىر نەرسە ھەدىيە قىلماقچى بولغانلار اللهنىڭ رەسۇلى قايسى ئايالىنىڭ ھۇجرىسىدا بولسا، ھەدىيەسىنى شۇ يەرگە يوللاپ بەرسۇن!» دەپ قويسۇن، - دېدى. ئۇممۇ سەلەمە ئۇلارنىڭ سۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچنېمە دېمىدى. ئاياللار ئۇممۇ سەلەمەدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇممۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېچنېمە دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاياللار ئۇممۇ سەلەمەگە:

— بۇ ئىشنى يەنە ئېيتقىن! — دەپ قىستىدى. ئۇممۇ سەلەمە ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كەلگەن كۈنى، يەنە بۇ ئىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئى ئۇممۇ سەلەمە! ئائىشە ھەققىدە ماڭا ئازار بەرمىگىن. ئائىشەدىن باشقا ھېچبىرىڭلارنىڭ ھۇجرىسىدا ماڭا ۋەھيى نازىل قىلىنمايدۇ، - دېۋىدى، ئۇممۇ سەلەمە:

- ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى خاپا قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن الله تائالاغا تەۋبە قىلىمەن، - دېدى. شۇندىمۇ ئاياللار بولدى قىلماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمەنى چاقىرىپ:

- رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كىرىپ: ”ئاياللىرىڭ سەندىن ئائىشە ھەققىدە ئادىل مۇئامىلە قىلىشىڭنى سوراۋاتىدۇ“ دېگىن! - دېيىشتى. فاتىمە ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئى قىزىم! مەن ياخشى كۆرگەننى سەن ياخشى كۆرمەمسەن؟ - دېدى. فاتىمە:

ــ ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن، ـ دېگىنىچە قايتىپ چىقتى ۋە ئاياللارغا ئەھۋالنى ئېيتتى. ئاياللار فاتىمەنى يەنە ئېيتىشقا ھەرقانچە زورلىغان بولسىمۇ، فاتىمە قەتئىي قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار زەينەپ بىنتى جەھشىنى ئەۋەتتى. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كىرىپ قوپاللىق بىلەن:

ــ اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، باشقا ئاياللىرىڭ سەندىن ئەبۇ قۇھافەنىڭ قىزى ھەققىدە ئادىل بولۇشۇڭنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ـ دېدى ۋە ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئائىشەنى ھاقارەتلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ جىم ئولتۇردى. ئائىشە شۇنداق بىر گەپ قىلدىكى، زەينەپنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشەگە قاراپ قويۇپ:

ــ نېمىلا دېگەن بىلەن، ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزىدە بۇ؟! ـ دېدى.

(بۇخارى: 2581)

8981 ـ وفي رواية: فَأَرْسَلَ أَزْوَاجُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ زَيْنَبَ بِنْتَ جَحْشٍ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهِيَ التِي كَانَتْ تُسَامِينِي مِنْهُن فِي الْمَنْزِلَةِ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ أَرَ امْرَأَةً قَط خَيْرًا فِي الدينِ مِنْ زَيْنَبَ وَأَتقَى لِلهِ وَأَصْدَقَ حَدِيثًا وَأَوْصَلَ لِلرحِمِ وَأَعْظَمَ صَدَقَةً وَأَشَد ابْتِذَالًا لِنَفْسِهَا فِي الْعَمَلِ الذِي تَصَدقُ بِهِ وَتَقَربُ بِهِ إِلَى اللهِ تَعَالَى مَا عَدَا سَوْرَةً مِنْ حِدةٍ كَانَتْ فِيهَا تُسْرِعُ مِنْهَا الْفَيْئَةَ.

8981 ــ يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى (ئەڭ ئاخىرى) زەينەپ بىنتى جەھشىنى (يۇقىرىقى مەقسەتتە) ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە زەينەپ ھەردائىم مەن بىلەن بەسلىشەتتى. مەن دىيانەت جەھەتتە زەينەبتىن ياخشى بىر ئايالنى كۆرمىدىم، ئۇ بەك تەقۋا، بەك راستچىل، بەك كۆپ سىلە ــ رەھىم قىلىدىغان، كۆپ سەدىقە قىلىدىغان، سەدىقە ۋە ياخشى ئىشلارغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدىغان، اﷲقا يېقىنلىشىدىغان ئىشلارنى كۆپ

قىلىدىغان بىر ئايال ئىدى. لېكىن مىجەزى ئىتتىك بولغاچقا ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالاتتى، بىراق ئاچچىقىدىن تېزلا ياناتتى.

(مۇسلىم: 2442)

8982 ـ عُرْوَةَ قال ما رأيت ٱمْرَأَةً كانت أَعْلَمَ بِطِب وَلا فقه وَلا بِشِـعْرٍ مـن عَائِشَةَ.

8982 ـ ئۇرۋە مۇنداق دېگەن: مەن تېبابەت، فىقھى ۋە شېئىر ئىلمىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۈستۈنرەك بىر ئايالنى كۆرمىدىم[1].

(«ئەلكەبىر»: 182/23)

8983 ـ عَنِ الزهْرِي أن النبي صلى اللهُ عليه وسلم قال لو جُمِعَ علم نِسَاءِ هـذه الأمةِ فِيهن أَزْوَاجُ النبي صلى اللهُ عليه وسلم كان عَلِمُ عَائِشَةَ أَكْثَرَ من عِلْمِهن.

8983 ـ زۇھرىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى بىلەن پۈتۈن ئۇممەت ئاياللىرىنىڭ ئىلمى جەملەنسىمۇ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىلمىغا يەنە يېتەلمەيدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 184/23)

8984 ـ عن أنسٍ قال بَلَغَ صَفِيةَ أن حَفْصَةَ قالت بِنْتُ يَهُودِي فَبَكَـتْ فَـدَخَلَ عليها النبي ﷺ وَهِيَ تَبْكِي فقال ما يُبْكِيكِ فقالت قالت لي حَفْصَةُ إني بِنْتُ يَهُودِي فقال النبي ﷺ إنكِ لَٱبْنَةُ نَبِي وَإِن عَمكِ لَنَبِي وَإِنكِ لَتَحْتَ نَبِي فَفِيمَ تَفْخَرُ عَلَيْكِ ثُم قال اتقِـي اللهَ يا حَفْصَةُ.

---

[1] ھەيسەمى (15317): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15318): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

8984 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەفىيەگە: ”ئى يەھۇدىينىڭ قىزى!“ دېگەنىدى، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ يىغلاپ ئولتۇراتتى.

ـ ئى سەفىيە! نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـ ھەفسە مېنى ”يەھۇدىينىڭ قىزى“ دېدى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى سەفىيە! سەن پەيغەمبەر (ھارۇن)نىڭ قىزى (ئەۋلادى)سەن، تاغاڭ (مۇسا)مۇ پەيغەمبەر ئىدى، ھازىرمۇ ھەم پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىدە تۇرۇۋاتىسەن، ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭدا نېمىسىدىن پەخىرلەنگۈدەك؟! ـ دېدى. ئاندىن چىقىپ، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ـ ئى ھەفسە! اللهتىن قورققىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3894)

8985 ـ عَنْ صفية بنت حيي قالت بلغ‍ا عن حَفْصَةَ وَعَائِشَةَ كَلَامٌ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ أَلَا قُلْتِ فَكَيْفَ تَكُونَانِ خَيْرًا مِنِي وَزَوْجِي مُحَمَّدٌ وَأَبِي هَارُونُ وَعَمِّي مُوسَى وَكَانَ الذِي بَلَغَهَا أَنهُمْ قَالُوا نَحْنُ أَكْرَمُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهَا وَقَالُوا نَحْنُ أَزْوَاجُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبَنَاتُ عَمِهِ.

8985 ـ سەفىيە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: ھەفسە بىلەن ئائىشە ماڭا:

ـ بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا سەندىن ئەتىۋارلىق، چۈنكى بىز پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ۋە ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ قىزلىرى، ـ دېگەنىدى، مەن بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ئەلبانى (3055): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئۇلارغا: ”سىلەر ئىككىڭلار قانداقمۇ مەندىن ئارتۇق بولالايسىلەر؟ مېنىڭ ئېرىم مۇھەممەد، دادام ھارۇن ۋە تاغام مۇسادۇر“ دېمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3892)

8986 ـ عَنْ عِكْرِمَةَ قَالَ قِيلَ لِابْنِ عَباسٍ بَعْدَ صَلَاةِ الصبْحِ مَاتَتْ فُلَانَةُ لِبَعْضِ أَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَجَدَ فَقِيلَ لَهُ أَتَسْجُدُ هَذِهِ الساعَةَ فَقَالَ أَلَيسَ قَدْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا رَأَيْتُمْ آيَةً فَاسْجُدُوا فَأَي آيَةٍ أَعْظَمُ مِنْ ذَهَابِ أَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8986 ـ ئىكرىمەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بامدات نامىزىنى ئوقۇپ تۇرۇشىغا:

ـــ پەيغەمــبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پالانى ئايالى ۋاپات بولدى، ـ دېيىلگەندى، ئۇ دەرھال سەجدە قىلدى. ئۇنىڭدىن:

ـ بۇ ۋاقىتتا سەجدە قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرەر (پىتنىنىڭ) ئالامىتىنى كۆرگەن ۋاقىتىڭلاردا سەجدە قىلىڭلار» دېگىنىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟ پەيغەمــبەر ئەلەيھىســسالامنىڭ ئاياللىرىــدىن بىرىنىــڭ ئۆلــۈپ كېتىشىدىنمۇ چوڭ ئالامەت بارمۇ؟ ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(تىرمىزى: 3891)

رەزىنىڭ رىۋايىتىدە: ۋاپات بولغان ئايال سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى، ـ دەپ كەلگەن.

8987 ـ وَعَنْ وَهْبِ بْنِ كَيْسَانَ قَالَ كَانَ أَهْلُ الشأْمِ يُعَيرُونَ ابْنَ الزبَيْرِ يَقُولُونَ يَا ابْنَ ذَاتِ النطَاقَيْنِ فَقَالَتْ لَهُ أَسْمَاءُ يَا بُنَي إِنهُمْ يُعَيرُونَكَ بِالنطَاقَيْنِ هَلْ تَدْرِي مَا كَانَ النطَاقَانِ إِنمَا كَانَ نِطَاقِي شَقَقْتُهُ نِصْفَيْنِ فَأَوْكَيْتُ قِرْبَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

[1] ئەلبانى (816): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3054): ھەسەن، ـ دېگەن.

بِأَحَدِهِمَا وَجَعَلْتُ فِي سُفْرَتِهِ آخَرَ قَالَ فَكَانَ أَهْلُ الشأْمِ إِذَا عَيَّرُوهُ بِالنطَاقَيْنِ يَقُولُ إِيهًا وَالْإِلَهِ:

تِلْكَ شَكَاةٌ ظَاهِرٌ عَنْكَ عَارُهَا.

8987 ـ ۋەھب ئىبنى كەيساندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: شام خەلقى ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانى:

ـ ئىككى بەلباغلىق ئايالنىڭ ئوغلى، ـ دەپ مەسخىرە قىلىشاتتى. ئانىسى (ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئوغلىغا:

ـ ئى ئوغلۇم! ئۇلار سېنى ئىككى بەلباغ بىلەن مەسخىرە قىلىشىۋاتىدۇ. سەن ئۇ ئىككى بەلباغنىڭ ھېكايىسىنى بىلەمسەن؟ مەن بەلبېغىمنى ئىككى پارچە قىلىپ، بىرىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇلۇمىنىڭ ئاغزىنى، يەنە بىرىدە داستىخىنىنى باغلىغان ئىدىم، ـ دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، خەلق ئۇنى يەنە مەسخىرە قىلسا، ئىبنى زۇبەير ئۇلارغا:

ـ مەسخىرە قىلىۋېرىڭلار. اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پۈتۈن ئەيىب سىلەردە، ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى.

(بۇخارى: 5388)

8988 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَنهُ سَمِعَهُ يَقُولُ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا ذَهَبَ إِلَى قُبَاءٍ يَدْخُلُ عَلَى أُم حَرَامٍ بِنْتِ مِلْحَانَ فَتُطْعِمُهُ وَكَانَتْ تَحْتَ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ فَدَخَلَ يَوْمًا فَأَطْعَمَتْهُ فَنَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم اسْتَيْقَظَ يَضْحَكُ قَالَتْ فَقُلْتُ مَا يُضْحِكُكَ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ نَاسٌ مِنْ أُمتِي عُرِضُوا عَلَي غُزَاةً فِي سَبِيلِ اللهِ يَرْكَبُونَ ثَبَجَ هَذَا الْبَحْرِ مُلُوكًا عَلَى الْأَسِرةِ أَوْ قَالَ مِثْلَ الْمُلُوكِ عَلَى الْأَسِرةِ شَك إِسْحَاقُ قُلْتُ ادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ فَدَعَا ثُم وَضَعَ رَأْسَهُ فَنَامَ ثُم اسْتَيْقَظَ يَضْحَكُ فَقُلْتُ مَا يُضْحِكُكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ نَاسٌ مِنْ أُمتِي عُرِضُوا عَلَي غُزَاةً فِي سَبِيلِ اللهِ يَرْكَبُونَ ثَبَجَ هَذَا الْبَحْرِ مُلُوكًا عَلَى الْأَسِرةِ أَوْ مِثْلَ الْمُلُوكِ عَلَى الْأَسِرةِ فَقُلْتُ ادْعُ اللهَ أَنْ

يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ قَالَ أَنتِ مِنْ الْأَولِينَ فَرَكِبَتْ الْبَحْرَ زَمَانَ مُعَاوِيَةَ فَصُرِعَتْ عَنْ دَابَّتِهَا حِينَ خَرَجَتْ مِنْ الْبَحْرِ فَهَلَكَتْ.

8988 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇباغا بارسىلا، (ھامىمىسى) ئۇممۇ ھەرام بىنتى مىلھاننىڭ ئۆيىگە كىرەتتى. ئۇممۇ ھەرام داستىخان سېلىپ ئۇنى مېھمان قىلاتتى. ئۇممۇ ھەرام ئۇبادە ئىبنى سامىتنىڭ نىكاھىدا ئىدى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەنىدى، ئۇ ئادىتى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا داستىخان سالدى. تاماقتىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ قالدى ۋە كۈلگىنىچە ئويغاندى. ئۇممۇ ھەرام:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نېمە ئۈچۈن كۈلۈپ كەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە بىر تۈركۈم ساھابە خۇددى تەخت ئۈستىدىكى شاھلاردەك مەغرۇر ھالەتتە الله يولىدا غازات قىلىش ئۈچۈن كېمە بىلەن دېڭىزدا كېتىۋاتقۇدەك، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇممۇ ھەرام:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالاغا مېنىڭمۇ شۇلار قاتارىدىن بولۇشۇم ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئاندىن بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى ۋە يەنە كۈلگىنىچە ئويغاندى.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! يەنە نېمىگە كۈلۈپ كەتتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، يۇقىرىقىدەك چۈش كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالاغا مېنىڭمۇ شۇلار قاتارىدىن بولۇشۇم ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن ئاۋۋالقى قېتىمقىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدىڭ، ـ دېدى.

دەرۋەقە، ئۇممۇ ھەرام رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇئاۋىيەنىڭ دەۋرىدە جىھاد قىلىش ئۈچۈن دېڭىز سەپىرىگە قاتناشتى ۋە قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلىغىدىن يىقىلىپ كېتىپ ۋاپات بولدى.

(بۇخارى: 6282)

8989 ـ وفي رواية: فَتَزَوجَهَا عُبَادَةُ بن الصامِتِ بَعْدُ فَغَزَا في الْبَحْرِ فَحَمَلَهَا معـه فلما أَنْ جَاءَتْ قُرِبَتْ لها بَغْلَةٌ فَرَكِبَتْهَا فَصَرَعَتْهَا فَانْدَقتْ عُنُقُهَا.

8989 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: كېيىن ئۇنى ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىكاھىغا ئالدى. ئۇبادە جىھاد قىلىش ئۈچۈن دېڭىز سەپىرىگە چىققاندا، ئۇممۇ ھەرامنىمۇ ئېلىۋالغانىدى. كېمىدىن قىرغاققا چۈشىدىغان ۋاقىتتا ئۇممۇ ھەرامنى بىر قېچىرغا مىندۈردى. قېچىر ئۇممۇ ھەرامنى يەرگە تاشلىۋەتكەنىدى، بويىنى قايرىلىپ كېتىپ ۋاپات بولدى.

(مۇسلىم: 1912)

8990 ـ وفي رواية: وَمَاتَتْ بِنْتُ مِلْحَانَ بِقُبْرُصَ.

8990 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: مىلھاننىڭ قىزى (ئۇممۇ ھەرام) سىپرۇستا (قىبرىستا) ئۆلۈپ كەتتى، ـ دەپ كەلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2490)

8991 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَكُنْ يَـدْخُلُ بَيْتًا بِالْمَدِينَةِ غَيْرَ بَيْتِ أُم سُلَيْمٍ إلا عَلَى أَزْوَاجِهِ فَقِيلَ لَهُ فَقَالَ إني أَرْحَمُهَا قُتِلَ أَخُوهَا مَعِي.

8991 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سۇلەيمدىن باشقا ئاياللارنىڭ يېنىغا (ئۆيىدە) ئېرى يوق چاغدا كىرمەيتتى. بۇنىڭ سەۋەبى سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنىڭغا بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىمەن، چۈنكى قېرىندىشى مەن بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلدى، ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

(بۇخارى: 2844)

[1] ئەلبانى (2174): سەھىھ ـ دېگەن.

8992 ـ عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَيْتنِي دَخَلْتُ الْجَنةَ فَإِذَا أَنَا بِالرمَيْصَاءِ امْرَأَةِ أَبِي طَلْحَةَ.

8992 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن چۈشۈمدە جەننەتكە كىرىپتىمەن، قارىسام، ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالى (ئەنەسنىڭ ئانىسى) رۇمەيسە (جەننەتتە) تۇرغىدەك».

(بۇخارى: 3679)

8993 ـ عَنْ أَنسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ دَخَلْتُ الْجَنةَ فَسَمِعْتُ خَشْفَةً فَقُلْتُ مَنْ هَذَا قَالُوا هَذِهِ الْغُمَيْصَاءُ بِنْتُ مِلْحَانَ أُم أَنسِ بْنِ مَالِكٍ.

8993 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«جەننەتكە كىرگەن ۋاقتىمدا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ: ''بۇ كىم؟'' دەپ سورىغاندىم، ماڭا: ''بۇ مىلھاننىڭ قىزى غۇمەيسا'' دەپ جاۋاب بېرىلدى».

(مۇسلىم: 2456)

8994 ـ عن عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ جَاءَتْ هِنْدٌ بِنْتُ عُتْبَةَ بْنِ رَبِيعَةَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ وَاللهِ مَا كَانَ عَلَى ظَهْرِ الْأَرْضِ أَهْلُ خِبَاءٍ أَحَب إِلَي أَنْ يَذِلوا مِنْ أَهْلِ خِبَائِكَ وَمَا أَصْبَحَ الْيَوْمَ عَلَى ظَهْرِ الْأَرْضِ أَهْلُ خِبَاءٍ أَحَب إِلَي أَنْ يَعِزوا مِنْ أَهْلِ خِبَائِكَ ثُم قَالَتْ إِن أَبَا سُفْيَانَ رَجُلٌ مِسيكٌ فَهَلْ عَلَي مِنْ حَرَجٍ أَنْ أُطْعِمَ مِنْ الذِي لَهُ عِيَالَنَا قَالَ لَهَا لَا حَرَجَ عَلَيْكِ أَنْ تُطْعِمِيهِمْ مِنْ مَعْرُوفٍ.

8994 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇتبەنىڭ قىزى ھىند (ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! (بۇرۇن) ھېچكىمنىڭ سېنىڭ ئائىلىدىكىلىرىڭدىنمۇ خار بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايتتىم، مانا ئەمدى ھېچكىمنىڭ سېنىڭ

ئادەملىرىڭدىنمۇ ئەزىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلمايدىغان بولدۇم. ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سوفيان بەكمۇ بېخىل ئادەم، مەن ئۇنىڭدىن سورىماي تۇرۇپ، پۇل - مېلىنى بالىلىرىمنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلەتسەم بولامدۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مۇۋاپىق مىقداردا ئىشلەتسەڭ، گۇناھ بولمايدۇ، - دېدى.

(بۇخارى: 7161)

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ گۇلسۇم قاتارلىق قىزلىرىنىڭ، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ۋە باشقا ئاياللارنىڭ پەزىلەتلىرى

8995 ـ عن عَائِشَةَ زَوْجِ النبي صلى اللهُ عليه وسلم أن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم لَما قَدِمَ الْمَدِينَةَ خَرَجَتِ ابْنَتُهُ زَيْنَبُ من مَكةَ مع كِنَانَةَ أَوِ بن كِنَانَةَ فَخَرَجُوا في أَثَرِهَا فَأَدْرَكَهَا هَبارُ بن الأَسْوَدِ فلم يَزَلْ يَطْعُنُ بَعِيرَهَا بِرُمْحِهِ حتى صَرَعَهَا وَأَلْقَتْ مَا في بَطْنِهَا وَهُرِيقَتْ دَمًا فَتَحَمَلَتْ وَاشْتَجَرَ فيها بنو هَاشِمٍ وَبَنُو أُمية فقالت بنو أُميةَ نَحْنُ أَحَق بها وَكَانَتْ تَحْتَ ابْنِهِمْ أبي الْعَاصِ وَكَانَتْ عِنْدَ هِنْدَ بنتِ عُتْبَةَ بن رَبِيعَةَ وَكَانَتْ تَقُولُ لها هِنْدٌ هذا في سَبَبِ أَبِيكِ فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم لِزَيْدِ بن حَارِثَةَ أَلا تَنْطَلِقُ فَتَجِيءَ بِزَيْنَبَ فقال بَلَى يا رَسُولَ اللهِ قال فَخُذْ خَاتَمِي فَأَعْطِهَا إِياهُ فَانْطَلَقَ زَيْدٌ فلم يَزَلْ يَتَلَطفُ حتى لَقِيَ رَاعِيًا فقال لِمَنْ تَرْعَى فقال لأَبِي الْعَاصِ فقال لِمَنْ هذه الْغَنَمُ فقال لِزَيْنَبَ بنتِ مُحَمدٍ فَسَارَ معه شيئا ثُم قال هل لك في أَنْ أُعْطِيَكَ شيئا تُعْطِيَهَا إِياهُ وَلا تَذْكُرُهُ لأَحَدٍ قال نعم فَأَعْطَاهُ الْخَاتَمَ وَانْطَلَقَ الراعِي فَأَدْخَلَ غَنَمَهُ وَأَعْطَاهَا الْخَاتَمَ فَعَرَفَتْهُ وَقَالَتْ من أَعْطَاكَ هذا قال رَجُلٌ قالت فَأَيْنَ تَرَكْتَهُ قال بِمَكَانِ كَذَا وَكَذَا فَسَكَتَتْ حتى إذا كان اللَّيْلُ خَرَجَتْ إليه فلما جَاءَتْهُ قال لها ارْكَبِي بين يَدَي على بَعِيرِهِ قالت لا وَلَكِنِ ارْكَبْ أنت بين يَدَي فَرَكِبَ وَرَكِبَتْ وَرَاءَهُ حتى أَتَتْ فَكَانَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم يقول هِيَ خَيْرُ بنَاتِي أُصِيبَتْ فِي فَبَلَغَ ذلك عَلِي بن حُسَيْنٍ فَانْطَلَقَ إلى عُرْوَةَ فقال ما حَدِيثٌ بَلَغَنِي عَنْكَ أَنكَ تُحَدثُهُ تَنْقِصُ فيه حَق فَاطِمَةَ فقال عُرْوَةُ وَاللهِ ما أُحِب أَن لي ما بين الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَإِني أَنْتَقِصُ لِفَاطِمَةَ حَقًّا هو لها وَأَما بَعْدَ ذلك إني لا أُحَدثُ بِهِ أَبَدًا.

8995 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، قىزى

زەينەب كەنانە ياكى ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن مەككىدىن يولغا چىقتى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقتى، ھەببار ئىبنى ئەسۋەد يېتىشىۋېلىپ، تۆگىگە نەيزە سانجىغانىدى، تۆگە زەينەبنى يەرگە تاشلىۋەتتى. زەينەب ھامىلىدار ئىدى، ھامىلىسى چۈشۈپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، (چىشىنى چىشلەپ) بەرداشلىق بەردى. ھاشىمىيلار بىلەن ئۇمەۋىيلەر زەينەبنى تالىشىپ قالدى. ئۇمەۋىيلەر:

ــ ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە بىز بەكرەك ھەقلىق، ــ دەپ تۇرىۋالدى، چۈنكى زەينەب ئۇلارنىڭ ئوغلى ئەبۇلئاسنىڭ ئەمرىدە ئىدى. ئاخىرى، زەينەب ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنىڭ قىزى ھىندنىڭ قېشىدا تۇردى. ھىند زەينەبكە پات ـ پات:

ــ بۇ ئىش داداڭنىڭ كاساپىتىدىن بولدى، ـ دەپ قوياتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىسەگە:

ــ مەككىگە بېرىپ، زەينەبنى ئېلىپ كېلەمسەن؟ ـ دېگەنىدى، زەيد:

ــ شۇنداق قىلاي، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇ ئۈزۈكنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا بەرگىن، ـ دېدى. زەيد يولغا چىقتى ۋە (مەككىگە ئاز قالغاندا) ئەبۇلئاسنىڭ پادىچىسىغا يولۇقۇپ قالدى. ئۇ سىپايىلىق بىلەن:

ــ بۇ قويلار كىمنىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پادىچى:

ــ مۇھەممەدنىڭ قىزى زەينەبنىڭ قويلىرى، ـ دېدى. زەيد:

ــ ساڭا بىر نېمە بەرسەم، ئۇنى زەينەبكە بېرىپ قويالامسەن؟ ئەمما بۇنى ھېچكىمگە تىنمايسەن، ـ دېگەنىدى، پادىچى:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، زەيد ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا بەردى. پادىچى قويلارنى قوتانغا سولاپ بولغاندىن كېيىن، زەينەبنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۈزۈكنى بەردى. زەينەب ئۈزۈكنى تونۇپ:

ــ بۇنى كىم بەردى؟ ـ دەپ سورىدى، پادىچى:

ــ بىر كىشى بەردى، ـ دېدى. زەينەب:

ــ ئۇ نەدە قالدى؟ ـ دەپ سورىدى، پادىچى:

ــ پالانى يەردە قالدى، ـ دېدى. زەينەب بۇنى ھېچكىمگە تىنمىدى، كەچ كىرگەندە ئۆيدىن ئاستاغىنە چىقىپ، زەيدنىڭ يېنىغا باردى. زەيد:

ـ تۆگىنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغىن! ـ دېگەنىدى، زەينەب:

ــ ياق، سەن ئالدىدا ئولتۇرغىن! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، زەيد زەينەبنى ئارقىغا مىنگەشتۇرۇپ، مەدىنىگە ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنى كۆرۈپ:

ـ بۇ مېنىڭ ئەڭ ياخشى قىزىم بولىدۇ، مېنى دەپ كۆپ ئەزىيەت چەكتى، ـ دېدى.

ھۇسەيىن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ ھەدىستىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئۇرۋەنىڭ يېنىغا باردى ۋە:

ــ سەن ئانام (فاتىمە)نىڭ ئىپتىبارىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ يۈردۈڭمۇ؟ ـ دېگەنىدى، ئۇرۋە:

ــ ماڭا پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقى بېرىلسىمۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىپتىبارىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھەدىس سۆزلەپ يۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس. (ئەگەر خالىمىساڭ) بۇ ھەدىسنى بۈندىن كېيىن ھېچكىمگە سۆزلەپ يۈرمەيمەن، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 431/22)

8996 ـ عن قَتَادَةَ بن دِعَامَةَ قال كانت رُقَيَّةُ عِنْدَ عُتْبَةَ بن أبي لَهَبٍ فلما أُنْزَلَ اللَّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى (تبتْ يَدَا أبي لَهَبٍ) سَأَلَ النبي صلى اللَّهُ عليه وسلم عُتْبَةَ طَلاقَ رُقَيَّةَ وَسَأَلَتْهُ رُقَيَّةُ ذلك فَطَلَّقَهَا فَتَزَوجَ عُثْمَانُ بن عَفانَ رضي اللَّهُ عنه رُقَيَّةَ وَتُوُفِّيَتْ عِنْدَهُ.

8996 ـ قەتادە ئىبنى دىئامە مۇنداق دېگەن: رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇلەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتبەنىڭ ئەمرىدە ئىدى. الله تائالا ''سۈرە مەسەد''نى نازىل قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇتبەدىن قىزى رۇقىيەنى تالاق قىلىۋېتىشىنى سورىدى، رۇقىيەمۇ بۇنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇتبە رۇقىيەنى تالاق قىلدى. كېيىن، رۇقىيە

[1] ھەيسەمى (15231): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولدى ۋە ئۇنىڭ ئەمرىدە ۋاپات بولدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 434/22)

8997 ـ الزُّبَيْرُ بن بَكارٍ قال وَكَانَتْ أُم كُلْثُومٍ بنتُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم عِنْدَ عُتْيْبَةَ بن أبي لَهَبٍ الذي أَكَلَهُ الأَسَدُ فَفَارَقَهَا وَلَما تُوُفيَتْ رُقَيَّةُ عِنْدَ عُثْمَانَ زَوجَهُ رسول اللهِ ﷺ أُم كُلْثُومٍ فَتُوُفيَتْ عِنْدَهُ ولم تَلِدْ له شيئا وقال له النبي صلى اللهُ عليه وسلم لو كان لي عَشْرٌ لَزوجْتُكَهُن.

8997 ــ زۇبەير ئىبنى بەككاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ئۇممۇ گۈلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇ لەھەبنىڭ ئوغلى ئۇتەيبەنىڭ ئەمرىدە ئىدى. (يۇقىرىقى سۈرە نازىل بولغاندىن كېيىن) ئۇتەيبە ئۇنى قويۇپ بەردى. رۇقىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ گۈلسۇمنى ھەزرىتى ئوسمانغا ياتلىق قىلدى. ئەمما ئۇمۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمرىدە ۋاپات بولدى، ئۇلارنىڭ بالىسى بولمىغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئوسمانغا:

ــ ئەگەر ئون قىزىم بولغان بولسا، ھەممىسىنى ساڭا (بىر ـ بىرلەپ) ياتلىق قىلاتتىم، ـ دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 436/22)

8998 – عن زَيْنَبَ بنتِ أبي سَلَمَةَ: أن رَسُولَ اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم كان عِنْدَ أُم سَلَمَةَ فَدَخَلَ عليها بِالْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ وَفَاطِمَةَ فَجَعَلَ الْحَسَنَ من شِق وَالْحُسَيْنَ من شِق وَفَاطِمَةَ في حِجْرِهِ ثُم قال رَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ عَلَيْكُمْ أَهْلَ الْبَيتِ انه حَمِيدٌ مَجِيدٌ وأنا

[1] ھەيسەمى (15238)): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زۇھەير ئىبنى ئەلائ ئىسىملىك بىرى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (15242): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى مۇنقەتىئتۇر، ـ دېگەن.

وَأُم سَلَمَةَ جَالِسَتَيْنِ فَبَكَتْ أُم سَلَمَةَ فَنظَرَ إِلَيْهَا فقال ما يُبْكِيكِ فقالت يا رَسُولَ اللهِ خَصَصْتَ هَؤُلاءِ وَتَرَكْتَنِي وابْنَتِي فقال أَنتِ وَابْنَتُكِ من أَهْلِ الْبَيتِ.

8998 ـ زەينەب بىنتى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قېشىدا ئىدى. ھەسەن، ھۈسەيىن ۋە فاتىمەلەر كىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەننى بىر تەرىپىگە، ھۈسەيىننى يەنە بىر تەرىپىگە ۋە فاتىمەنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئى پەيغەمبەر ئائىلىسى! اﷲنىڭ رەھمىتى، بەرىكەتلىرى سىلەرگە بولسۇن. ئۇ ھەقىقەتەن ھەمدىگە لايىق ئۇلۇغ زاتتۇر، ـ دېدى. ئانام ئىككىمىز ئۇلارغا قاراپ ئولتۇراتتۇق، ئانام بىردىنلا يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئۇممۇ سەلەمە! نېمىگە يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىدى، ئانام:

— سەن بۇلارغا ئالاھىدە مۇئامىلە قىلدىڭ ـ يۇ، بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئۇممۇ سەلەمە! قىزىڭ ئىككىڭلارمۇ پەيغەمبەر ئائىلىسىدىن، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 713)

8999 ـ عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُهْدِيَتْ لَهُ قِلَادَةُ جَزْعٍ فَقَالَ لَأَدْفَعنهَا إِلَى أَحَب أَهْلِي إِلَي فَقَالَتْ النسَاءُ ذَهَبتْ بِهَا ابْنَةُ أَبِي قُحَافَةَ فَعلقَهَا فِي عُنُقِ أُمَامَةَ بِنْتِ زَيْنَبَ بِنْتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

8999 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا زۇننار ھەدىيە قىلىنغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[1] ھەيسەمى (15005): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىيئە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

ـ بۇنى ئەھلى بەيتىمدىن مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىرىنىڭ بويىنىغا ئاسىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى:

ــ بۇنى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى ـ دە، دېيىشتى. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇننارنى زەينەبنىڭ قىزى ئۇمامەنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويدى[①].

(ئەھمەد: 25717)

9000 ـ الزُبَيْرُ بن بَكارٍ قال وَأَوْصَى أبو الْعَاصِ بن الربيع بإبنته أُمَامَةَ إلى الزُبَيْـرِ بن الْعَوامِ وَبِتَرْكَتِهِ فَزَوجَهَا الزُبَيْرُ عَلِي بن أبي طَالِبٍ بَعْدَ وَفَاةِ فَاطِمَةَ بنتِ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أَوْصَتْهُ بِذَلِكَ فَاطِمَةُ رضي اللهُ عنها وَقُتِلَ عَلِي بن أبي طَالِبٍ وَأُمَامَةُ بنتُ أبي الْعَاصِ عِنْدَهُ وB تَلِدْ له.

9000 ــ زۇبەيىر ئىبنى بەككاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن) قىزى ئۇمامەنى ۋە مال ـ مۈلكىنى زۇبەيرگە ئامانەت قىلدى، زۇبەير ئۇنى فاتىمە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلىگە ياتلىق قىلىپ قويدى. چۈنكى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن شۇنداق ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. ئەلى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇمامە ئۇنىڭ ئەمرىدە ئىدى. ئۇ پەقەتلا يەڭگىمىگەنىدى[②].

(«ئەلكەبىر»: 1081)

9001 ـ عن أَنسٍ بن مَالِكٍ قال لَما مَاتَتْ فَاطِمَةُ بنتُ أَسَدِ بن هَاشِمٍ أُم عَلِي بن أبي طَالِبٍ دخل عليها رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَجَلَسَ عِنْدَ رَأْسِهَا فقال رَحِمَـكِ اللهُ يا أُمي كُنتِ أُمي بَعْدَ أُمي وَتُشْبِعِينِي وَتَعْرَيْنَ وَتُكْسِـينِي وَتَمْـنَعِينَ نَفْسَـكِ طَيِّبَـا

[①] ھەيسەمى (15391): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى، ئەبۇ يەئلا ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ. ئەبۇ يەئلا بىلەن ئەھمەدنىڭ سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن..

[②] ھەيسەمى (15392): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى مۇنقەتىئتۇر، ـ دېگەن.

وَتُطْعِمِينِي تُرِيدِينَ بِذَلِكَ وَجْهَ اللهِ وَالدارَ الآخِرَةَ ثم أَمَرَ أَنْ تُغَسلَ ثَلاثًا فلما بَلَغَ الْمَاءُ الذي فيه الْكَافُورُ سَكَبَهُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بيده ثُم خَلَعَ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم قَمِيصَهُ فَأَلْبَسَهَا إِياهُ وَكَفَنَهَا بِبُرْدٍ فَوْقَهُ ثُم دَعَا رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم أُسَامَةَ بن زَيْدٍ وَأَبا أيوبَ الأَنصَارِي وَعُمَرَ بن الْخَطابِ وَغُلامًا أَسْوَدَ يَحْفُرُونَ فَحَفَرُوا قَبْرَهَا فلما بَلَغُوا اللحْدَ حَفَرَهُ رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم بيده وَأَخْرَجَ تُرَابَهُ بيده فلما فَرَغَ دخل رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم فَاضْطَجَعَ فيه ثُم قال اللهُ الذي يُحْيِي وَيُمِيتُ وهو حَي لا يَمُوتُ أغفر لأُمي فَاطِمَةَ بنتِ أَسَدٍ ولَقِّنْهَا حُجَتها وَوَسعْ عليها مُدْخَلَهَا بِحَق نَبِيكَ وَالأَنْبِيَاءِ الذِينَ من قَبْلِي فَإِنكَ أَرْحَمُ الراحِمِينَ وَكَبرَ عليها أَرْبَعًا وأَدْخَلُوها اللحْدَ هو وَالْعَباسُ وأبو بَكْرٍ الصديقُ رضي اللهُ عَنْهُمْ.

9001 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئانىسى فاتىمە بىنتى ئەسەد ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى ۋە:

ـ ئى ئانا! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن. سەن ئۆز ئانامدىن كېيىن، ماڭا ئانا بولغان ئىدىڭ. يېنىڭغا ئاچ قورساق كىرەتتىم، قورسىقىمنى تويغۇزاتتىڭ. ئۇچام يېلىڭ كىرەتتىم، كىيىندۇرۇپ قوياتتىڭ. ئۆزەڭ يېمەي يېگۈزەتتىڭ، كىيمەي كىيگۈزەتتىڭ ۋە بۇلارنى پەقەت اللهنىڭ رازىلىقى ۋە ئاخىرەت كۈننى كۆزلەپ قىلاتتىڭ، ـ دېدى. ئاندىن ئۇنى ئۈچ قېتىم يۇيۇشقا بۇيرىدى. كافۇرلۇق سۇ كەلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن قۇيۇپ بەردى. ئاندىن كۆينىكىنى سېلىپ كىيگۈزۈپ قويدى ۋە يەكتىكى بىلەن كېپەنلىدى. ئاندىن ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە بىر قارا خىزمەتچىنى ئۇنىڭ يەرلىكىنى كولاشقا بۇيرىدى. ئۇلار لەھەدكە يەتكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى قولى بىلەن كولاپ، توپىسىنى ئۆزى ئالدى. ئاندىن لەھەدكە كىرىپ، يېتىپ باققاندىن كېيىن:

ـــ الله مەخلۇقاتلارغا جان ئاتا قىلغۇچى ۋە ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالغۇچىدۇر، لېكىن ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان بىردىنبىر زاتتۇر. ئى الله!

ئەسەدنىڭ قىزى ۋە مېنىڭ ئانام فاتىمەنى مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا شاھادەتنى تەلقىن قىلغىن. مېنىڭ ۋە مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەققى ــ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسىنى كېڭەيتكىن. سەن ئەڭ رەھىمدىل زاتسەن، ـ دېدى. ئاندىن تۆت تەكبىر بىلەن نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئەبۇ بەكرى ۋە ئاباسلارنىڭ ياردىمى بىلەن يەرلىككە قويدى①.

(«ئەلكەبىر»: 351/24)

9002 ـ عن عبد الرحمن بن أبي رَافِعٍ أن أُم هَانِئٍ بنتَ أبي طَالِبٍ خَرَجَتْ مُتَبرجَةً قد بَدَا قُرْطَاها فقال لها عُمَرُ بن الْخَطابِ اعْلَمِي فإن مُحَمدًا لا يُغْنِي عَنْكِ شيئا فَجَـاءَتْ إلى النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَأَخْبَرَتْهُ فقال رسول اللهِ صلى اللهُ عليه وسلم ما بَالُ أَقْوَامٍ يَزْعُمُونَ أن شَفَاعَتِي لا تَنالُ أَهْلَ بيتي وأن شَفَاعَتِي تَنالُ حا وحكم حا وَحُكْمَ قَبِيلَتَانِ.

9002 ــ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ رافىئدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى رەزىيەللاھۇ ئەنھا ياغلىقتىن ھالقىسى چىقىپ قالغان ھالدا سىرتقا چىققانىدى، ئۇنى كۆرگەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بىلىپ قويغىنكى! ئاخىرەتتە مۇھەممەد (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)دىن ساڭا ھېچقانداق مەنپەئەت يەتمەيدۇ، ـ دېدى. ئۇممۇ ھانى دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بەزىلەر نېمە ئۈچۈن مېنىڭ شاپائىتىمنىڭ ئائىلەمگە يەتمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرىدىغاندۇ؟ ھالبۇكى، مېنىڭ شاپائىتىم ھا ۋە ھۇكم جەمەتلىرىگىمۇ يېتىدىغان تۇرسا! ـ دېدى②.

(«ئەلكەبىر»: 434/34)

① ھەيسەمى (15399): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە روھ ئىبنى سەلاھ ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (15401): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مۇرسەل رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9003 ـ عَنْ دُرةَ بِنْتِ أَبِي لَهَبٍ قَالَتْ كُنتُ عِنْدَ عَائِشَةَ فَدَخَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ ائْتونِي بِوَضُوءٍ قَالَتْ فَابْتَدَرْتُ أَنا وَعَائِشَةُ الْكُوزَ فَأَخَذْتُه أَنا فَتَوَضأَ فَرَفَعَ بَصَرَهُ إِلَي أَوْ طَرْفَهُ إِلَي وَقَالَ أَنتِ مِني وَأَنا مِنْكِ.

9003 ـ ئەبۇ لەھەبنىڭ قىزى دۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كەلدى ــ دە:

ــ ماڭا بىر قاچا سۇ ئەكېلىپ بېرىڭلار! ـ دېدى. ئائىشە ئىككىمىز چۆگۈنگە يۈگۈردۇق، بىراق چۆگۈننى مەن ئېلىۋېلىپ، سۇ ئەكېلىپ بەردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاھارەت ئالدى. ئاندىن ماڭا قاراپ:

ــ سەن مەندىن، مەنمۇ سەندىن، ـ دېدى[①].

(ئەھمەد: 27463)

9004 ـ عَنِ بن عُمَرَ وغيره: قَدِمَتْ دُرةُ بنتُ أبي لَهَبٍ الْمَدِينَةَ مُهَاجِرَةً فَنزَلَتْ دَارَ رَافِعِ بن الْمُعَلى الزرَقِي فقال لها نِسْوَةٌ جَالِسِينَ إِلَيْهَا من بني زُرَيْقٍ أَنتِ بنتُ أبي لَهَبٍ الذي يقول اللهُ عز وجل تَبتْ يَدَا أبي لَهَبٍ وَتَب ما أَغْنَى عنه مَالُهُ وما كَسَبَ ما يُغْنِي عَنْكِ مُهاجَرُكِ فَأَتتْ دُرةُ النبي صلى اللهُ عليه وسلم فَشَكَتْ إليه ما قُلْنَ لها فَسَكَنَها وقال اجلسي ثم صلى بِالناسِ الظهْرَ وَجَلَسَ على الْمِنْبَرِ سَاعَةً ثُم قال أَيهَا الناس ما لي أُوذى في أَهْلِي فَوَاللهِ ان شَفَاعَتِي لَتَنالُ حَي حَا وَحُكْمَ وصَدَاءَ وسَلْهَبَ يوم الْقِيَامَةِ.

9004 ــ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ لەھەبنىڭ قىزى دۇررە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كېلىپ، رافىئ ئىبنى مۇئەللا زۇرەقىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. زۇرەيىق جەمەتىدىن بىر تۈركۈم ئايال ئۇنىڭغا:

ـ سەن ”سۈرە مەسەد“تە تىلغا ئېلىنغان ئەبۇ لەھەبنىڭ قىزىغۇ؟ ھىجرەت قىلغىنىڭنىڭ ساڭا نېمە پايدىسى؟ ـ دېدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتقاندى، پەيغەمبەر

---

① ھەيسەمى (15404): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى ۋە ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى. ئاندىن جامائەت بىلەن پىشىن نامىزىنى ئوقۇپ، مۇنبەرگە چىقىپ ئازراق ئولتۇردى، ئاندىن:

— ئى جامائەت! ئائىلەم ھەققىدە ماڭا نېمە ئۈچۈن ئەزىيەت بېرىلىدۇ؟ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ شاپائىتىم قىيامەت كۈنى ھا، ھۇكم، سەدا ۋە سەلھەب قەبىلىلىرىگىچە يېتىدۇ، - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 660)

[1] ھەيسەمى (15402): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى بەشىر دەمەشقى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

## ئەھلى بەيتنىڭ ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈيئوغۇللىرىنىڭ پەزىلەتلىرى

9005 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحِبوا اللهَ لِمَا يَغْذُوكُمْ مِنْ نِعَمِهِ وَأَحِبونِي بِحُب اللِهِ وَأَحِبوا أَهْلَ بَيْتِي بِحُبي.

9005 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرگە ئاتا قىلغان نېئمىتى ئۈچۈن ﷲنى ياخشى كۆرۈڭلار. ﷲنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن مېنى (ياخشى كۆرۈڭلار)؛ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن ئەھلى بەيتىمنى ياخشى كۆرۈڭلار»[1].

(تىرمىزى: 3789)

9006 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ قَالَ لَما أَنْزَلَ اللهُ هَذِهِ الْآيَةَ تَعَالَوْا نَدْعُ أَبْنَاءَنَا وَأَبْنَاءَكُمْ وَنِسَاءَنَا وَنِسَاءَكُمْ الْآيَةَ دَعَا رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلِيا وَفَاطِمَةَ وَحَسَنًا وَحُسَيْنًا فَقَالَ اللهُم هَؤُلَاءِ أَهْلِي قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ غَرِيبٌ صَحِيحٌ.

9006 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى يىغىپ دۇئا قىلايلى [2] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەلى، فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى (يېنىغا) چاقىرىپ: «ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر» دېدى[3].

(تىرمىزى: 2999)

---

[1] ئەلبانى (792): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] سۈرە ئال ئىمران، 61 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (2397): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

9007 ـ عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ جَلَّلَ عَلَى الْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ وَعَلِيٍّ وَفَاطِمَةَ كِسَاءً ثُمَّ قَالَ اللَّهُمَّ هَؤُلَاءِ أَهْلُ بَيْتِي وَخَاصَّتِي أَذْهِبْ عَنْهُمُ الرِّجْسَ وَطَهِّرْهُمْ تَطْهِيرًا فَقَالَتْ أُمُّ سَلَمَةَ وَأَنَا مَعَهُمْ يَا رَسُولَ اللَّهِ قَالَ إِنَّكِ إِلَى خَيْرٍ.

9007 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن، ھۈسەين، ئەلى ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئۈستىگە بىر يېپىنچىنى يېپىپ:

ـ ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر، خاس كىشىلىرىمدۇر. ئۇلارنى گۇناھتىن يىراق قىلغىن ۋە تامامەن پاكلىغىن! ـ دېدى. (شۇ چاغدا) ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن:

ـ ئى ئۇممۇ سەلەمە! سەن ياخشىلىق ئۈستىدە، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 3871)

9008 ـ عَنْ عُمَرَ بْنِ أَبِي سَلَمَةَ رَبِيبِ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ عَلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّمَا يُرِيدُ اللَّهُ لِيُذْهِبَ عَنْكُمُ الرِّجْسَ أَهْلَ الْبَيْتِ وَيُطَهِّرَكُمْ تَطْهِيرًا فِي بَيْتِ أُمِّ سَلَمَةَ فَدَعَا النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَاطِمَةَ وَحَسَنًا وَحُسَيْنًا فَجَلَّلَهُمْ بِكِسَاءٍ وَعَلِيٌّ خَلْفَ ظَهْرِهِ فَجَلَّلَهُ بِكِسَاءٍ ثُمَّ قَالَ اللَّهُمَّ هَؤُلَاءِ أَهْلُ بَيْتِي فَأَذْهِبْ عَنْهُمُ الرِّجْسَ وَطَهِّرْهُمْ تَطْهِيرًا قَالَتْ أُمُّ سَلَمَةَ وَأَنَا مَعَهُمْ يَا نَبِيَّ اللَّهِ قَالَ أَنْتِ عَلَى مَكَانِكِ وَأَنْتِ إِلَى خَيْرٍ.

9008 ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆگەي بالىسى ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى پەيغەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر! الله سىلەردىن گۇناھنى ساقىت

① ئەلبانى (3038): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىشنى ۋە سىلەرنى تامامەن پاك قىلىشنى خالايدۇ[1] دېگەن بۇ ئايەت پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇممۇ سەلەمەنىڭ ئۆيىدە نازىل بولدى. شۇ چاغدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر يېپىنچىنى ياپتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئىدى، ئۇنىڭغىمۇ بىر يېپىنچىنى ياپتى، ئاندىن: «ئى رەببىم! بۇلار مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدۇر. ئۇلارنى گۇناھتىن يىراق قىلغىن ۋە تامامەن پاكلىغىن!» دېدى. (شۇ چاغدا) ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگىمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن:

- سەن ئۆز ئورنىڭدا تۇرساڭمۇ (ئەھلى بەيتىمسەن، يېپىنچىنىڭ ئاستىغا كىرىشىڭگە ھاجەت يوق)، سەن ياخشىلىق ئۈستىدىسەن، - دېدى[2].

(تىرمىزى: 3787)

9009 - عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَخَذَ بِيَدِ حَسَنٍ وَحُسَيْنٍ فَقَالَ مَنْ أَحَبَّنِي وَأَحَبَّ هَذَيْنِ وَأَبَاهُمَا وَأُمَّهُمَا كَانَ مَعِي فِي دَرَجَتِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

9009 - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «كىم مېنى، بۇ ئىككىسىنى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى ياخشى كۆرسە، قىيامەت كۈنىدە ئۇ كىشى مەن بىلەن بىر دەرىجىدە بولىدۇ» دېگەن[3].

(تىرمىزى: 3733)

[1] سۈرە ئەھزاب، 33 - ئايەت.

[2] ئەلبانى (2562): سەھىھ - دېگەن.

[3] ئەلبانى (780): زەئىپ، - دېگەن.

9010 ـ زاد رزين بعد قوله: «وأمهما»: «ومات مُتبعا لسنّتي غيرَ مُبْتَدع، كـان معي في الجنة».

9010 ـ رەزىن يۇقىرىدىكى ھەدىستىكى: «ئاتا ـ ئانىلىرىنى ياخشى كۆرسە» دېگەن سۆزدىن كېيىن: «بىدئەت پەيدا قىلماستىن سۈننىتىم ئۈستىدە ئۆلسە، جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

9011 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لِعَلي وَفَاطِمَةَ وَالْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ أَنا حَرْبٌ لِمَنْ حَارَبْتُمْ وَسِلْمٌ لِمَنْ سَالَمْتُمْ.

9011 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرىتى ئەلى، فاتىمە، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارغا: «مەن سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارغا دۈشمەن، دوستۇڭلارغا دوستمەن» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 3870)

9013 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمًا فِينَا خَطِيبًا أَلَا أَيهَا الناسُ فَإِنمَا أَنا بَشَرٌ يُوشِكُ أَنْ يَأْتِيَ رَسُولُ رَبي فَأُجِيبَ وَأَنا تَارِكٌ فِيكُمْ ثَقَلَيْنِ أَولُهُمَا كِتَابُ اللهِ فِيهِ الْهُدَى وَالنورُ فَخُذُوا بِكِتَابِ اللهِ وَاسْتَمْسِكُوا بِهِ وَأَهْلُ بَيْتِي أُذَكرُكُمْ اللهَ فِي أَهْلِ بَيْتِي أُذَكرُكُمْ اللهَ فِي أَهْلِ بَيْتِي أُذَكرُكُمْ اللهَ فِي أَهْلِ بَيْتِي فَقَالَ لَهُ حُصَيْنٌ وَمَنْ أَهْلُ بَيْتِهِ يَا زَيْدُ أَلَيْسَ نِسَاؤُهُ مِنْ أَهْلِ بَيْتِهِ قَالَ نِسَاؤُهُ مِنْ أَهْلِ بَيْتِهِ وَلَكِنْ أَهْلُ بَيْتِهِ مَنْ حُرِمَ الصدَقَةَ بَعْدَهُ قَالَ وَمَنْ هُمْ قَالَ هُمْ آلُ عَلِي وَآلُ عَقِيلٍ وَآلُ جَعْفَرٍ وَآلُ عَباسٍ قَالَ كُل هَؤُلَاءِ حُرِمَ الصدَقَةَ قَالَ نَعَمْ.

9013 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى خۇتبىسىدە: «ئى ئىنسانلار! مەن پەقەت بىر ئىنسانمەن. رەببىمنىڭ ئەلچىسى (يەنى ئەزرائىل)نىڭ كېلىشىگە ئاز قالدى، ئۇ چاغدا مەن ئۇ

[1] ئەلبانى (813): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئالەمگە سەپەر قىلىشىم مۇمكىن. مەن سىلەرگە ئىككى ئەڭگۈشتەرنى قويۇپ كېتىمەن. ئۇلارنىڭ بىرى، الله تائالانىڭ كىتابى بولۇپ، ئۇ ھىدايەت ۋە نۇردۇر، سىلەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىڭلار. ئەھلى بەيتىمنى تاشلاپ كېتىۋاتىمەن، ئەھلى بەيتىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا اللهتىن قورقۇڭلار، ئەھلى بەيتىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا اللهتىن قورقۇڭلار، ئەھلى بەيتىمگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا اللهتىن قورقۇڭلار!» دېدى.

ھۇسەين زەيدكە:

- ئى زەيد! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھلى بەيتى كىملەر؟ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئەھلى بەيتى ئەمەسمۇ؟ - دېگەندى، زەيد:

— ئاياللىرىمۇ ئەھلى بەيتىدىن، لېكىن سەدىقە يېيىشتىن چەكلەنگەن كىشىلەرمۇ ئەھلى بەيتىدىندۇر، - دېدى. ھۇسەين:

- ئۇنداقتا، ئۇلار كىم؟ دەپ سورىدى. ئۇ:

— ئۇلار: ئەلىنىڭ ئائىلىسى، ئەقىلنىڭ ئائىلىسى، جەئفەرنىڭ ئائىلىسى ۋە ئابباسنىڭ ئائىلىسىدۇر، - دېدى. ھۇسەين:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى سەدىقە يېيىشتىن چەكلەنگەنمۇ؟ - دەپ سورىغاندى، ئۇ:

- ھەئە، - دېدى.

(مۇسلىم: 2408)

9014 ـ عن عبد الله بن الزبير أن النبي صلى الله عليه وسلم قال: "مثل أهل بيتي مثل سفينة نوح من ركبها سلم ومن تركها غرق".

9014 - ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەھلى بەيتىم خۇددى نۇھ (ئەلەيھىسسالام)نىڭ كېمىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا (كېمىگە) چىققان كىشى قۇتۇلغان، چىقمىغان كىشى غەرق بولغاندى»[1].

(بەززار: 2613)

9015 ـ عن أبي سعيد الخدري قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: «إنما مثل أهل بيتي فيكم مثل باب حطة في بني إسرائيل، من دخل غفر له».

9015 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«سىلەرگە نىسبەتەن مېنىڭ ئەھلى بەيتىم بەنى ئىسرائىلدىكى ”ھىتتە“ دەرۋازىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇ دەرۋازىدىن كىرگەن (كىشى) مەغپىرەتكە ئېرىشەتتى»[2].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلسەغىر»: 825)

9016 ـ عن عثمان قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: «من صنع إلى أحد من ولد عبد المطلب يدا، فلم يكافئه بما في الدنيا، فعلي مكافأته غدا إذا لقيني».

9016 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئابدۇلمۇتتەلىب باللىرىدىن بىرىگە بىر ياخشىلىق قىلغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى دۇنيادا قايتۇرالمىسا، تاڭلا قىيامەتتە ماڭا يولۇققاندا، (ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى) مەن قايتۇرىمەن»[3].

(«ئەلئەۋسەت»: 1469)

---

[1] ھەيسەمى (14980): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (14981): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (15017): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبۇ زىناد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

9017 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ: سَمِعْتُ عُمَرَ بن الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ للناس حين تزوج بنت علي: ألا تُهنوني، سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ: "يَنقَطِعُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ كُل سَبَبٍ وَنَسَبٍ إلا سَبَبِي وَنَسَبِي".

9017 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن چېغىدا كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم:

ــ مېنى تەبرىكلىمەمسىلەر! چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: «قىيامەت كۈنى، ھەر قانداق سەۋەب ۋە نەسەب ئۈزۈلىدۇ، ئەمما مېنىڭ سەۋەبىم ۋە نەسەبىم قالىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر: 2635؛ «ئەلئەۋسەت»)

9018 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بن أَبِي أَوْفَى، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "سَأَلْتُ رَبي ألا أَتَزَوجَ إِلَى أَحَدٍ، وَلا أُزَوجُ إِلَيْهِ إلا كَانَ مَعِيَ فِي الْجَنةِ، فَأَعْطَانِي ذَلِكَ".

9018 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رەببىمدىن مەن ئۆيلەنگەن ھەر بىر ئايالنىڭ ۋە مەن قىزىمنى بەرگەن ھەر بىر كىشىنىڭ جەننەتتە مەن بىلەن بىرگە بولۇشىنى تىلىدىم، رەببىم تىلىكىمنى ئىجابەت قىلدى»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ھەيسەمى (15019): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ھەسەن ئىبنى سەھل ئىسىملىك كىشىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16387): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ئىبنى كۈمەيت ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## مۇھاجىر ۋە ئەنسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى

9019 ـ عَنْ مَسْلَمَةَ بن مَخْلَدٍ، أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "يَسْبِقُ الْمُهَاجِرُونَ الناسَ بِأَرْبَعِينَ خَرِيفًا إِلَى الْجَنةِ، يَتَنعمُونَ فِيهَا وَالناسُ مَحْبُوسُونَ لِلْحِسَابِ، ثُم تَكُونُ الزمْرَةُ الثانِيَةُ مِائَةَ خَرِيفٍ".

9019 ـ مەسلەمە ئىبنى مەخلەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇھاجىرلار ئىنسانلاردىن 40 يىل بۇرۇن (جەننەتكە) كىرىدۇ. راھەت ـ پاراغەتتە ياشايدۇ. ئۇ چاغدا، ئىنسانلار ھېساب بېرىش ئۈچۈن توختىتىپ قويۇلغان بولىدۇ. (مۇھاجىرلاردىن) ئىككىنچى تۈركۈمدىكىلەر جەننەتكە باشقىلاردىن 100 يىل بۇرۇن كىرىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 438/19)

9020 ـ عَنْ جَرِيرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «الْمُهَـاجِرُونَ وَالأَنْصَارُ أَوْلِيَاءُ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ وَالطلَقَاءُ مِنْ قُرَيْشٍ وَالْعُتَقَاءُ مِنْ ثَقِيفٍ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ».

9020 ـ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار بىر ـ بىرلىرىگە دوستتۇر. قۇرەيش (قەبىلىسىدىن مەككە پەتھى بولغان كۈنى) ئەپۇ قىلىنغانلار بىلەن

[1] ھەيسەمى (16373): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇرراھمان ئىبنى مالىك ئىسمىلىك بىرى بار، مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

سەقىپ (قەبىلىسى)دىن ئازاد قىلىنغانلار تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر بىر ـ بىرىگە دوستتۇر»[①].

(ئەھمەد: 18730؛ «ئەلكەبىر»)

9021 ـ عَنْ غَيْلَانَ بْنِ جَرِيرٍ قَالَ قُلْتُ لِأَنَسٍ أَرَأَيْتَ اسْمَ الْأَنْصَارِ كُنْتُمْ تُسَمَّوْنَ بِهِ، أَمْ سَمَّاكُمُ اللَّهُ قَالَ بَلْ سَمَّانَا اللَّهُ، كُنَّا نَدْخُلُ عَلَى أَنَسٍ فَيُحَدِّثُنَا مَنَاقِبَ الْأَنْصَارِ وَمَشَاهِدَهُمْ، وَيُقْبِلُ عَلَيَّ أَوْ عَلَى رَجُلٍ مِنَ الْأَزْدِ فَيَقُولُ فَعَلَ قَوْمُكَ يَوْمَ كَذَا وَكَذَا كَذَا وَكَذَا.

9021 ـ غەيلان ئىبنى جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ ئەنسار دېگەن ئىسىمنى سىلەر بۇرۇن قويغانمىدىڭلار ياكى بۇنى سىلەرگە الله قويدىمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ بۇ ئىسىمنى بىزگە الله قويغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بىز ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇراتتۇق، ئۇ بىزگە ئەنسارلارنىڭ ئەخلاقلىرىنى ۋە قاتناشقان غازاتلىرىنى ئاڭلىتاتتى. ماڭا ياكى ئەزدىدىن بىر كىشىگە بۇرۇلۇپ:

ـ سېنىڭ قەۋمىڭ پالانى كۈنى، پالانى جايدا مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلغان، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 3776)

9022 ـ عَنْ أُبَيِّ بْنِ كَعْبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَوْلَا الْهِجْرَةُ لَكُنْتُ امْرَأً مِنَ الْأَنْصَارِ.

9022 ـ ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

① ھەيسەمى (16375): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

«ھىجرەت قىلمىغان بولسام ئىدىم، ئەنسارلاردىن بىرى بولۇۋالاتتىم»[①].

(تىرمىزى: 3899)

9023 ـ عَنْ الْبَرَاء رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْأَنصَارُ لَا يُحِبهُمْ إِلا مُؤْمِنٌ وَلَا يُبْغِضُهُمْ إِلا مُنَافِقٌ فَمَنْ أَحَبهُمْ أَحَبهُ اللهُ وَمَنْ أَبْغَضَهُمْ أَبْغَضَهُ اللهُ.

9023 ـ بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەنسارلارنى پەقەت مۇئمىن كىشىلا ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى پەقەت مۇناپىقلا يامان كۆرىدۇ. كىمكى ئۇلارنى ياخشى كۆرسە، الله ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. كىمكى ئۇلارنى يامان كۆرسە، الله ئۇنى يامان كۆرىدۇ».

(بۇخارى: 3783)

9024 ـ عَنْ أَنس عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ آيَةُ الْإِيمَانِ حُب الْأَنصَارِ وَآيَةُ النفَاقِ بُغْضُ الْأَنصَارِ.

9024 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەنسارلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ ئالامىتىدۇر، ئەنسارلارنى يامان كۆرۈش بولسا، مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر».

(بۇخارى: 17)

9025 ـ عَنْ أَنسٍ ـ رضى الله عنه ـ قَالَ رَأَى النبِى ـ صلى الله عليه وسلم ـ النسَاءَ وَالصبْيَانَ مُقْبِلِينَ ـ قَالَ حَسِبْتُ أَنهُ قَالَ مِنْ عُرُسٍ ـ فَقَامَ النبِى ـ صلى الله عليه وسلم ـ مُمْثِلاً، فَقَالَ «اللهُم أَنْتُمْ مِنْ أَحَب الناسِ إِلَى». قَالَهَا ثَلاَثَ مِرَارٍ.

---

① ئەلبانى (3059): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

9025 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر تويدىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارنى كۆرۈپ، ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئۈچ قېتىم: «سىلەر مەن ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكلىرى» دېدى.

(بۇخارى: 3785)

9026 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم اغْفِرْ لِلْأَنصَارِ وَلِأَبْنَاءِ الْأَنصَارِ وَأَبْنَاءِ أَبْنَاءِ الْأَنصَارِ.

9026 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى رەببىم! ئەنسارلارنى، ئەنسارلارنىڭ بالىلىرىنى ۋە بالىلىرىنىڭ بالىلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن».

(مۇسلىم: 2506)

9027 ـ عَنْ أَنسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُم اغْفِرْ لِلْأَنصَارِ وَلِأَبْنَاءِ الْأَنصَارِ وَلِأَبْنَاءِ أَبْنَاءِ الْأَنصَارِ وَلِنِسَاءِ الْأَنصَارِ.

9027 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئى رەببىم! ئەنسارلارنى، ئەنسارلارنىڭ بالىلىرىنى، بالىلىرىنىڭ بالىلىرىنى ۋە ئەنسارلارنىڭ ئاياللىرىنى مەغپىرەت قىلغىن»[1].

(تىرمىزى: 3909)

9028 ـ أَنس أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَغْفَرَ لِلْأَنصَارِ قَالَ وَأَحْسِبُهُ قَالَ وَلِذَرَارِي الْأَنصَارِ وَلِمَوَالِي الْأَنصَارِ لَا أَشُك فِيهِ.

[1] ئەلبانى (3068): سەھىھ ـ دېگەن.

9028 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارلارغا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا ۋە ئازادگەردىلىرىگە مەغپىرەت تەلەپ قىلغان.

(مۇسلىم: 2507)

9029 ـ عَنْ ابنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ خَرَجَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي مَرَضِهِ الذِي مَاتَ فِيهِ بِمِلْحَفَةٍ قَدْ عَصبَ بِعِصَابَةٍ دَسْمَاءَ حَتى جَلَسَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَحَمِدَ اللهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ ثُم قَالَ أَما بَعْدُ فَإِن الناسَ يَكْثُرُونَ وَيَقِل الْأَنصَارُ حَتى يَكُونُوا فِي الناسِ بِمَنْزِلَةِ الْمِلْحِ فِي الطعَامِ فَمَنْ وَلِيَ مِنْكُمْ شَيْئًا يَضُر فِيهِ قَوْمًا وَيَنْفَعُ فِيهِ آخَرِينَ فَلْيَقْبَلْ مِنْ مُحْسِنِهِمْ وَيَتَجَاوَزْ عَنْ مُسِيئِهِمْ.

9029 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىكى كېسەل كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ياغلىشىپ كەتكەن بىر يېپىنچىنى ئۈستىگە ئارتىپ، مەسجىدكە چىقتى ۋە مۇنبەردە ئولتۇرۇپ، اللهقا ھەمدۇ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «ئىنسانلار كۆپىيىپ، ئەنسارلارنىڭ سانى ئازىيىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدا خۇددى تاماقتىكى تۇزچىلىك قالىدۇ. ئاراڭلاردىن كىمكى بىرىلىرىگە پايدا، يەنە بىرىلىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىشقا ئىگە بولسا (يەنى ھوقۇق تۇتسا)، ئۇلار (يەنى ئەنسارلار)نىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن».

(بۇخارى: 3628)

9030 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قال قال النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أُوصِيكُمْ بِالْأَنصَارِ فَإِنهُمْ كَرِشِي وَعَيْبَتِي وَقَدْ قَضَوْا الذِي عَلَيْهِمْ وَبَقِيَ الذِي لَهُمْ فَاقْبَلُوا مِنْ مُحْسِنِهِمْ وَتَجَاوَزُوا عَنْ مُسِيئِهِمْ.

9030 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەنسارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئۇلار مېنىڭ يېقىنلىرىم ۋە سىرداشلىرىمدۇر. (ئۇلار) ئۆز بۇرچلىرىنى تولۇق ئادا قىلدى، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ھەق (مۇكاپات) ئاخىرەتكە قالدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يامان ئىشلىرىنى ئەپۇ قىلىڭلار».

(بۇخارى: 3799)

9031 ـ عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَتْ الْأَنْصَارُ يَا رَسُولَ اللهِ لِكُلِّ نَبِيٍّ أَتْبَاعٌ وَإِنَّا قَدْ اتَّبَعْنَاكَ فَادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَ أَتْبَاعَنَا مِنَّا فَدَعَا بِهِ.

9031 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بار. بىز ساڭا ئەگەشتۇق. اﷲقا دۇئا قىلغىنكى، بىزگە ئەگىشىدىغان ئىنسانلارنى بىزدىن قىلسۇن! ـ دېگەندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىستەكلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

(بۇخارى: 3787)

9032 ـ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ أَبِي طَلْحَةَ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَقْرِئْ قَوْمَكَ السَّلَامَ فَإِنَّهُمْ مَا عَلِمْتُ أَعِفَّةٌ صُبُرٌ.

9032 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «قەۋمىڭگە سالام ئېيتقىن! مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇلار ئىپپەتلىك ۋە سەۋرلىك كىشىلەردۇر» دېدى[1].

(تىرمىزى: 3903)

9033 ـ عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ دَعَا النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْأَنْصَارَ لِيَكْتُبَ لَهُمْ بِالْبَحْرَيْنِ فَقَالُوا لَا وَاللهِ حَتَّى تَكْتُبَ لِإِخْوَانِنَا مِنْ قُرَيْشٍ بِمِثْلِهَا فَقَالَ ذَاكَ لَهُمْ

[1] ئەلبانى (819): زەئىپ، ـ دېگەن.

مَا شَاءَ اللَّهُ عَلَى ذَلِكَ يَقُولُونَ لَهُ قَالَ فَإِنَّكُمْ سَتَرَوْنَ بَعْدِي أَثَرَةً فَاصْبِرُوا حَتَّى تَلْقَوْنِي عَلَى الْحَوْضِ.

9033 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەھرەيىن زېمىنىنى ئەنسارلارغا بۆلۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى چاقىردى. لېكىن ئۇلار:

ـ قۇرەيشلىك قېرىنداشلىرىمىزغىمۇ شۇنچىلىك زېمىن تەقسىم قىلىنسۇن، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله خالىسىلا، ئۇلارغىمۇ شۇنچىلىك بېرىلىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا:

ـ مەندىن كېيىن، (دۇنيالىق ئىشلاردا) باشقىلار سىلەردىن ئۈستۈن كۆرۈلىدۇ. سىلەر مەن بىلەن ھەۋزى كەۋسەردە ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋر قىلىڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 3163)

9034 ـ عَنْ أُسَيْدِ بْنِ حُضَيْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ رَجُلًا مِنْ الْأَنْصَارِ قَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَلَا تَسْتَعْمِلُنِي كَمَا اسْتَعْمَلْتَ فُلَانًا قَالَ سَتَلْقَوْنَ بَعْدِي أُثْرَةً فَاصْبِرُوا حَتَّى تَلْقَوْنِي عَلَى الْحَوْضِ.

9034 ـ ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارلاردىن بىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! پالانچىغا ئىش بەرگىنىڭدەك، ماڭىمۇ ئىش بەرمەمسەن؟ ـ دېگەندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەندىن كېيىن، (دۇنيالىق ئىشلاردا) باشقىلار سىلەردىن ئۈستۈن كۆرۈلىدۇ. سىلەر مەن بىلەن ھەۋزى كەۋسەردە ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋر قىلىڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 3792)

9035 ـ عَنْ قَتَادَةَ قَالَ مَا نَعْلَمُ حَيًّا مِنْ أَحْيَاءِ الْعَرَبِ أَكْثَرَ شَهِيدًا أَعَزَّ يَوْمَ الْقِيَامَةِ مِنْ الْأَنْصَارِ قَالَ قَتَادَةُ وَحَدَّثَنَا أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ أَنَّهُ قُتِلَ مِنْهُمْ يَوْمَ أُحُدٍ سَبْعُونَ وَيَوْمَ بِئْرِ مَعُونَةَ

سَبْعُونَ وَيَوْمَ الْيَمَامَةِ سَبْعُونَ قَالَ وَكَانَ بِئْرُ مَعُونَةَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَيَوْمُ الْيَمَامَةِ عَلَى عَهْدِ أَبِي بَكْرٍ يَوْمَ مُسَيْلِمَةَ الْكَذابِ.

9035 ـ قەتادە مۇنداق دەيدۇ: ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ شېھىد بولغان، قىيامەت كۈنى ئەڭ ئىززەتلىك بولىدىغان ئەنسارلاردەك بىر قەۋمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمىز. چۈنكى ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىزگە سۆزلەپ بېرىشىچە، ئەنسارلاردىن ئۇھۇد ئۇرۇشىدا 70 كىشى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا يۈز بەرگەن بىئرى مەئۇنە ئۇرۇشىدا 70 كىشى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زامانىدا مۇسەيلىمە كەززابقا قارشى ئېلىپ بېرىلغان يەمامە ئۇرۇشىدا 70 كىشى شېھىد بولغانىكەن.

(بۇخارى: 4078)

9036 ـ عَنْ أَبِي أُسَيْدٍ الأَنصَارِى يَشْهَدُ أَن رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ قَالَ: «خَيْرُ دُورِ الأَنصَارِ بَنُو النجارِ ثُم بَنُو عَبْدِ الأَشْهَلِ ثُم بَنُو الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ ثُم بَنُو سَاعِدَةَ وَفِى كُل دُورِ الأَنصَارِ خَيْرٌ». قَالَ أَبُو سَلَمَةَ قَالَ أَبُو أُسَيْدٍ أَتهَمُ أَنا عَلَى رَسُولِ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ لَوْ كُنتُ كَاذِبًا لَبَدَأْتُ بِقَوْمِى بَنِى سَاعِدَةَ. وَبَلَغَ ذَلِكَ سَعْدَ بْنَ عُبَادَةَ فَوَجَدَ فِى نَفْسِهِ وَقَالَ خُلفْنَا فَكُنا آخِرَ الأَرْبَعِ أَسْرِجُوا لِى حِمَارِى آتِى رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ . وَكَلمَهُ ابْنُ أَخِيهِ سَهْلٌ فَقَالَ أَتذْهَبُ لِترُد عَلَى رَسُولِ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ وَرَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ أَعْلَمُ أَوَلَيْسَ حَسْبُكَ أَنْ تَكُونَ رَابِعَ أَرْبَعٍ. فَرَجَعَ وَقَالَ اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ وَأَمَرَ بِحِمَارِهِ فَحُل عَنْهُ.

9036 ـ ئەبۇ ئۇسەيد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئەنسار ئاھالىسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى نەججار جەمەتى؛ ئاندىن قالسا، ئابدۇل ئەشھەل جەمەتى؛ ئاندىن قالسا، هارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتى؛ ئاندىن قالسا، سائىدە جەمەتىدۇر. ئەنسارلارنىڭ بارلىق جەمەتىدە ياخشىلىق بار» دېدى.

بۇ ھەدىس (سائىدە جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى) سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەتكەندى، بۇنىڭغا نارازى بولۇپ:

ــ بىز دەرىجىدە تۆت جەمەتنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قاپتۇق، ئېشىكىمنى تەييارلاڭلار، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بارىمەن، ـ دېدى. شۇ چاغدا، قېرىندىشىنىڭ ئوغلى سەھل ئۇنىڭغا:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارشىلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارامسەن؟ ھالبۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايسى جەمەتنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. تۆت جەمەتنىڭ تۆتىنچىسى بولۇش ساڭا كۇپايە قىلمامدۇ؟ ـ دېدى. بۇ سۆزدىن كېيىن، ئۇ نىيىتىدىن ياندى ۋە:

ـ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياخشى بىلگۈچىدۇر، ـ دەپ، ئېشىكىنى قايتۇرىۋەتتى.

ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كىشىلەر مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا يالغان ئېيتتى دەپ تۆھمەت قىلىشىۋاتىدۇ، ئەگەر مەن يالغان ئېيتقان بولسام، ئۆزەمنىڭ قەۋمى سائىدە جەمەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان بولاتتىم، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 2511)

9037 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ فِي مَجْلِسٍ عَظِيمٍ مِنْ الْمُسْلِمِينَ أُحَدثُكُمْ بِخَيْرِ دُورِ الْأَنصَارِ قَالُوا نَعَمْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَنُو عَبْدِ الْأَشْهَلِ قَالُوا ثُم مَنْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ ثُم بَنُو النجارِ قَالُوا ثُم مَنْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ ثُم بَنُو الْحَارِثِ بْنِ الْخَزْرَجِ قَالُوا ثُم مَنْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ ثُم بَنُو سَاعِدَةَ قَالُوا ثُم مَنْ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ ثُم فِي كُل دُورِ الْأَنصَارِ خَيْرٌ فَقَامَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ مُغْضَبًا فَقَالَ أَنَحْنُ آخِرُ الْأَرْبَعِ حِينَ سَمى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَارَهُمْ فَأَرَادَ كَلَامَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ رِجَالٌ مِنْ قَوْمِهِ اجْلِسْ أَلَا تَرْضَى أَنْ سَمى

رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَارَكُمْ فِي الْأَرْبَعِ الدورِ الِتِي سَمى فَمَنْ تَرَكَ فَلَمْ يُسَم أَكْثَرَ مِمنْ سَمى فَانْتَهَى سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ عَنْ كَلَامِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

9037 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ يىغىلغان بىر مەجلىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەرگە ئەنسار ئاھالىسىنىڭ ئەڭ ياخشى جەمەتلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ بولىدۇ، ئى رەسۇلۇللاھ! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئابدۇل ئەشھەل جەمەتى، ـ دېدى. جامائەت:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاندىن كېيىنچۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ نەججار جەمەتى، ـ دېدى.

ـ ئاندىنچۇ؟

ـ ھارىس ئىبنى خەزرەج جەمەتى.

ـ ئاندىنچۇ؟

ـ سائىدە جەمەتى.

ـ ئاندىنچۇ؟

ـ ئەنسارلارنىڭ بارلىق جەمەتىدە ياخشىلىق بار، ـ دېدى.

شۇ چاغدا، سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىغلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ بىز بۇ تۆت جەمەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىمۇ؟ ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۆزلەشمەكچى بولدى. ئەمما قەۋمىدىن بىر گۇرۇھ كىشى ئۇنىڭغا:

ـ ئولتۇر! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سىلەرنى شۇ تۆت جەمەتنىڭ ئارىسىدا تىلغا ئالغىنىدىن سۆيۈنمەمسەن؟ ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرغۇن جەمەتلەرنى تىلغا ئالمىدىغۇ، ـ دېيىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، سەئد ئىبنى ئۇبادە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سۆزلىشىشتىن ۋاز كەچتى.

(مۇسلىم: 2512)

9038 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر بِبَعْضِ الْمَدِينَةِ فَإِذَا هُوَ بِجَوَارٍ يَضْرِبْنَ بِدُفِهِن وَيَتَغَنيْنَ وَيَقُلْنَ نَحْنُ جَوَارٍ مِنْ بَنِي النجارِ يَا حَبذَا مُحَمدٌ مِنْ جَارٍ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَعْلَمُ اللهُ إِني لَأُحِبكُن.

9038 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنەنىڭ مەلۇم بىر كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. كىچىك قىزلارنىڭ داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار مۇنداق دەۋاتاتتى: "بىز نەججار جەمەتىنىڭ قىزلىرىمىز. نېمىدېگەن بەختلىكمىزكى، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ قوشنىمىز". بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله بىلىدۇكى، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن» دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 1899)

[1] ئەلبانى (1541): سەھىھ ـ دېگەن.

## بۇ ئۇممەتنىڭ پەزىلەتلىرى

9039 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَثَلُ الْمُسْلِمِينَ وَالْيَهُودِ وَالنصَارَى كَمَثَلِ رَجُلٍ اسْتَأْجَرَ قَوْمًا يَعْمَلُونَ لَهُ عَمَلًا يَوْمًا إِلَى اللَيْلِ عَلَى أَجْرٍ مَعْلُومٍ فَعَمِلُوا لَهُ إِلَى نِصْفِ النهَارِ فَقَالُوا لَا حَاجَةَ لَنَا إِلَى أَجْرِكَ الذِي شَرَطْتَ لَنَا وَمَا عَمِلْنَا بَاطِلٌ فَقَالَ لَهُمْ لَا تَفْعَلُوا أَكْمِلُوا بَقِيةَ عَمَلِكُمْ وَخُذُوا أَجْرَكُمْ كَامِلًا فَأَبَوْا وَتَرَكُوا وَاسْتَأْجَرَ أَجِيرَيْنِ بَعْدَهُمْ فَقَالَ لَهُمَا أَكْمِلَا بَقِيةَ يَوْمِكُمَا هَذَا وَلَكُمَا الذِي شَرَطْتُ لَهُمْ مِنْ الْأَجْرِ فَعَمِلُوا حَتى إِذَا كَانَ حِينُ صَلَاةِ الْعَصْرِ قَالَا لَكَ مَا عَمِلْنَا بَاطِلٌ وَلَكَ الْأَجْرُ الذِي جَعَلْتَ لَنَا فِيهِ فَقَالَ لَهُمَا أَكْمِلَا بَقِيةَ عَمَلِكُمَا مَا بَقِيَ مِنْ النهَارِ شَيْءٌ يَسِيرٌ فَأَبَيَا وَاسْتَأْجَرَ قَوْمًا أَنْ يَعْمَلُوا لَهُ بَقِيةَ يَوْمِهِمْ فَعَمِلُوا بَقِيةَ يَوْمِهِمْ حَتى غَابَتْ الشمْسُ وَاسْتَكْمَلُوا أَجْرَ الْفَرِيقَيْنِ كِلَيْهِمَا فَذَلِكَ مَثَلُهُمْ وَمَثَلُ مَا قَبِلُوا مِنْ هَذَا النورِ.

9039 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلارنىڭ مىسالى بىر خوجايىن بىلەن ئۇ ياللىغان بىر نەچچە مەدىكارنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. مەدىكارلار ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئىشلىگەندىن كېيىن، خوجايىنغا: ”سەن بەرمەكچى بولغان ئىش ھەققىگە ئېھتىياجىمىز يوق، قىلغان ئىشىمىزغا ھەق تەلەپ قىلمايمىز“ دەيدۇ. خوجايىن ئۇلارغا: ”ئۇنداق قىلماڭلار، قالغان ئىشىڭلارنى تۈگىتىپ، ئىش ھەققىڭلارنى تولۇق ئېلىڭلار!“ دەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئۇنىماستىن، ئىشنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، خوجايىن يەنە ئىككى مەدىكار ياللايدۇ ۋە ئۇلارغا: ”قالغان ئىشنى تۈگىتىۋېتىڭلار، ئۇلار بىلەن كېلىشكەن (بىر كۈنلۈك) ئىش ھەققىنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە

بىرەي“ دەيدۇ. ئۇلار ئىشنى قوبۇل قىلىپ، ئەسىر نامىزىغىچە ئىشلەيدۇ. ئاندىن: ”قىلغان ئىشىمىزغا ھەق تەلەپ قىلمايمىز، بەرمەكچى بولغان ئىش ھەققى ساڭا قالسۇن“ دەيدۇ. خوجايىن: ”چالا قالغان ئىشنى تۈگىتىۋېتىڭلار، كەچ كىرىشكە ئازغىنە ۋاقىت قالدى“ دەيدۇ. ئەمما ئۇ ئىككىسى ئىشنى تاشلاپ كېتىدۇ. خوجايىن بۇ قېتىم كۈن پاتقىچە ئىشلەش ئۈچۈن بىر قەۋمنى ئىشقا ئالىدۇ. ئۇلار كۈن پاتقىچە قالغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ ۋە ئۇلار (ئەتىگەندىن چۈشكىچە، چۈشتىن ئەسىرگىچە) ئىشلىگەن ئۇ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئىش ھەققىنى (قوشۇپ) تولۇق ئالىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ۋە بۇ نۇرنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) قوبۇل قىلغانلارنىڭ مىسالىدۇر».

(بۇخارى: 2271)

9040 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ إِنمَا بَقَاؤُكُمْ فِيمَنْ سَلَفَ مِنْ الْأُمَمِ كَمَا بَيْنَ صَلَاةِ الْعَصْرِ إِلَى غُرُوبِ الشمْسِ أُوتِيَ أَهْلُ التوْرَاةِ التوْرَاةَ فَعَمِلُوا بِهَا حَتى انْتَصَفَ النهَارُ ثُم عَجَزُوا فَأُعْطُوا قِيرَاطًا قِيرَاطًا ثُم أُوتِيَ أَهْلُ الْإِنْجِيلِ الْإِنْجِيلَ فَعَمِلُوا بِهِ حَتى صُلِيَتْ الْعَصْرُ ثُم عَجَزُوا فَأُعْطُوا قِيرَاطًا قِيرَاطًا ثُم أُوتِيتُمْ الْقُرْآنَ فَعَمِلْتُمْ بِهِ حَتى غَرَبَتْ الشمْسُ فَأُعْطِيتُمْ قِيرَاطَيْنِ قِيرَاطَيْنِ فَقَالَ أَهْلُ الْكِتَابِ هَؤُلَاءِ أَقَل مِنا عَمَلًا وَأَكْثَرُ أَجْرًا قَالَ اللهُ هَلْ ظَلَمْتُكُمْ مِنْ حَقكُمْ شَيْئًا قَالُوا لَا قَالَ فَهُوَ فَضْلِي أُوتِيهِ مَنْ أَشَاءُ.

9040 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتكە نىسبەتەن سىلەرنىڭ (ھاياتى دۇنيادا) ياشىشىڭلار ئەسىر نامىزىدىن كۈن پېتىشقا قەدەر بولغان ئارىلىققا تەڭ كېلىدۇ. تەۋرات ئەھلىگە تەۋرات بېرىلدى، (ئۇلار) ئۇنىڭغا چۈش ۋاقتىغىچە ئەمەل قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئەمەل قىلالمىدى. ئۇلارغا قىلغان ئەمىلى ئۈچۈن بىر قىراتتىن ھەق بېرىلدى. ئاندىن ئىنجىل ئەھلىگە ئىنجىل بېرىلدى، ئۇلار ئەسىر نامىزىغا قەدەر ئەمەل قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئەمەل قىلالمىدى. ئۇلارغىمۇ قىلغان ئەمىلى ئۈچۈن بىر قىراتتىن ھەق بېرىلدى. ئاندىن سىلەرگە قۇرئان بېرىلدى.

سىلەر ئۇنىڭغا كۈن پاتقىچە ئەمەل قىلدىڭلار. سىلەرگە ئىككى قىراتتىن ھەق بېرىلدى. بۇنىڭغا بىنائەن ئەھلى كىتاب: ”بىز بۇلارغا قارىغاندا كۆپ ئەمەل قىلدۇق، لېكىن ئۇلارغا ھەقنى كۆپ بەردىڭ“ دېيىشىدۇ. الله تائالا ئۇلارغا: ”مەن سىلەرنىڭ ھەققىڭلارغا زۇلۇم قىلدىممۇ؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇلار: ”ياق“ دەيدۇ. الله تائالا: ”بۇ مېنىڭ پەزلى كەرەمىمدۇر، ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىمەن“ دەيدۇ».

(بۇخارى: 7533)

9041 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَثَلُكُمْ وَمَثَلُ أَهْلِ الْكِتَابَيْنِ كَمَثَلِ رَجُلٍ اسْتَأْجَرَ أُجَرَاءَ فَقَالَ مَنْ يَعْمَلُ لِي مِنْ غُدْوَةَ إِلَى نِصْفِ النهَارِ عَلَى قِيرَاطٍ فَعَمِلَتْ الْيَهُودُ ثُم قَالَ مَنْ يَعْمَلُ لِي مِنْ نِصْفِ النهَارِ إِلَى صَلَاةِ الْعَصْرِ عَلَى قِيرَاطٍ فَعَمِلَتْ النصَارَى ثُم قَالَ مَنْ يَعْمَلُ لِي مِنْ الْعَصْرِ إِلَى أَنْ تَغِيبَ الشمْسُ عَلَى قِيرَاطَيْنِ فَأَنْتُمْ هُمْ فَغَضِبَتْ الْيَهُودُ وَالنصَارَى فَقَالُوا مَا لَنَا أَكْثَرَ عَمَلًا وَأَقَل عَطَاءً قَالَ هَلْ نَقَصْتُكُمْ مِنْ حَقكُمْ قَالُوا لَا قَالَ فَذَلِكَ فَضْلِي أُوتِيهِ مَنْ أَشَاءُ.

9041 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ مىسالىڭلار بىلەن يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ مىسالى بىر خوجايىن بىلەن ئۇ ياللىغان بىر نەچچە مەدىكارنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ. خوجايىن: ”كىم ماڭا ئەتىگەندىن چۈشكىچە بىر قىراتقا ئىشلەپ بېرىدۇ؟“ دەيدۇ. يەھۇدىيلار ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، (ئەتىگەندىن چۈشكىچە) ئىشلەيدۇ. كېيىن، ئۇ خوجايىن يەنە: ”كىم ماڭا چۈشتىن ئەسىرگىچە بىر قىراتقا ئىشلەپ بېرىدۇ؟“ دەپ سورايدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سۆزىنى ناسارالار قوبۇل قىلىپ، (چۈشتىن ئەسىرگىچە) ئىشلەيدۇ. كېيىن، ئۇ كىشى يەنە: ”كىم ماڭا ئەسىردىن كۈن پاتقىچە ئىككى قىراتقا ئىشلەپ بېرىدۇ؟“ دەپ سورايدۇ. ئەنە شۇلار سىلەر (مۇسۇلمانلار) بولىسىلەر. يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بەكمۇ خاپا بولۇشىدۇ».

(بۇخارى: 2268)

9042 ـ عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِنمَا أَجَلُكُمْ فِي أَجَلِ مَنْ خَلَا مِنْ الْأُمَمِ مَا بَيْنَ صَلَاةِ الْعَصْرِ إِلَى مَغْرِبِ الشمْسِ وَإِنمَا مَثَلُكُمْ وَمَثَلُ الْيَهُودِ وَالنصَارَى كَرَجُلٍ اسْتَعْمَلَ عُمالًا فَقَالَ مَنْ يَعْمَلُ لِي إِلَى نِصْفِ النهَارِ عَلَى قِيرَاطٍ قِيرَاطٍ... بنحوه.

9042 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ ئەجىلىڭلار (يەنى ياشاش مۇددىتىڭلار) سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتكە نىسبەتەن ئەسىر نامىزىدىن كۈن پېتىشقىچە بولغان ئارىلىقچىلىك كېلىدۇ. سىلەرنىڭ مىسالىڭلار بىلەن يەھۇدىي ۋە ناسارالارنىڭ مىسالى مۇنداق بىر كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ: ئۇ كىشى: "كىم ماڭا (ئەتىگەندىن) چۈشكىچە بىر قىراتقا ئىشلەپ بېرىدۇ؟" دەيدۇ ۋە بىر نەچچە مەدىكار ياللايدۇ... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

(بۇخارى: 3459)

9043 ـ عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ مُر بِجَنَازَةٍ فَأُثْنِيَ عَلَيْهَا خَيْرًا فَقَالَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَمُر بِجَنَازَةٍ فَأُثْنِيَ عَلَيْهَا شَرا فَقَالَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَجَبَتْ قَالَ عُمَرُ فِدًى لَكَ أَبِي وَأُمي مُر بِجَنَازَةٍ فَأُثْنِيَ عَلَيْهَا خَيْرٌ فَقُلْتَ وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَمُر بِجَنَازَةٍ فَأُثْنِيَ عَلَيْهَا شَر فَقُلْتَ وَجَبَتْ وَجَبَتْ وَجَبَتْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ أَثْنَيْتُمْ عَلَيْهِ خَيْرًا وَجَبَتْ لَهُ الْجَنةُ وَمَنْ أَثْنَيْتُمْ عَلَيْهِ شَرا وَجَبَتْ لَهُ النارُ أَنْتُمْ شُهَدَاءُ اللهِ فِي الْأَرْضِ أَنْتُمْ شُهَدَاءُ اللهِ فِي الْأَرْضِ أَنْتُمْ شُهَدَاءُ اللهِ فِي الْأَرْضِ.

9043 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدىن) بىر جىنازا ئۆتتى، (كىشىلەر) ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى، ــ دېدى. يەنە بىر جىنازا ئۆتتى، (كىشىلەر) ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ــ ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى، ــ دېدى. شۇ چاغدا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ــ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! (ئالدىمىزدىن) بىر جىنازا ئۆتكەندە، كىشىلەر ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلغاندى، سەن: «ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى» دېدىڭ. ئارقىدىن يەنە بىر جىنازا ئۆتكەندە، (كىشىلەر) ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغاندى، سەن يەنە: «ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى، ۋاجىب بولدى» دېدىڭغۇ؟ ــ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەر ياخشى دەپ ماختىغان كىشىلەرگە جەننەت ۋاجىب بولىدۇ. سىلەر يامان دەپ تەرىپلىگەن كىشىلەرگە دوزاخ ۋاجىب بولىدۇ. چۈنكى سىلەر اللهنىڭ يەر يۈزىدىكى گۇۋاھچىلىرى، سىلەر اللهنىڭ يەر يۈزىدىكى گۇۋاھچىلىرى، سىلەر اللهنىڭ يەر يۈزىدىكى گۇۋاھچىلىرى، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 949)

9044 ــ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيمَا مُسْلِمٍ شَهِدَ لَهُ أَرْبَعَةٌ بِخَيْرٍ أَدْخَلَهُ اللهُ الْجَنةَ فَقُلْنَا وَثَلَاثَةٌ قَالَ وَثَلَاثَةٌ فَقُلْنَا وَاثْنَانِ قَالَ وَاثْنَانِ ثُم لَمْ نَسْأَلْهُ عَنْ الْوَاحِدِ.

9044 ــ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ (ئۆلگەن) ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن تۆت كىشى: "ياخشى" دەپ باھا بەرسە، الله ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ــ دېدى. بىز:

ــ ئۈچ كىشى بولسىچۇ؟ ــ دەپ سورىدۇق:

ــ ئۈچ كىشى بولسىمۇ بولىدۇ، ــ دېدى. بىز يەنە:

ــ ئىككى كىشى بولسىچۇ؟ ــ دەپ سورىغاندۇق:

ــ ئىككى كىشى بولسىمۇ بولىدۇ، ـ دېدى. بىز ئۇنىڭدىن بىر كىشىنىڭ بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى سورىمىدۇق.
(بۇخارى: 1368)

9045 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ وَعَنْ حُذَيْفَةَ قَالَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَضَل اللهُ عَز وَجَل عَنْ الْجُمُعَةِ مَنْ كَانَ قَبْلَنَا فَكَانَ لِلْيَهُودِ يَوْمُ السبْتِ وَكَانَ لِلنصَارَى يَوْمُ الْأَحَدِ فَجَاءَ اللهُ عَز وَجَل بِنَا فَهَدَانَا لِيَوْمِ الْجُمُعَةِ فَجَعَلَ الْجُمُعَةَ وَالسبْتَ وَالْأَحَدَ وَكَذَلِكَ هُمْ لَنَا تَبَعٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَنَحْنُ الْآخِرُونَ مِنْ أَهْلِ الدنْيَا وَالْأَولُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ الْمَقْضِي لَهُمْ قَبْلَ الْخَلَائِقِ.

9045 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بىزدىن بۇرۇنقىلارغا جۈمە كۈنىنى نېسىپ قىلمىدى. شەنبە كۈنىنى يەھۇدىيلارنىڭ، يەكشەنبە كۈنىنى ناسارالارنىڭ كۈنى قىلىپ بەردى. بىزگە كەلگەندە، الله جۈمە كۈنىنى نېسىپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ كۈنلەرنىڭ تەرتىبىنى جۈمە، شەنبە ۋە يەكشەنبە قىلىپ بېكىتتى. خۇددى مۇشۇنىڭدەك، (يەنى جۈمە كۈنىدىن كېيىن شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى كەلگەندەك) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ نۆۋىتى بىزدىن كېيىن كېلىدۇ. دۇنيادا بىز ئاخىرقىسى بولدۇق، ئەمما قىيامەت كۈنى ھەممىدىن بۇرۇن بىزگە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ»[1].
(نەسائى: 1368)

9046 – وفي رواية: نَحْنُ الْآخِرُونَ السابِقُونَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بَيْدَ أَنهُمْ أُوتُوا الْكِتَابَ مِنْ قَبْلِنَا ثُم هَذَا يَوْمُهُمْ الذِي فُرِضَ عَلَيْهِمْ فَاخْتَلَفُوا فِيهِ فَهَدَانَا اللهُ...

9046 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «بىز ئاخىردا كەلدۇق، ئەمما قىيامەت كۈنى بىرىنچى بولىمىز. ۋەھالەنكى، ئۇلارغا بىزدىن بۇرۇن كىتاب بېرىلدى. الله تائالا بۇ جۈمە كۈنىنى ئۇلارغا پەرز

[1] ئەلبانى (1296): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلىپ بەرگەنىدى، ئەمما ئۇلار بۇ كۈن ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشتى. ئاخىرى، الله بىزنى ئۇ كۈنگە ھىدايەت قىلدى...».

(بۇخارى: 876)

9047 ـ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لما نَزَلَتْ يَا أيها الناسُ اتقُوا رَبكُمْ إن زَلْزَلَةَ الساعَةِ شَيْءٌ عَظِيمٌ إلَى قَوْلِهِ وَلَكِن عَذَابَ اللهِ شَدِيدٌ قَالَ أُنزلَتْ عَلَيْهِ هَذِهِ الْآيَةُ وَهُوَ فِي سَفَرٍ فَقَالَ أتَدْرُونَ أي يَوْمٍ ذَلِكَ فَقَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أعْلَمُ قَالَ ذَلِكَ يَوْمَ يَقُولُ اللهُ لِآدَمَ ابْعَثْ بَعْثَ النارِ فَقَالَ يَا رَب وَمَا بَعْثُ النارِ قَالَ تِسْعُ مِائَةٍ وَتِسْعَةٌ وَتِسْعُونَ إلَى النارِ وَوَاحِدٌ إلَى الْجَنةِ قَالَ فَأنْشَأ الْمُسْلِمُونَ يَبْكُونَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَارِبُوا وَسَدِدُوا فَإنهَا لَمْ تَكُنْ نُبوةٌ قَط إلا كَانَ بَيْنَ يَدَيْهَا جَاهِلِيةٌ قَالَ فَيُؤْخَذُ الْعَدَدُ مِنْ الْجَاهِلِيةِ فَإنْ تَمتْ وَإلا كَمُلَتْ مِنْ الْمُنَافِقِينَ وَمَا مَثَلُكُمْ وَالْأمَمِ إلا كَمَثَلِ الرقْمَةِ فِي ذِرَاعِ الدابةِ أوْ كَالشامَةِ فِي جَنْبِ الْبَعِيرِ ثُم قَالَ إني لَأرْجُو أنْ تَكُونُوا رُبُعَ أهْلِ الْجَنةِ فَكَبرُوا ثُم قَالَ إني لَأرْجُو أنْ تَكُونُوا ثُلُثَ أهْلِ الْجَنةِ فَكَبرُوا ثُم قَالَ إني لَأرْجُو أنْ تَكُونُوا نِصْفَ أهْلِ الْجَنةِ فَكَبرُوا قَالَ لَا أدْرِي قَالَ الثلُثَيْنِ أمْ لَا.

9047 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردە كېتىۋاتقىنىدا، الله تائالانىڭ: ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلاردىن (يەنى ئازابىدىن) قورقۇڭلار، قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىشتۇر. ئۇ كۈندە ھەر بىر سۈت ئېمىتىۋاتقان ئايال (قاتتىق قورقۇنچتىن ئېڭىرقاپ قېلىش بىلەن) ئېمىتىۋاتقان بوۋىقىنى ئۇنتۇيدۇ. ھەر بىر ھامىلدار ئايال بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ. ئىنسانلارنى مەست كۆرىسەن. ھالبۇكى، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مەست ئەمەس (دېمەك قىيامەتنىڭ دەھشىتى ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈزىۋەتكەن) لېكىن اللهنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر [1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن:

[1] سۈرە ھەج، 1 ـ ۋە 2 ـ ئايەتلەر.

- ئۇ قانداق كۈن، بىلەمسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ساھابىلەر:

— الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر، - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى:

- ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى، الله تائالا ئۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا: ”دوزاخ ئەھلىنى ئەۋەتكىن!“ دەيدۇ. شۇ چاغدا ئادەم ئەلەيھىسسالام: ”ئى پەرۋەردىگارىم! قانچىلىكى دوزاخ ئەھلى؟“ دەپ سورايدۇ. الله تائالا: ”توقسان توققۇزى دوزاخقا، بىرى جەننەتكە كىرىدۇ“ دەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مۇسۇلمانلار يىغلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

- ئەمەل - ئىبادەتلىرىڭلاردا ئوتتۇرا ھال بولۇڭلار، توغرىنى نىشانلاپ ئىش قىلىڭلار! ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ زامانىنىڭ كىشىلىرى جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشىغان بولىدۇ. ئۇ سانغا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى كىشىلەر ئېلىنىدۇ. ئۇ سان شۇلار بىلەن تولۇقلانسا تولۇقلاندى، تولۇقلانمىسا، مۇناپىقلار بىلەن تولۇقلىنىدۇ. سىلەر بۇرۇنقى ئۈممەتلەرگە نىسبەتەن بىر ھايۋاننىڭ ئالدى پۇتىغا چىقىپ قالغان تەڭگىسىمان بەلگىچىلىك ياكى تۆگىنىڭ بېقىنىدىكى مەڭچىلىك كېلىسىلەر. ئۈمىد قىلىمەنكى، سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرى بولىسىلەر، - دېدى. ساھابىلەر بۇنى ئاڭلاپ تەكبىر ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

— ئۈمىد قىلىمەنكى، سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن بىرى بولىسىلەر، - دېدى. ساھابىلەر يەنە تەكبىر ئېيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

- ئۈمىد قىلىمەنكى، سىلەر جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولىسىلەر، - دېدى. ساھابىلەر يەنە تەكبىر ئېيتىشتى.

راۋى مۇنداق دەيدۇ: «جەننەت ئەھلىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى بولىسىلەر» دېگىنى ياكى دېمىگىنىنى بىلمەيمەن[1].

(تىرمىزى: 3168)

[1] ئەلبانى (618): سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

9048 – وفي رواية: قَالَ: «هَلْ تَدْرُونَ أَى يَوْمٍ ذَلِكَ» قَالُوا اللهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ. قَالَ «ذَاكَ يَوْمٌ يُنَادِى اللهُ فِيهِ آدَمَ فُيُنَادِيهِ رَبُّهُ فَيَقُولُ يَا آدَمُ ابْعَثْ بَعْثَ النارِ. فَيَقُولُ يَا رَب وَمَا بَعْثُ النارِ فَيَقُولُ مِنْ كُل أَلْفٍ تِسْعُمِائَةٍ وَتِسْعَةٌ وَتِسْعُونَ إِلَى النارِ وَوَاحِدٌ فِى الْجَنةِ». فَيَئِسَ الْقَوْمُ حَتى مَا أَبْدَوْا بِضَاحِكَةٍ فَلَما رَأَى رَسُولُ اللهِ – صلى الله عليه وسلم – الذِى بِأَصْحَابِهِ قَالَ «اعْمَلُوا وَأَبْشِرُوا فَوَالذِى نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ إِنكُمْ لَمَعَ خَلِيقَتَيْنِ مَا كَانَتَا مَعَ شَىْءٍ إِلا كَثرَتَاهُ يَأْجُوجُ وَمَأْجُوجُ وَمَنْ مَاتَ مِنْ بَنِى آدَمَ وَبَنِى إِبْلِيسَ». قَالَ فَسُرىَ عَنِ الْقَوْمِ بَعْضُ الذِى يَجِدُونَ. فَقَالَ «اعْمَلُوا وَأَبْشِرُوا فَوَالذِى نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ مَا أَنْتُمْ فِى الناسِ إِلا كَالشامَةِ فِى جَنْبِ الْبَعِيرِ أَوْ كَالرقْمَةِ فِى ذِرَاعِ الدابةِ».

9048 - يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن:

- ئۇ قانداق كۈن، بىلەمسىلەر؟ - دەپ سورىدى. ئۇلار:

— الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر، - دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇ شۇنداق بىر كۈنكى، الله تائالا ئۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ: ”ئى ئادەم! دوزاخ ئەھلىنى ئەۋەتكىن!“ دەيدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام: ”ئى پەرۋەردىگارىم! قانچىلىكى دوزاخ ئەھلى؟“ دەپ سورايدۇ. الله تائالا: ”ھەر مىڭ ئادەمدىن توققۇز يۈز توقسان توققۇزى دوزاخقا، بىرى جەننەتكە كىرىدۇ“ دەيدۇ.

بۇنى ئاڭلاش بىلەن ساھابىلەر ئۈمىدسىزلەندى ۋە ھېچكىم كۈلمىدى. ساھابىلەردىكى بۇ غەمكىنلىكنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— ئەمەل قىلىڭلار ۋە بېشارەت ئېلىڭلار! مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەر بىلەن بىرگە ھېساب بېرىدىغان ئىككى تۈرلۈك مەخلۇق بار. ئۇلارنىڭ بىرى يەجۇج ۋە مەجۇجدۇر، يەنە بىرى ئادەم ۋە ئىبلىسنىڭ سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەۋلادلىرىدۇر. دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇلاردىن بولىدۇ، -

دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ساھابىلەرنىڭ غەم ـ قايغۇسى ئازراق يەڭگىللىگەن بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى:

ــ ئەمەل قىلىڭلار ۋە بېشارەت ئېلىڭلار! مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر پۈتۈن ئىنسانلارغا نىسبەتەن خۇددى تۆگىنىڭ بىقىنىدىكى مەڭچىلىك ۋەياكى ھايۋاننىڭ ئالدى پۇتىغا چىقىپ قالغان تەڭگىسىمان بىر نەرسىچىلىك كېلىسىلەر[1].

(تىرمىزى: 3169)

9049 ـ عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ وَعَدَنِي رَبي أَنْ يُدْخِلَ الْجَنةَ مِنْ أُمتِي سَبْعِينَ أَلْفًا لَا حِسَابَ عَلَيْهِمْ وَلَا عَذَابَ مَعَ كُل أَلْفٍ سَبْعُونَ أَلْفًا وَثَلَاثُ حَثَيَاتٍ مِنْ حَثَيَاتِهِ.

9049 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «رەببىم ماڭا ئۇممىتىمدىن 70 مىڭ كىشىنى ھېسابقا تارتماي، جازا بەرمەي جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ۋەدە قىلدى. ھەر مىڭ كىشى بىلەن يەنە 70 مىڭ كىشى بىرگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە رەببىم ئۆزىنىڭ چاڭگىلىدا ئۈچ چاڭگال كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2437)

9050 ـ عَنْ بُرَيْدَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَهْلُ الْجَنةِ عِشْرُونَ وَمِائَةُ صَف ثَمَانُونَ مِنْهَا مِنْ هَذِهِ الْأُمةِ وَأَرْبَعُونَ مِنْ سَائِرِ الْأُمَمِ.

9050 ـ بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2534): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1984): سەھىھ ـ دېگەن.

«جەننەت ئەھلى 120 سەپ بولۇپ، 80 سەپ بۇ ئۇممەتتىن، قالغىنى باشقا ئۇممەتتىن بولىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 2546)

9051 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ حَدَّثَهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَدْخُلُ الْجَنةَ مِنْ أُمتِي زُمْرَةٌ هُمْ سَبْعُونَ أَلْفًا تُضِيءُ وُجُوهُهُمْ إِضَاءَةَ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ وَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ فَقَامَ عُكاشَةُ بْنُ مِحْصَنٍ الْأَسَدِي يَرْفَعُ نَمِرَةً عَلَيْهِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ قَالَ اللهُم اجْعَلْهُ مِنْهُمْ ثُم قَامَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ ادْعُ اللهَ أَنْ يَجْعَلَنِي مِنْهُمْ فَقَالَ سَبَقَكَ بِهَا عُكاشَةُ.

9051 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مېنىڭ ئۇممىتىمدىن يۈزلىرىدىن خۇددى ئايدىڭ كېچىلەردىكى تولۇن ئايدەك نۇر يېغىپ تۇرىدىغان 70 مىڭ كىشىلىك بىر جامائەت جەننەتكە كىرىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇكاشە ئىبنى مىھسەن ئەسەدى جۇۋىسىنى كىيگەن ھالدا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا دۇئا قىلغىنكى، الله مېنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! ـ دېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى الله ! ئۇكاشەنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن! ـ دېدى. ئاندىن ئەنسارلاردىن بىر كىشى تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭىمۇ دۇئا قىلغىنكى، الله مېنىمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن! ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇكاشە سەندىن چاققان چىقتى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6542)

[①] ئەلبانى (2065): سەھىھ ـ دېگەن.

9052 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَانَ يَوْمُ الْقِيَامَةِ دَفَعَ اللهُ عَز وَجَل إِلَى كُل مُسْلِمٍ يَهُودِيا أَوْ نَصْرَانِيا فَيَقُولُ هَذَا فِكَاكُكَ مِنْ النارِ.

9052 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت كۈنى، اللە تائالا ھەر بىر مۇسۇلمانغا بىردىن يەھۇدىي ياكى ناسارانى بېرىپ (ئۇنىڭغا): ”بۇ سېنىڭ دوزاختىن قۇتۇلىشىڭدۇر (يەنى ئۇ سېنىڭ ئورنىڭدا دوزاخقا كىرىدۇ)“ دەيدۇ». (مۇسلىم: 2767)

9053 ـ عَنْ أَبِي مَالِكٍ يَعْنِي الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ أَجَارَكُمْ مِنْ ثَلَاثِ خِلَالٍ أَنْ لَا يَدْعُوَ عَلَيْكُمْ نَبِيكُمْ فَتَهْلَكُوا جَمِيعًا وَأَنْ لَا يَظْهَرَ أَهْلُ الْبَاطِلِ عَلَى أَهْلِ الْحَق وَأَنْ لَا تَجْتَمِعُوا عَلَى ضَلَالَةٍ.

9053 ـ ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللە تائالا سىلەرنى ئۈچ ئىشتىن ساقلىدى. بىرىنچىسى، پەيغەمبىرىڭلار سىلەرگە بەددۇئا قىلمايدۇ، بەددۇئا قىلسا ئىدى، ھەممىڭلار ھالاك بولۇپ كېتەتتىڭلار؛ ئىككىنچىسى، باتىل ئەھلى ھەق ئەھلى ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، سىلەر ئازغۇنلۇق ئۈستىگە جەم بولمايسىلەر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4253)

9054 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُمتِي هَذِهِ أُمةٌ مَرْحُومَةٌ لَيْسَ عَلَيْهَا عَذَابٌ فِي الْآخِرَةِ عَذَابُهَا فِي الدنْيَا الْفِتَنُ وَالزلَازِلُ وَالْقَتْلُ.

9054 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (914): زەئىپ، ـ دېگەن.

«مېنىڭ بۇ ئۇممىتىم رەھىم قىلىنغان ئۇممەت بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ئازاب يوقتۇر. ئەمما ئۇ، دۇنيادا ئىچكى ئۇرۇش، قىيىن - قىستاق ۋە بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4278)

9055 عَنْ عَوْفِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَنْ يَجْمَعَ اللهُ عَلَى هَذِهِ الْأُمةِ سَيْفَيْنِ سَيْفًا مِنْهَا وَسَيْفًا مِنْ عَدُوهَا.

9055 - ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بۇ ئۇممەتنى بىر ۋاقىتتا ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنگە مۇپتىلا قىلمايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 4301)

9056 - عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْزَلَ اللهُ عَلَي أَمَانَيْنِ لِأُمتِي وَمَا كَانَ اللهُ لِيُعَذبَهُمْ وَأَنتَ فِيهِمْ وَمَا كَانَ اللهُ مُعَذبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ فَإِذَا مَضَيْتُ تَرَكْتُ فِيهِمْ الِاسْتِغْفَارَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.

9056 - ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ماڭا ئۇممىتىم ئۈچۈن ئىككى ئامانلىق بەردى. (بىرسى) سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا، (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، (ئىككىنچىسى) ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا، الله ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ[3]. مەن ئۆلۈپ كەتسەممۇ، ئۇلارغا قىيامەتكىچە ئىستىغفار ئېيتىش ئىمكانىيىتى قويۇپ كېتىمەن»[4].

(تىرمىزى: 3082)

---

[1] ئەلبانى (3597): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (3614): سەھىھ - دېگەن.

[3] ئەنفال سۈرەسى، 33 - ئايەت.

[4] ئەلبانى (597): سەنەدى زەئىپ، - دېگەن.

9057 ـ عَامِرُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقْبَلَ ذَاتَ يَوْمٍ مِنْ الْعَالِيَةِ حَتى إِذَا مَر بِمَسْجِدِ بَنِي مُعَاوِيَةَ دَخَلَ فَرَكَعَ فِيهِ رَكْعَتَيْنِ وَصَلَّيْنَا مَعَهُ وَدَعَا رَبهُ طَوِيلًا ثُم انْصَرَفَ إِلَيْنَا فَقَالَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَأَلْتُ رَبي ثَلَاثًا فَأَعْطَانِي ثِنْتَيْنِ وَمَنَعَنِي وَاحِدَةً سَأَلْتُ رَبي أَنْ لَا يُهْلِكَ أُمتِي بِالسنَةِ فَأَعْطَانِيهَا وَسَأَلْتُهُ أَنْ لَا يُهْلِكَ أُمتِي بِالْغَرَقِ فَأَعْطَانِيهَا وَسَأَلْتُهُ أَنْ لَا يَجْعَلَ بَأْسَهُمْ بَيْنَهُمْ فَمَنَعَنِيهَا.

9057 ـ ئامىر ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى بىر مەھەللىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، بەنى مۇئاۋىيە مەسجىدىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇ ئىچىگە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. بىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەببىگە ئۇزۇندىن ئۇزۇن دۇئا قىلدى، ئاندىن بىزگە بۇرۇلۇپ مۇنداق دېدى:

«پەرۋەردىگارىمدىن ئۈچ نەرسە تەلەپ قىلدىم. ئىككىسىنى بەردى، بىرىنى بەرمىدى. پەرۋەردىگارىمدىن ئۇممىتىمنى قۇرغاقچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىقىنى سورىدىم، سورىغىنىمنى بەردى. ئۇممىتىمنى سۇغا غەرق قىلىپ ھالاك قىلماسلىقىنى تىلىدىم، تىلىكىمنى قوبۇل قىلدى. ئۇممىتىمنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشماسلىقىنى تىلىدىم، لېكىن الله بۇ تىلىكىمنى رەت قىلدى».

(مۇسلىم: 2890)

9058 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ خَبابِ بْنِ الْأَرَت عَنْ أَبِيهِ قَالَ صَلى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةً فَأَطَالَهَا قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ صَلَّيْتَ صَلَاةً لَمْ تَكُنْ تُصَلِّيهَا قَالَ أَجَلْ إِنهَا صَلَاةُ رَغْبَةٍ وَرَهْبَةٍ إِني سَأَلْتُ اللهَ فِيهَا ثَلَاثًا فَأَعْطَانِي اثْنَتَيْنِ وَمَنَعَنِي وَاحِدَةً سَأَلْتُهُ أَنْ لَا يُهْلِكَ أُمتِي بِسَنَةٍ فَأَعْطَانِيهَا وَسَأَلْتُهُ أَنْ لَا يُسَلطَ عَلَيْهِمْ عَدُوا مِنْ غَيْرِهِمْ فَأَعْطَانِيهَا وَسَأَلْتُهُ أَنْ لَا يُذِيقَ بَعْضَهُمْ بَأْسَ بَعْضٍ فَمَنَعَنِيهَا.

9058 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى خەبباب ئىبنى ئەرەت دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناھايىتى ئۇزۇن ناماز ئوقۇدى. ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۈگۈن شۇنداق ناماز ئوقۇدۇڭكى، ھېچقاچان بۇنداق ناماز ئوقۇپ باقمىغانىدىڭ، ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنداق، بۇ سېغىنىش ۋە قورقۇش نامىزىدۇر. مەن بۇ نامازدا الله تائالادىن ئۈچ نەرسە سورىدىم، الله ماڭا ئىككىسىنى بېرىپ، بىرىنى رەت قىلدى. ئۈنىڭدىن ئۈممىتىمنى قۇرغاقچىلىق بىلەن ھالاك قىلماسلىقنى سورىدىم، سورىغىنىمنى بەردى. ئۈممىتىمگە ئۆزىدىن باشقا دۈشمەننى مۇسەللەت قىلماسلىقنى سورىدىم، ئۇنىمۇ بەردى. ئۈممىتىمنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقنى تىلىدىم، لېكىن الله بۇنى رەت قىلدى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2175)

9059 ـ عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ إِن مِنْ أُمتِي مَنْ يَشْفَعُ لِلْفِئَامِ مِنْ الناسِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَشْفَعُ لِلْقَبِيلَةِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَشْفَعُ لِلْعُصَبَةِ وَمِنْهُمْ مَنْ يَشْفَعُ لِلرجُلِ حَتى يَدْخُلُوا الْجَنةَ.

9059 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىم ئارىسىدا (ئۆزى يالغۇز) بىر توپ كىشىگە شاپائەت قىلىدىغان كىشىلەر؛ بىر قەبىلە كىشىلىرىگە شاپائەت قىلىدىغان كىشىلەر؛ بىر گورۇھ كىشىلەرگە شاپائەت قىلىدىغان كىشىلەر؛ بىر كىشىگە شاپائەت قىلىدىغان كىشىلەر بولىدۇ، ھەتتا (بۇ شاپائەت سايىسىدا ھەممىسى) جەننەتكە كىرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2440)

[1] ئەلبانى (1767): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (430): زەئىپ، ـ دېگەن.

9060 ـ زاد رزين: «وإنا شفاعتي في أهل الكبائر، وإنه ليؤمَرُ برجل إلى النـار، فَيَمُرُّ برجل كان قد سقاه شَرْبة ماء على ظمأ، فيقول: ألا تشفع لي؟ فيقول: ومَن أنت؟ فيقول: ألستُ أنا سقيتُك الماء يوم كذا وكذا؟ فيعرفه، فيشفع فيه، فيُرَد مـن النـار إلى الجنة».

9060 ـ رەزىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، مېنىڭ شاپائىتىم چوڭ گۇناھ قىلغان كىشىلەر ئۈچۈندۇر. بىر كىشىنى دوزاخقا ئېلىپ بېرىش بۇيرۇلىدۇ. شۇ چاغدا، ئۇ (ھاياتى دۇنيادا) ئۇسسۇلۇق ئۈچۈن سۇ بەرگەن بىر كىشىنى تونۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭغا: ”ماڭا شاپائەت قىلمامسەن؟!“ دەيدۇ. ئۇ كىشى: ”سەن كىم؟“ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ”پالانى چاغدا مەن ساڭا ئۇسسۇلۇق ئۈچۈن سۇ بەرمىگەنمىدىم؟“ دەيدۇ. ئۇ كىشى ئۇنى تونۇپ، ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دوزاختىن قايتۇرۇلۇپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

9061 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ شَقِيقٍ قَالَ كُنتُ مَعَ رَهْطٍ بِإِيلِيَاءَ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْهُمْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَدْخُلُ الْجَنةَ بِشَفَاعَةِ رَجُلٍ مِنْ أُمتِي أَكْثَرُ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ سِوَاكَ قَالَ سِوَايَ فَلَما قَامَ قُلْتُ مَنْ هَذَا قَالُوا هَذَا ابْنُ أَبِي الْجَذْعَاءِ.

9061 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىقتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بىر توپ كىشى بىلەن بىللە ئىلىيا (يەنى فەلەستىندە) ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن بەنى تەمىم قەبىلىسىدىكىدىنمۇ كۆپرەك كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ، سەن ئەمەسمۇ؟ - دەپ سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- مەن ئەمەس، - دېدى.

ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، مەن:

- ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەن بۇ كىشى كىم؟ - دەپ سورىغانىدىم، ئەتراپتىكىلەر:

- ئۇ ئىبنى ئەبۇ جەزئا، - دېيىشتى[1].

(تىرمىزى: 2438)

9062 - عَنْ أَنسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَثَلُ أُمتي مَثَلُ الْمَطَرِ لَا يُدْرَى أَولُهُ خَيْرٌ أَمْ آخِرُهُ.

9062 - ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۈممىتىم خۇددى يامغۇرغا ئوخشايدۇ. باشلىنىشى خەيرلىكمۇ ياكى ئاخىرى خەيرلىكمۇ، بىلگىلى بولمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 2869)

9063 - زاد رزين: «وإنه لا مهدي إلا عيسى ابن مريم، وأنا أولى الناس به، ليس بيني وبينه نبي، قال: وسمعته يقول: لن تهلك أمة أنا أولها، ومهديها أوْسَـطُها، والمسـيحُ آخِرُها».

9063 - رەزىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: «مەھدى چىققاندىن كېيىنلا ئىيسا ئىبنى مەريەم چىقىدۇ. مەن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ھەممىدىن يېقىن. چۈنكى مەن بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەيغەمبەر يوق. بېشى مەن، ئوتتۇرىسى مەھدى ۋە ئاخىرى ئىسا ئەلەيھىسسالام بولغان ئۈممەت ھەرگىزمۇ ھالاك بولمايدۇ».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ئەلبانى (1985): سەھىھ - دېگەن.

[2] ئەلبانى (2302): ھەسەن ۋە سەھىھ - دېگەن.

9064 ـ عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ عَنْ النبِيِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَزَالُ نَاسٌ مِنْ أُمتِي ظَاهِرِينَ حَتى يَأْتِيَهُمْ أَمْرُ اللهِ وَهُمْ ظَاهِرُونَ.

9064 ـ مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر قىسىم كىشىلەر تاكى قىيامەت كەلگەنگە قەدەر ھەمىشە ھەق ئۈستىدە بولىدۇ».

(بۇخارى: 3640)

9065 ـ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَزَالُ أَهْلُ الْغَرْبِ ظَاهِرِينَ عَلَى الْحَق حَتى تَقُومَ الساعَةُ.

9065 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قىيامەت قايىم بولغىچە، مەغرىب ئەھلى (شام ئەھلى) ھەمىشە ھەق ئۈستىدە بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1925)

9066 ـ عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا فَسَدَ أَهْلُ الشامِ فَلَا خَيْرَ فِيكُمْ لَا تَزَالُ طَائِفَةٌ مِنْ أُمتِي مَنْصُورِينَ لَا يَضُرهُمْ مَنْ خَذَلَهُمْ حَتى تَقُومَ الساعَةُ.

9066 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شام ئەھلى بۇزۇلغان چاغدا، سىلەردە خەير ـ ئېھسان قالمايدۇ. تاكى قىيامەت قايىم بولغۇچە، ئۈممىتىمنىڭ بىر قىسمى ھەمىشە غالىب ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارغا ياردەم بېرىشتىن قاچقانلار ئۇلارغا ھېچقانداق زەرەر سالالمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 2192)

[1] ئەلبانى (1782): سەھىھ ـ دېگەن.

9067 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن اللهَ عَز وَجَل إِذَا أَرَادَ رَحْمَةَ أُمةٍ مِنْ عِبَادِهِ قَبَضَ نَبِيهَا قَبْلَهَا فَجَعَلَهُ لَهَا فَرَطًا وَسَلَفًا بَيْنَ يَدَيْهَا وَإِذَا أَرَادَ هَلَكَةَ أُمةٍ عَذبَهَا وَنَبِيهَا حَي فَأَهْلَكَهَا وَهُوَ يَنظُرُ فَأَقَر عَيْنَهُ بِهَلَكَتِهَا حِينَ كَذبُوهُ وَعَصَوْا أَمْرَهُ.

9067 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا بىر ئۇممەتكە رەھىم قىلىشنى خالىسا، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ئۇلاردىن بۇرۇن ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ پەيغەمبەر ئۇلاردىن بۇرۇن بېرىپ، ئۇلار ئۇچۇن يەر ھازىرلاپ تۇرىدۇ. بىر ئۇممەتنى ھالاك قىلىشنى خالىسا، پەيغەمبىرىنى قەبزى روھ قىلماي تۇرۇپ، ئۇ ئۇممەتنى ئازابلايدۇ. ئۇلار پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ۋە ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۇچۇن، ئۇلارنى پەيغەمبىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئازابلاش ئارقىلىق، پەيغەمبىرىنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىدۇ».

(مۇسلىم: 2288)

9068 ـ عن أبي الدرداء عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: "أنا حظكم من الأنبياء، وأنتم حظي من الأمم".

9068 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەردىن نېسىۋەڭلار مەن، مېنىڭ ئۇممەتلەردىن نېسىۋەم سىلەر»[①].

(بەززار: 2847)

9069 ـ عن أبي الدرْدَاءِ يَقُولُ سَمِعْتُ أَبَا الْقَاسِمِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ مَا سَمِعْتُهُ يُكَنيهِ قَبْلَهَا وَلاَ بَعْدَهَا يَقُولُ «إِن اللهَ عَز وَجَل يَقُولُ يَا عِيسَى إِنى بَاعِثٌ مِنْ

[①] ھەيسەمى (16705): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەبۇ ھەببە تائىدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن تىرمىزى ئۇنىڭ ھەدىسى سەھىھ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى ھىببان ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

بَعْدِكَ أُمةً إنْ أَصَابَهُمْ مَا يُحِبونَ حَمِدُوا اللهَ وَشَكَرُوا وَإنْ أَصَابَهُمْ مَا يَكْرَهُونَ احْتَسَـبُوا وَصَبَرُوا وَلاَ حِلْمَ وَلاَ عِلْمَ. قَالَ يَا رَب كَيْفَ هَذَا لَهُمْ وَلاَ حِلْمَ وَلاَ عِلْمَ قَالَ أُعْطِيهِمْ مِنْ حِلْمِى وَعِلْمِى».

9069 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئىيسا! مەن سەندىن كېيىن بىر ئۈممەت ئەۋەتىمەن، ئۇلارغا بىر خۇشاللىق يەتكەن چاغدا، اللهقا ھەمدە ئېيتىپ، شۈكۈر قىلىدۇ. ئۇلارغا بىر مۇسىبەت يەتكەن چاغدا، سەۋر قىلىپ، مۇكاپاتىنى اللهتىن تىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىل ئۇلاردىكى ئەقىل ۋە ئىلىم ئەمەس، بەلكى ئىخلاستۇر" دېدى. ئىيسا ئەلەيھىسسالام: "ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇنداقتا بۇ قانداق بولىدۇ؟" دەپ سورىدى. الله تائالا: "ئۇلارنىڭ ئىخلاسىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەقىل ۋە ئىلىمنى مەن بېرىمەن" دېدى»[1].

(ئەھمەد: 26997)

9070 ـ عَنِ ابْنِ عُمَرَ عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ قَالَ: مَا مِـنْ أُمـةٍ إلا وَبَعْضُهَا فِي النارِ وَبَعْضُهَا فِي الْجَنةِ، إلا أُمتِي فَإنهَا كُلهَا فِي الْجَنةِ.

9070 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مېنىڭ ئۈممىتىمدىن باشقا ھەر قانداق ئۈممەتنىڭ بىر قىسمى دوزاختا، يەنە بىر قىسمى جەننەتتە بولىدۇ، ئەمما مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتتە بولىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 1858)

[1] ھەيسەمى (16704): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەھمەدنىڭ سەنەدىدىكى ھەسەن ئىبنى سىۋار ۋە ئەبۇ ھەلبەس يەزىد ئىبنى مەيسەرە ئىسىملىك كىشىلەردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەمما ئۇ ئىككىسىمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16715): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھەججاج ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە قۇرەيش ۋە باشقىلارنىڭ ئەۋزەللىكلىرى؛ ئەجەم ۋە رۇملۇقلارنىڭ پەزىلەتلىرى

9071 ـ عَنْ مُحَمدِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ يُرِدْ هَوَانَ قُرَيْشٍ أَهَانَهُ اللهُ.

9071 ـ مۇھەممەد ئىبنى سەئد دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇرەيشنىڭ ئابرويىنى تۆكسە، الله ئۇنى خار قىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 3905)

9072 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم أَذَقْتَ أَولَ قُرَيْشٍ نَكَالًا فَأَذِقْ آخِرَهُمْ نَوَالًا.

9072 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئى پەرۋەردىگارىم! قۇرەيشنىڭ بۇرۇنقىلىرىغا ئازاب بەردىڭ، كېيىنكىلىرىگە نېئمەت بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلغان[2].

(تىرمىزى: 3908)

9073 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ يَقُولُ: «نِسَاءُ قُرَيْشٍ خَيْرُ نِسَاءٍ رَكِبْنَ الإِبِلَ أَحْنَاهُ عَلَى طِفْلٍ وَأَرْعَاهُ عَلَى زَوْجٍ فِى ذَاتِ يَدِهِ». قَالَ يَقُولُ أَبُو هُرَيْرَةَ عَلَى إِثْرِ ذَلِكَ وَلَمْ تَرْكَبْ مَرْيَمُ بِنْتُ عِمْرَانَ بَعِيرًا قَط.

---

[1] ئەلبانى (3065): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3067): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

9073 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«قۇرەيش ئاياللىرى تۆگىگە مىنگەن ئاياللارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدۇر. ئۇلار بالىلىرىغا بەكمۇ ياخشى قارايدۇ. ئەرلىرىگە بەك كۆڭۈل بۆلىدۇ».
ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىمران قىزى مەريەم تۆگىگە پەقەتلا مىنىپ باقمىغان.

(مۇسلىم: 2527)

9074 ـ عَنْ أَبِي بَكْرَةَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرَأَيْتُمْ إِنْ كَانَ جُهَيْنَةُ وَمُزَيْنَةُ وَأَسْلَمُ وَغِفَارُ خَيْرًا مِنْ بَنِي تَمِيمٍ وَبَنِي أَسَدٍ وَمِنْ بَنِي عَبْدِ اللهِ بْنِ غَطَفَانَ وَمِنْ بَنِي عَامِرِ بْنِ صَعْصَعَةَ فَقَالَ رَجُلٌ خَابُوا وَخَسِرُوا فَقَالَ هُمْ خَيْرٌ مِنْ بَنِي تَمِيمٍ وَمِنْ بَنِي أَسَدٍ وَمِنْ بَنِي عَبْدِ اللهِ بْنِ غَطَفَانَ وَمِنْ بَنِي عَامِرِ بْنِ صَعْصَعَةَ.
9074 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ــ مەن: ‘‘جۇھەينە، مۇزەينە، ئەسلەم ۋە غىفار قەبىلىلىرى بەنى تەمىم، بەنى ئەسئەد، بەنى ئابدۇللاھ ئىبنى غەتەفان ۋە بەنى ئامىر ئىبنى سەئسەئە قەبىلىلىرىدىن ياخشىراق’’ دېسەم، سىلەر قانداق قارايسىلەر؟ ـ دېگەنىدى، بىر كىشى:
ــ ئۇنداقتا، ئۇلار زىيان تارتقان قەۋمدۇر، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
ـ ئۇلار ھەقىقەتەن بەنى تەمىم، بەنى ئەسئەد، بەنى ئابدۇللاھ ئىبنى غەتەفان ۋە بەنى ئامىر ئىبنى سەئسەئە قەبىلىلىرىدىن ياخشىراقتۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3515)

9075 ـ وفي رواية أن الْأَقْرَعَ بْنَ حَابِسٍ قَالَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنمَا بَايَعَكَ سُراقُ الْحَجِيجِ مِنْ أَسْلَمَ وَغِفَارَ وَمُزَيْنَةَ وَأَحْسِبُهُ وَجُهَيْنَةَ ابْنُ أَبِي يَعْقُوبَ شَكَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرَأَيتَ إِنْ كَانَ أَسْلَمُ وَغِفَار...

9075 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەقرەئ ئىبنى ھابىس پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ساڭا ئەسلەم، غىفار، مۇزەينە ۋە جۇھەينە ئىبنى ئەبۇ ياقۇب قەبىلىلىرىدىن پەقەت ھاجىلارنى بۇلايدىغان بۇلاڭچىلارلا بەيئەت قىلدى، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، بەلكى ئەسلەم ۋە غىفار قەبىلىلىرى... داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

(بۇخارى: 3516)

9076 – عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَسْلَمُ سَالَمَهَا اللهُ وَغِفَارُ غَفَرَ اللهُ لَهَا أَمَا إني لَمْ أَقُلْهَا وَلَكِنْ قَالَهَا اللهُ عَز وَجَل.

9076 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله بەنى ئەسلەم (قەبىلىسى)نى سالامەت قىلدى. الله بەنى غىفارنى مەغپىرەت قىلدى. ئەمما بۇنى مەن دېمىدىم، بەلكى الله تائالا ئېيتتى».

(مۇسلىم: 2516)

9077 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قُرَيْشٌ وَالْأَنصَارُ وَجُهَيْنَةُ وَمُزَيْنَةُ وَأَسْلَمُ وَأَشْجَعُ وَغِفَارُ مَوَالِي لَيْسَ لَهُمْ مَوْلًى دُونَ اللهِ وَرَسُولِهِ.

9077 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇرەيش، ئەنسار، جۇھەينە، مۇزەينە، ئەسلەم، ئەشجەئ ۋە غىفار قەبىلىلىرى مېنىڭ ياردەمچىلىرىم، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۇلارنىڭ ياردەمچىسىدۇر».

(بۇخارى: 3504)

9078 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَأَعْرِفُ أَصْوَاتَ رُفْقَةِ الْأَشْعَرِيينَ بِالْقُرْآنِ حِينَ يَدْخُلُونَ بِالليْلِ وَأَعْرِفُ مَنَازِلَهُمْ مِنْ أَصْوَاتِهِمْ بِالْقُرْآنِ بِالليْلِ وَإِنْ

كُنتُ لَمْ أَرَ مَنَازِلَهُمْ حِينَ نَزَلُوا بِالنَهَارِ وَمِنْهُمْ حَكِيمٌ إِذَا لَقِيَ الْخَيْلَ أَوْ قَالَ الْعَدُو قَالَ لَهُمْ إِن أَصْحَابِي يَأْمُرُونَكُمْ أَنْ تَنظُرُوهُمْ.

9078 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كەچ كىرگەندە، قۇرئان ئوقۇشلىرىدىن ئەشئەرىيلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى بىلىۋالىمەن. گەرچە كۈندۈزى ئۇلارنىڭ چۈشكەن يەرلىرىنى كۆرمىگەن بولسامۇ، كېچىسى قۇرئان ئوقۇشلىرىدىن ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان جايلىرىنى بىلىۋالىمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق دانا كىشى باركى، ئاتلىق قىسىمغا يولۇقسا، ئۇلارغا:

ــ دوستلىرىم سىلەرنىڭ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرۇشۇڭلارنى ئېيتتى (ساقلاپ تۇرۇڭلار، ئۇلار كەلگەندە دۈشمەنگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلايلى)، ـ دەيدۇ.

(بۇخارى: 4232)

9079 ـ عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الْأَشْعَرِيينَ إِذَا أَرْمَلُوا فِي الْغَزْوِ أَوْ قَل طَعَامُ عِيَالِهِمْ بِالْمَدِينَةِ جَمَعُوا مَا كَانَ عِنْدَهُمْ فِي ثَوْبٍ وَاحِدٍ ثُم اقْتَسَمُوهُ بَيْنَهُمْ فِي إِنَاءٍ وَاحِدٍ بِالسوِيةِ فَهُمْ مِني وَأَنا مِنْهُمْ.

9079 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەشئەرىيلەر جىھادقا چىققاندا ياكى مەدىنىدە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ ئوزۇقلۇقى ئازلاپ كەتكەندە، بارلىق نەرسىلىرىنى بىر داستىخانغا يىغىپ، ئاندىن ھەممىگە تەڭ تەقسىم قىلىدۇ. ئۇلار مەندىن، مەنمۇ ئۇلاردىنمەن».

(بۇخارى: 2486)

9080 ـ عَنْ أَبِي عَامِرٍ الْأَشْعَرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نِعْمَ الْحَي الْأَسْدُ وَالْأَشْعَرِيونَ لَا يَفِرونَ فِي الْقِتَالِ وَلَا يَغُلونَ هُمْ مِني وَأَنا مِنْهُمْ قَالَ فَحَدثْتُ بِذَلِكَ مُعَاوِيَةَ فَقَالَ لَيْسَ هَكَذَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ هُمْ مِني وَإِلَي

فَقُلْتُ لَيْسَ هَكَذَا حَدثَنِي أَبِي وَلَكِنهُ حَدثَنِي قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ هُمْ مِني وَأَنا مِنْهُمْ قَالَ فَأَنتَ أَعْلَمُ بِحَدِيثِ أَبِيكَ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ حَسَنٌ غَرِيبٌ لَا نَعْرِفُهُ إِلا مِنْ حَدِيثِ وَهْبِ بْنِ جَرِيرٍ وَيُقَالُ الْأَسْدُ هُمْ الْأَزْدُ.

9080 ـ ئامىر ئىبنى ئەبۇ ئامىر ئەشئەرى دادىسى ئەبۇ ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەسەد ۋە ئەشئەرىيلەر نېمىدېگەن ياخشى قەبىلە؟! ئۇلار جىھادتىن قاچمايدۇ، غەنىمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ. ئۇلار مەندىن ۋە مەنمۇ ئۇلاردىن، ـ دېدى.

مەن (يەنى ئامىر) بۇنى مۇئاۋىيەگە سۆزلەپ بەرگەن چېغىمدا، ئۇ ماڭا:

ـ بۇنداق ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار مەندىن ۋە ماڭا تېگىشلىكتۇر» دېگەن، ـ دېدى. مەن:

ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس. دادام ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلار مەندىن، مەنمۇ ئۇلاردىنمەن» دېگىنىنى سۆزلەپ بەرگەن، ـ دېگەنىدىم، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا مەيلى، سەن داداڭنىڭ ھەدىسىنى مەندىن ياخشى بىلىسەن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 3947)

9081 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ مَا زِلْتُ أُحِب بَنِي تَمِيمٍ مُنْذُ ثَلَاثٍ سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ فِيهِمْ سَمِعْتُهُ يَقُولُ هُمْ أَشَد أُمتِي عَلَى الدجالِ قَالَ وَجَاءَتْ صَدَقَاتُهُمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذِهِ صَدَقَاتُ قَوْمِنَا وَكَانَتْ سَبِيةٌ مِنْهُمْ عِنْدَ عَائِشَةَ فَقَالَ أَعْتِقِيهَا فَإِنهَا مِنْ وَلَدِ إِسْمَاعِيلَ.

9081 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بەنى تەمىم قەبىلىسى ھەققىدە ئۈچ

[1] ئەلبانى (832): زەئىپ، ـ دېگەن.

نەرسىنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ كەلدىم. بىرىنچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۈممىتىم ئىچىدە دەججال بىلەن ئەڭ قاتتىق ئۇرۇشىدىغىنى بەنى تەمىم قەبىلىسىدۇر» دېدى. ئىككىنچىسى، ئۇلارنىڭ زاكاتلىرى كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا بۇ، بىزنىڭ قەۋمىمىزنىڭ زاكاتلىرىدۇر» دېدى. ئۈچىنچىسى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ئۇلاردىن ئەسىر ئېلىنغان بىر ئايال بار ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئائىشەگە): «ئۇنى ئازاد قىلغىن! چۈنكى ئۇ ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ نەسلىدىن» دېدى.

(بۇخارى: 2543)

9082 ـ عن أبي هريرة قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم وذكر بني تميم فقال: "هم ضخام الهام، ثبت الأقدام، نصار الحق في آخر الزمان، أشد قوماً على الدجال".

9082 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى تەمىم قەبىلىسىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ: «(ئۇلارنىڭ) باشلىرى يوغان، قەدەملىرى مۇستەھكەم قەۋم بولۇپ، ئاخىرقى زاماندا ھەقكە ياردەم قىلىدىغان ۋە دەججالغا ئەڭ شىددەتلىك قارشى تۇرىدىغان خەلقتۇر» دېدى[1].

(بەززار: 2823)

9083 ـ عن أبي هريرة قال: ربما ضرب النبي صلى الله عليه وسلم على كتفي وقال: "أحبوا بني تميم".

9083 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پات ـ پات مېنىڭ

[1] ھەيسەمى (16570): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە سەلام مەدائىنى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك بىرى بار، ـ دېگەن.

دولامغا ئۇرۇپ تۇرۇپ: «بەنى تەمىم قەبىلىسىنى ياخشى كۆرۈڭلار!» دەيتتى[1].

(بەززار: 2824)

9085 ـ عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْأَزْدُ أَسْدُ اللهِ فِي الْأَرْضِ يُرِيدُ الناسُ أَنْ يَضَعُوهُمْ وَيَأْبى اللهُ إِلا أَنْ يَرْفَعَهُمْ وَلَيَأْتِين عَلَى الناسِ زَمَانٌ يَقُولُ الرجُلُ يَا لَيْتَ أَبِي كَانَ أَزْدِيا يَا لَيْتَ أُمي كَانَتْ أَزْدِيةً.

9085 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەزد (قەبىلىسى) اللهنىڭ يەر يۈزىدىكى ئەسكەرلىرىدۇر. ئىنسانلار ئۇلارنى خار قىلىشنى خالايدۇ، ئەمما الله تائالا ئۇلارنى كۆتۈرىدۇ. ئىنسانلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا كىشىلەر: ''كاشكى دادام ئەزدىي بولسىچۇ، كاشكى ئانام ئەزدىي بولسىچۇ؟!'' دېيىشىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 3937)

9086 ـ وَبِإِسْنَادِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «نِعْمَ الْقَوْمُ الأَزْدُ طَيبَةٌ أَفْوَاهُهُمْ بَرةٌ أَيْمَانُهمْ نَقِيةٌ قُلُوبُهُمْ».

9086 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەزد قەبىلىسى نېمىدېگەن ياخشى؟! ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرى تاتلىق، قەسەملىرىگە سادىق، قەلبلىرى پاكتۇر»[3].

(ئەھمەد: 37303)

---

[1] ھەيسەمى (16571): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇبەيدە ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىسىملىك سەلبىي باھا بېرىلمىگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (828): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (16583): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

9087 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَدِمَ الطفَيْلُ بْنُ عَمْرٍو عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إن دَوْسًا قَدْ عَصَتْ وَأَبَتْ فَادْعُ اللهَ عَلَيْهَا فَظَن الناسُ أَنهُ يَدْعُو عَلَيْهِمْ فَقَالَ اللهُم اهْدِ دَوْسًا وَأْتِ بِهِمْ.

9087 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تۇفەيل ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! دەۋس قەبىلىسى ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەسلىم بولمايۋاتىدۇ، ئۇلارغا بەددۇئا قىلغىن! ــ دېدى. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەددۇئا قىلىشىنى ئويلىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى پەرۋەردىگارىم! دەۋس (قەبىلىسى)نى ھىدايەت قىلغىن ۋە ئۇلارنى بىزنىڭ سېپىمىزگە قوشقىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 6397)

9088 ـ عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَحْرَقَتْنَا نِبَالُ ثَقِيفٍ فَادْعُ اللهَ عَلَيْهِمْ. قَالَ «اللهُم اهْدِ ثَقِيفًا».

9088 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەقىفنىڭ ئوقلىرى بىزنى ھالاك قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا بەددۇئا قىلغىن! ـ دېگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى پەرۋەردىگارىم! سەقىفنى ھىدايەت قىلغىن! ــ دەپ دۇئا قىلدى[1].

(تىرمىزى: 3942)

9089 ـ عَنْ عِمْرَانَ بْنِ حُصَيْنٍ قَالَ مَاتَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهُوَ يَكْرَهُ ثَلَاثَةَ أَحْيَاءٍ ثَقِيفًا وَبَنِي حَنِيفَةَ وَبَنِي أُمَيةَ.

[1] ئەلبانى (830): زەئىپ، ـ دېگەن.

9089 ـ ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر سەقىف، بەنى ھەنىيفە ۋە بەنى ئۇمەييەدىن ئىبارەت ئۈچ قەبىلىنى ياخشى كۆرمىدى[1].

(تىرمىزى: 3943)

9090 – عَنْ عَمْرِو بْنِ عَبَسَةَ السلمِى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ـ صلى الله عليه وسلم ـ «شَر قَبِيلَتَيْنِ فِى الْعَرَبِ نَجْرَانُ وَبَنُو تَغْلِبَ».

9090 ـ ئەمر ئىبنى ئەبەسە سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەرەبلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەسكى قەبىلە نەجران بىلەن بەنۇ تەغلىب قەبىلىسىدۇر»[2].

(ئەھمەد: 18948)

9091 ـ عَنْ أَبِي بَرْزَةَ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلًا إِلَى حَي مِنْ أَحْيَاءِ الْعَرَبِ فَسَبوهُ وَضَرَبُوهُ فَجَاءَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَخْبَرَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ أَن أَهْلَ عُمَانَ أَتَيْتَ مَا سَبوكَ وَلَا ضَرَبُوكَ.

9091 ـ ئەبۇ بەرزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنى ئەرەب قەبىلىلىرىدىن بىرىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇنى تىللاپ، دۇمبالىدى. ئۇ ئەلچى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئومان ئەھلىگە بارغان بولساڭ، ئۇلار سېنى تىللىمىغان ۋە ئۇرمىغان بولاتتى» دېدى.

(مۇسلىم: 2544)

[1] ئەلبانى (831): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16732): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9092 ـ عَنْ عُمَر رَضِيَ اللهُ عَنْهُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إني لَأَعْلَمُ أَرْضًا يُقَالُ لَهَا عُمَانُ يَنضَحُ بِنَاحِيَتِهَا الْبَحْرُ بِهَا حَي مِنْ الْعَرَبِ لَوْ أَتَاهُمْ رَسُولي مَا رَمَوْهُ بِسَهْمٍ وَلَا حَجَرٍ.

9092 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «مەن بىر يەرنى بىلىمەن، ئۇ يەرنىڭ ئىسمى ئوماندۇر. ئۇنىڭ قىرغىقىدا دېڭىز بار بولۇپ، ئەرەبلەردىن بولغان بىر قەۋم ياشايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا مېنىڭ بىر ئەلچىم بارسا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئوقيا ياكى تاش ئاتمايدۇ»[①].

(ئەھمەد: 310)

9093 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُلْكُ فِي قُرَيْشٍ وَالْقَضَاءُ فِي الْأَنصَارِ وَالْأَذَانُ فِي الْحَبَشَةِ وَالْأَمَانَةُ فِي الْأَزْدِ. يَعْنِي الْيَمَنَ.

9093 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەمىرلىك قۇرەيشتە، قازىلىق ئەنسارلاردا، ئەزان ئېيتىش ھەبەشتە، ئامانەت ئەزدىيدە (يەنى يەمەنلىكتە)دۇر»[②].

(تىرمىزى: 3936)

9094 ـ وَالسرْعَةُ فِي الْيَمَنِ.

9094 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «چەبدەسلىك يەمەنلىكلەردىدۇر» دېيىلگەن[③].

(ئەھمەد: 8543)

[①] ھەيسەمى (16598): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى لەمازە ئىبنى زەباردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ئەمما ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر. بۇ ھەدىسنى يەنە ئەبۇ يەئلامۇ مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3088): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (16985): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9095 ـ عَنْ طَارِقِ بْنِ شِهَابٍ قَالَ قَدِمَ وَفْدُ بَجِيلَةَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اكْسُوا الْبَجَلِيينَ وَابْدَءُوا بِالْأَحْمَسِيينَ.

9095 ـ تارىق ئىبنى شىھابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بەجىيلە ئۆمىكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«بەجىيلەلىكلەرگە كىيىم سوۋغا قىلىڭلار، ئەھمەسىيە ئايمىقىدىن باشلاڭلار!» دېدى[①].

(ئەھمەد: 18354)

9096 ـ عَنْ طَارِقٍ قَالَ قَدِمَ وَفْدُ أَحْمَسَ وَوَفْدُ قَيْسٍ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ابْدَءُوا بِالْأَحْمَسِيينَ قَبْلَ الْقَيْسِيينَ وَدَعَا لِأَحْمَسَ فَقَالَ اللهُم بَارِكْ فِي أَحْمَسَ وَخَيْلِهَا وَرِجَالِهَا سَبْعَ مَراتٍ.

9096 ـ تارىق ئىبنى شىھابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەھمەس ۋە قەيس ئۆمەكلىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«سوۋغاتنى ئاۋۋال ئەھمەسىيلىكلەرگە، ئاندىن قەيسلىكلەرگە بېرىڭلار!» دېدى. ئاندىن:

«ئى پەرۋەردىگارىم! ئەھمەسىيلىكلەرنىڭ ئاتلىرىغا ۋە ئادەملىرىگە بەرىكەت بەرگىن!» دەپ ئەھمەسىيلىكلەر ئۈچۈن يەتتە قېتىم دۇئا قىلدى[②].

(ئەھمەد: 18355)

9097 ـ عَنْ غَالِبِ بن أَبْجَرَ، قَالَ: ذَكَرْتُ قَيْسَ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "رَحِمَ اللهُ قَيْسًا، رَحِمَ اللهُ قَيْسًا"، قِيلَ: يَا

---

[①] ھەيسەمى (16575): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (16576): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

رَسُولَ اللهِ، تَرَحمُ عَلَى قَيْسٍ؟ قَالَ: "نَعَمْ إِنَّهُ كَانَ عَلَى دِينِ أَبِي إِسْمَاعِيلَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ خَلِيلِ اللهِ، يَا قَيْسُ حَيِّ يَمَنًا، يَا يَمَنُ حَيِّ قَيْسًا، إِنَّ قَيْسًا فُرْسَانُ اللهِ فِي الأَرْضِ، وَالَّذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَيَأْتِيَنَّ عَلَى النَّاسِ زَمَانٌ لَيْسَ لِهَذَا الدِّينِ نَاصِرٌ غَيْرُ قَيْسٍ، إِنَّ لِلَّهِ عَزَّ وَجَلَّ فُرْسَانًا مِنْ أَهْلِ السَّمَاءِ مُسَوَّمِينَ، وَفُرْسَانًا مِنْ أَهْلِ الأَرْضِ مُعَلَّمِينَ، فَفُرْسَانُ اللهِ مِنْ أَهْلِ الأَرْضِ قَيْسٌ، إِنَّمَا قَيْسٌ بَيْضَةٌ تَفَلَّقَتْ عَنَّا أَهْلَ الْبَيْتِ، إِنَّ قَيْسًا ضَرَاءُ اللهِ فِي الأَرْضِ" يَعْنِي أَسَدَ اللهِ.

9097 - غالىب ئىبنى ئەبجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىندۇ: قەيس (قەبىلىسى) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىدا تىلغا ئېلىنغانىدى:

- ئى پەرۋەردىگارىم! قەيسكە رەھىم قىلغىن! - دەپ دۇئا قىلدى. ساھابىلەر:

- ئى رەسۇلۇللاھ! قەيسكە رەھمەت تىلەۋاتامسەن؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ھەئە، چۈنكى ئۇ ئاتىمىز ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ دىنىدا ئىدى. ئى قەيس! يەمەن ئەھلىنى قىزغىن قارشى ئالغىن! ئى يەمەن! قەيسنى قىزغىن قارشى ئالغىن! قەيس اللهنىڭ يەر يۈزىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلىرىدۇر. جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن مۇنداق قەسەم قىلىمەن: (ئىنسانلارغا) شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، بۇ دىنىنىڭ قەيس قەبىلىسىدىن باشقا ياردەمچىسى قالمايدۇ. قەيس بىز ئەھلى بەيتنىڭ بىر ئايمىقىدۇر، قەيس اللهنىڭ شىرلىرىدۇر، - دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

9098 - عَنْ سَلَمَةَ بن سَعْدٍ أَنَّهُ وَفَدَ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هُوَ وَجَمَاعَةٌ مِنَ أَهْلِ بَيْتِهِ وَوَلَدِهِ، فَاسْتَأْذَنُوا عَلَيْهِ، فَدَخَلُوا، فَقَالَ: "مَنْ هَؤُلاءِ؟" قِيلَ لَهُ: هَذَا وَفْدُ عَنَزَةَ، فَقَالَ: "بَخٍ بَخٍ بَخٍ، نِعْمَ الْحَيُّ عَنَزَةُ مَبْغِيٌّ عَلَيْهِمْ مَنْصُورُونَ، مَرْحَبًا بِقَوْمٍ

[1] ھەيسەمى (16578): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

شُعَيبٍ، وَأَخْتَانِ مُوسَى، سَلْ يَا سَلَمَةُ عَنْ حَاجَتِكَ". قَالَ: جِئْتُ أَسْأَلُكَ عَما افْتَرَضْتَ عَلَي فِي الإِبِلِ وَالْغَنَمِ وَالْعَنزِ، فَأَخْبَرَهُ، ثُم جَلَسَ عِنْدَهُ قَرِيبًا، ثُم اسْتَأْذَنَهُ فِي الانْصِرَافِ فَقَالَ لَهُ :"انْصَرِفْ". فَمَا عَدَا أَنْ قَامَ، فَقَالَ: "اللهُم ارْزُقْ عَنَزَةَ كَفَافًا، لا قُوت وَلا إِسْرَاف".

9098 ـ سەلەمە ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بالا ـ چاقا ۋە ئائىلەمدىن بىر توپ كىشى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئىچكىرىگە كىرگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇلار كىم؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇنىڭغا:

ـ بۇلار ئەنزە ئۆمىكى، ـ دېيىلدى.

ــ ۋاھ! ۋاھ! ئەنزە قەبىلىسى نېمىدېگەن ياخشى؟! ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغانلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ. مەرھابا، ئى شۇئەيبنىڭ قەۋمى، مۇسانىڭ قېيىن بۇرادەرلىرى! ئى سەلەمە! نېمىنى خالىساڭ، شۇنى سورىغىن! ـ دېدى. مەن:

ــ ماڭا تۆگە، قوي ۋە ئۆچكىلىرىمدىن قانچىلىك زاكات كېلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كەلدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا قانچىلىك زاكات كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بىر مۇددەت ئولتۇرغاندىن كېيىن، كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇخسەت بەردى. كېتىش ئۈچۈن جابدۇنۇۋاتقىنىمىزدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى پەرۋەردىگارىم! ئەنزە قەبىلىسىگە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا چۈشلۇق رىزىق ئاتا قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 6364)

[1] ھەيسەمى (16590): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن بىلمەيدىغان بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

9099 ـ عَنْ الْغَضْبَانِ بْنِ حَنْظَلَةَ أَن أَبَاهُ حَنْظَلَةَ بْنَ نُعَيْمٍ وَفَدَ إِلَى عُمَرَ فَكَانَ عُمَرُ إِذَا مَرَ بِهِ إِنْسَانٌ مِنْ الْوَفْدِ سَأَلَهُ مِمنْ هُوَ حَتى مَر بِهِ أَبِي فَسَأَلَهُ مِمنْ أَنتَ فَقَالَ مِنْ عَنَزَةَ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ حَي مِنْ هَاهُنَا مَبْغِي عَلَيْهِمْ مَنْصُورُونَ.

9099 ـ غەزبان ئىبنى ھەنزەلەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: دادام ھەنزەلە ئىبنى نۇئەيم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچى بولۇپ باردى. قاچانكى ئۇنىڭغا ھۇزۇرىغا بارغان ۋەكىللەردىن بىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلارنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى سورايتتى. دادامۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭدىن:

ـ سەن قايسى قەبىلىدىن؟ ـ دەپ سورىدى. دادام:

ــ ئەنزەدىن بولىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئۇلار بۇ تەرەپتىن (كېلىدىغان) بىر قەۋمدۇر. ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغانلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 142)

9100 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "خَيْرُ أَهْلِ الْمَشْرِقِ عَبْدُ الْقَيْسِ".

9100 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەشرىق ئەھلىنىڭ ياخشىسى ئابدۇل قەيستۇر»[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلكەبىر»: 12970)

---

[1] ھەيسەمى (16591): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى پەرقلىق سەنەدلەر بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئەبۇ يەئلانىڭ بىر سەنەدىنىڭ راۋىيلىرىنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (16579): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ۋەھب ئىبنى يەھيا ئىبنى زەمام ئىسىملىك ماڭا ناتونۇش بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

9101 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: أَنا حَجِيجُ مَنْ ظَلَمَ عَبْدَ الْقَيسِ.

9101 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئابدۇل قەيسكە زۇلۇم قىلسا، (بىلىپ قالسۇنكى) مەن ئابدۇلقەيسنىڭ دەۋاگىرى بولىمەن»[①].

(بەززار: 2822)

9102 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ شَهِدْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدْعُو لِهَذَا الْحَي مِنْ النخَعِ أَوْ قَالَ يُثْنِي عَلَيْهِمْ حَتى تَمَنيْتُ أَني رَجُلٌ مِنْهُمْ.

9102 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ نەخەئ قەبىلىسىگە دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى (ياكى ئۇلارنى ماختاۋاتقانلىقىنى) كۆردۈم. ئۇ، شۇنداق دۇئا قىلدىكى: "كاشكى مەنمۇ ئۇلاردىن بولۇپ قالسامچۇ؟!" دەپ كەتتىم[②].

(ئەھمەد: 3816)

9103 ـ عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: إِذَا اخْتَلَفَ الناسُ فَالْعَدْلُ فِي مُضَرَ.

9103 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

① ھەيسەمى (16582): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا ناتونۇش بىر قانچە كىشى بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (16595): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

«ئىنسانلار تالاش ـ تارتىش قىلىشقان چاغدا، ھەق (ئادالەت) مۇزەر قەبىلىسىدە بولىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 11418)

9104 ـ عَنْ سَلْمَانَ قَالَ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ يَا سَلْمَانُ لَا تَبْغَضْنِي فَتُفَارِقَ دِينَكَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ أُبْغَضُكَ وَبِكَ هَدَانَا اللهُ قَالَ تَبْغَضُ الْعَرَبَ فَتَبْغَضُنِي.

9104 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـ ئى سەلمان! مېنى يامان كۆرمە! بولمىسا، دىنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن، ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى قانداقمۇ يامان كۆرەي! الله سېنىڭ سايەڭدە بىزنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرگەن تۇرسا، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەرەبلەرنى يامان كۆرسەڭ، مېنى يامان كۆرگەن بولىسەن، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 3927)

9106 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ يَقُولُ ذُكِرَتْ الْأَعَاجِمُ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ لَأَنَا بِهِمْ أَوْ بِبَعْضِهِمْ أَوْثَقُ مِني بِكُمْ أَوْ بِبَعْضِكُمْ.

9106 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەجەملەر (ئەرەب بولمىغان كىشىلەر) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تىلغا ئېلىنغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ھەيسەمى (16597): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئەممىل ۋە مۇسەننا ئىبنى سەباھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، ئەمما بەزىلەر ئۇلارنىڭمۇ ئىشەنچلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (823): زەئىپ، ـ دېگەن.

«مەن ئۇلارغا ياكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە، سىلەرگە ياكى سىلەرنىڭ بەزىڭلارغا ئىشەنگەندىن كۆپرەك ئىشىنىمەن» دېدى[1].

(تىرمىزى: 3932)

9107 ـ قَالَ الْمُسْتَوْرِدُ الْقُرَشِي عِنْدَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ تَقُومُ الساعَةُ وَالرومُ أَكْثَرُ الناسِ فَقَالَ لَهُ عَمْرٌو أَبْصِرْ مَا تَقُولُ قَالَ أَقُولُ مَا سَمِعْتُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَئِنْ قُلْتَ ذَلِكَ إِن فِيهِمْ لَخِصَالًا أَرْبَعًا إِنهُمْ لَأَحْلَمُ الناسِ عِنْدَ فِتْنَةٍ وَأَسْرَعُهُمْ إِفَاقَةً بَعْدَ مُصِيبَةٍ وَأَوْشَكُهُمْ كَرةً بَعْدَ فَرةٍ وَخَيْرُهُمْ لِمِسْكِينٍ وَيَتِيمٍ وَضَعِيفٍ وَخَامِسَةٌ حَسَنَةٌ جَمِيلَةٌ وَأَمْنَعُهُمْ مِنْ ظُلْمِ الْمُلُوكِ.

9107 ـ مۇستەۋرىد قۇرەشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ھۇزۇرىدا:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «قىيامەت قايىم بولغاندا رۇملارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بىلىپ سۆزلەۋاتامسەن؟ ـ دېدى، مۇستەۋرىد:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغىنىمنى دەۋاتىمەن، ـ دېگەندى، ئەمر ئىبنى ئاس مۇنداق دېدى:

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇلاردا مۇنداق بىر قانچە تۈرلۈك خىسلەت بار: بىرىنچىسى، ئۇلار پىتنە زامانىدا، ئۆزلىرىنى بەك تەمكىن تۇتىدۇ. ئىككىنچىسى، مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا ئۆزلىرىنى تۇتىۋالالايدۇ. ئۈچىنچىسى، چېكىنىپ تۇرۇپ، ھۇجۇم قىلىدۇ. تۆتىنچىسى، يوقسۇللار، يېتىم ۋە ئاجىزلارغا ياخشىلىق قىلىدۇ. بەشىنچىسى، شۇنداق ياخشى بىر سۈپىتى باركى، ئۇلار پادىشاھلارنىڭ زۇلمىغا ھەرگىز سۈكۈت قىلمايدۇ.

(مۇسلىم: 2898)

[1] ئەلبانى (827): زەئىپ، ـ دېگەن.

مۇندەرىجە

**ھەدىسلەر توپلىمى ................................................ 1**
بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە ........................................................................3
**گۈزەل سۈپەتلەر ۋە پەزىلەتلەر بۆلۈمى ....................................... 9**
بەزى پەيغەمبەرلەر ھەققىدە بايانلار ۋە ئۇلارنىڭ پەزىلەتلىرى ..................9
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەزىلەتلىرى .................37
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرى، چاچلىرى، پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى، سۆزلىرى، تەرلىشى، شىجائىتى ۋە ئەخلاقلىرى .53
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقا سۈپەتلىرى ...........83
ئىسرا ۋەقەسى ......................................................................111
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەيب ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرى.......................................................................153
جانلىق ۋە جانسىزلارنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە گەپ قىلىشى ......................................................................171
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەرىكىتى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ كۆپىيىشى ..........................................................187
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى ۋە دۈشمەنلىرىدىن ساقلىنىشى.......................................219
ئەھلى كىتابنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغان سوئاللىرى ۋە ئۇلارنىڭ (ئۆزلىرىگە) بېرىلگەن جاۋابنى تەستىقلىشى ..231
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەرخىل مۆجىزىلىرى، ئۆمرى ۋە بالىلىرى ھەققىدىكى بايانلار .........................................237
ساھابىلەرنىڭ ئورتاق پەزىلەتلىرى (الله ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) ..........................................................................255
ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى.....................291
ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى ....................305
ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى ...................................329
ئىمام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى ................................353

جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن ئون ساھابىنىڭ قالغانلىرى .377
ئابباس، جەئفەر، ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ
پەزىلەتلىرى ..................................................................405
زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئۇسامە، ئەممار ئىبنى ياسىر،
ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ۋە ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ
پەزىلەتلىرى ..................................................................431
ھۇزەيفە ئىبنى يەمان، سەئد ئىبنى مۇئاز، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر
ۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى ..................459
بىلال ئىبنى رەباھ، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئەبۇ تەلھە ئەنسارى، مىقداد
ئىبنى ئەمر ۋە ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ
پەزىلەتلىرى ..................................................................471
سەلمان، ئەبۇ مۇسا، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى يۇسۇف،
جەرىر، جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە ئۇنىڭ دادىسى، مالىكنىڭ ئىككى
ئوغلى ئەنەس بىلەن بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى ........479
سابىت ئىبنى قەيس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ھاتىب ئىبنى ئەبۇ بەلتەئە ۋە
جۇلەيبىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى............................503
ھارىسە ئىبنى سۇراقە، قەيس ئىبنى سەئد ئىبنى ئۇبادە، خالىد ئىبنى
ۋەلىد، ئەمر ئىبنى ئاس، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب ۋە ئۇنىڭ ئوغلى
مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى ..............................509
سۇنەيىن ئەبۇ جەمىلە، ئەبباد، زىماد، ئەدىي ئىبنى ھاتەم، سۇمامە ئىبنى
ئۇسال، ئەمر ئىبنى ئەبسە سۇلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ
پەزىلەتلىرى ..................................................................517
ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئەقىل ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئەبۇ سۇفيان
ئىبنى ھارىس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ
پەزىلەتلىرى ..................................................................527
خەبباب ئىبنى ئەرەت، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىم، ئامىر
ئىبنى فۇھەيرە، ئامىر ئىبنى رەبىئە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ۋە
سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى ..............................531

ئوسمان ئىبنى مەزئۇن، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئەمر ئىبنى جەمۇھ، هارىسە ئىبنى نۇئمان، بەشىر ئىبنى بەرا ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى.......................................537
ئەبۇ يەسەر، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي، قەتادە ئىبنى نۇئمان، ئۇبادە ئىبنى سامىت، خۇزەيمە ئىبنى سابىت ۋە ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى .......................................543
ئەبۇ دەھداھ، زەيد ئىبنى سابىت، رافىئ ئىبنى خەدىج، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ، ئەبۇ دەردائ، زاھىر ئىبنى ھەرام ۋە ئابدۇللاھ زۇلبىجادەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى .......................................551
ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم، ئوسمان ئىبنى ئەبۇلئاس، ۋائىل ئىبنى ھەجەر، ئەلا ئىبنى ھەزرەمى ۋە ئەبۇ زەيد ئەمر ئىبنى ئەختەب زىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى.......................................557
ئەبۇ ئۇمامە، زەيد ئىبنى سەۋھان، قۇررە ئىبنى ھۇبەيرە، ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسىر، ھىرماس ئىبنى زىياد ۋە سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى.......................................563
ھەرمەلە ئىبنى زەيد، ھەمزە ئىبنى ئەمر، ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل ۋە ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى ..........569
خەدىجە بىنتى خۇۋەيلد، فاتىمە، ئائىشە، سەفىيە، سەۋدە، ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما، ئۇممۇ ھەرام، ئۇممۇ سۇلەيم ۋە ئۇتبەنىڭ قىزى ھىند زىيەللاھۇ ئەنھالارنىڭ پەزىلەتلىرى.......................................575
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ گۇلسۇم قاتارلىق قىزلىرىنىڭ، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ۋە باشقا ئاياللارنىڭ پەزىلەتلىرى .......................................593
ئەھلى بەيتنىڭ ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۈيئوغۇللىرىنىڭ پەزىلەتلىرى .......................................603
مۇھاجىر ۋە ئەنسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىرى ...............611
بۇ ئۇممەتنىڭ پەزىلەتلىرى.......................................623
ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە قۇرەيش ۋە باشقىلارنىڭ ئەۋزەللىكلىرى؛ ئەجەم ۋە رۇملۇقلارنىڭ پەزىلەتلىرى.......................................643